# ئىنسانىيەتنىڭ قايغۇسى

(فانتازىيىلىك ھەربىي ئىشلار رومانى)

ئاپتورى: غەزەپلەنگەن ئەجدىھانىڭ گۈركىرىشى

تەرجىمان: نىدا

# مۇقەددىمە

بىر دەۋرى، قويۇق ئورمانلىقتا بىر غايەت زور برونتوزاۋۇر يۇمران يوپۇرماقلارنى ئىشتاھا بىلەن يەۋاتقان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىرلا باشقىلارنىڭ بىر ۋاخ ئىپسىل غىزاسىغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى قىلچىمۇ سەزمىگەندەك قىلاتتى. بىرنەچچە ترانىوزاۋۇر ئېتىلىپ بېرىپ، تازا بىر تويۇنۇپ غىزالانماقچى بولۇۋاتقاندا، قاپقاراڭغۇ كېچە ئاسمىنى توساتتىن يالتىندە يورۇپ كەتتى. قاتتىق گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئۇلارنى ئاسمانغا قاراشقا مەجبۇر قىلدى، ئاسماندا غايەت زور بىر ئوت شارى قۇياشتىنمۇ كۈچلۈك يورۇقلۇق چىقىرىپ ئۇلارغا قاراپ ئېتىلىپ كەلمەكتە ئىدى.

يۇقىرى ھارارەت بۇ بىر نەچچە نەس باسقان دىنوزاۋۇر ۋە ئەتراپتىكى ئورمانلىقنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە كۈلگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئوت شارىنىڭ يەر يۈزىگە سوقۇلۇشىدىن چاچرىغان ئۇچقۇننى ئاي شارىدا تۇرۇپمۇ كۆرگىلى بولاتتى. بىر دەمدىلا، بارلىق يانار تاغلار شىددەت بىلەن تەڭ پارتلاشقا باشلىدى، ئېتىلىپ چىققان ماگمىلار بىردەمدە ئوت شارى يەرگە سوقۇلغاندا پەيدا بولغان ئازگالنى تىندۇرۇپ قويدى. ۋاقىت ئاستا ـ ئاستا ئۆتۈپ، شۇ قېتىملىق ئاپەتنىڭ ئىزنالىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلىغان ئىدى. شۇ قېتىملىق ئاپەتنىڭ باش سەۋەبچىسىمۇ يەر ئاستىدا نەچچە ئون مىڭ يىللىق ئۇيقۇغا غەرق بولغان ئىدى.

## 1 ـ باب ئەڭ يۇقىرى مەخپىيەتلىك

1984 ـ يىلى 8 ـ سېنتەبىر شىنجاڭدىكى بىر گېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ چېدىرى. 50 نەچچە ياشلار چامىسىدىكى كۆزەينەكلىك بىر پروفېسسور ھاياجانلانغان ھالدا سۆزلىمەكتە:

ـــــ كۆپچىلىك، ئەگەر ماتېرىيالىمىزدا نۇقسان بولمىسا، پۈتمىزنىڭ ئاستىدا ئىنتايىن مول

تۆمۇر كان بايلىقى كۆمۈلۈپ ياتماقتا! زاپىسى جەھەتتە پۈتۈن مەملىكىتىمىز، ياق، دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ!

ئوخشاش ھاياجانلانغان ئەمما چىرايىدا چىرايىدا ئانچە - مۇنچە تەشۋىش ئىپادىلىنىپ تۇرغان بىر ياش ئورنىدىن سۆزلەشكە باشلىدى:
ـــ ليۇ پروفېسسور، بۇ يەرنىڭ تۆمۈر زاپىسنى دۇنيا بويىچە بىرىنچى دېيىشكە بولىدۇ، 1200 مېتر يەر ئاستىدا كۆمۈكلۈك تۇرسا، ئېچىپ پايدىلىنىش بەك تەسمكىن!
يەنە بىر ئەر گۇمانلانغان ھالدا:
ـــ شياۋ جاڭنىڭ دېگىنى پۈتۈنلەي توغرا، ئەمما مەن يەنە بىر مەسلىنى ئېيتاي، نېمىشقا بۇ تومۈر كانى شۇنچە چوڭقۇرغا كۆمۈلگەن؟ بىز تەسادىپىي كولاپ چىقارغان قەدىمي جانلىقلارنىڭ تاش قاتمىسىمۇ بۇنچە چوڭقۇرغا كۆمۈلمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەكشۈرۈش ئەسۋابى ناھايىتى ئاجىز رادىئاستىيىنى سەزدى. شۇڭا بۇنداق ئالدىراپ خۇلاسە چىقارمىساق ياخشى بولاتتى!
ليۇ پروفېسسور بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:
ـ لاۋلى، مېنىڭچە بىز تەكشۈرۈش دوكلاتى ۋە ئەۋرىشكىنى ئالدى بىلەن يۇقىرىغا يوللاپ تۇرايلى، بۇ ئىشقا دۆلەت چوقۇم مەبلەغ سالىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە بىز ئۆزۈل - كېسىل تەكشۈرۈپ چىقايلى.
كۆپچىلىك بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، بىردەك:
ـ بولىدۇ، بۇ ئىش مۇشۇنداق بولسۇن،ـ دېيىشتى.

 - 1984يىلى 10 سېنتەبىر، جۇڭنەنخەي يىغىن زالى. بىر نۇسخا شىنجاڭ رايونىنىڭ كان بايلىقلىرى تەكشۈرۈش دوكلاتى خۇ رەئىسنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئىدى! دوكلاتنى بىردەم ئوقۇغاندىن كېيىن، خۇ رەئىس سۆز باشلىدى:

ـ كۆپچىلىك، ئەگەر دوكلاتتا خاتالىق بولمىسا، بىز پولات - تۆمۈر بايلىقىمىز كەمچىل بولۇشتەك مۈشكۈل شارائىتتىن دەرھال قۇتۇلۇپ، تۆمۈر ماتېرىياللىرىنى ئىمپورت قىلىدىغان دۆلەتتىن تۆمۈر ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەتكە ئايلىنالايمىز! ئەمما تېخى بېكىتكىلى بولمايدۇ، بۇ 64 مىليون پۇلنى بىز ئاجرىتامدۇق - قانداق؟
مۇنازىرە قىزغىن باشلىنىپ كەتتى، بەزىلەر:« بۇ پۇلنى ئىسراپ قىلغانلىق! 1200 نەچچە مېتىر! ! بۇنى قانداق قازىمىز؟ ئەگەر خاتا بولۇپ قالغان بولسىچۇ؟» دېيىشتى، يەنە

بەزىلەر:«دوكلاتنى يوللىغانلار ئۆزىنىڭ نامىنى چىقىرىش ياكى پۇل ئۇندۇرىۋېلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق بىمەنە دوكلاتنى يوللىغان» دېيىشتى. بىراق يەنە خېلى نۇرغۇنلار مەبلەغ ئاجرىتىشقا قوشۇلدى، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ تۆمۈر كان بايلىقى تۇرسا، كىمنىڭمۇ ئالغىسى يوق دەيسىز؟!

رەئىس ئۈستەلگە پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ :

ــ بولدى، تالاشماڭلار. بىز بېلەت تاشلاپ قارار قىلايلى! 1 ـ بېلەتنى مەن تاشلاي، مەن ئۇلارنىڭ خاتالاشمىغانلىقىغا دو تىكىمەن! ــ دېدى.

ئەڭ ئاخىرىدا، بېلەت تاشلاش ئارقىلىق هۆكۈم چىقىرىلدى: 23 ئاۋازنىڭ قوللىشى، 14 ئاۋازنىڭ قارشىلىقى، 4 ئاۋازنىڭ هوقۇقىدىن ۋاز كېچىشى بىلەن 43 مىليون مەبلەغ ئاجرىتىلدى.

ـ 1984يىلى 13 ـ نويابىر، شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئىشخانىسى (مۇئەللىپتىن: 43 مىليون، هەر قانچە دېگەندىمۇ يەنىلا چېدىردا ياتماس!). 50 نەچچە ياشلاردىكى هېلىقى لىيۇ پروفېسسور سۆرلۈك قىياپەتتە سۆزلىمەكتە:

ــ تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە يەر ئاستىدا غايەت زور بىر ئۆڭكۈر بار ئىكەن! تەبىئىي شەكىللەنگەندەك قىلمايدۇ، قارىغاندا مېتروئىتنىڭ سوقۇلىشىدىن شەكىللەنگەندەك قىلىدۇ. هازىرقى ئۆلچەشلەرگە قارىغاندا ئۆڭكۈرنىڭ ئېگىزلىكى 700 مېتىر، چوڭلۇقى 30 نەچچە پۇتبول مەيدانىدەك كېلىدىكەن، بۇ پەقەت هازىرچە ئېگىلىگەن سانلىق مەلۇمات، ئەمەلىي چوڭلۇقى قانچىلىك بۇ تېخى ئېنىق ئەمەس.

بىر ياش ئالىم ئىشەنمىگەن هالدا:

ــ 7~~700 نەچچە مېتىر؟ 30 نەچچە پۇتبول مەيدانىچىلىك؟ بۇ مۇمكىن ئەمەستۇ؟ يەرئاستىدا 1200 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا، فىزىكا ئىلمىگە ئاساسلانغاندا، يەر يۈزىنىڭ ئېغىرلىقى ئۆڭكۈرنى بېسىپ تىندۇرىۋېتىدىغان تۇرسا! ــ دېدى.

پروفېسسور چۈشەندۈرۈپ:

ــ ئۆڭكۈرنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشمەسلىكىدىكى سەۋەپ ئۆڭكۈردىكى نۇرغۇن جايلارنىڭ سۇنئىي هالدا كۆتۈرۈلۈپ، ئۆڭكۈرنى كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىدا. ــ دېدى.

بىر ئايال پروفېسسور:

ــ سۇنئىي هالدا كۆتۈرۈلۈپ؟

پروفېسسور:

ــ شۇنداق، نۇرغۇنلىغان كۆتۈرۈلۈپ چىققان جايلار ئۆلچەملىك كۋادرات شەكىلدە ئىكەن، ئازراق رادىئاتسىيە ۋە كاشىلا ئېلېكتىر دولقۇنى بولغانلىقتىن، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش مۇمكىن

بولمىدى.
ــ كاشىلا ئېلېكتىر دولقۇنى؟؟؟؟ سىزنىڭچە 1200 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئېلېكتىر دولقۇنى بارمىكەن؟ خاتالاشمىغانسىز؟ــ كۆپچىلىك تەئەججۈپ بىلەن پروفېسسورغا قارىدى. پروفېسسور ۋەزمىنلىك بىلەن:
ــ قەتئىي خاتا ئەمەس! ــ دېدى. ئۆي ئىچى بىردىنلا چۈشتىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك جىمىپ كەتتى. بۇ جىمجىتلىقنى ئاخىرى ھېلىقى ئايال پروفېسسور بۇزدى:
ــ ليۇ پروفېسسور، سىزدىن سوراپ باقاي، بىزنىڭ يەنە قانچىلىك مەبلىغىمىز قالدى؟
ــ جىق قالمىدى، 10 مىليوندەك قالدى. يۇقىرىدىن بىزدىن دوكلاتنى سۈيلەۋاتىدۇ، سىزنىڭ قانداق ئامالىڭىز بار؟
ئايال پروفېسسور بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ:
ــ بىز مۇشۇ پۇل بىلەن ئاشۇ ئۆڭكۈرگە بارىدىغان بىر تونېل قېزىپ، ئۇ يەردە زادى نېمە بارلىقىنى كۆرۈپ باقايلى.
ليۇ پروفېسسور ھايرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ:
ــ نېمە دېدىڭىز؟ تونېل قازىمىزما؟ 1200 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا تۇرسا! ئەگەر ھېچنېمە تاپالمىساق قانداق قىلىمىز؟
ــ ھازىر يەنە داۋاملىق تەكشۈرۈشكە ئامال يوق تۇرسا، بىز مۇشۇنداق ساقلاۋېرەمدۇق؟ مۆھلەت توشۇشقا يەنە بىر يىل قالدى، سىزنىڭ باشقىچرەك بىرەر ياخشى ئامالىڭىز بارمۇ ـ يا؟
بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن ليۇ پروفېسسور كۆپچىلىككە:
ــ سىلەر قوشۇلامسىلەر؟ــ دېدى. چېچى بىر ئاز قالايمىقان بىر ئەر:
ــ بولىدۇ، بۇ يەردە ئۆلگەندىن ياخشىراق!ــ دېدى. 20 نەچچە ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز ئوقۇغۇچى:
ــ مەنمۇ قوشۇلىمەن. يەر ئاستىدا زادى قانداق مەخپىيەتلىك بار، مەن كۆرۈپ باقاي ــ دېدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ھەممەيلەن قوشۇلدى. ليۇ پروفېسسور (بۇندىن كېيىن ليۇ پ دەپ ئالاي، نىدا:(
ــ لاۋ تاڭ، بىر دەم تۇرۇپ مەن سىزگە بىر پارچە خەت يېزىپ بېرەي، سىز ئۇنى خۇ رەئىسنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ، بۇنى ليۇ خەييۈەن يازغان دەپ تاپشۇرۇپ بېرىڭ.
لاۋتاڭ ئۇنىڭغا ھەيران بولغان ھالدا قاراپ، مۇنداق دېدى:
ــ ليۇ پ، سىز رەئىسنى تونۇيدىغاندەك قىلىسىز ـ ھە!
ــ 32 يىل ئاۋال بىز ساۋاقداش ئىدۇق. ئويلىمىغانكەنمەن، سىنىپتىكى نەتىجىسى ئەڭ ناچار

ئۇ گۇي رەئىس بولۇپ كەتتى! سىنىپ باشلىقى بولغان مەن بۇ يەرگە «سەرسان» بولۇپ كېلىپ قالدىم!

ـ 1984يىلى 15 ـ نويابىر، جۇڭنەنخەيدىكى ئىشخانا. خۇ رەئىس 40 نەچچە يىل ئاۋالقى كونا ساۋاقدىشىنىڭ خېتىنى ئوقۇماقتا. خەتتە مۇنداق يېزىلغان ئىدى:« لاۋخۇ، مەن ئالدىنقى قېتىم شىنجاڭنى تەكشۈرۈشكە يۆتكۈېتىلگەندىن بۇيانقى 13 يىلدا سىزگە خەت يېزىپ باقمىغانلىقىم ھېلىمۇ ئېسىڭىزدىمۇ، ئۇزۇن گەپنى قىسقا قىلاي. بۇ قېتىملىق شىنجاڭنى گېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈشكە سىزنى 43 مىليون مەبلەغ ئاجراتقۇزدۇم. ئەسلىدە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تۆمۈر كېنىنى بايقىدۇق، بۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلىيالايمىز دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ئەمما بۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئوخشايدۇ. بەلكىم سىزمۇ مېنى ساراڭ بوپتۇ دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن، يەر ئاستىغا 1200 مېتىرلىق بىر تونېلنى قازماقچىمەن، مەن بۇ دونى تىكىپ قويدۇم، بۇ دو بەكمۇ چوڭ بولۇپ كەتتى. ئەگەر ئۇتتۇرۇپ قويسام، پارتىيىدىن قوغلانساممۇ، تۈرمىدە ياتساممۇ، ھەتتا ئېتىلىپ كەتسەممۇ مەن رازى! ئەگەر يېڭىۋالسام، مەن شۇنى ھۆددە قىلالايمەنكى، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تۆمۈر كېنىدىنمۇ قىممەتلىكرەك بىر نەرسىنى بايقىغان بولىمىز! لاۋخۇ، مەن سىزنىڭ ماڭا ياردەم قىلىپ، ۋاقتىنى بىر ئاز كېچىكتۈرۈپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مەن چوقۇم سىزنى رازى قىلالىرلىق جاۋاپتىن بىرنى بېرىمەن. مەن سىزگە ئۆزەمنىڭ كومپارتىيە ئەزاسلىق شەرەپلىك نامىمدىن كاپالەت بېرىمەن. ھۆرمەت بىلەن: ليۇ خەييۈەن «

كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، خۇ رەئىسنىڭ كۆز چاناقلىرى قىزىرىپ كەتتى. 32 يىل ئاۋال ھەر ئىككىلىسىنىڭ تازا قىران ۋاقىتلىرى ئىدى، ئۇ چاغ جۇڭگو ئازات بولغاندىن كېيىنكى ئەڭ قىيىنچىلىق مەزگىللىرى ئىدى! ھەتتا يەيدىغان نەرسىلەرمۇ نورملىق تەمىنلىنەتتى، دائىم ئەتىگەنگە تاپسا كەچكە يوق بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چاشيەن ئۇرۇشى پارتلاپ بۇ قىيىنچىلىقنى ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك تېخىمۇ ئېغىرلىتىۋەتتى. ئۇ ئىككىسى شۇ چاغدىلا دۆلىتىمىزنى قودرەت تاپقۇزۇشقا، مەڭگۈ باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراتماسلىققا بەل باغلاشقان ئىدى. ئۇ ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن ھەپىلىشىشكە، ليۇ خەييۈەن بولسا ۋەتىنىمىزگە زور مىقداردا كان بايلىقى تېپىپ بېرىشكە ئىرادە تىكلىگەنىدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە 32 يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۆزى دۆلەت رەئىسى بوپتۇ، ئۇ بولسا جۇڭگو گېئولوگىيە ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى بوپتۇ. داۋاملىق سىرتتا ئايلىنىپ يۈرىدىغان، 50 نەچچىگە كىرسىمۇ تېخى توي قىلمىغان بۇ قېرى يىگىت زادى نېمىنى كۆزلەيدۇ؟ ئۇنىڭ قىلغانلىرى

پۇتۇنلەي جۇڭگونى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئەمەسمۇ!

ـ 1985يىلى 25 ـ دېكابىر، جۇڭنەنخەيدىكى ئىشخانا.

ــ رەئىس!رەئىس! شى. . . شى. . .شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئىدارىسىدىن مەخپىي تېلېگراما كەلدى!ــ دېدى ئاتمىش ياشلار چامىسىدىكى بىر گېنېرال ھاسىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ كىرىپ. ئەمدىلا خىزمەتنى تۈگىتىپ، ئارام ئېلىپ چاي ئىچىۋاتقان خۇ رەئىس ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ:

ــ نېمە ئىش سىزنى بۇنداق ئالدىرىتىۋەتتى؟ ئالدىرىماي سۆزلەڭ.ــ دېدى.گېنېرال ھاسىرىغىنىچە:

ــ ئۆ. . .ئۆزىڭىز ئوقۇڭە!ــ دېدى. رەئىس قولىغا ئېلىپ، بىر ئاز ئوقۇغاندىن كېيىن، نەپىسى بارغانسېرى تېزلەشكەن ھالدا:

ــ ۋاي خۇدايىم تۇۋا! مۇمكىن ئەمەس! دەرھال ئايروپىلان تەييارلاڭلار، مەن شىنجاڭغا بېرىپ كېلەي، تېز!ــ دېدى.كاتىپ:

ــ رەئىس، ئەتە سىز يەنە باۋگاڭ پولات ماتېرىياللىرى زاۋۇتىغا تەكشۈرۈشكە بارىدىغان تۇرسىڭىز!ــ دېدى. رەئىس كىيىملىرىنى كەيگەچ، تاقەتسىزلەنگەن ھالدا:

ــ قالدۇرىۋېتىڭ! قالدۇرىۋېتىڭ! مېنى زۆرۈر ئىشى چىقىپ قالدى دەڭ!ئىشقىلىپ يالغاندىن بىرنى توقۇڭ! ھە راست، مېنىڭ شىنجاڭغا بارىدىغان ئىشىمنى مۇتلەق مەخپىي تۇتۇڭ،ئىنسى ـ جىن بىلىپ قالمىسۇن! بىلدىڭىزمۇ؟ــ دېدى. كاتىپ دەرھال:

ــ بولىدۇ، خوپ!ــ دېگەچ، «رەئىسنىڭ يېنىدا تۇرىۋۋاتقىنىمغىمۇ 10 نەچچە يىل بولۇپ قاپتۇ، ئالدىنقى قېتىم رەئىس كونا ساۋاقدىشى يازغان خەتنى ئوقۇپ ئازراق ھاياجانلانغاندىن باشقا، ئەزەلدىن مۇنداق ھاياجانلىنىپ باقمىغان ئىدىغۇ!» دەپ ھەيران بولدى.

شىنجاڭغا مەخپىي ئۇچقان ئايروپىلاندا خۇ رەئىس تېلېگراممىنى قايتا ئوقۇپ چىقىپ، يەنە بىر قېتىم:

ــ گېنېرال جاڭ جىڭتاۋ، مەخپىيەتلىك خىزمىتى قانداقراق ئىشلەندى؟ــ دېدى.

ــ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم ئالدىن بېرىپ بارلىق خەۋەرنى قامال قىلدى، مەن ئۇ يەرگە 4 گورۇپپىۋوي ئارمىيىنى مەخپىي يۆتكىدىم! بارلىق تېلېگراما، تېلېفون، خەت ـ چەكلەرنىڭ ھەممىسى مەخپىي شىفىرلەشتۈرۈلدى. ئۈرۈمچى ئايروپورتىمۇ بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشنى باھانە قىلىپ تاقىۋېتىلدى. رەئىس، بۇ تېلگراما ئىشەنچلىكمۇ؟ بۇ ئىش بەك تۇيۇقسىز بولدى، مەن ھازىرمۇ ئازراق ئىشىنەلمەيۋاتىمەن.

رەئىس بىر تىنىۋالغاندىن كېيىن:

ــ خاتاسى يوق، لىۇ خەيىۋەن مېنىڭ كونا ساۋاقدىشىم، ئۇ ھەرگىزمۇ يالغان مەلۇمات

يوللىمايدۇ، بۇ ئىشتا ئۇمۇ يالغان ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ! ھە راست، ئايروپىلاندىن چۈشكەندىن كېيىن، سىز بۇ تېلېگراممىنى دەرھال كۆيدۈرىۋېتىڭ! ھەي، لاۋلىيۇ! لاۋلىيۇ! سىز ھەقىقەتەن مېنى ئۈمىدسىزلەندۈرمىدىڭىز!ــ دېگىنىچە تېلېگراممىنى چىڭگىدە بىرنى سۆيۈپ قويدى.

تاڭ سەھەر 2:30دا غايەت زور يولۇچىلار ئايروپىلانى ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىغا قوندى. ئۇ يەردە ئون نەچچە ھەربىي ئاپتوموبىل ۋە يەتتە ھەربىي تىك ئۇچار ساقلاپ تۇرغان ئىدى. بىر پولكوۋنىك ئالدىغا چىقىپ:

ــ خۇ رەئىس، مەن شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى پولكوۋنىك ۋاڭ چېڭخۇ! بىز جىددىي بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى ئايروپورتىنى قامال قىلدۇق، ھېچقانداق خەۋەر سىرتقا چىقىپ كەتمىدى!ــ دېدى. رەئىس ئالمان ـ تالمان:

ــ ياخشى! ئېسىڭىزدە بولسۇن، بۈگۈنكى ئىشنى قەتئىي مەخپىي تۇتۇڭ!چۈشەندىڭىزمۇ ؟ــ دېدى. مەيداندىكى بارلىق ھەربىيلەر بىردەك:

ــ خوپ!

ئۈچ سائەتتىن كېيىن يەتتە تىك ئۇچارنىڭ ھەممىسى ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ مەلۇم بىر يېرىدىكى ۋاقىتلىق قۇرۇلغان ھەربىي بازىغا قوندى. بۇيەرگە ئالللىقاچان نۇرغۇن ھەربىي قىسىم ۋە تەتقىقاتچى خادىملار يىغىلغان بولۇپ، ھەر خىل لازىمەتلىكلەر ھەربىي ماشىنىلاردا ئۈزۈلمەي توشۇپ كېلىنىۋاتاتتى. «يول بېرىڭلار، يول بېرىڭلار، رەئىس كەلدى». رەئىس ئالتە قوغدىغۇچىسى ۋە گېنرال جاڭ جىڭتاۋنىڭ ھەمرالىقىدا غايەت زور بىر يەرئاستى ئۆيىگە كىردى! سان ـ ساناقسىز تەتقىقاتچىلار بۇ يەردە كىرىپ ـ چىقىپ يۈرۈشۋاتاتتى. ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا:«راستىنلا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ۋاي خۇدايىم» دېگەندەك گەپلەر ئىدى.بۇ تەتقىقاتچىلار گويا يېنىدا دۆلەت رەئىسى بارلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشقان ئىدى. بۇ يەردە رەئىس ئايرىلغىلى 32 يىل بولغان ساۋاقدىشى ليۇ خەييۈەننى كۆردى.

رەئىس ھاياجانلانغان ھالدا:

ــ لاۋلىيۇ! لاۋلىيۇ! سىزنى كۆپ ساقلىتىۋەتتىم!

ليۇ خەييۈەن رەئىسنى كۆرۈپ، كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزغىنىچە، رەئىسنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، ھاياجانلانغان ھالدا:

ــ رەئىس، پېقىر ليۇ سىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرمىگەندىمەن! بۇ دودا مەن ئۇتتۇم!

ــ نېمە ئۇ رەئىس، پەئىس دېگەن! لاۋلىيۇ، بۇ ئىش راستمۇ ؟

ــ ئەلۋەتتە راست، بومىسا مەن سىزنى بۇ يەرگە دەرھال كېلىڭ دەپ نېمە قىلاتتىم! ھە راست،

بۇ ياق كىم بولىدۇ؟
خۇ رەئىس ئۆزىنىڭ جاڭ جىڭتاۋ گېنرالنى چەتكە قايرىپ قويغىنىنى ھېس قىلىپ، دەرھال:
— ھوي، بۇ ياق ھازىرقى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى گېنرال جاڭ جىڭتاۋ، جاڭ گېنرال، بۇ ياق جۇڭگو گېئولوگىيە تەتقىقات ئاكادىمىيىسىنىڭ ئاكادىمىكى ليۇ خەييۆەن پروفېسسور.
— ليۇ خەييۆەن پروفېسسور ياخشىمۇسىز!— جاڭ گېنرال ئۆلچەملىك ھەربىيچە سالام بەرگەندىن كېيىن، دوستانە قولىنى ئۇزاتتى. ليۇ خەييۆەن دەرھال جاڭ جىڭتاۋنىڭ قولىنى سىقىپ:
جاڭ جىڭتاۋ گېنرال، ياخشىمۇسىز!— دېدى. رەئىس:
— خەييۆەن، بىزنى دەرھال سىزنىڭ زور بايقىشىڭىزنى كۆرسەتكىلى ئاپىرىڭە!
— ماقۇل، قېنى بۇ ئارقامدىن مېڭىڭلار.
كۆپچىلىك بىر كىيىم يۆتكەش ئۆيىگە كىرىشتى. خۇ رەئىس ھەيران بولغان ھالدا:
— سىز بىزنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىپ نېمە قىلىسىز؟
ليۇ خەييۆەن بىر تەرەپتىن كىيىم يەڭگۈشلىگەچ:
— كىيىم يەڭگۈشلىۋېلىڭلار! يەر ئاستىدىكى ھېلىقى ئۆڭكۈرنىڭ ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسىمۇ نۆلدىن تۆۋەن 43 گرادۇس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوكسىگېنىمۇ يوق، شۇڭا ئوكسىگېنلىق نىقاپ تاقاپ، ئىسسىق ساقلاش كىيىمى كىيگەندىلا ئۇ يەرگە بارغىلى بولىدۇ.
بىر ئازدىن كېيىن كۆپچىلىك كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، بىر مەخپىي لىفتىنىڭ ئىچىگە كىرىشتى، لىفتىنىڭ ئاستىدىكى تونېلنىڭ تېگىنى كۆرگىلى بولمايتتى، خۇددى دوزاققا سوزۇلۇپ بارىدىغاندەك قىلاتتى! كۆپچىلىك پەقەت لىفتتىلابىر يېرىم سائەتتىن ئارتۇق ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاران تېگىگە چۈشتى. لىفت ئىشىكى ئېچىلىش بىلەنلا بىر سوغۇق ئېقىم يۈزگە گۈپپىدە ئۇرۇلدى، كۆپچىلىك چۈشكۈرۈپ كېتىشتى. بوئىن تىپلىق ئايروپىلان پاتقۇدەك كەڭ بىر تونېلدىن ئۆتكەندىن كېيىن، پۈتكۈل ئۆڭكۈر توساتتىن ئالاھىدە چوڭىيىپ كەتكەندەك بىلىندى. گەرچە يورۇتۇش چىرىقى يورۇتۇلغان بولسىمۇ، ئۆڭكۈر تورۇسىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايتتى. يىراقتا قارىغاندا پەقەت نۇرغۇنلىغان ئاجىز يورۇق نۇقتىلاردىن شەكىللەنگەن بىر تۈز سىزىقنى كۆرگىلى بولاتتى، تۈز سىزىقنىڭ بېشىدا يوغان بىر تاغقا ئوخشاش قارا كۆلەڭگىنى كۆرگىلى بولاتتى!
جاڭ جىڭتاۋ ھەيران بولغان ھالدا:
— يەر ئاستىدا تاغ باردەك قىلامدۇ - نېمە؟
ليۇخەييۆەن سىرلىق قىلىپ:
— بۈگۈن مەن سىلەرنى مۇشۇ تاغنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەكەلگەن! قېنى ماشىنىغا چىقىڭلار!—

دىدى.رەئىس ھەربىي ئاپتوموبىلنى كۆرسەتكىنىچە:
ــ لاۋلىۇ، سىز بىزنى مۇشۇ ماشىنىغا چىقىرامسىز؟ــ دىدى. لىۇ خەييۈەن:
ــ كەچۈرۈڭلار، بۇنىڭ ئاستىدا مۇشۇنداق يۈك ئاپتوموبىلىدىن باشقا ماشىنا يوق، سىلەرنى قىيناپ قويىدىغان بولدۇم!
كۆپچىلىك ئاپتوموبىلغا ئولتۇرغىنىچە تاغ تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كېتىشتى. تاغقا يېقىنلاشقانسېرى ئەتراپنىڭ ھاۋاسى مۇزلاشقا باشلىدى. ئىسسىق ساقلاش كىيىمى كىيىۋالغانلارمۇ سوغۇقتىن تىترەپ، چىشلىرى كاسىلداشقا باشلىدى. تاغ قاپتىلىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، بۇ يەردە نۇرغۇن قۇرۇلۇش قىسمى ۋە يەر كولاش ماشىنىسىنىڭ تۇرۇپ كەتكىنى كۆرۈشتى، تۆت ئەتراپتىكى يورۇتۇش چىراقلىرى بۇ يەرنى ئاپئاق يورۇتىۋەتكەنىدى.
ئاز بولمىغان ئەسكەرلەر تىترەشكىنىچە قوراللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇشاتتى، بەزىلىرى ھەتتا قوراللىرىنىڭ چۈشۈپ كەتكىنىنىمۇ تۇيۇشمىغان ئىدى.
ماشىنىدىن چۈشۈش بىلەنلا لىۇخەييۈەن ھاياجانلانغان ھالدا قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەشكە باشلىدى:
ــ كۆپچىلىك قاراڭلار! مانا بۇ بىز ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ ئەڭ قالتىس زور بايقاش!
ئۇ ماشىنىدىكى بىللە كەلگەنلەرنىڭ ئاللىقاچان كۆز ئالدىدىكى نەرسىگە قاراپ ھاڭۋېقىپ قالغانلىقىنى قىلچىمۇ سەزمىگەن ئىدى. نۇرغۇن جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرگەن جاڭ جىڭتاۋنىڭ ئېچىلغان ئاغزىغا ئىككى تۇخۇم بولسىمۇ پېتىپ كېتەتتى، پالاققىدە قىلغان ئاۋاز بىلەن بىللە كەلگەن ئالتە قوغدىغۇچىنىڭ ئىككى ھۇشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدى! گەرچە تېلېگراممىدا خەۋەرنى بىلگەن بولسىمۇ خۇ رەئىس يەنىلا ھاياجاندىن توختىماي تىترەيتتى، نەپسىمۇ بارغانسېرى تېزلىشىپ كەتكەن ئىدى! پالاققىدە قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇمۇ يەرگە يىقىلدى.
ـ 1985يىلى 27 ـ دېكابىر چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئون، جۇڭنەنخەيدىكى مەخپىي يىغىن زالىنىڭ سىرتىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەركىزىي قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ خادىملىرى توشۇپ كەتكەنىدى. ھەر ئۈچ قەدەمدە بىر پوست، ئون قەدەمدە بىر قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىنغانىدى! ماشىنا توختىتىش مەيدانىدا رەتلىك تىزىلغان ماشىنىلار 16 قېتىم بىخەتەرلىك تەكشۈرىشىدىن ئۆتكۈزۈلدى، تۆت ئەتراپ يەنە ئېلېكترونلۇق كاشىلا قىلغۇچ بىلەن يىغىن مەيدانى قورشالدى! بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مۇھىملىقى تولۇق ئىپادىلەنگەن ئىدى! ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان قوغدىغۇچىلار پەقەت بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ جىددىي مەخپىي ئېچىلىدىغانلىقىنى، يىغىن مەزمۇنىنىڭ مەخپىيلىكىنىلا بىلەتتى،ھەمدە مەخپىي ئېچىلغان بۇ يىغىننى قەتئىي مەخپىي تۇتۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغان ئىدى. يىغىن

مەيداندا دۆلەت رەئىسى، ج ك پ باش سېكرتارى خۇياۋباڭ، ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى قوشۇمچە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى گېنرال جاڭ جىڭتاۋ، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى(ھۆكۈمەت رەئىسى) ۋاڭ جىشياڭ، سىياسىي كېڭەش رەئىسى چېن رۈيجىيې، خەلق قۇرۇلتىيى رەئىسى جياڭ خەي ھەمدە ئازاتلىق ئارمىيە باش شتاب باشلىقى گېنرال دېڭ جيەنگو قاتارلىق ئالتىلا ئادەم بار ئىدى.
يىغىن باشلىنىش بىلەنلا ھۆكۈمەت رەئىسى ۋاڭ جىشياڭ ۋالاقشىدى:
ــ رەئىس! سىز بۇگۈن باۋگاڭغا تەكشۈرۈشكە بارماي، بىزنى بۇ يەرگە تۇيۇقسىز چاقىرتىپ نېمە قىلىسىز؟
رەئىس ۋەزمىن ھالدا:
ــ ئالدى بىلەن كۆپچىلىكتىن سوراپ باقاي، ھەر قايسىڭلارنىڭ يۇرتىڭلاردا چاتاق بارمۇ ـ يوق؟ــ دېدى. رەئىسنىڭ بۇ گېپىدىن ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ھەيرانلىق ھېس قىلىشتى.
شتاب باشلىقى دېڭ جيەنگو ھەيرانلىق بىلەن:
ــ رەئىس، گېپىڭىز بولسا تۈز دېمەمسىز! خاتىرجەم بولۇڭ، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ بىزنى قورقىتالمايدۇ!ــ دېدى. جياڭ خەي:
ــ شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئىشى ئەمەستۇ؟ــ دېدى. رەئىس بېشىنى لىڭشىتىپ:
ــ سىز تېپىۋالدىڭىز!
جياڭ خەي:
ــ نېمە؟ تېپىلدىما؟
رەئىس بېشىنى لىڭشىتتى، جياڭ خەي خۇشاللىق بىلەن چاۋاك چېلىپ قويۇپ دېدى:
ــ ھەي، بالدۇرراق دېمەمسىز، نېمانچە سىرلىقلاشتۇرىۋېتىسىز! مەن تېخى قانداق چوڭ ئىشكىن دەپتىمەن!
بۇ چاغدا خۇ رەئىس سۈرلۈك ھالدا:
ــ ھەر قايسىڭلار جۇڭگونىڭ تۈۋرۈكلىرى، ھەممىڭلارنىڭ دۆلەتنى سۆيىدىغان سادىق بىر تال يۈرىكىڭلار بار، پۈتۈن پارتىيە ئىچىدە مەن ئەڭ ئىشىنىدىغان ئادەملەر! ماڭا جاۋاب بېرىڭلار، بۇ ئىشتا سىلەر ھەممىڭلار مەخپىيەتلىكنى چوقۇم ياخشى ساقلاڭلار، ماقۇلمۇ؟ــ دېدى.
بىرنەچچەيلەن ھەيرانلىق بىلەن رەئىسكە قاراپ چوقۇم چوڭ بىر ئىش چىققىنىنى بىلىپ سوراشتى:
ــ رەئىس، سىز بۈگۈن نېمە بولدىڭىز؟ بۇ گەپلەرنى دەپ نېمە قىلىسىز؟
ــ شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتى ھەقىقەتەنمۇ پۇل سەرپ قىلدى،

تاپقىنى پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ تۆمۈر كېنى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق تۆمۈر كانلىرىنىڭ قىممىتىدىن تۈمەن ھەسسە قىممەتلىك نەرسە!!! كۆپچىلىك، مەن ھەرقايسىڭلارغا بىر پارچىدىن ماتېرىيال تارقىتىپ بېرىمەن، بۇ ماتېرىيال پۈتۈن دۆلەت بويىچە ئاران ئالتە نۇسخا، بۇنى پەقەت ئۆزۈڭلار كۆرۈڭلار!ـــ دېدى رەئىس ئېغىر بېسىقلىق بىلەن. يېرىم سائەت ئۆتۈپ كەتتى، بىر سائەت ئۆتۈپ كەتتى. پۈتكۈل يىغىن زالى يەرگە يىڭنە چۈشۈپ كەتسە ئاڭلانغۇدەك جىمىپ كەتكەن ئىدى، خۇ رەئىس ئاستاغىنە سورىدى:

ـــ كۆپچىلىك كۆرۈپ بولدۇڭلارمۇ؟

ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. رەئىس يەنە ئۈنلۈك ئاۋازدا سورىدى:

ـــ كۆپچىلىك كۆرۈپ بولدۇڭلارمۇ؟

يەنە ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا گېنىرال جاڭ جىڭتاۋ ئەڭ زور كۈچى بىلەن ۋارقىرىدى:

ـــ سىلەر ھوشۇڭلارنى يىغىڭلار!

بۇ ۋارقىراش بىلەن كۆپچىلىك ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى! دىڭ جيەنگو ھاسىرىغىنىچە:

ـــ كە...كەچۈرۈڭ...رەئىس، بۇ...بۇ راستىما؟

رەئىس كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

ـــ ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە، شۇنداقمۇ؟ مەنمۇ خەۋەرنى يېڭى بىلگەن چاغدا ئىشەنمىگەن ئىدىم! ئەمما مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، بۇ ھەقىقەتەنمۇ راست!ـــ دېدى. چېن رۈيجيې كېكەشلىگەن ھالدا:

ـــ مە...مە...مەن ھازىرلا شىنجاڭغا بىر بېرىپ كېلەي!ـــ دېدى. رەئىس ئۇنىڭغا قاراپ:

ـــ ھازىر بولمايدۇ! بىز ئالتىمىز ھازىرلا شىنجاڭغا ماڭساق، چوقۇم باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويىمىز! مەن چوقۇم ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىمەن، ئالتىمىز شىنجاڭغا مەخپىي بېرىپ كېلىمىز! بۇ قېتىم مەن ئالدى بىلەن 200مىليارد پۇل ئاجرىتىپ تەتقىقات مەبلىغى قىلىمەن! بۇندىن كېيىن داۋاملىق كۆپەيتىمەن! كۆپچىلىك سىلەرچە قانداق؟

خەلق قۇرۇلتىيى رەئىسى جياڭ خېي ئورنىدىن تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋازدا:

ـــ ھېلىغۇ 200 مىلياردكەن، 100 تىرليۇن بولسىمۇ مەن قوشۇلىمەن!ـــ دېدى. ھەممەيلەن توختىماستىن باش لىڭشىتىشتى. رەئىس بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، تېخىمۇ سۈرلۈك قىلىپ:

ـــ بولىدۇ، بۇ ئىشنى مۇشۇنداق بېكىتەيلى! تەپسىلىي تەتقىقات پىلانىنى كېيىنچە يەنە سۆزلىشەرمىز. بۇ ئىش بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدىغان چوڭ ئىش! ھازىرچە كۆپ ئاشكارىلىمايلى! مەخپىي قىلايلى! بىلدىڭلارمۇ؟ـــ دېدى. بەشەيلەن بىرلىكتە:

ـــ خوپ! بىلدۇق!ـــ دېيىشتى. رەئىس مەمنۇنىيەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ مۇنداق دېدى:

ــ بولىدۇ! بۇ ئىشنى دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى! ياق، ئەڭ ئەڭ ئەڭ يۇقىرى مەخپىيەتلىكى قىلىپ بېكىتەيلى!

## 2 ـ باب تۆت تەرەپتىن كەلگەن دەرد ـ ئەلەم

2009 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تىرىشچانلىقى ئاستىدا جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى، بولۇپمۇ 2006 ـ يىلى، سۈپەتسىز قۇرۇلۇش بولۇپ قالغانلىقتىن بېيجىڭ يەرئاستى تۆمۈر يولىنى ئۆگىتۈرىلىپ كېتىپ، 104 ئادەم ئۆلۈپ 300 نەچچە ئادەم يارىلانغانلىقىدەك ئەڭ چوڭ قۇرۇلۇش ۋەقەسىدىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى «قىزىل ئىنقىلاپ» ناملىق چىرىكلىككە قارشى ئۇرۇشنى قوزغىدى، بۇ قېتىملىق ھەرىكەتتە زور تۈركۈمدە چىرىك ئۇنسۇرلار تۇتۇلدى، يېزا ـ بازارلىق ھۆكۈمەتتىن تارتىپ مەركىزىي ھۆكۈمەتكىچە بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدە 728 ئادەم ئېتىلدى. پۈتۈن دۇنيا بۇ ئىشتىن ھەيران بولدى! بۇ قېتىملىق تۈزەشتىن كېيىن جۇڭگونىڭ پارىخورلۇق مەسىلىسى كۆرۈنەرلىك ھەل قىلىندى، جۇڭگو ئىقتىسادىدىكى زور تۈركۈم كۆپۈكچىلەرنى تازىلاپ، ئىقتىسادنى تېز ھەم مۇقىم تەرەققىي قىلدۇردى دېيىشكە بولىدۇ. زور تۈركۈم چەتئەل مەبلىغى كىرگۈزۈلدى، تاشقى سودا ئېكسپورت كەسپى خەلق ئىگىلىكىنىڭ 38% نى ئىگىلىدى، خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 3 تىرلىيون 500 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىلىق تارىخىي رېكوردنى ياراتتى. جۇڭگو دۇنيادىكى ئامېرىكا ۋە ياپونىيەدىن قالسىلا ئۈچىنچى چوڭ ئىقتىسادىي دۆلەتكە ئايلاندى.

بىراق خەلقئارادا جۇڭگو يەنىلا مۇستەقىل قامال ھالىتىدە تۇراتتى، بولۇپمۇ دۇنيادىكى 3 ـ چوڭ ئىقتىسادىي دۆلەت بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكا جۇڭگوغا بولغان قامال قىلىشنى كۈچەيتتى، كۆرۈنۈشتە جۇڭگونىڭ تەيۋەن مەسىلىسىدىكى مەيدانىنى قوللىغاندەك قىلغان بىلەن، ئاستىرتتىن يادرو بومبىسى بىلەن ئاۋتوماتىكىدىن باشقا ھەرقانداق قوراللارنى تەيۋەنگە سېتىپ بېرىپ، تەيۋەننى تېزراق مۇستەقىل بولۇشقا كۈشكۈرتتى. ياپونىيەنىڭ يېڭى باش ۋەزىرى（藤泽雄次）تېڭزې شيۇگيى (نېمە دەپ تەرجىمە قىلىشنى بىلەلمىدىم، بىلىدىغانلار ئۇچۇر بېرىۋېتەرسىلەر، نىدادىن) تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ ئاستىرتتىن قوللىشى ئاستىدا تەلۋىلەرچە ئەسكەر كۆپەيتىپ، دياۋيۈ ئارىلى بولغان

مۇداخىلىسىنى بارغانسېرى كۈچەيتتى، تەيۋەن مەسىلىسىدىمۇ ئامېرىكا تەرەپتە تۇردى. فىلىپپىنمۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا پىسەنت قىلماي، نۇرغۇن نەنشا ئارالىرىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالدى، ئۆز مەيلىچە خەلقئارا نېفىت گورۇھى بىلەن توختام ئىمزالاپ، مەملىكىتىمىزنىڭ دېڭىزدىكى نېفىتلىرىنى تەلۋىلەرچە بۇلاپ قازدى. ۋېيتنام ۋەتىنىمىز بىلەن جۇڭگو - ۋېيتنام قۇرۇقلۇق چېگرا سىزىقى توختامنامىسىنى ئىمزالىغىنى بىلەن، باشتىن - ئاياغ دېڭىز چېگرا توختامنامىسىنى ئىمزالىغىلى ئۇنىماي، ئۆزلۈكسىز ھالدا دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىسىنى كېڭەيتىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ دېڭىز كان مەھسۇلاتلىرىنى بۇلاش مەقسىتىدە بولدى. جۇڭگونىڭ ياپونىيە ۋە ئامېرىكىدىن باشقا يەنە بىر چوڭ دۈشمىنى ھىندىستان بولۇپ، ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ زور زېمىنىنى قانۇنسىز بېسىۋېلىپلا قالماستىن، يەنە دالاي لامانى كۈشكۈرتۈپ، شىزاڭ مۇستەقىللىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى، بولۇپمۇ 1998 - يىلى يادرو بومبىسىنى ياسىغاندىن كېيىن، تېخىمۇ ھاكاۋۇرلىشىپ كەتتى. ھىندىستان - پاكىستان چېگرىسىدا ئۆزلۈكسىز توقۇنۇش پەيدا قىلدى، بۇندىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن ئاۋىئاماتكىسىنى سۇغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ھەربىي كۈچىنى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئامېرىكا ۋە ياپونىيىدىن قالسىلا، مەملىكىتىمىزگە تەھدىتى ئەڭ زور بولغان دۆلەت بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ مەملىكىتىمىز تۆت ئەتراپتىن غەم قىلىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

ھالبۇكى جۇڭگونىڭ بۇ ئىشلارغا بولغان پوزىتسىيىسى ئىلمان بولدى، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ۋە نارازىلىق بىلدۈرۈش بولدى، خالاس. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، جۇڭگونىڭ تاشقى دىپلوماتىيىسىدە يۇمشاقلىق كۆرۈلدى. توردا بولسا، جۇڭگو تور خۇمارلىرى جۇڭگونىڭ يېقىنقى ئىقتىساد جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى كۆزدە تۇتمىغان بولسا، ئاللىقاچان جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى تىللاپ ۋەتۇەرىكنى چىقىرىۋەتكەن بولاتتى. ھازىر دۇنيا بويىچە 3 - ئىقتىسادىي دۆلەت بولۇپ قالغان جۇڭگونىڭ ھەربىي جەھەتتە بولسا بىچارە ھالەتتە ئىدى، ئادەم كۆپتە! شۇنداق، جۇڭگونىڭ ئارمىيىسىنىڭ ئادەم سانى كۆپ!! ھەربىي چىقىمى 460 مىليارت ئەتراپىدا بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ 960 مىليارت، ياپونىيىنىڭ 740 مىليارت، ھەتتا تەيۋەنىڭمۇ 600 مىليارت ئىدى. نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ تاراتقۇلىرى (ئاخبارات ۋاستىلىرى) جۇڭگونى تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال دەپ مەسخىرە قىلىشتى! 3 - ئىقتىسادىي دۆلەت تۇرۇپمۇ ئۆزىنىڭ بىرەر تال ئاۋىئاماتكىسى يوق، ھەربىي چىقىمىمۇ ئاز بولغانلىقتىن، ئۆزلۈكسىز ئادەم قىسقارتىۋاتىدۇ، جۇڭگونىڭ پۇلى زادى نەگە كېتىۋاتقاندۇ!! بەزى تاراتقۇلار ھەتتا :«جۇڭگو بىلەن ئۇرۇشۇش ئىنتايىن ئاسان، پەقەت

جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ ئارمىيىلىرىنى قىسقارتىپ بولۇشىنى كۈتسىلا كۇپايە!» دېيىشتى.

ـ 2008يىلى ھەم خۇشاللىنارلىق ھەم قايغۇلۇق بىر يىل بولدى، جۇڭگو بۇ يىلدا ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئەڭ غەلىبىلىك ئۆتكۈزدى ھەمدە 43 ئالتۇن مېدال، 36 كۈمۈش مېدال، 27 مىس مېدال بىلەن دۇنيا بويىچە 1 ـ لىكنى ئالدى، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن جۇڭگو خەلقى خۇشاللىق ھېس قىلالمىدى، چۈنكى مۇشۇ يىلى تەيۋەن مۇستەقىللىقنى تەرغىپ قىلغۇچى ئۇنسۇر چېن شۈيبيەن جۇڭگونىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا تەيۋەننىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىنى، «تەيۋەن دېمۇكراتىك جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئامېرىكىمۇ ساختىا نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، «تەيۋەن دېمۇكراتىك جۇمھۇرىيىتى» ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، تەيۋەنگە زور تۈركۈمدە ئىلغار قوراللارنى سېتىپ بەردى، ھەمدە TNND باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىستېمىسىنى ئورناتتى، ب د ت دىن تەيۋەننى قوشۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى! بۇ ئىش ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جۇڭگونىڭ «قىزىل خاككېر»لىرى ئاچچىقىدا تەيۋەن ۋە ئامېرىكىنىڭ تور بېكەتلىرىنى قالايمىقان قىلىپ بۇزىۋەتتى (ئۇنتۇپ قالماڭ، جۇڭگولۇقلار كومپيۇتېر سىستېمىسىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىش جەھەتتە دۇنيادا تەڭداشسىز! بولمىسا نەدىمۇ بۇنداق جىق ئويۇنلارنىڭ ساختىلىق قىلغۇچىسى بولسۇن!). تەيۋەن ۋە ئامېرىكىنىڭ خاككېرلىرىمۇ بوش كەلمىدى، ئىككى تەرەپ قاتتىق جەڭ قىلىشتى، ئەمما جۇڭگو تەرەپنىڭ چىقىمى تەيۋەن ۋە ئامېرىكىنىڭكىدىن ئاز بولدى! ھالبۇكى جۇڭگو دېپلوماتىيە مىنىستىرلىكى قىسقىلا قىلىپ مۇنداق باياناتا ئېلان قىلدى:« بىز تەيۋەننىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز، قارىغاندا ئىككى قىرغاقتىكى قېرىنداشلار بىر تۇتۇشمىسا بولمايدىغان ئوخشايدۇ. بىز ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى مەزگىلىدە جەڭ قىلمايمىز، بولمىسا ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ مۇقەددەسلىكى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. تەيۋەن دائىرىلىرىنىڭ كۆپرەك ئويلىشىپ، بۇ ئىشنى دېپلوماتىيە يولى بىلەن ھەل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز! شۇنداقلا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خاتا يولدا داۋاملىق ئىچكىرىلەپ مېڭىۋەرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمىز«!
جۇڭگو دېپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بۇ باياناتى ھەقىقەتەنمۇ ئامېرىكا ۋە تەيۋەننىڭ پەرىزىدەك چىقمىغان ئىدى! ئۇلار جۇڭگونى چوقۇم ھەربىي خىراجەتنى جىددىي كۆپەيتىپ، ھەربىي قوشۇننى كېڭەيتىپ، تەيۋەنگە جەڭ ئېلان قىلىدۇ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «جۇڭگو تەھدىتى نەزەرىيىسى»نى كۆتۈرۈپ چىقىپ، جۇڭگوغا ئىقتىسادىي ئەمبارگو يۈرگۈزۈپ، جۇڭگو ئىقتىسادى ۋەيران بولغاندىن كېيىن، جۇڭگوغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغايمىز دەپ ئويلاشقان ئىدى، ئەمما جۇڭگو دېپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بۇ باياناتى بۇ

پىلاننى سۇغا چىلىۋەتتى! ئامېرىكا ئامالسىز بايانات ئېلان قىلىپ، جۇڭگونىڭ كەڭ قورساقلىقىنى ماختىدى، تەيۋەنگە قورال سېتىپ بەرگەنلىكىنى پەقەت تەيۋەننىڭ ئۆزىنى قوغدىشى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ، باشقا مەقسىتى يوقلۇقىنى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى! بۇ چاغدا ب د ت دېمىنى رۇسلىۋېلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، دېپلوماتىيە ۋاستىسى ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى! ياپونىيەدە بولسا، جۇڭگونىڭ بۇ خىل ئادەمنى ئەجەپلەندۈرىدىغان سەۋر قىلىش پوزىتسىيىسى بىر قىسىم ئارمىيەپەرەس تەلۋىلەرنى تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتتى، ياپونىيىدىكى تەلۋە ياشلار كۆپ قېتىم دياۋيۈ ئارىلىغا چىقىپ، دياۋيۈ ئارىلىنىڭ ياپونىيىنىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ياپونىيىنىڭ مۇقەددەس زېمىنىدىن چىقىپ كېتىشىنى جاكارلىدى.

2009-يىلى 13-يانۋار، جۇڭنەنخەي جۈخۇا سارىيى مەجلىسخانىسى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى قوشۇمچە ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى گېنېرال جوۋتيەنخۇا قاقشىماقتا:

— بۇ نېمە قىلىق؟ پەقەت ياپونىيە، ئامېرىكا ۋە تەيۋەنلا ئەمەس، ھەتتا فىلىپپىنمۇ بويىنىمىزغا مىنگىلى تۇردى، دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىي دېڭىزىدا كۆپ قېتىم بېلىقچىلىرىمىزنى يارىلاندۇردى! ئەجەبا بىز ئېتىراز بىلدۈرۈشتىن باشقىنى بىلمەمدۇق؟

رەئىس لى شياڭ تەمكىنلىك بىلەن:

— لاۋ جوۋ، سىز ئاۋال ئولتۇرۇپ، سەل تېنچلىنىۋېلىڭ!— دېدى. جوۋتيەنخۇا ئاڭلىغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئاچچىقلاپ:

— تېنچلىنىۋېلىڭ؟؟ بۇ ۋاقىتتا مەن قانداق تېنچلىنىمەن؟؟ ھازىر باشقىلار بىزنىڭ گەجگىمىزگە مىنىپ چىچىپ قويغىلى تۇردى! ئۆتكەن يىلى تەيۋەن مۇستەقىللىق ئېلان قىلغاندا، بىزنىڭ دېپلوماتىيە مىنىستىرىنىڭ باياناتى ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نامايىش قىلىپ كۈچ كۆرسىتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى! سىزنى تاس قالدى ۋەتەن ساتقۇچ خائىن دەپ تىللىغىلى! سىزنىڭچە مەن يەنە ئۆزەمنى قانداق بېسىۋالىمەن؟— دېدى. لى رەئىس بىر خۇرسىنىپ قويغاندىن كېيىن:

— سىزنىڭچە قانداق قىلىمىز؟— دېدى. جوۋتيەنخۇا ئاچچىقلانغان ھالدا:

— ھەربىي خىراجەتنى كۆپەيتىپ، ئارمىيىنى كېڭەيتىپ، تەيۋەنگە جەڭ ئېلان قىلىمىز!

لى رەئىس كۈلۈپ قويۇپ:

— باشقىلار ئالدىقاچان TNND سىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدى، تۆت ئەتراپتا ئامېرىكا ۋە ياپونىيە بار، سىزنىڭ بۇنداق قىلغىنىڭىز ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىكقۇ؟— دېدى.

جوۋتيەنخۇا:

ــ ئىشقىلىپ بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئۆلۈمنى كۈتكەندىن ياخشىراق، ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئامېرىكىلىق ۋە ياپونىيىكلەرگە جۇڭگو قوشۇنىنىڭ يامانلىقىنى كۆرسىتىپ قويىمەن!

لى رەئىس بوشقىنە:

ــ سىزنىڭچە مەن بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئۆلۈمىمنى كۈتىۋېتىپتىمەن ـ دە؟ ھازىرچە پەقەت پۇرسەت پىشىپ يېتىلمىدى!ــ دېدى. جوۋتيەنخۇا قايتۇرۇپ سورىدى:

ــ ئۇنداقتا قاچان پىشىدۇ؟

لى رەئىس جوۋتيەنخۇاغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، سىياسىي كېڭەش رەئىسى چېن رۇيجيېگە ئىشارەت قىلدى، چېن رۇيجيې ئورنىدىن تۇرۇپ ئوقۇشقا باشلىدى:«جوۋتيەنخۇا، ئەر، خەنزۇ، سىچۈەن چېڭدۇ شەھرىدىن، 1962 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇست تۇغۇلغان، ھازىر 47 ياش، 1984 ـ يىلى پارتىيىگە كىرگەن، ھازىر جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتىدۇ، قىزىل ئىنقىلاپ ھەرىكىتىدە زور تۆھپە قوشقان، گەرچە مىجەزى قوپال بولسىمۇ، لېكىن تۈز، ئاقكۆڭۈل، دىيانەتلىك، پارتىيىنى، خەلقنى قىزغىن سۆيىدۇ، باشتىن ـ ئاياغ مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالىنىپ كېلىۋاتىدۇ.»

جوۋتيەنخۇا ھەيرانلىق بىلەن سورىدى:

ــ سىز بۇلارنى دەپ نېمە قىلىسىز؟

لى رەئىس ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرغان ھەممەيلەنگە:

ــ كۆپچىلىك، گېنېرال جوۋتيەنخۇانىڭ سالاھىيىتى بارمىكەن؟ــ دېدى. ئازاتلىق ئارمىيە باش شتاب باشلىقى گېنېرال دېڭ جيەنگو:

ــ ئاشۇ جۈملە سۆز بويىچە، ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئامېرىكىلىق ۋە ياپونىيىكلەرگە جۇڭگو قوشۇنىنىڭ يامانلىقىنى كۆرسىتىپ قويىمەن! مېنىڭچە ئۇنىڭ سالاھىيىتى توشىدۇ، جوۋ گېنېرالنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئىپادىسىنى دېمىسەممۇ كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسىگە ئايان!ــ دېدى. كۆپچىلىك بىردەم مۇنازىرىلەشكەندىن كېيىن، ھەممىسى باش لىڭشىتىشتى، لى رەئىس بۇنى كۆرگەندىن كېيىن:

ــ ياخشى! جوۋتيەنخۇا مەن سىزنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ بىر پارتىيە ئەزاسىلىق سالاھىيىتىڭىز بىلەن قەسەم بېرىشىڭىزنى، بۇ ئىشنى چوقۇم مەخپىي تۇتۇشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن، شۇندىلا سىزگە زادى قاچان پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويىمەن!ــ دېدى. جوۋتيەنخۇا ھەيرانلىق بىلەن كۆپچىلىككە قارىۋەتكەندىن كېيىن:

ــ سىز ماڭا نېمە ئىشلىقىنى بىلدۈرۈپ قويارسىز؟ــ دېدى. لى رەئىس بېشىنى چايقاپ:

— بولمايدۇ، بۇ دېگەن دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەخپىيەتلىكى! سىز ماڭا قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر بۇ مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا كاپالەت بېرەلىسىڭىزلا بولىدۇ.— دېدى. جوۋتيەنخۇا بىر تىنىۋالغاندىن كېيىن:

— بولىدۇ! مەن جوۋ فامىلىلىك قانداق چوڭ ئىشلارنى كۆرمىگەن؟ مەن ئۆزەمنىڭ پارتىيە ئەزاسلىق شەرەپلىك سالاھىيىتىم بىلەن قەسەم بېرىمەنكى، مەيلى قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر، مەن جوۋتيەنخۇا چوقۇم دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەخپىيەتلىكنى چوقۇم ساقلايمەن، قىلچىلىك شەپىسىنىمۇ ئاشكارىلىمايمەن!!— دېدى. لى رەئىس بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

— ناھايىتى ياخشى! ئايروپىلان تەييارلاڭلار، مەن جوۋتيەنخۇاغا ھەمراھ بولۇپ، شىنجاڭغا بىر بېرىپ كېلەي! ئۇنىڭغا بىزنىڭ پىلانىمىزنى كۆرسىتىپ قوياي!— دېدى، ئاندىن تاماكىسىنى بىر شورىۋەتكەندىن كېيىن:

— 1985 ـ يىلى مەملىكىتىمىزدە يۈز بەرگەن ئەڭ چوڭ بىر ئىش ئېسىڭىزدىمۇ؟— دەپ سورىدى. جوۋتيەنخۇا بىردەم ئويلىنىۋەتكەندىن كېيىن:

— ئاشۇ قېتىمدىكى رەئىس خۇياۋباڭنىڭ تۆمۈر كېنى تاپتۇق دەپ، 40 مىليوننى شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتىگە بېرىپ، ئاقىۋەتتە ھېچنىمە تاپالمىغان ئىشقۇ! ئاشۇ ئىشتا خەلقئارادا دۆلىتىمىز تازا مەسخىرىگە ئۇچرىدى، ئامېرىكا بىر مەزگىل تازا كۆرەڭلەپ كەتكەن ئىدى!— دېدى. لى رەئىس بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— شۇنداق! تۆمۈر كېنى تېپىلمىغىنى بىلەن تۆمۈر كېنىدىنمۇ قىممەتلىك باھاسىز گۆھەر تېپىلدى، ئەمەسمۇ!— دېدى. جوۋتيەنخۇا ئاڭلىغاندىن كېيىن ھاياجانلىنىپ، ئالدىراش سورىدى:

— نېمە نەرسە ئۇ؟

رەئىس لى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— نېمە ئالدىرايسىز؟ بىردەم تۇرۇپ كۆرگەندە ئايلىنىپ قالماڭ، جۇمۇ!— دېدى.

بۇ ۋاقىتتا ئايروپىلان تارىم ئويمانلىقىغا قاراپ تۆۋەنلىگەن ئىدى، تۇيۇقسىز يەر يۈزىدىن ناھايىتى كەڭ بىر ئېغىز ئېچىلىپ، قونۇش يولى يەر ئاستىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىشقا باشلىدى، ئايروپىلان قونۇش يولىغا قونۇۋالغاندىن كېيىن، يولنىڭ باش تەرىپىدىكى بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ كەتتى! قونۇش يولىمۇ يەر ئاستىغا كىرىپ كەتتى، يەر يۈزىمۇ ئەسلى ھالەتكە قايتىپ، سىرتتىن قارىغاندا ھېچقانداق ئالامەتنى كۆرگىلى بولمايتتى.

ئايروپىلان توختاش بىلەنلا، غەلىتە كىيىنگەن بىر ئەترەت ئەسكەر ئايروپىلاننى قورشاپ

تۇردى، لى رەئىس تېخىغىچە ھاڭۋېقىپ تۇرغان جوۋتيەنخۇانى تارتىپ:

ــ ھاڭۋېقىپ تۇرىۋەرمەي، تېز ئايروپىلاندىن چۈشۈڭ!ــ دېدى. ئىككىيلەن ئايروپىلاندىن چۈشكەندىن كېيىن، گېنرال جوۋتيەنخۇا بۇ ئۆڭكۈرگە ئون نەچچە بوئىن ئايروپىلاننىڭ قونۇقلۇق تۇرغانلىقىنى بايقىدى، بىر نەچچە ھەربىي ئاپتوموبىلمۇ بۇ چاغدا بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى، بىر ئەسكەر ماشىنىدىن چۈشۈپ:

ــ لى رەئىس، جوۋ گېنرال ماشىنىغا چىقىڭلار!ــ دېدى. يول بويى يەرئاستى بازىنىڭ ئىنتايىن قاتتىق قوغدىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. ماشىنا بىر تامنىڭ بېشىدا توختىدى، ئىككى ئەسكەر ئىككى كارتىنى تامنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ماشىنىغا سالدى ـ دە، بىرلا ۋاقىتتا مەخپىي شىفىر كىرگۈزدى، تام ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. لى رەئىس تېخىغىچە ئېسىگە كېلەلمەيۋاتقان جوۋتيەنخۇانىڭ قولىنى تارتىپ تۇرۇپ:

ــ نېمانداق ئەس ـ ھۇشىڭىزنى يوقىتىپ كېتىسىز، كەيىندە تېخىمۇ كۆپ تېخى!ــ دېدى. تۆت نەپەر قوغدىغۇچىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىككىيلەن لىفىتقا ئولتۇرۇپ ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشۈپ، زاۋۇتقا ئوخشايدىغان بىر چوڭ زالغا كىرىشتى. جوۋتيەنخۇا ساراڭدەك ھاڭۋېقىپ قالدى، قورالىق بەش تېرورچىغا يالغۇز قارشى تۇرۇپ، قىلچىمۇ قورقمىغان، بەدىنىگە يەتتە يەرگە ئوق تەگكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇچىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئىككىسىنى تىرىك تۇتقان ئالاھىدە دەرىجىلىك جەڭ قەھرىمانى ئاشۇ جايدا ھاڭۋېقىپ تۇرغىنىچە مىدىراپمۇ قويمايتتى، پەقەت كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە ئالدىدىكى بارلىق نەرسىلەرگە قاراپ قالغانىدى. كۆز ئالدىدىكى ماشىنا غايەت زور زاپچاسلارنى بىر ـ بىرلەپ ناھايىتى تېزلىكتە فانتازىيە فىلىملىرىدىكىدەك ماشىنا ئادەم قىلىپ قۇراشتۇرۇپ چىقىۋاتاتتى. قوللىرىغا غايەت زور قورال تۇتقان ماشىنا ئادەملەر يەتكۈزۈش تاسمىسىدا باشقا بىر ئۆيگە يۆتكىلىۋاتاتتى! لى رەئىس پەقەت جىمجىتقىنە قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئاۋازىمۇ چىقارمىدى! بىردەمدىن كېيىن جوۋتيەنخۇانى تارتىپ:

ــ ماڭايلى! يەنە بىر جايغا بېرىپ كۆرەيلى! بۇ يەردە تۇرۇۋۋەرمەڭ!ــ دېدى.

يول بويى بۇنداق زاۋۇتلاردىن بىر نەچچىسى ئۇچرىدى، ھەممىسى دەقىقىمۇ توختىماي ئىشلەۋاتاتتى، بىردەمدىن كېيىن ئۇلار بىر كەڭرى ئۆيگە كىرىشتى، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بايىقى زاۋۇتتا ئىشلەنگەن ماشىنا ئادەمدىن بىرى تۇراتتى، بىر چەتتىكى قوماندانلىق مۇنارىدا بىر نەچچە ئالىم ماشىنا ئادەمنىڭ سانلىق مەلۇماتىنى سىناۋاتاتتى. «لى رەئىس، جوۋ گېنرال، ياخشىمۇسىلەر!» ئوفېتسېرلاردەك كىيىنىۋالغان بىرەيلەن ئىككىيلەنگە ئۆلچەملىك چاس بەردى.جوۋتيەنخۇا قايتۇرۇپ چاس بەرگەندىن كېيىن، رەئىس لى شياڭ ئوفېتسېرغا قاراپ:

ــ باشلىساڭلار بولىدۇ!ــ دېدى. مەيدانغا تۆت تانكا كىردى. جوۋتىيەنخۇا قاراپلا بۇلارنىڭ ئامېرىكا ئەمدىلا تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان ئەڭ ئىلغار «ئەبلامۇس II» تىپلىق جەڭ تانكىسى ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى، بۇ تانكىنىڭ سىرتقى قوغداش قەۋىتى ئەڭ يېڭى چابام تىپلىق بىرىكمە برونە ئىدى. قوراللىرى بولسا 140 مىللىمېتىرلىق سىپىرلىغۇچى زەمبىرەكتىن بىر، 7.62 مىللىمېتىرلىق ئوقداش پىلىموتتىن ئىككى، 12.7 مىللىمېتىرلىق ۋە 7.62 مىللىمېتىرلىق هاۋا مۇداپىئە پىلىموتىدىن بىردىن، ئىس ـ تۈتەك قويغۇچتىن ئىككى(زەمبىرەكنىڭ ئىككى يېنىدا بىردىن)، گېنراتورلۇق ئىس ـ تۈتەك قويغۇچ سىستېمىسىدىن بىرسى بار ئىدى. ماشىنا ئادەمنىڭ قولىدىكى تانكا ئاتارغا ئوخشاش يوغان مىلتىق ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنى قارىغا ئالدى. بۇ چاغدا رادىئو كانىيىدىن دىكتورنىڭ تونۇشتۇرغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى تەتقىق قىلىپ ياسىغان غايەت زور تىپلىق برونېۋىك «كېڭەيگۈچى»نى سىناش باشلاندى، هازىرقى قورالى «هاماقەت ئالۋاستى مىنامىيوتى.« ياندىكى ئوفېتسېرنىڭ «ئېتىڭلار!» دېگەن بۇيرۇقى بىلەن تۆت تانكا بىلەن كېڭەيگۈچى تەڭلا ئوق ئېتىشتى، گۈمبۈرلىگەن ئاۋازدىن كېيىن، تۆت دانە ئەبلامۇس تانكىدىن بىر دانىسى ئاللىقاچان پارچە ـ پۇرات تۆمۈر دۆۋىسىگە ئايلانغان ئىدى، كېڭەيگۈچى قىلچىمۇ زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىغان ئىدى. «هازىر سىنىلىدىغىنى >ئوۋچى <پىلىموتى»، ئاۋاز ئاخىرلىشىپ بولغۇچە، كېڭەيگۈچى دۈمبىسىدىن يەنە بىر قورالنى چىقاردى، ئېشىپ قالغان ئۈچ دانە تانكا بىر تۈز سىزىق هاسىل قىلغانىدى، «ئېتىڭلار!» دېيىش بىلەنلا، قورالدىن ئوق ئېتىلىشقا باشلىدى، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۈچ دانە تانكا هەرە ئۇۋىسىدەك ئۆتمە ـ تۆشۈك بولۇپ كەتكەن ئىدى، ئەڭ يېڭى چابام تىپلىق بىرىكمە برونەمۇ بۇ قورالنىڭ ئالدىدا نېپىز قەغەزگە ئوخشاپ قالغانىدى!

سىناق ئۆيىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن جوۋتىيەنخۇا زادىلا چىداپ تۇرالماي، لى رەئىستىن بىرمۇنچە سۇئاللارنى سورىۋەتتى:

ــ بۇ . . . بۇ نەرسىلەرنى قاچاندىن باشلاپ تەتقىق قىلىپ ياسىغان؟ نېمىشقا مەن بىلمەيمەن؟ بۇ زادى نېمە ئىش؟

رەئىس جاۋاپ بەرمىدى، بىللە كەلگەنلەر بىلەن كىيىم يۆتكەش ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن:

ــ كىيىم ئالماشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، مەن سىزنى باشلاپ بېرىپ بىر نەرسىنى كۆرسىتىمەن، شۇندىلا سىزگە هەممە ئىشنى دەپ بېرىمەن.

ئىككىيلەن يېرىم سائەت تېز سۈرئەتلىك لىفتتا ماڭغاندىن كېيىن، يەر ئاستىدىكى بىر كەڭ ئۆڭكۈرگە يېتىپ كەلدى، ئۆڭكۈرنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئىنتايىن تۆۋەن، كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى

كىشىنى ھەيران قىلاتتى. بۇ يەر بىر چوڭ ھەربىي بازىغا ئوخشاش بولۇپ، تۆت ئەتراپتا تەجرىبە بىنالىرى بار ئىدى، ئۇ يەرگە نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار كىرىپ ـ چىقىپ تۇرۇۋاتاتتى. ھەممە ناھايىتى ئالدىراش ئىدى! ئىككىيلەن بىر تىك ئۇچارغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، يىراقتىكى غايەت زور قارا سايىگە قاراپ ئۇچۇپ كېتىشتى. لى رەئىس ھاياجانلانغان ھالدا:

ــ باياتىن بېرى سىزگە بۇلارنى كۆرسىتىشىم سىزنىڭ بىردەم تۇرۇپ ئايلىنىپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن ــ دېدى. قارا سايىگە يېقىنلاشقانسېرى، گېنېرال جوۋتيەنخۇا ئۆزىنىڭ ھاياجانلىق ھېسسىياتىنى زادىلا كونترول قىلالمىدى، پۈتۈن بەدىنى ھاياجاندىن تىترەيتتى، ھەتتا كۆز ياشلىرىمۇ تاراملاپ ئېقىشقا باشلىدى. يورۇتۇش چىرىقىنىڭ يورۇقىدا ھېلىقى قارا سايە ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتىنى ئاشكارىلىدى!! جەڭ كېمىسى!! جەڭ كېمىسى!! فانتازىيە كىنولىرىدىدەك غايەت زور بىر جەڭ كېمىسى يەر يۈزىدە ياتاتتى!! پۈركۈش ئېغىزىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ بۇ جەڭ كېمىسىنىڭ قۇيرۇقىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىشتى، كۆز ئالدى قاپقارا سايە ئىدى، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، خاسىيەتلىك ئەجدىھانىڭ قۇيرۇقىنى كۆرۈپ بېشىنى كۆرگىلى بولمايتتى(مۇۋاپىق تەمسىل تاپالمىدىم، بولمىسا بۇ جۈملىنىمۇ راۋۇرۇس تەرجىمە قىلىپ قوياتتىم، نىدادىن)!! تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن بۇ جەڭ كېمىسى خۇددى بوئىن 747 بىلەن چىۋىن بىر يەرگە كەلگەندەك كۆرۈنەتتى! لى رەئىس ئۇنىڭ ھاياجانلانغان ھالىتىگە قاراپ بىر تىنىۋالغاندىن كېيىن، كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ــ بولدى، ئەمدى مەن سىزگە بارلىق ئىشلارنىڭ تېگى ـ تەكتىنى دەپ بېرەي!

## 3 ـ باب غەزەپلەنگەن ئەجدىھا پىلانى

بېيجىڭغا قايتىۋاتقان ئايروپىلاندا، جوۋتيەنخۇا بىر تەرەپتىن قولىدىكى ماتېرىيالنى كۆرگەچ، بىر تەرەپتىن لى رەئىسنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاۋاتاتتى:

ــ 1985 ـ يىلى، شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ يەرئاستىدىكى 1200 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى ئۆڭكۈردىن بۇ جەڭ كېمىسىنى تېپىپتۇ! مەركەز ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرىۋالغاندىن كېيىن، دەرھال بۇ ئىشنى دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەخپىيەتلىكى قىلىپ بېكىتىپ، بارلىق خەۋەرلەرنى قامال قىپتۇ، ھازىر پۈتۈن مەركەزدە سىز ۋە مېنى قوشقاندا، ئاران 23 ئادەم بۇ ئىشنى بىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا دۆلەت 200 مىلياردنى قېزىش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئاجراتقان، شۇندىن كېيىن ھەر يىلى دۆلەت كىرىمىنىڭ زور قىسمى مۇشۇ جەڭ كېمىسىنى

تەتقىق قىلىشقا ئىشلىتىلگەن. مانا بۇ دۆلىتىمىزنىڭ 3 ـ ئىقتىسادىي دۆلەت تۇرۇقلۇقمۇ، مەبلىغىنىڭ يېتىشمەسلىكىنىڭ سەۋەبى. دۆلەتنىڭ يىللاردىن بۇيانقى رەھبەرلىرى بۇ ئىشنى ناھايىتى مەخپىي ساقلىغان، سىرتقا ئازراقمۇ شەپىسىنى چىقىرىۋەتمىگەن! جەڭ كېمىسىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى قىيا تاش قاتلىمىدىن بۇ كېمىنىڭ بور دەۋرىدە يەر شارىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ!

ــ چۈشۈپ كەتكەن؟ــ جوۋتىيەنخۇا سورىدى. رەئىس بېشىنى لىڭشىتىپ:

ــ شۇنداق! جەڭ كېمىسىنىڭ سىرتىدىكى بىرنەچچە يارا ئىزىدىن باشقۇرىلىدىغان بومبا ياكى زەررىچە زەمبىرىكى بىلەن ئېتىلغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ!ــ دېدى. جوۋتىيەنخۇا:

ــ ئۇنداقتا تاشقى پىلانىت ئادەملىرى ئالەمدە جەڭ قىپتىكەن ـ دە!

ــ يەنە بىر ئىش بىزنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى! جەڭ كېمىسىدىن تاشقى پىلانىتلىقلارنىڭ جەسىدىنى تاپتۇق، ئۆڭكۈرنىڭ تېمپېراتۇرىسى بەكمۇ تۆۋەن بولغانلىقتىن، جەسەتلەرمۇ ناھايىتى مۇكەممەل ساقلىنىپتۇ! بىراق جەسەتكە قانداق قارىساقمۇ يەنىلا بىز ئىنسانلار بىلەن ئوپمۇ ـ ئوخشاش تۇرىدۇ!

ــ نېمە؟ سىز ئۇلارنى بىز ئىنسانلار بىلەن ئوخشاش ئىنسان دېمەكچىمۇ؟

ــ توغرا DNA !تىزىلىشى ۋە ھۈجەيرە قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا ئۇلار %94 بىز ئىنسانلارغا ئوخشاشكەن! سىز بۇ سۈرەتلەرگە قاراپ بېقىڭ.

جوۋتىيەنخۇا سۈرەتلەرنى كۆرۈشكە باشلىدى، سۈرەتتە تۈز تاختىغا قارا دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيگەن بىر جەسەت ياتقۇزۇپ قويۇلغانىدى، جەسەتنىڭ باش تەرىپىدىن بۇ جەسەتنىڭ ئەر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى! دۇبۇلغا ـ ساۋۇتتا كۆرۈنەرلىك بىر يارا بار بولۇپ، يارا ئەتراپى قېپقىزىل قان بىلەن بويالغانىدى. يارا يانتۇ تۈز سىزىق شەكلىدە بولۇپ، ئۆتكۈر قىلىچ بىلەن چېپىلغاندەك كۆرۈنەتتى! يەنە بىر سۈرەتتە جەسەت ئىككى پارچە قىلىۋېتىلگەنىدى، پۈتۈن بەدىنى پىچاق ئىزى ۋە ئۆتكۈر نەشتەر سانچىلغان قانلىق تۆشۈك بىلەن تولغانىدى، ئېگىلىپ كەتكەن يۈزىدىن ئۇلارنىڭ ناھايىتى قورقۇنچلۇق دۈشمەنگە يولۇققانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. لى رەئىس بىر ئوتلام سۇ ئىچىۋالغاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

ــ بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن، مەن سىزگە بىزنىڭ ئۇلۇغ پىلانىمىزنى سۆزلەپ بېرەي!

ـ 2009يىلى 23 ـ ئىيۇل، جۇڭگو جۇڭنەنخەيدىكى مەخپىي يىغىن زالىدا لى رەئىس مۇنبەرگە چىقىپ، گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆز باشلىدى:

ــ كۆپچىلىك! تەيۋەن مۇستەقىللىق ئېلان قىلغاندا دۆلىتىمىز دېپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتى خەلقىمىزنىڭ پارتىيىمىزگە كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغاپ قويدى! بىراق ئۇ چاغدا مەنمۇ ئامالسىز ئىدىم، چۈنكى يېپنى ئۈزۈن قويۇۋېتىپ، بېلىقنىڭ چوڭىنى تۇتۇش ئۈچۈن،

چوقۇم پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى كۈتۈش لازىم ئىدى!

ئازاتلىق ئارمىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى گېنىرال تاۋچىڭشى ئازراق ئاچچىقلانغان ھالدا سورىدى:

ــ ئۇنداقتا بىز قايسى چوڭ بىلىقنى تۇتىمىز؟ تەيۋەن، ياپونىيە ياكى ئامېرىكىمۇ؟

لى رەئىس كۈلۈپ قويۇپ دېدى:

ــ ھېچقايسى ئەمەس! بۇلار بەك كىچىك، بىزنىڭ تۇتىدىغىنىمىز پۈتۈن دۇنيادىن ئىبارەت چوڭ بېلىق!

دوڭگىدە قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھاۋا ئارمىيە باش قوماندانى گېنىرال ۋاڭ خەيتيەن رەئىسنىڭ سۆزىدىن ھەيران قېلىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتى، ھېچكىم ئۇنىڭغا كۈلمىدى، چۈنكى ھەممە ئادەم لى رەئىسنىڭ بۇ سۆزىگە ھەيران قېلىشقان ئىدى! جوڭگو ھازىر تۆت تەرەپتىن زەربىگە ئۇچراپ، ئۆزىنىمۇ قوغدىيالمايۋاتقان ھالەتتە، پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرامىش! بۇ چاقچاق بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى ـ دە! رەئىس ھاڭۋېقىپ جىم تۇرغانلارغا قاراپ:

ــ سىلەر بىردەم تۇرۇپ بۇ ماتېرىياللارنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، بىزنىڭ قىلالايدىغان ياكى قىلالمايدىغانلىقىمىزنى بىلەلەيسىلەر!ــ دېدى. چوڭ پروېيكسىيە ئاپاراتىدا شىنجاڭدىكى يەرئاستىدىكى جەڭ كېمىسىنىڭ تارتىلغان سۈرىتى كۆرسىتىلدى،چۈشەندۈرگۈچى بۇ جەڭ كېمىسىنىڭ 1985 ـ يىلى تېپىلغاندىن تارتىپ ھازىرقى شىنجاڭ يەر ئاستى مەخپىي ھەربىي بازا بولغانغا قەدەر ئىشلارنى كۆپچىلىككە چۈشەندۈردى. جەڭ كېمىسىدىن نۇرغۇن قورالغا ئائىت ماتېرىياللار ۋە نۇرغۇن رودا تېشى تېپىلغان ئىدى. تېپىلغان ماتېرىياللارغا ئاساسەن يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان قوراللار تونۇشتۇرۇلۇشقا باشلىدى.

پىيادە قىسىملارغا:

AT63 لازېرلىق مىلتىق، ئىشلىتىدىغىنى كىچىك تىپتىكى يادرو ئېنېرگىيىلىك باتارىيە، يادرو يىغىلىش ئارقىلىق 2800 گرادۇسلۇق لازېر نۇرى چىقىرىپ، 30 مېتىر قېلىنلىقتىكى پولات تاختىنى تېشىپ ئۆتەلەيدۇ، ئېتىش ئارىلىقى 1000 مېتىر، ھەر بىر باتارىيىدە 1600 پاي ئاتقىلى بولىدۇ، ئېتىش تېزلىكى ھەر سېكۇنتتا ئۈچ پاي.

قىزىل يۇلتۇز زەربە مىلتىقى، ئىشلىتىدىغىنى يەنىلا مېتال ئوق، بىراق ئايلانما ئوق تېخنىكىسى ئاپتوماتنىڭ ئوقىغا ئىشلىتىلگەچكە، ھازىرقى ھەرقانداق ئوقتىن مۇداپىئەلىنىش كىيىمىنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھەر بىر ئوق دىسكىسىغا 80 پاي ئوق پاتىدۇ، ئېتىش ئارىلىقى 1800 مېتىر، ئېتىش تېزلىكى سېكۇنتىغا 14 پاي.

قىزىل يۇلتۇز ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك زەمبىرەك، ئىشلىتىدىغىنى كىچىك تىپتىكى چاچما زەمبىرەك ئوقى، ئېتىلغاندىن كېيىن بەش تال ئوققا پارچىلىنىدۇ، ئاسما زەمبىرەك پرىنسىپىدىن

**پايدىلىنىپ ئېتىلسا، كەڭ كۆلەمدە پىيادە ئەسكەر، قۇرۇلۇش ۋە برونېۋىك قىسىملارنى يوقىتالايدۇ، ھەر قېتىمدا 8 پاي ئوق قاچىلاشقا بولىدۇ، ئېتىش مۇساپىسى 2600 مېتىر، ئېتىش تېزلىكى ھەر ئىككى سىكۇنتتا بىر پاي.**
**قىزىل چاقماق ـ 8 يالغۇز ئەسكەر ئېلىپ يۈرەلەيدىغان ئەپچىل ھاۋاغا قارشى مىناميوت، ئىشلىتىدىغىنى لازېرلىق بومبا، مىناميوتنىڭ بىر پاي ئېتىپ، بىر پاي ئوق قاچىلايدىغان كەمچىلىكىنى ئۆزۈل ـ كېسىل ئىسلاھ قىلغان، بىر قېتىمدا ئۇدا ئاتقىلى بولىدۇ، ھەر قېتىمدا ئالتە پاي لازېرلىق بومبا قاچىلىغىلى بولىدۇ، ئېتىش مۇساپىسى 12000 مېتىر، ئېتىش تېزلىكى ھەر ئىككى سېكۇنتتا بىر پاي.**
**سىماپ زەربە مىلتىقى، ئىشلىتىدىغىنى قاتۇرۇلغان سىماپ، بۇ خىل مىلتىق سىماپنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قاتۇرۇپ، سىماپ تاياقچىسىغا ئايلاندۇرالايدۇ، تېز سۈرئەتتە ئېتىپ، دۈشمەننى يىقىتالمىغان تەقدىردىمۇ، سىماپنىڭ ئۆتكۈر زەھىرى نەچچە سېكۇنتتىلا نىشاننى ئۆلتۈرەلەيدۇ، ھەر بىر ئوقدانىغا 8 پاي قاچىلىغىلى بولىدۇ، ئېتىش مۇساپىسى 2400 مېتىر، ئېتىش تېزلىكى ھەر تۆت سېكۇنتتا بىر پاي.**
**DK4زەربە تاپانچىسى، ئىشلىتىدىغىنى مېتال ئوق، بۇ تاپانچىغا لازېرلىق قارىغا ئالغۇچ سەپلەنگەن، ئارقىغا تېپىش كۈچى كىچىك، قارىغا ئېلىش ئوڭاي، ئەڭ ياخشى ئۆزىنى قوغداش قورالى، ھەر بىر ئوقدانىغا 10 پاي ئوق سىغىدۇ، ئېتىش مۇساپىسى 800 مېتىر، ئېتىش تېزلىكى يوق. (سىز قانچىلىك تېزلىكتە تەپكىنى باسسىڭىز، شۇنچىلىك تېزلىكتە ئېتىلىدۇ!)**

**يەر يۈزى برونېۋىك قىسمى:**
**»كېڭەيگۈچى» برونېۋىك، سانى ھازىرچە پەقەت 432 دانە، جەڭ كېمىسىنىڭ ئىچىدىن تاپقان رودا تېشى بىلەن ئادەتتىكى رودىنى ئارىلاشتۇرۇپ تاۋلاپ چىققان، ئېگىزلىكى 28 مېتىر، ئېغىرلىقى 32 توننا (ناھايىتى ئاددى، رودىدىن تاۋلاپ چىققان برونە ھەم قاتتىق، ھەم يېنىك)، 80 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچالايدۇ، قوراللىرىدىن «ھاماقەت ئالۋاستى مىناميوتى» ۋە «ئوۋچى پىلىموتى»، يەر يۈزى قىسىملىرىنىڭ كۈشەندىسى دېيىشكە بولىدۇ، ھاۋادىكى تانكىغا قارشى تىك ئۇچارغا قارشى تۇرالايدۇ!**
**»قارام ئەجدىھا» تانكا، 2 دانە 140 مىللىلىق زەمبىرەك، ئېتىش مۇساپىسى 6000 مېتىر، ئېتىش تېزلىكى يەتتە سېكۇنتتا ئىككى پاي، 4 دانە ئېغىر تىپلىق پىلىموتى بار، قۇيرۇق قىسمىغا 6 دانە ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىدىغان باشقۇرىلىدىغان بومبا ئورۇنلاشتۇرۇلغان! يوغانلىقى تەخمىنەن تۆت دانە 98 تىپلىق تانكىدەك چوڭلۇقتا، ئېغىرلىقى 84 توننا. يەر يۈزىدىكى تەڭداشسىز ھۆكۈمران دېيىشكە بولىدۇ، ئالاھىدە قېلىن بىرونىسى بىرونە تەشكۈچ**

ئۇقىنىڭ ھۆججۇمىدىن ئۇنىڭغا مۇداپىئەلىنەلەيدۇ، گەرچە سۈرئىتى ئاستا بولۇشتەك بىردىنبىر كەمچىلىكى بولسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن يەنىلا ياخشى.

»يەر تەشكۆچ ئەجدىھا» ئەسكەر توشۇش ماشىنىسى، يېنىك تىپتىكى زەمبىرەك ۋە ئېغىر تىپلىق پىلىموتتىن بىر دانىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ماشىنا بېشىدا غايەت زور ئۆشكىسى بولۇپ، ئالماسنىمۇ ناھايىتى تېشۋېتەلەيدۇ، يەر يۈزىدىن 400 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا تېز سۈرئەتتە يۆتكىلەلەيدۇ. 14 ئادەمنى توشۇيالايدۇ، ئىنفىرا نۇرلۇق تەكشۈرگۈچ ۋە رادارغا قارشى قۇرۇلما ئورنىتىلغان، ئالاھىدە ۋەزىپە ئورۇنلاش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان.
»دوزاخ ئوتى» ئۆزى يۈرەر زەمبىرەك، يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق بىرونە تەشكۆچ كۆيدۈرگۈچ بومبا سەپلەنگەن، ئېتىلغاندىن كېيىن بىرونىۋېك قىسىملارنى يوقىتىپلا قالماستىن، يەنە كەڭ كۆلەمدىكى ئوت يالقۇنى پەيدا قىلىپ، پىيادە ئەسكەرلەرگە يوقىتىش خاراكتېرلىك زەربە بېرىدۇ، ئېتىش مۇساپىسى 8000 مېتىر، ئېتىش تېزلىكى توققۇز سېكۇنتتا بىر پاي، بىراق چوقۇم ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش قىسىملىرىنى قوغدىشى بولۇشى لازىم.

هاۋا ئارمىيىسى جەھەتتە:
قارابوران 2 تىپلىق كۆرەشچى ئايروپىلان، سائەتتىگە 3437كىلومېتىر تېزلىكتە ئۇچالايدۇ، ئۇچۇش مۇساپىسى 9300 كىلومېتىر، بىراق ئۇچۇش تېزلىكىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى نېپىز بىرونە قاپلانغان، سەپلەنگەن قوراللاردىن لازېرلىق زەمبىرەك ۋە «توقۇمىچى قىز يۇلتۇزى» بومبىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بارلىق ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كۆشەندىسى.
»پەلەك ئەجدىھاسى» بومباردىمانچى ئايروپىلان، «ئاسماندىكى چاقماقلىق بۇلۇت» پارتلىغۇچى بومبىنى ئېلىپ يۈرىدۇ، ئەڭ يۇقىرى ئۇچۇش تېزلىكى سائەتتىگە 1234كىلومېتىر، ئۇچۇش مۇساپىسى 19200كىلومېتىر، رادارغا قارشى سىستېما ئورنىتىلغان، رودا بىرونىسى ئىشلىتىلگەنچكە، بىۋاستە ئاتموسفېرا قاتلىمىدا ئۇچالايدۇ.

»مېگا» تۆۋەن بوشلۇق زەربىدار ئايروپىلان، يۇقىرى بېسىملىق كۆيدۈرگۈچ بومبا سەپلەنگەن، كىچىك ھەم چاققان بولۇپ، سائەتتىگە 1829كىلومېتىر تېزلىكتە 400 مېتىرلىق تۆۋەن بوشلۇقتا بومباردىمان قىلالايدۇ، ئۇچۇش مۇساپىسى 14300 كىلومېتىر، يەر يۈزى قىسىملىرى ۋە دېڭىز ئارمىيە قىسىملىرىغا زەربە بېرەلەيدۇ، بولۇپمۇ ئاۋىئاماتكىغا ئەجەللىك زەربە بېرەلەيدۇ.

**1 ـ ZXJپىلانىتلار ئارا كۆرەشچى ئايروپىلان، مەخسۇس ئالەم بوشلۇقىدا جەڭ قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ، مۇزلىتىلغان لازېرلىق زەمبىرەك ۋە «پادىچى يىگىت يۇلتۇزى» بومبىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۇچۇش تېزلىكى سائىتىگە 2389 كىلومېتىر، ئۇچۇش مۇساپىسى 11700 كىلومېتىر، رادارغا قارشى سىستېما ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا كاشىلا پەيدا قىلغۇچ سىستېما سەپلەنگەن، هازىر جۇڭگونىڭ 1 ـ تۈركۈمدىكى ئالەم جەڭ ئايروپىلانى.**

**بېيجىڭ دەرىجىلىك توشۇغۇچى كېمە، شىنجاڭدىكى يەرئاستى ئالەم كېمىسىگە تەقلىد قىلىپ ياسالغان چوڭ تىپتىكى ئالەم ئايروپىلانى، قايتۇرما ئېغىرلىق كۈچى ئۇچۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان، 40 نەچچە لازېرلىق زەمبىرەك ۋە نۇرغۇن هاۋادىن مۇداپىئەلىنىدىغان پىلىموت سەپلەنگەن، ئىچىگە «پەلەك ئەجدىهاسى» بومباردىمانچى ئايروپىلاندىن 40 نى، قارابوران 2 تىپلىق كۆرەشچى ئايروپىلاندىن 90نى قاچىلىغىلى بولىدۇ، ياردەم بولمىغان ئەهۋالدا ئۇدا بەش ئاي جەڭ قىلالايدۇ، 8300 خادىمى بار. (ئىككىسى هازىر %86 ياسىلىپ بولدى( .**
**جۇڭخۇا دەرىجىلىك چارلىغۇچى كېمە، قايتۇرما ئېغىرلىق كۈچى ئۇچۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان،180 دانە لازېرلىق قويۇقلاشتۇرۇلغان زەمبىرەك، «يىراق يۇلتۇز» تىپلىق هاۋادىن مۇداپىئەلىنىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە كېمە بېشىدىكى ماگنىتلىق زەررىچە زەمبىرىكى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ماگنىتلىق زەررىچە زەمبىرىكى ئارقىلىق پىلانىتلارنىڭ سىرتقى يۈزىگە زەربە بەرگىلى بولىدۇ، 4200 خادىمى بار. (تۆتى هازىر %78 ياسىلىپ بولدى.) بۇندىن كېيىن بىردەك هاۋا ئارمىيىسىگە سەپلەپ بېرىلىدۇ.**
**دېڭىز ئارمىيىسى جەھەتتە:**
**جۇڭخۇا «دېڭىز ئەجدىهاسى» ئاۋئاماتكىسى، هازىر 8 دانىسى مەخپىي هالدا ياسىلىپ بولدى، چىڭداۋ، گۇاڭجۇ، خەينەنداۋ، شياڭگاڭ رايونلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.**
**Z081يادرو سۇ ئاستى كېمىسى، يادرولۇق تورپېدا ۋە «قىزىل ئوقيا6» تىپلىق سۇئاستى هاۋادىن مۇداپىئەلىنىش باشقۇرۇلۇدىغان بومبا سەپلەنگەن، 8000 مېتىر چوڭقۇرلۇققا چۆكەلەيدۇ، ئەڭ تېز تېزلىكى سائىتىگە 340 ك م غا يېتىدۇ.**
**چوڭقۇر دېڭىز جەڭچىسى، كۈچلۈك پارتلايدىغان تورپېدا ۋە ئېغىر پىلىموت سەپلەنگەن سۇ ئاستى موتورلۇق قېيىق قىسمى، تېز سۈرئەتتە جەڭ كېمىسى، سۇ ئاستى كېمىسى ۋە پاقا ئادەم قىسىملىرىغا زەربە بېرەلەيدۇ.**
**دەرىجىدىن تاشقىرى زامانىۋىي قوراللارنى كۆرگەندىن كېيىن، زالدىكى كىشىلەر بىردەم جىمىپ كەتكەندىن كېيىن، قايناۋاتقان قازاندەك ۋاراقشىپ، پۈتۈن زال چاۋاك ساداسى بىلەن**

توشتى. ھېلىلا قىيىنچىلىقتا قالغانلار بىردەمدىلا جاھاننى بويسۇندۇرىدىغان قوراللارغا ئىگە بولدى، بۇنداق 180 گرادۇسلۇق ئۆزگىرىش كىمنى ھاياجانلاندۇرمايدۇ؟ بىراق بەزىلەر يەنە ئەندىشە قىلىپ:« ئەگەر پۈتۈن دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ يادرو زەربىسىگە ئۇچرىساق قانداق قىلىمىز؟ جۇڭگونىڭ بۇنداق قوراللىرى بولسىمۇ، لېكىن تەڭ كېلەلمەسمىزمىكىن؟» دېيىشتى. لى رەئىس كۈلۈپ قويۇپ:

ــ بۇ مەسىلىنى ياخشى سورىدىڭلار، كۆپچىلىك بىز ئالەم كېمىسىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا بايقىغان ئەڭ قالتىس نەرسىگە قاراڭلار.ــ دېدى. چوڭ ئېكراندا غايەت زور قاچا كۆرۈندى، قاچىدا نامەلۇم بىر مەخلۇق توختاۋسىز مىدىرلاۋاتاتتى. بۇ چاغدا تونۇشتۇرغۇچى سۆز باشلىدى:

ــ بۇ مەملىكىتىمىز ئالەم كېمىسىنى قېزىش جەريانىدا بايقىغان ئەڭ قالتىس نەرسە «گېن كومپيۇتېرى»، بۇ كومپيۇتېر تور ئارقىلىق ۋىرۇس تارقىتىپ، پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق كومپيۇتېر سىستېمىلىرىغا كىرەلەيدۇ، ئائىلىدە ئىشلىتىدىغان خۇسۇسىي كومپيۇتېردىن تارتىپ دۆلەت مۇداپىئەسىدە ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس كومپيۇتېرغىچە ھەممىسنى پۈتۈنلەي كونترول قىلالايدۇ، بۇ پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق يادرو بومبىسى، باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە مۇداپىئەلىنىش سېستىمىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەملىكىتىمىزنىڭ كونتروللىقىدا تۇرغانغا بارابەر، بۇ خىل ۋىرۇسنىڭ يوشۇرۇنۇشچانلىقى ناھايىتى ياخشى، ۋىرۇسقا قارشى پروەراممىلارغا ئاساسەن ئاپتوماتىك ئۆزىنى ئۆزگەرتىپ يازالايدۇ، تېرمىنال پروگراممىسىدىن باشقا ھېچقانداق ئامال ئۇنى ئۆچۈرىۋېتەلمەيدۇ.

گېنىرال جوۋتيەنخۇا ھاڭۋېقىپ قالغان كۆپچىلىككە قاراپ:

ــ ھازىر ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقا بىزنىڭ كونتروللىقىمىزغا ئۆتۈپ بولدى، يەنە ئۈچ ئايدىن كېيىن پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق كومپيۇتېر سىستېمىلىرى كونتروللىقىمىزغا ئۆتىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنىڭ يادرو بومبىسى بىلەن ئۆزىنى ئاتىمىز!ــ دېدى. لى رەئىس ھەم ھاياجانلانغان ھەم سۈرلۈك ھالدا:

ــ بۇ پىلاننى ئورۇنلاشتۇرغىلى 20 يىل بولدى، غەلبە قازانساقلا جۇڭخۇا مىللىتى ھازىرقى مۈشكۈل ئەھۋالدىن قۇتۇلالايدۇ، يەنە تېخى بىز دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەڭ ئالدىغا مەڭگۈ تىزىلىمىز، دۇنيا تارىخى بىز جۇڭخۇا مىللىتى تەرىپىدىن ئۆزگەرتىپ يېزىلىدۇ! پىلاننىڭ نامى «غەزەپلەنگەن ئەجدىھانىڭ ھۆركىرىشى»!ــ دېدى.

كۆپچىلىك يىغىن زالىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ، قەلبىنى بۇ ئەسەبىي پىلان ئىگىلىۋالدى، «دۇنيانىڭ تارىخىنى بىز ئۆزگەرتىپ يازىمىز!» دېگەن بۇ جۈملە ھەر بىر ئادەمنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتتى! ھازىر ئۇلارنىڭ بىردىنبىر بىلىدىغىنى جۇڭخۇا مىللىتىنى دۇنيادىكى

بارلىق مىللەتلەرنىڭ چوققىسىغا چىقىرىش ئىدى!

## 4 ـ باب جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا

2009 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇست ئارمىيە بايرىمى مەزگىلىدە جۇڭگو ھۆكۈمىتى پۈتۈن دۇنياغا «تەيۋەن دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى»نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى، قوشۇن ئەۋەتىپ تەيۋەندىكى تېرورچىلار ۋە بۆلگۈنچىلەرنى يوقىتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى! بۇ باياناتنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن دۇنيادا زور تەسىر قوزغىيالمىدى، تەيۋەن مۇستەقىللىق جاكارلىغاندىن تارتىپ، پۈتۈن دۇنيا جۇڭگونىڭ تەيۋەن! ياق! ئامېرىكا بىلەن جەڭ قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. دۆلەت ئىچىدە نۇرغۇن كىشىلەر بۇ جەڭدە ئامەتتىن ئاپەتنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى، چۈنكى جۇڭگونىڭ نەچچە يىلدىن بېرىقى ھەربىي چىقىمى ناھايىتى ئاز بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنچىۋالا يىللاردىن بۇيان تېنچ دەۋردە ياشىغاچقا، نۇرغۇنلىغان جەڭچىلەر ھەممىسى يېگى ھەم جەڭ قىلىپ باقمىغان، ھازىر ھەربىي چىقىمنى ئاشۇرغان بىلەنمۇ كېچىكتى، ئىشقىلىپ بۇ جەڭ دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا بەك زور ئىنكاس قوزغىيالمىدى!

2009 ـ يىلى 3 ـ ئاۋغۇست، ئامېرىكا ئەلباشى كىچىك بوش ئاقسارايدا يىغىن ئاچتى، يىغىنغا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى رامۇسفېلد، شتاب بىرلەشمە رەئىسى گېنېرال مېرىس، دۆلەت مۇداپىئە كاتىپى رىچارد ۋە مەركىزىي ئاخبارات ئىدارە باشلىقى تېنتلار قاتناشتى. يىغىننىڭ مەقسىتى جۇڭگونىڭ جەڭ قىلىش باياناتىغا نىسبەتەن قوللىنىلىدىغان كېيىنكى ھەرىكەتنى بېكىتىش ئىدى.

ئەلباشى كىچىك بوش سۆز باشلىدى:

— ئەپەندىلەر، قارىغاندا جۇڭگو ھۆكۈمىتى چىداپ تۇرالمىغان ئوخشايدۇ، بىزنىڭ قىلتىقىمىزغا چۈشۈشكە باشلىدى.

دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى رامۇسفېلد ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدى:

— ئەلباشى جاناپلىرى، بىخەستىلىك قىلساق بولمايدۇ. تەيۋەن مۇستەقىللىق ئېلان قىلغاندا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ باياناتى بىزنىڭ پىلانىمىزنى بىر قېتىم بەربات قىلىۋەتتى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەيۋەن مۇستەقىللىق ئېلان قىلغاندا جەڭ ئېلان قىلماي، ھازىرغىچە ئارقىغا تارتىشىنىڭ چوقۇم بىرەر سەۋەبى باردۇ؟

دۆلەت بىخەتەرلىك كاتىپى رىچارد بېشىنى لىڭشتىپ تۇرۇپ:

شۇنداق، بۇ بەكلا غەلىتە بولدى. تېنت ئەپەندى سىز بۇ قېتىم ياخشى خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ ـ يوق؟ــ دېدى. مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تېنت سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ ئىنتايىن ئەپسۇس، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قېتىمقى غەلىتە ھەرىكىتىگە نىسبەتەن بىز ھېچقانداق ئۇچۇر ئالالمىدۇق، نۇرغۇن كىشىلەر جۇڭگونىڭ تەۋەن مۇستەقىللىق ئېلان قىلغاندا جەڭگە چۈشمەسلىكىنىڭ ئولېمپىك يىغىنىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىنى بۇزماسلىق ئۈچۈندۇر دەپ ئويلايدىكەن. ئەمما بىر نۇقتىغا كۆپچىلىك دىققەت قىلغايسىلەر، جاسوسلىرىمىز ئىگىلىگەن ئاخباراتلارنىڭ ئانالىزىدىن قارىغاندا، جۇڭگونىڭ بۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان باج كىرىمى ۋە تاشقى پرېۋوت كىرىمىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ، بۇ پۇللارنى يىغساق 14 تىرلىيون ئامېرىكا دوللىرىلىق قارا ھېساب بولىدۇ، بۇ پۇللار ھېچقايسى قىسىملار ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلمىگەن.

كۆپچىلىكنىڭ كەيپىياتى بىردىنلا جىددىيلەشتى، كىچىك بوش ئۇلاپلا سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ بۇ پۇللارغا نەچچە يۈز ئاۋىئاماتكا ئەترىتىنى قۇرغىلى بولىدۇ، بىز جۇڭگونىڭ بۇ پۇللاردىن پايدىلىنىپ ھەربىي كۈچىنى مەخپىي كېڭەيتىدىغانلىقىنى چەتكە قاقساق بولمايدۇ.

دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى رامۇسفېلد كۈلۈپ قويۇپ سۆز باشلىدى:

ــ جۇڭگو بۇ پۇللاردىن پايدىلىنىپ مەخپىي ھەربىي قىسىم قۇرغان بىلەنمۇ، ئۇلار ياخشى نەرسە ياسىيالمايدۇ. ھازىر ئاسىيادا جۇڭگو، چاۋشيەندىن باشقا ئاسىيا رايونى ئاساسىي جەھەتتىن بىزنىڭ كونتروللۇقىمىزدا. جۇڭگو بۇ قىسىملىرىنى يۆتكەشكە جۈرئەت قىلسا، بىز دەرھال ئەنگىلىيە قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ، ياپونىيە، ھىندىستان، فىلىپپىن ۋە ۋېيتنامنى كۈشكۈرتۈپ، ئوخشمىغان تۆت تەرەپتىن ئۇلارغا ھۇجۇم قوزغايمىز، جۇڭگونىڭ قىسىملىرى قانچە كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدۇ.

كىچىك بوش رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشتىپ:

ــ ياخشى! بىزنىڭ ھازىر قىلىدىغىنىمىز جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ 3 ـ ئىقتىسادىي دۆلەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، بۇ جەڭدىن پايدىلىنىپ جۇڭگوغا ئىقتىسادىي ئىمبارگو يۈرگۈزىمىز، بۇ جەڭنى ئامالنىڭ بېرىچە ئاسىيا رايونىدا ۋاقتىنى قانچە كەينىگە سوزساق شۇنچە ياخشى، ياپونىيە ۋە ھىندىستاننى بۇ جەڭگە سۆرەپ كىرسەك تېخىمۇ ياخشى، ۋاقتى كەلگەندە بۇ سېرىق تەنلىكلەر ئۆز ئارا سوقۇشۇپ، ھالسىزلانغاندا بىراقلا...ھەي، ھەي!!! بۇنى كۆپچىلىككە دېمىسەممۇ بولار؟ــ دېدى.شتاب بىرلەشمە رەئىسى گېنرال مېرىس باشمالتىقىنى چىقىرىپ:

— ياخشى ئامال،ئەلباشى بولۇشقا مۇناسىپسىز ـ دە! ئاشۇ چاغقا كەلگەندە بىز ئىراققا ئوخشاش جۇڭگوغىمۇ بىرەر جىنايەتنى ئارتساقلا بولىدۇ.— دېدى. كىچىك بوش كۈلۈپ تۇرۇپ:
— بىز بۇ زور ئەجدىھانى سولاپ تۇرالىساقلا بولىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە مەن سىلەرنى بۇ نازۇ ـ نېمەت دۆلىتىگە ئاپىرىپ تازا مېھمان قىلىمەن!— دېدى.
بۇ چاغدا تەيۋەن تەيبېيدىكى «ئەلباشى مەھكىمىسى»دە تەيۋەن دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەلباشى چېن شۈيبيەن جىددىي يىغىن ئېچىپ، جۇڭگوغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى. چېن شۈيبيەن:
— ھەممىڭلارغا ئايان، جۇڭگو بىزگە جەڭ ئېلان قىلدى، سىلەرچە بۇ ئىشقا قانداق تاقابىل تۇرساق بولار؟— دېدى. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى خۇاڭ جىنگۈي:
— بىزدە ھازىر ئامېرىكا ئورۇنلاشتۇرغان TNND باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسى بار، نەچچە يىلدىن بېرى ئامېرىكىدىن سېتىۋالغان ئىلغار قورالللارنى ۋە ئامېرىكىنىڭ نېمىس ئاۋېئاماتكا ئەترىتىنى قوشساق، جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئەبگا قوشۇنلىرى بىزگە ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئەلباشى جانابلىرى خاتىرجەم بولسىلا، جۇڭگولۇق چوشقىلار تەيۋەنگە ھەرگىز بىر قەدەممۇ باسالمايدۇ.— دېدى. مالىيە مىنىستىرى ما چاڭشېڭ ئۇلاپلا دېدى:
— ئامېرىكا تەرەپمۇ بىزگە ئۇقتۇردى، جەڭ باشلىنىش بىلەنلا، ئۇلار دەرھال ب د ت دىن جۇڭگوغا ئىقتىسادىي ئىمبارگو يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدىكەن، بىز تەيۋەننى نەچچە كۈن ساقلاپ تۇرالىساقلا، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى بۇ جەڭگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىكەن، ياپونىيە تەرەپمۇ جەڭ باشلىنىش بىلەنلا بىزگە بار كۈچى بىلەن ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چېن شۈيبيەن ئازراق يېنىكلەپ:
— بىز تېخى چوڭ قۇرۇقلۇققا قايتۇرما ھۇجۇم قىلمىزمۇ تېخى، بۇ چاغدا جياڭ ۋېييۈەنجاڭنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشاتتى!ھا...ھا...ھا...— دەپ كۈلدى.

ئۈچ ئارمىيىنىڭ باش شتاب باشلىقى ۋاڭ تيېخېڭ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:
— مېنىڭچە ئامېرىكىلىقلار بىزدىن پايدىلىنىۋاتىدۇ، جەڭ باشلانسىلا، زىيان تارتىدىغىنى يەنىلا بىز بولىمىز! ئۇلار بىزدىن ئىبارەت بۇ پىچاقتىن پايدىلىنىپ جۇڭگوغا زەربە بېرىپ، ئاخىرىدا جۇڭگونى ئىشغال قىلماقچى بولىۋاتىدۇ!— دېدى. خۇاڭ جىنگۈي ئازراق خاپا بولغان ھالدا دېدى:
— ۋاڭ شتاب باشلىقى، سىز ئارتۇقچە ئويلىنىپ كېتىپسىز، ئامېرىكا ھازىر بىزنىڭ ئەڭ چوڭ

يۆلەنچۈكىمىز، ئۇ بىزدىن پايدىلانغان تەقدىردىمۇ، بىزنىڭ ھازىرقى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىمىز ئۇلارنىڭ ياردىمىدە كوممۇنىستلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش. پېقىر تەيۋەننى پارتلىتىپ دېڭىزغا چۆكتۈرىۋېتىشكە رازىكى، ھەرگىزمۇ جۇڭگولۇق چوشقىلارغا بېرىشكە رازى ئەمەس!

— بىراق،— ۋاڭ تيېخېڭ تېخى سۆزلەپ بولمايلا، چېن شۈيبيەن ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى:

— بولدى، ئىككىڭلار تالاشماڭلار! ۋاڭ شتاب باشلىقى، سىزنىڭ گېپىڭىزنىڭمۇ داۋلىسى بار، بىراق كوممۇنىستلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈش بىزنىڭ ھازىرقى مۇھىم ۋەزىپىمىز، ئۇلارنى چېكىندۈرمەكچى بولىدىكەنمىز چوقۇم ئامېرىكىدەك ئىتتىپاقداشلىرىمىزنىڭ ياردىمىگە تايىنىشىمىز لازىم! بىلدىڭىزمۇ؟

ۋاڭ تيېخېڭ ئازراق ئاچچىقلانغان ھالدا:

— ئەلباشى، جەڭ قىلساق بىزنىڭ يۇقتىدىغىنىمىز ئەڭ كۆپ بولىدۇ، ئۆلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ تەيۋەنلىكلەر بولىدۇ!— دېدى. چېن شۈيبيەن ئاچچىقلانغان ھالدا:

— بولدى، سۆزلىمەڭ! ۋاڭ شتاب باشلىقى، زىياننى ئويلاشقىچە، كوممۇنىستلارنىڭ ھۇجۇمىنى قانداق چېكىندۈرۈشنى ئويلاشقىنىڭىز ياخشىراق، مۇشۇنداق قىلساق بىزنىڭ زىيىنىمىز ئازراق بولمامدۇ؟— دېدى. ۋاڭ تيېخېڭ نائىلاج:

— خوپ! ئەلباشى!— دېدى.

ـ 2009يىلى 9ـ ئاۋغۇست، شيامېن ۋە فۇجۇغا يىغىلغان جۇڭگو دېڭىز ئارمىيىسى شەرقىي دېڭىز كېمە ئەترىتى يولغا چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، ئەسلى جايىدىن مىدىرلىماي، كېيىنكى يولىيورۇقنى ساقلاش توغرىسىدا بۇيرۇق تاپشۇرىۋالدى. شەرقىي دېڭىز فلوتىنىڭ قوماندانى ئازراق نارازى بولغان ھالدا غودۇڭشىدى:

— نېمە شۇملۇق بولۇۋاتىدۇ؟ ئەمدى بىر راسا تۇتىشىدىغانغا تەييارلانغاندا بىزنى ئەسلى جايىدا بۇيرۇق كۈتۈڭلار دەيدىغۇ!

گەرچە خۇشال بولمىسىمۇ، بۇيرۇققا يەنىلا بويسۇنماي ئىلاج يوق ـ تە. 9ـ ئاۋغۇست كەچتە، Z081تىپلىق يادرولۇق سۇ ئاستى كېمىسىدىن بىرسى شيامېن پورتىدىن غىپپىدە تەيۋەنگە قاراپ يولغا چىقتى.

ـ 2009يىلى 11ـ ئاۋغۇست، جۇڭگو جۇڭنەنخەيدىكى يىغىن زالى، دېڭىزئارمىيە باش قوماندانى تاڭ لوڭخەي ھەيران بولغان ھالدا سورىدى:

— رەئىس، 9ـچېسلا كۈنى نېمىشقا تۇيۇقسىز بىزنى ئۆز جايىمىزدا بۇيرۇق كۈتۈشكە بۇيرۇيسىز؟ ئىشخانام جەڭ قىلىش ئىلتىماسى بىلەن توشۇپ كەتتى، ئولتۇرغۇدەك يەرمۇ قالمىدى!

لى رەئىس كۈلۈمسىرىگىنىچە:

— چۈنكى ئىشلاردا ئۆزگىرىش بولدى، جەك قىلمىساقمۇ تەيۋەننى قايتۇرىۋالىدىغان بولدۇق.— دېدى. دۆلەت ۋاداپىئە مىنىستىرى جوۋتيەنخۇا تاك لۇگخەيگە بىر ھۆججەتنى سۇنۇپ:

— ئۆزىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ!— دېدى. تاك لۇگخەي ھۆججەتنى بىردەم كۆرگەندىن كېيىن، چىرايى بىردىنلا خۇشاللىقتىن ئېچىلىپ، ئارقىدىنلا خاپىلىقتىن تۈرۈلۈشكە باشلىدى!

جوۋتيەنخۇا كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى:

— قانداق، خۇشال بولدىڭىزمۇ ياكى خاپا بولدىڭىزمۇ؟

تاك لۇگخەي خۇشاللىق بىلەن:

— ئىككىلىسى بار، خۇشال بولىدىغىنىم جەك قىلمايلا تەيۋەننى قايتۇرىۋالىدىغان بوپتۇق، خاپا بولىدىغىنىم يېڭى قوراللارنى سىناق قىلىدىغان سىناق نىشانى تېپىلمايدىغان بولدى ـ دە.— دېدى.

ـ 2009يىلى 16 ـ ئاۋغۇست، دېڭىز ئارمىيىمىزنىڭ ناگاساكى ئەترىتى ترانسپورت ئەترىتى ئەمدىلا تەيۋەن بوغۇزىغا كىرىشكە تەييارلىنىۋاتقاندا «دەرھال قايتىڭلار!» دېگەن بۇيرۇقنى تاپشۇرىۋالدى. 16 ـ ئاۋغۇست كەچتە، خۇشال ۋارقىراشقان ئاۋاز بېيجىڭنىڭ جىمجىت كېچە ئاسمىنىدا ياڭرىدى، ئەمدىلا ئۇخلاشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقان كىشى بېشىنى چىقىرىپ ۋارقىرىدى:

— بوشراق، ئادەمنى ئۇخلىتامسىلەر ـ يوق؟

ئۇنىڭغا جاۋابەن قايتقىنى پەقەت بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ۋارقىرىغان ئاۋاز بولدى. دوك! دوك! بىردەملىك ئىشىك چېكىلگەن ئاۋازدىن كېيىن، خوشنىسى قاتتىق ۋارقىرىدى:

— شىياۋلى، تېزدىن تېلېۋىزورغا قارىڭە! تەيۋەن بىلەن جۇڭگو بىرلىككە كەلدى!

تېلېۋىزور ئېچىلغاندىن كېيىن مەلۇم بولدىكى، ھەممە قانالدىكى دىكتورلار كۆز ياشلىرىنى ئېقىتقىنىچە مۇنداق دېيىشمەكتە ئىدى:

— تەيۋەن ھۆكۈمىتى بۈگۈن سەھەر 2:00 دە جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن تېنچ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى جاكارلىدى، ۋەتىنىمىزدىن ئايرىلغىنىغا 40 يىل بولغان تەيۋەن ئارىلى ئاخىرى ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىغا قايتىپ كەلدى!

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى بارلىق شەھەرلەر گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرىنى ياڭراتتى، كېسەل كارىۋىتىدا سەكراتتا ياتقان بىر بوۋاي تىترەۋاتقان ئىككى قولىدا «مەملىكىتىمىزنىڭ تاغ ـ دەريالىرى بىر تۇتاش قىزىل» ناملىق پوچتا ماركىسىنى تۇتقىنىچە، ھاياجانلانغان ھالدا:

— ياخشى بولدى، كېچە ـ كۈندۈز كۈتۈۋاتقان بۇ ئىش ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى! مەن

ئۆلسەممۇ كۆزۈم ئوچۇق كەتمەيدىغان بولدى!ــ دېگىنىچە، كۆلۈمسىرىگەن ھالدا مەڭگۈلۈك كۆز يۇمدى. ئالقىش سادالىرى تاڭ سەھەر 2:00 دىن 7:30 غىچە داۋاملاشتى!

دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ھاڭۋاڭقىنىچە تۇرۇپلا قېلىشتى، جۇڭگو تەيۋەنگە جەڭ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، بىرپاي زەمبىرەكمۇ ئاتماي تۇرۇپ تەيۋەننى قايتۇرۇۋالدى! بۇ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىشەنگۈسىز ئىش بولدى! خەلقئارادا، جۇڭگو بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقان دۆلەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن تەبرىك تېلېگراممىلىرىنى يوللاپ، جۇڭگونىڭ تەيۋەننى تىنچ قايتۇرىۋالغانلىقىنى تەبرىكلىدى! ھالبۇكى، ياپونىيە ھۆكۈمىتى تەيۋەن ھۆكۈمىتىنىڭ تەسلىمچىلىكىنى كۈچلۈك ئەيىپلىدى، چۈنكى تەيۋەن بىلەن جۇڭگونىڭ بىرلىشىشى ئۇلارنىڭ تەيۋەنگە قىلغان ياردىمىنى يوق قىلىۋەتتى، تەيۋەن جۇڭگوغا قايتقاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ تەيۋەنگە ئېرىشەلمەيدىغان بولدى! ئامېرىكىمۇ ساراڭدەك تۇرۇپلا قالدى، جاسۇسلىرىنى ئەۋەتىپ بۇ ئىشنى ئېنىقلاشقا باشلىدى. ئەگەر ئالدىنقى قېتىملىق ئىش ئۇلارنىڭ پىلانىنى سۇغا چىلاشتۇردى دېيىلسە، بۇ قېتىمقى ئىش ئۇلارنىڭ پىلانىنى ئۈزۈل ـ كېسىل بىتچىت قىلدى! جۇڭگو ھۆكۈمىتىمۇ تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ، جۇڭگو نۆۋۋا ئاۋېئاماتكا ئەترىتىنى تەيۋەنگە ئەۋەتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، بۇ ئىش دۇنيا مۇنازىرىسىگە ئېغىر تېپلىق بومبا تاشلىدى. جۇڭگو دېڭىز ئارمىيىسى شۇندى ئېتىبارەن ئاۋېئاماتكىسى بولماسلىقتەك تارىخقا خاتىمە بېرىپ، دۇنيادىكى ئىلغار دېڭىز ئارمىيىسلىك ئورنىغا قاراپ بىر چوڭ قەدەم تاشلىدى. كىشى قەلبىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان خەۋەرلەر ئارقىمۇ ـ ئارقىدىن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئالدىغا قويۇلدى، جۇڭگونىڭ پوجاڭزا بازىرى قىزىرىپ كۆكىرىپ كەتتى! ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى ئەتىدىن ـ كەچكىچە پوجاڭزا سەۋەبىدىن كەتكەن ئوتنى ئۆچۈرۈش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى! ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خەلقئارا مۇنبەردە «جۇڭگو تەھدىتى» نەزەرىيىسىنى پەيدا قىلىپ، ب د ت دىن جۇڭگونى جازالاشنى تەلەپ قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بىراق بۇ قېتىم ئۇلار قالايمىقان جۆيلىمىگەنىدى، جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ ئويغانغان زور ئەجدىھا راستىنلا دۇنياغا «تەھدىت» سېلىۋاتاتتى!

## 5 ـ باب غەزەپلەنگەن ئەجدىھانىڭ ئويغىنىشى

ئامېرىكا ئاقساراي، ئامېرىكا ئەلباشى كىچىك بوش جاسۇسلارنىڭ تەيۋەندىن ئەۋەتكەن خەۋىرىنى كۆرمەكتە. تەيۋەننىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچ بىرلىككە كېلىشىنىڭ

ئاساسلىق سەۋەبى ــ تەيۋەن ئۈچ ئارمىيە باش شتاب باشلىقى گېنرال ۋاڭ تىيىخېڭ. ئەسلىدە، گېنرال ۋاڭ تىيىخېڭ يىغىندىن قايتىپ، جىنمېنغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۆڭلى ناھايىتى بىئارام بولدى. ۋاڭ تىيىخېڭنىڭ ئاتىسى ئەسلىدە گومىنداڭنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك گېنرالى بولۇپ، ئەينى يىلى گومىنداڭنىڭ ھەرقايسى گېنراللىرى تەيۋەنگە قاچقاندا، ۋاڭ تىيىخېڭنىڭ ئانىسى چوڭ قۇرۇقلۇقتا قېلىشتا چىڭ تۇردى. ئەينى چاغدا ۋاپادارلىق يۈزىسىدىن ۋاڭ تىيىخېڭ ئاتىسى بىلەن تەيۋەنگە بىللە كەلگەنىدى، ئارىدىن 40 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئانىسى تۆت يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتتى. ئۆزىمۇ تەيۋەننىڭ ئۈچ ئارمىيە باش شتاب باشلىقى بولۇپ قالدى، ئۇ باشتىن ـ ئاياغ ئۆزى ۋە چوڭ قۇرۇقلۇقتىكىلەر ئوخشاشلا جۇڭگولۇق، ھامان بىر كۈنى تەيۋەن خەلقىنى باشلاپ چوڭ قۇرۇقلۇققا قايتىمەن دەپ ئويلايتتى. ئەمما لى دېڭخۇي ۋە چېن شۈيبىيەن «ئارال» سېتىش ھېسابىغا شۆھرەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ياپونلۇق دەپ ئېلان قىلغاندا، ۋاڭ تىيىخېڭنىڭ كۆڭلىدە ئۇلارنى ئاغدۇرۇش ئويى پەيدا بولغانىدى، ئەمما بۇنىڭغا مۇناسىپ پۇرسەت تېپىلمىغانىدى. ئۇ ماشىنا دەرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ كوچىدا قالايمىقانلىشىپ كەتكىنى كۆردى، نۇرغۇن ماشىنىلار ئايروپورت ۋە پورتلارغا قاراپ كېتىپ باراتتى، ھەممە كىشى تېزراق بۇ نەس باسقان جايدىن كېتىشنى ئويلايتتى. جەڭ باشلىنىپ قالسا نۇرغۇن كىشى ئۆلۈپ كېتىدۇ ـ دە! بۇلارنى ئويلاپ ۋاڭ تىيىخېڭ ئامالسىز ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويدى. ماشىنا ئايروپورتقا ئاز قالغاندا، تۆت ساقچى ماشىنىسى قوغداپ ماڭغان پىكاپ ئايروپورت تەرەپكە قاراپ كەتتى، ۋاڭ تىيىخېڭ ئالدىراپ:

ــ ئارقىغا بۇرۇل، ئاۋۇ ماشىنىغا ئەگەشكىن! ئۇلار بىزنى سېزىپ قالمىسۇن،ــ دەپ توۋلىدى شوپۇرغا. بىردەمدىن كېيىن جىنمېن ئايروپورتىغا يېتىپ كېلىشتى. پىكاپتىن چاقلىق ئورۇندۇققا ئولتۇرغان بىر ئايال چۈشتى، ۋاڭ تىيىخېڭ بىر قاراپلا ئۇنىڭ چېن شۈيبىيەننىڭ خانىمى ۋۇشۇجېن ئىكەنلىكىنى تونىدى! ۋۇشۇجېن ئايروپورتقا كىرىشى بىلەنلا، ۋاڭ تىيىخېڭ ھەربىي فورمىسىنى سېلىۋېتىپ، ئايروپورت زالىغا ئەگىشىپ كىردى. بۇ يەر ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى، نۇرغۇن ھەربىي ـ ساقچىلار بۇ يەردە شەھەر خەلقىنىڭ ئايروپىلانغا چىقىشىنى توسۇپ تۇراتتى.ۋاڭ تىيىخېڭ ۋۇ شىۋجېننىڭ ئايروپىلان ساقلاش ئۆيىگە كىرىپ كەتكىنىنى كۆردى، كەينىدىن ئەگىشىپ كىرمەي دېيىشىگە، بىر ئەسكەر ئالدىنى توسۇپ:

ــ ئارقىغا قايت، بۇ يەرگە كىرىشكە بولمايدۇــ دېدى. ۋاڭ تىيىخېڭ يانچۇقىدىن كېنىشكىسىنى چىقىرىپ ئاچچىقىدىن كۆكەرگىنىچە دېدى:

ــ مەن تەيۋەن دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۈچ ئارمىيە باش شتاب باشلىقى گېنرال ۋاڭ تىيىخېڭ، مەن ھازىر بۇ يەرگە كىرمەكچى، پىكرىڭ يوقتۇ؟

ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئەسكەر شۇ چاغدىلا ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بۇ كىشىنىڭ ھەربىي قىسىم ئىچىدە

يۈكسەك دەرىجىدە تەرىپلىنىۋاتقان شتاب باشلىقى ۋاڭ تيېخېڭ ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە، قورقىنىدىن ئالمان - تالمان:

— كەچۈرۈڭ، ۋاڭ شتاب باشلىقى!— دېدى. ۋاڭ تيېخېڭ ئەتراپتىكى كىشىلەر توپىغا قاراپ قويۇپ سورىدى:

— نېمىشقا مېڭىشقا يول قويمايسىلەر؟ جەڭ باشلىنىشقا ئاز قالغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟

— ئەلباشى بۇيرۇق چۈشۈرگەن، كوممۇنىستلارنىڭ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ تەيۋەنگە كىرىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولغان ئىكەن.

ۋاڭ تيېخېڭ بوش ئاۋازدا تىللىۋەتتى:

— ئاناڭــــنى! چېن فامىلىلىك، سەن قانچىلىك ئادەمنى قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچىدىڭ؟

ئايروپىلان كۆتۈش ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن، ۋاڭ تيېخېڭ دەرىزىدىن ۋۇ شيۇجېنىنىڭ ئالدىراش هالدا بىر يولۇچىلار ئايروپىلانىغا چىقىپ كەتكىنىنى كۆردى. ۋاڭ تيېخېڭ كەينىگە قاراپمۇ قويماستىن ئايروپورتتىن قايتىپ چىقىپ ئۆيىگە كەتتى، ئۇ چېن شۈيبيەننى قۇتقۇزغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەنىدى. ئەتىسى، ئۇ بىر نەچچە يېقىن سىرداشلىرىنى چاقىرتىپ يىغىن ئاچتى، بۇلار جىنمېن قوغداش قوماندانى، هاۋا ئارمىيە باش قوماندانى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە شتاب باشلىقى، ژاندارما باشلىقى قاتارلىقلار ئىدى. ۋاڭ تيېخېڭ گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېدى:

— كۆپچىلىك، جەڭ بىزگە بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ، سىلەرنىڭ قانداق ئويۇڭلار بار؟

يىغىنغا قاتناشقانلار بىردەك:

— باش شتاب باشلىقى، سىز نېمە دېسىڭىز شۇ، بىز سىز ئوتقا دېسىڭىز ئوتقا، سۇغا دېسىڭىز سۇغا كىرىشكە تەيياربىز!— دېيىشتى. ۋاڭ تيېخېڭ ئۇلارغا بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن خۇرسىنىپ قويۇپ:

— بۇرادەرلەر، مېنىڭ بۇ جەڭنى قىلغۇم يوق! پېقىر ۋاڭ تيېخېڭ ئۆلۈمدىن قورقىدىغان ئۆلۈمتۈك ئەمەس!! مەن تەيۋەندىكى 20 مىليون قېرىندىشىمنىڭ كوممۇنىستلارنىڭ بومبىسىدا ئۆلگىنىنى كۆرۈشنى پەقەت خالىمايمەن!! سىلەر بىلەمسىلەر؟ بىزنىڭ چېن ئەلباشىمىز تۈنۈگۈن ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرى بىلەن بايلىقلىرىنى چەتئەلگە يولغا سالدى. يېڭىۋالسا، ئۇ يەنە داۋاملىق ئەلباشى بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ، يېڭىلسە، ئۇ ئوخشاشلا چەتئەلدە بايۋەچچە بولۇپ ياشاۋېرىدۇ.— دېدى. هاۋا ئارمىيە باش قوماندانى هەيرانلىق بىلەن سورىدى:

— باش شتاب باشلىقى، پۇخرالارنىڭ يارىلىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇلارنى چەتئەلگە يولغا سېلىۋەتسەكلا بولاتتىغۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن تەسلىم بولۇشنىڭ هاجىتى يوقتىغۇ؟

ۋاڭ تيېخېڭ ئاچچىقىدا تىللىۋەتتى:

ـــ تۆفي! سلەر تېخى بلمەمسلەر؟ مېنىڭ بىلىشىمچە چېن دېگەن سارالڭ ئامېرىكىلىقلارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينايد، پۇخرالارنى قالغان قىلماقچى، پۇخرالارنىڭ چەتئەلگە قېچىشىنى مەنئىي قىپتۇ! ئۇ ئۆلمەكچى بولسا مېنىڭ پىكرىم يوق، ئەمما مەن 20 ملىيون قېرىنداشىمنىڭ ئۇنىڭ بىللە ئۆلۈشىنى كۆرۈشنى خالىمايمەن!!

كۆپچىلىك بىردەم جىمجىت ئولتۇرغاندىن كېيىن، بىردەك سوراشتى:

ـــ باش قوماندان، سىزنىڭ مەقسىدىڭىز قوزغىلاڭمۇ؟!

ۋاڭ تيېخېڭ:

ـــ توغرا، مەن چوڭ قۇرۇقلۇقتىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئىككى كۈندىن كېيىنكى يىغىندىن پايدىلىنىپ، چېن شۈيبيەن ۋە ئاشۇ ئۇرۇشخۇمارلارنى قولغا ئېلىپ، چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن سۈلھى قىلماقچى! ۋاقتى كەلگەندە مەن سىلەرگە چوقۇم چىقىش يولى تېپىپ بېرىمەن. مېنىڭ بۇرۇنلا چوڭ قۇرۇقلۇقتىن خالىي جايدىن بىرنى تېپىپ ئاخىرقى ئۆمرۈمنى تېنچ ئۆتكۈزۈش نىيىتىم بار ئىدى. كۆپچىلىك، ئەگەر مەن بىلەن بىرلىكتە ئىش قىلىشنى ئويلايدىغانلار بولسا بۇ يەردە قېلىڭلار، قىلىشنى خالىمايدىغانلار بولسا كەتسەڭلار بولىدۇ، سىلەرنى زورلىمايمەن!ـــ دېدى. كۆپچىلىك بىر بىرىگە بىر قارىشىۋەتكەندىن كېيىن، بىردەك:

ـــ باش قوماندان، ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ بىز سىز ئوتقا دېسىڭىز ئوتقا، سۇغا دېسىڭىز سۇغا كىرىشكە تەيياربىز!ـــ دېيىشتى. ۋاڭ تيېخېڭ ياشلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ دېدى:

ـــ ياخشى، بۇرادەرلەر! ئۇنداقتا مەن چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن مەخپىي ئالاقىلىشىپ، بۇ ئىشلارغا تەييارلىق قىلاي.

ئىككى كۈندىن كېيىن، تەيۋەن ئەلباشى مەھكىمىسى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئاساسىي چوڭ باشلىقلارنىڭ ھەممىسى يىغىلغان ئىدى. يىغىندا چېن شۈيبيەن ئاندىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى خۇاڭ جىنگۈي بىرلىكتە تەيۋەن ئارمىيىسىنىڭ قاتتىق تەڭداشسىز ئىكەنلىكى، كوممۇنىستلارنىڭ تەيۋەنگە بىر قەدەممۇ باشالمايدىغانلىقى قاتارلىقلارنى ئاغزىدىن كۆپۈك قايناغۇچە ماختاپ ئۇچۇرۇشتى. يىغىن ئاخىرلىشاي دېگەندە، ۋاڭ تيېخېڭ:

ـــ ئەلباشى، سىزنىڭ نەچچە كۈن ئاۋال تۇيۇقسىز پۇخرالارنىڭ چەتئەلگە چىقىشىنى مەنئىي قىلغىنىڭىز نېمىسى؟ـــ دەپ سورىدى. چېن شۈيبيەن:

ـــ ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەيۋەن دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇخرالىرى. دۆلەت قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، ئۇلار ئەلۋەتتە قېلىپ دۆلەتنى قوغدىشى كېرەك ـ تە!ـــ دېدى. ۋاڭ تيېخېڭ ئاچچىقلاپ:

ـــ دۆلەتنى قوغداش؟ ئەجەبا، سىز ئۇلارنى بۇ يەردە قالدۇرۇپ كوممۇنىستلارنىڭ بومبىسىدا

بومباردىمان بولۇشقا تاشلاپ بەرمەكچىمۇ؟ــ دېدى. چېن شۆيبيەن:

ــ ياق! بۇ بىر ھىيلە، خالاس. ئەگەر كوممۇنىستلار پۇخرالارنى بومباردىمان قىلسا، خەلقئارادا ئۇلار پەگاغا چۈشۈپ قالىدۇ، ب د ت ئۇلارنى جازالىسا، بۇ جەڭدە بىز غەلىبە قىلىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەيۋەن ھازىر مۇداپىئەنى مۇستەھكەملەپ بولدى، كوممۇنىستلارنىڭ ئۇچقۇ(ئايروپىلان)لىرى تەيۋەن ئارىلىنىڭ ئۈستىگە ئۇچۇپ كېلەلمەيدۇ!ــ دېدى. ۋاڭ تيېخېڭ ئاچچىقىدىن بېشىنى چايقىغىنىچە:

ــ ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ پۇخرالارنى قالقان قىلماقچىمۇ؟ سىز، سەن، سەن ئادەم ئەمەسكەنسەن!ــ دېدى. خۇڭ جىنگۆي تىللاپ چۈشتى:

ــ ئاناڭــــنى! سەن ئەلباشنى تىللاشقا پېتىندىڭمۇ؟

ۋاڭ تيېخېڭ قايتۇرۇپ دېدى:

ــ شۇنداق، سەن ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەم قېلىپىدىن چىققان ھايۋاننى تىللىدىم!

چېن شۆيبيەن ۋارقىرىدى:

ــ ۋاڭ فاملىلىك! سەن كۆزۈمگە خېلى بۇرۇنلا سىغمايۋاتاتتىڭ، مەن سېنى ۋەزىپەڭدىن قالدۇردۇم! كېلىڭلار!!

سۆز ئاياقلاشماي تۇرۇپلا، بىر توپ تولۇق قوراللانغان ئەسكەرلەر ئېتىلىپ كىردى!

ــ ۋاڭ تيېخېڭنى باغ...ــ ئاياقلاشماي تۇرۇپلا، چېن شۆيبيەن ئەسكەرلەرنىڭ جۇڭگو ئالاھىدە قىسىملىرىدەك كىينگىننى بايقىدى. ۋاڭ تيېخېڭ ئالدىرىماي:

ــ بۇ ساراڭنى تۇتۇڭلار، ماۋۇ مۇناپىق خۇاڭ جىنگۆينىمۇ قوشۇپ تۇتۇڭلار!ــ دېدى. چېن شۆيبيەن ئورۇندۇقتا لەسسىدە بوشۇشۇپ ئولتۇرۇپ قالدى، ۋاڭ تيېخېڭنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ــ سەن! سەن خائىن! سەن چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن بىرلىشىپسەن، سەن...ــ دەپ بولماي تۇرۇپلا، ۋاڭ تيېخېڭنىڭ تېپىكىدىن يەرگە دۈملاپ چۈشۈپ چىقراپ كەتتى. ۋاڭ تيېخېڭ زەردە بىلەن دېدى:

ــ سەن خېلى بۇرۇنلا كۆزۈمگە سىغمايۋاتاتتىڭ، دۆلەتنى سېتىپ شۆھرەت تاپماقچى بولدۇڭ! خەلقنىڭ ئۆلۈك - تىرىكى بىلەن كارىڭ بولمىدى! ئۆز ئۇرۇق - تۇققانلىرىڭنى چەتئەلگە ئەۋەتىۋېتىپ، بىزنى بۇ يەردە ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەكچى بولدۇڭ!

ئەتراپتىكى ئادەتتە ھەيۋە بىلەن يۈرىدىغان تەيۋەن ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ قولىغا كويزا سېلىنغان بولۇپ، قورقىنىدىن شۈمشىيىپ تىترىشىپ كېتىشكەنىدى. بۇ چاغدا ژاندارما باشلىقى كېلىپ:

ــ باش قوماندان، ھەر قايسى قىسىملاردىن تەيۋەن مۇستەقىللىق تەرەپدارلىرىنىڭ ھەممىسى قولغا چۈشتى، بۇيرۇق كۈتىۋاتىمىز!ــ دېدى. ۋاڭ تيېخېڭ رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى

لىگىشتىپ، ئەتراپتىكى جۇڭگو ئالاھىدە قىسىملىرىغا قاراپ:
ــ سىلەرگە رەھمەت! مەن ھازىر چوڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇختۇرۇپ، ئۇلار بىلەن تېنچلىق سۆھبىتى قىلىمەن!ــ دېدى. جۇڭگو ئالاھىدە قىسمىنىڭ باشلىقى ۋەن شيۇگېڭ:
ــ نەدىكىنى، بىز سىزگە كۆپ رەھمەت دېسەك بولىدۇ،ــ دېدى .
ئۈچ سائەتتىن كېيىن، جۇڭنەنخەي جۇڭخۇا سارىيىدىكى تېلېفون جىرىڭلىدى. ئاللىقاچان سەۋر قاچىسى توشۇپ قالغان لى رەئىس قاتارلىقلار دەرھال تېلېفوننى ئالدى:
ــ ۋەي! مەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى لى شياڭ!
ــ لى رەئىس، ياخشىمۇسىز! مەن تەيۋەنگە ئەۋەتىلگەن جۇڭگو ئالاھىدە قىسىملىرىنىڭ باشلىقى ۋەن شيۇگېڭ، بىز ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنلىدۇق، چېن شۈيبيەن ۋە خۇاڭ جىنگۈي قاتارلىق تەيۋەن مۇستەقىللىق ئۇنسۇرلىرى تۇتۇلدى!
لى رەئىس كۈلۈپ تۇرۇپ، ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ قويۇپ دېدى:
ــ يولداشلار، جاپا چەكتىڭلار! مەن پارتىيە ۋە خەلققە ۋاكالىتەن سىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن!
ــ رەھبەرنىڭ كۆڭۈل بۆلگىنىگە رەھمەت! تەيۋەن ئۈچ ئارمىيە باش شتاب باشلىقى گېنرال ۋاڭ تيېخېڭ سىز بىلەن سۆزلەشمەكچى.
ۋاڭ تيېخېڭ تېلېفوننى ئالغاندىن كېيىن:
ــ لى رەئىس، تەكەللۇپ گەپلىرىنى كۆپ قىلماي، نەچچە كۈندىن كېيىن ئۆزەم شەخسەن چوڭ قۇرۇقلۇققا بېرىپ تېنچ بىرلىككە كېلىشكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى سۆھبەتلىشىمەن،ــ دېدى.
ـ 2009يىلى 17 ـ ئاۋغۇست، گېنرال ۋاڭ تيېخېڭ قاتارلىقلار چۈشكەن مەخسۇس ئايروپىلان بېيجىڭغا قوندى. لى رەئىس، ئازاتلىق ئارمىيە باش شتاب باشلىقى دېڭ جيەنگو ۋە ج ك پ مەركىزىي سېكرېتارىياتىنىڭ سېكرېتارى بۇ يەردە ساقلاپ تۇرغىلى خېلى بولغانىدى. ۋاڭ تيېخېڭ لى رەئىس ۋە دېڭ گېنرال قاتارلىقلارنىڭ شەخسەن كۈتۈۋالغىلى چىققىنى كۆرۈپ، ھاياجانلانغىنىدىن ئۆلچەملىك ھەربىيچە چاس بەرگەندىن كېيىن، لى رەئىسنىڭ قولىنى مەھكەم قىسقىنىچە:
ــ لى رەئىس، مەغلۇپ گېنرال ۋاڭ تيېخېڭ سىزنىڭ شەخسەن كۈتۈۋېلىشىڭىزغا ئەرزىمەيتتى!ــ دېدى. لى رەئىس خۇشال كۈلۈپ:
ــ ۋاڭ گېنرال، سىز جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۈچۈن زور ياخشى ئىش قىلدىڭىز، مەن قانداقمۇ ئالدىڭىزغا چىقماي تۇرالايمەن! مەن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ۋاكالىتەن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن!ــ دېدى. ئاندىن ۋاڭ گېنرالغا ئازاتلىق ئارمىيە باش شتاب باشلىقى دېڭ جيەنگو قاتارلىقلارنى تونۇشتۇردى، ئاخىرىدا ھەممەيلەن ماشىغا چىقىپ جۇڭنەنخەيگە يۈرۈپ

كېتىشتى.

جۇڭنەنخەيدىكى يىغىن زالى، لى رەئىس خۇشاللىق بىلەن:

— ۋاڭ گېنېرال ۋە ئۇلتۇرغان ھەر قايسىڭىزلار ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا تۆھپە قالدۇرغان زور ياخشى ئىشتىن بىرنى قىلىپ، ئىككى قىرغاقتىكى قېرىنداشلارنى جەڭ ئاپىتىدىن ساقلاپلا قالماستىن، جۇڭگو خەلقىنى ھەقىقىي ئىتتىپاقلاشتۇردۇڭلار، جۇڭگو خەلقى سىلەرگە رەھمەت ئېيتىدۇ! سىلەر جۇڭخۇا سەركەردە بولۇپ تارىخقا ئۆچمەس قالدۇردىڭلار!— دېدى. گېنېرال ۋاڭ تىيېخېڭ ھاياجانلانغان ھالدا:

— لى رەئىس، سىز ئارتۇقچە ماختىۋەتتىڭىز، بىز پەقەت ئۆزىمىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلدۇق. بىز تەيۋەننىڭ جەڭ ئوتىدا ۋەيران بولۇشنى خالىمايمىز، ئىككى قىرغاقتىكى قان - قېرىنداشلارنىڭ ئۆز ئارا قىرغىن قىلىشىشىنى كۆرۈشنى خالىمايمىز. ھازىر تەيۋەن مۇستەقىللىق قالدۇق كۈچلىرى ھەممە يەردە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتىدۇ، بىز ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ قوشۇن ئەۋەتىپ، تەيۋەننىڭ ھازىرقى ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىشنى ئۈمىد قىلىمىز.— دېدى. لى رەئىس:

— بۇ بەك زۆرۈر، دېڭ شتاب باشلىقى، سىز جوۋ گېنېرال بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىرلىكتە قارار چىقىرىڭلار. بۇ ئىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، بىز ئاندىن تەيۋەن ھۆكۈمىتىنى قايتىدىن تەشكىللەش ئىشىنى مەسلىھەتلىشەيلى،— دېدى. دېڭ جيەنگو:

— 16 - پاراشوت ئارمىيىسىنىڭ ئىككى دېۋىزىيىسىنى تەييىيگە، يەنە باشقا ئىككى دېۋىزىيىنى تەيۋەننىڭ جەنۇبىغا چۈشۈپ، قالدۇق تەيۋەن مۇستەقىللىق كۈچلىرىنى باسۇرۇشقا تەييارلاپ قويدۇم. نەنجىڭ ۋە چېڭدۇ ھەربىي رايونىنىڭ ئىككى ئارمىيىسى (جىتۆەنجۈنى) ئايرىم - ئايرىم ھالدا خۇالىيەن ۋە گاۋشيۇڭلاردىن تەيۋەنگە كىرىدۇ. شىمالىي دېڭىز فلوتى، شەرقىي دېڭىز فلوتى( كېمە ئەترىتى) ۋە جەنۇبىي دېڭىز فلوتى( ئۇيغۇرسوفت لوغىتىدە فلوت دەپ ئاپتىكەن، مېنىڭچە بۇ چەتئەلدىن كىرگەن سۆز بولسا كېرەك، شۇڭا مەن باشتا كېمە ئەترىتى دەپ ئالغان، ھازىر قىسقارتىپ فلوت دەپ ئالاي دەپ ئويلىدىم، نىدادىن)نى ئامېرىكا ۋە ياپونىيىنىڭ دىاۋيۈ ئارىلى ئەتراپىدىكى فلوتىنى نازارەت قىلىشنى بۇيرۇدۇم.— دېدى. لى رەئىس رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ:

— بىزمۇ تۆمۈرنى قىززىقىدا سوقۇپ، نۆۋا ئاۋئىاماتكا ئەترىتىنى چىقىرىپ، ئۇلارنى قورقۇتۇپ قويايلى،— دېدى. ۋاڭ تىيېخېڭ ھەيرانلىق بىلەن لى رەئىسكە قادىلىپ تۇرۇپ:

— سىلەرنىڭ ئاۋئىاماتكاڭلار بارمۇ؟— دەپ سورىدى. لى رەئىس كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئاللىقاچان بار ئىدى، جەڭگە ئاتاپ قويغانىدۇق!— دېدى. ۋاڭ تىيېخېڭ كۆڭلىدە:« ھېلىمۇ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلماپتىمىز، بولمىسا جۇڭگو يەنە قانچىلىك ھەربىي كۈچىنى

يۈشۈرۈپ قويغانكىن، تاڭ!» دەپ ئويلىدى.

ـ 2009يىلى 19ـ سېنتەبىر، ساناقسىز پاراشوتچى ئەسكەرلەر ھاۋادىن يەرگە چۈشۈپلا، تەيۋەننىڭ ھەرقايسى مۇھىم شەھەرلىرىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى، تەيۋەن قىسىملىرى ئاللىقاچان جۇڭگو قىسىملىرى تەيۋەنگە چىققاندا ئوق چىقارماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق تاپشۇرىۋالغانىدى. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرغان تەيۋەن ھاۋا ئارمىيە باش قوماندانى چېڭدۇ ھەربىي رايون قوماندانى خۇاڭ يۈنلوڭغا سالام بەرگەندىن كېيىن، قىزغىنلىق قىلىپ:

ــ خۇاڭ قۇماندان، تېخى نەچچە كۈن ئاۋال ئىككىمىز رەقىپلەردىن ئىدۇق، مانا بۈگۈن ئورۇق ـ تۇققان بولۇپ قالدۇق،ــ دېدى.خۇاڭ يۈنلوڭ ھاياجانلانغان ھالدا:

ــ شۇنداق، تەيۋەن ۋەتىنىمىزدىن ئايرىلغىلى بەك ئۇزۇن بولغانىدى، بۈگۈن ئاخىرى ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلدى!ــ دېدى .

ئارقىدىنلا شەھەرگە كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى چېڭدۇ ۋە نەنجىڭ ھەربىي رايونلىرى ئارمىيىلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى رەتلىك قەدەم تاشلاپ تەيبېيگە كىرىشكە باشلىغاندا، تەيبېي خەلقى ھەيرانلىقتىن تۇرۇپلا قېلىشتى، نەدىمۇ خەۋەرلەردە دېگەندەك بىر تېپىككە يارىمايدىغان قوشۇن بولسۇن، شۇنداق ھەيۋەتلىك، شۇنداق مەغرۇرانە، نەدىمۇ تەيۋەننىڭ خام قايماقتەك يۇمشاقباشلىرىغا ئوخشىسۇن؟ «قارام ئەجدىھا» تېپلىق تانكا كوچىدا كۆرۈنگەندە، تېنچلىق ساقلاۋاتقان تەيۋەن ھەربىي ـ ساقچىلىرى ھەيران بولۇپ قېتىپ قېلىشتى، نېمىدېگەن يوغان تانكا بۇ! ماڭىدىغان بولسا ئازراقمۇ شاۋقۇن يوق، قوش ستۋوللۇق زەمبىرەك، ھەتتا تانكىنىڭ قۇيرىقىدىمۇ ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىدىغان باشقۇرىلىدىغان بومبا بار ئىكەن، ھېلىغۇ ئېتىشكەن، ھەتتا قورقۇتۇپمۇ ئۆلتۈرۈپ قويغۇدەك! ياندا تۇرغان قوماندان چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى> »:قارام ئەجدىھا <جۇڭگو ئۆزى تەتقى قىلىپ ياسىغان، يادرو باتارىيىسىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى قىلىدۇ، ئۇدا 3400 ك م ماڭالايدۇ، سىرتىدىكى بىرونىسىنى بىرونىۋېلىك تەشكۈچى بومبىمۇ تېشەلمەيدۇ«.

جۇڭگو قىسىملىرى تەيۋەننى قايتۇرىۋېلىۋاتقاندا، پۈتۈن دۇنيادىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ غايەت زور ئەجدىھانىڭ ئۇلارنىڭ بوغۇشىدىن قۇتۇلۇپ، ئويغىنىشقا باشلىغانلىقىنى، ئۇلار پەقەت بۇ ئەجدىھانى چوقۇم ئامال قىلىپ داۋاملىق ئۇخلىتىشقىلا بولىدىغانلىقىنى، ھەرگىزمۇ ئۇنى ئويغىتىۋەتسە بولمايدىغانلىقىنى بىلىشكەن ئىدى.

## 6 ـ باب ئوت ئېچىشقا تەييارلىنىش

شەھەرگە كىرىش مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، گېنىرال ۋاڭ تىيېخېڭ تەيۋەنلىق قېرىنداشلارغا مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلدى. مۇراجىئەتنامىدا مۇنداق دېيىلگەنىدى:«مەن تەيۋەندىن ئىبارەت بۇ يۇرتىمىزنىڭ جەڭ ئوتىدا ۋەيران بولۇشىنى كۆرۈشنى خالىمايمەن، ئىككى قىرغاقتىكى قان ـ قېرىنداشلارنىڭ ئۆزئارا قىرغىن قىلىشىنى كۆرۈشنى تېخىمۇ خالىمايمەن. سابىق ئەلباشى چېن شۈيبيەن دۆلەتنى سېتىش ھېسابىغا شۆھرەت تاپماقچى بولغان، ھەتتا ۋىجدان ـ غورۇرىنى يوقىتىپ، كۆپچىلىكنىڭ ھاياتى بەدىلىگە بۇ جەڭدە غەلىبە قىلىشنى خام خىيال قىلغانىدى. ئۇنىڭغا نەسىھەت كار قىلمىغان شارائىتتا، مەن دۆلەت ساتقىنى، خائىن قاتارلىق گۇناھلارنى ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىشقا رازى بولۇپ، سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىدىم، چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن تېنچ بىرلىككە كېلىشنى سۆھبەتلەشمەكچى، ھەر قايسى تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، ماڭا ئىشىنىڭلار، مەن چوقۇم تەيۋەنگە ئەڭ زور مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە تىرىشىمەن«.

بۇ چاغدا، بىرلىككە كېلىش تەرەپدارلىرى خۇشاللىقتىن ئاغزىنى يۇمالماي قېلىشتى، تەيۋەن مۇستەقىللىق تەرەپدارلىرى چەتئەلگە قېچىپ بېرىپ ئاتالمىش «تەيۋەن دېمۇكراتىك جۇمھۇرىيىتى» سەرگەردان ھۆكۈمىتىنى تەشكىللەپ، تەيۋەن خەلقىگە داۋاملىق رەھبەرلىك قىلىپ، تەيۋەننى ئازات قىلدىغانلىقلىرىنى جاكارلىدى. نەچچە كۈندىن كېيىن، تەيۋەننىڭ ۋەزىيىتى مۇقىملاشتى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كەلدى. گەرچە دەسلەپتە ئاز بولمىغان ئادەملەر نامايىش قىلىپ كۈچ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بىر مەزگىلدىن كېيىن بارا ـ بارا بۇلارمۇ بېسىقتى.

بەش كۈندىن كېيىن، تەيۋەن بىلەن چوڭ قۇرۇقلۇق كېلىشىم ھاسىل قىلدى:

بىرىنچى، تەيۋەن شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارغا ئوخشاش جۇڭگونىڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى بولۇپ، بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بولۇش يولغا قويۇلىدۇ. ئالاھىدە رايون باشلىقىنى تەيۋەن خەلقى سايلاپ بېكىتىدۇ، ۋاقتىنچە كاپىتالىزىم تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ، كېيىن ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگەرتىلىدۇ.

ئىككىنچى، يۈكسەك دەرىجىدە ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ، 30 ئارمىيىسى بولىدۇ، نامى جۇڭگو تەيۋەن ئۆلكىسى ئارمىيىسى بولىدۇ. ھەر قايسى ئوفېتسېر ـ ئەمەلدارلار تەيۋەنلىكلەردىن بولىدۇ، تەيۋەن ھەربىي رايون قوماندانلىق شتابى قوماندانلىق قىلىدۇ، چوڭ قۇرۇقلۇق ھېچقانداق سىياسىي خادىملارنى ئەۋەتمەيدۇ.

ئۈچىنچى، چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ تەيۋەندە تۇرۇشلۇق ئارمىيىسى 80مىڭ ئەسكەرلىك قۇرۇقلۇق

ئارمىيىسى، بىر ھاۋا ئارمىيىسى دېڭىزىيىسى ۋە نوۋا ئاۋىئاماتكا ئەترىتى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار بىرلىكتە تەيۋەننىڭ قوغداش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ.

تۆتىنچى، تەيۋەن ئارمىيىسى ۋە تەيۋەندە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ تەمىناتىنى مەركىزىي ھۆكۈمەت تەمىنلەيدۇ.

بەشىنچى، (قالدۇرۇلدى، بۇنداق يېزىۋەرسە تۆگمەيدىكەن(.

تەيۋەن تېنچ يول بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىككە كەلدى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى جۇڭگولۇقلار خۇشال تەبرىكلەشتى. ھالبۇكى بۇچاغدا ياپونىيە باش ۋەزىرى تېڭزىي شيوگسى بىلەن ئەنگلىيە باش ۋەزىرى بلايېر ئامېرىكىغا مەخپىي ئۇچۇپ بېرىپ، ئامېرىكا ئەلباشى كىچىك بوش بىلەن جۇڭگوغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى. ئامېرىكا ئەلباشى كىچىك بوش ئەنسىرىگەن ھالدا دېدى:

ــ ئەپەندىلەر، جۇڭگونىڭ بۇ نىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى تەرەققىيات سۈرئىتى بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدىن ئېشىپ كەتتى، بولۇپمۇ بىر نەچچە كۈن ئاۋال جۇڭگو تېنچ يول بىلەن تەيۋەننى قايتۇرىۋالغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ كوممۇنىزىمى بىزنىڭ ئەركىن دۇنيارىمىزنىڭ تېنچلىقى ۋە مەنپەئەتىگە خىرىس قىلىشقا باشلىدى.

ياپونىيە باش ۋەزىرى تېڭزىي شيوگسى:

ــ بۇ قېتىم بىز ياپونىيىنىڭ زىيىنى بەك زور بولدى، بارلىق ياردەم قىلغان ماددىي بويۇملارنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمىدى، گەرچە جۇڭگولۇقلار ئاۋىئاماتكا ياسىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ قېتىم تەيۋەننى قايتۇرىۋېلىشتا پۈتۈنلەي ۋاڭ تىيېخېڭدىن ئىبارەت بۇ ساتقىنىنىڭ بولغىنى سەۋەبىدىن بولدى. ئەگەر راستىنلا ئۇرۇشقان بولساق، جۇڭگولۇقلارنىڭ دېڭىز ئارمىيىسى بىزنىڭ بۈيۈك ياپون ئىمپېرىيىسىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسگە ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيتتى،ــ دېدى.

كىچىك بوش بېشىنى لىگشىتىپ تۇرۇپ:

ــ راست! ھازىر بىزنىڭ قىلىدىغىنىمىز دەرھال بۇ يوچۇقنى ئېتىپ، جۇڭگونى بۇ قامال قىلىش سىزىقىدىن چىقارماسلىق!ــ دېدى. ئەنگلىيە باش ۋەزىرى بلايېر:

ــ ۋاڭ تىيېخېڭنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن پايدىلىنىپ، تەيۋەن ۋە جۇڭگوغا ئىقتىسادىي ئىمبارگۇ يۈرگۈزەيلى، ئۇندىن باشقا جۇڭگونىڭ ئىككى يېرىدىكى قوغدىنىشنى ئاجىز، بىرى شىنجاڭ، يەنە بىرى شىزاڭ. بىز شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتىنى كۈشكۈرتۈپ، شىزاڭنى بۆلسەك، ھىندىستانلىقلارمۇ بۇ ئىشقا ئارىلىشىدۇ،ــ دېدى. كىچىك بوش بلايېرغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

ــ بلايېر ئەپەندى، سىزنىڭ بۇ ئامالىڭىز بەك قالتىسكەن! ھازىر جۇڭگونىڭ ئارقا تەرىپىدە ئازراق قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، ئىقتىسادىي ئىمبارگۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنى

ۋەيران قىلساق، تەيۋەننىڭ قايتا مۇستەقىل بولىدۇ! ھەممە ئىشتا ئۈمىد تۇغۇلىدۇ!
ياپونىيە باش ۋەزىرى تېگزىپ شيوگىسى ئەنسىرىگەن ھالدا دېدى:
— ئەلۋاشى ئەپەندى، بىزنىڭ ھازىرقى ئەڭ چوڭ سودا دۆلىتىمىز جۇڭگو، ئەگەر جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى ۋەيران بولسا، بىزمۇ تەسىرگە ئۇچرايمىز!
كىچىك بوش:
— باش ۋەزىر تېگزىپ شيوگىسى، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، بىز ئامېرىكا چوقۇم سىلەرگە ياردەم بېرىمىز! سىلەر ياپونلۇقلار بۇرۇندىن تارتىپ ئىلغار مىللەت بولۇپ كېلىۋاتىسىلەر! جۇڭگولۇقلار ئۇنداق مەمۇرچىلىق جايدا ياشاشقا ماس كەلمەيدۇ، سىز پەقەت سىزنىڭ خەلقىڭىزنى چىداپ تۇرۇشقا دەۋەت قىلىسىڭىزلا، سىلەر ناھايىتى تېزلا قايتىدىن ئاشۇ سىلەرگە تالىق مۇنبەت تۇپراققا قايتىسىلەر!— دېدى.
كىچىك بوشنىڭ بۇنداق كۆشكۆرتىشى بىلەن، بۇ ئەسەبىي ئوڭ قانات ئۇنسۇر ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى:
— شۇنداق، ئەلۋاشى ئەپەندى. جۇڭگولۇقلاردەك ئۇنداق ناچار مىللەت بىلەن سودا قىلغانلىقىنىڭ ئۆزى بىر خىل ھاقارەت، مەن خەلقىمنى بۇ قېتىملىق ئىقتىسادىي جازادا بەرداشلىق بېرىشكە چاقىرىق قىلىمەن، ۋاقتى كەلگەندە بىزنىڭ چوقۇم قايتا «بۈيۈك شەرقىي ئاسىيا ئورتاق گۈللىنىش چەمبىرىكى»نى قۇرۇپ چىقالايمىز. بىراق بىز تەيۋەننىڭ خائىنلىق ھەرىكىتىدىن ئۆچ ئېلىشىمىز، بولۇپمۇ ۋاڭ تىيىخېڭ دېگەن ھېلىقى خائىندىن ھېساب ئېلىشىمىز لازىم!
-2009يىلى 25-ئاۋغۇست، شىنجاڭ يەرئاستى مەخپىي بازىدىكى بىر تەجرىبىخانا، ئاق خالات كىيىۋالغان پروفېسسور ھاياجانلانغان ھالدا:
— غەلىبە قازاندۇق، ئەگەر تاشقى پىلانتلىقلارنىڭ بۇ پرىنسىپىدىن پايدىلانساق، بىزمۇ يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېنېرگىيە مەنبەسى ياساپ چىقالايمىز،— دېدى. يەنە بىر پروفېسسورمۇ خۇشاللىق بىلەن مۇنداق دېدى:
— 10 يىل بولدى، بۈگۈن ئاخىرى غەلىبە قازاندۇق! بىز دەرھال بۇ خۇشخەۋەرنى يۇقىرىغا يوللايلى!
-2009يىلى 26-ئاۋغۇست، لى شياڭ رەئىس دوكلات تاپشۇرىۋالدى:« يۇقىرى ئۈنۈملۈك قۇياش كىرىستال ئېنېرگىيە مەنبەسى تەتقىق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى، بۇ خىل ئېنېرگىيە مەنبەسى قۇياشنىڭ يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىقىنى يىغىپ كىرىستالغا ئوخشاش قاتتىق ئېنېرگىيە مەنبەسگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈنۈمى نېفىت ۋە يادرو ئېنېرگىيىسىنىڭكىدىنمۇ يۇقىرى! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل ئېنېرگىيە مۇھىتنى بۇلغىمايدۇ،

بىخەتەر، ئەڭ زور ئاتۇقچىلىقى بولسا ئالسا ـ ئالسا تۈگىمەيدۇ، تەننەرقى نۆل، پەقەت كۆن نۇرى بولسىلا، قانچىلىك ئالماقچى بولسا شۇنچىلىك ئالغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئېنېرگىيە مەنبەسىنى ماشىنا، ئۇچقۇ(ئايروپىلان)،كېمىلەرنىڭ يېقىلغۇسى قىلىشقا بولىدۇ! توك چىقىرىشقا، ھەتتا ئادەتتىكى ئائىلىدە ئىشلىتىدىغان يۇقىرى ئۈنۈملۈك باتارىيە ئورنىدا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ«.

بۇ خەۋەرنى تاپشۇرىۋالغاندىن كېيىن، لى رەئىس بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بۇ خىل ئېنېرگىيە مەنبەسىنى زور مىقداردا ئىشلەپچىقىرىشنى، بارلىق كىشىلەرگە بۇ خىل ئېنېرگىيە مەنبەسىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئەڭ تېز سۈرئەتتە پۈتۈن جەمئىيەتكە ئومۇملاشتۇرۇشنى بۇيرىدى.

بۇ خۇشخەۋەرنى تاپشۇرىۋالغاندا، شۇمخەۋەرمۇ بىللە كەلدى، شىزاڭ ۋە شىنجاڭدىكى شەرقىي تۈركىستان ئۇنسۇرلىرى يەنە جانلىنىشقا، ھىندىستانمۇ قىمىرلاشقا باشلىغاندى.

جۇڭنەنخەيدىكى يىغىن زالى، گېنرال جوۋتيەنخۇا تېلېگراممىنى ئوقۇۋاتاتتى:

ــ شىنجاڭ ئۈرۈمچىدە ئىككى قېتىملىق پارتلىتىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 37 ئادەمنىڭ ئۆلۈشى، 103 ئادەمنىڭ يارىلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، شۇندىن كېيىن ئايروپورت ئەتراپىدىن بىر نەچچە تېرورچى ئۇنسۇر تۇتۇلدى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان تېرورچى ئۇنسۇرلىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئاندىن 6000دىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستان ئۇنسۇرلىرى ئۆزلىرىنى شەرقىي تۈركىستان مۇقەددەس ئارمىيىسى دەپ ئاتىۋېلىپ، تارىم دەريا يېنىدىكى ئارال(مەنبەدە 阿拉丰 دەپ ئاپتىكەن، مەن ئۆزگەرتىپ ئالدىم، نىدادىن) شەھرىنى ئىگىلىۋالدى، ھىندىستانمۇ شىزاڭ چېگرىسىدا ۋەقە پەيدا قىلىپ، بىزنىڭ بىر نەچچە چېگرا مۇداپىئە جەڭچىمىزنى يارىلاندۇردى.

لى رەئىس ئاستاغىنە:

ــ گېن كومپيۇتېرى ئارقىلىق ھىدىستان دۆلەت مۇداپىئە مىنىسىرلىكىنىڭ كومپيۇتېرىنى تەكشۈرۈشىمىزچە، ئامېرىكا ھىندىستاننىڭ ئارقا تېرىكى بولۇپ، بىزنىڭ ئارقا تەرىپىمىز قالايمىقان ۋاقتتىن پايدىلىنىپ، ئالدى تەرەپتىن قىسىپ ھۇجۇم قىلماقچىكەن،ــ دېدى.

ئازاتلىق ئارمىيە شتاب باشلىقى دېڭ جيەنگو:

ــ ئالدى بىلەن تەيۋەن تەرەپكە كۆرەش تەييارلىقىنى ياخشى قىلىشنى ئۇقتۇرۇپ قويايلى، ئەگەر ئۇلار ئالدى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ قالسا، تۇنجى نىشانى تەيۋەن بولىدۇ،ــ دېدى.

لى رەئىس بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

ــ شىنجاڭدىكى شەرقىي تۈركىستان ئۇنسۇرلىرىنى ۋاقتىدا بىرتەرەپ قىلىۋېتەيلى، ئارال شەھرى تارىم ئويمانلىقىغا بەك يېقىن. بىزنىڭ مەخپىي يەرئاستى بازىمىز ئاشۇ يەردە،ــ دېدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانى كى شۇگېن:

— رەئىس، خاتىرجەم بولۇڭ! مەن ئەڭ تېز سۈرئەتتە شەرقىي تۈركىستان ئۇنسۇرلىرىنى يوقىتىمەن،— دېدى. جوۋ تيەنخۇا ئەسكەرتىپ:

— ئەگەر يېڭى تىپتىكى قورالالارنى ئىشلەتسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى بىرنىمۇ تىرىك قالدۇرماڭ! «غەزەپلەنگەن ئەجدىھا» پىلانى يەنە بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئاندىن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولىنىدۇ. شۇڭا ھازىر بەك كۆپ ئاشكارىلىنىپ كەتسە بولمايدۇ!

لى شۇگېن ھەربىيچە چاس بەرگەندىن كېيىن:

— گېنرال خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ھوقۇم سىزنىڭ يوليورۇقىڭىز بويىچە ۋەزىپىنى ئورۇندايمەن،— دېدى. گېنرال جوۋتيەنخۇا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— لەنجۇ ۋە سىچۈەن ھەربىي رايونلىرىدىن ئىككى قىسىمنى شىزاڭغا ياردەمگە ئەۋەتىپ، ھىندىستان ھەربىي قىسىمىنىڭ مۇددىئاسىنى زەن قويۇپ كۆزىتەيلى، دېگىز ئارمىيىسىنىڭ Z081تىپلىق يادرو سۇ ئاستى پاراخوتى داۋاملىق ياپونىيە، ئامېرىكا ئارمىيىلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى قاتتىق كۆزەتسۇن، ئەگەر ئازراقلا ئۆزگىرىش بولسا، دەرھال دوكلات قىلسۇن!

لى رەئىس يىغىندىكىلەرگە كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— سىلەر يېڭى قورالالارنى سىناق قىلىدىغان نىشان تاپالماي غەم قىلىۋاتامتىڭلار؟ ھازىر ياخشى بولدى، 6000 ئاق چاشقان ئالدىمىزغا سوۋغا بولۇپ كەلدى!

## 7 ـ باب ئاۋال مۇش كۆتۈرۈش

ـ 2009يىلى 28 ـ ئاۋغۇست، جۇڭگو دۇنياغا بايانات ئېلان قىلىپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن، شىنجاڭ رايونىدىكى شەرقىي تۈركىستان تېرورچى ئۇنسۇرلىرىغا قەتئىي زەربە بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. دەل شۇ چاغدا، جۇڭگونىڭ شىزاڭ چېگرىسىدىكى توپچى قىسىم ۋەتىنىمىز تۇپرىقىغا بېسىپ كىرگەن ھىندىستان چېگرا چارلاش ئەترىتىگە كۈچلۈك زەربە بېرىۋاتاتتى! نەق مەيداندا ھىندىستان ئارمىيىسىدىن 13 ئادەم ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى. جەنۇبىي دېڭىز دېڭىز تەۋەلىكىدىكى فىلىپپىن ۋە خەلقئارا نېفىت تەشكىلاتى ياسىغان نېفىت بۇرغىلاش سۇپىلىرى مەجبۇرىي بۇزۇپ تاشلاندى. بۇ ئىشلار خەلقئارادا غولغولا قوزغىدى! جۇڭگو ھۆكۈمىتى نېمە بولغاندۇ؟ نەچچە ئون يىلدىن بېرى يۇمشاقباش دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان جۇڭگو بىردىنلا 180گرادۇس ئۆزگىرىپتۇ! خەلقئارادىكى جۇڭگوغا قارشى تەشكىلات بۇنى «جۇڭگو ئىمپېراتورلىقى»نىڭ ماھىيىتى ئاشكارىلاندى،

دەپ ئاتىدى. پۈتۈن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەردىن جۇڭگو ئىمپىراتورلىقىنى ئاغدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى!

ب د ت دا، فىلىپپىن بىلەن ھىندىستان ۋەكىلى كېلىش بىلەنلا ئىككى سائەتتىن نوتۇق سۆزلىدى! جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلدى، ھەربىي قىسىملىرىنى سەۋەبسىزلا ئۆلتۈرگەنلىكى بۇ دۆلەتلەرگە قىلغان قوراللىق ئىغۋاگەرچىلىك، پۈتۈن دۇنيانىڭ تېنچلىقىنى دەپسەندە قىلغانلىق دەپ ئەيىپلىدى! ئاخىرىدا، جۇڭگو جىنايەتنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالدى دەپ شەرھىلىدى. فىلىپپىن ۋە ھىندىستان ۋەكىللىرى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بەخىرامان ھالدا:

— ۋەتىنىمىزدىكى شىزاڭدا يۈز بەرگەن توپچى قىسىملىرىمىزنىڭ ھىندىستان چارلاش قىسىملىرىنى ئاتقانلىقى، بۇ پۈتۈنلەي تەسادىپىيلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھىندىستان ھۆكۈمىتى بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. جەنۇبىي دېڭىزدا بىزنىڭ ئۆز دېڭىز تەۋەلىكىمىزدىكى نېفىت بۇرغىلاش سۇپىلىرىنى بۇزغانلىقىمىزنىڭ فىلىپپىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغانلىق بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى باركىن؟ مەن تېخى سىلەرنى مەملىكىتىمىزنىڭ تۇپرىقىغا ھۇجۇم قىلغان، دۆلىتىمىزنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ، خەلقئارا نېفىت تەشكىلاتى بىلەن ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، قانۇنسىز ھالدا نېفىت بۇرغىلاش سۇپىلىرىنى ياساپ، دۆلىتىمىزنىڭ نېفىتىنى ئوغرىلىغان دەپ ئەرز قىلماقچى! سىلەرنىڭ بۇنداق قىلغانلىقىڭلارنىڭ قاراقچىلار بىلەن قانداق پەرقى بار؟— دېدى.

دەل شۇچاغدا، ب د ت دىكى ھەرقايسى ئەللەر ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى، بۇ خىل تەلەپپۇزدىكى سۆزلەر باشقىلارنى جەڭ قىلىشقا كۈشكۈرتكەنلىك بىلەن بارابەر ئىدى. فىلىپپىن ۋەكىلى ئاچچىقىدىن سۆزمۇ قىلالماي قالدى! ھىندىستان ۋەكىلى غەلۋە قىلىشقا باشلىدى:

— سىلەر ئاۋال ئوق ئېتىپ بىزنىڭ قىسىملىرىمىزنى ئۆلتۈرگەن تۇرۇقلۇق، بىزنى بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، دەيسىلەرغۇ؟ سەن! سەنلەرنىڭ بۇ قىلغىنى يولسىز غوۋغا قىلغانلىق!

جۇڭگو ۋەكىلى زەردە بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:

— يولسىز غوۋغا قىلىۋاتقىنى سەنلەر! بىزنىڭ توپچى قىسىملىرىمىز زەمبىرەكلىرىنى سەنلەرنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىڭلەرگە ئاتقىنى يوق، كىم سەنلەرنىڭ چارلاش ئەترىتىڭلارنى چېگرىدىن ئۆتسۇن دەپتۇ! ئۆلگەن بولسا خوپ بوپتۇ!!!

شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ۋەكىلى بىلەن ھىندىستان ۋەكىلى نەزەرىيە سۆزلەشتىن تەدرىجىي جاڭجاللىششقا ئۆزگەردى، ب د ت نىڭ رەئىسى ئامالسىز، بۈگۈنكى يىغىننىڭ ۋاقىتلىق توختىغانلىقىنى، ئىككى كۈندىن كېيىن داۋاملىق ئېچىلىدىغانلىقىنى جاكارلاشقا مەجبۇر

بولدى.

باشقا دۆلەتلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن بايانات ئېلان قىلىشقا باشلىدى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە ياپونىيىلەر جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلدى، بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش لازىم دەپ ئەيىپلىدى. ئەمما پاكىستان قاتارلىق 3 ـ دۇنيا ئەللىرى جۇڭگو بۇرۇنراق مۇشۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى دەپ قارىدى! توردا جۇڭگو، ھىندىستان، فىلىپپىن ئۈچ دۆلەتنىڭ قارا مېھمانلىرى ئۆز ئارا جەڭ قىلىشىپ كەتتى!

جۇڭنەنخەيدە شتاب باشلىقى دېڭ جيەنگو مۇنداق دېدى:

ــ شەرقىي تۈركىستان قىسىملىرى ئارال شەھىرىدە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى، ئەسكەرلىرىنى 17مىڭ ئەتراپىغا يەتكۈزدى. ھىندىستانمۇ چېگرىغا قوشۇنلىرىنى توپلاشقا باشلىدى، فىلىپپىنمۇ بىزنىڭ بېلىقچى كېمىلىرىمىزگە توختاۋسىز ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، ئامېرىكا يەنە بىر ئاۋىئاماتكا ئەترىتىنى تېنچ ئوكيانغا ھەيدەپ كەلدى.

جوۋتيەنخۇا تاماكىسىنى بىر شورىۋېتىپ:

ــ رەئىس، بىر قېتىمدا شۇنچىۋالا دۈشمەننى قىززىقتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ــ دېدى. لى رەئىس:

ــ ئەلۋەتتە! بىزنىڭ بىرىنچى بولۇپ قىلىدىغىنىمىز ئالدى بىلەن ئەتراپتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئامېرىكا ۋە ياپونىيىمۇ قالايمىقانلىشاي دەپ قالدى، ئۇلارنىڭ بىزنى باشقۇرغۇدەك چولىسى قالمايدۇ. ھازىر بىزنىڭ گېن كومپيۇتېرىمىز ھىندىستان ۋە فىلىپپىننىڭ بارلىق كومپيۇتېر سىستېمىلىرىنى كونترول قىلىپ بولدى، بىز بىرلا بۇيرۇق چۈشۈرسەك، ھىندىستاننىڭ يادرو بومبىلىرى فىلىپپىنگە قاراپ ئۇچىدۇ،ــ دېدى. سىياسىي كېڭەش رەئىسى چېن رۈيجىي:

ــ ياپونىيە باش ۋەزىرى بىلەن ئامېرىكا ئەلباشىنىڭ سۆھبىتىگە ئاساسلانغاندا، ئۇلار ئىككى كۈندىن كېيىن ب د ت يىغىنىدا بىزگە ئىقتىسادىي ئىمبارگۇ يۈرگۈزۈشنى قارار قىپتۇ،ــ دېدى. لى رەئىس سوغۇق كۈلۈمسىرەپ:

ــ ھىم! مەن ئۇلارنىڭ جازالىشىنى كۈتۈۋاتاتتىم! جازا باشلىنىدىكەن، مەن دەرھال ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنى ۋەيران قىلىپ، كۆتىنى ئېچىپ قويىمەن! ھە راست! گېنرال لى شۇگېن، شەرقىي تۈركىستان تەرەپنىڭ تەييارلىقلىرىنى قانداقراق قىلدىڭىز؟ــ دېدى. لى شۇگېن:

ــ ئۇلار كىرىۋالغان شەھەر ئارالدا نوپۇس كۆپرەك بولغانلىقتىن، بىز ئۇ يەرنى بومباردىمان قىلساق بولمايدىكەن، شۇڭا بىز كۆرۈنۈشتە چېكىنگەن بولۇپ، ئۇلارنى شەھەر سىرتىغا چىقىرىپ ئاندىن يوقاتماقچى، شۇڭا ئۇلار يەنە بىر نەچچە كۈن كۆرەڭلەپ يۈرۈۋالسۇن،ــ

دېدى. لى رەئىس بىر تىنىۋېلىپ:

— ئامال بار تېزراق بولۇڭلار، ھىندىستان ۋە فىلىپپىنگە ئۇرۇش باشلاشتىن بۇرۇن ئۇلارنى يوقىتىڭلار!— دېدى. لى شۇگېن:

— خوپ، ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا كاپالەت بېرىمەن!— دېدى.

يەرلىك خەلقنىڭ ئىشەنچىسى ۋە قوللىشى ئاستىدا، شەرقىي تۈركىستان كونتروللۇقىدىكى يەرلەر بىرقەدەر مۇقىم ھېسابلىناتتى. بىنانىڭ دەرىزىسى ئالدىدا تۇرغان شەرقىي تۈركىستان قىسىملىرىنىڭ ئەڭ ئالىي قۇماندانى ئابات ئالدىدىكى كۆز يەتكۈسىز زېمىنغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى، ئابات بولسا سابىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇھىم ئۇنسۇرلىرىدىن بىرى ئاببانىڭ ئوغلى بولۇپ، ئابباس نەچچە يىل ئاۋال قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنىدى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئىنتىقام ئېلىش چوڭقۇر ئورناشقان ئىدى، نەچچە يىلدىن بېرى ئۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ ئالىي قۇماندانى بولدى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى دادىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ، بېيجىڭغىچە ھۇجۇم قىلىپ بېرىپ، خەنزۇلارنى جۇڭگودىن قوغلاپ چىقىرىش ئىدى، ھازىر پۇرسەت پىشىپ يېتىلدى، ھىندىستان، ئامېرىكا ۋە ياپونىيىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ئاستىدا، ئۇ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە جۇڭگونىڭ كەينى تەرىپىدە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلماقچى بولدى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ياپونىيەلەرمۇ پەقەت ئۇ ئۆزلىرىگە ماسلىشىپ جۇڭگونى ئاغدۇرۇشۇپ بەرسە، بۇندىن كېيىن شىنجاڭ ۋە شىزاڭنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىدىغان بولدى. جۇڭگو قىسىملىرى ئويلىغىنىدىنمۇ ئاجىزكەن، رەقىبىنىڭ ئۆزىدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، زەمبىرەك ئېتىلىشى بىلەنلا، جۇڭگو قىسىملىرى ساراڭدەك ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپ كەتتى، جۇڭگو ئۇزۇندىن بۇيان جەڭ قىلمىغاچقا، جۇڭگو قىسىملىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان جەڭگىۋارلىقى قالماپتۇ.

ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ تۇيۇقسىز كۆز ئالدىدا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بىر ئاق نۇرنىڭ يالت قىلىپ ئۆتكىنىنى كۆرگەندەك بولدى، ئارقىدىنلا سېزىمى غۇۋالىشىشقا باشلىدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ ئالىي قۇماندانى ئابات سىمابلىق ئوۋ مىلتىقىنىڭ ئوقىدا ئۆلگەن تۈنجى ئادەم بولۇپ قالدى. ئۇ ھەتتا ئاۋازىنىمۇ چىقىرالماستىن كىرىسلودا مەڭگۈلۈك يېتىپ قالدى، ئالاقىچى ئاخباراتنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، دوكلات قىلىۋېتىپ ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بايقىدى، ئەينەكتە كىچىككىنە ئوق تەشكەن تۆشۈك بولۇپ، تۆشۈكنىڭ ئەتراپىدىكى ئەينەكتە قىلچىلىك يېرىقمۇ كۆرۈنمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان مۇقەددەس ئارمىيىسى بازىسىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كەتتى، ئۇلار دەرھال شەھەرنى قامال

قىلىپ، كەڭ كۆلەمدە ئىزدەشكە كىرىشىپ كېتىشتى، بىراق جۇڭگو ئالاھىدە قىسمىنىڭ ئەسكىرى ئاللىقاچان ئۇ يەردىن كېتىپ بولغانىدى، گۇمبۇرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ، شەرقىي تۈركىستان قىسمىنىڭ قوماندانلىق بىناسى لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى، بىردەمدە خارابىيلىققا ئايلىنىپ قالدى. «جۇڭگو قىسىملىرى!» بىر ئەسكەر ساراڭدەك تووۋلاشقا باشلىدى. نۇرغۇن 98 تىپلىق جەڭ تانكىلىرى ھېچقانداق قوغداش تەدبىرى بولمىغان شارائىتتا ئۇدۇل ئارال شەھىرىگە كېلىشكە باشلىدى، شەرقىي تۈركىستان قىسىملىرى ناھايىتى تېزلا ئىستىھكام تۈزەپ بولدى، تانكىغا قارشى مىناميوتلار تەييارلىنىپ بولغان بولۇپ، تانكىلارنىڭ ئېتىش دائىرىسىگە كىرىشىنى ساقلاۋاتاتتى. ئېتىش ئارلىقىغا نەچچە ئون مېتىر قالغاندا تۇيۇقسىز كەينى تەرەپتىن پىلىموت ئاۋازى ئاڭلاندى، بەزى شەرقىي تۈركىستان ئۇنسۇرلىرى نېمە بولغىنىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە ھەرە تۆشۈكىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. نۇرغۇن «يەر تېشەر ئەجدىھا» تىپلىق ئەسكەر يۆتكەش ماشىنىلىرى كەينى تەرەپتىكى يەر ئاستىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى، ئۇلاردىن نۇرغۇن ئەسكەرلەر چۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستان ئەسكەرلىرىگە ئوت ئېچىۋاتاتتى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە شەرقىي تۈركىستان قىسىملىرىنىڭ ئىستىھكامى قالايمىقانلىشىپ كەتتى، ئالدى تەرەپتىكى تانكىلارمۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باستۇرۇپ كەلدى، شەرقىي تۈركىستان قىسىملىرىنىڭ ئارال شەھىرىدە ئورۇنلاشتۇرغان مۇداپىئە سېپى پۈتۈنلەي بىتچىت بولدى، ئۇدۇلدىكى قىسىملىرى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى، قالدۇق قىسىملارمۇ بىر مەزگىللىك كوچا ئۇرۇشىدىن كېيىن تەلتۆكۈس يوقىتىلدى. بارلىق جەڭگە پەقەت 5 سائەت 48 مىنۇت ۋاقىتلا كەتتى.

بۇلار تېخى بەختلىككەن، كوچا شەھىرىگە(ئۆزىڭىز خەرىتىگە قاراپ بېقىڭ، چوقۇم بار!) قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان شەرقىي تۈركىستان قىسىملىرى دەرھال كەينىگە قايتىپ ياردەم بېرىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، تارىم دەرياسى بويىغا كەلگەندە، ئۇ يەردە ئۆزلىرىنى ساقلاۋاتقان 23 تانكا دېۋىزىيىسى ۋە ئىككى پىيادە ئەسكەرلەر دېۋىزىيىسى ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى ئەزرائىل «كېڭەيگۈچى»نى ئۇچراتتى، پۈتكۈل رايون ئېلېكترونلۇق كاشىلا قىلغۇچ بىلەن قامال قىلىندى، جۇڭگو قىسىملىرىنىڭ ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرىدىن باشقا ھېچقانداق ئۇچۇر سىرتقا چىقالمايتتى. «كېڭەيگۈچى»نىڭ ياردىمى ئاستىدا، بۇ جەڭ پۈتۈنلەي بىر تەرەپنىڭ قىرغىنىغا ئوخشاپ قالدى، «ھاماقەت ئالۋاستى» راكېتاسىنىڭ ئالدىدا ئاجىز «مىكاۋا» تانكىلىرى بىر-بىرلەپ پارچە-پۇرات تۆمۈر-تەسەككە ئايلىنىشقا باشلىدى، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئەسكەرلىرى غايەت زور بورونۋىكىنىڭ ئالدىدا جېنى ئېلىپ قېچىشتەك تەبىئىي ئىقتىدارىنىمۇ يوقىتىپ، ھاڭۋېقىپ تۇرغىنىچە بۇ ھەيۋەتلىك ئۆلۈمنى كۆرۈۋاتاتتى. يۈزدىن ئارتۇق تانكا تۆت سائەت بومباردىمان قىلىنغاندىن كېيىن توختىدى،

يەر يۈزى نەچچە مېتر كولىنىپ كەتكەنىدى، جەسەتلەرچۇ؟ بىر تالمۇ جەسەت قالمىغان بولۇپ، ھەتتا بىرەر چىشلەم گۆشنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ 43 سائەتتىن كېيىن تامامەن تۈگەشتى.

جۇڭگو قىسىملىرى شىنجاڭ رايونىدىكى 12مىڭدىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستان قىسىملىرىنى يوقاتتى، ئۆزىدىن پەقەت 53 ئادەم، يەتتە تانكا چىقىم بولدى، ھاۋا ئارمىيىسى ئىشقا سېلىنمىدى. بۇ جەڭ نەتىجىسى سىرتقا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن پۈتۈن دۇنيا ھەيرانۇ ـ ھەس قالدى!

جۇڭگو شىنخۇاشى:«ئارمىيىمىز شىنجاڭ رايونىدا شەرقىي تۈركىستان تېرورچى ئۇنسۇرلىرى بىلەن بولغان جەڭدە غايەت زور نەتىجىگە ئېرىشتى، بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ۋەتەن تۇپرىقىنىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى قوغداش جەھەتتىكى ئىرادىسىنى نامايەن قىلدى! ھەرقانداق ئەخمىقانە تاجاۋۇز قىلىش ھەرىكىتى مۇشۇنداق بەدەل تۆلەيدۇ«!

روسىيە گېزىتى:«جۇڭگو دۇنيادىكى 1 ـ قۇرۇقلۇق ئارمىيە دېگەن نامغا ھەقىقەتەن مۇناسىپكەن، دۇنيادا تەڭداشسىز قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى دېگەن رىۋايەت قارىغاندا بۇزۇلمىغۇدەك، بىز جۇڭگو بىلەن بولغان ھەربىي ئالاقە ۋە تېرورلۇققا قارشى ھەمكارلىقنى كۈچەيسەك بولىدىغاندەك قىلىدۇ«.

ياپونىيە گېزىتى:«بۇ قېتىمقى جۇڭگو قۇرۇقلۇق قىسمىنىڭ غەلىبىسى دېڭىز ئارمىيىسى ۋە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭمۇ ئوخشاشلا كۈچلۈكلىكىگە ۋەكىللىك قىلامدۇ، قانداق؟«

ئامېرىكا خەۋەر ئاگېنتلىقى:«يېقىنقى نەچچە يىلدىن بۇيان جۇڭگونىڭ ھەربىي چىقىمى ناھايىتى ئاز بولغان ئەھۋالدا مۇشۇنداق جەڭ نەتىجىسىگە ئېرىشىشى ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ، قۇڭگونىڭ ھەربىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ«.

ئەنگىلىيە تايمېس ئاگېنتلىقى:« ھاۋا ئارمىيىسىنى ئىشقا سالمىغان ئەھۋالدا بۇنداق نەتىجىگە ئېرىشسە، جۇڭگو ئاسىيا رايونىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىغا تەھدىت ئېلىپ كېلەمدۇ، قانداق؟«

ھىندىستان ۋە فىلىپپىن ھۆكۈمىتىمۇ ئىككى كۈندىن كېيىنكى سۆھبەتتە تەلەپپۇزىنى ھۆرمەتلەشكە ئۆزگەرتىشنى ئويلاشتى.

# 8 ـ باب داڭلىق سەركەردىلەرنىڭ ئىچىدىكى گۇل

ئىككى كۈندىن كېيىنكى ب د ت نىڭ يىغىنىدا، جۇڭگو ۋەكىلى يىغىن زالىغا كىرىۋاتقاندا، ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋەكىللىرىنىڭ ئىككى كۈن ئاۋالقى كۆزگە ئىلماسلىق نەزىرى ئۆزگەرگەنىدى، بۇ دۇنيادا ئاقىدىغىنى كۈچىگە تايىنىپ سۆزلەش، ئاجىزلارنىڭ دىپلوماتىيە ھوقۇقى بولمايدۇ. يىغىن باشلىنىش بىلەنلا ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە ۋەكىللىرى ئاۋال سۆزگە چىقىپ، جۇڭگونىڭ ئاسىيا رايونىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى بۇزغانلىقىنى باھانە قىلىپ، جۇڭگونىڭ پۈتۈن دۇنياغا تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، ب د ت دىن جۇڭگوغا ئىقتىسادىي جازا يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما جۇڭگو ۋەكىلى ئادەتتىكىدەك كەسكىن تالاش ـ تارتىش قىلمايلا، جايىدا جىمجىت ئولتۇرغىنىچە ئامېرىكا ۋەكىلىنىڭ شالىنى چېچىپ سۆزلەشلىرىگە سوغۇق كۈلۈپ قويغىنىچە قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى. ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە ۋەكىللىرى كۆرەڭلىگىنىچە سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو ۋەكىلى پەقەت قىسقا بىر جۈملە سۆز قىلدى:

ــ سىلەرنىڭ بۇنداق قىلغانلىقىڭلار ئۆزىڭىزنىڭ پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپقانلىق.

بېلەت تاشلاش باشلانغاندىن كېيىن، ياپونىيە باش ۋەزىرى تۇنجى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋازدا:

ــ جۇڭگو ئاسىيا رايونىغا مۇشۇنداق زور تەھدىت ئېلىپ كەلگەنىكەن، بىز ياپونىيە ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرالمايمىز، مەن باش بولۇپ تۇنجى بېلەتنى جۇڭگونى جازالاشنى قوللاش تەرەپتە تۇرۇپ تاشلايمەن،ــ دېدى. ئامېرىكا ۋەكىلى بۇنى كۆرۈپ رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ بېلىتىنىمۇ تاشلىدى. بىراق بۇ قېتىم باشقا دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بېلەتنى تاشلاشتىن بۇرۇن جۇڭگو ۋەكىلىگە بىر قاراپ قويۇپ ئاندىن تاشلىدى، بېلەتنىڭ ئىستاتىستىكا نەتىجىسى كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك چىقمىدى، 28 ئاۋاز قوللىغان، 17 ئاۋاز قارشى تۇرغان، 93 ئاۋاز ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن، ب د ت نىڭ باش كاتىپى ئاننانمۇ ھاڭۋېقىپ قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى، بۇ قېتىمقى بېلەت تاشلاش بەلكىم ب د ت تارىخىدىكى ۋاز كەچكەن بېلەت سانى ئەڭ كۆپ بولغان بىر قېتىملىقى بولسا كېرەك. بىراق ئاخىرىدا يەنىلا جۇڭگونى جازالاش قارار قىلىندى، باش كاتىپ ئاننان جازالاش لايىھىسىنى جاكارلىدى:

بىرىنچى، ئىقتىسادىي جازا: ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگونىڭ ھەرقانداق تاۋارلىرىنى ئىمپورت قىلىشى چەكلىنىدۇ، جۇڭگودىكى بارلىق مەبلىغىنى(شەخسىلەر سالغان مەبلەغنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئېلىپ چىقىپ كېتىشلىرى كېرەك؛

ئىككىنچى، ھەربىي جازا:ھەرقانداق دۆلەتنىڭ جۇڭگوغا ھەرقانداق قورال-ياراق سېتىپ بېرىشى ياكى جۇڭگودىن سېتىۋېلىشى مەنئىي قىلىنىدۇ، جۇڭگونىڭ ئۇچقۇلىرىنىڭ مەيلى ھەربىي ياكى خەلق ئىشلىرىدا ئىشلىتىدىغىنى بولسۇن، باشقا دۆلەت زېمىنىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈشى مەنئىي قىلىنىدۇ؛

ئۈچىنچى، بايلىق مەنبەسىنى توشۇشنى چەكلەش: ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگوغا ھەرقانداق كان مەھسۇلات بايلىقلىرىنى ئېكسپورت ياكى ئىمپورت قىلىشى چەكلىنىدۇ؛

تۆتىنچى، تەنتەربىيە جازاسى: جۇڭگونىڭ ھەرقانداق خەلقئارالىق مۇسابىقىلەرگە قاتنىششى چەكلىنىدۇ.

يۇقىرىقى جازالار 2009-يىلى 1-سېنتەبىردىن باشلاپ كۈچكە ئىگە، مۇددىتى بەش يىل، مۇددىتى توشقاندىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ بېكىتىلىدۇ. جۇڭگونىڭ شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن رايونلىرى جۇڭگو قۇرۇقلۇقىدىن مۇستەقىل ئىقتىسادىي گەۋدىگە مەنسۇپ بولغانلىقتىن، بۇ قېتىمقى جازالاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمەيدۇ.

ئانىنان قارارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو ۋەكىلى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خانىملار، ئەپەندىلەر، بۇ قېتىمقى جۇڭگوغا قارىتىلغان جازاغا نىسبەتەن ئەپسۇسلىنىدىغىنىمنى بىلدۈرىمەن! بىراق بىزنىڭ جۇڭگو خەلقى ئىشكىنى ئېتىۋەتكەنلىك بىلەن تۈگەپ كەتمەيدۇ، جۇڭگومۇ ۋەيران بولۇپ كەتمەيدۇ! مەن بۇ يەردە سىلەرگە بىر خۇشخەۋەرنى جاكارلىماقچىمەن، بىزنىڭ جۇڭگو ئالىقاچان يېڭى تىپتىكى بىرخىل يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۈنئىي ئېنېرگىيە مەنبەسىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى، ئۇنىڭ ھازىرقى ھەرقانداق ئېنېرگىيە مەنبەسىدىن ئۈنۈمى نەچچە ھەسسە يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھىتنى بۇلغىمايدۇ، ئالسا-ئالسا تۈگىمەيدۇ، باھاسى ھازىرقى نېفىت، كۆمۈرلەردىن كۆپ تۆۋەن. كۆپچىلىك ئەگەر بۇنىڭغا قىزىقساڭلار ئاۋمېن، شياڭگاڭ، تەيۋەنلەرگە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلساڭلار بولىدۇ،— دېگىنىچە تېخىمۇ غولغۇلا قىلىۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدىن يىغىن زالىدىن چىقىپ كەتتى، ھېچكىم ئامېرىكا، ياپونىيە ۋەكىللىرىنىڭ چىرايىنىڭ ئاچچىقتىن كۆكىرىپ كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلمىدى. دەل مۇشۇ چاغدا، بېيجىڭ خەلق سارىيىدا جۇڭگو رەئىسى لى شياڭ بۇ قېتىم شەرقىي تۈركىستان جېڭىدىكى تۆھپىكار سەركەردىلىرىگە زىياپەت بېرىۋاتاتتى! لى رەئىس خۇشاللىق بىلەن:

— كۆپچىلىك، بۇ قېتىم ئارمىيىمىزنىڭ شەرقىي تۈركىستانچىلار بىلەن بولغان جېڭىدىكى غەلىبىسى ۋە ئامېرىكا ۋە ياپونىيىنىڭ سۈيقەستىنى بىتچىت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى!— دېدى. كۆپچىلىك خۇشال ھالدا بىرلىكتە:

— كۆتۈرەيلى!— دېيىشتى. رۇمكا قۇرۇقدالغاندىن كېيىن جۇۋتيەنخۇا:

ــ بۇ قېتىم ئارمىيىمىزنىڭ شەرقىي تۈركىستان قىسىملىرى ئۈستىدىن تولۇق غەلىبىگە ئېرىششىدە لى گېنرالنىڭ تۆھپىسى ئاز ئەمەس ـ ھە!ــ دېدى. لى شۇ گېپ كۈلۈپ تۇرۇپ:
ــ نەدىكىنى! بۇ ئاشۇ ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلغان جەڭچىلىرىمىزنىڭ تۆھپىسى، ئۇلارنىڭ تۆھپىسى زور،ــ دېدى. دېڭ جيەنگو كۈلۈپ تۇرۇپ:
ــ لى گېنرال، بەك كەمتەركەنسىز، بۇ قېتىمقى جەڭدە سىز بىزنى قورالالار توغرىسىدىكى نۇرغۇن قىممەتلىك سانلىق مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىدىڭىز. ھە راست! بۇ قېتىمقى قوماندان كىم؟ ئۇ ناھايىتى ياخشى قوماندانلىق قىلدى! يېڭى تىپتىكى قوراللارنى ئىشلىتىش جەھەتتە ئۇ يېڭىياچىلاردەك ئەمەس، خۇددى ئىشلىتىپ كۆنگەن كونا كەسپ ئەھلىلىرىدەك قىلدۇ،ــ دېدى. لى شۇگېن:
ــ ھە، ئۇنى ئالدىنقى قارار قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش قوماندانى تاۋچىڭشى گېنرال ماڭا تەۋسىيە قىلغان، ئۇنىڭ ئىسمى لىن خەييۈن، 1 ـ ئاۋغۇست كەلگۈسى ھەربىي ئىشلار ئىنىستىتوتىنى ئەمدىلا پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى، بۇ يىل ئاران 21 ياش،ــ دېدى.
لى رەئىس ھەيران بولغان ھالدا:
ــ 21 ياش؟ مۇشۇنچىۋالا كىچىكما؟! مەن ئۇنىڭ تەققى ـ تۇرقىنى كۆرۈپ باقسام بوپتىكەن!ــ دېدى. لى شۇگېن بىر ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويۇپ، سېغىنغان ھالدا:
ــ خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇنىڭ كېلىشىگە ئاز قالدى! ئەينى چاغدا سابىق قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانى تاۋ چىڭشى گېنرال ئۇنى ماڭا تونۇشتۇرغاندا ئۇنى ھەقىقەتەن بىر ھەربىي ئىشلاردىكى تۇغما تالانت ئىگىسى، ھەتتا ئۆزىنىڭ يىل جەڭ قىلغان ئۆزىنىڭمۇ جەڭ تاكتىكىسىنى ئىشلىتىش جەھەتتە ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدىغانلىقىنى دېگەنىدى. گەرچە خېلىدىن بېرى ئۇ قەغەز يۈزىدە جەڭ قىلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ قېتىملىق جەڭدە يۈزىنى ئېچىلۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى بىر يارامىلىق گېنرال بولۇپ يېتىشىپ چىقتى دېيىشكە بولىدۇ،ــ دېدى.
بۇ چاغدا سىياسىي كېڭەش رەئىسى چېن رۈيجيې كېلىپ دېدى:
ــ رەئىس، تەيۋەندىكى ۋاڭ تىيېخېڭ گېنرال تېلېگراممىا ئەۋەتىپ ئارمىيىمىزنىڭ بۇ قېتىمقى جەڭدە غەلىبە قازانغانلىقىنى تەبرىكلەپتۇ، يەنە دۆلىتىمىزنىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى تېلگراممىا ئەۋەتىپ، ئامېرىكا ۋە ياپونىيىنىڭ قىلتاققا ئىلىنغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.
لى رەئىس خۇشاللىقتىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا دېدى:
ــ ناھايىتى ياخشى! قۇياش كىرىستاللىق ئېنىرگىيە مەنبەسىدىن قانچىلىك ئىشلەپچىقىرىلدى؟
چېن رۈيجيې جاۋاپ بېرىپ:

— هازىرغا قەدەر 17 مىليون توننا ئىشلەپچىقىرىلدى، ئارمىيىنىڭ تانكا، ئۇچقۇلىرى يېڭى تېپتىكى ئېنېرگىيە مەنبەسىنى ئىشلىتىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلدى، خەلق ئىشلىرىغا ئىشلىتىدىغانلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك ئومۇملاشتۇرۇلۇۋاتىدۇ،— دېدى. لى رەئىس رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ:

— قۇياش كىرىستاللىق ئېنېرگىيە مەنبەسى بىزنىڭ مەغلۇبىيەتتىن غەلىبىگە ئېرىشىدىن كوزىرىمىز، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى چوقۇم مەخپىي تۇتۇڭلار!— دېدى. چېن رۈيجيې:

— رەئىس خاتىرجەم بولۇڭ! هە راست، يېقىندىن بۇيان چىرىكلىك مەسىلىلىرى قايتا باش كۆتۈرۈپ قالدى،— دېدى. لى رەئىس ئاڭلاپلا ئاچچىقىدىن تىللاشقا باشلىدى:

— ئاناڭـــــى، قارىغاندا ئۇلار «ئۆلۈم» خېتىنىڭ قانداق يېزىلىدىغانلىقىنى يەنە ئۇنتۇپ قېلىشقان ئوخشايدۇ!

چېن رۈيجيې سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئالدىنقى قېتىملىق قىزىل رەڭلىك ئىنقىلاپ ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھاتتىن كېيىن چىرىكلىك مەسىلىسى بىر مەزگىل كۆرۈنەرلىك تىزگىنلەنگەنىدى، بىراق هازىر ئاز بولمىغان بىر قىسىم ئادەملەر ئاستىرتتىن مەخپىي هالدا پارا بېرىپ ياكى ئېلىپ كېلىۋېتىپتۇ.

لى رەئىس كەسكىن قىلىپ:

— پارىخورلۇق ۋە چىرىكلىك مەيلى قايسى دەۋردە ياكى قايسى دۆلەتتە بولسۇن هەممىسدە بار مەسىلە، شۇنداقلا ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان مەسىلە. چىرىكلىك مەسىلىسگە نىسبەتەن چوقۇم قاتتىق زەربە بېرىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش خىزمىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇش كېرەك. بولۇپمۇ، مائارىپ ساھەسىدە، ئوقۇتقۇچى — ئىنسان روھىنىڭ ئېنژېنېرى، چوقۇم چىرىكلىك شامىلىنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى قەتئىي توسۇش كېرەك، بىلدىڭىزمۇ؟— دېدى.

ئەمەلىيەتتە جۇڭگو چىرىكلىك ۋە ئىشسىزلىق مەسىلىسى ئەڭ كىچىك دۆلەت ئىدى، قىزىل رەڭلىك ئىنقىلاپ ۋە چوڭ ئىسلاھات ئارقىلىق چىرىكلىك مەسىلىسى كۆرۈنەرلىك تىزگىنلەنگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭىدىن قۇرۇلغان هەر خىل زاۋۇتلار بولۇپمۇ قۇياش كىرىستال ئېنېرگىيە مەنبەسى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى زور تۈركۈمدىكى ئىشسىزلارنىڭ مەسىلىسى هەل قىلغانىدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيە قۇماندانى لى شۇگېن يۈگۈرەپ كېلىپ، دەرۋازىنى كۆرسەتكىنىچە:

— لى رەئىس، سىز كۆرۈشنى ئۈمىد قىلغان ئادەم كەلدى،— دېدى. لى رەئىس ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ، ئۇچىسىغا هەربىي فورما كىيگەن قاپقارا ئۇزۇن چاچلىرى دۈمبىسىنى ياپقان،

ئەمما يۈزىدە گۈدەكلىك ئىپادىلىنىپ تۇرغان بىر قىزچاقنىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە كېلىۋاتقىنىنى كۆردى، كۆزىدىن چاتاق چىقتىمۇ ياكى چىراق نۇرى سەۋەبىدىنمۇ قىزچاقنىڭ قاپقارا چاچلىرى هامان ئازراق كۆمۈش رەڭ نۇر قايتۇراتتى. قىزچاق كېلىپ هەربىيچە دالام بەرگەندىن كېيىن دېدى:

— لى رەئىس، مەن جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى شىنجاڭ رايونىدىن قوماندانى پودپولكوۋنىكى لى خەييۈن.

لى شۇگېن لى رەئىسنىڭ يېرىم كۈنگىچە جاۋاپ قايتۇرمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى بوشقىنە چىمداپ قويدى. بۇ چاغدا لى شياڭ دەرهال ئېسىگە كېلىپ، ئالدىراشلىق بىلەن:

— ۋوي! پودپولكوۋنىك لىن خەييۈن، ئالدىڭىزدا ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويدۇم، ئەپۇ قىلىڭ. ودپولكوۋنىك لىن خەييۈن بۇنچە ياش تۇرۇپ شۇنچىۋالا قابىلىيىتىڭىز بارىكەن، كىشىنى هەقىقەتەنمۇ قايىل قىلىدىكەنسىز،— دېدى. لىن خەييۈن كۈلۈمسىرە پ:

— لى رەئىس، ئاشۇرىۋەتتىڭىز،— دېدى. لى شۇگېن سۈرلۈك هالدا:

— 20 نەچچە مىنۇت كېچىكتىڭىز، هەربىي ئىنتىزامنى ئۇنتۇماڭ،— دېدى. لىن خەييۈن بىئارام بولغان هالدا:

— كەچۈرۈڭ، لى گېنىرال، ئايروپورتتا ئازراق هادىسە چىقىپ كېچىكىپ قالدىم،— دېدى. لى شۇگېن هەيرانلىق بىلەن:

— نېمە هادىسە؟

لىن خەييۈن سۆزلىنە:

— بىر نەچچە شىنجاڭنى مۇستەقىللىق ئۇنسۇرلىرى ئايروپورتتا بومبا پارتلاتماقچى ئىكەن، تەلىيىمىزگە ۋاقتىدا بايقاپ قاپتۇق، چوڭ ۋەقە يۈز بەرمىدى، شۇڭا ئازراق هايال بولۇپ قالدىم،— دېدى. لى شۇگېن كۆڭۈل بۆلگەن هالدا:

— هېچ بولمىغان بولسا ياخشى بوپتۇ، قارىغاندا شىنجاڭ تەرەپتە شىنجاڭ مۇستەقىللىق ئۇنسۇرلىرىغا بولغان زەربىنى يەنىمۇ كۈچەيتسەك بولغۇدەك،— دېدى. لى رەئىسمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

— هىم! توغرا. بىراق هازىر بىزنىڭ بۈگۈنكى باش پېرسۇناژىمىز كەلدى، باشلايلى،— دېدى. لى رەئىس مۇنبەرگە چىقىپ، گېلىنى قىرىپ قويۇپ:

— كۆپچىلىك، بۈگۈن مەن سىلەرگە بىر زەربە بىلەنلا شەرقىي تۈركىستان قىسىملىرىنى تەلتۆكۈس يوقاتقان قوماندان پودپولكوۋنىك لىن خەييۈننى تونۇشتۇرۇپ قوياي،— دېگىنىچە قولىدا كەينىدىكى پودپولكوۋنىك لىن خەييۈننى كۆرسەتتى.

پودپولكوۋنىك لىن خەييۈن ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا چىقىپ، پەستە ئولتۇرغانلارغا هەربىيچە

سالام بەردى. پەستكىلەر ھاڭۋاقىقىنچە تۇرۇپ قالدى، ئۇلار بىركۈندىلا 12مىڭدىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستان قىسىملىرىنى يوقاتقان قوماندانىنىڭ مۇنچىۋالا ياش ھەم گۈزەل قىزچاق ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. سۈرلۈك ھەربىي فورما ئۇنىڭ ئۇچىسىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە قىلچىمۇ نۇقسان يەتكۈزەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە بىر خىل سالاپەتلىك ھۆسۈن قوشقانىدى. شۇنچىۋالا گۈزەل قىزچاقنىڭ قان پۇراپ تۇرىدىغان جەڭ مەيدانىغا كىرىشى ئۇ قىزغا كىشىنىڭ ئىچىنى ھەقىقەتەنمۇ ئاغرىتاتتى. جوۋ تيەنخۇا ئۇلاپلا سۆز قاتتى:

ــ پودپولكوۋنىك لىن خەييۈن شەرقىي تۈركىستان قىسىملىرى بىلەن بولغان جەڭگە قاتتىس قوماندانلىق نۇرغۇن ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىمىزنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى قوغداپ قالدى، تۆھىسى زور، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشى ئارقىلىق، بۇ يەردە ئۇنى پودپولكوۋنىكلىقتىن مايور گېنراللىققا ئۆستۈرۈش ئالاھىدە قارار قىلىندى.

تۆۋەندە گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى، شۇنچىۋالا ياش تۇرۇپ مايور گېنرال بولدى! نېمىدېگەن تەستە ئېرىشىدىغان شەرەپ ـ ھە! ئۇنىڭ ئىستىقبالى چوقۇم ناھايىتى پارلاق! زىياپەتتىن كېيىن كۆپچىلىك خەلق سارىيىدىن چىقىۋاتقاندا، سىرتتا ساقلىغىلى ئۇزۇن بولغان مۇخبىرلار بەس ـ بەستە ئوراپ كېلىشتى، گەرچە مۇھاپىزەتچىلەر توساپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنە ئاز بولمىغان زېرەك مۇخبىرلار بۇ قېتىمقى ئاساسىي پېرسۇناژ لىن خەييۈننى بىر قاراپلا تونۇۋېلىشتى. چۈنكى ھەقىقەتەنمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىدى، ئايال گېنراللار ئىچىدە ئەڭ ياش بىرسى ئىدى، يەنىلا پودپولكوۋنىكلىك ھەربىي فورمىسى كىيىكلىك تۇراتتى، بىراق ئەتىلا مايور گېنراللىق فورمىغا ئالمىشاتتى! مۇخبىرلار دەرھال بارلىق ئاپارات ۋا كامېرالىرىنى مايور گېنرال لىن خەييۈنگە توغرىلاپ بەس ـ بەستە سۈرەتكە ئېلىشقا باشلىدى، چاقماق لامپىلار لىن خەييۈننى ئامالسىز كۆزىنى توسۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئەتىسى تور دۇنياسى قىززىپ كەتتى، گېنرال لى خەييۈننىڭ سۈرىتى ھەر قايسى تور بېكەتلەردە «ئەڭ ياش تالانتلىق ئايال مايور گېنرال ــ لىن خەييۈن» دېگەن تېمىدا ئېلان قىلىندى، ئېلان قىلىنىش بىلەنلا ھەر قايسى تور بېكەتلەرنىڭ مۇھىم خەۋەرلىرىنىڭ چېكىلىش نىسبىتى ب د ت نىڭ جۇڭگونى جازالاشقا قوشۇلغانلىق خەۋىرىنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى، كىشىلەر غەلىبىدىن ئېسەنكىرەپ قېلىشتى، جازالامدۇ ـ جازالىمامدۇ ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى، ئىشقىلىپ تېلېۋىزوردىكى خەۋەردە: «جۇڭگونىڭ بۇ يىللىق ئىقتىسادتا ئېشىش نىسبىتى جازالىنىش بىلەن تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ، داۋاملىق ئاشىدۇ» دېيىلدى.

تۆۋەندىكىلىرى توردىكى تورداشلارنىڭ قالدۇرغان سۆزلىرى: (ئەگەر IP نومۇرى ئوخشاپ قالسا، بۇ پۈتۈنلەي تەسادىپىيلىق(

سوخۇلۇق تورداش «ياشىسۇن جۇڭگو» يوللىغان ۋاقتى: 2009 ـ يىل 31 ـ ئاۋغۇست

17:03تە IP نومۇرى: *.224.64.35
ئاستىنقى قەۋەتتىكى تورداشنىڭ سۆزىنى قوللايمەن، جۇڭگولۇق بولمساڭ تېز يوقال! بۇ يەر سېنى قارشى ئالمايدۇ!
سوخۇلۇق تورداش يوللىغان ۋاقتى: 2009 ـ يىل 31 ـ ئاۋغۇست 17:03تە IP نومۇرى: *.218.91.55
*.64.81.23قارىغاندا سەن جۇڭگولۇق ئەمەسكەنسەن، تەيۋەن مۇستەقىللىق ئۇنسۇرى بولمساڭلا، شىزاڭ مۇستەقىللىق ئۇنسۇرى! تېز يوقال!
سوخۇلۇق تورداش يوللىغان ۋاقتى: 2009 ـ يىل 31 ـ ئاۋغۇست 17:03تە IP نومۇرى: *.64.81.23
قانخور ئايال، پەرىشتىنىڭ چىرايى بىلەن ئالۋاستىنىڭ ئەپتى ـ بەشرىسىنى نىقابلىۋالغان، جۇڭگونىڭ جاھانگىرلىكى بىلەن ئوخشاش، كۆپچىلىك جۇڭگو جاھانگىرلىكىنى يوقىتايلى!
سوخۇلۇق تورداش يوللىغان ۋاقتى: 2009 ـ يىل 31 ـ ئاۋغۇست 17:02تە IP نومۇرى: *.61.53.176
چىرايلىقكەن! ئۇ راستىنلا 12مىڭدىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستان ئەسكەرلىرىنى يوقاتقان قوماندانمۇ؟ مەن تېخى ئۇنى دۇنيا گۈزەللىرى مۇسابىقىسىگە قاتناشقان گۈزەلمىكىن دەپتىمەن!
سوخۇلۇق تورداش يوللىغان ۋاقتى: 2009 ـ يىل 31 ـ ئاۋغۇست 16:45تە IP نومۇرى: *.218.58.202
قارىغاندا بىزنىڭ جۇڭگونىڭ يېڭى بىر ئەۋلات گېنراللىرىنىڭ ساپاسى ياخشىكەن! ياشىسۇن جۇڭگو!
سوخۇلۇق تورداش يوللىغان ۋاقتى: 2009 ـ يىل 31 ـ ئاۋغۇست 16:44تە IP نومۇرى: *.218.24.55
سەتەڭ ھىيلىسى، شەرقىي تۈركىستان قىسمىلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ ئەينى چاغدا بۇرنىدىن قان كېتىپ ئۆلگەن! ھەي! بىر ئۇچۇم پاھىشىۋازلار!
سوخۇلۇق تورداش يوللىغان ۋاقتى: 2009 ـ يىل 31 ـ ئاۋغۇست 16:43تە IP نومۇرى: *.163.14.58
ئىچكى جەھەتتىنلا ئەمەس، ھەتتا سىرتقى كۆرۈنىشىدىنمۇ بىز جۇڭگولۇقلارغا شەرەپ كەلتۈرىدىكەن!
تور بەتتىنىڭ تېگىدە يەنە بىر پارچە خەۋەر بار ئىدى! شىنجاڭ ئۈرۈمچى ئايروپورتىدا بىر نەچچە شىنجاڭ مۇستەقىللىق ئۇنسۇرلىرى پارتلىتىش ۋەقەسىنى پەيدا قىلىشنى پىلانلىغان! تەلىيىمىزگە پودپولكوۋنىك لىن خەييۈن بايقاپ قېلىپ، نەق مەيداندا ئۈچ ئادەمنى يوقىتىپ، بىر

قىممەتلىك ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالغان! ئۈچ نەپەر جىنايەتچى ھازىر قولغا ئېلىندى، ج خ تارماقلىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇ ئىشنى تەكشۈرىۋاتىدۇ، ئۈرۈمچى ئايروپورتى يېرىم سائەت تاقالدى!

## 9 ـ باب سەركەردىنى ئاتساڭ ئاۋال ئېتىنى ئات

ـ 2009يىلى 1 ـ سېنتەبىر، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن ئايروپورتلىرى زىيادە ئالدىراش بولۇپ كەتتى، دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى ساراڭدەك بۇ يەرگە يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى، جۇڭگونىڭ ب د ت يىغىنىدا بەرگەن ئېلانى ئېنېرگىيە ئىمپورت قىلىشقا ئېھتىياجلىق نۇرغۇنلىغان كىچىك دۆلەتلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى! ھەتتا فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە قاتارلىق غەرپتىكى دۆلەتلەرمۇ يۈگرەپ كېلىپ قىزىقچىلىق كۆرمەكتە ئىدى. شياڭگاڭ، تەيۋەن رايونلىرىدىكى بارلىق مېھمانخانىلارنىڭ ھەممىسى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇتەخەسسىلەر گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن كۆتۈرە ئېلىۋېلىنغان بولۇپ، شەخسي شىركەتلەرنىڭ تېخىنكا گۇرۇپپىلىرى ئامالسىز كىچىك مېھمان كۈتۈشلەرگە ئورۇنلاشقان ئىدى.

نەچچە كۈندىن كېيىن، خەۋەر ئېلان قىلىندى! جۇڭگونىڭ قۇياش كىرىستال ئېنېرگىيە مەنبەسى ھازىرقى يادرو ئېنېرگىيىسىدىنمۇ يۇقىرى ئۈنۈملۈك، بىخەتەر ھەم مۇھىتنى بۇلغىمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالغانغا تۈگىمەيدۇ، ئەڭ مۇھىمى باھاسى ھازىرقى نېفىت باھاسىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدۇ. بارلىق كىشىلەر دۇنيا ئېنېرگىيە مەنبەسىنىڭ بىر قېتىملىق يېڭى ئىنقىلابى يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. جۇڭگو ھۆكۈمىتىمۇ بايانات ئېلان قىلىپ، يېقىلغۇ كەمچىل بولۇپ، بىرقەدەر ئارقىدا قالغان ئاسىيا ئەللىرى ھەممىدىن ئاۋال شياڭگاڭ، تەيۋەن رايونلىرى ئارقىلىق سېتىۋالسا بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن، زاكاس تالونلىرى قار ئۇچقۇنلىرىدەك ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى، نامراتلىقتىن ساراڭ بولغان كىچىك دۆلەتلەر ب د ت نىڭ جازاسىغىمۇ قارىماي مەنپەئەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويدى! بىر قىسىم غەرپتىكى دۆلەتلەرنىڭ خەلقلىرى ھۆكۈمىتىنى ئاقىنانچى دەپ تىللاشقا باشلىدى، نېمىشقا؟ چۈنكى جۇڭگو يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەسىنى ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن، نۇرغۇن خام نېفىت ۋە كۆمۈرنى خەلقئارا بازار باھاسىدىن سەل تۆۋەن باھادا تۆكمە قىلىپ سېتىشقان ئىدى، ئامېرىكا ۋە ياپونىيە ئەڭ كۆپ سېتىۋالغان دۆلەتلەردىن ئىدى. بولۇپمۇ ياپونىيە بۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئارمىيىنى كېڭەيتكەنلىكتىن نېفىتكە بولغان ئېھتىياجى ئېشىپ كەتكەن

ئىدى، ئۇلار ئۆزلىرىچە پايدا ئالدۇق دېيىشكەن ئىدى، ئەمدى خوپ بولدى! چۈنكى يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەسىنىڭ پەيدا بولۇشى نېفت باھاسىنى شىددەت بىلەن تۆۋەنلىتىشكە باشلىدى، ياپونىيىنىڭ بۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئارمىيە كېڭەيتكەنلىكتىن ئىقتىسادى چېكىنىشكە باشلىغان بولۇپ، ھازىرقى ئەھۋال ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ بەتتەرلەشتۈرىۋەتتى. نېفت پايچېكى تارىختىكى ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا چۈشتى! نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ نۇرغۇن يىللىق قان ـ تەرى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يوقاپ كەتتى، بۇ كىچىك ئىقتىساد كىرىزىسى ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە ئاز بىر قىسىم غەرپتىكى دۆلەتلەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئۆتتى. دەل مۇشۇ ئىقتىساد كىرىزىسى تۈپەيلىدىن ب د ت دا بېلەت تاشلىغان دۆلەتلەرنىڭ شەخسىي كارخانىلىرىمۇ ئاستىرتتىن قۇياش كىرىستال ئېنېرگىيە مەنبەسىنى ئىمپورت قىلىشقا باشلىدى، مۇشۇنداق بولغانلىقتىن نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ خەلقى ب د ت نى جۇڭگوغا بولغان جازانى بىكار قىلىشقا ياكى قايتىدىن بېلەت تاشلاشقا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. ب د ت بىر تەرەپتىن ھەر قايسى ئەللەر خەلقىنى ب د ت نىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىشقا دەۋەت قىلىپ، ئەمدىلا باشلىغان جازانى بىردەملىك مەنپەئەت ئۈچۈن بىكار قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، بولمىسا ب د ت نىڭ نېمە رولى قالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ب د ت ئېنېرگىيە تەشكىلاتى جۇڭگونى:« ئىنسانلار ئۈچۈن بىر تۆھپە قوشتى! قۇياش كىرىستال ئېنېرگىيە مەنبەسىنىڭ پەيدا بولۇشى ئىنسانلارنىڭ بايلىق مەنبەسى كەمچىل بولۇشتەك مەسىلىسىنى مەڭگۈلۈك ھەل قىلىپ، دۇنيا ئېنېرگىيە تارىخىدا 3 ـ قېتىملىق زور ئىنقىلاپنى قوزغىدى!» دەپ ماختىدى.

جۇڭگونىڭ تەيۋەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرى ۋە ئۆز تۇپرىقىدىكى 1600دىن ئارتۇق قۇياش كىرىستال ئېنىرگىيىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلىرى 24 سائەتلەپ توختىماستىن ئىشلىسىمۇ خەلقئارا بازارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىشسىزلىق مەسىلىسى ھەل بولۇپلا قالماستىن، زاپاس بايلىقمۇ دۆلەت خەزىنىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ توشقۇزماقتا ئىدى. جۇڭگومۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بىر سەكرەپلا، ياپونىيە، ئامېرىكىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، دۇنيادىكى بىرىنچى ئىقتىسادىي دۆلەت تەختىگە ئولتۇردى! ئىقتىسادىي جازا، ئەكسىچە، جۇڭگونى جازالىغانسېرى كۈچەيتىپ بارماقتا ئىدى. جۇڭگو يانپاشلىغىنىچە پۇل دۆۋىسىدە يېتىپ پۇل ساناۋاتقان دەل مۇشۇ پەيتتە ئاۋارىچىلىقلارمۇ بىر ـ بىرلەپ چىقىشقا باشلىدى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى دۆلەتلىرىنىڭ جاسۇسلىرى چېكەتكىلەردەك جۇڭگوغا يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى، پەقەت بىر ھەپتە ئىچىدىلا مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن چېگرا سىرتىغا قوغلانغانلار 200 ئادەمدىن ئېشىپ كەتتى!

جۇڭنەنخەي، لى رەئىس كۆپچىلىككە:

ــ هازىر ۋەزىيەت ناھايىتى ياخشى! بىزنىڭ تاشقى پىرىۋوت زاپىسىمىز كۆپىيىپ چېكىگە يەتتى! ئامېرىكا ۋە ياپونىيە هازىر ئىقتىسادىي كرىزىس ھالىتىدە تۇرۇۋاتقاچقا، بىز بىلەن ھەپىلىشىشكە ۋاقتى يەتمەيدۇ، ھازىر بىز كېيىنكى قەدەمدىكى ھەرىكىتىمىزنى پىلانلىۋالايلى،ــ دېدى. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى گېنرال جوۋ تيەنخۋا:

ــ مېنىڭچە كېيىنكى قەدەمدە بىز ئافرىقىغا يۈرۈش قىلىپ، كۆچمەنلەرنى تەشكىللەپ ئاپىرىپ، ئامالىنىڭ بېرىچە ئافرىقىنى ياپونلۇقلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، بىزنىڭ ئەڭ چوڭ ھەربىي ۋە ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقايلى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ۋەيران قىلىۋېتەيلى،ــ دېدى. لى رەئىس قوشۇلغان ھالدا:

ــ مېنىڭمۇ مۇشۇنداق ئويۇم بار ئىدى، بىراق ھىندىستان ۋە فىلىپپىننىڭ مەسىلىسى بەك كەينىگە تارتىلىپ كەتتى، شۇڭا ئامال بار بۇلارنى تېزراق بىرتەرەپ قىلىۋېتىپ، كېيىنكى پۇشايماننىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم،ــ دېدى. سىياسىي كېڭەش رەئىسى چېن رۈيجيې:

ــ رەئىس! بىز ھازىر جازالىنىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىمىز، ئارتۇقچە ھەرىكەت بىزگە پايدىسىز بولارمىكىن،ــ دېدى. لى رەئىس كۈلۈپ كېتىپ:

ــ سىز خاتىرجەم بولۇڭ! نەچچە ئون دۆلەت ب د ت دىن بىزگە بولغان جازانى بىكار قىلىشنى مۇراجىئەت قىلىشقا باشلىدى، مېنىڭچە ئۇزۇنغا قالماي بۇ ئىشمۇ ھەل بولىدۇ،ــ دېدى. لى رەئىس سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

ــ يېقىندىن بۇيان چەتئەل جاسۇسلىرىنىڭ مەملىكىتىمىزگە سىڭىپ كىرىشى تەدرىجىي كۆپىيىپ قالدى، چوقۇم تەدبىر قوللىنىش كېرەك،ــ دېدى.

بۇ چاغدا بىر پارچە جىددىي تېلېگراممىا ئېلىپ كېلىندى، لى رەئىس كۆرگەندىن كېيىن چىرايى بىر قىسما بولۇپ كەتتى:

ــ ھىندىستاندا توپىلاڭ يۈز بېرىپتۇ، جۇڭگولۇقلارغا قارىتىلغان توپىلاڭكەن!

كۆپچىلىك بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاچچىقلانغان ھالدا رەئىستىن دەرھال مۇھاجىرلارنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ھىندىستان ھۆكۈمىتىنى توپىلاڭنى تىنجىتىپ، جۇڭگولۇقلارغا زىيانكەشلىك قىلغان توپىلاڭچىلارنى تۇتۇشقا ئاگاھلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتى. جوۋ تيەنخۋا بېشىنى چايقاپ:

ــ بۇ ئېنىقلا ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئاستىرتتىن كۈشكۈرتكىنىنىڭ نەتىجىسى، بولمىسا پەقەت جۇڭگولۇق مۇھاجىرلارغا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، باشقا دۆلەت مۇھاجىرلىرىنى نېمىشقا زىيانكەشلىككە ئۇچرىمايدۇ؟ مېنىڭچە بىۋاستە ئەسكەر چىقارساق بولاتتى،ــ دېدى. لى رەئىس ئەپسۇسلانغان ھالدا:

ــ قۇياش كرىستال ئېنېرگىيىسىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن، ئاشۇ ئاچكۆز چىلبۆرىلەرنىڭ شۆلگىيىنى ئاقتۇرۇپ ھەرىكەتلەندۈرۈشكە باشلىدى، فىلىپپىنمۇ سۇنى لېيتىپ بېلىق تۇتماقچى بولۇپ يۈگۈرەپ كېلىپ، جەنۇبىي دېڭىزدا ئوچۇق ـ ئاشكارە ھالدا بىزنىڭ چارلاش پاراخوتىمىزنى توپقا تۇتتى، ۋېيتناممۇ يۇۋاش تۇرمايۋاتىدۇ،ــ دېدى. جوۋ تيەنخۇا:

ــ ھەببەللى! بىز تېخى ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشقا تەييارلىنىۋاتاتتۇق، ئويلىماپتۇق، ئۇلار ئۆزى ئىشىك تۇۋىگە ئىزدەپ كەپتۇ، ئەمەسمۇ!ــ دېدى.

ــ ئەگەر دوستلىرىمىز كەلسە ئۇلارنى كۈتۈۋالىدىغان ئېسىل ھاراقلىرىمىز بار، ئەگەر چىلبۆرىلەر كەلسە ئۇلارنى كۈتۈۋالىدىغان ئوۋ مىلتىقىمىز بار!ــ دېدى لى رەئىس بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن.

بۇ ئىش جۇڭگودا غۇلغۇلا قوزغىۋەتتى، نۇرغۇن كىشىلەر ھۆكۈمەتتىن ھىندىستانغا ئەسكەر چىقىرىپ شۇ يەردىكى جۇڭگولۇق مۇھاجىرلارنىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى تەلەپ قىلدى، توردا ھىندىستان خاككېرلىرى جۇڭگو «قىزىل مېھمان»لىرىنىڭ ھەيۋىسىنىڭ تەمىنى ئۆزلۈل ـ كېسىل تېتىدى، بارلىق تور بېكەتلەر مەيلى چوڭ ـ كىچىك ياكى شەخسىيلەرنىڭ بولسۇن، ھەممىسى پۈتۈنلەي بۇزۇۋېتىلدى، ھىندىستان تورى ئامالسىز جۇڭگو توردىن ئۈزۈۋېتىلدى. نەچچە كۈندى كېيىن ب د ت دىكى يىغىندا، جۇڭگونىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ھىندىستانغا ئەسكەر چىقىرىپ ئۇ يەردىكى جۇڭگولۇق مۇھاجىرلارنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلدى! ھالبۇكى، ھىندىستان، ياپونىيە ۋە ئامېرىكا ۋەكىللىرى جۇڭگونىڭ تېخى جازالىنىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، شۇڭا جۇڭگونىڭ ئۆزىنى بېسىۋېلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى، بىراق جۇڭگو ھۆكۈمىتىدىن ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ توپىلاڭنى تىنجىتىپ، ھىندىستاندىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. جۇڭگو ۋەكىلى بۇنى ئاڭلاپ، ئاچچىقلانغان ھالدا:

ــ ئۆزىنى بېسىۋېلىش! ئەجەبا، بىز مۇشۇنداق ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىغا بىر چەتتە يەڭ قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرساق بولامدىكەن! ھىندىستان ھۆكۈمىتى ھېچقانداق قىسىم ئەۋەتىپ توپىلاڭ رايونىنىڭ تەرتىپىنى قوغدىغىنى يوق، ھەتتا بىرەر ساقچىمۇ يوق، بىز يەنە قانداقمۇ ئۇلارنىڭ توپىلاڭنى تىنجىتالايدىغانلىقىدىن ئۈمىد كۈتەلەيمىز! توپىلاڭنىڭ تىنجىشىنى ساقلىساق، ھىندىستاندا بىرمۇ جۇڭگولۇق قالمىغۇدەك!ــ دېدى.

جۇڭگو ۋەكىلىنىڭ مەردانە باياناتى نۇرغۇنلىغان يىغىن ۋەكىللىرىنىڭ ھېسسداشلىقى ۋە

قوللىشنى قولغا كەلتۈردى ھەمدە غەرپتىكى بىرقىسىم جۇڭگونىڭ جازاغا ئۇچرىشى سەۋەبىدىن سودىسى ئۈزۈلگەن دۆلەتلەر ئامېرىكىغا قارشى تەتۈر مۇقام توۋلاپ، ب د ت دىن جۇڭگوغا بولغان جازانى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى! گەرچە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ياپونىيە، ھىندىستان، فىلىپپىننىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى قاتتىق قارشىلىق قىلىپ توسقان بولسىمۇ، كۆپچىلىكنىڭ كۈچلۈك تەلىپى ئاستىدا، ب د ت نىڭ رەئىسى ئەڭ ئاخىرىدا قايتىدىن بېلەت تاشلاپ جۇڭگوغا بولغان جازانى بىكار قىلىش ياكى قىلماسلىقنى قارار قىلىشنى جاكارلىدى. دېمىسەكمۇ بولار! بېلەت تاشلاش نەتىجىسى شۇ بولدىكى، 98 ئاۋاز قوللاپ، 13 ئاۋاز قارشى چىقىپ، 4 ئاۋاز ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ، جۇڭگو كۈچلۈك ئەۋزەللىك بىلەن بېسىپ چۈشۈپ غەلىبە قىلدى! ب د ت باش كاتىپى ئاننان جۇڭگوغا بولغان بارلىق جازانىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، چىرايىدا بىر خىل ئاچچىق كۈلۈمسىرەش ئىپادىلەندى، ھەر قايسى دۆلەت ۋەكىللىرى بەس ـ بەستە جۇڭگو ۋەكىلىگە ئۆز تەبرىكلىرىنى بىلدۈرۈشتى، ھالبۇكى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ياپونىيە ۋەكىللىرىنىڭ چىرايىنىڭ ئىشىك قىسىۋەتكەندەك سەتلىشىپ كەتكەنلىكىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايتتى. دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ قىسقا ۋاقىتلىق ئىقتىسادىي جازا بىر ئاي ئىككى كۈندىن كېيىن مۇشۇنداق ئاخىرلاشتى!

خەۋەر كەلگەندىن كېيىن، جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە ئۈچ ئالاھىدە رايون(شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن كېيىن ئۈچ ئالاھىدە رايون دەپ ئاتالدى) خەلقى خۇشاللىقتىن تەنتەنە قىلىشتى، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ قۇياش كرىستال ئېنېرگىيىسى زاكاسلىرى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپەيدى!

ـ 2009يىلى 1 ـ ئۆكتەبىر، جۇڭگو ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ توپىلاڭچىلارنىڭ جۇڭگو مۇھاجىرلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشىغا سۈكۈت قىلغانلىقىنى سەۋەپ قىلىپ، ھىندىستانغا جەڭ ئېلان قىلدى!

## 10 ـ باب ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى

ھىندىستان جەنۇبىي ئاسىيانىڭ ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى ــ ھىندى ئوكيان يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان، غەرپ، شەرق، جەنۇبى دېڭىزغا تۇتىشىدۇ. كۆلىمى 2مىليون 970مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 800مىليون ئەتراپىدا، پايتەختى يېڭى دېھلى. شىمالدا نىپال ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ شىزاڭ بىلەن تۇتىشىدۇ. جۇڭگو ھەربىي قىسىملىرى چېگدۇ ھەربىي رايونى

14 تانكا دېڭىزىيسىنى شىزاڭدىكى جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىغا ئاتلىنىشقا ئورۇنلاشتۇردى، بىرما ھۆكۈمىتىمۇ ئۆز يېرىدە مەملىكىتىمىزنىڭ ۋاقىتلىق ئەسكەر تۇرغۇزۇشىغا قوشۇلدى، بېيجىڭ ھەربىي رايونىنىڭ 23 ـ ۋە 38 ـ جىتۈەنجۈن(كوللىكتىپ ئارمىيە)لىرى بۇتانغا ئاتلاندى! پەقەت بۇتان ۋە بېنگال ئارىسىدىكى ھىندىستان شىرىگۇل (西里古里) شەھىرىنى ئالالىساقلا، بىرما رايونىدىكى ھىندىستان ئارمىيىسىنى يالغۇز قالدۇرغىلى بولاتتى.
دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ تۆت دانە «جۇڭخۇا دېڭىز ئەجدىھاسى» تىپلىق ئاۋئىئاماتكىسى ۋە ئىككى فلوتى بېنگال قولتۇقىغا قاراپ ئاتلاندى، Z081تىپلىق يادرولۇق سۇ ئاستى كېمىسى ۋە چوڭقۇر دېڭىز جەڭچىسى ياپون دېڭىزى رايونى ۋە فىلىپپىن ئەتراپىدىكى ئامېرىكا دېڭىز فلوتىنى كۆزىتىش ھەمدە ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى ھەربىي پورتلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئالدىنئالا يۈرۈپ كەتتى. تەيۋەن قىسىملىرى ئامېرىكا قىسىملىرىدىن قوغدىنىشقا دىققەت قىلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرىۋالدى.
ھىندىستاننىڭ ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچى 2مىليون 170مىڭ ئادەم ( ھەرىيلىكتە تۇرۇۋاتقانلىرى.(
قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئەسكىرىي كۈچى 1مىليون 480 مىڭ ئادەم. تانكا ۋە برونېۋىكلىرى تەخمىنەن 5880 دانە ( بۇنىڭ ئىچىدە تانكا تەخمىنەن 4103 دانە، برونېۋىك 1677 دانە).
ھەر خىل زەمبىرەكلىرى تەخمىنەن 9610 دانە، يېقىن ئارىلىققا يەردىن يەرگە ئېتىلىدىغان باشقۇرىلىدىغان بومبا ئېتىش قۇرۇلمىسى تەخمىنەن 5 دانە، ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش باشقۇرىلىدىغان بومبىسى 2195 دانە، قۇرۇقلۇق تىك ئۇچارلىرى تەخمىنەن 300 دانە، تانكىلىرى ئاساسلىق روسىيىنىڭ 90 ـ T تانكىسى.
دېڭىز ئارمىيىسى ئەسكىرىي كۈچى 250مىڭ ئادەم. ھەر خىل پاراخوتلىرىدىن 234 دانە (ئۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئۈستىدە جەڭ قىلغۇچى پاراخوتتىن 98 دانە، ئادەتتىكى سۇ ئاستى پاراخوتى 34 دانە)، دېڭىز ئارمىيە ئۇچقۇلىرى 312 دانە (ئۇنىڭ ئىچىدە كۈرەشچى ئۇچقۇلىرى 180دانە.(
ھاۋا ئارمىيىسى ئەسكىرىي كۈچى 440مىڭ ئادەم. ھەر خىل ئۇچقۇلىرىدىن 2689 دانە (ئۇنىڭ ئىچىدە كۈرەشچى ئۇچقۇلىرى 1231 دانە بولۇپ، كۆپچىلىكى مىگا تىپلىق)، ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىدىغان باشقۇرىلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىش قۇرۇلمىسى 380 دانىدىن ئارتۇق.
زاپاس ئەسكىرىي كۈچى 528مىڭ 400 ئادەم.
يول قويۇلىدىغان ھەربىي قىسىم ئەسكىرىي كۈچى 1مىليون 90مىڭ ئادەم، ئۇچقۇ 32 دانە، چارلاش پاراخوتى 35 دانە.
ھىندىستاندىكى ھەر قايسى ئايروپورتلاردا توشۇغۇچى ئۇچقۇلار ئالدىراش ئۇچۇپ

قونۇشاتتى، دېڭىزدىكى ئەسكەر توشۇغۇچى پاراخوتلارمۇ كېلىپ كېتىپ تۇرۇشاتتى، ھەممە يەر قايناق-تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى. ھىندىستان ئىككى دىۋىزىيىسىنى گېربا(格尔巴)غا ئەۋەتىپ، جۇڭگو-ھىندىستان شىزاڭ رايونىدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى كۈچەيتتى، شىرگۇلدەك مۇھىم ئۆتكەلدىكى مۇداپىئەنىمۇ كۈچەيتتى. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ 72-دالا ئارمىيە دىۋىزىيىسىنى ھىندىستان كەشمىر سىزىقىغا ئورۇنلاشتۇردى، دېڭىز ئارمىيىسىمۇ مادراس پورتىغا ئورۇنلاشتى، ئەنگلىيە ئارمىيىسىمۇ ئۆزىنىڭ 4-برونېۋىك دىۋىزىيىسىنى نېپالدىكى چېگرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، دۇنياغا ئۆزلىرىنىڭ بۇ رايوننىڭ مۇقىملىقىنى قوغدايدىغانلىقىنى، جۇڭگو-ھىندىستان ئۇرۇشىغا قاتناشمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى! ئامېرىكىدەك بۇنداق چوڭ يالغانچى دۆلەتنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، بۇ خىل يالغان سۆزلەرگە بەلكىم ئەخمەقلارلا ئىشىنەرمىكىن.

2009-يىلى 3-ئۆكتەبىر، جۇڭگو دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ Z081 يادرو سۇ ئاستى كېمىسى ۋە چوڭقۇر دېڭىز جەڭچىسى سونارغا قارشى قۇرۇلمىسىنى ئېچىپ، ھىندىستاندىكى ئەڭ چوڭ ئىككى ھەربىي پورت — بومباي ۋە مادراسقا قاراپ ئاستاغىنە ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ «پەلەك ئەجدىھاسى» بومباردىمانچى ئۇچقۇلىرى ئاتموسفېرانىڭ قوغدىشى ئاستىدا ئۇ يەرگە قاراپ ئۇچماقتا ئىدى. كەچكى بېنگال قولتۇقى بەكمۇ تېنىچ ئىدى، ھەربىي پورتتىكى چىراقلار ۋاللىدايتتى، تېخىچە يەپ-ئىچىپ ئويناپ يۈرگەن ھىندىستان ئەسكەرلىرى تېخىچە ئۆزلىرىگە زور بالا-قازانىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەرسىز ئىدى. بىر ھىندىستان دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرى كاپىتان بۆلمىسىدىن پالۇبىغا چىقىپ، چەكسىز دېڭىزغا قارىماقتا ئىدى. ئۇ سوغۇق كۈلگىنىچە ئىچىدە ئويلىماقتا: «جۇڭگو بىلەن قىلىدىغان بۇ جەڭ قىلىشقا ئەرزىمدۇ؟ گەرچە ئامېرىكا ئاستىرىتتىن ياردەم بەرسىمۇ، ئەمما ئۆلىدىغىنى يەنىلا ھىندىستانلىقلار-دە!» ئۇ قايغۇرغان ھالدا ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى! ئۇ تۇيۇقسىز ئاسماندا بىر دانە يۇلتۇزنىڭ بارغانسېرى يورۇپ، بارغانسېرى چوڭىلاپ، ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى! «ئۇچقۇ!» ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىرىنچى ئۇچقۇ كەلدى، «ئەجابا جۇڭگونىڭ ئۇچقۇلىرىمدۇ؟» ئۇ ئەمدىلا مۇشۇنى ئويلاپ تۇرۇشىغا يورۇق نۇقتا ئۇنىڭغا جاۋاب بەردى، «ئاسماندىكى چاقماقلىق بۇلۇت» پارتلىغۇچى بومبىلىرى بىر-بىرلەپ تاشلىنىشقا باشلىدى! بىردەمدىلا مادراس پورتى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى. تېخىچە ئۇخلاۋاتقان بىر قىسىم ھىندىستان ئەسكەرلىرى شۇ پېتى تېپتىنچ ھالدا ئەزرائىل بىلەن كۆرۈشتى، «ھاۋا ھۇجۇمى!!!» ھىندىستان ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى ئالاقزادىلىك ئىچىدە ۋارقىراشقا باشلىدى! دېڭىز يۈزىدىكى ئىلگىرى ھىندىستان دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ پەخرى بولغان «ۋېكرا (维克拉)» ئاۋىئاماتكىسى غايەت زور پارتلاش ئاۋازىدىن كېيىن، ھىندىستان

ئوفىتسىر ـ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئاستا ـ ئاستا دېڭىزغا چۆكۈپ كەتتى!

جۇڭگو دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ چوڭقۇر دېڭىز جەڭچىسى قىسىملىرى مادراسقا كەلگەندە، «ۋېكرا» ئاۋىئاماتكىسىنىڭ بۇ يەردە تۇرغانلىقىنى ھەم ھەيرانلىق ھەم خۇشاللىق ئىلكىدە بايقىدى، بۇ لوق گۆش ئۇلارنىڭ كۆزىنى قىزارتىۋەتتى، 40 نەچچە تورپېدا ئۇنىڭغا قاراپ ھۇشۇلداپ ئۈزۈپ كەتتى! كېيىن كەلگەن Z081 يادرو سۇ ئاستى كېمىسى لوق گۆشنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن يېيىلىپ بولغىنىنى كۆرۈپ، شورپىسىنى بولسىمۇ ئىچىشكە باشلىدى! ھىندىستان بايرىقى ئېسىلغانلىقى پاراخوت بولسا ھەممىسىنى پارتلىتىپ سۇغا غەرق قىلىشقا باشلىدى. ھاۋا ئارمىيىسى بىلەن دېڭىز ئارمىيىسى خىزمەتنى تەقسىملەپ ھەمكارلىشىپ، ناھايىتى ياخشى ماسلاشتى. يەر يۈزى ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن بومباردىمان قىلىنىپ كەندىر يېگەن توخۇدەك پاتپاراق بولۇپ پۈتۈنلەي پېتىراپ كېتىشتى. دېڭىز يۈزىدىكى كېمە ـ پاراخوتلار چوڭقۇر دېڭىز جەڭچىسى ۋە سۇ ئاستى كېمىسى تەرىپىدىن ھېچقانداق قارشىلىقسىزلا چۆكتۈرىۋېتىلدى! بومبىلار ئىشلىتىلىپ بولاي دېگەندە، ھىندىستان ھاۋا ئارمىيىسى ۋە دېڭىز ئارمىيىلىرى ساراڭ بولغاندەك بۇ يەرگە يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى، «پەلەك ئەجدىھاسى» بومباردىمانچى ئۇچقۇلىرى دەرھال يۇقىرى ئۆرلەپ، ئاتموسفېرا قاتلىمىغا كىرىپ قايتىشقا باشلىدى، چوڭقۇر دېڭىز جەڭچىسى ۋە Z081 يادرو سۇ ئاستى كېمىلىرى ئۆزىنىڭ ھەرىكەتچانلىقلىقى ۋە چۆكۈش چوڭقۇرلۇقىغا تايىنىپ ئوت دېڭىزىغا ئايلانغان مادراستىن ناھايىتى تېزلا ئايرىلدى، ھىندىستان ئۇچقۇچىلىرى ئوت دېڭىزىغا ئايلانغان مادراس پورتىنى كۆرگىنىدە، ئاچچىقىدىن يىغلىۋېتىشتى.

ئىستاستىكىلاپ باققاندا، مادراستىكى ھاۋا ھۇجۇمىدا جەمئىي 17 جەڭ پاراخوتى ۋە بىر ئاۋىئاماتكا (ۋېكرا) چۆكتۈرىۋېتىلگەن، باشقا جەڭ پاراخوتلىرىدىن پەقەت ئىككى ئامېرىكا جەڭ پاراخوتى قېچىپ كەتكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەممىسى ئېغىر يارىلانغان ئىدى، مادراس پورتى بومباردىمان قىلىنىپ خارابىيلىققا ئايلانغان ئىدى! بومبىنىڭ ھالىمۇ بۇنىڭدىن ياخشى ئەمەس ئىدى، 21 جەڭ پاراخوتى چۆكتۈرىۋېتىلگەن ئىدى، قالغان جەڭ پاراخوتلىرىنىڭ بۇزۇلغان جايلىرىنى ئوڭشاشقا توغرا كەلسە، رېمونت ھەققىگە ئازراق پۇل قوشۇلسىلا يېڭى بىرنى سېتىۋالغىلى بولاتتى! ئىستاستىكا نەتىجىسىدە ھىندىستاننىڭ جەمئىي 37 جەڭ پاراخوتى ۋە بىر ئاۋىئاماتكىسى چۆكتۈرىۋېتىلگەن، ئىككى دېڭىز پورتى پۈتۈنلەي خارابىيلىققا ئايلانغان، ئۆلگەن ئەسكەر سانى 6200 دىن ئارتۇق، يارىلانغانلار 2100 دىن ئارتۇق ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى!

گەرچە ئامېرىكا ۋە ھىندىستان پۈتۈن كۈچى بىلەن خەۋەرنى قامال قىلغان بولسىمۇ، بىراق شامال ئۆتمەيدىغان تام يوق، خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەرنى

زىلزىلىگە سالدى! جەڭ باشلىنىپ بىر كۈن بولۇپلا ھىندىستان دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ چىقىمى ئىنتايىن ئېغىر، ئىككى ھەربىي پورتى پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپتۇ! بۇنىڭدىن گۇمان تۇغۇلدى:«جۇڭگو دېڭىز ئارمىيىسى قانداق قىلىپ شۇنچە ياخشى قامال قىلىنغان بېنگال قولتۇقى ۋە ئەرەب دېڭىزىدىن ئۆتەلىگەندۇ؟ ھاۋا ئارمىيىسى قانداق قىلىپ بۇ ئىككى پورتتا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالىدۇ؟ نېمىشقا ھىندىستان ۋە ئامېرىكىنىڭ رادارلىرى بايقىيالمىغاندۇ؟» بۇ ئىشەنگۈسىز مەسىلىلەرگە پەقەت جۇڭگولۇقلار ئۆزىلا جاۋاپ بېرەلىشى مۇمكىن.

بۇ چاغدا، ھىندىستان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى فېرنەندىس يىغىندا ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىماقتا ئىدى:

— بىر ئۈچۈم ھارام تاماقلار! چوشقىلار! جۇڭگو دېڭىز ئارمىيىسى ۋە ھاۋا ئارمىيىسى قانداق قىلىپ مۇداپىئە سىزىقىنىڭ ئىچىگە ئۆتەلىدى؟ تۇنجى جەڭدىلا بىزنىڭ دېڭىز ئارمىيىمىزنىڭ چىقىمى بۇنداق ئېغىرلاپ كەتتى! كېيىن يەنە سوقۇشامدۇق قانداق؟

بىر ئوفېتسىر ئېھتىياتچانلىق بىلەن:

— گېنىرال، بۇ قېتىم جۇڭگونىڭ ھاۋا ھۇجۇمى ھەقىقەتەنمۇ تۇيۇقسىز بولۇپ قالدى! بىزنىڭ رادارلىرىمىز جۇڭگو ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ پەيدا بولغىنىنى بايقىيالمىدى، سونارلىرىمىزمۇ ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى، ھەتتا ئامېرىكىنىڭ سۈنئىي ھەمراھ رازۋېتكا سىستېمىسىمۇ ھېچقانداق ئىزنى بايقىماپتۇ،— دېدى.

فېرنەندىس ئاچچىقلانغان ھالدا:

— چاقچاق قىلىۋاتامسىز! جۇڭگونىڭ دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ رادارغا قارشى ئۇنچىۋالا ئىلغار تېخنىكىسى يوق، ئاسماندىن چۈشۈپ قالغان بولمىسىلا!— دېدى.

باشقا بىر گېنىرال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— گېنىرال، بىز بۇ قېتىم بىخەستىلىك قىلىپ، جۇڭگونىڭ ھەربىي پورتلىرىمىزغا ئوغرىلىقچە ھۇجۇم قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردۇق، بىراق بۇ جەڭدە بۇنچىلىك چىقىم تارتساق ئۈتتۈرغان بولمايمىز! بىزنىڭ ھاۋا ئارمىيىمىز ۋە يەر يۈزى قىسىملىرىمىز جۇڭگو بىلەن تېخى تۇتۇشمىدى، بۇ جەڭدىمۇ ئۇتۇش-ئۈتتۈرۈشنى تېخى بەلگىلىگىلى بولمايدۇ،— دېدى.

فېرنەندىس بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

— شۇنداق، بۇ قېتىمقى جەڭدە بىز تېخى ئۈتتۈرمىدۇق! لېكىن جەڭگىۋارلىق روھىمىزنى يوقاتساق يېڭىلىمىز! ھازىر پۈتكۈل قىسىمنىڭ جەڭگىۋارلىق روھى چۈشكۈن، كەشمىر رايونىدىكى پاكىستان ئارمىيىسىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن، تارتتۇرۇپ قويغان بىرمۇنچە ئىستىھكاملىرىنى قايتۇرىۋالدى!— دېدى.

بۇ چاغدا بىر ئەسكەر كىرىپ كەلدى ۋە فېرنەندىسكە بىر پارچە تېلېگراممىنى تاپشۇردى. فېرنەندىس تېلېگراممىنى كۆرۈپ قاقاھلاپ كۈلگىنىچە:

ـــ ھا...ھا...ھا...! توغرا! توغرا! بىز تېخى ئۇتتۇرمىدۇق! جۇڭگولۇقلار ئۆز ئۇۋالىڭلار ئۆزەڭلارغا،ـــ دېدى.

ئىككىنچى كۈنى، دۇنيا جامائەت پىكرىگە ئېغىر تېپلىق بومبا تاشلاندى! ئامېرىكا جۇڭگوغا جەڭ ئېلان قىلدى! سەۋەبى بولسا جۇڭگو ھىندىستان پورتىنى بومباردىمان قىلغاندا ئىككى دانە ئامېرىكا پاراخوتىنى پارتلىتىۋەتكەنىدى، ئامېرىكا جۇڭگونىڭ ئاستىرتتىن قوشۇن كېڭەيتىپ، ئاسىيا ۋە دۇنيانىڭ تېنچلىقىغا تەھدىت سېلىشىغا قاراپ تۇرالمايتتى! بۇ خەۋەر ئېلان قىلىنىشى بىلەن، دۇنيا ھەيرانلىققا چۆمدى! ئامېرىكىدىن ئىبارەت دۇنيادىكى بىرىنچى چوڭ ھەربىي دۆلەتتى جۇڭگودىن ئىبارەت بىرىنچى چوڭ ئىقتىسادىي دۆلەتكە جەڭ ئېلان قىلغانىدى، ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلاندى! ب د ت ۋە ھەر قايسى دۆلەتلەر قورققىنىدىن پېتىراپ كېتىشتى، دۆلەت باشلىقلىرى بىردەم جۇڭگوغا بىردەم ئامېرىكىغا زىيارەتكە بېرىشتى، ئاننانىمۇ توختىماستىن ھەممە يەرگە قاتراپ يۈردى! دۇنيا جامائەتچىلىك پىكرىمۇ جۇڭگو تەرەپكە ئېغىشقا باشلىدى، ھەتتا فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىمۇ ئامېرىكىنى ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشتى دەپ تىللاشقا باشلىدى! ئەڭ مۇھىمى يەنىلا ئامېرىكا دېڭىز فلوتى جۇڭگو دېڭىز تەۋەلىكىنى قامال قىلغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، بۇنىڭ جۇڭگو دېڭىز ئارمىيىسىنى ئوغرىلىقچە ھۇجۇم قىلىشتىن ساقلىنىش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، شۇنداقلا جەڭگە قاتناشقان دۆلەتلەردىن باشقا ھەرقانداق دۆلەت پاراخوتلىرى جۇڭگو دېڭىز تەۋەلىكىگە كىرسىلا بىردەك ھۇجۇم نىشانى دەپ قارىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئەمدىلا قۇياش كرىستال ئېنېرگىيىسىنىڭ تەمىنى تېتىغانلار ئەلۋەتتە بۇنىڭغا ئۇنىمايتتى!

دۇنيادىكى ھەر قايسى كىچىك لۆكچەك دۆلەتلەر ئۆز چوڭ‌ئامىلىرىنىڭ ئاچچىقلانغىنىنى كۆرۈپ، دەرھال كېلىپ ھەيۋە كۆرسىتىشكە باشلىدى! ئامېرىكا جۇڭگوغا جەڭ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ياپونىيىمۇ جۇڭگوغا جەڭ ئېلان قىلدى ۋە ئامېرىكا بىلەن بىرلىكتە رەزىل جۇڭگونى يوقىتىپ، تەيۋەن خەلقىنى ئازات قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى! فىلىپپىن، ۋېيتناملارمۇ بۇنداق ياخشى پۇرسەتنى كۆرگەندىن كېيىن، كېلىپ سۆڭەك تالاشتى! جەنۇبىي دېڭىزدا بىزنىڭ بېلىقچى كېمىلىرىمىزنى زورلۇق بىلەن تۇتۇپ قېلىپ، دۆلىتىمىزگە جەڭ ئېلان قىلدى! روسىيە ئۆزىنىڭ بىتەرەپلىكىنى، بىراق جۇڭگو بىلەن نورمال سودا ئالاقىسىنى ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى! چاۋشيەن قورال كۈچى بىلەن ئۆزىنى قوغدايدىغانلىقىنى جاكارلىدى! ھازىر پۈتكۈل ئاسىيا! ياق! پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ كۆڭلى ئالاقزادە ئىدى!

ئەمما پۈتۈن دۇنيانى غەلىتىلىك ھېس قىلدۇرىدىغىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قىلچىمۇ

قورقمىغانلىقى ئىدى! جۇڭگو ھۆكۈمىتى پەقەت:«جۇڭگو قورال كۈچى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ئابرويىنى قوغدايدۇ» دېگەن بىر جۈملە سۆزنىلا قىلغانىدى!
جۇڭگو دۇچ كېلىدىغان ئەڭ چوڭ كرىزىسنىڭ ئاخىرى پەردىسى ئېچىلدى!

## 11 ـ باب ئوت ئىچىدىكى غەزەپلەنگەن ئەجدىھا

جۇڭگو، كىشىلەر ئامېرىكا ۋە باشقا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگوغا جەڭ ئېلان قىلغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ تاللىغىنى «سوقۇشۇش» بولدى! شۇ تاپتا كىشىلەر ئەينى چاغدىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگونى تالان ـ تاراج قىلغان چاغدىكى ھېسسىياتنى ھېس قىلىشقانىدى، ئامېرىكىلىقلار جەڭ قىلىپ بېسىپ كىرىپ قالسىلا، مەنچىڭ ۋاقتىدىكى كونا چۈش قايتا ئەسكە چۈشەتتى! بولۇپمۇ ياپونىيە جۇڭگوغا جەڭ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، تەيۋەن خەلقىنى ئازات قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى! يالغۇز جوڭ قۇرۇقلۇقتىكىلەرلا ئەمەس، ھەتتا تەيۋەن خەلقىمۇ ياپونىيىنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشقا باشلىدى! تور بېكەتلەردە بىر قىسىم لەقۋالار ئامېرىكىنىڭ ھەققانىيەتچىلىرى كېلىپ جۇڭگودىكى جەۋرى ـ زۇلمەت ئىچىدە ياشاۋاتقان جۇڭگو خەلقىنى قۇتقۇزىدۇ دەپ داۋراڭ سالغاندا، بەزىلەر IP ئادرېسىغا ئاساسەن ئۇلارنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارنى دوختۇرخانىدا بىرەر ئاي ياتقۇزۇپ قويىدى!
ھەر قايسى دۆلەت تاراتقۇلىرى بۇ ئەسىردىكى ئەڭ چوڭ خەۋەرنى نۇقتىلىق تۇتۇپ خەۋەر قىلىپ، زىيارەت قىلىش ئارقىلىق جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ سۆڭەكلىك گۆشنىڭ ئامېرىكىنىڭ گېلىغا راۋۇرۇس بىر قىسىلماقچى بولغانلىقىنى بىلىشتى! جۇڭگو خەلقىنىڭ تۇرمۇش رېتىمى بۇ قېتىملىق جەڭ سەۋەبىدىن قالايمىقانلىشىپ كەتمىگەنىدى، ئەكسىچە تېخىمۇ تەرتىپلىك ئايلىنىشقا باشلىدى! ھەتتا ھەر قايسى جايلاردىكى ئوغرى ـ قاراقچىلار بايانات ئېلان قىلىپ، جەڭ ئاخىرلاشقانغا قەدەر خىزمەت توختىتىپ دەم ئالىدىغانلىقلىرىنى، ھەتتا ئۆزگىچە قىلىپ:«جەڭدىن كېيىن ئوغرىلىغىنىمىزنىڭ يەنىلا بىز جۇڭگولۇقلاردىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دەپ ئېلان قىلىشتى، بۇ ئېلان ۋاراقچىلىرىنى ساقچىخانىلارنىڭ ئىشىكىگە چاپلاپ قويۇپ، ئىچىدىكى ساقچىلارنى يىغلاي دېسە تېخى، كۈلەي دېسە تېخى بىر خىل قاتمال ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشتى!
خەلق سارىيى، لى رەئىس مەخپىي جىددىي يىغىن ئاچماقتا، مەركەزدىكى بارلىق ئاساسىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى قاتناشقان ئىدى. لى رەئىس سۆرلۈك تەلەپپۇزدا:

ــ كۆپچىلىك، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا چوڭ قوشۇننىڭ كېلىشىگە ئاز قالدى! ئەمەلىيەتتە بۇنداقمۇ ئەمەس، ئامېرىكىنىڭ دەۋاتقان جەڭگە قاتنىششى بولسا، پەقەتلا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن دۆلىتىمىزنى ئۇرۇشقا سېلىپ قويۇپ، بىز ھالسىرىغاندا، سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتماقچى، ئاسىياغا ئەۋەتكەن ئىككى ئاۋىئاماتكىسى بولسا پەقەت ھەيۋە كۆرسىتىشكە ئېلىپ كېلىنگەن، بىز پەقەت ئامېرىكىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرەلىسەكلا، باشقا دۆلەتلەر چوڭ مەسىلە ئەمەس، ئۇلار ئامېرىكا ئارقا تېرەك بولۇۋاتىدۇ دەپ قارايدۇ، شۇڭا ئامېرىكا غولاپ چۈشسىلا، ئۇلارمۇ تەڭ غولاپ چۈشىدۇ،ــ دېدى.

دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى جوۋتيەنخۋا ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ ئامېرىكا ھازىر فىلىپپىن، ياپونىيە، ھىندىستاندىن ئىبارەت ئۈچ رايوندا ئەسكەر تۇرغۇزدى، فىلىپپىننىڭ كۆزلىگىنى بىزنىڭ جەنۇبىي دېڭىز، ھىندىستاننىڭ كۆزلىگىنى بىزنىڭ شىزاڭ ۋە شىنجاڭ، ۋېيتنامنىڭ كۆزلىگىنى بىزنىڭ يۈننەن رايونىمىز، ھالبۇكى ئاسىيانىڭ راك ھۈجەيرىسى بولغان ياپونىيەنىڭ كۆزلىگىنى بولسا پۈتكۈل ئاسىيا! ئۇلار كەلمەكچىكەن، ئۇنداقتا بىز ئۇلارنى راسا كۈتۈپ قويايلى!ــ دېدى.

ئازاتلىق ئارمىيە شتاب باشلىقى دېڭ جيەنگو:

ــ ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ قامال قىلغانلىقى سەۋەپلىك بىز بىلەن سودا قىلىۋاتقان نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر ئىنتايىن نارازى بولماقتا، بىز مۇشۇ نارازىلىق كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇش ئاچساق بولىدۇ! چاۋشيەن، روسىيىلەرگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلمىساق بولمايدۇ، ھالقىلىق پەيتتە ئۇلار بۇزغۇنچىلىق قىلسا چاتاق بولىدۇ،ــ دېدى.

لى رەئىس:

ــ ھازىر ھەر قايسىڭلار ھەربىي رايونلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ ئىنكاسىنى دوكلات قىلساڭلار قانداق؟ــ دېدى.

دېڭىز، قۇرۇقلۇق، ھاۋا ئارمىيىلىرىنىڭ ئۈچ باش قوماندانى خۇشال ھالدا دوكلات قىلىشتى:« بارلىق جەڭچىلەرنىڭ تاقىتى تاق بولدى! دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىلىرىنىڭ ئالدىنقى قېتىملىق ھىندىستاننى ئوغرىلىقچە بومباردىمان قىلىشتا خۇمارى بېسىقمىغاچقا، قوللىرى قىچىشىپ كېتىپ بارىدۇ. جەمئىيەت يەنىلا بىرقەدەر مۇقىم، زوراۋانلىق جىنايەتلىرىنىڭ (كۆپچىلىك نېمىشقىلىقىنى بىلىسىلەر) ئازراق كۆپىيىپ قالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بارلىق ئىشلار تېنچ ـ ئامان! خەلق بار ـ يوقىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىپ بولسىمۇ بۇ جەڭنى تاماملاشنى خالايدۇ!» لى رەئىس رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ:

ــ ناھايىتى ياخشى! مېنىڭ ھازىر تېخى خەلققە دەيدىغان بىر ئېغىز گېپىم بار،ــ دېدى.

ـ 2009يىلى 5 ـ ئۆكتەبىر كەچ 7:00 بىلەن جۇڭگودىكى بارلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى لى

رەئىسنىڭ تېلېۋىزىيە نۇتقىنى تارقاتتى، لى رەئىس مۇنداق دېدى:

— سۆيۈملۈك قېرىنداشلار، جۇڭخۇا مىللەتلىرى يەنە بىر قېتىم ھايات-ماماتلىق مۇھىم ئۆتكەلگە دۇچ كەلدى، كۆپچىلىككە ئايان، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى خەلقئارادىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر ئامېرىكىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىزگە جەڭ ئېلان قىلدى! جۇڭگو 5000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە مەدەنىيەتلىك قەدىمىي دۆلەت، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەرىپتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تالان-تاراج قىلىشىغا ۋە ئېزىشىگە ئۇچرىدى، ئەمما بىز بۇنىڭلىق بىلەن يېڭىلىپ قالماستىن، ئەكسىچە ئورنىمىزدىن دەس تۇردۇق! ھازىر ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر يەنە بىر قېتىم جۇڭگونى تالان-تاراج قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ! بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز يېڭىلمىگەنىكەن، بىزمۇ ھەم يېڭىلمەيمىز! قېرىنداشلار، بىز ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئۇلارنىڭ رەزىل سۈيىقەستىنى بىتچىت قىلايلى!

گەرچە قىسقىلا بىر نەچچە جۈملە سۆز بولسىمۇ، لېكىن تېلېۋىزور ئالدىدىكى ھەر بىر جۇڭگولۇق (خائىنلار بۇنىڭ سىرتىدا) كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىشتى! پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى ئۆلكە-شەھەرلەرنىڭ باشلىقلىرى بەس-بەستە مەركەزنىڭ قارارىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى، ئۈچ ئاھىدە رايوندىكى خەلقمۇ بار كۈچى بىلەن ئىچكى قۇرۇقلۇقنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى! دۆلەت سىرتىدىكى مۇھاجىر قېرىنداشلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتىشىپ، ھەر قاچان جەڭگە ئاتلىنىشقا تەييارلىنىشتى!

دۇنيا جامائەتچىلىكىمۇ قايناپ كېتىشتى! پەقەت جۇڭگونىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندىمۇ بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ ئافغانىستان، ئىراقلاردىكى جەڭدىن دەھشەت بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ! ئامېرىكىنىڭ يېڭىشى بەك تەسكە توختايدىغاندەك قىلىدۇ. ب د ت ۋە دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئامالسىزلىقتىن ئىككى تەرەپنىڭ ھەر قانداق يادرو قوراللىرىنى ئىشلەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى! ياپونىيە ۋە ئامېرىكا تۇپرىقىدا كۈچ كۆرسىتىش نامايىشى بولدى! ئامېرىكىلىقلار ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىساد چېكىنىپ كەتكەندە يەنە جەڭ قوزغىغانلىقىنى، خەلقنىڭ ئۆلۈش-تىرىلىشى بىلەن كارى بولمىغانلىقىنى تىللاشتى! ئىشسىزلار ئەگەر ساقچىلار قوغدىمىغان بولسا، ئاق سارايىنى چېقىۋەتكۈدەك دەرىجىدە ئاچچىقلىنىشتى! دېموكراتىكلار پارتىيىسىنىڭ ئادەملىرىمۇ كىچىك بوشنى «جەڭ سارىڭى» دەپ تىللاشتى، پارلامېنتتىن ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلىشتى! ياپونىيىدىمۇ كۈچ كۆرسىتىش نامايىشى بولدى، ھەتتا ئۇزۇن يىل مىلىتارىزىمنىڭ تەربىيىسىدە بولغان نۇرغۇنلىغان جەڭخۇمارلار غالجىرلىق بىلەن جۇڭگونىڭ پايتەختىگىچە جەڭ قىلىپ بېسىپ كىرمەكچى بولۇشتى، ئوڭ قانات ئۇنسۇرلار تېخىمۇ كۆرەڭلىگىنىچە ئاشكارا سورۇنلاردا: « جۇڭگو دېگەن چىنا، پەس

ئىرقتىكىلەر ئۇنداق باي تۇپراقنى ئىگىلىۋالسا بولمايدۇ، بەلكى ئىلغار ئىرقتىكىلەرگە بۇ تۇپراقنى بوشۇتۇپ بېرىشى كېرەك!» دېيىشتى.
ياپونىيە، توكيو، باش ۋەزىر تېگزىي شيوگسى (藤泽雄次)ھاياجانلانغان ھالدا:
ــ كۆپچىلىك، بۈگۈن بىز ئاخىرى يەنە بىر قېتىم چىناغا كىرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇق، بىز بۇ قېتىم چوقۇم ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئاشۇ يىللاردا تاماملىيالمىغان مۇقەددەس جېڭىنى تاماملاپ، ئاشۇ يىللاردىكى نومۇسنى يۇيۇشىمىز لازىم،ــ دېدى.
قوغدىنىش ۋازارىتىنىڭ باشلىقى جۇڭگويۈەن(中谷元)مۇ تەلۋىلەرچە:
ــ ئەينى يىلى رەزىل ئامېرىكىلىقلار بىزگە ئاتوم بومبىسى ھۇجۇم قىلمىغان بولسا، چىنا ئاللىقاچان بىزنىڭ بولغان بولاتتى!ــ دېدى. تېگزىي شيوگسى سوغۇق كۈلۈمسىرىگىنىچە:
ــ توغرا! ئاشۇ يىللاردا ئەگەر ئامېرىكىلىقلار بولمىغان بولسا، بىز داخې مىللىتى ئاللىقاچان دۇنيانىڭ خوجىسىغا ئايلانغان بولاتتۇق! 50 يىل ئاۋال چىنالىقلار ئامېرىكىلىقلارنىڭ ياردىمىدە تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ بىزنى يېڭىۋالدى، بىراق بۇ قېتىم ئۇلارغا ھېچكىم ياردەم قىلمايدۇ!ــ دېدى.
ئامېرىكا تېنچ ئوكيان فلوتىنىڭ «لېكستون» ناملىق ئاۋىئاماتكا ئەترىتى دۇنيانىڭ يەنە بىر چېتىدىكى ئاسىياغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە! قوماندان گېنېرال دېراكس چاۋشيەن ئۇرۇشىدىكى بىر ئاددىي ئەسكەردىن ھازىرقى گېنېراللىق ئورنىغا جەڭ قىلىپ چىققان بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ ھەر قايسى گېنېراللىرى ئېچىدە كۆزدە قارايدىغان گېنېرال ئىدى! بۈگۈن ئۇ جەڭ قىلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرىۋالدى، نىشان ئەينى يىللاردا چاۋشيەن جەڭ مەيدانىدا ئامېرىكا ۋە ئۆزىنى مەغلۇپ قىلغان جۇڭگو ئىدى! چاۋشيەن ئۇرۇشى دېكراس بۇ ئۆمرىدە مەڭگۈ ئۇنتالمايدىغان بىر ئىش ئىدى. چاۋشيەن ئۇرۇشىنى ئەسلىسىلا، جۇڭگو ئارمىيىسى ئۇنىڭغا ئالۋاستىدەك بىلىنەتتى! ئۇ بىر جۇڭگو ئەسكىرىنىڭ بومبا خالتىسىنى قوچاقلىغىنىچە ئۇلارغا ئېتىلىپ كەلگىنىنى، ئون نەچچە مىلتىقتىن ئۇنىڭغا توختىماي ئوق ئېتىلسىمۇ، ئۇ خۇددى ئۆلمەيدىغان غەلىتە مەخلۇقتەك ئۆزلىرىنىڭ ئىستىھكامىغا بىسىپ كىرىپ بومبىنى پارتلاتقىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى! چاشيەن ئۇرۇشىدىن قايتىپ كەلگەن نۇرغۇن ئامېرىكا ئەسكەرلىرى جۇڭگونىڭ ئالۋاستى قىسىملىرى بىلەن ئېلىشمايدىغانلىقلىرى توغرىسىدا قەسەم قىلىشقانىدى.
جۇڭگو بولسا ئامېرىكىنى مەغلۇپ قىلغان بىردىنبىر دۆلەت ئىدى، بۈگۈن ئاخىرى ئۇنىڭغا شەرقتىكى بۇ زور ئەجدىھا بىلەن يەنە بىر قېتىم جەڭ قىلىش پۇرستى كەلگەنىدى! گەرچە بەش بۇرجەكلىك بىنانىڭ بۇيرۇقىدا يۈزتۇرانە جەڭنى ياپونىيە، ھىندىستان، فىلىپپىنلەرگە تاماملىشىغا تاپشۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كۆڭلىدىكى كۈچلۈك ھېسسىياتنى بېسىۋالالماي قالدى، ئامېرىكا بۈركۈتىنى چوڭ زىيان تارتقۇزغان شەرقتىكى بۇ زور ئەجدىھانى قانداقمۇ بۇ

ئەخلەتلەر يېڭەلسۇن! جۇڭگو ـ ھىندىستان ئۇرۇشىنىڭ نامىنى ئەسلى جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئۇرۇشى دەپ ئۆزگەرتىش كېرەك!

ھالبۇكى، بۇ چاغدا جۇڭگونىڭ چېگداۋ، شاڭخەي، دالىيەن ۋە تەيۋەن قاتارلىق مۇھىم مۇداپىئە لېنىيىلىرىدە ساناقسىز «دوزاق ئوتى» ناملىق ئۆزى يۈرەر زەمبىرەكلەر تەييارلىنىپ بولۇنغانىدى، دېڭىزدا جۇڭگونىڭ سەككىز ئاۋىئاماتكا ئەترىتىمۇ تەييارلىنىپ بولۇنغانىدى، شىزاڭ ۋە ۋېيتنام چېگرىسىدا «قارام ئەجدىھا» نامىلىق تانكىلار ئالىلىقاچان تەييارلىنىپ بولۇشقان بولۇپ، پەقەت دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ساقلاۋاتاتتى. جۇڭگو ھازىر ھەرگىزمۇ ئەينى يىللاردىكى بۇ يەردە بىر پاي ئوق ئېتىپ، ئۇ يەرگە يۈتكىلىپ يۈرىدىغان پارتىزانلار ئەترىتى ئەمەس ئىدى! بۇ قېتىم دۈشمەن بىلەن تىغمۇ ـ تىغ جەڭ قىلىشمۇ دۇنياغا جۇڭگونىڭ ھەرگىزمۇ ئەينى يىللاردىكى ھەممە بوزەك قىلىدىغان جۇڭگو ئەمەسلىكى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئىدى!

ـ 2009يىلى 7 ـ ئۆكتەبىر، جەڭنىڭ تۇنجى پاي ئوقى ئېتىلدى، بۇ ئوقنى ئاتقىنى بولسا جۇڭخۇا مىللىتى بىلەن ئۆلسىمۇ پۇرچىقى بىللە پىشمايدىغان ياپونىيە ئىدى! تاڭ سەھەردە تەيۋەن ھاۋا مۇداپىئە سىگنالى سايرىدى، رادارىدىن مەلۇم بولۇشىچە ياپونىيە تۇپرىقىدىن ئۇچقان 40 دانە بومباردىمانچى ئۇچقۇ ۋە نۇرغۇن جەڭ ئۇچقۇلىرى ئامېرىكىنىڭ فىلىپپىن ئايرو پورتىدا تۇرۇشلۇقB1 ، B2بومباردىمانچى ئۇچقۇلىرى بىلەن بىرلىكتە تەيۋەن ۋە جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىغا قاراپ ئۇچۇۋاتاتتى! تەيۋەن ھاۋا ئارمىيىسى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، جۇڭگونىڭ «قارا بوران2» تىپلىق ئۇچقۇلىرى ئالىلىقاچان دۈشمەن ئۇچقۇلىرى تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىشكەن ئىدى! ئامېرىكا «نېمىس» ئاۋىئاماتكىسىدىكى يىراق مۇساپىلىق رادارىدىن بايقىلىشىچە ئۇچقۇلار جۇڭگودىن ئۇچقانىدى، سېكۇنتىغا 3000 نەچچە مېتىر تېزلىكتە بۇ ياققا ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى! بىر ئوفېتسىر ۋارقىرىۋەتتى:

ـــ بۇ مۇمكىن ئەمەس! ئۇچقۇلار بۇنداق تېز ئۇچالمايدۇ، راكېتا بولسا ئەجەپ ئەمەس!

رادار تەكشۈرگۈچى دۇدۇقلىغىنىچە:

ـــ با. . . با. . . باشلىق، خاتا ئەمەس، سېكۇنتىغا 3000 نەچچە مېتىر!ـــ دېدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزى ئىشىنەلمەيۋاتاتتى.

ـــ دەرھال ئۇلارغا دۈشمەن ئۇچقۇلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىشنى ئېيت!ـــ دېدى ئوفېتسىر ۋارقىرىغىنىچە. بومباردىمانچى ئۇچقۇدىكى ياپونىيىلىك ئۇچقۇچى بۇ ۋاقىتتا تېخىچە كۆلكە ـ چاقچاق قىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى بۇيرۇقا بىنائەن چىنانى بومباردىمان قىلىدىغان ئۇچقۇچى بولالىغانلىقىدىن شەرەپ ھېس قىلىدىغانلىقلىرىنى سۆزلىشىۋاتاتتى! رادىاردا تەيۋەن ئارمىيىسىنىڭ «ئېزىتقۇ 2000 ـ 5»

تىپلىق جەڭ ئۇچقۇسى پەيدا بولدى، ئامېرىكىنىڭ F ـ 35 تىپلىق جەڭ ئۇچقۇلىرى دەل ۋاقتىدا ئېتىلىپ بېرىپ تەيۋەن ھاۋا ئارمىيىسى بىلەن جەڭ قىلىشقا باشلىدى! تەيۋەن ئارمىيىسى تۆت دانە بومباردىمانچى ئۇچقۇ ۋە 17 دانە ياپونىيە جەڭ ئۇچقۇسىنى ئېتىپ چۈشۈرگەندىن كېيىن تەڭ كېلەلمەي قېلىشقا باشلىدى، ياپونىيە ئۇچقۇچىلىرى بۇ داخې مىللىتىگە خائىنلىق قىلغان خائىنلار بىلەن چىنالىقلارنى بىرلىكتە تەلتۆكۈس ئۆلتۈرىۋېتىشنىلىقى توغرىسىدا داۋراڭ سېلىشىۋاتقاندا، تەيۋەن ھاۋا ئارمىيە ئۇچقۇچىلىرى چېكىنىش ئويىدىن ۋاز كېچىشتى، «ئــانــاڭـــنى، ئۆلسەكمۇ سىلەر پەسلەر بىلەن بىللە ئۆلىمىز!» بۇ ھەر بىر ئۇچقۇچىنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغىنى ئىدى! ئەمدىلا چىققان تاڭ قوياشى ئالدىدا، سان ـ ساناقسىز ئوت ئۇچقۇلىرى توختاۋسىز ھالدا قوياش نۇرى ئاستىدا پارتلايتتى. بومباردىمانچى ئۇچقۇلار تەيۋەنگە يېقىنلاشقاندا جۇڭگونىڭ «قارا بوران2» تىپلىق ئۇچقۇلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سۈرئەتتە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىشتى!

ئامېرىكىنىڭ بىر F ـ 35 ئۇچقۇچىسى ھەيران بولغان ھالدا:

ــ بۇ نېمە نەرسە؟ــ دەپ ۋاقىرىۋەتتى. «قارا بوران2» نىڭ ئۇچقۇچىسى ئۈنلۈك ھالدا:

ــ بۇرادەرلەر، ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىپتۇق! دەرھال كەينىمىزگە قايتايلى!ــ دېدى. ئۇچقۇچى A:

ــ ھوي! بۇ سۈرئەت دەھشەتكەن!ــ دېدى. ئۇچقۇچى B:

ــ توغرا، پۇل بولسا بۇنىڭدىن بىرنى سېتىۋالسا بولغۇدەك!ــ دېدى.

20نەچچە سىرتقى كۆرۈنىشى غەلىتە ئۇچقۇلار ئىككى ئارمىيىگە قاراپ ئېتىلىپ كەلدى، تەيۋەن ئۇچقۇچىلىرى دەسلەپتە بۇلارنى ئامېرىكىنىڭ مەخپىي قوراللىرىمىكىن دەپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئامېرىكا جەڭ ئۇچقۇلىرىنىڭ ئالاقىزادىلىك ئىچىدە ئامالسىز قالغان ھالىتىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە 20 نەچچە ئۇچقۇنىڭ قۇيرۇقىدىكى قىزىل ئەجدىھانىڭ بەلگىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئۇچقۇلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ياردەمگە كەلگەنلىكىنى بىلىشتى. گەرچە ئاران 20 دانە بولسىمۇ، بۇ ئۇچقۇلارنىڭ ئۇچۇش سۈرئىتى ۋە فانتازىيىلىك كىنولاردىكى جەڭ ئۇچقۇلىرىدەك سىرتقى قىياپىتى بىلەن ئۇلارنى بۇ ئۇچقۇلارنىڭ چوقۇم ئامېرىكا ـ ياپونىيە ئىككى ئارمىيىنىڭ ئۇچقۇلىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتالايدىغانلىقىغا ئىشەندۈردى! دېگەندەكلا، كۆك رەڭلىك لازېر نۇرلۇق زەمبىرەكلەر ھاۋادا تال ـ تال چىرايلىق نۇر سىزىقىنى ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ F ـ 35 ئۇچقۇلىرى يامغۇر ياغقاندەك دېڭىزغا قاراپ چۈشۈپ كېتىشكە باشلىدى! بىر ياپونىيە جەڭ ئۇچقۇسى قالايمىقانچىلىقتا ئامېرىكىنىڭ B1 بومباردىمانچى ئۇچقۇسىغا سوقۇلۇپ كەتتى، ھالبۇكى ئامېرىكىمۇ

ئۆزلىرىنىڭ ئىلغار ئەنئەنىسى — «خاتا بومباردىمان قىلىش»نى جارىي قىلدۇرۇشقا باشلىدى، باشقۇرىلىدىغان بومبىلار «قارا بوران2»غا قاراپ ئۇچۇپ كەلگەندە، «قارا بوران2»نىڭ پىركوش ئېغىزىدىن كۆك نۇر ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇچقۇنىڭ سىرئىتى بىردەمدىلا باشقۇرىلىدىغان بومبىدىنمۇ تېزلىشىپ كېتەتتى-دە، باشقۇرىلىدىغان بومبىنىڭ باشقۇرۇش سىستېمىسى دەرھال رولىنى يوقىتاتتى، بىكارغا كەتمىگەن تەقدىردىمۇ ئۆز ئۇچقۇلىرىغا سوقۇلاتتى. «نېمىس» ئاۋىئاماتكىدا قوماندان ھاڭۋاقىنىچە ئۆز ئۇچقۇلىرىنىڭ خۇددى چىۋىن ئۆلتۈرگەندەك بىر-بىرلەپ ئېتىپ چۈشۈرۈلىۋاتقىنىنى كۆرگىنىدە، زادىلا چىدىيالماي قالدى:

— دەرھال ئۇلارغا ئېيت، ئۇلار چېكىنسۇن، تېز چېكىنسۇن!

تەيۋەنگە يېقىن دېڭىز تەۋەلىكىدىكى ئامېرىكا ئارمىيىسى ئۇچقۇچىلىرى ئۆمرىدىكى بۇ ئەڭ ياخشى خۇشخەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋېتىشتى. جۇڭگو ھاۋا ئارمىيىسى، ئەلۋەتتە، بۇ سۇغا چۈشكەن ئىتنى تازا ئۇرىدىغان پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغۇسى كەلمىگەنلىكتىن، ئوق-دورىسى تۈگىگىچە قوغلاپ بېرىپ ئېتىپ ئاندىن قايتتى، ياپونىيە-ئامېرىكا ئىككى ئارمىيىنىڭ ھاۋا ئارمىيىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بازىسىغا قايتقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يەر يۈزى ئارقا سەپ خادىملىرى ئۆزلىرىنىڭ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى! ئەتىگەندە تېخى يولغا چىققان زور قوشۇن ئاران ئون نەچچە لەپپەڭشىپ قالغان ئەبجەق ئۇچقۇ بولۇپ قايتىپ كەلگەنىدى.

ھىندىستاننىڭ شىرگۇلمۇ جۇڭگونىڭ يەر يۈزى قىسىملىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىدى، پاكىستان قىسىملىرى جۇڭگو ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ھېمايىسىدە پۈتۈن كەشمىر رايونىنى ئىشغال قىلدى! ئامېرىكا ۋە ياپونىيە ھاۋا ئارمىيىلىرى ئېغىر يارىلاندى! ئامېرىكا ئۇچقۇلىرىنىڭ بومباردىمانچى ئۇچقۇلىرى بىرەر تال بومبىنىمۇ تاشلىيالماي چېكىنىپ كېتىشتى! بۇ خەۋەر دۇنيادىكى نۇرغۇن ھەربىي ئىشلار ئوبزورچىلىرىنىڭ يۈرەك كېسىلىنى قوزغىتىپ دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇۋېتىشتى! ئەسلىدە ئامېرىكىنىڭ جەڭگە قاتنىشىشى جۇڭگونىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى توختىتىپ قويىدىغاندەك قىلغانىدى، ئەمما ئويلىمىغان يەردىن ھەتتا ئامېرىكىمۇ جۇڭگونى توسۇشقا ئامالسىز قالدى! دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر ئامېرىكىنىڭ ھازىر ئىقتىسادىي جەھەتتىنلا ئەمەس، ھەتتا ھەربىي جەھەتتىنمۇ تەختنى جۇڭگوغا تارتقۇزۇپ قويغانلىقىنى بىلىشتى! ئامېرىكىنىڭ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دەۋرى ئۆتكەن ئىدى! دۇنيا جۇڭگونىڭ غەلىبىسىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلىۋاتقاندا، شىنجاڭ يەر ئاستى بازىسىدىن كەلگەن بىر پارچە تېز تېلگرامما جۇڭنەنخەيگە يەتكۈزۈلدى!

# 12 ـ باب كۆتۈلمگەن جەڭ

كەشمر رايونىدىكى پاكىستان ئارمىيىسى جۇڭگو قىسىملىرىنىڭ غەلىبە پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ھىندىستان قوشۇنلىرىغا قوغلاپ زەربە بەرمەستىن، ئەكسىچە تارىم ئويمانلىقىغا چېكىنگەنلىكىنى ھەمدە شىنجاڭ رايونىدا تېخىمۇ كۆپ قىسىملىرىنىڭ يىغىلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئەمما پاكىستان ئوفېتسىرى جۇڭگونىڭ كەشمىر رايونىنىڭ پاكىستاننىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى بىلەتتى، جۇڭگو خەلقئارادا ئىشەنچلىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى، ئەگەر ئۇلار بۇ قىسىملىرى بىلەن پۈتۈن كۈچ بىلەن ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلسا، بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئىش بولمايتتى. بىراق قارىغاندا جۇڭگونىڭ بۇنداق قىلغۇسى يوقتەك قىلاتتى، پەقەت قوشۇننى يىغقاندىن كېيىن مىدىرلاتمايۋاتاتتى!

ئامېرىكا، كىچىك بوش تىت ـ تىت بولغىنىدىن قىزىق قازاندىكى چۈمۈلىگە ئوخشاپ قالغانىدى، ئۇ جۇڭگونىڭ ھەربىي ئىشلار تېخنىكىسىنىڭ بۇنچىۋالا ئىلغارلىقىنى قىلچىمۇ ئويلاپ باقمىغانىدى B1 .بومباردىمانچى ئۇچقۇلارنىڭ ھەممىسى تېنچ ئوكيانغا چۈشۈپ كەتتى، بىرەرسىمۇ ئۇچۇپ قايتىپ كېلەلمىدى 35 ـ F !جەڭ ئۇچقۇلىرىمۇ جۇڭگونىڭ ئاۋازدىن تېز سۈرئەتلىك ئۇچقۇلىرى(قارا بوران 2)نىڭ ئالدىدا بىر تېپىككىمۇ يارىمىدى، ھىندىستان يەر يۈزى قىسىملىرىمۇ پولات تاختىغا تېپىۋالغان بولۇپ، شىرگۇل رايونىدا جۇڭگو قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى تەرىپىدىن تېرى ـ پىرەن قىلىندى! ئىگىلىگەن سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، جۇڭگونىڭ ھەربىي ئىشلار تېخنىكىسىنى كەلگۈسى 200 يىلدىن كېيىنكى سەۋىيىگە يەتتى دېيىشكە بولاتتى. تەيۋەندىكى جەڭدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قوللاش نىسبىتى ئاران %7گە چۈشۈپ قالدى، دېموكراتىكلار پارتىيىسىنىڭ ئادەملىرىمۇ پارلامېنتتا ئۇنى سۆكۈشكە باشلىدى! ھازىر بۇ مەغلۇبىيەتلىك ئاقىۋەتتىن قۇتۇلدىغان بىردىنبىر ئامال بولسا جۇڭگونى قايتا راۋۇرۇس بىر ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىش ياكى جۇڭگونىڭ نېمىشقا بۇنداق تۇيۇقسىز دۇنيا تېخنىكىسىدىن ھالقىپ كېتىشىدىكى شۇنچىۋالا كۆپ سەۋەپلەرنى تېپىپ چىقىش ئىدى! جۇڭگونى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىش؟ قارىغاندا مۇمكىن ئەمەسكەن! ھازىر پەقەت ئامالنىڭ بىرىچە جۇڭگونىڭ مەخپىيەتلىكىنى تېپىپ چىقىشلا قالدى.

بۇ چاغدا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىدىكى تېنت كىرىپ كەلدى، كىچىك بوش قۇتقازغۇچى پەرىشتىگە يولۇققاندەك ئالمان ـ تالمان سورىدى:

ــ سۆيۈملۈك تېنت ئەپەندى، خەۋەر بارمۇ؟

— ئەلباشى ئەپەندى، بىزنىڭ جاسۇسلىرىمىز چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، جۇڭگونىڭ قارا ھېساباتىنىڭ قارىغاندا شىنجاڭ رايونىغا ئېقىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپتۇ،— دەپ بېشىنى لىڭشىتتى تېنت. كىچىك بۇش ھەيران قالغان ھالدا:

— شىنجاڭ؟ بىراق بىز بۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان شىنجاڭ رايونىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولغىنىنى بايقىمىدۇققۇ؟— دېدى. تېنت سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— توغرا، شىنجاڭ رايونىنىڭ سىرتقى كۆرۈنىشى ھېچقانداق ئۆزگەرگىنى يوق. ئەگەر ئۇلار ئاستىرتتىن ئىش كۆرگەن بولسا بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ سۈنئىي ھەمراھلىرىمىز جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى قىسىملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا يىغىلغانلىقىنى بايقىدى، مەن جۇڭگونىڭ شىنجاڭدا چوقۇم چوڭ ئىشتىن بىرسى چىققانلىقىغا كاپالەت بېرەلەيمەن،— دېدى. كىچىك بۇش چوڭقۇر ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— توغرا، ئامالىنىڭ بېرىچە بىر قىسىم جاسۇسلارنى كۆپرەك ئەۋەتىپ، شىنجاڭدا زادى قانداق مەخپىيەتلىك بارلىقىنى چوقۇم ئېنىقلاپ چىقىڭلار. تېزراق! چوقۇم دېموكراتىكلار پارتىيىسىدىكى ئاشۇ ئادەملەر تېخى پۈتۈنلەي قالايمىقانچىلىق چىقىرىشتىن بۇرۇن ئېنىقلاپ بولۇڭلار!— دېدى. تېنت:

— خوپ! ئەلباشى ئەپەندى!

جۇڭگونىڭ غەلىتە ھەرىكىتى 2009-يىلى 6-ئۆكتەبىر باشلانغانتى، جۇڭگو شىنجاڭدىكى يەرئاستى مەخپىي بازا، بىر توپ تەتقىقاتچىلار قوغدىغۇچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا تاشقى پىلانىت جەڭ كېمىسىدىكى غايەت زور بىر تۆمۈر ئىشكىنى ئېچىۋاتاتتى، غايەت زور تۆمۈر ئىشىك تۆت دانە لازېر نۇرلۇق توك ھەرە بىلەن كېسىپ ئېچىلىشى بىلەنلا، جۇڭگولۇقلاردەك تېرە رەڭگىگە ئىگە، ئەمما ئازراق روسلارغا ئوخشاۋراق كېتىدىغان ئوتتۇرا ياشلىق بىرى ئەترەتنى باشلاپ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، بۇ ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم ليۇ چىشۈن ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى جۇڭگولۇق، ئانىسى روس ئىدى. 15 يىل ئاۋۋال ليۇ چىشۈننىڭ ئۇستازى بولسا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پروفېسسورى ئىدى، ئەينى يىللاردا ئۇنىڭ ئۇستازى تۇيۇقسىز يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئازراقمۇ خەت-خەۋەرى بولمىدى، ئاخىرى بىر كۈنى ئۇ ئۇستىسىدىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالدى، خەتتە ئۇنىڭدىن بۇ يەرگە خىزمەتكە كېلىشنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ ھازىر پۈتۈن دۇنيانى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر تۈرلۈك پەن-تەتقىقاتقا قاتنىشىۋاتقانلىقى، ئۆزىنىڭ ئەڭ پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇ ئىكەنلىكى، ئۆزىنىڭ ئۇ بۇ تەتقىقات تېمىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەرگىزمۇ ئۈمىدسىزلەنمەيدىغانلىقىغا كاپالەتلىك بېرەلەيدىغانلىقى، بىراق بۇ يەرگە كەلسە، تاشقى دۇنيادىن پۈتۈنلەي ئالاقىسى ئۈزۈلىدىغانلىقى، ھەمدە بۇ يەردىن مەڭگۈ ئايرىلسا

بولمايدىغانلىقى قاتارلىقلار يېزىلغانتى. ئەينى چاغدا ليۇ چىشۈن ناھايىتى گاڭگىراپ قالغانتى، بىراق ئاخىرىدا قىزىقىش ھېسسىياتى گاڭگىراش ھېسسىياتىنى بېسىپ چۈشتى! ئۇ بۇ بازىغا كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ تاللىشىنىڭ توغرا بولغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇستازى ئىككى يىل ئاۋۋال ئۆلۈپ كەتتى، ئۇ ئۆزىمۇ بۇ يەردە يەر ئاستىدا ئىشلىگىلى ئالتە يىل بولۇپ قالدى.

بىر كەڭرى ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن كۆز ئالدىدىكى مەنزىرە ھەممەيلەننى ھاڭۋاقتۇرۇپ قويدى، گەرچە ئۇلار بۇ يەردە ھەر خىل ئويلاپمۇ يەتكىلى بولمايدىغان غەلىتە مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ ئادەتلەنگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ ئۆيدىكى نەرسىلەر يەنىلا ئۇلارنى ھەيران قالدۇردى. كۆز ئالدىدىكى بولسا قاتار-قاتار رەتلىك تىزىلغان ماشىنا ئادەملەر ئىدى، بەش مىنۇت 32 سېكۇنت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار ئاخىرى ھۇشىغا كېلىشتى، ۋاقىت بۇ يەردىكى ھەر بىرەيلەنگە نىسبەتەن ئىنتايىن قىممەتلىك ئىدى. ساندىن قارىغاندا بۇ يەردە يۈز نەچچە ماشىنا ئادەم بارتى، ھەر بىر ماشىنا ئادەم ئىنسانلاردىن ئازراقلا ئېگىز ئىدى، تۆت ئەتراپتا جەڭ بولغانلىق ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى، بۇنىڭ ئالدىدا كىرگەن ئۆيدە كۆرگەن تۈنجى نەرسە — قان ئىزى ۋە پارچىلىنىپ كەتكەن جەسەتكە سېلىشتۇرغاندا بۇ يەر خېلىلا ياخشى ئىدى. ليۇ چىشۈن ئاستا مېڭىپ بىر ماشىنا ئدەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا تەپسىلىي قاراشقا باشلىدى، ماشىنا ئادەمنىڭ پۈتۈن بەدىنى بىرونە بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئىككى مېتىردىن ئېگىزرەكتى، قولىدا ھېچقانداق قورال كۆرۈنمەيتتى، مەيدىسىدىكى بىرونىغا سامان يولى سىستېمىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر بەلگە ئويۇقلۇق ئىدى.

ليۇ چىشۈن بەلگىنى ئاستاغىنە سىلىشىغا، ماشىنا ئادەمنىڭ ئېلېكتىر كۆزى تۇيۇقسىز يورۇپ كەتتى. بىر قاراۋۇل ئالدىراش ۋارقىرىۋەتتى:« ليۇ پروفېسسور، ئاۋايلاڭ!» ليۇ چىشۈن ئاڭقىرىپ بولغۇچە، ماشىنا ئادەم ئۇنىڭ كېكىرتىكىدىن تۇتۇپ، بويىنىنى تولغاشقا باشلىدى، ليۇ چىشۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىركىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ماشىنا ئادەم قولىنى قىلچە بوشاتماستىن تېخىمۇ چىڭ سىقىشقا باشلىدى، بىر نەچچە قوغدىغۇچى ماشىنا ئادەمگە ئېتىلىپ كەلدى، ماشىنا ئادەم بېشىنى بۇراپ قوغدىغۇچىغا قارىدى، يېشىل رەڭلىك ئېلېكتىر كۆزى شۇئان قىزىل رەڭگە ئۆزگەردى، ماشىنا ئادەم قولىنى كۆتۈرۈپ، قوغدىغۇچىغا قارىتىپ تەڭلىدى، ھەش-پەش دېگۈچە ئۇنىڭ قولى مىلتىق ستىۋولىغا ئۆزگەردى، لازېر نۇرى كىشىلەر توپىغا قاراپ ئېتىلدى، بىردەمدىلا ئۆي ئىچىنى قىيا-چىيا قاپلىدى، ليۇ چىشۈننى تۇتتۇۋالغان قولىمۇ بىردىنلا چىڭ سىقىلدى! سىرتتىكى كارىدوردا مۇھاپىزەتچىلىك قىلىۋاتقان قوغدىغۇچىلار نالە ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھال يۈگۈرۈپ كىرىشتى، ئىشىك ئالدىغا ئەمدىلا كېلىشىگە ئۇ يەردە بىر توپ ماشىنا ئادەمنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈشتى، ئەسكەرلەر ھۇشىنى

تېپىپ بولغۇچە، بارلىق ماشىنا ئادەملەر ئەسكەرلەرگە قارىتىپ ئوق ئېتىشتى. لازېر نۇرىنىڭ ئالدىدا ئوقتىن ساقلىنىش كېيىمى قىلچىمۇ كارغا كەلمىدى، بۇ يەردىكى ئەسكەرلەر قاتتىق چېنىقىشتىن ئۆتكەن بولغاچقا، ئۇلار ناھايىتى تېزلا ھۇشىنى تېپىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشتى! بىر ئەترەت باشلىقى يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىدى:« دەرھال گۈدۈك (ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى) چېلىڭلار! تېز!» بىردەمدە يەرئاستى بازىسىدىكى بارلىق گۈدۈكلەر چىقىراشقا باشلىدى، «جىددىي ئەھۋال يۈز بەردى! جەڭگىۋار قىسىمدىكىلەردىن باشقا بارلىق خادىملار دەرھال قەڭ كېمىسىدىن ئايرىلىڭلار!» نۇرغۇن ماشىنا ئادەملەر ناھايىتى تېزلا ئوق تورىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، جەڭ كېمىسىنىڭ سىرتىغا چىقىۋالدى! يول بويى ئۇلار ئادەم ئۇچرىسىلا ئۆلتۈرەتتى، جەڭ كېمىسىنىڭ ئىچى جەسەتلەر بىلەن تولدى، قىپقىزىل قانلار پۈتكۈل كارىدورنى بويىدى.

تاشقى پىلانىت جەڭ كېمىسى سىرتىدىكى قوغدىغۇچىلار مۇداپىئە جازىلىرىنى تىكلەپ، قوراللىرىنى چىقىش ئىشىكىگە چەنلەپ بولغانتى، ئون نەچچە «قارام ئەجدىھا» تانكىلىرىمۇ لىفىت ئارقىلىق يەر ئاستىغا ئېلىنىپ كېلىنىدى، نۇرغۇن ئەسكەرلەر توختىماستىن لىفىتتىن چۈشۈۋاتاتتى، تەتقىقاتچىلار بولسا تۈركۈملەپ يەر ئۈستىگە يۆتكىلىۋاتاتتى. بىر قوماندان ئەسكەرلەرگە:« ئۇلار چىقىشى بىلەنلا بىرلىكتە ئوت ئېچىڭلار! ئامالىنىڭ بېرىچە ئۇلارنى جەڭ كېمىسىنىڭ ئىچىدە تۇتۇپ تۇرۇڭلار» دېدى قوماندانلىق قىلغاچ. «خوپ!» بارلىق ئەسكەرلەر بىردەك جاۋاب بېرىشتى، گەرچە ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى بەكمۇ تۆۋەن بولسىمۇ، بىراق تەر سۈيى ئۇلارنىڭ ئالقىنىنى ھۆل قىلىۋەتتى! تۇنجى ماشىنا ئادەم جەڭ كېمىسىدىن چىقىشى بىلەنلا نەچچە يۈزAT63 تىپلىق لازېرلىق مىلتىق ۋە «قىزىل يۇلتۇز» زەربە مىلتىقى ئۇنىڭغا قارىتىپ تەڭلا ئوت ئاچتى، ماشىنا ئادەمنىڭ پۈتۈن بەدىنىدە ئۇچقۇنلار پارقىراشقا باشلىدى، ئەمما ئۇ سەنتۈرۈلگىنىچە بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن ئۇلارغا قاراپ يېقىنلىششقا باشلىدى، «بۇ مەخلۇق نېمىدىن ياسالغان بولغۇيتتى؟» ئاز بولمىغان تەتقىقاتچىلار كۆزەتكۈچتىن ئۇنىڭغا ھاڭۋاققىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى. بىر «قارام ئەجدىھا» تانكىسى ماشىنا ئادەمگە قارىتىپ ئىككى پاي ئاتتى، غايەت زور پارتلاش كۈچى ۋە زەربە كۈچى ئۇ ماشىنا ئادەمنى قاڭقىتىپ ئۇچۇرۇپ، قورام تاشقا زەربە بىلەن سوقتۇرىۋەتتى، ئەمما ئۇ بىر قولى بىلەن تەسلىكتە تىرەجەپ ئورنىدىن تۇردى، يەنە بىر ئۆزۈۋېتىلگەن بىلىكىدە كۆك رەڭلىك ئۇچقۇنلار پارقىرايتتى، ئۇنىڭ ئېلېكتىر كۆزى تۇيۇقسىز ناھايىتى كۈچلۈك يورىدى، ئاندىن بىردىنلا ئۆچۈپ قالدى. ئۇ يەرگە يىقىلىپ قايتا ئورنىدىن تۇرمىدى. بۇ چاغدا جەڭ كېمىسىنىڭ چىقىش ئېغىزىغا ئوپمۇ ـ ئوخشاش يۈز نەچچە ماشىنا ئادەم يىغىلىپ، مۇداپىئە سېپىگە قاراپ ھۇجۇم قىلىپ كەلدى! «تېز ئېتىڭلار!» قوماندان بارلىق كۈچى بىلەن

ۋارقىرىدى، ماشىنا ئادەملەرنى قولى ئوت كۈچى تورىنىڭ تەسىرىدە بىردەمدە مىلتىققا ئايلاندى! بىردەمدە ئىككى تەرەپ قالايمىقان ئېتىشىپ كەتتى، لېكىن ئەسكەرلەرنىڭ تېنى قان ۋە گۆشتىن پۈتكەن بولغاچقا، قانداقمۇ ھېچقانداق ئاغرىش سېزىمى بولمىغان ماشىنا ئادەملەرنىڭ رەقىبى بولالىسۇن؟ ماشىنا ئادەملەر بىر نەچچە ھەمراھىنى چىقىم تارقاندىن كېيىن، مۇداپىئە سېپىگە بۆسۈپ كىردى، يېقىن ئارىلىقتا كېلىپ قالغانلىقتىن «قارام ئەجدىھا»مۇ ئوق ئېتىشقا ئامالسىز قالدى. قۇچاقلاشما جەڭدە ئامەت پۈتۈنلەي ماشىنا ئادەملەرنىڭ بولدى، نەيزە ۋە پىچاقلار بىلەن ئۇلارنى چاپسا ئازراق ئۇلار ھەتتا زېدىمۇ بولمايتتى، ماشىنا ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قولى كۆك رەڭلىك لازېرلىق قېلىچقا ئۆزگەردى، قولىنى شۇنداقلا شىلتىسا بەدىنىگىزنى پارچىلاپ، پۇت-قوللىرىڭىز ھاۋادا ئۇچۇپ، قىپقىزىل قانلار ھەممە يەرنى بويايتتى. جەڭچىلەر بۇ قىلچىمۇ ھېسسىياتى يوق قاتىل ماشىنا ئادەملەر ئالدىدا جېنىنى تىكىپ جەڭ قىلاتتى، ئۇلارنى قۇچاقلىغىنىچە گراناتنى پارتىلىتاتتى ياكى ئاپتوماتنى ماشىنا ئادەملەرنىڭ مېڭىسىگە بېسىپ تۇرۇپ ئاتاتتى. بىراق گرانات پارتىلىغاندىن كېيىن ماشىنا ئادەملەر يەنىلا ئازراق قارىدىغاندىن باشقا ھېچنىمە بولماي ئىس-تۈتەك ئىچىدىن مېڭىپ چىقاتتى، مېڭىسىگە ئاتقان بىلەنمۇ ئۇلار بېشىنى لىڭشىتىپ قوياتتى، خالاس. بىر ماشىنا ئادەم كەينىگە چېكىنىۋاتقان «قارام ئەجدىھا»نى كۆرۈپ، دەرھال ئۇچۇپ تاقلاپ تانكا ئۈستىگە چىقىۋالدى، قېلىن برونە خۇددى لاي توپىغا ئوخشاش كۆك رەڭلىك نۇر قېلىچ تەرىپىدىن ئىككى پارچە قىلىندى! ئىچىدىكى شوپۇر ماشىنا ئادەمنىڭ بورنىنى ئىككى پارچە قىلىۋاتقىنى كۆرۈپ، چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئۆزىنى يوقىتىش قۇرۇلمىسىنى ئاچتى! غايەت زور پارتلاش بىلەن تەڭ ماشىنا ئادەم پارچە-پارچە بولۇپ كەتتى!

بىر ئەسكەر شىنجاڭ يەرئاستى بازىسىنىڭ باش قوماندانى يۆ چېڭلۇڭغا دوكلات قىلدى:

— يەرئاستى مۇداپىئە سېپىمىزمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى، ئارمىيىمىزدىن ئۆلۈش-يارىلىنىش بەك ئېغىر!

يۆ چېڭلۇڭ يۇقىرى ئاۋازدا تاپىلىدى:

— يەر ئاستى قىسىملارنىڭ ھەممىسى چېكىنسۇن، يەر ئاستى 23-نومۇرلۇق تەتقىقات بازىسىدا يېڭىدىن مۇداپىئە سېپى قۇرسۇن، يەر يۈزىگە تۇتىشىدىغان يولنى قامال قىلسۇن! ئەگەر ئۇلار سەپنى بۆسۈپ ئۆتسە دەرھال لېفتنى پارتلىتىۋەتسۇن، ھەرگىزمۇ ئۇلارنى يەر يۈزىگە چىقارمىسۇن. يەنە دەرھال مەركەزگە دوكلات قىلىپ، ياردەم تەلەپ قىلىڭلار!

-2009يىلى 7-ئۆكتەبىر مەركەز دوكلاتنى تاپشۇرىۋالدى! ئەينى چاغدا لى رەئىس بەكمۇ ھەيران قالدى! ئەگەر بۇ ماشىنا ئادەملەر يەر يۈزىگە چىقىۋالسا، بارلىق پىلانلار بىراقلا ئاشكارا بولۇپ قالاتتى. گېنرال جوۋ تيەنخۇا دەرھال تۆت بىرلەشمە ئارمىيىنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى،

ئۇلاردىن ھەرقانداق بەدەلدىن قورقماي ماشىنا ئادەملەرنى توسۇشنى تەلەپ قىلدى! ئاكادېمىيىدىكى كىشىلەرمۇ ئالدىراشچىلىقتىن باش قاشلىغۇدەك ۋاقىت چىقىرالماي قېلىشتى، ھەممەيلەن بۇ تەڭداشسىز دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدىشەتتى، ئېلېكتىر ماگنىتلىق بومبىنى ئىشلەتسىمۇ ماشىنا ئادەمگە كار قىلمايتتى، ئەكسىچە ئۆزىمىزنىڭ بىر قىسىم قورالللىرىمىز ماگنىت دولقۇنى سەۋەبىدىن بۇزۇلۇپ كېتەتتى! لازېرلىق زەمبىرەك گەرچە كارغا كەلسىمۇ، لېكىن ئېنېرگىيە قاچىلاش ۋاقتى بەك ئۇزۇن ئىدى، ماشىنا ئادەملەر بىر قېتىم زىيان تارتقاندىن كېيىن، ئىككىنچىنى قېتىمدا لازېرلىق زەمبىرەكنى كۆرگەندىن كېيىن، ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەممىسى بىرلىكتە ئېتىلىپ كەلدى! بۇلار بۇ ماشىنا ئادەملەرنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى ئەقلىي ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى، ئۇلار ھەمراھلىرىغا ماسلىشىپلا قالماي، يەنە تېخى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھەر خىل ھۇجۇم ئۇسۇللىرىنى ئويلاپ چىقاتتى! بىرىنچى قېتىملىق ئېلىشىشتىن كېيىن، ماشىنا ئادەملەر 2 ـ قېتىملىق ھۇجۇمدا قالقان كۆتۈرۈپ ھۇجۇم قىلىپ چىقتى. بەزىلىرى ھەتتا ئۆزىنى قوشۇپ پارتلىتىش تاكتىكىسىنى ئىشلىتىشتى! قىسقىسى، ئادەم ئۆلتۈرەيلىدىغان بارلىق ئامالللارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىشتى، شىنجاڭ يەرئاستى بازىسىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ھازىر ھەدەدىدىن زىيادە جىددىيلىشىپ كەتكەنتى، ماشىنا ئادەملەر كېچە ـ كۈندۈز دېمەي ھۇجۇم قىلاتتى، ھەتتا ئىككى جەڭ ئارىلىقىدا دەم ئالغۇدەكمۇ پۇرسەت بەرمىدى! يەر يۈزى تانكا پارچىلىرى ۋە جەسەتلەر بىلەن تولدى! بۈگۈن ئۇلارنىڭ 12 قېتىملىق ھۇجۇمى چېكىندۈرۈلدى، ئەمما بىزدىنمۇ زور چىقىم بولدى، ھەر كۈنى يارىلانغان ئەسكەرلەر يەر يۈزىگە توشۇلاتتى! ئىستاستىكا قىلىنىشچە، 2000دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈپ، 147 ئادەم يارىلانغان ئىدى.

ھازىر جۇڭگونىڭ دۇنيا جەڭ مەيدانىدىن تۇيۇقسىز توختىشى دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ گۇمانىنى قوزغىدى! جۇڭنەنخەيدە لى رەئىس جىددىيلەشكىنىدىن جايىدا چۆرگىلەيتتى! ھازىرقى مۇشۇنداق ياخشى پەيتتە ئامېرىكىنى ئوبدانراق ياساپ قويسىلا، ئامېرىكا ئەلباشى تەختتىن چۈشەتتى، بىراق مۇشۇنداق چاغدا باشنى ئەڭ ئاغرىتىدىغان ئىش چىقتى! بۇ ماشىنا ئادەملەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۇن ئامېرىكىغا تاقابىل تۇرۇشتىنمۇ تەسكەن. مۇشۇ چاغدا جوۋ تيەنخۇا كىرىپ كەلدى:

ــ لى رەئىس، ماشىنا ئادەملەرنىڭ ھۇجۇمى بارغانسېرى كۈچلۈكلىشىپ كېتىپ بارىدۇ، تۆت بىرلەشمە ئارمىيىمۇ ئۇلارنى يوقىتالمىغۇدەك.

لى رەئىس بېشىنى چايقىغىنچە ئۇھ تارتىپ:

ــ ئەجەبا بىز راستىنلا بۇ تاشقى پىلانىت ماشىنا ئادەملىرىنىڭ قولىدا تۈگىشەرمىزمۇ؟ــ دېدى.

جوۋ تيەنخۇا:
ــ مېنىڭ پەممچە، شىزاڭ رايونىدىكى لىن خەيياۋن گېنېرالنىڭ قىسمىلىرىنى شىنجاڭغا يۆتكىسەكمىكىن، پاكىستان قىسىملىرىغا بىر قىسىم ماددىي ياردەم بېرىپ، ئۇلار ئارقىلىق ھىندىستان قىسىملىرىنى تۇتۇپ تۇرساق بولىدۇ!ــ دېدى. لى رەئىس بېشىنى لىڭشىتىپ:
ــ بولىدۇ! ھازىر پەقەت ئاشۇ ماشىنا ئادەملەرنى يوقىتالىساقلا بولىدۇ!ــ دېدى.
جۇڭگونىڭ شىزاڭدىكى قىسىملىرى جەڭ رايونىدىن چېكىندى، ھىندىستان تەرەپ جۇڭگونىڭ قۇرۇق شەھەر ھىيلىسىگە ئالدىنىشتىن قورقۇپ ھۇجۇم قىلىپ كىرىشكە پېتىنالمىدى، ئەكسىچە پاكىستان قوشۇنلىرى ئىنتايىن خۇشال ھالدا زور تۇركۇمدىكى ھەربىي ئۇسكۇنىلەرنى (پەقەت ئادەتتىكى ئۇسكۇنىلەر، يېڭى تىپتىكى قۇراللار يوق) تاپشۇرۇۋېلىپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە باشلىدى، جۇڭگو ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە پاكىستانغا ياردەم بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە قىلدى. خەلق ئازراق نارازى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىشنى بەكمۇ چوڭايتىۋەتمىدى، چۈنكى جۇڭگو ئۇلارغا نۇرغۇنلىغان تۇيۇقسىز خۇشاللىقلارنى بەرگەنتى، ئەلۋەتتە. ياپونىيە، فىلىپپىن، ۋېيتناملار جۇڭگونىڭ غەلىتە ھەرىكىتى ۋە ئامېرىكا بىلەن ياپونىيىنىڭ ئېغىر مەغلۇبىيىتىنى كۆرگەندىن كېيىن، يېنىكلىك بىلەن ئىش كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى، ب د ت مۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جەڭ توختىتىشقا مۇراجىئەت قىلىشقا باشلىدى.
شىنجاڭغا ئۇچقان مەخسۇس ئۇچقۇدا گېنېرال لىن خەيياۋن جىمغىنە ئولتۇرۇپ دەرىزە سىرتىدىكى مەنزىرىنى تاماشا قىلماقتا، ئۇ جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ غايەت زور ئەجدىھانىڭ ئىچكى قالايمىقانچىلىق تۈپەيلىدىن قەددىنى توختاتقانلىقىنى، ئەمما بۇنىڭ پەقەت ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى!

## 13 ـ باب كۆتۈلمىگەن ئولجا

گېنېرال لىن خەيياۋن بازىغا كەلگەندە، ماشىنا ئادەملەر ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى! كۆزەتكۈچ ئېكرانىدىن زور تۈركۈمدىكى جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ 100 نەچچە ماشىنا ئادەم تەرىپىدىن قىلچىمۇ قول ياندۇرغىدەك كۈچى يوق تۇرغانلىقىنى، پۇتكۇل يەرئاستى بازىسىنىڭ ئاللىقاچان قان دېڭىزىغا ئايلانغانلىقىنى، ھەممە يەردە ئۆزۈپ تاشلانغان قول ـ پۇتلارنىڭ تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى! لىن خەيياۋن ۋارقىراپ تاپىلىدى:

ـــ قىسىملار دەرھال يەر يۈزىگە چىقىسۇن، يەر ئاستى مۇداپىئە سېپىنى بىكار قىلسۇن، زاپاس قىسىملار كىرىش - چىقىش ئېغىزىدا جەڭ تەييارلىقىنى ياخشى قىلسۇن!

يۆ چېڭلۇڭ ئەنسىرىگەن ھالدا:

ـــ بۇنداق قىلساق بولامدۇ؟ بازىنىڭ ئىچكى قىسمى بەكمۇ تار، ئۇ يەردە سەپ تۈزگىلى بولمايدۇ! «قارام ئەجدىھا»مۇ رولىنى جارىي قىلدۇرالمايدۇ!ـــ دېدى. لىن خەييۈن بېشىنى لىڭشىتىپ:

ـــ ياق، ھەر قايسى كىرىش - چىقىش ئېغىزلىرىدا لازېرلىق زەمبىرەك ئورۇنلاشتۇرىمىز، تار كارىدور ئىچىدە ئۇلار ھەرگىزمۇ قاچالمايدۇ! بىز يەر شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرىمىز، ئەسكەرلەرنىڭ ھاياتى ۋە ئۇلارنىڭ جان تىكىپ ئېلىشىشىغا يەنە تايىنىۋەرسەك بولمايدۇ،ـــ دېدى. يۆ چېڭلۇڭ دەرھال بېشىنى لىڭشىتىپ:

ـــ خوپ! چۈشەندىم!ـــ دېدى.

يەر ئاستى جەڭ مەيدانىدىكى قىسىملار بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال يەر يۈزىگە قايتتى، ماشىنا ئادەملەرمۇ ئەگىشىپ چىقتى، چىقىش - كىرىش ئىشىكىدە ئالىقاچان لازېرلىق زەمبىرەكلەر تەقلىنىپ بولغانتى، ماشىنا ئادەملەر كۆرۈنىشى بىلەنلا، كۆك رەڭلىك لازېر نۇر دەستىسى ئۇلارنى بىر دۆۋە تۆمۈر سۇيىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ماشىنا ئادەملەرنىڭ نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمى چېكىندۈرۈلگەندىن كېيىن، ماشىنا ئادەملەر يەر ئاستىغا چېكىندى، شىنجاڭدىكى بازىدىكى جەڭ ئاخىرى ۋاقىتلىق بولسىمۇ پەسەيدى.

جۇڭنەنخەيدە لى رەئىس دوكلات ئاڭلىماقتا، جوۋ تيەنخۇا سۆزلىمەكتە:

ـــ شىنجاڭ بازىسىدىكى ماشىنا ئادەملەر ئىككى كۈن بولدى ھۇجۇم قىلمىدى، ھازىر شىنجاڭدىكى جەڭ ئەھۋالى مۇقىملىشىپ بولدى. ئەمما خەلقئارادىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر بىزنىڭ شىنجاڭ بىلەن ئالدىراش تۇرغانلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ يەنە قۇتراشقا باشلىدى، ئامېرىكىنىڭ 7 - فلوتى تېنچ ئوكيانغا كېلىپ بولدى، ۋېيتنام دۆلىتىمىزنىڭ تېخىمۇ كۆپ دېڭىز تەۋەلىكىنى بېسىۋالدى!

ـــ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى تېخى يېتەرلىك ئەمەس، ماشىنا ئادەملەرنى چوقۇم تەلتۆكۈس يوقىتىش كېرەك! خەلقئارادىكى ئىشلارغا قارىتا مېنىڭ سىلەرگە دەيدىغان بىر خۇشخەۋىرىم بار! ئىككى دانە بېيجىڭ دەرىجىلىك توشۇغۇچى كېمە پۈتتى، بىز مۇشۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا پوپوزا قىلىپ قويساق بولىدۇ!ـــ دېدى لى رەئىس.

- 2009يىلى 14 - ئۆكتەبىر تاڭ سەھەر 3:00، شىنجاڭدىكى يەرئاستى بازىسى، بىر كۈلەڭگە ئاستاغىنە يەر ئاستىغا چۈشىدىغان لېفتقا چىقتى، يەر ئاستىغا ئادەملەرنىڭ كىرىشى چەكلەنگەنتى، نۇرغۇن ماشىنا ئادەملەر ئۇ يەردە توپلىشىپ تۇراتتى، ئۇ يەرگە چۈشسە تىرىك

چىقىپ كېتىشنى ئويلىمىسا بولاتتى. لىفىت تۆۋەنلەشكە باشلىدى، كۆلەڭگە شەكلى غەلىتە بىر تاپانچىنى چىقاردى، كۆلەڭگە تېخى جۇڭگونىڭ ھەربىي كىيىمىنى كىيىۋالغانتى. يەر ئاستىغا كەلگەندىن كېيىن لىفىت ئىشىكى ئېچىلىش بىلەنلا ئۇ يەردە بىر ماشىنا ئادەمنىڭ تۇرغانلىقى كۆرۈندى، ماشىنا ئادەم ئەمدى ئوق ئاتاي دەپ تۇرۇشىغا بىر تال يېشىل نۇر سىزىقى ئۇنىڭغا تەگدى! ئادەتتە تانكا زەمبىرىكىمۇ زەخىملەندۈرەلمەيدىغان ماشىنا ئادەمنىڭ ئېلېكتىر كۆزى شۇ ھامان ئۆچۈپ، يەرگە يىقىلدى. كۆلەڭگە لىفىتتىن چىققاندىن كېيىن، قورام تاشلارنىڭ ئارىسىدىن ئاستاغىنە جەڭ كېمىسىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى، يولدا نۇرغۇن ماشىنا ئادەم ئۇچرىدى، گەرچە ئۆڭكۈرنىڭ تېمپېراتۇرىسى ناھايىتى تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن پەقەت ئادەتتىكى ھەربىي فورما كىيىۋالغان كۆلەڭگە ئازراقمۇ پەرۋا قىلمىغاندەك ئىدى! ئىككى سائەتتىن كېيىن ئاخىرى جەڭ كېمىسىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا كەلدى، كۆلەڭگە ئاستاغىنە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى، ئىشىك ئالدىدا تۆت ماشىنا ئادەم مىدىرلىماستىن تۇراتتى، كۆلەڭگە بىر تىنىۋالدى، يانچۇقىدىن بىر دانە كىچىك شارچىنى چىقىرىپ ئاتتى، ماشىنا ئادەملەر ئىنكاس قايتۇرۇپ بولغۇچە، كىچىك شارچە كۆك رەڭلىك توك ئېقىمى چىقاردى! كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ماشىنا ئادەملەر ئىنتايىن ئازاپلانغىنىچە بېشىنى قاماللاپ يەرگە يىقىلدى، كۆلەڭگە سەكرەپ چىقىپ ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى، ئەتراپتىكى ماشىنا ئادەملەر بۇنى سېزىپ قالدى، سانىسىزلىغان لازېر نۇرى ئۇنىڭغا قاراپ ئۇچۇپ كەلدى، كۆلەڭگە كۈلۈپ تۇرۇپ:«كەچۈرۈڭلار، سىلەر بىلەن بۇ يەردە ئوينىغۇدەك ۋاقتىم يوق!» دېگىنىچە، جەڭ كېمىسى ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى.

»توك» قىلغان ئاۋاز بىلەن بىر ماشىنا ئادەمنىڭ ئېلېكتىر كۆزى ئۆچكەندىن كېيىن يەرگە يىقىلدى. كۆلەڭگە بىر چوڭ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن يېنىك بىر تىنىۋېلىپ، ئىشىك يېنىدىكى ئېلېكتىر قۇلۇپقا ناھايىتى پىششىق ھالدا مەخپىي نومۇرنى كىرگۈزدى، ئىشىك ئاستا ـ ئاستا ئېچىلدى! ئىچىدە غايەت زور بىر گېن كومپيۇتېرى بار ئىدى، بۇنىڭ جۇڭگونىڭ گېن كومپيۇتېرىدىن قانچە ھەسسە چوڭلۇقىنى بىلىپ بولمايتتى. كۆلەڭگە كىرىپ ئەتراپقا قارىۋەتكەندىن كېيىن، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى! ئەمدىلا كونتروللىغۇچنىڭ يېنىغا كېلىشىگە، تورۇستىن ئىككى ئاپتومات ساڭگىلاپ چۈشۈپ، ئۇنى قارىغا ئالدى! بىر غەلىتە تىلدىكى ئاۋاز ياڭرىدى، كۆلەڭگە بىر پارچە كارتىنى چىقىرىپ، ماشىنىغا تىقتى، گېن ماشىنىسىغا قاراپ نەچچە جۈملە غەلىتە تىلدا سۆزلىگەندىن كېيىن، قاپقاراڭغۇ جەڭ كېمىسى تۇيۇقسىز يورۇپ كەتتى! ياندىكى كۆزەتكۈچتىن ماشىنا ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. كۆلەڭگە بۇنىڭغا پىسەنت قىلماستىن:«بارلىق تاقاقلار تاقالسۇن، ئۇلارنى توسۇڭلار» دېدى. بىر نەچچە ئېغىر نەرسىنىڭ چۈشكەن ئاۋازى

ئاڭلاندى، ماشىنا ئادەملەر جىنىنىڭ بىرىچە تاقاقلارغا سوقۇلۇۋاتاتتى. كۆلەڭگە ئۇنىڭغا قاراپ:«ئۇلارنى بىردەم بولسىمۇ توسۇپ تۇرغىلى بولار، بولدى! مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پروگراممىنى ئۆزگەرتۋالاي» دېدى.

شىنجاڭدىكى بازىدا بىر ئەسكەر يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە دوكلات قىلدى:

ــ قوماندان، يەرئاستىدىكى جەڭ كېمىسى ھەرىكەتكە كەلدى.

ــ نېمە دېدىڭ؟ــ يۆ چېڭلۇڭ كارىۋاتتىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئەسكەر سۆزىنى تەكرارلىدى:

ــ يەرئاستىدىكى جەڭ كېمىسى ھەرىكەتكە كەلدى.

يۆ چېڭلۇڭ بۇنى ئاڭلاپ، كىيىمىنىمۇ كىيمەستىن يۈگرەپ چىقىپ كەتتى! قوماندانلىق ئۆيىگە كىرىپ ئۇ يەرگە گېنىرال لىن خەييۈننىڭ ئاللىقاچان كېلىپ بولغانلىقىنى كۆردى، يۆ چېڭلۇڭ ھاسىرىغىنىچە:

ــ ئە...ئەھ...ئەھۋال قانداق بولدى؟ــ دېدى. لىن خەييۈن بېشىنى بۇراپ سوغۇققىنە:

ــ يەر ئاستىدىكى ماشىنا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى نېمە سەۋەپتىن جەڭ كېمىسىنىڭ ئىچىگە يىغىلىۋالدىكىن؟ ھوي، يۆ قوماندان، زۇكامداشتىن ئېھتىيات قىلىڭ!ــ دېدى. يۆ چېڭلۇڭ تۇرۇپلا قالدى، بېشىنى ساڭگىلىتىپ قاراپ ئۆزىنىڭ پەقەت ئاسما مايكا ۋە كالتە تامبال بىلەنلا تۇرغانلىقىنى كۆردى! بىردەمدىلا يۆ چېڭلۇڭنىڭ يۈزى مايمۇننىڭ قوڭىدەك قىزىرىپ كەتتى، ئالدىراپ:

ــ كەچۈرۈڭ ـ ھە! ئابايامقى ئىش بەك تەسادىپىي بولدى، كىيىم يەڭگۈشلەشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن،ــ دېگەچ، ئەسكەر سۇنۇپ بەرگەن كىيىمنى كىيىشكە باشلىدى، كۆڭلىدە:«گۈزەل قىزنىڭ ئالدىدا يۈزۈم بەك چۈشۈپ كەتتى، ھەقىقەتەنمۇ مەن يۆ چېڭلۇڭنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەنلىكى بولدى،» دەپ ئويلىدى.

جەڭ كېمىسى ئىچىدە كۆلەڭگە پۈتۈن بەدىنى تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا:

ــ ئەسلىدە مۇنداقكەن ـ دە، ئالەم ئاتلاپ ئۇچقاندا پروگراما ئالەم ماگنىت ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە قالايمىقانلىشىپ كېتىپتىكەن! ھازىر ئىسسىقلىق ئېنىرگىيە ئىنكاسى بولغان جانلىقلارنى بايقىسىلا ئۆلتۈرىدىغان ماشىنىغا ئايلىنىپ قاپتۇ، ئۆزگەرتىپ ئەسلىگە كەلتۈرمەك ھەجەپمۇ ئاۋارىچىلىقكەن! ھۇ، بالدۇرلا پېنسىيەگە چىقىشقا تېگىشلىك تۆمۈر پارچىلىرى!ــ دېدى.

ماشىنا ئادەملەر 6 ـ ئىشىكنىمۇ بۇزۇپ كىرىپ كېلىشتى، ھازىر ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەقەت ئەڭ ئاخىرقى بىرلا ئىشىك قالغانتى. «توك!توك!توك!» ئىشىككە ئۇرۇلغان ئاۋازلار كېلىشكە باشلىدى، كۆلەڭگە تەرلىرىنى سۈرتىۋەتكەچ:

ــ مېنىڭ ئويلىغىنىمدىنمۇ تېزغۇ، بىراق مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن،ــ دېگىنىچە قىزىل رەڭلىك كونۇپكىنى باستى، بارلىق ماشىنا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى توختاپ قالدى، ئېلېكتىر كۆزلىرى توختاۋسىز لاپىلداشقا باشلىدى! بىردەمدىن كېيىن، قىزىل رەڭلىك ئېلېكتىر كۆزلىرى يېشىل رەڭگە ئۆزگەردى، كۆلەڭگە بۇنى كۆرگەندىن كېيىن بىرنى تىنىۋالدى، ئىشىكنى ئېچىپ سىرتقا چىقتى! ماشىنا ئادەملەرگە قاراپ ئۈنلۈك قىلىپ:

ــ ھەممىڭلار بىر رەت بولۇپ تىزىلىڭلار،ــ دېدى، سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا بارلىق ماشىنا ئادەملەر رەتلىك بىر رەت بولۇپ تىزىلدى. كۆلەڭگە بۇنى كۆرۈپ كۈلۈپ قويۇپ:

ــ ناھايىتى ياخشى، ئاڭلاپ تۇرۇڭلار! ھازىردىن باشلاپ سىلەر قۇياش سىستېمىسىدىكى يەرشارىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قىسمىغا تەۋە بولدۇڭلار! مەندىن باشقا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى لى شياڭ ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى جوۋ تيەنخۇئانىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا بولىسىلەر، بۇيرۇق تاپشۇرىۋالماي تۇرۇپ ھەرقانداق ئادەمنى زەخىملەندۈرۈشكە رۇخسەت يوق! بىلدىڭلارمۇ؟ــ دېدى. بارلىق ماشىنا ئادەملەر دەرھال بېشىنى لىڭشىتىشتى، كۆلەڭگە رازىمەنلىك بىلەن:

ــ ھازىر سىلەرنىڭ قىلىدىغىنىڭلار مېنى قوغداپ بۇ يەردىن ئېلىپ چىقىپ كېتىش،ــ دېدى. شىنجاڭدىكى بازىدا بىر تەتقىقاتچى ئۈنلۈك ئاۋازدا:

ــ ماشىنا ئادەملەر تېلېگراما كودى ئارقىلىق ئۇچۇر ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەسلىم بولغانلىقىنى بىلدۈردى!ــ دېدى. يۆ چېڭلۇڭ غەلىتىلىك ھېس قىلىپ:

ــ نېمە؟ ئۇلار تەسلىم بولماقچىمىكەن؟ سىز جەزىملەشتۈرەلەمسىز؟ــ دېدى. تەتقىقاتچى ئېكرانغا قارىۋەتكەندىن كېيىن جەزىملەشتۈرگەن ھالدا:

ــ خاتاسى يوق، ئۇلار ھەقىقەتەن تەسلىم بولماقچى،ــ دېدى. يۆ چېڭلۇڭ ئەنسىرىگەن ھالدا:

ــ بۇ قىلتاق ئەمەستۇ؟ــ دېدى. لىن خەييۈن ئۇنى ئۇرۇپ قويۇپ:

ــ مەن چۈشۈپ قاراپ باقايمۇ ـ يە؟ــ دېدى. يۆ چېڭلۇڭ بېشىنى چايقاپ:

ــ بولمايدۇ، سىز قىز بالا تۇرسىڭىز، ئۇ يەرگە چۈشسىڭىز ئەگەر بۇ قىلتاق بولۇپ قالسا چاتاق بولىدۇ، مەن چۈشەي!ــ دېدى. لىن خەييۈن ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ:

ــ بوپتۇ! خالىغىنىڭىزچە بولسۇن! مېنىڭچە بۇنىڭدا چاتاق يوق،ــ دېدى.

ـ 2009يىلى 15 ـ ئۆكتەبىر، شىنجاڭدىن كەلگەن جىددىي تېلېگراما جۇڭنەنخەيگە يەتكۈزۈلدى، لى رەئىس ئۈنلۈك ئاۋازدا كۆپچىلىككە ئوقۇپ بېرىشكە باشلىدى:

ــ شىنجاڭ رايونىدىكى ماشىنا ئادەملەرنىڭ توپىلىڭى بېسىقتۇرۇلدى، كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغىنى شۇكى بارلىق ماشىنا ئادەملەر ھەممىسى تەسلىم بولدى، ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ

بىزنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى!

تۆۋەندە بەس ـ بەستە غولغولا بولۇپ كەتتى، جوۋ تيەنخۇا قاقاھلاپ كۈلۈپ:

ــ بۇ ھەقىقەتەنمۇ تەستە ئېرىشىدىغان بىر سوۋغات بولدى ـ ھە،ــ دېدى. ئازاتلىق ئارمىيە باش قوماندانى دېڭ جيەنگو يەنە ئازراق گۇمانسىرىغان ھالدا:

ــ بىراق ئۇلار نېمىشقا تۇيۇقسىز تەسلىم بولىدىكىنە؟ ئالدىنقى كۈنى تېخى تەلۋىلەرچە بىزگە ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى!ــ دېدى. لى رەئىس سۈرلۈك ھالدا:

ــ بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزچە لېفىت تاڭ سەھەردە ئىشلىتىلىپتىكەن، ھەمدە يەر ئاستىدا يېڭى ئاياق ئىزى بايقالدى،ــ دېدى. جوۋ تيەنخۇا ھەيران بولغان ھالدا:

ــ ئەجەبا جەڭ كېمىسىنىڭ ئىچىدە يەنە ھايات قالغان تاشقى پىلانېت ئادىمى بارمىدۇ؟ــ دېدى. لى رەئىس بېشىنى چايقاپ:

ــ مېنىڭچە ئۇنداق ئەمەس! لېفىت پەقەت بىرلا قېتىم ئىشلىتىلگەن، يەنى تاشقى پىلانېت ئادىمى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشكەن، چۈشكەندىن كېيىن قايتىپ چىقمىغان! شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، تاشقى پىلانېت ئادىمى جەڭ كېمىسى ئىچىدىكى ھايات قالغۇچى ئەمەس، بەلكى ئالەمدىن كەلگەن. بىراق ئۇلار نېمىشقا بىزگە ياردەم بېرىدۇ، بۇنى بىز بىلمەيمىز،ــ دېدى. كۆپچىلىك بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قېلىشتى! دېڭ جيەنگو:

ــ رەئىس، مەن تۇيۇقسىز ئۆزىمىزنىڭ بەكمۇ كۈلكىلىك ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىپ قالدىم،ــ دېدى.

ــ نېمىشقا؟ــ سورىدى لى رەئىس ھەيران بولۇپ. دېڭ جيەنگو بىرنى ئۇھ تارتىپ قويۇپ، ئاستا ـ ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ ھازىر بىز بىز ئىنسانلاردىنمۇ قالتىس ئىرقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىۋالدۇق! ھالبۇكى بىز ئىنسانلار ئازراقمۇ ئىناق ئەمەسكەنمىز، توختىماي سوقۇشىدىكەنمىز، ئاتوم بومبىسى بولسىلا ھەممە يەردە باشقىلارغا ھەيۋە قىلىدىكەنمىز، باشقىلارنىڭ بايلىقىنى تارتىۋالىدىكەنمىز، يەنە تېخى ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ ئىلغار مىللەت دەپ ھېس قىلىدىكەنمىز! ئەمما بىز باشقا ئىرق ئارىسىدا ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىكەنمىز، تېخنىكىدا باشقىلارغا يەتمەيدىكەنمىز، پەزىلەت جەھەتتىمۇ ئۇلارغا يەتمەيدىكەنمىز! بۇ قېتىملىق جەڭ بىزنىڭ قىلىشىمىزغا ئەرزىمدۇ؟

لى رەئىس ئاڭلىغاندىن كېيىن قوشۇلغان ھالدا:

ــ بەرھەق، سىز دېگەندەك بىز ھەقىقەتەنمۇ بەك ئەخمەقكەنمىز! بىراق بىز بۇ مەيدان جەڭنى تاماملىشىمىز لازىم! ئەگەر بىز پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلالىساق، پۈتۈن دۇنيانى بىرلا ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇندۇرالىساق، ئۇ چاغدا، سىياسي مەنىدىكى دۆلەت

چېگرىسىنى تامامەن يوقىتىش مۇمكىن، خەلقئارادىكى تالىشىش ۋە ئىقتىساد جەھەتتىكى تەڭپۇڭسىزلىق ئەھۋالىمۇ مەۋجۇت بولمايتتى! بىز ئىنسانلارنىڭ توختىماستىن جەڭ قىلىشىدىكى سەۋەبىمۇ دەل ئىنسانلارنى ئۆزىنى چاغلاشقا مەجبۇرلىيالايدىغان جانلىقنىڭ يوقلۇقىدا، شۇڭا ئىنسانلار ئۆزىنىڭ قىلالمايدىغان نەرسىسى يوق دەپ چاغلايدۇ، بىراق بۇلار پەقەت يەرشارىدىلا ئەسقاتىدۇ، خالاس! بىز ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ بۇ چەكسىز ئالەمدىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر ئارىسىدا ھېچنىمگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويساقلا، ئىنسانلار ئۆزلىرى نېمىنىڭ ئىتتىپاقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ!ــ دېدى.

شىنجاڭ رايونى، كۆلەڭگە لى رەئىسنىڭ سۆزىنى كۆرگەچ، خۇشال ھالدا چاۋاك چېلىپ:

ــ ياخشى، ناھايىتى ياخشى سۆزلىدىڭ! ئىنسانلار سېنىڭدەك ئاڭغا ئىگە ئادەملەرگە مۇھتاج! قارىغاندا بىز ئادەمنى خاتا تاللىمىغان ئوخشايمىز، بىراق سىلەرنىڭ تېزراق بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز، ۋاقىت قالمىدى،ــ دېدى.

## 14 ـ باب يامان سۈپەتلىك ئۆسمە

ــ شىنجاڭدىكى ماشىنا ئادەملەر توپىلىڭى بېسىقتۇرۇلدى، شىنجاڭغا يۆتكەلگەن ھەر قايسى قىسىملارمۇ قايتىشقا باشلىدى، بازىنى رېمۇنت قىلىش خىزمىتىمۇ ئىشلىنىۋاتىدۇ! 4241دىن ئارتۇق جەڭچى قۇربان بولدى، 432 جەڭچى يارىلاندى،ــ جوۋ تيەنخۇا دوكلاتنى ئوقۇپ بولۇپ ئۇھ تارتىپ قويدى! لى رەئىس چوڭقۇر ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

ــ بۇ 4241 نەپەر جەڭچىنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ ئەنگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا نەپىقە پۇلى بېرىپ، بۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش پۇلى، داۋالىنىش راسخوتلىرىنى پۈتۈنلەي كۆتۈرىۋېتەيلى، ئۇلارنىڭ روھىنىڭ خاتىرجەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن!ــ دېدى. جوۋ تيەنخۇا بېشىنى لىڭشىتىپ:

ــ ھەي! ھازىر قولىمىزدىن كېلىدىغىنى پەقەت مۇشۇلا، جەڭچىلىرىمىز خاتىرجەم كەتسۇن!ــ دېدى. لى رەئىس داۋاملاشتۇرۇپ:

ــ بېيجىڭ دەرىجىلىك توشۇغۇچى كېمە ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇچىدۇ، بىز شىنجاڭغا بىر بېرىپ كەلگەچ، ئاشۇ ماشىنا ئادەملەرنى كۆرۈپ كېلەيلى!ــ دېدى. جوۋ تيەنخۇا:

ــ بولىدۇ!ــ دېدى.

ـ 2009يىلى 16 ـ ئۆكتەبىر، شىنجاڭ تارىم ئويمانلىقى تەكلىماكان قۇملۇقى، بىر ياش بىر دالا

ئاپتوموبىلنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ ماڭماقتا! ئۇنىڭ كەينىدە بەش دانە «تۇز9» قوراللىق تىك ئۇچار قوغلىماقتا. بۇ ياشنىڭ ئىسمى پاۋلو ئايىر بولۇپ، ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ قابىل جاسۇسى بولۇپ، ئۇ ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەتكەن جۇڭگولۇق ئىدى! بۇ قېتىم جۇڭگوغا شىنجاڭ رايونىنى رازۋېدكا قىلىشقا ئەۋەتىلگەن بولۇپ، سىرتقى قىياپىتى ۋە تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن ئاسانلا جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغانتى. پىلموت ئوقلىرى ئۇنىڭ باش ئۈستىدىن ئېتىلغان پېتى ئۆتۈپ كەتتى، پاۋلو ئايىر بىر تەرەپتىن ماشىنا ھەيدىگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسرائىلىيىدە ئىشلەنگەن «قۇملۇق بۆركۈتى» تاپانچىسى بىلەن قايتۇرما ھۇجۇم قىلدى، ئۇ ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان نەرسىنى كۆردى، بىراق ئۇنىڭ بۇنى باشقىلارغا ئېيتقۇدەك پۇرستى يوقتى. باشقۇرىلىدىغان بومبىدىن بىرى ئۇنىڭغا قاراپ ئۇچۇپ كەلدى، پاۋلو ئايىر بۇنى كۆرۈپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ماشىنىدىن يەرگە سەكرەپ قاتتىق يىقىلىپ چۈشتى، بومبا ماشىنىغا تەككەندىن كېيىن كۈچلۈك پارتلاپ ئۇنى ئاسمانغا ئۇچۇرىۋەتتى. پاۋلو ئايىر ئورنىدىن تۇرۇپ «ئەبلەخ!» دەپ تىللىۋەتتى ـ دە، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ قېچىشقا باشلىدى، بىراق ئادەم قانداقمۇ تىك ئۇچاردىن قېچىپ قۇتۇلالىسۇن؟ «تۇز9» قورالىق تىك ئۇچارنىڭ بىرىدە گېنىرال لىن خەييۇن ئۇنىڭغا سوغۇققىنە قاراپ دېدى:

ــ ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار! بىز ئۇنىڭ قانچىلىك مەخپىيەتلىكنى بىلىۋالغانلىقىنى، بۇنى باشقىلارغا ئېيتقان ـ ئېيتمىغانلىقىنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك، بىلدىڭلارمۇ؟

ئۇچقۇچى سۆزلەشكۈ ئارقىلىق بارلىق ئۇچقۇلارغا خەۋەر قىلدى، شۇنداق قىلىپ نەچچە ئۇچقۇ خۇددى چاشقان قوغلىغانغا ئوخشاش ئۇنى قوغلاپ ئويۇن قىلماقتا ئىدى. لىن خەييۇن پاۋلونىڭ يۈگرەپ ھالى قالمىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن:

ــ ئوۋ مىلتىقىنى ماڭا بېرىڭلار!ــ دېدى. لىن خەييۇن مىلتىقنى ئالغاندىن كېيىن، پاۋلونى قارىغا ئالدى! پاۋلومۇ ئۆزىنى بىراۋنىڭ قارىلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى ـ دە، دەرھال تاپانچىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇچقۇ بۆلۈمچىسىنىڭ ئىشكىدە تۇرغان لىن خەييۇنگە قاراپ نەچچە پاي ئوق ئۈزدى. «تاڭ!تاڭ!» ئىككى پاي ئوق تىك ئۇچارنىڭ قونۇش جازىسىغا تەگدى! ئۇچقۇچى دەرھال:

ــ لىن گېنىرال، پەخەس بولۇڭ!ــ دېدى ۋارقىراپ. لىن خەييۇن پىسەنت قىلماي، پاۋلو قايرىلىپ يۈگرەۋاتقاندا، ئۇنىڭ يوتىسىغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئاتتى. «ۋاي!!!!» پاۋلو ئېچىنىشلىق ۋاقىرىغىنىچە جايىغا يىقىلدى. لىن خەييۇن بۇنى كۆرۈپ:

ــ چۈشۈڭلار، ئۇنى تۇتۇڭلار،ــ دېدى.

بەش دانە «تۇز9» قورالىق تىك ئۇچار يەرگە قوندى، بىر توپ ئەسكەرلەر ئۇچقۇدىن سەكرەپ

چۈشۈپ، يەنە قاچماقچى بولۇپ تۇرغان پاۋلونى يۆگۈرۈپ بېرىپ تۇتۇپ، لىن خەييۈننىڭ ئالدىغا يالاپ ئاپاردى! پاۋلو ئالدىدىكى بۇ قىزچاققا قاراپ، ئۇنىڭ بۇنچە ياش تۇرۇپ گېنراللىققا ئېرىشكەنلىكىگە ھەقىقەتەنمۇ ئىشەنەلمەي قالدى! گەرچە ئۇنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتىكى ئۇ سۈرەتتىكىدىن نەچچە ھەسسە چىرايلىق ئىدى! لىن خەييۈن پاۋلوغا ھېسسىياتسىز قارىغىنىچە:

ــ ئۇنى ئېلىپ قايتىڭلار، مەيلى ئۇنىڭغا قانداق قانداق ئۇسۇل ياكى قانداق دورا ئىشلەتمەڭلار، بىر سائەت ئىچىدە مەن ئۇنىڭ بىزنىڭ قانچىلىك مەخپىيەتمىزنى بىلىۋالغانلىقىنى، شېرىكلىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلىشىم كېرەك!ــ دېدى. ئەسكەر سالام بەرگەندىن كېيىن ئۈنلۈك ئاۋازدا: «خوپ!» دېدى. لىن خەييۈن ئاگىلغاندىن كېيىن كەينىگە قاراپمۇ قويماستىن، تىك ئۇچارغا چىقىپ كەتتى. پاۋلو شۇندىلا نېمىنىڭ مۇزچىراي گۈزەل دېيىلىدىغانلىقىنى بىلدى، ئۆزىنى قانداق تەقدىرنىڭ كۈتۈپ تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. شىنجاڭدىكى يەر ئاستى بازىغا قايتقاندىن كېيىن، پاۋلو بىر ئورۇندۇققا باغلاندى. بىر ستارشى لېيتنات كىرىپ كېلىپ:

ــ ياخشىمۇسىز، ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ جاسوسى پاۋلو ئەپەندى،ــ دېدى. پاۋلو ئۇنىڭغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

ــ قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، ئۆلتۈرسەڭ ئۆلتۈرمەمسەن!ــ دېدى. ستارشى لېيتنات كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ ئۇنداق ھاياجانلانماڭ، مېنىڭ ئىسمىم خۇاڭ ۋېي. پاۋلو ئەپەندى، مەن سىزنىڭ شۇنى بىلىۋېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، ئەگەر سىز تەن جازاسىغا ئۇچراشنى خالىمىسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ سوئاللىرىمغا يۇۋاشلىق بىلەن جاۋاپ بېرىڭ!ــ دېدى. پاۋلو سوغۇق كۈلۈپ:

ــ ئاندىن كېيىن مېنى ئۆلتۈرەمسەن؟ــ دېدى. خۇاڭ ۋېي قولىنى شىلتىپ:

ــ No!No!No! ئەگەر سىز يۇۋاشلىق بىلەن جاۋاپ بەرسىڭىزلا، مەن سىزنىڭ ھاياتىڭىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەت بېرىمەن!ــ دېدى. پاۋلو يەرگە بىرنى تۈكۈرۈپ:

ــ كەچۈر، مەن سىلەرگە ئىشەنمەيمەن!ــ دېدى. خۇاڭ ۋېي ئەپسۇسلانغان ھالدا بىر تىنىۋېلىپ:

ــ ئۇنداقتا بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدىكەن، بۇنى ئۆزىڭىز تاپقان بالا جۇمۇ،ــ دېگىنىچە، ئۇنىڭ يۈزىگە بىر مۇش سالدى. شۇ ھامان پاۋلونىڭ ئاغزى ـ بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى. ئورۇندۇق ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ بولغۇچە، خۇاڭ ۋېي ئۇنىڭ چاچىنىدىن تۇتۇپ ئۇنى تارتىۋالدى. خۇاڭ ۋېي كۈلۈمسىرىگىنىچە:

ــ پاۋلو ئەپەندى، سىز داۋاملىق تاياق يەمسىز ياكى ئېيتىپ بېرەمسىز؟ــ دېدى. پاۋلو ھۇشىغا كەلگەندىن كېيىن خۇاڭ ۋېيغا قاراپ بىرنى تۈكۈردى، خۇاڭ ۋېي ناھايىتى چاققانلىق

بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قورسىقىغا قاتتىق بىر مۇش سالغىنىچە:

ــ پاۋلو ئەپەندى، مەن سىزنىڭ سىز ۋە مېنىڭ ھەر ئىككىمىزنىڭ قارا چاچ، سېرىق تەنلىك جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىمىزگە دىققەت قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، سىزنىڭ ئامېرىكىلىقلارغا جېنىڭىزنى سېلىپ بېرىشىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى!ــ دېدى. پاۋلو ھاسىرىغىنىچە ئالدىرىماي جاۋاپ بەردى:

ــ چۈنكى مەن سىزگە ئوخشاش جۇڭگولۇق بولۇپ قالغىنىمدىن نومۇس قىلىمەن!

خۇاڭ ۋېن ئالدىلغاندىن كېيىن ئاچچىقلىغىنىچە ئۇنىڭ ئاغزىغا بىرنى تەپتى، تېپىك زەربىسىدىن ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئوقتەك قان كېلىپ، بىر نەچچە چىشى چۈشۈپ كەتتى. خۇاڭ ۋېن بىر تەرەپتىن ئۇرغاچ، بىر تەرەپ ئۇنىڭغا دېدى:

ــ مەن بۈگۈن سېنىڭ ئەجدادىڭغا ۋاكالىتەن سەندەك ۋەتەن خائىنىنى ئوبدانىراق ئەدەپلەپ قوياي.

40مىنۇتتىن كېيىن، خۇاڭ ۋېن چىلىق ـ چىلىق تەرلىگىنىچە چىقىپ كەلدى، لىن خەييۈن سورىدى:

ــ قانداق؟ ئۇ ئېيتتىمۇ؟

خۇاڭ ۋېن تەرلىرىنى سۈرتكىنىچە:

ــ كەچۈرۈڭ! گېنرال لىن خەييۈن، بۇ گۈي ئويلىغىنىمدىنمۇ بەك جاھىلكەن! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دورىغا قارشى مەشقلەنگەنچە، ئىقرار قىلدۇرۇش دورىسىمۇ ئۇنىڭغا ئانچە كار قىلمايدىكەن،ــ دېدى. لىن خەييۈن:

ــ يەنىلا ئۆزەم قىلاي،ــ دېگىنىچە، خۇاڭ ۋېن بىلەن بىللە كىرىپ كەتتى. ئۇ يەردىكى ئەسكەر ئۇلارنى كۆرۈپ سالام بەردى، لىن خەييۈن ھۇشسىز ياتقان پاۋلوغا قارىۋېتىپ، يېنىغا بېرىپ، بىر نەيچىنىڭ ئىچىدىن بىر نەچچە تال ئىنچىكە ئۇزۇن يىڭنىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ، پاۋلونىڭ بوينىغا سانجىدى. پاۋلو بىردىنلا ھوشىغا كەلدى، ئاغزىدىن كۆپۈك يېنىپ، بۇدۇن بەدىنى توختىماي تىترەشكە باشلىدى، لىن خەييۈن ئورنىدىن تۇرۇپ، پاۋلونىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى:

ــ پاۋلو ئەپەندى، مەن سىزنىڭ قانچىلىك مەخپىيەتلىكنى بىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلمەكچىمەن! باشقىلارغا ئېيتتىڭىزمۇ ـ يوق؟ شېرىكلىرىڭىز قەيەردە؟

پاۋلو بوغۇق ئاۋازغا ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ دېدى:

ــ مەن...مەن جۇڭگونىڭ مەخپىي بازىسى... بارلىقىنى بىلىمەن، تې...تې...تېخى...تېخى باشقىلارغا دېمىدىم، ھەمراھلىرىمنىڭ ھەممىسى

ئۆ...ئۆ...ئۆرۈمچىنىڭ.***

لىن خەييۈن ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇاڭ ۋېنغا قاراپ:

ــ خاتىرىلىۋالدىڭىزمۇ؟ــ دېدى. خۇاڭ ۋېن بېشىنى لىڭشىتتى. لىن خەييۈن پاۋلونىڭ بوينىدىكى يىڭنىلەرنى تارتىپ چىقىرىۋالدى، پاۋلو يەنە ھۇشىدىن كەتتى.

ــ لىن گېنىرال، ئىشلەتكىنىڭىز قانداق يىڭنە ئۇ؟ بىردەمدە ئۇنى سۆزلىتىۋەتتىڭىزغۇ؟ــ دەپ سورىدى خۇاڭۋېن. لىن خەييۈن يېنىك كۈلۈمسىرەپ:

ــ پەقەت ئادەتتىكى يىڭنە خالاس، ئۇنىڭ بوينىدىكى پەللىگە سانچىغاندىن كېيىن ئۇ تەبىئىيلا ئېيتىپ بېرىدۇ، بۇنى ماڭا يۈننەنلىك بىر يىڭنە بىلەن داۋالاش ئۇستىسى ئۆگىتىپ قويغان. مەن پاۋلونىڭ بۇنچە قاتتىق ئىرادىسى بارلىقىغا بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا بېيجىڭ دەرىجىلىك توشۇغۇچى كېمە قويۇپ بېرىلىشىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈش مۇكاپاتى بېرىمەن، ئۇنى بۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى دۆلىتىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈكلىكىنى كۆرۈپ، ئۆز دۆلىتىگە ئاسىيلىق قىلغىنىغا پۇشايمان قىلدۇرىمەن،ــ دېدى.

ـ2009يىلى 17ـ ئۆكتەبىر، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى لى شياڭ، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى جوۋ تيەنخۇا، سىياسىي كېڭەش ھەيئىتى چېن رۈيجيېلەر شىنجاڭدىكى يەرئاستى بازىغا مەخپىي ھالدا يېتىپ كەلدى. بازىدىكى ياردارلاردىن ھال سورىغاندىن كېيىن، لى رەئىس كۆپچىلىكنى قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، جۇڭگونىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن داۋاملىق تۆھپە قوشۇشقا چاقىردى. تاشقى پىلانىتلىقلارنىڭ ماشىنا ئادەم قىسمىمۇ لى رەئىسكە ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى كۆرگەزمە قىلدى، لى رەئىس بۇ دەرىجىدىن تاشقىرى قوراللارنى كۆرۈپ، كۆڭلى خۇددى بەش خىل تەملىك سۇيۇقلۇقنى تۆككەندەك بولدى، چۈچۈك، تاتلىق، قىرتاق، ئاچچىق... زادى نېمە تەملىكىنى بىسىپ بولمايتتى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10:00، بېيجىڭ دەرىجىلىك توشۇغۇچى كېمە دەل ۋاقتىدا ئۇچتى. يۆشۈرۈنۈش ۋە رادارغا قارشى سىستېمىسىنى قوزغاتقان بېيجىڭ دەرىجىلىك توشۇغۇچى كېمەغايەت زور ئاۋاز چىقىرىپ كۆك ئاسمانغا ئۇچۇپ كەتتى، نەق مەيداندىكى ھەر بىر ئادەم خۇددى قۇشقاچلاردەك خۇشال ۋىچىرلىشىپ كېتىشتى. بىراق پەقەت بىرلا ئادەم تاراملاپ ياش تۆكۈۋاتاتتى، ئۇ دەل پاۋلو ئىدى! لىن خەييۈن ئۇنى بازىنىڭ جەنۇبىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتا توشۇغۇچى كېمىنىڭ ئۇچۇشىنى كۆرۈشكە ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، كېمە ئۇنىڭ كۆرۈش دائىرىسىدىن يوقىغاندا، تاپانچا ئاۋازى ئاڭلاندى! ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ جاسوسى پاۋلو ئاير پۇشايمان ۋە ھاياجېنىنى ئالغىنىچە بۇ دۇنيادىن ئايرىلدى، ھەر نېمە بولسا ئۇ ئۆز يۇرتىدا ئۆلگەن ئىدى.

توسالغۇ قۇرۇلمىسىدىن پايدىلىنىپ دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ سۈنئىي ھەمراھلىرىدىن ئەگىپ ئۆتكەندىن كېيىن، نۇردىن تېز سۈرئەتتە بىردەم ئۇچقاندىن كېيىن، بېيجىڭ دەرىجىلىك توشۇغۇچى كېمە ئاينىڭ يېنىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇچۇپ باردى، «ئېغىرلىق كۆچكە قارشى سىستېما پۈتۈنلەي نورمال!»، «قۇياش ئېنېرگىيىسى گېنېراتور تاختىسىنىڭ خىزمىتى نورمال!»، «ئېغىرلىق بېسىمى كونترول قۇرۇلمىسى نورمال!»......
خەۋەرلەر توختىماي دوكلات قىلىنىپ تۇراتتى، يەر يۈزىدىكى خادىملار خۇشاللىنىپ كېتىشتى.
لى رەئىس قاقاھلاپ كۈلگىنىچە:
ــ بۇ قېتىم جيەنگونى ئەكەلمىدۇق، قايتقاندىن كېيىن ئۇ چوقۇم بىزنى قاتتىق تىللايدۇ،ــ دېدى. جوۋ تيەنخۇامۇ ھاياجانلانغان ھالدا:
ــ ھېچقىسى يوق، ئىككىنچى كېمە ئۇچقاندا، بىزمۇ چىقىپ ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ، بىر قېتىم ئالەم ئۇچقۇچىسى بولايلى!ــ دېدى. لى رەئىس قاقاھلاپ كۈلگىنىچە:
ــ ھا...ھا...ھا... بولىدۇ! ۋاڭ تيېخېڭ گېنېرالنىمۇ بىللە ئېلىۋالايمىزمۇ؟ ئۇمۇ بىز بىلەن بۇنداق كىشى كۆڭلىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئىشلاردىن بىللە ھوزۇرلانسۇن،ــ دېدى. جوۋ تيەنخۇا كۈلگىنىچە:
ــ مېنىڭمۇ مۇشۇنداق ئويۇم بار ئىدى!ــ دېدى.
بېيجىڭغا قايتقاندىن كېيىن، لى رەئىس گۇلقەقەھلىرى ئېچىلغىنىچە جۇڭنەنخەيدە چاي ئىچكەچ دېڭ جيەنگو ۋە دېڭىز،قۇرۇقلۇق، ھاۋا ئارمىيە باش قوماندانى بىلەن بۈگۈنكى توشۇغۇچى كېمىنىڭ ئۇچۇش ئەمەلىي ئەھۋالى توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتاتتى! دېڭ جيەنگو قاتارلىقلار بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تازا پۇشايمان قىلىشتى! لى رەئىس كۈلگىنىچە:
ــ يەنە بىر بېيجىڭ دەرىجىلىك توشۇغۇچى كېمە ئۇچىدىغان چاغدا، بىز ئۇنىڭغا ئولتۇرساق قانداق؟ــ دېدى. كۆپچىلىك بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشال ھالدا:
ــ ھەجەپ ياخشى بولدى! بۇرۇنلا ئالەم بوشلۇقىغا بىر چىقىشنى ئارزۇ قىلاتتۇق،ــ دېيىشتى. جوۋ تيەنخۇا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:
ــ ماشىنا ئادەملەرنىڭ توپىلىڭى ھەل بولغاندىن كېيىن، بىزنىڭ جەڭ ئىشلىرىمىزمۇ ئۆز يولىغا قايتتى، قارىغاندا ئامېرىكا ئەلباشى كىچىك بوشنىڭ ۋەزىپىسى ئېلىۋېتىلمىسە بولمايدىغان ئوخشايدۇ! ب د ت مۇ بىز تەرەپكە ئېغىشقا باشلىدى، پاكىستان قوراللارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھىندىستان بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىشىۋاتىدۇ، فىلىپپىن بىلەن ۋېيتنام ئامېرىكىنىڭ يىقىلغىنىنى كۆرۈپ، بىز بىلەن تېنچلىق سۆھبىتى قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، پەقەت ياپونىيىلا ئادەمنى زېرىكتۈرىۋاتىدۇ، تېخى بىز بىلەن جەڭ قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ،ــ دېدى. دېڭ جيەنگو سوغۇق كۈلۈمسىرىگىنىچە:

ــ مەن بۇنى تىلەپمۇ تاپالمايۋاتاتتىم! ياپونىيىنىڭ زادى تايىقى كام!ــ دېدى. كۆپچىلىك بۇنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىشتى، دۇرۇس! بۇ دۆلەت تا پەيدا بولغاندىن تارتىپ جۇڭگوغا تەھدىت سېلىپ كەلدى، ئەگەر جۇڭگو تەرەققىي قىلماقچى بولىدىكەن، چوقۇم ياپونىيىدىن ئىبارەت بۇ يامان سۆپەتلىك ئۆسمىنى كېسىپ تاشلىشى لازىم!

بىر قوغدىغۇچى يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى ـ دە، لى رەئىسكە بىر پارچە تېلگراممىنى ئۇزاتتى، لى رەئىس تېلگراممىنى كۆرۈپ، چىرايى شۇ ھامان ئۆزگەردى! ئۇ:

ــ تەيۋەندىكى ۋاڭ تيېخېڭ گېنرال قەستكە ئۇچراپتۇ، ھازىر ھاياتى خەۋپلىككەن، ئىككى نەپەر قاتىل نەق مەيداندا ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا ياپونىيىنىڭ قارا ئەجدىھا گورۇھىنىڭ ئادەملىرىكەن،ــ دېدى.

## 15 ـ باب قانغا قان، جانغا جان

تەيۋەن ھەربىي رايونىنىڭ گېنرالى ۋاڭ تيېخېڭ تەيۋەن جىنمېن ئايروپورتىنى كۆزدىن كەچۈرىۋاتقاندا، ئىككى نەپەر ياپونىيە قارا ئەجدىھا گورۇھىنىڭ ئادىمى كىشىلەر توپىغا قارىتىپ ئىككى دانە گرانات تاشلىدى، قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ گېنرال ۋاڭ تيېخېڭغا قارىتىپ ئالتە پاي ئوق ئۈزدى، گېنرال ۋاڭ تيېخېڭغا تۆت پاي ئوق تېگىپ، ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالدى. قارا ئەجدىھا گورۇھى بولسا، ياپونىيىدىكى قارا گورۇھ تۈسنى ئالغان تەشكىلات ئىدى! شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ گورۇھ ياپونىيە ھۆكۈمىتى پۇل چىقىرىپ يۆلەيدىغان قاتىللىق تەشكىلاتى ئىدى، ئۇلار ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پۇلىنى ئېلىپ، ھۆكۈمەت ئۈچۈن ھەر قايسى دۆلەتنىڭ دۆلەت باشلىقلىرى ۋە مۇھىم سىياسىي ئەربابلىرىنى ئۆلتۈرەتتى! ھازىر ياپونىيىدىكى ئەڭ چوڭ قارا گورۇھ بولۇپ، يېقىنقى نەچچە يىلدىن بېرىقى ھەر قايسى دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ قەستكە ئۇچرىشى ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى!

جۇڭگو ئەلباشى(دۆلەت رەئىسى) لى شياڭ ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى جوۋ تيەنخۋا شەخسەن تەيۋەنگە كېلىپ ۋاڭ تيېخېڭنى يوقلىدى، تەيۋەن تەيبېي دوختۇرخانىسىدا تېخىغىچە ھۇشسىز ياتقان ۋاڭ تيېخېڭنى كۆرۈشتى، لى ئەلباشى ئاچچىقى بىلەن تىللىدى:

ــ ياپونىيە قارا ئەجدىھا گورۇھىنىڭ ئادەملىرى تەيۋەنگە قانداق سوقۇنۇپ كىرىۋالغاندۇ؟ تەيۋەنلىك بىر ئەمەلدار ئېھتىياتچانلىق بىلەن:

ــ بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزدىن قارىغاندا، بىر قىسىم قالدۇق تەيۋەن مۇستەقىللىق ئۇنسۇرلىرى

بىلەن ياپونىيە قارا ئەجدىھا گورۇھىنىڭ ئادەملىرى ئىچى ـ سىرتىدىن ماسلىشىپ سوقۇنۇپ كىرىۋاپتۇ، ھازىر بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئۇلارنى ئىزدەپ قولغا ئېلىۋاتىمىز،ــ دېدى.

لى ئەلباشى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بېشىنى بۇراپ ۋاڭ تىيېخېڭغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

ــ ۋاڭ گېنېرالنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قانداقراق؟ــ دېدى. بىر نەپەر مەسئۇل دوختۇر:

ــ ۋاڭ گېنېرالنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئەمەس، بىر پاي ئوق ئۇنىڭ ئۆپكىسىدە تۇرۇپ قاپتۇ، ئورنى بەكمۇ ئالاھىدە، قىيىنلىق دەرىجىسى بەكمۇ يۇقىرى بولغاچقا، ھېچقانداق دوختۇر بۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلىشقا پېتىنالمايۋاتىدۇ! ئەگەر ئوقنى تېزراق چىقىرىۋەتمىسەك، ھاياتى خەۋپكە ئۇچرىشى مۇمكىن،ــ دېدى. لى ئەلباشى بىر تىنىۋەتكەندىن كېيىن، چوڭقۇر ئويلىنىۋەتكەندىن كېيىن:

ــ ئۇنداقتا ۋاڭ گېنېرالنى ئىچكى قۇرۇقلۇققا ئاپىرايلى، بىزنىڭ ئوقنى ئالدىغانغا ئامالىمىز بار،ــ دېدى. مەسئۇل دوختۇر گۇمانسىرىغان ھالدا:

ــ راستما؟ بىراق بىز نۇرغۇن ئامال ئويلاپ، بۇ ئورۇندىن ئوقنى ئېلىشتا ئۆپكىنى زەخىملەندۈرمەسلىكنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلگەنتۇق،ــ دېدى. لى ئەلباشى:

ــ بىزنىڭ بۇنىڭغا ئامالىمىز بار! ۋاڭ گېنېرالنىڭ بۇ يەردە ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقىنىدىن كۆرە، بىزنىڭ سىناپ باققىنىمىز ياخشىراق،ــ دېدى. مەسئۇل دوختۇر لى ئەلباشىنىڭ تەمكىن چىرايىنى كۆرۈپ، بېشىنى لىڭشىتتى. بېيجىڭغا قايتىۋاتقان ئۇچقۇدا جوۋ تيەنخۇا سورىدى:

ــ لى ئەلباشى، سىزنىڭ راستىنلا ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟

ــ يېرىم ئىشەنچىم بار، ئالدىنقى قېتىم ماشىنا ئادەملەر توپىلىڭى بېسىققاندىن كېيىن، تەسلىم بولغان ماشىنا ئادەملەرنىڭ ياردىمىدە تاشقى پىلانىت جەڭ كېمىسىدىكى تەتقىقات خىزمىتى ئىلگىرىكىدىن كۆپ تېز ئىلگىرىلىدى. بىز ئۇ يەردە بىر قىسىم داۋالاش ئەسۋاپلىرىنى بايقىدۇق، تاشقى پىلانىتلىقلارنىڭ پەن ـ تېخنىكىسى بىلەن ئۇلار چوقۇم بۇ خىل جاراھەتنى ياخشى داۋالىيالايدۇ،ــ دېدى لى ئەلباشى بېشىنى لىڭشىتقىنىچە.

جوۋ تيەنخۇا ئەنسىرىگەن ھالدا:

ــ بىز ئىشلىتەلەمدۇق؟ــ دېدى. لى ئەلباشى كۈلگىنىچە:

ــ بىز ئىشلىتەلمەيمىز، ئەمما ئاشۇ ماشىنا ئادەملەر ئىشلىتەلەيدۇ،ــ دېدى. جوۋ تيەنخۇا ئاڭلىغاندىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتتى، لى ئەلباشى ئۇلاپلا:

ــ ياپونىيە قارا ئەجدىھا گورۇھىغا قارىتا بىز چوقۇم ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى راۋۇرۇس بىر بېرىپ قويايلى،ــ دېدى. جوۋ تيەنخۇا:

ــ ھازىر بىز ھىندىستان ۋە ۋېيتنام بىلەن سوقۇشىۋاتىمىز، گەرچە پاكىستان بىزگە ياردەملىشىپ ھىندىستاننى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئالدىنقى قېتىملىق

توپىلاڭدىن كېيىن، قىسىم تېخى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلگىنى يوق! ب د ت تا بولسا ياپونىيە بۇ ئىشنى قىلچىمۇ بويىنىغا ئالمىدى،ــ دېدى. لى ئەلباشى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەزەپلەنگەن ھالدا:

ــ ئۇنداق بولسا بىزمۇ زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرايلى!ــ دېدى.

ـ 2009يىلى 20 ـ ئۆكتەبىر، جۇڭگو لىيەنيۈنگاڭ، بىر توپ ئالاھىدە قىسىم جەڭچىلىرى Z081يادرو سۇ ئاستى كېمىسىگە چىقماقتا! كەچ سائەت 11:30، ئىككى دانە يۈك ماشىنىسى توكيو قولتۇقىدىكى ئايلانما يولنى بويلاپ، توكيوغا قاراپ ماڭماقتا، ئۇ ماشىنىلاردا ئولتۇرغىنى دەل جۇڭگو ئالاھىدە قىسمىنىڭ 21 ـ تارماق ئەترىتى ئىدى، ئەترەت باشلىقى ۋەن شيوگفېي بىر تەرەپتىن قوراللىرىنى تەييارلىغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن سۆزلىمەكتە:

ــ بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ ئەسلى مەقسىتى ياپونىيە قارا ئەجدىھا گورۇھىنىڭ باشلىقى چۈەنكو شياگېينى يوقىتىش! ئەمما مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىمەن، ئۇلاردىن بىرىمۇ تىرىك قالمىسۇن، بىلدىڭلارمۇ؟

بارلىق ئەسكەرلەر بېشىنى لىڭشىتىشتى، ئۇلارنىڭ ئالىلىقاچان ئالقانلىرى قىچىشىپ، راسا سوقۇشقۇسى كېلىپ تۇراتتى! چاقىرغۇدىن ئاۋاز كەلدى:

ــ ئەترەت باشلىقى، ئالدىمىزدا قاتناش ساقچىسى ماشىنىنى توختىتىپ تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ!

ۋەن شيوگفېي سوغۇق كۈلگىنىچە:

ــ ھىم! توختىتىڭلار! ئۇلار تەكشۈرىۋالسۇن،ــ دېدى.

بىر دەمدىن كېيىن ماشىنا توختىدى. ماشىنا سىرتىدىن ياپونچە سۆزلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، ئىككى ساقچى ماشىنا كەينىگە مېڭىپ كېلىپ، شوپۇردىن كوزۇپنى ئېچىشنى تەلەپ قىلدى، كوزۇپ ئېچىلىشى بىلەنلا ئىككى ساقچى ساراڭدەك ھاڭۋېقىپ قالدى، ئۇلار تېخى ھۇشىنى تېپىپ ئاۋازىنى چىقىرىپ بولغۇچە، يەرگە پالاققىدە چۈشۈپ ئىككى جەسەتكە ئايلاندى.

ئەترەت باشلىقى ۋەن شيوگفېي:

ــ كارىڭلار بولمىسۇن، تېز ماڭايلى!ــ دېدى.

يۈك ماشىنىسى بىردەمدىلا توكيونىڭ داجىڭ بەيگە مەيدانىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى، بىر بىنانىڭ ئۈستىدە ئىككى ئەسكەر ئېنفرا قىزىل نۇرلۇق دۇربۇن بىلەن ياپونىيە قارا ئەجدىھا گورۇھىنىڭ كاتتىبېشى چۈەنكو شياگېينىڭ ئۆيىنى كۆزىتىۋاتاتتى:

ــ قالتىس ھەشەمەتلىككەنغۇ!ــ دېدى بىر ئەسكەر سوغۇق كۈلۈمسىرىگىنىچە. يەنە بىرى ئۇنى شاپىلاقلىغىنىچە:

ــ دۇرۇس! ئۇ ئۆزى ئۈچۈن گۆر كولاۋاتىدۇ، ئاناڭــــنــــى، ياپون چوشقىسى!ــ دېدى. ۋەن

شيوگفېي بىر تەرەپتىن بولكىنى چىشلەپ يېگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن دوكلات ئاڭلىماقتا:

ــ ئوھوي! 60 نەچچە قوغدىغۇچى، بۇگۈن چوشقا كاۋىپى زىياپىتى ئۆتكۈزسەك بولغۇدەك . Aگۇرۇپپا سىلەر ئاۋال سىرتتا چارلاۋاتقانلارنى جايلىۋېتىڭلار، Bگۇرۇپپا A گۇرۇپپىدىكىلەر ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، «قىزىل يۇلتۇز» ئەپلىك زەمبىرەك بىلەن تازا بومباردىمان قىلىڭلار! نېمە؟ قالايمىقانچىلىق چىقىشتىن قورقىدىكەنمىز؟ ئەگەر ساقچىلار كەلسە ئۇلارنىمۇ بومباردىمان قىلىڭلار، Cگۇرۇپپا مەيداننى تازىلىۋېتىڭلار!

قارا ئەجدىھا گورۇھىنىڭ كاتىپىشى چۈەنكو شياڭيىنىڭ ئۆيىدە چوڭ زىياپەت بولۇۋاتاتتى!

چۈەنكو شياڭيى ھاراقتىن بىر يۇتۇم ئوتلىۋەتكەندىن كېيىن:

ــ كۆپچىلىك، بۇ قېتىمقى داخې مىللىتىگە ئاسىيلىق قىلغان خائىننى قەستلەش بەكمۇ غەلىبىلىك بولدى، ئاخباراتقا قارىغاندا ۋاڭ تىيېخېڭ ئۇزاق ياشىيالمىغۇدەك،ــ دېدى.

ئورۇنباسار كاتىپباش شياۋتيەن يۈەنلوۋ بىر ياپونلۇق ئۇسۇلچى پاھىشىنى قۇچاقلىغىنىچە:

ــ ھۆكۈمەت يەنە تارتۇق بەردى، بۇ قېتىمقى نىشان چىنانىڭ ھېلىقى ئايال گېنرالى،ــ دېدى. چۈەنكو شياڭيى شەھۋەتلىك كۈلۈپ:

ــ ھوي! سېنىڭ دېگىنىڭ شەرقىي تۈركىستان قىسىملىرىنى تېرەپپېرەن قىلىۋەتكەن ھېلىقى چىنالىق ئايال گېنرالمۇ؟ ھەي،ھەي! كاساپەت بەكمۇ چىرايلىقتى، ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتسەك ئازراق ئەپسۇسلىنارلىق بولىدىكەن! پۇرسەت بولسا ئۇنىڭغا بىز بۆيۈك ياپونىيە ئەرلىرىنىڭ كۈچىنى كۆرستىپ تازا تېتىتىپ قويساق بولاتتى!ــ دېدى. مەيداندىكىلەرنىڭ ھەممىسى پىخىلداپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

تام سىرتىدىكى قارا ئەجدىھا گورۇھىنىڭ بىر كۆزەتچىسى تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ چېكىشكە باشلىدى، تۇيۇقسىز بىر قول ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدى، ئارقىدىنلا خەنجەر ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن سانجىلدى! ئۇنىڭ نەپسى ئۈزۈلگەندىن كېيىن، جۇڭگو ئالاھىدە قىسىمىنىڭ جەڭچىسى شەرەتلىدى، بىر توپ ئەسكەر دەرھال يېتىپ كەلدى! ئاسماندا بىر نەچچە تال كۈمۈش رەڭلىك نۇر دەستىسى چاقنىغاندىن كېيىن، تام سىرتىدىكى قارا ئەجدىھا گورۇھىنىڭ ئادەملىرى ئاۋازىنىمۇ چىقىرالماي سىماپلىق مەرگەن مىلتىقى تەرىپىدىن يەر چىشلىتىلدى. ۋەن شيوگفېي مەمنۇن بولغان ھالدا بۇلارغا قاراپ:

ــ بولدى! Bگۇرۇپپا راسا ئېتىڭلار! ماڭىمۇ بىر سىلىق سىتۇوللۇق زەمبىرەك بېرىڭلار، مەنمۇ خۇماردىن چىقىۋالاي،ــ دېدى. كۈچلۈك ئاۋازدىن كېيىن، قارا ئەجدىھا گورۇھىنىڭ بىر ئادىمى ئاسمانغا قارىدى، چۈنكى بىر دانە قارا شارچە ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى! كۈچلۈك پارتلاشتىن كېيىن، ئۇ شۇ يەردىلا پارتلاپ پارچە-پارچە بولۇپ كەتتى! 20 نەچچە سىلىق سىتۇوللۇق زەمبىرەك توختىماستىن ئوق ئېتىشقا باشلىدى، قارا ئەجدىھا گورۇھىنىڭ

كاتتىبېشىنىڭ تۇرالغۇسى بىر پارچە ئوت دېڭىزى ئىچىدە قالغانتى، قارا ئەجدىھا گورۇھىنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىنى بۇ ئوت دېڭىزىدىن جېنىنىڭ بېرىچە ئۆزىنى قۇتۇلدۇرماقچى بولۇشۋاتاتتى، بىراق ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلارنى كۈتىۋاتقىنى پەقەت ئۆلۈم ئىدى! چۈەنكو شياڭيى ئۆزىنىڭ بىر قىسىم يېقىن قوغدىغۇچىلىرى بىلەن يەر ئاستىغا يوشۇرۇنىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەڭرىسىگە دۇئا قىلىۋاتاتتى، يىراقتىنكى بەزىبىر ئاھالىلەر پارتلاش ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ساقچىغا تېلېفون قىلىشتى، توكيو ساقچى ئىدارىسى تېلېفوننى تاپشۇرىۋالغاندىن كېيىن بۇنىڭغا ئىشەنمىدى، قايسى گورۇھ ياپونىيىدىكى ئەڭ چوڭ قارا گورۇھقا چېقىلىشقا پېتىنالىسۇن! ئەمما ئۆزلۈكسىز كەلگەن ئوخشاش تېلېفوندىن كېيىن، ئون نەچچە ساقچى ماشىنىسى غوڭۇلدىغىنىچە داجىڭ بەيگە مەيدانىغا قاراپ يولغا چىقتى. ۋەن شيوڭفېي 17 پاي ئوق ئېتىپ بولغاندىن كېيىن:

— بولدى، توختتايلى! C گۇرۇپپا كىرىپ تازىلىغاچ ئۆلمەي قالغانلار بارمۇ قاراپ بېقىڭلار، — دېدى. بىر گۇرۇپپا ئوقتىن مۇداپىئەلىنىش كىيىمى كەيگەن ئەسكەرلەر قىزىل يۇلتۇز زەربە ملتىقىنى كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كېتىشتى، نەپسى ئۈزۈلمىگەنلىرىنى كۆرسە نەچچە پاي ئوق ئېتىپ جەھەننەمگە يولغا سېلىپ قويۇشتى ياكى خەنجەرنى تىقىپ ئاستا-ئاستا جېنىنى ئالدى! پۈتۈن ئۆي ئىچى خۇددى دوزاققىلا ئوخشاپ قالدى، ئېچىنىشلىق ۋاقىرىغان ئاۋازلار توختىماستىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى! ۋەن شيوڭفېي بۇنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن يېنىدىكى ئەسكەرگە دېدى:

— ئەگەر بۇ ئاۋازلارنى ئۈنگە ئېلىۋېلىپ، ھەر كۈنى كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئاڭلايدىغان بولساڭ، چوقۇم گۈزەل چۈش كۆرىسەن!

ئەسكەر بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى! دەل شۇ چاغدا چاقىرغۇ جاراڭلىدى:

— باشلىق، ساقچىلار توكيو 1-نومۇرلۇق راۋان يولنى بويلاپ سىلەرگە قاراپ كېلىشكە باشلىدى.

— ھەببەللى! ئۇلارغا بىر نەچچە پاي مىناميوت بېرىڭلار، — دېدى ۋەن شيوڭفېي. توكيو راۋان يولدا ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان ساقچى ماشىنىلىرى تۆت كوچا ئېغىزىغا كەلگەندە، قالپاق كەيگەن موتوسىكىلىتلىق بىر ئادەم ئۇدۇلدىن چىقىپ كەلگىنىچە، كېلىۋاتقان ساقچى ماشىنىسىغا قارىتىپ بىر پاي مىناميوت ئاتتى، كۈچلۈك پارتلاش ساقچى ماشىنىسىنى ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ، كەينىدىن كېلىۋاتقان ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈردى، كەينىدىكى ماشىنا تورمۇزلاشقا ئۈلگۈرمەيلا ئۇلارغا ئۈسسۈۋالدى، موتۇسىكىلىتلىق ئادەم بۇنى كۆرۈپ دەرھال بۇرۇلۇپ قېچىپ كەتتى، ياپونىيە ساقچىلىرى ئەمدىلا ماشىنىدىن ئۆمىلەپ چىقىشىغا،

كەيندىن يەنە ئۈچ موتۇسكىلىت كەلدى! ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى بۇلارغا قارىتىپ بىر پاي مىناميوت ئاتتى، قالغان ئىككىسى پىلىموت تۇتقىنىچە ساقچىلارنى قالايمىقان ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى، قول ياندۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ساقچىلار ئېچىنىشلىق چىقىراپ يەرگە يىقىلىشقا باشلىدى، قىپقىزىل قانلار يولنى بويىۋەتتى! ئوقنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن ئۈچ ئادەم موتۇسكىلىتلىرىنى مىنىپ بۇ يەردىن قېچىپ كېتىشتى!

ئىككىنچى كۈنى، ياپونىيە قارا ئەجدىها گورۇھىنىڭ كاتتىبېشى چۈەنكو شياگېينىڭ بېشى ياپونىيە توكيو ساقچى ۋازارىتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا تاشلاپ قويۇلدى، تاراتقۇلاردا بۇ ياپونىيە يۈز بەرگەن ئەڭ ئېغىر تېررورلۇق ۋەقەسى دەپ خەۋەر قىلىندى! تېرورچىلار ياپونىيە قارا ئەجدىها گورۇھىنىڭ باش شتابىنى بومباردىمان قىلغان بولۇپ، قارا ئەجدىها گورۇھىنىڭ ھەممە ئادەملىرى ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، توكيو ساقچى ۋازارىتىنىڭ ساقچىلىرى بۆكتۈرمىگە ئۇچراپ، 23 ئادەم ئۆلگەن ئىدى، تېرورچىلار مىناميوت قاتارلىق ئېغىر تىپتىكى قوراللارنى ئىشلەتكەن ئىدى! ياپونىيە ھۆكۈمىتى پۈتكۈل شەھەرنى قامال قىلىپ تېرورچىلارنى ئىزدەشنى باشلىغانتى!

سۇ ئاستى كېمىسىدە ئولتۇرغان ۋەن شيوگۇېي غالىپلارچە كۈلۈپ بۇ خەۋەرلەرنى كۆرۈۋاتاتتى، ئۇ بۇ قېتىمقى ئۈچ ئېلىشنىڭ تېخى ئەمدىلا باشلانغانلىقىنى بىلەتتى!

## 16 ـ باب پىلتە

ــ بۇ قانچىنچى ساقچى ماشىنىسى؟ــ دەپ سورىدى ۋەن شيوگۇېي.

ــ ئالتىنچىسى،ــ پەس ئاۋازدا جاۋاپ بەردى بىر ئەسكەر. ــ ئالتىنچىسى،ــ پەس ئاۋازدا جاۋاپ بەردى بىر ئەسكەر .

ۋەن شيوگۇېي بىر قەپەس قاقاھلاپ كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن:

ــ بۇ ياپون پاكارلىرى كىچىك ئىشنى بەك چوڭايتىۋېتىدىكەن! بىزنىڭ پەقەت قارا ئەجدىها گورۇھىنىڭ باش شتابىنى پارتلاتقانغا، بىر نەچچە ساقچىنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىمىزگە قورقۇپ بۇنداق بولۇپ كېتىپتۇ!ــ دېدى.

ياپونىيە توكيۇ، باش ۋەزىر شيوسى فۇجىزاۋا 藤泽雄次)نى توردىن ئاختۇرسام، ئېنگىلىزچە ئوقۇلۇشى تەخمىنەن مۇشۇنداقراق بولىدىكەن) ئاچچىقىدىن ۋاقىراپ تىللاۋاتاتتى:

ــ ھايۋان! نېمە تېرورچى دېگەن؟ بۇ ئوچۇق چىنالىقلارنىڭ ئۈچ ئالغىنى تۇرمامدۇ! سىلەر

دەڭلارچۇ، چىنالىقلار ياپونىيىگە قانداق كىرگەن؟ ئۇلار قانداقسىگە قارا ئەجدىھا گورۇھىنىڭ باش شتابىنى پارتلىتىۋېتەلىدى! ھۇ، بىر ئۇچۇم ھارامتاماقلار!
قوغدىنىش ۋازارىتىنىڭ باشلىقى موناكا(خەنزۇچىسىدىكى ياپونچە ئىسىملارنىڭ ھەممىسى ئويدۇرۇلۇپ چىقىرىلغان ئىسىملار بولغاچقا، تەرجىمە قىلىشتا خەتلەرنىڭ ئوقۇلۇش ئاھاڭى بويىچە تەرجىمە قىلىندى، ئەسلى ياپونچە ئىسىملار ئېنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنغاندىمۇ ئوقۇلۇش ئاھاڭى بويىچە تەرجىمە قىلىناتتىكەنتۇق، نىدادىن)مۇ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشقا باشلىدى:
— مىشئو بانوھ سىزنىڭ ساقچىلىرىڭىز نەدە پوق يەپ يۈرىدۇ؟
توكيۇ ساقچى ۋازارىتىدىكى مىشئو بانوھ تىترىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ:
— بىز ساقچىغا مەلۇم قىلغان تېلېفوننى تاپشۇرىۋېلىپلا ئادەم چىقاردۇق! بىراق يېرىم يولدا چىنالىقلارنىڭ بۆكتۈرمىسىگە ئۇچرىدۇق! ئۇلاردا مىنامىيوت، پىلىموت قاتارلىق ئېغىر تىپتىكى قوراللار باركەن، ساقچىلارغا سەپلەپ بېرىلگەن قوراللار ئۇلارغا تاقابىل تۇرالمىغۇدەك! موكوباجىما، سىزنىڭ ئاخبارات تارماقلىرىڭىز بىزگە خاتا مەلۇمات بېرىپ بىزنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى!— دېدى. موكوباجىما ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىرىدى:
— بۇنى مەندىن كۆرگىلى بولمايدۇ! چىنالىقلارنىڭ بۇ قېتىم جاسوسلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرى بەك كۈچلۈككەن، بىزنىڭ جۇڭگودىكى بىر نەچچە تارماق بۆلۈملىرىمىزنىڭ ھەممىسى چىنالىقلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى.
ياپونىيىنىڭ ئەمەلدارلىرى تازا قالايمىقان تالىشىۋاتقان ۋاقىتتا، ئىشىك ئېچىلدى. كىرگىنى دەل كاتاسېكىخارا ئىدى. كۆپچىلىك ئۇنى كۆرۈپ روھلىنىپ كېتىشتى! كاتاسېكىخارا بولسا ياپونىيىدىكى ئۇچىغا چىققان ئوڭ قانات ئۇنسۇر ۋە جۇڭگوغا قارشى زات ئىدى، ئۇ ناھايىتى بۇرۇنلا ئاممىۋىي سورۇندا جۇڭگونى چىنا دېگەن ئىدى! جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرگەندە، ئۇ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ:
— سىلەرنى چىنالىقلار دېمەي، چىنالىق چوشقىلار دېسەك قانداق؟— دېگەنتى. شۇندىن كېيىن جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تېرىسىنى سويىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىشاتتى، كاتاسېكىخارا گەرچە ياپونىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى بولمىسىمۇ، بىراق ياپونىيە پادىشاھىنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشكەنتى! سورۇندىكىلەر كاتاسېكىخارانىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا 90گرادۇس ئېگىلىپ تازىم قىلىشتى، كاتاسېكىخارا ئولتۇرغاندىن كېيىن:
— كۆپچىلىك، سىلەر بۈيۈك ياپونىيە ئېمپىرىيىسىنىڭ تۈۋرۈكلىرى، بۇنداق ۋاقىتتا ئۆزئارا نىزالاشساڭلار قانداق بولىدۇ؟ بىزنىڭ بۈيۈك ياپونىيە ئېمپىرىيىمىزنىڭ بۈگۈنكىدىدەك كۈنگە ئېرىشىشى پۈتۈنلەي بىزنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول

چىقارغانلىقىمىزدىن، چىنالىقلارنىڭ ئاشۇنداق ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولۇشى ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقىدىن بولغان ئەمەسمۇ!ــ دېدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ سۆزىگە باش لىڭشىتىشتى، كاتاسېكىخارا ئۇلارغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ چىنالىقلارنىڭ بىزدىن ئۆچ ئالغىنىنى مەن ئاللىقاچان بىلىۋالدىم، چىنالىقلارنىڭ بۇ قېتىم ياپونىيىگە كېلىپ قارا ئەجدىھا گورۇھىنىڭ كاتتىبېشىنى ئۆلتۈرگىنى پەقەت بىر باشلىنىش، ئۇلارنىڭ كېيىنكى نىشانى چوقۇم بىزنىڭ ياپونىيە ئادەملىرىنىڭ مەنۋىي تۈۋرۈكى ــ ئەلنى تېنچلاندۇرغۇچىلار مازىرى، كۆپچىلىك، سىلەرگە ئايان، بىزنىڭ ياپون ئېمپىرىيىمىزنىڭ هاۋا ئارمىيىسى بىلەن ئامېرىكىنىڭ هاۋا ئارمىيىسى تەيۋەندىكى هاۋا جېڭىدە ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى، ئامېرىكىلىقلار ئەزەلدىن ئىشەنچسىز، هازىر ئامېرىكا ئەلباشى ئالدىغىمۇ ـ كەينىگىمۇ ماڭالمايدىغان چەكلەنگەن رايونغا كىرىپ قالدى، ئۇلارنىڭ تېنچ ئوكيان فلوتىمۇ پەقەت قۇرۇق زىنىنەت بويۇمى،خالاس. هالبۇكى چىنالىقلار ئۇزۇندىن بۇيان بىزنى كۆزىگە قادالغان مىخ دەپ هېساپلاپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ ئالاهىدە قىسىم ئەۋەتىشىدە چوقۇم بىزنىڭ مەنۋىي تۈۋرۈكىمىزنىڭ پارتلىتىپ يوقىتىش غەرىزى بار، ئۇلار مۇشۇ ئارقىلىق ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي قىزغىنلىقىنى ئەڭ يۇقىرى چەككە كۆتۈرۈپ، بىزگە هۇجۇم قوزغاشنى قوللىشىغا ئېرىشمەكچى.

باش ۋەزىر شيوسى فۇجىزاۋا ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ:

ــ ئۇستازىمىز كاتاسېكىخارانىڭ ئېيتقانلىرى ناهايىتى توغرا، گېنرال موناكا، سىز چوقۇم دېڭىز، هاۋا ئىككى ئارمىيىنىڭ قوغدىنىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەڭ، بۆيۈك ياپونىيە ئېمپىرىيىسىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن، بىز بۇ قېتىم ئەلنى تېنچلاندۇرغۇچىلار مازىرىنى چوقۇم ياخشى قوغدىشىمىز كېرەك، چىنالىقلارنىڭ مەينەت قولى هەرگىزمۇ ئۇنىڭغا تەگمىسۇن!ــ دېدى. هەممەيلەن قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن هالدا:

ــ هايت!ــ دەپ جاۋاپ بېرىشتى. كاللىسى قىزىپ بېشى ئايلانغانلار ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى بىر كىچىككىنە پاشىغا ــ بىر كۆزىدىن قىزىل نۇر چاقناپ تۇرغان بىر پاشىغا دىققەت قىلىشمىغانتى!

Z081يادرو سۇئاستى پاراخوتىغا ئولتۇرغان ۋەن شيوڭفېي چاي ئىچكەچ كۆزەتكۈچكە قاراپ ئولتۇرغاچ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ كاتاسېكىخارا دېگەن ئۆلمەيدىغان قېرى ئالۋاستى، غوجاكاڭ سېنىڭ كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرستىدۇ! ئەگەر مەن سېنى تۇتۇۋالىدىغان بولسام، ئاۋال بىر نېمەمنى يېگۈزۈپ ئۆلتۈرىمەن، ئاندىن سېنى چوشقا قوتىنىغا تاشلاپ مىكىجىن بىلەن جۈپلەشتۈرىمەن...... توختا! مەن يەنە نېمىشقا چوشقىنى كەمستىمەن! ياق، ياق، ياق... يەنىلا سېنىڭ

قورسىقىڭنى يېرىپ، ئۈچەي ـ باغرىڭنى چۇۋۇپ چىقىرىپ، بوينىڭغا يۆگەپ بار كۈچۈم بىلەن بىرنى تارتسام، ۋاي ـ ۋۇي!!! تىلىڭ ساڭگىلاپ چىققاندا قىڭراق بىلەن چانسام!!!!! دۇنيا جىمىغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدا يەنە سېنىڭ قورسىقىڭغا كىسلاتا قۇيسام!!! ئاناڭـــــنـــــى!
بىر ئەسكەر ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇپ سوغۇق تەرلىگىنىچە:
ــ ئەترەت باشلىقى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىدىن تېلگرامما كەلدى،ــ دېدى. ۋەن شيوگفېي شۇندىلا ئېسىنى يىغىپ:
ــ سەن......سەن قاچان كىرگەنتىڭ؟ــ دېدى، ئەسكەر ئاستاغىنە:
ــ سىز «كاتاسېكىخارا دېگەن ئۆلمەيدىغان قېرى ئالۋاستى» دەۋاتقاندا كىرگەنتىم،ــ دېدى. ۋەن شيوگفېي:
ــ............
ئەسكەر ۋەن شيوگفېينىڭ ئىنكاس قايتۇرمىغىنىنى كۆرۈپ سۆزىنى قايتىلىدى:
ــ ئەترەت باشلىقى! مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تېلېگراممىسى.
ــ بولدى، مەن بىلدىم، سەن چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ،ــ دېدى. ئەسكەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ۋەن شيوگفېي تېلېگراممىنى ئاستاغىنە كۆرۈشكە باشلىدى! كاتاسېكىخارانىڭ پەرىزىدەك، جۇڭگو دەل ئۇلارنىڭ ئەلنى تېنچلاندۇرغۇچىلار مازىرىنى پارتلاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ياپونىيىگە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىماقچى ئىدى! بارلىق ھاۋا ئارمىيىسى تەييارلىنىپ بولغان بولۇپ، ئۇلاردىن ئۆكتەبىر ئىچىدە چوقۇم تاماملاشنى، قايسى كۈنى بولسا بولىۋېرىدىغانلىقى تەلەپ قىلىنغانتى! غەلىبە قىلسىلا، ھاۋا ئارمىيىسى دەرھال ياپونىيىنىڭ ھەر قايسى ھەربىي بازىلىرى ۋە پورتلىرىنى گېلەم شەكلىدە بومباردىمان قىلاتتى، دېڭىز ئارمىيىسىمۇ دەرھال كېلىپ ئۇلارغا ھەمدەم بولاتتى، مەركەز ئىككى ئالاھىدە ئەسكەرنى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە ياردەملىشىشكە يۆتكەپ كەلگەنتى. ئەمدىلا كۆرۈپ تۈگىتىشىگە ۋەن شيوگفېينىڭ كەينىگە باشتىن ـ ئاياق قاپقارا كىيىنگەن ئىككى ئەسكەر كەلدى، قارا پەلتۇ، قارا ئاياق، قارا پەلەي، قارا كۆزەينەك (قۇرۇق گەپ!)، قارا دوبۇلغا، پۈتۈن بەدىنى مەھكەم ئورالغان ئىدى، ئىسسىمامدىغاندۇ! ۋەن شيوگفېي ئۇ ئىككىسىگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، كۆڭلىدە ئويلىدى:
ــ ئاناڭـــــنـــــى! نېمە يەپ چوڭ بولغان نېمىلەردۇ! ئىككى مېتىردىن ئېگىزكەن.
ئالىملاردەك ياسىنىۋالغان بىرى كىرىپ كېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:
ــ ۋەن ئەترەت باشلىقى، بۇ ئىككىسى جۇڭگو مەخپىي قىسمىدىن، ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكىتى مۇتلەق مەخپىي بولىدۇ، ھەرگىزمۇ سىرتقا خەۋىرى چىقىپ كەتمىسۇن!
ۋەن شيوگفېي خۇشياقمىغان ھالدا:

— ئۇنداقتا بۇ ماڭا ئىككى ئېغىز يۇكنى ئارتىپ قويغانلىقكەنغۇ!— دېدى. ئالىم كۈلگىنىچە:

— ياق! ۋەن ئەترەت باشلىقى، سىز بۇلارنى قىلچمۇ چۈشەنمەيسىز، ئۇلار جەڭگاھتىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق قورال!— دېدى. ۋەن شيوگفېي چىرايىنى پۈرۈشتۈرگىنىچە:

— بۇلار دۆلىتىمىز ئىشلەپچىقارغان «بىئوخىمىيلىك كرىزىس»تىكى قوغلاپ يوقاتقۇچلار ئەمەستۇ، ئۇلار گەپمۇ قىلىپ قويمايدىغۇ؟— دەپ سورىدى. ئالىم بېشىنى چايقىغىنىچە:

— ها...ها...ها! ۋەن ئەترەت باشلىقى، سىز كومپيۇتېر ئويۇننى بەك جىق ئويناپ كېتىپسىز، «بىئوخىمىيلىك كرىزىس»تىكى قوغلاپ يوقاتقۇچىلارنىڭ بۇلارنىڭ ئالدىدا كىچىك بالىغا ئوخشاش قىلچمۇ قارشىلىق كۈچى يوق، ئۇلارنىڭ سۆزلىشىنىڭ هاجىتى يوق، سىز پەقەت ئۇلارغا بۇيرۇق چۈشۈرسىڭىزلا بولىدۇ. بۇ قېتىم ياپونىيە ئەلنى تېنچلاندۇرغۇچىلار مازىرىغا قىلىدىغان هەرىكەتنىڭ مەقسىتىمۇ ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى سىناپ بېقىشتۇر،— دېدى.

ۋەن شيوگفېي كۈلۈمسىرىگىنىچە قاراپ تۇرغان ئالىمغا قارىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە هېلىقى ئىككى گەپمۇ قىلمايدىغان قارا كىيىملىك غەلىتە ئادەملەرگە قاراپ ، پۈتۈن بەدىنى سوغۇق تىترەپ كەتتى.

- 2009يىلى 23- ئۆكتەبىر، جۇڭگو جۇڭنەنخەي، جوۋتيەنخۇا هەر قايسى جەڭ لېنيىلىرىدىن كەلگەن دوكلاتلارنى ئوقۇماقتا، دۆلەت رەئىسى لىشياڭ ۋە ئۈچ ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىرى بىر چەتتە جىمجىت ئولتۇرۇپ تىڭشىماقتا. جوۋ تيەنخۇا گەپ باشلىدى:

— هىندىستان تەرەپتە بىز ۋە پاكىستاننىڭ بىرلەشمە هۇجۇمى ئاستىدا قوشۇنلىرىمىز يېڭى دېھلىغا بېسىپ كىرەي دەپ قالدى، بىرمىغا يېقىن جايدىكى هىندىستان زېمىنى ئاللىقاچان پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىنىپ بولۇندى، سىلەر هىندىستان ۋەكىلىنىڭ ب د ت يىغىنىدىكى چىرايىنى كۆرۈپ باقساڭلار بولاتتى، ها...ها...ها! ۋېيتنام بىلەن فىلىپپىن ئامېرىكا ۋە ياپونىيە هاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيىتىنى كۆرگەندىن كېيىن، بەزىبىر ئىچكى سىياسىي ئىشلار مىنىستىرلىرى بىز بىلەن بولىدىغان تېنچلىق سۆھبىتىنى ئويلىششقا باشلىدى! ئامېرىكىنىڭ ئىككى ئاۋېئاماتكا فلوتى يەنىلا ياپونىيە ۋە فىلىپپىندە ساقلاۋاتىدۇ، ئىراق زۇڭتۇڭى سادامىمۇ (توغرا چۈشەنگەيسىلەر، بۇ رومان 2003- يىلى يېزىلغاچقا، مەنمۇ شۇ پېتى تەرجىمە قىلىۋەردىم.) ئامېرىكىنىڭ تەيۋەندىكى جەڭدە ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولۇپ، ئىچكى جەھەتتە سىياسىي قالايمىقانچىلىق چىقىۋاتقان مۇشۇنداق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قايتۇرما جەڭ قىلىشقا باشلىدى، هازىر ئامېرىكا يەنە ئىككى دېۋىزىيىسىنى ئىراققا ئەۋەتتى!

لى رەئىس چاۋاك چېلىپ، كۈلگىنىچە:

— ياخشى! ئەمدى بىزنىڭ ياپونىيىنى جايلايدىغان ۋاقتىمىز كەڭتاشا بولدى، ئالاهىدە قىسمنىڭ سىگنالىغىلا قاراپ قالدۇق،— دېدى. جوۋ تيەنخۇا قوشۇلغان هالدا:

— ياپونىيە. . .ھىم! ئەگەر جۇڭگو تەرەققىي قىلماقچى بولىدىكەن، ياپونىيىدىن ئىبارەت بۇ يامان سۇپەتلىك ئۆسمىنى چوقۇم كېسىپ تاشلىشى لازىم! ھوي، راست! مەن بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بېيجىڭ دەرىجىلىك توشۇغۇچى كېمە ھازىر ئاي شارىنىڭ يۈزىگە قوندى، بىزنىڭ ئايىنىڭ ئىچىدىكى بازا قۇرۇش خىزمىتىمىزمۇ باشلاندى، — دېدى. لى رەئىس سۈرلۈك ھالدا:

— بۇ ئىشنى مەخپىي تۇتۇڭلار، كېلەر يىلى 1 ـ ئۆكتەبىردىن بۇرۇن تامامىلاشقا تىرىشىڭلار، ۋاقتى كەلگەندە بىز ئاۋامنى بىر ھەيران قالدۇرايلى!— دېدى. جوۋ تيەنخۇا بېشىنى لىڭشىتىپ دېدى:

— رەئىس خاتىرجەم بولۇڭ.

ـ 2009يىلى 27 ـ ئۆكتەبىر، نۇرغۇنلىغان ياپونلار ئەتىگەندىلا ئەلنى تېنچلاندۇرغۇچىلار مازىرىنى تاۋاپ قىلىشقا ماڭغانتى، ياپونىيىنىڭ VR ئالاھىدە قىسمىمۇ نەچچە كۈن ئىلگىرىلا كىشلەر توپىغا سوقۇنۇپ كىرىپ ئورۇنلىشىپ بولغانتى! بىر پىشقەدەم ياپون ئەسكىرى نەۋرە قىزىنىڭ يۆلىشى بىلەن بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن مېڭىپ تاۋاپخانىغا كېتىپ باراتتى، بىر چەتتە ئون نەچچە ئوڭ قانات ئۇنسۇرلار يۇقىرى ئاۋازلىق ياڭراتقۇدا مىلتارىزىم ئىدىيىسى ۋە جۇڭگوغا قارشى سۆزلەرنى تەشۋىق قىلىۋاتاتتى! بوۋىسىنى يۆلىۋالغان قىزچاق سورىدى:

— بوۋا، سىز نېمىشقا ھەر كۈنى بۇ يەرگە كېلىپ تاۋاپ قىلىسىز؟

بوۋاي كۈلۈپ كېتىپ جاۋاپ بەردى:

— بۇنىڭ ئىچىگە بىزنىڭ ياپون دۆلىتىنىڭ قەھرىمانلىرى كۆمۈلگەن، ئەينى يىللىرى ئۇلار بىزنى ئاشۇ بىپايان زېمىندا ئۆي ـ ماكانلىق قىلىشقا ئاز قالغانتى.

قىز چۈشىنە ـ چۈشەنمەيلا بېشىنى لىڭشىتتى:

— سىزنىڭ سۆزلىگەنلىرىڭىز ھەجەپمۇ يېقىملىق جۇمۇ!

ئۇلار كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئازادە كىيىنىۋالغان بىر ئەر ئۇلارغا قارىغىنىچە سوغۇق كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئەر ئەتراپقا قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئاناڭنـــــى! ئون ئادەمنىڭ ئىچىدە ئالتىسى ساقچىكەنە.

ئۇ ئەتراپقا يەنە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، تاۋاپخانىغا قاراپ ماڭدى! دەل شۇچاغدا ئىككى ئادەم ئۇنىڭغا قاراپ كېلىپ، ئىككى بېقىنىدىن ئۇنى قىستاپ كەلدى، ئارىدىن بىرى ساقچى كېنىشكىسىنى چىقىرىپ دېدى:

— بىز ساقچى، بىز بىلەن مېڭىڭ!

ھېلىقى ئەر ئاۋال بىردەم تۇرىۋۋەتكەندىن كېيىن، ياپون تىلىدا راۋان سۆزلىدى:

— چاتاق يوق.

سۆزى تۈگەش بىلەنلا، ئىشتان يانچۇقىدىن بىر تاپانچىنى چىقاردى، «چىنالىقلارنىڭ ئا.......»، سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا، ئىككى ئادەم جەسەتكە ئايلىنىپ يەرگە يىقىلدى! بۇ ئالاھىدە قىسىم ئەسكىرى دەرھال يانچۇقىدىن گراناتتىن بىرنى ئېلىپ كىشىلەر توپىغا قارىتىپ ئاتتى! نەق مەيداندا سەككىز ئادەم پارتلاپ ئۆلدى. زىيارەتچىلەرنىڭ قورقۇنچلۇق توۋلىغان ئاۋازلىرى ئارىسىدا، كىشىلەر توپىغا يۈشۈرۈنىۋالغان ئالاھىدە قىسىم جەڭچىلىرى بەس ـ بەستە قوراللىرىنى چىقىرىپ، ئادەم كۆرسىلا ئېتىشقا باشلىدى! تۇيۇقسىز بىر پاي ئوق بىر ئەسكەرنىڭ پېشانىسىنى تېشىپ ئۆتتى، «پەخەس بولۇڭلار، مەرگەن باركەن!»، بىر ئالاھىدە قىسىم جەڭچىسى يۇقىرى ئاۋازدا ۋاقىرىدى، زىيارەتچىلەردەك ياسىنىۋالغان ياپونىيە VR ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرىمۇ قوراللىرىنى ئېلىشىپ جۇڭگو ئەسكەرلىرىگە قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى، تاۋاپخانا ئىچىدىكى راھىبلارمۇ قولىرىغا تاپانچا تۇتقان ھالدا ئېتىلىپ چىقىشتى.

ــ باشلىق، ئۇلار قىلتاققا چۈشتى،ــ دېدى بىر ياپونىيە جاسوسى ئېكرانغا قارىغىنىچە كۈلۈپ تۇرۇپ VR .ئالاھىدە قىسىمنىڭ قوماندانى فۇجى ياماموتو:

ــ ياخشى! ئۇلاردىن ئازراقىنى يوقىتىڭلار، ئەمما بىر نەچچىسىنى تىرىك تۇتۇڭلار، بىز ئۇلاردىن پايدىلىنىپ، جۇڭگىنىڭ يۈزىگە قارا سۈركىمىسەك بولمايدۇ،ــ دېدى. «بىر ئادەم غەلىبىلىك ئېتىۋېتىلدى!»، «بۇ يەردە بىزنىڭ بىر ئادىمىمىز يارىلاندى» دېگەن سۆزلەر چاقىرغۇدىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى! ياماموتو جۇڭگو ئالاھىدە قىسىم جەڭچىلىرىنىڭ بىر ـ بىرلەپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سوغۇققىنە كۈلۈپ قويدى:«ئەگەر بۇ ئادەملەرنى دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە كۆرسەتسەك، جۇڭگونىڭ مەخپىي ھالدا تېرورىزىمنى قوللىغانلىق جىنايىتىگە پاكىت بولىدۇ، شۇ ۋاقىتتا كۆرەرمىز، جۇڭگو قانداق قىلالايتىكى! بىراق مۇشۇ ئادەملەرگە تايىنىپ جارا ئەجدىھا گورۇھىنىڭ باش شتابىنى پارتلىتىۋەتكەنلىكى زادىلا كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ«!

ئەلنى تېنچلاندۇرغۇچىلار مازىرىنىڭ ئىچىدە ئېتىشىش تازا قىزىغان پەيتتە، ياپونىيە ساياھەت كوپېراتىپىنىڭ بىر ماشىنىسى كىرىپ كەلدى، مازار سىرتىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ساقچىلار دەرھال ئۇنى توسىۋالدى، بىر ساياھەت يېتەكچىسى كۈلگىنىچە ماشىنىدىن چۈشۈپ كەلدى، تۆت ساقچى ئۇنىڭغا قاراپ:

ــ مازار بۈگۈن تاقالدى، زىيارەت قىلىشقا بولمايدۇ، سىلەر تېز كېتىڭلار،ــ دېدى. يېتەكچى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئالمان ـ تالمان:

ــ ھەي!ھەي! مان، بىز ھازىرلا كېتىمىز!ــ دېدى. يېتەكچى ماشىنىغا قايتىپ كېلىشى بىلەنلا، پىلىموت ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى! دەرۋازا سىرتىدا كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان

ساقچىلار تاپانچىلىرىنى چىقىرىشقا ئۈلگۈرمەيلا، يەرگە يىقىلىشقا باشلىدى! ۋەن شيوگفېي ئالدىغا قارىغىنىچە:

— مازار ئىچىدىكىلەر بەرداشلىق بېرەلمىگىلى تۇردى، ئۇلارغا دەرھال ياردەمگە بارايلى،— دېدى.

## 17 ـ باب قىساس جېڭى

فۇجى ياماموتونىڭ چاقىرغۇسى سايرىدى:

— باشلىق، جۇڭگو ئالاھىدە قىسمى بىر ئاپتوبۇسنى ھەيدىگىنىچە سىرتتىن بېسىپ كىردى.

— نېمە دېدىڭ؟ ئاناڭـــنـــى! قىلتاققا چۈشكىنى بىزكەنمىز،— فۇجى ياماموتو ھەيران بولغان ھالدا تۋۋلىۋەتتى. دەل شۇ پەيتتە جۇڭگو ئالاھىدە قىسىم جەڭچىلىرى ئولتۇرغان ئۆزگەرتىلگەن ئاپتوبۇس ساقچى ماشىنىلىرىدىن شەكىللەنگەن مۇداپىئە لېنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئەلنى تېنچلاندۇرغۇچىلار مازىرىغا بۆسۈپ كىردى! VR ئالاھىدە قىسمىنىڭ سېپى قالايمىقانلىشىپ كەتتى، ئاپتوبۇسنىڭ ھەر بىر كۆزنىكىدىن قىساس ئوتلىرى ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى! ۋەن شيۇگفېي ۋاقىرىدى:

— ھەممىڭلار زەھەردىن ساقلىنىش نىقابى تاقاڭلار، ياش ئاققۇزۇش بومبىسى ئېتىپ ئۇلارنى تارقاقلاشتۇرۇڭلار، 1 ـ نومۇر بىزنى قوغدا! كۆپچىلىك دەرھال ماشىنىدىن چۈشۈڭلار!

ئون نەچچە ياش ئاققۇزۇش بومبىسى ئېتىلدى، ئىس تۈتەك پۈتكۈل مازارنى قاپلىدى! «ئۆھۆ! ئۆھۆ!» ئىس ـ تۈتەك ئارىسىدا VR ئالاھىدە قىسمىنىڭ ئادەملىرى توختىماي ھۆتىلىشكە باشلىدى، VR ئالاھىدە قىسمىنىڭ بىر ئەترەت باشلىقى ئاغزىنى بۇزدى:

— ھايۋانلار! قالايمىقانلاشماڭلار، دەرھال زەھەردىن ساقلىنىش نىقابىنى تاقىۋېلىڭلار!

ئۇ ئەمدىلا سۆزىنى تۈگىتىشىگە بىر غايەت زور قارا قول ئۇنىڭ گېلىدىن بوغۇپ تولغىدى، يەنە بىر قول بىر مۇش بىلەنلا ئۇنىڭ كۆكرىكىنى تېشىپ ئۆتۈپ يۈرىكىنى يۇلۇۋالدى. دەل شۇ چاغدا ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى، جۇڭگو ئالاھىدە قىسىم جەڭچىلىرى ئىس ـ تۈتەكنىڭ دالدىسىدا تاۋاپخانىغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى، تاۋاپخانىدىكى تاپانچا تۇتۇۋالغان ساقچىلار قانداقمۇ پىلموتنىڭ دۈشمىنى بولالىسۇن؟ بىردەملىك پىلموتنىڭ تاتاتلىغان ئاۋازىدىن كېيىن، بىر نەچچەيلەن پۈتۈن بەدىنىدىن قان تامچىلىغان ھالەتتە يەرگە يىقىلدى! ۋەن شيوگفېي تۈنجى بولۇپ، ئىشىك تۈۋىدىن تارتىپ پىلموتنى كۆتەرگىنىچە نەنجىڭنى ئىشغال

قىلغان ياپونىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ھەيكەللىرىنى ئوققا تۇتۇپ كۇكۇم-تالقان قىلىۋەتتى.
فۇجى ياماموتو قوماندانلىق ماشىنىسىدا سەكرىگىنىچە ۋاقىرىدى:
— دەرھال ئۇلارنى توسۇڭلار، ئۇلار ھەرگىزمۇ تاۋاپخانىنى بۇزۇۋەتمىسۇن!

VRئالاھىدە قىسمىنىڭ جەڭچىلىرىمۇ مىلىتارىزىم ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان جەڭچىلەر بولغاچقا، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىززىتى ۋە ئابرويىنىڭ ۋەيران قىلىنىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇشۇپ تاۋاپخانىغا يۈگۈرۈپ كىرىشتى، بىراق ئىس-تۈتەك ئارىسىدا بىر غايەت زور قارا كۆلەڭگە تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇۋالدى، VRئالاھىدە قىسمىنىڭ جەڭچىلىرى ئاۋال بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، دەرھال قوللىرىدىكى MP-5 ۋە AUG تىپلىق قوراللىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئېتىشقا باشلىدى، قارا كۆلەڭگە قىلچىمۇ قورقماستىن ئوق يامغۇرى ئارىسىدا ئۇلارغا ئېتىلىپ كەلدى، بىر مۇش بىلەنلا بىر VR جەڭچىسىنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقى يەنە بىرىنىڭ يۈزىگە چاچرىدى، يۈزىگە مېڭە قېتىقى چاچرىغان جەڭچى ئەسەبىيلەشكەن ھالدا تەپكىنى كۆچەپ باستى. قارا كۆلەڭگە بىر قولىدا ئۇنىڭ مۆرىسىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا ئۇنىڭ بېشىنى بۇرىدى، ئىسسىق قانلار ئۈزۈلگەن بويۇندىن فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى! بىر VR ئەسكىرى قورقىنىدىن ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ قويدى، قارا كۆلەڭگىنىڭ يېنىدىكى سەپدىشىغىمۇ قارىماستىن، مىناميوتتىن قارا كۆلەڭگىگە قارىتىپ بىرنى ئاتتى. قارا كۆلەڭگە ئۆزىگە ئۇچۇپ كېلىۋاتقان مىناميوت ئوقىنى دەرھال بىر قولىدا كاپپىدە تۇتۇۋالدى، «گومباك» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ پارتلىغان ئوت يالقۇنى قارا كۆلەڭگىنى يالماۋەتتى، ھېلىقى ئەسكەر جىددىيلەشكىنىدىن غەلىتە كۈلۈپ:
— ئۆلەرسەن! غەلىتە مەخلۇق!— دېدى. ئوت يالقۇنى بىر ئاز ئۆچكەندىن كېيىن، قارا كۆلەڭگە ئوت يالقۇنى ئارىسىدىن VR ئالاھىدە قىسمىنىڭ بىرونىۋىكى تەرەپكە قاراپ ئېتىلدى، مىناميوت ئوقى پەقەت ئۇنىڭ كىيىمىنىلا ئازراق كۆيدۈرەلىگەن بولۇپ، مىناميوتنى تۇتۇۋالغان قولى مېتالدەك پارقىرايتتى.

فۇجى ياماموتو ئاغزىنى ئېچىپ ھاڭۋاققىنىچە VR ئالاھىدە قىسمىنىڭ ئىستىھكامىغا بېسىپ كىرىپ قىلچىمۇ رەھىم قىلماستىن سەپداشلىرىنى ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈۋاتقان بۇ ئۆلمەس تېنى بار غەلىتە مەخلۇققا قاراپ قالغانتى! VRئالاھىدە قىسمىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كاللىسىنى پۈتۈنلەي قورقۇنچ ۋە ئەسەبىيلىك ھېسسىياتى چۇلغىۋالغان ئىدى، بەزىلىرى قورالىنى ئېلىپ ئازراق قارشىلىق قىلىپلا تېنى پارچىلىنىش تەقدىرىگە دۇچار بولدى، يەنە بەزىلىرى بالدۇرلا قوراللىرىنى تاشلاپ جېنى ئېلىپ قېچىشقا باشلىغان ئىدى! ھاۋا ئىسسىق قانلار چاچرايتتى، يەر يۈزىنى بولسا ئۈزۈلگەن قول-پۇت، پارچە گەۋدىلەر قاپلىغان ئىدى، پۈتۈن بەدىنى قاپقارا بۇ گىگانت ئادەم (شىنجاڭدىكى توپىلاڭدىن كېيىنكى تاشقى پىلانتىلىقلارنىڭ ماشىنا ئادىمى)

خۇددى دوزاختىن كەلگەن ئەزرائىلدەك ئۆلارنىڭ ھاياتىنى ئەسەبىيلەرچە ئاخىرلاشتۇراتتى!
جۇڭگو ئالاھىدە قىسمى ئازراق قارشىلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن تاۋاپخانىغا بۆسۈپ كىردى، بۇ يەردە جۇڭگولۇقلارنىڭ نومۇسى ساقلىناتتى! بۇ يەرگە كىرگەندىن كېيىن بارلىق جەڭچىلەرنىڭ قەلبىدىن غەزەپ دولقۇنلىرى ئوخچۇشقا باشلىدى! ۋەن شيوگېڭ ياپونىيىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ ھۆرمەتلىنىپ ئېسىپ قويۇلغان سۈرەتلىرىگە غەزەپلىنىپ قارىغىنىچە:
ــ مۇشۇ يەر شۇ، ئەلنى تېنچلاندۇرغۇچىلار مازىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ يۈزىگە تۈكۈرگەن بىلەن ئوخشاش! ئاناڭـــــنــى! ياپون پاكارلىرى! ــ دېگىنىچە ئوت پۈركۈگۈچنى ئېلىپ، بۇ ئالۋاستىلارنىڭ سۈرەتلىرىگە قارىتىپ قىساس يالقۇنلىرىنى پۈركۈشكە باشلىدى!
ــ خۇمپەر، نېمە قىلىۋاتىسەن! ــ بىر كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان بۇرجەكتىن كىچىك بىر قىزچاقنى قۇچاقلىغىنىچە بىر بوۋاي ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغىنىچە چىقىپ كەلدى. بوۋاينىڭ غەزەپتىن چىرايى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى:
ــ تىللاۋاتقىنىم دەل سەن چىنالىقلار، مانا مەن پىشقەدەم ياپون ئەسكىرى! كېلىشە! جەڭ يەنە باشلاندى، كېلىشە، ئېتىشە!
قىزچاق بوۋاينى مەھكەم تۇتقىنىچە يىغلاۋاتاتتى:
ــ بوۋا! بوۋا!
ۋەن شيوگېڭ ئوت پۈركۈگۈچنى تاشلاپ ئۇنىڭغا قاراپ ئاستا مېڭىپ كەلدى، يېنىدىن تاپانچىنى چىقىرىپ بوۋاينىڭ پاقالچىقىغا قارىتىپ بىرنى ئاتتى! قىزچاق چىقىرىغىنىچە بوۋاينى مەھكەم قۇچاقلاپ ۋاقىرىدى:
ــ سىلەردىن ئۆتۈنۈپ قالاي، بوۋامنى ئۆلتۈرمەڭلار!
ۋەن شيوگېڭ يەردە ۋايجانلاپ ياتقان بوۋايغا سوغۇققىنە قارىغىنىچە ياپون تىلىدا:
ــ بۇ بىر پاي ئوق سېنىڭ ۋەتىنىمنى ھاقارەتلىگىنىڭ ئۈچۈن ئېتىلدى! مەن سېنى ئۆلتۈرمەيمەن، مەن ساڭا جەڭدە مەغلۇپ بولۇشنىڭ تەمىنى يەنە بىر تېتىتىپ قوياي، ھۇ، ياپونلۇق ئالۋاستى،ــ دېدى.
ياپونىيە قوغدىنىش ئەترىتى ئەلنى تېنچلاندۇرغۇچىلار مازىرىنىڭ جۇڭگو ئالاھىدە قىسمى تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىق خەۋىرىنى تاپشۇرىۋالغاندىن كېيىن، دەرھال بۇيرۇققا بىنائەن ئەلنى تېنچلاندۇرغۇچىلار مازىرىغا قاراپ ياردەمگە مېڭىشتى! جۇڭگولۇقلارنىڭ ئالدىنقى قېتىمقىدەك يېرىم يولدا توسۇپ ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، پۈتكۈل توكيودا قاتناش قامال قىلىندى! ئىككى ساقچى ماشىنىسىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ياپونىيە

قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ پىيادە ئەسكەرلەرنى توشۇغۇچى ماشىنىسى ئەلنى تېنچلاندۇرغۇچىلار مازىرىغا قاراپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى، مازارغا ئاز قالغاندا، پوتون ئەلنى قاپقارا كېيىنگەن بىر گېگانت ئادەم تامنى تېشىپ چىقىپ، ماشىنىنىڭ ئوستىگە سەكرەپ چىقىۋالدى! ماشىنىنىڭ ئوقتىن مۇداپىئەلىنىش دەرىزىلىرى بىر مۇش بىلەنلا چۇل-چۇل بولۇپ كەتتى، قارا گېگانت ئادەم شوپۇرنى تۇتۇپ كەپىنكىدىن تارتىپ چىقىرىپ، رولنى قاتتىق بىر بۇرىدى، ماشىنا ئوڭغا قىيسىيىپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆرۈلدى، كەينىدىكى ماشىنا دەرھال تورمۇز تۇتۇپ ئاران دېگەندە توختىۋالدى! ئۆرۈلگەن ماشىنىدىكى ئەسكەرلەر ھۇشىغا كەلگەندە، ئۆزلىرىنى ئۇچۇۋاتقاندەك ھېس قىلىشتى! سىرتتىكى قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ ئەسكەرلىرى قارا رەڭلىك گېگانت ئادەمنىڭ پىيادە ئەسكەرلەرنى توشۇش ماشىنىسى ماشىنىسىنى كۆتۈرىۋېلىپ بار كۈچى بىلەن بۇ ياققا ئاتقىنىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن تۇرۇپ قېلىشتى! «تېزراق قاچايلى.» ئەسكەرلەر چىقىرىغىنىچە تۆت ئەتراپقا قېچىشتى! ئۇچۇپ كەلگەن جەڭ ماشىنىسى يەنە بىر جەڭ ماشىنىسىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى، پارتلاشتىن پەيدا بولغان ئوت يالقۇنى يولنى بىر ئالدى، ياپونىيە قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرى ئوت يالقۇنى ئىچىدە ئېچىنىشلىق چىقىراپ يەرگە يىقىلدى .

بۇ چاغدا ياماموتونىڭ چاقىرغۇسى يەنە سايراشقا باشلىدى:

ــ ياماموتو جاناپلىرى! قوغدىنىش ئەترىتى يېرىم يولدا ھۇجۇمغا ئۇچرىدى! سىز تەرەپتىكى ئەھۋاللار قانداق؟ ياماموتو جاناپلىرى جاۋاپ قايتۇرۇڭ، ياماموتو جاناپلىرى! ياماموتو.......

سۆز ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا چاقىرغۇ دەسسىلىپ مىجىۋېتىلدى، بۇ چاغدا ياماموتو ئاللىقاچان يەردە قانغا مىلىنىپ ياتاتتى، ئۇنىڭ بېشى دەسسىلىپ يانچىۋېتىلگەن ئىدى! ئەلنى تېنچلاندۇرغۇچىلار مازىرىدىكى ئوت ئاسمان-پەلەككە تۇتىشىپ كۆيىۋاتاتتى، تاۋاپخانىنىڭ سىرتىدا VR ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرىنىڭ جەستى دۆۋىلىشىپ كەتكەنتى، ئۇ يەردە پەقەت بىر قارا گېگانت ئادەم ئۆرە تۇراتتى! ۋەن شيوگېبي بىلەن بىر ئەسكەر ھېلىقى بوۋاي ۋە قىزچاقنى يالاپ ئېلىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇ ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ماشىنا ئادەمگە قاراپ:

ــ بولدى، سىگنال بەرسەڭ بولىدۇ!ــ دېدى. ئارقىدىنلا ئۇ چاقىرغۇنى ئېلىپ:

ــ 2-نومۇر، بولدى ئويناۋەرمە، تېزراق بىز بىلەن ئۇچراشقىن،ــ دېدى. بوۋاي ئەتراپقا لىق تولغان جەسەتكە قارىغاچ، پوتون بەدىنى قىپقىزىل قان بىلەن بويالغان قارا گېگانت ئادەمنى كۆرۈپ ھۇشىدىن كەتتى! ئۇ بۇنچىۋالا ئادەمنى مۇشۇ بىرلا ئادەمنىڭ ئۆلتۈرىۋەتكىنىگە قانداق قىلىسمۇ ئىشىنەلمەيتتى. ۋەن شيوگېبي ھۇشىدىن كەتكەن بوۋايغا بىر قارىۋەتكەندىن

كېيىن:
ــ مەن بايىقى ۋەدەمگە ئەمەل قىلىمەن، سىلەرگە ھايات چېغىڭلاردا جەڭدە مەغلۇپ بولۇشنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويىمەن! 1 ـ نومۇر، ئۇلارنىڭ بۆگۈنكى خاتىرىسىنى يۇيۇۋەتكىن،ــ دېدى. (ماشىنا ئادەم توك ئېقىمى چىقىرىپ ئادەم مېڭىسىگە تەسىر قىلىپ، ئادەمگە خاتىرىسىنى يوقاتقۇزاتتى.) ھۇشىدىن كېتىپ يىقىلغان بوۋاي بىلەن قىزچاقنى قالدۇرۇپ، ئۇلار ئەلنى تېنچلاندۇرغۇچىلار مازىرىدىن چىقىشتى. دەل شۇچاغدا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ بىر تىك ئۇچارى ئۇچۇپ كەلدى. تىك ئۇچاردىكى مۇخبىر يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەۋاتاتتى:
ــ تېلېۋىزور ئالدىدىكى كۆرۈرمەنلەر، ئەلنى تېنچلاندۇرغۇچىلار مازىرى ھازىر ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىپتۇ! تېرورچىلار مازارنى پارتلىتىۋېتىپتۇ، بىزنىڭ قوغدىنىش ئەترىتىدىكىلەر، بىزنىڭ قوغدىنىش ئەترىتىدىكىلەر نەگە كەتتى؟! توختاڭلار! پەستە بىر توپ ئادەملەر تۇرغاندەك قىلىدۇ، ئۇلار تېرورچىلاردەك قىلىدۇ! ھوي! ئاۋۇ نېمىدۇ؟
بىر قارا نەرسە يەر يۈزىدىن ئۇلارغا قاراپ ئۇچۇپ كەلدى، ناھايىتى يېقىنلاشقاندىلا مۇخبىر ئاندىن ئۇنىڭ بىر ساقچى ماشىنىسى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلىدى! تىك ئۇچارغا ساقچى ماشىنىسى تېگىپ پاچاقلىنىپ كەتتى. ۋەن شيوڭفېي ئاسمانغا قارىغىنىچە:
ــ يارايسەن 1 ـ نومۇر! دەل مەركىزىگە تەگدى، ھىم! ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان چىۋىن،ــ دېدى .
بۇ چاغدا پۈتكۈل ياپونىيە ئۆزلىرىنىڭ ئەلنى تېنچلاندۇرغۇچىلار مازىرىنىڭ تېرورچىلار تەرىپىدىن پارتلىتىۋېتىلگەنلىكىنى بىلىشتى. نەچچە كۈن ئىچىدە ياپونىيىدە شۇنچىۋالا كۆپ چوڭ ئىشلار يۈز بەردى! ئاۋال قارا ئەجدىھا گورۇھى باش شتابى پارتلىتىۋېتىلدى، ساقچىلار بۆكتۈرمىگە ئۇچرىدى! ھازىر يەنە ئەلنى تېنچلاندۇرغۇچىلار مازىرى پارتلىتىۋېتىلدى، ھەتتا قوغدىنىش ئەترىتىمۇ ھوجۇمغا ئۇچرىدى. دەسلەپتە قارا ئەجدىھا گورۇھى پارتلىتىۋېتىلگەندە ھۆكۈمەت ئۇنى تېرورچىلار قىلغان دېيىشىدى، ئۇلار ئىشەندى! بىراق ھازىر ئەلنى تېنچلاندۇرغۇچىلار مازىرىمۇ پارتلىتىۋېتىلدى، كىم بۇنداق ئىشنى قىلىدۇ؟ ئەلۋەتتە، پەقەت ياپونىيىدە ئۆچى بار دۆلەتلا بۇنداق ئىشنى قىلىدۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە نەچچە كۈن ئاۋال ياپونىيە ۋە ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسى جۇڭگو تەرىپىدىن ئېغىر چىقىمدار قىلىندى، بۇنداق ئىشنى قىلالايدىغانلاردىن جۇڭگودىن باشقا يەنە كىم بار؟ پۈتكۈل ياپونىيە بىردەمدىلا قالايمىقانلىشىپ كەتتى، «چىنالىقلار ھۇجۇم قىلىپ كېلىدىغان بولدى!«
ياپونىيە قوغدىنىش ۋازارىتىدە رادارچى ھەيرانلىقتىن ئامالسىز ھالدا:
ــ گېنرال موناكا، جۇڭگو دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئىككى ئاۋىئاماتكا فلوتى بىزگە قاراپ تېز

سۇرئەتتە كېلىۋاتىدۇ، ئوساكا، خوككايدو، ناگويا قاتارلىق رايونلاردىكى ئايروپورتلار بومباردىمان قىلىندى!ــ دېدى. موناكا ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ قاتتىق ۋاقىرىدى:

ــ ئۇلار قانداق كېلىۋالدى؟ هاۋا ئارمىيىسى نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

رادارچى كېكەچلىگەن هالدا:

ــ مە . . . مەن . . . مەنمۇ بىلمەيمەن، تۇيۇقسىزلا جىندەك پەيدا بولۇپ قالدى،ــ دېدى. يەنە بىر رادارچى:

ــ گېنىرال، ريۇكيۇ تاقىم ئاراللىرى جۇڭگو دېڭىز ئارمىيىسى پاراخوتلىرىنىڭ توپ هۇجۇمىغا ئۇچرىدى، جۇڭگو قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ريۇكيۇ تاقىم ئاراللىرىغا چىقىۋاتىدۇ! توكيۇ دېڭىز پورتى جۇڭگو سۇ ئاستى كېمىلىرىنىڭ تۇيۇقسىز هۇجۇمىغا ئۇچرىدى، «باياشات باهار»، «باهار يامغۇرى»، «ۋاجرا» قاتارلىق باشقۇرىلىدىغان بومبىلىق قوغلىغۇچى پاراخوتلار چۆكتۈرۈۋېتىلدى!ــ دېدى. بۇ ئىككى شۇم خەۋەردىن كېيىن، بىر ئالاقىچى ئەسكەر كىرىپ كېلىپ دوكلات قىلدى:

ــ شكوكۇ ۋە كيۇسيۇ ئاراللىرىنىڭ يېنىدا جۇڭگو دېڭىز ئارمىيىسى ۋە . . . ۋە چاۋشيەن دېڭىز ئارمىيىلىرى بايقالدى، چاۋشيەن بىزگە جەڭ ئېلان قىلماي‌لا هۇجۇمغا ئۆتتى!

موناكا بۇلارنى ئاڭلاپ ئورۇندۇقتا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى! ئەلنى تېنچلاندۇرغۇچىلار مازىرى پارتلىتىۋېتىلگەنلىك خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، جۇڭگو ۋە ئاسىيادىكى هەر قايسى ئەللەردە خۇشاللىق تەنتەنىلىرى ياڭرىدى، جۇڭگو پۇقرالىرى تېخى جۇڭگودىن ياپونىيىگە دەرهال قوشۇن تارتىشنى تەلەپ قىلىشتى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئاداۋەت ئۇچقۇنلىرى شۇ تاپتا يالقۇنجاپ گۈلخانغا ئايلانغان ئىدى! توردىكى جۇڭگو قىزىل مېهمانلار ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك ئۇدا بىر هەپتە هۇجۇم قىلىپ، ياپونىيىدىكى بارلىق تور بېكەتلەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى، ياپونىيىنىڭ پۈتكۈل تور سىستېمىسى پالەچلەندى! جۇڭگو قىزىل مېهمانلىرىنىڭ بۇنچە كۈچىيىپ كېتىشىدىكى سەۋەپ بولسا، بىرىنچىسى، مىللىي هېسسىياتنىڭ پارتلىشى بارلىق چوڭ ـ كىچىك قىزىل مېهمانلارنى بىرلەشتۈردى، ئىككىنچىسى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەزەلدىنلا تور مۇداپىئە سىستېمىسىغا هۇجۇم قىلىش كۈچى ناهايىتى كۈچلۈك، ئۈچىنچىسى، جۇڭگودىكى گېن كومپيۇتېرىنىڭ ياردىمىدە ياپونىيە تورىنىڭ مۇداپىئە كۈچىنى ئاجىزلاشتۇردى!

بىراق چاۋشيەننىڭ جەڭگە قاتنىششى دۇنيادىكى هەر قايسى ئەللەرنى هەيران قالدۇردى، چاۋشيەن قورال كۈچى ئارقىلىق ئۆزىمىزنى قوغدايمىز دېگەنىغۇ؟ نېمىشقا تۇيۇقسىز غەيرەتلىنىپ جەڭ ئېلان قىلماي‌لا ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ؟

## 18 ـ باب ئۆسمىنى يوقىتىش

جۇڭگو ياپونىيە تۇپرىقىغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىغاندىن كېيىن، چاۋشيەنمۇ بىرلا ۋاقىتتا كېمە ئەترىتى چىقىرىپ ياپونىيىگە جەڭ ئېلان قىلمايلا ئۇرۇش قوزغىدى! ب د ت دا ياپونىيە ۋەكىلى جۇڭگونىڭ تېرورچىلارنى قوللاپ، ياپونىيىدە بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆچلۈك ئەيىپلىدى، جۇڭگو ۋەكىلى بولسا ئەينى چاغدا ياپونىيىنىڭ قارا ئەجدىھا گورۇھىغا يوليورۇق بېرىپ، ۋاڭ تىيېخېڭنى قەستلىگەنلىك مەسئۇلىيىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ قىلغان سۆزلىرىنى ئۆز پېتى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن ياپونىيە ۋەكىلى گاچىلىشىپ تۇرۇپ قالدى. ئاسىيادىكى ياپونىيىدە ئۆچى بار دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى ياپونىيىنىڭ قارىغۇلارچە تۆھمەت قىلغانلىقىنى بىرەر قۇر ئەيىپلىدى، غەرپ ياۋروپا دۆلەتلىرىمۇ ياپونىيە قارا ئەجدىھا گورۇھىنى ئىشقا سېلىپ يۈشۈرۈن قاتىللىق قىلغاچقا، تەيۋەن ۋە جۇڭگودىكى بىر قىسىم قىزىققان كىشىلەر ياپونىيىدىن ئۆچ ئالدى دەپ قاراشتى. بۇنىڭ سەۋەبى بەكمۇ ئاددى ئىدى، چۈنكى جەڭ مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇلارنىڭ جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ ئەڭ چوڭ سودا بازىرىدىن ئەڭ ئەرزان يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېنېرگىيە مەنبەسىنى سېتىۋېلىشى تەسىرگە ئۇچرىغان ئىدى! شىنجاڭدىكى ماشىنا ئادەملەرنىڭ توپىلىڭى سەۋەبىدىن جۇڭگونىڭ غەلىبىسېرى ھۇجۇم قىلىپ قوغلاپ زەربە بەرمەستىن، ئەكسىچە قوشۇن قايتۇرۇپ مۇداپىئەگە ئۆتكەنلىكى، دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنى جۇڭگونىڭ ئۇرۇشقىسى يوق دېگەن خىيالغا كەلتۈرۈپ قويغانتى، شۇڭا ب د ت مۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ بۇ ھەرىكىتىنى ماختىدى(چۈنكى ئۇلار ئىشنىڭ ھەقىقي سەۋەبىنى بىلمەيتتى، ئەلۋەتتە). ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇشنى توختىتىپ تېنچ سۆھبەتلىشىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. غەرپ ئەللىرى جەڭ ناھايىتى تېزلا ئاخىرلىشىدۇ، سودا ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە كېلىدۇ دەپ قارىغان ئىدى، ئەمما دەل شۇ چاغدا ياپونىيە قارا ئەجدىھا گورۇھىنىڭ جۇڭگو تەيۋەندىكى گېنىرال ۋاڭ تىيېخېڭنى قەستلىگەنلىك خەۋىرى تارقالدى، بۇ خەۋەر دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئارزۇسىنى بىردىنلا كۆپۈككە ئايلاندۇردى، گەرچە ياپونىيە ھۆكۈمىتى بار كۈچى بىلەن بۇ ئىشتا قولى يوقلۇقىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما بارلىق دۆلەتلەر بۇ ئىشنى بىلىپ بولۇشقان ئىدى. ياپونىيە ۋەكىلى يېرىم كۈنچە تىلىنى چايناپ بىر نېمىلەرنى دېگەن بولسىمۇ، ئېرىشكىنى پەقەت باشقىلارنىڭ سوغۇق نەزىرى بولدى، بەزى ۋەكىللەر قەستەن ئاڭلىمىغان بولۇۋېلىشتى! ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە ۋەكىللىرى ياپونىيىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىغان ئىشى بىلەن كارى بولماي، بارلىق زېھنىي كۈچىنى چاۋشيەننىڭ ئىشىغا

قاراتتى! چاۋشيەننىڭ ئۇرۇش ئېلان قىلمايلا جەڭگە قاتناشقانلىقىنى كۆچەپ ئەيپلىدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋەكىللىرى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، چاۋشيەن ۋەكىلى ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز باشلىدى:

ــ جاناپلار، بىزنىڭ چاۋشيەننىڭ جەڭ ئېلان قىلمايلا جەڭگە قاتنىششىمىزدىكى سەۋەپ بولسا، بىزنىڭ چاۋشيەن 2009-يىلى 30-ئۆكتەبىردىن باشلاپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن بىرلەشتى، دۇنيادا چاۋشيەن دېگەن بۇ دۆلەت قالمىدى، پەقەت جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چاۋشيەن ئۆلكىسىلا قالدى. ئەگەر سىلەرنىڭ باشقا سۇئالىڭلار بولسا، جۇڭگو ۋەكىلىدىن سوراڭلار.

تاراڭغۇدە قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كورىيە ۋەكىلى ھۇشىدىن كېتىپ ئورۇندۇققا يىقىلدى، بىراق بۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى، پۇتكۈل مەيدان تېپتېنچ بولۇپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئاندىن كورىيە ۋەكىلىنىڭ ھۇشىدىن كەتكەنلىكىنى بايقاشتى، ب د ت رەئىسى يىغىننىڭ ۋاقىتلىق يېپىلغانلىقىنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولدى! ھەر قايسى ئەللەر ۋەكىللىرى روھىي ھالىتى بىنورمال ھالدا چىقىپ كېتىشتى. دۇنيا تاراتقۇلىرى بىردىنلا قىزىپ كەتتى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ھاياجىنىنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىۋاتاتتى! (تەرلەپ كېتىپ بارىمەن.) بەزىلەر دۇمبىسىگە يېگىدىن نەشىردىن چىققان جۇڭگو خەرىتىسىنى چېكىۋېلىپ، تيەنئەنمېننى چۆرىدەپ قېپىيالىڭاچ يۈگرەپ، «جۇڭگو ياشىسۇن!» دەپ ۋاقىراشقا باشلىدى، ئەگەر بۇرۇنقى ۋاقىتلار بولغان بولسا ئالىلقاچان تۇتۇلۇپ ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا سولاپ قويۇلاتتى! نۆۋەتچى ساقچىلارمۇ ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىز تەنبىھ بېرىپ قويغان بولدى، ساقچىلارمۇ كۆڭلىدىكى خۇشاللىقنى بېسىۋالالمايۋاتاتتى، ئەگەر ئۆزلىرى ساقچى بولمىغىنىدا ئىدى، ئۆزلىرىمۇ شۇنداق قىلغان بولاتتى!

چاۋشيەن تەرەپتە قوللىغانلارمۇ، قارشى چىقانلارمۇ بولدى، بىراق يەنىلا بىر قەدەر تېنچ بولدى! ئەگەر جۇڭگو كەلسە، بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسىنى ئاشۇرالايتتى، يەنە تېخى ئامېرىكا ۋە كورىيىگە بوزەك بولمايتتى. قارشى چىققانلار بولسا جۇڭگونىڭ چاۋشيەننى كەمستىشىدىن قورقۇشتى، يەنە بەزىبىر ئامېرىكا ياللىغان جۇڭگوغا قارشى ئۇنسۇرلار ئۇ يەرلەر پوق-سۈيدۈكلىرىنى ئېقىتىشتى، بىراق ناھايىتى تېزلا تۈرمىگە يول ئالدى!

كىم جۇڭسان(ئەمدى كورىيەلىكلەر بىلەن چاشيەنلىكلەرنىڭ ئىسمىنى تەرجىمە قىلىش باش قېتىنچىلىقى كېلىپ چىقتى( !مۇ بايانات ئېلان قىلىپ، ئۆزى ۋە باشقا نۇرغۇن چاۋشيەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن بىرلىششكە بىردەك قوشۇلغانلىقىنى ئېيتتى، بۇ چاغدا كىم جۇڭساننىڭ ئازراقمۇ ھۆكۈمرانلىق سالاپىتى قالمىغانتى، ئەكسىچە

دۆلەت ـ خەلق ئۆچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشتەك تۇرقى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، كىم جۇڭگسان سۆزىدە ئامېرىكىنىڭ يولسىز قامال قىلغانلىقى ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن ئىمبارگوسى سەۋەبىدىن چاۋشيەننىڭ ئىقتىسادىي ئىنتايىن چېكىنىپ كەتكەنلىكىنى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ئەتگەندىن كەچكىچە يولۋاستەك ھۆرپىيىپ چاۋشيەنگە قادىلىپ چىشىنى بىلەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ چاۋشيەن خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۆچۈن بارلىقىدىن كېچىشكە رازى ئىكەنلىكىنى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ قاملى ۋە ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇش ئۆچۈن، قېرىنداش دۆلەت جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن بىرلىششنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۇردى! چاۋشيەنلىكلەر ساراڭدەك تۇرۇپ قالدى، دۇنيادىكى ئەللەرمۇ ساراڭدەك تۇرۇپ قالدى! بۇ ئاشۇ قېرى جاھىل كىم جۇڭگسانمۇ؟ ئامېرىكا بۇ كىم جۇڭگساننىڭ ئۆزى ئەمەس دەپ داۋراڭ سالدى، بىراق كىم جۇڭگسان ئەڭ ئاخىردا چاۋشيەن خەلق ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق پاراتتىن ئۆتتۈشىنى كۆرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا، ئامېرىكىمۇ گەپ قىلالماي قالدى.

نېمە سەۋەپ كىم جۇڭگساننى بۇنچىۋالا ئۆزگەرتىۋەتتى؟ بۇنى ئېھتىمال پەقەت ئەڭ چوڭ پايدا ئالغۇچى دۆلەت ــ جۇڭگولا بىلەتتى. ئەينى چاغدا جۇڭگونىڭ گېن كومپيۇتېرى ئەمدىلا بارلىققا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، چاۋشيەننىڭ مەخپىي ھالدا يادرو قورالى ياساۋاتقانلىقى بايقالدى، ئەگەر چاۋشيەن يادرو قورالىغا ئىگە بولسا، بۇ ئېنىقكى، جۇڭگو ئۆچۈن غايەت زور تەھدىت ئىدى! جۇڭگو ئەينى چاغدا گەرچە ئانچە قورقۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، بىراق شىنجاڭدىكى ماشىنا ئادەملەر توپىلىڭى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ تاشقى پىلانىت كېمىسى تەتقىقاتىدا زور ئىلگىرىلەش بولدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىنسانلارمۇ ئىگە بولغان كلونلاش تېخنىكىسىغا ئوخشاش بىر تېخنىكا بولۇپ، تاشقى پىلانىتلىقلارنىڭ بۇ تېخنىكىسى ئىلغارراق ئىدى. ئىنسانلار بولسا بالا ھەمرىيىنى يۆتكەش ئارقىلىق كلونلايدىغان بولۇپ، بۇ كلون ئادەم بوۋاق ۋاقتىدىن باشلاپ ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولاتتى، ئەمما تاشقى پىلانىتلىقلارنىڭ تېخنىكىسىدا بولسا بىرتال چاچ ۋە ئازراق تېرىسى بولسىلا بىر پۈتۈن ئادەمنى ئۆز پېتى كلونلاپ چىققىلى بولاتتى! كلونلاپ چىقىش ئۆچۈن پەقەت بىر نەچچە ئايلا ۋاقىت كېتەتتى، ئۇنىڭ تەقلىد قىلىش دەرىجىسى ئەسلىدىكى ئادەم بىلەن %99 ئوخشاش ئىدى، ئەقلى، ئادىتى، خاتىرىسى پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىدى. پەقەت ئوخشىمايدىغان بىردىنبىر تەرىپى كلون ئادەم ئاران بىر ئايلا ياشيالايتتى، بىر ئاي توشقاندىن كېيىن، كلون ئادەمنىڭ پۈتۈن بەدىنى بىرلا ۋاقىتتا ئۆز ئىقتىدارىنى يوقىتىپ پۈتۈنلەي ئۆلۈپ كېتەتتى. بۇ تېخنىكىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، مەركەز كىم جۇڭگساننى يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كلون ئادەم قويۇشنى قارار قىلدى. تەكرارلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، كىم جۇڭگساننىڭ «ئۆزى»نىڭ رەھبەرلىكىدە، چاۋشيەنگە

كىرىش ناھايىتى ئاسانلاشتى. ۋەزىپە تاماملانغاندىن كېيىن يەنە بىر تۈركۈم چاۋشيەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىمۇ بۇ قېتىمقى ئويۇنغا ماسلىشىش ئۈچۈن كلونلاندى، خالاس.

چاۋشيەن جۇڭگو بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، گەرچە دەسلەپتە ئازراق قارشىلىق نامايىشى بولغان بولسىمۇ، ئەمما چاۋشيەن ئىقتىسادىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇ قارشىلىقلارمۇ ئۆزلىكىدىن يۇقالدى. ياپونىيە بۇنىڭ ئەكسىچە جاپالىق ئۇرۇش قايىنىمىغا غەرق بولدى، ئامېرىكا ئەلباشى ئالدىغىمۇ ـ ئارقىغىمۇ ماڭالمايدىغان بىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى، ياپونىيگە ياردەم قىلسا، باشقا پارتىيە ـ گۇرۇھلار تەيۋەندىكى مەغلۇبىيەتنى تەگەپ ئۇنىڭغا قارشى چىقاتتى، ياردەم قىلمىسا، ياپونىيە بۇ جەڭدە ئۇتتۇرۇپ قوياتتى. ھازىر دۇنيا جامائەتچىلىكى پۈتۈنلەي جۇڭگو تەرەپكە ئېغىپ كەتكەن ئىدى، جۇڭگو قىستالغاچقىلا ياپونىيگە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى، دەپ قارايتتى.

ياپونىيىنىڭ ھەر قايسى ھەربىي پورتلىرى «چوڭقۇر دېڭىز جەڭچىسى»نىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، جەڭ كېمىلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى زىيانغا ئۇچرىدى! ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ جەڭگىۋارلىقىمۇ تېخى ئەسلىگە كېلەلمىگەننىدى، ئەسلىگە كەلگەن تەقدىردىمۇ جۇڭگونىڭ «قارا قۇيۇن» جەڭ ئۇچقۇسىنىڭ ھەرگىزمۇ رەقىبى بولالمايتتى. جۇڭگونىڭ «دوزاق ئوتى» ئۆزى يۈرەر زەمبىرىكى توكيۇ قولتۇقىنى بومباردىمان قىلىپ ئوت دېڭىزىغا ئوخشىتىپ قويدى، ياپونىيىنىڭ دېڭىز ساھىلىدىكى ئىستىھكاملىرى ئازراق قارشىلىق كۆرسىتىپلا ساناقسىز زەمبىرەك ئوقىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. توكيۇ جېڭىدە جۇڭگو قىسىملىرى «قارام ئەجدىھا» تانكىسىنى زەربىدار ھۇجۇمچى قىلدى، ئۇنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇم ۋە قوغدىنىش كۈچى ئالدىدا ياپونىيىنىڭ 90 تىپلىق تانكىلىرى ھەرگىزمۇ رەقىپ بولالمىدى، بىر زەمبىرەك بىلەنلا 90 تىپلىق تانكا پاچاقلىنىپ تاشلاندى ياكى بىراقلا تانكىنى بېسىپ يانچىپ ئۆتۈپ كېتەتتى! تانكىنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلغان ياپون ئەسكەرلىرى ئامالسىز تانكىغا قارشى مىنامىيوت ۋە ئۆزىنى قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋېلىش شەكلىدە ھۇجۇم قىلدى، تانكىغا قارشى مىنامىيوت «قارام ئەجدىھا»نىڭ برونىسىنى ئازراق ماكچايتىپ قويالىدى، خالاس. ئۆزىنى قوشۇپ پارتلاتماقچى بولغانلار تېخى تانكىنىڭ يېنىغا كېلىپ بولالمايلا، تانكىنىڭ كەينىدە كېلىۋاتقان جۇڭگو ئەسكەرلەر تەرىپىدىن يەر چىشلىتىلدى. «دوزاق ئوتى» ئۆزى يۈرەر زەمبىرەك بۇ قېتىم بەكمۇ ئەسقاتتى، ئۇنىڭ ئوقلىرى پەيدا قىلغان ئوت يالقۇنى ئاكوپلارغا يوشۇرۇنىۋالغان نۇرغۇن ئەسكەرلەرنى كۆيدۈرۈپ كاۋاپ قىلىۋەتتى. جەڭ ئاياقلاشقاندىن كېيىن ھەممە يەردە كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن جەسەتلەرنى ئۇچرىتىشقا بولاتتى، بۇ كۆرۈنۈش نۇرغۇن جەڭچىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلەشتۈرۈپ توختىماستىن قۇستۇرىۋەتتى!

توكيۇ قولدىن كەتكەندىن كېيىن، ياپونىيە باش ۋەزىرى ۋە نۇرغۇن ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشتى، ئەگەر مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىمىگەن بولسا، بەلكىم توكيۇدا بىرمۇ تىرىك جان قالمىغان بولاتتى! توكيۇدىكى چوڭ قىرغىنچىلىق ھەربىر جەڭچىنىڭ قەلبىدە ئۇزۇندىن بۇيان ئويلاپ يۈرگەن ئارزۇسى ئىدى. شەھەردىكى كوچا ئۇرۇشىدا مىلتارىزىم ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان ياپون ئەسكەرلىرى جېنىنىڭ بېرىچە قارشىلىق قىلىۋاتاتتى، كوچا ئۇرۇشىغا جۇڭگو ئەسكەرلىرى بەكمۇ ماھىر ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى تىپتىكى قوراللار ۋە دوبۇلغا ـ ساۋۇت سەپلەپ بېرىلگەچكە، جۇڭگو قىسىملىرى ناھايىتى تېزلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى، پۈتكۈل ياپونىيە قولغا چۈشەي دەپ قالغاندا، جۇڭگو ئەسكەرلىرى تۇيۇقسىز ئاغرىپ يىقىلىشقا باشلىدى! «بىئوخىمىيىلىك قورال»! پۈتۈن دۇنيا ھەيرانلىقتا تۇۋلىدى:«ياپونىيە مەخپىي ھالدا بىئوخىمىيىلىك قوراللارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپتۇ!» بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر ھەيران قالدى! جۇڭگو ۋەكىلى ب د ت دا ياپونىيىنىڭ مەنئىي قىلىنغان قوراللارنى ئىشلەتكەنلىكىنى كۈچلۈك ئەيىپلەپ، ياپونىيىنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى ھۆكۈمىتىنى يوقىتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى! شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ب د ت دىن تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىپ ئىسپات ئېلىشنى تەلەپ قىلدى! ب د ت مۇ ناھايىتى تېزلا قوشۇلۇپ، 32 دۆلەتتىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى ياپونىيىگە ئەۋەتتى، ئامېرىكا بۇ قېتىمقى يىغىندا ئاۋازىنى چىقارمىدى، پەقەت ب د ت نىڭ بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ ئاممىغا ئاشكارىلاشنى، ئىككىلا تەرەپكە ئۇۋال قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئەمەلىيەتتە ياپونىيەدە بىئوخىمىيىلىك قوراللارنىڭ بارلىقىنى جۇڭگو ئاللىقاچان بىلىپ بولغانىتى، گېن كومپيۇتېرى ئارقىلىق ياپونىيە بىئوخىمىيىلىك قوراللار تەتقىقاتخانىسىغا سىڭىپ كىرىپ، ناھايىتى بۇرۇنلا ۋاكسىنا ياساپ چىققان ئىدى، ياپونىيىنىڭ بۇ قېتىمقى ھەممىدىن كېچىپ قىلغان بىئوخىمىيىلىك جېڭى جۇڭگونى چېكىندۈرەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە جۇڭگونىڭ ياپونىيە بىلەن سوقۇششىغا تېخىمۇ كۆپ باھانە تېپىپ بەردى. جۇڭگو قىسىملىرىنىڭ قوغدىشى ئاستىدا، ب د ت نىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى ياپونىيىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن يەتتە بىئوخىمىيىلىك قورال تەجرىبىخانىسى، سەككىز يادرو بومبىسى قويۇپ بېرىش قۇدۇقى ۋە نۇرغۇن تەييار يادرولۇق ئوق بېشى تېپىلدى، بىئوخىمىيىلىك قوراللاردا دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە ئاتالغان ئوخشىمىغان ۋىرۇس ياسالغان ئىدى، ھەتتا ياپونىيىگە ياردەم بېرىۋاتقان ئامېرىكىغىمۇ ئايرىم قورال ياسالغان ئىدى! ياپونىيە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن بىئوخىمىيىلىك ئۇرۇش ئېلىپ بارماقچى بولغانىتى. بۇ خەۋەر

تارقالغاندىن كېيىن، دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر ياپونىيە ھۆكۈمىتىنى بىرنىڭ كەينىدىن بىرى تىللاشقاندىن كېيىن، ياپونىيىگە جەڭ ئېلان قىلدى! 74 دۆلەتتىن تەركىپ تاپقان بىرلەشمە ئارمىيە ياپونىيىگە قاراپ كېلىشكە باشلىدى، بىراق بۇ چاغدا ياپونىيىنىڭ %63ى جۇڭگو تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ بولۇنغانتى. كېيىن ياپونىيە كومپارتىيىسى تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىدى، كېڭىشىش ئارقىلىق، ياپونىيىدە 38 دۆلەتنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى تۇرغۇزۇلىدىغان ۋە ياپونىيىنى باشقۇرىدىغان، ياپونىيە ھەر قانداق ئارمىيە تەشكىللىمەيدىغان، ئاساسي ساقچى قىسىمنىلا ساقلاپ قالىدىغان، ھەر يىلى ب د ت نىڭ چوڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلىدىغان بولۇپ بېكىتىلدى. جۇڭگو بۇ قېتىمقى جەڭدە ئەڭ چوڭ غەلىبە قىلغۇچى دۆلەت بولۇش سۈپىتىدە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكىگە ئوخشاش ياپونىيىدىن تۆلەم تەلەپ قىلماستىن، پەقەت ياپونىيىدىن دياۋيۈ ئارىلى ۋە رىيوكيۇ تاقىم ئاراللىرىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى! ياپونىيىدە قوشۇن تۇرغۇزۇلمايدىغانلىقىنى ئاڭلىغان جۇڭگو پۇقرالىرى ئاچچىقىدا تىللاشتى:

ــ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ساۋاقلار يەتمىدىمىكىنە! ياپونلۇقلاردەك بۇنداق مىللەتكە سىز ياخشىلىق قىلسىڭىز، ئەكسىچە كېلىپ سىزنى قەستلەيدۇ، سىز ئۇنى ئۇرۇپ قورقۇتسىڭىز، ئاندىن ئۇ ئالدىڭىزدا تىزلىنىپ سىزنى شىلايدۇ! جۇڭگو ھۆكۈمىتىدىن ياپونىيىدە قوشۇن تۇرغۇزۇشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىمىز!

بىراق ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭگو يەنىلا ياپونىيىدە قوشۇن تۇرغۇزمىدى، تۆلەم ئالمىدى، پەقەت ياپونىيىدىن زېمىننى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

بىر يەھۇدى:

ــ جۇڭگولۇقلار بەك ئالىيجاناپكەن، بەك كەڭ قورساقكەن!ــ دېدى. جۇڭگونىڭ بۇنداق قارارى دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

روسىيە:

ــ جۇڭگولۇقلار قەدىمدىن تارتىپ ئالىيجاناپ مىللەت، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ياپونىيە شۇنچىۋالا چوڭ جىنايەت سادىر قىلسىمۇ جۇڭگو ئۇنى كەچۈرىۋەتتى، ياپونىيە جۇڭگوغا رەھمەت ئېيتمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئاينىپ يەنە جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلدى، بىراق بۇ قېتىم جۇڭگو يەنە بىر قېتىم ياپونىيىنى كەچۈرىۋەتتى.

گېرمانىيە:

ــ ياپونىيە ئەگەر يەنە پۇشايمان قىلىپ ئۆزگەرمىسە، ئۇنداقتا ھەقىقەتەنمۇ يىلتىزىدىن قۇرۇتىۋېتىشكە تېگىشلىك بولۇپ قالىدۇ.

جۇڭگو:

— ياپونىيىنىڭ بىخەتەرلىك قوراللارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خاتالىقى، ياپونىيە خەلقى بىلەن مۇناسىۋەتسىز! ياپونىيىنىڭ ئىلگىرىكى خاتالىقلىرىنى ئۆزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىشىنى، جۇڭگو - ياپونىيە دوستلۇقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

فرانسىيە:

— ئەگەر دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر جۇڭگولۇقلاردەك مۇشۇنداق ئەپۇچان بولىدىغان بولسا، دۇنيادا نۇرغۇن جەڭ ئازايغان بولاتتى!

ئەرەپ:

— جۇڭگولۇقلار ھەقىقەتەن قالتىسكەن! بەزىبىر لوكچەك دۆلەتلەرگە ھەقىقەتەنمۇ بىغەرەز بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇلار جۇڭگودىن ياخشىراق ئۆگەنسە بولغۇدەك.

ياپونىيە جېڭى ئاخىرلاشقاندا ئاللىقاچان 2009يىلى 27 - دېكابىر بولۇپ قالغانتى. ياپونىيە تەرەپتىن 10 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم چىقىم بولغانتى، دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيىلىرى پۈتۈنلەي تۈگەشكەنتى! جۇڭگودىن 2423 ئادەم ئۆلۈپ، 4752 ئادەم يارىلانغان ئىدى! زىيانغا ئۇچرىغان ئۇچقۇ 43 دانە(ئاساسىي جەھەتتىن 27 - SU ۋە قىرغۇچى - 10)، برونە قىسىمدىن 117 برونۋىك(ئاساسلىق 98 تىپلىق تانكا ۋە بەزىبىر پىيادە قىسىم برونىلىرى)ئىدى. ياپونىيە بىخەتەرلىك ئۇرۇش قوزغىغانلىقتىن، ئامېرىكىدا دېموكراتلار پارتىيىسى جۇمھۇرىيەت پارتىيىسىنى قاتتىق تىللىدى:

— قاراڭلار! مانا بۇ بىزنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمىتىمىز، بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز قاراپ تۇرۇپ پۈتۈن دۇنيانى يوقاتماقچى بولغان تېرورچى دۆلەتنى قوللاۋېتىپتۇ! ئەلباشى كىچىك بوش ئاق سارايدا تۇرماستىن تۈرمىگە تاشلىنىشى كېرەك.

نەچچە كۈندىن كېيىن، ئامېرىكا ئەلباشى كىچىك بوش تەختتىن چۈشكەنلىكىنى جاكارلىدى، يەنە تېخى ئامېرىكا ئالىي تەپتىشى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى! بۇ ۋاقىتتا جۇڭگو خەلق سارىيىدا لى رەئىس يىغىن ئېچىۋاتاتتى، لى رەئىس مۇنداق دېدى:

— بۇ قېتىم بىز ياپونىيىدە ئەسكەر تۇرغۇزۇش ۋە تۆلەم ئېلىشنى تەلەپ قىلمىدۇق، نەتىجىدە كۆپچىلىكنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويدۇق! بىراق دۆلىتىمىز خەلقئارادا ناھايىتى ياخشى بىر ئوبراز تىكلىدى، بىز دۇنيادا يەنىلا ياخشىچاق بولۇۋالمىساق بولمايدۇ، بىز تېخى يەنە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ قوللىشىغا مۇھتاج! فىلىپپىندە توپىلاڭ يۈز بېرىپ، سابىق ئەلباشى ئالويۇ تەختتىن چۈشتى! ۋەزىپىگە ئولتۇرغان يېڭى ئەلباشى بىز بىلەن تېنچلىق سۆھبىتى قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە مەڭگۈ جەنۇبىي دېڭىز دېڭىز تەۋەلىكىگە تاجاۋۇز قىلمايدىغانلىقىغا كاپالەت بەردى! ۋېيتنامدىمۇ ئىچكى قالايمىقانچىلىق بولۇشقا باشلىدى،

هازىر دەرەخ ئۆرۈلۈپ مايمۇنلار تارقاشتى(مۇۋاپىق ماقال ـ تەمسىل تاپالمىدىم)! گېنرال ۋاڭ تىيېخېڭنىڭ يارىسمۇ ساقىياي دەپ قالدى، ئۇ ھۇشىغا كەلگەندە بىزنىڭ جۇڭگونىڭ يەنە بىر پارچە زېمىنىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى بايقايدىغان بولدى.

جوۋ تيەنخۇا كۈلگىنىچە:

ــ بۇ مەيدان 3 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى، ئاخىرلىشىشى ناھايىتى تېز بولدى! تېزلىكتە كىشىنى بىرئاز ھەيران قالدۇرىدۇ، بىز بۇ قېتىمقى جەڭدە زادى نېمىلەرگە ئېرىشتۇق، قاراپ باقايلى:

ـ 1جۇڭگوغا تەھدىت سېلىپ كېلىۋاتقان ياپونىيە ئۈزۈل ـ كېسىل تىز پۈكتى، جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ دۇنياغا زومگەر بولىدىغان ۋەزىيەتنى تۈگىتىپ، دۇنيادىكى 1 ـ ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى.

ـ 2چاۋشيەن بىز بىلەن بىرلىشىپ دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيادىكى ئىناۋىتىنى ئاشۇردى.

ـ 3قۇياش كرىستال ئېنېرگىيىسى ئېكسپورتى دۆلىتىمىزنى تاشقى پىرىۋوتقا لىق توشقۇزدى، ئېنېرگىيە كرىزىسىنى ھەل قىلدى.

ـ 4شىنجاڭدىكى ماشىنا ئادەملەر توپىلىڭى بىزنى بىر تۈركۈم دەرىجىدىن تاشقىرى قوراللارغا ئىگە قىلىپلا قالماستىن، بىزنىڭ تاشقى پلانىت تېخنىكىسى تەتقىقاتىمىزنى زور دەرىجىدە تېزلەتتى.

ـ 5تاشقى پلانىتلىقلارنىڭ تېخنىكىسى ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ نۇرغۇن مەھسۇلاتلىرى دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ مونوپول قىلىشىنى يوقىتىدۇ.

ـ 6ئايدىكى بازا قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، تۆت دانە جۇڭخۇا دەرىجىلىك ئالەم كېمىسىمۇ پۈتۈپ بولدى،ــ دېدى. دېڭ جيەنگو ئورنىدىن تۇرۇپ ھاياجانلانغان ھالدا:

ــ يەنە بىر خۇشخەۋەر بار، بىز تاشقى پلانىت جەڭ كېمىسىنىڭ بوشلۇق تاقلاش تېخنىكىسىدا ناھايىتى زور بۆسۈش ھاسىل قىلدۇق! كائىناتنىڭ چېكى يوق، نۇردىن تېز سۈرئەتتە ئۇچۇشقىلا تايانساق يەنىلا يەتمەيدۇ، ھالبۇكى تاشقى پلانىتلىقلارنىڭ بوشلۇق ھالقىش تېخنىكىسى بىزگە بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ بەردى، ھازىر بىز پلوتۇنغا بارماقچى بولساق پەقەت 20 مىنۇت بولسىلا يېتىدۇ! گەرچە بوشلۇق ھالقىش ئېنېرگىيىنى ناھايىتى خورىتىپ، بىر قېتىملىق بوشلۇق تاقلاشتا 47% ئېنېرگىيىنى ئىشلەتسىمۇ، ئەمما بۇ ئەرزىيدۇ،ــ دېدى.

لى رەئىس بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشاللانغان ھالدا:

ــ تاشقى پلانىتلىقلار بىلەن ئالاقىلىشىش خىزمىتىنى قانداقراق ئىشلىدىڭلار؟ــ دېدى. جۇڭگو ئاي شارى بازىسى قوماندانى جوۋيۈ:

ـــ 23 دانە تەكشۈرگۈچ قويۇپ بەردۇق، ئەمما تا ھازىرغىچە ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىدۇق،ـــ دېدى. لى رەئىس ئۇھ تارتىپ قويۇپ:

ـــ ئۇلارنىڭ نېمىشقا شىنجاڭدا ماشىنا ئادەملەر توپلىشىپ يۈز بەرگەندە بىزگە ياردەم قىلىپ، ھازىر تېخىچە جاۋاپ قايتۇرمىغانلىق سەۋەبىنى ھەقىقەتەنمۇ بىلگىلى بولمايدۇ،ـــ دېدى. جوۋېيۇ:

رەئىس، مېنىڭ سىزگە كۆرسىتىدىغان يەنە بىر نەرسەم بار،ـــ دېدى. جوۋېيۇ:

ـــ بىز مارسنى تەكشۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا ئامېرىكىلىقلار مارسقا تاشلاپ قويغان تەكشۈرگۈچى ماشىنا ئادەمنى تېپىۋالدۇق،ـــ دېدى. لى رەئىس بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى:

ـــ ھا...ھا...ھا! بىز بۇنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەرسەك ئۇلارنىڭ چىرايى قانداق بولۇپ كېتەر ـ ھە!

كۈلكىدىن كېيىن لى رەئىس سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـــ ھازىر بىز ئۆز پىلانىمىزدىكى ئىشلارنى ئاساسەن بىر ياقلىق قىلىپ بولدۇق، ھازىر مۇھىم نۇقتىنى تاشقى پىلانىنى ئېچىشقا قارىتايلى.

جۇڭگونىڭ مەلۇم بىر بۇرجىكىدە، جۇڭگو ھەربىيلىرىنىڭ كىيىمنى كىيگەن بىر قارا كۆلەڭگە كۆزەتكۈچكە قاراپ، لى رەئىسنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ:

ـــ ناھايىتى ئەپسۇس! باشقا پىلانلارنى ئېچىش ئەمەس، ئۆز پىلانىڭلاردىن قوغلاپ چىقىرىلمىساڭلارلا ياخشى بولغىنى،ـــ دېدى.

## 19 ـ باب خەقنىڭ قولى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش

ـ2009يىلى 28 ـ دېكابىر، پاكىستان ئارمىيىسى جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ھىندىستاننىڭ پايتەختى يېڭى دېھلىغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى، ھىندىستان ئەلباشى نارايانان (纳拉亚南)ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىر فېرنەندىس (费尔南德斯)ھەمدە ھىندىستاننىڭ بىر تۈركۈم يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى ھىندىستاننىڭ ناگپۇر (那格浦尔)شەھىرىگە چېكىندى! ھىندىستان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى فېرنەندىس ناگپۇر شەھرىدە جىددىي يىغىن چاقىردى، يىغىندا بىر ئەمەلدار ھازىرقى ئەھۋالنى دوكلات قىلماقتا ئىدى:

ـــ پاكىستاننىڭ بىرىنچى پىيادىلەر دىۋىزىيىسى ۋە جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ 21 ـ بىرونىۋىك گورۇپپىۋوي ئارمىيىسى 28 ـ دېكابىر يېگى دېھلى شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كىردى، بىز تەرەپتىن قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ 64%ى چىقىم بولدى، دېڭىز ئارمىيىسى جۇڭگونىڭ سۇئاستى كېمىلىرىنىڭ قامال قىلغانلىقى سەۋەپلىك ئۆزىنىڭ رولىنى جارىي قىلدۇرالمىدى، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭمۇ يېرىمىدەكى چىقىم بولدى، ئامېرىكىنىڭ سابىق ئەلباشى تەختتىن چۈشكەنلىك سەۋەبىدىن ئۇلار بىزگە بېرىدىغان ياردىمنى توختاتتى، بېرما ئەتراپىدىكى زېمىنىمىز پۈتۈنلەي جۇڭگو تەرىپىدىن ئىگەللىۋېلىندى، نۆۋەتتە بىزنىڭ جەڭگە قاتنىشالايدىغان قىسىملىرىمىز ئاران.......

ـــ بولدى! سۆزلىمە،ـــ فېرنەندىس غەزەپ بىلەن گەپنى بۆلىۋەتتى. بىردەمدىن كېيىن فېرنەندىس ئازاپلانغان ھالدا:

ـــ ئەجابا، ئالدىمىزدا بىزنىڭ تەسلىم بولۇشتىن باشقا يولىمىز قالمىدىمۇ؟ــ دېدى. بىر گېنرال ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـــ ياق، گېنرال، بىزنىڭ ھىندىستان ئەزەلدىن تەسلىم بولۇشنى بىلمەيدۇ! بىزنىڭ يەنە يادرو قورالىمىز بار، بىز تېخى ئۇتتۇرمىدۇق،ـــ دېدى.

ـــ بى...بىراق بىز يادرو قورالى ئىشلەتسەك، دۇنياغا جەڭ ئېلان قىلغانلىق بولامدۇ! سىز ياپونىيىنىڭ ھازىرقى ئېچىنىشلىق ھالىتىنى بىزدىمۇ كۆرۈلسۇن دەمسىز!ـــ دېدى فېرنەندىس ھەيرانلىق بىلەن.

ـــ گېنرال، بۇ قېتىمقى جەڭ بىزنىڭ ھىندىستان خەلقىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك! ئەگەر بىز تەسلىم بولساق، بىزنىڭ ھىندىستان مەڭگۈ ئورنىدىن دەس تۇرالمايدۇ! بىز مەغلۇپ بولغان تەقدىردىمۇ رەزىل پاكىستانلىقلار بىلەن جۇڭگولۇقلارغا ئېغىر بەدەل تۆلەتمىسەك بولمايدۇ!ـــ دېدى ھېلىقى گېنرال ھاياجانلانغان ھالدا.

ـــ ھەرىكەتلىنەيلى، گېنرال، بىزنىڭ ھىندىستان خەلقى ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ!ـــ دېيىشتى ئەتراپتىكى بارلىق ئەمەلدارلار ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تىزىلىپ. فېرنەندىس چېپىلداپ سوغۇق تەرلىگىنىچە ئالقانلىرىنى سىلاپ:

ـــ بولىدۇ! بىز ئۇتتۇرغان تەقدىردىمۇ پاكىستان ۋە جۇڭگونى بەدەل تۆلىتەيلى!ـــ دېدى.

ـ 2009يىلى 30 ـ دېكابىر، ھىندىستان ئاركولا (阿科拉)ئەتراپىدىكى يادرو بومبىسى قويۇپ بېرىش بازىسى.

ـــ بۇيرۇق تاپشۇرىۋالدۇق! يادرو ئوق بېشىنى قاچىلاڭلار، تۆت دانە «دەھشەتلىك ئوت3» تىپلىق يادرو بومبىسىنى قويۇپ بېرىشكە تەييارلىنىڭلار.

قوماندان:

ــ مەخپىي نومۇردا خاتالىق يوق.
قوماندان:
ــ ئاۋاز شىفرى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى.
قوماندان:
ــ نىشان جۇڭگونىڭ بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، چېڭدۇ.
ھىندىستان قۇرۇقلۇقتىكى يەر ئاستى يادرو بومبىسى قويۇپ بېرىش قۇدۇقى.
ــ بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدۇق! يادرو ئوق بېشىنى قاچىلىغىلار، ئۈچ دانە «دەھشەتلىك ئوت3» تىپلىق يادرو بومبىسىنى قويۇپ بېرىشكە تەييارلىنىڭلار.
قوماندان:
ــ مەخپىي نومۇردا خاتالىق يوق.
قوماندان:
ــ كۆز قارىچۇقى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى.
قوماندان:
ــ نىشان جۇڭگونىڭ شياڭگاڭ، ئاۋمېن، چاڭجياڭ سەنشيا ئېلېكتىر ئىستانسىسى.
ھىندىستان ناگار (呐格尔)ئەتراپىدىكى يادرو بومبىسى قويۇپ بېرىش قۇدۇقى.
ــ بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدۇق! يادرو ئوق بېشىنى قاچىلىغىلار، ئۈچ دانە «دەھشەتلىك ئوت3» تىپلىق يادرو بومبىسىنى قويۇپ بېرىشكە تەييارلىنىڭلار.
قوماندان:
ــ مەخپىي نومۇردا خاتالىق يوق.
قوماندان:
ــ بارماق ئىزى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى.
قوماندان:
ــ نىشان پاكىستاننىڭ ئىسلامئاباد، كەشمىر، كاراچى.
بىر گېنېرال دوكلات قىلدى:
ــ بارلىق نىشانلار قارىغا ئېلىنىپ بولۇندى، پەقەت سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىزنىلا كۈتۈپ قالدۇق.
فېرنەندىس قاپقارا كېچە ئاسمىنىغا قارىغىنىچە بىر خۇرسىنىۋېتىپ دېدى:
ــ ئەلباشىغا ئېيتىپ قويۇڭلار، بۇ قېتىمقى يادرو ھۇجۇمى مەن فېرنەندىس بىر ئادەمنىڭ چارىسى، مەن ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قويۇپ بېرىش شىفرىنى ئوغۇرلىغانلىقىمدىن كەچۈرۈم سورايمەن، مەن فېرنەندىس ئۆلۈمۈم بىلەن بۇ گۇناھىمنى يۇيىمەن!
ــ گېنرال!ــ ھىندىستان ئەمەلدارلىرى ھەيرانلىق بىلەن فېرنەندىسكە قاراشتى. فېرنەندىس:

ــ بولدى، قويۇپ بېرىش شىفرى ***********،ــ دېدى.
قوماندان:
ــ شىفىر قوبۇللاندى، توغرىلىقى جەزملەندى! قويۇپ بېرىشتىن ئىلگىرىكى 10 سېكۇنت تەتۈر ساناق!
قوماندان:
ــ 10، 9، 8، 7، 6، ......
فېرنەندىس جىددىيلەشكەن هالدا ئېكرانغا قاراپ تۇراتتى، قول ئالقانلىرى سوغۇق تەرلەپ كەتكەن ئىدى! تەتۈر ساناپ 4 كە كەلگەندە، قوماندان ئالاقزادە بولغان هالدا دوكلات قىلدى:
ــ جۇڭگو نىشانلانغان ئىككى دانە ئاتوم بومبىسى قويۇپ بېرىش قۇدۇقى ئۆزلۈكىدىن يېپىلىۋاتىدۇ.
فېرنەندىس جىددىيلەشكەن هالدا تىللىدى:
ــ ئەبلەخ! دەرهال قويۇپ بېرىش قۇدۇقىنىڭ ئاغزىنى ئېچىش!
ــ ئې...ئېچىشقا ئامالسىز قالدۇق، كومپيۇتېر بۇيرۇقنى قوبۇللاشنى رەت قىلىۋاتىدۇ،ــ دېدى قوماندان. فېرنەندىس ئاڭلىغاندىن كېيىن ئورۇندۇقتا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى، چاقىرغۇدىن ئاسمان ـ پەلەككە ياڭرىغان غايەت زور ئاۋاز ئاڭلىنىپ جىمىپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن يەنە بىر خەۋەر كەلدى:
ــ گېنېرال! پاكىستانغا ئېتىلغان ئۈچ دانە ئاتوم بومبىسىنىڭ بىرى ئۆز نىشانىنى ئۆزگەرتتى، نىشانى دۆلىتىمىزنىڭ بومباي شەهرى.
قوماندان:
ــ دوكلات گېنېرال، بارلىق يادرو بومبىسى قويۇپ بېرىش پروگراممىلىرى ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىپ تەتۈر ساناشقا باشلىدى! ئېتىشكە ئامال بولمىدى،ــ دېدى. بىر ئېچىنىشلىق چىقىرىغاندىن كېيىن، فېرنەندىس كوپچىلىكنىڭ ئالدىدا تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئۆزىنىڭ چېكىسىگە تەڭلىگىنىچە بىر پاي ئوق ئۈزدى! ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ ئاق ۋە قىزىل رەڭلىق سۇيۇقلۇقلار ئەتراپقا چاچرىدى!
بۇ چاغدا پۈتۈن دۇنيادىكى جۇڭگوغا قارشى ئەللەر پاتپاراق بولۇپ كېتىشتى، چۈنكى هىندىستاننىڭ باشقۇرىلىدىغان بومبىلىرى ئۇلارغا قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى! ۋېيتنام ئىككى داننى مۇۋەپپەقىيەتلىك توسۇۋالغىنى بىلەن، ئەڭ ئاخىرقى بىر دانىسى ئۇدۇل خۇجىمىڭ شەهرىگە چۈشتى! بەختكە يارىشا، بۇ يادرو ئوق بېشى يوق باشقۇرىلىدىغان بومبا بولغاچقا، 700 نەچچىلا ئادەم ئۆلدى. پاكىستان بۇ ۋاقىتتا «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋاقىراپ كەتتى،

جۇڭگومۇ جېنىنىڭ بېرىچە تىركەشكەن بولۇپ، ئۇلارغا ياردەملىشىپ پايتەختنى نىشانلىغان يادرولۇق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ئېتىپ چۈشۈرۈپ بەردى، بىراق كەشمىرنى نىشانلىغان يادرولۇق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى قەستەن ئېتىپ چۈشۈرەلمىدى، گەرچە كەشمىر رايونىدا ئۇرۇش ئەمدىلا ئاياقلاشقاچقا ئاھالىلەر ئانچە كۆپ ئەمەس، پەقەت ئاز ساندىكى پاكىستاننىڭ كەشمىردە تۇرغۇزغان قىسىملىرى (جۇڭگو قىسىملىرى ئاللىقاچان ئۇ يەردىن يېڭى دېھلىغا بېرىۋالغان ئىدى) بولمىسىمۇ، ئەمما ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى چوڭ بولمىدى، بىراق كۈچلۈك يادرو رادىئاتسىيىسى پۈتكۈل كەشمىر رايونىنى قاپلىدى!

ھىندىستاننىڭ ئەھۋالى ئېچىنىشلىق بولدى، بارلىق يادرو بومبىلىرى قويۇپ بېرىلىش ۋاقتىدا بارلىق قويۇپ بېرىش قۇدۇقلىرى ئۆزلۈكىدىن ئېتىلىپ قالدى، پەقەت ئازساندىكى يادرو ئوق بېشى سەپلەنمىگەنلىرىلا ئۇچۇپ چىقتى (يەنىلا يەر شارىنىڭ بەكمۇ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغىنى ياخشى)، ھىندىستاننىڭ 70% يادرولۇق باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىش بازىلىرى تولۇق تۈگەشتى، ھىندىستاننىڭ ئەڭ چوڭ پورت شەھىرى بومبايغا چۈشكەن يادرو بومبىسى بۇ شەھەرنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى. مالايشىيا، نىكاراگۇئا ۋە ئىلگىرى تەيۋەن بىلەن دېپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان بىر قىسىم ئافرىقا دۆلەتلىرىمۇ ئاتوم بومبىسىدىن بىر نەچچىنى يەۋېلىشتى، بارلىق ئاتوم بومبىلىرى ئۇلارنىڭ ئاھالىلەر ئەڭ زىچ ئولتۇراقلاشقان شەھەرلىرىنى نىشانلىغان ئىدى.

ئامېرىكا ئاقساراي، ۋەزىپىگە ئولتۇرغىلى ئۇزۇن بولمىغان يېڭى ئەلباشى فۇبۇس(福布斯)نىڭ تېخى قوڭــــى ئىسسىماي تۇرۇپلا بەش بۇرجەكلىك بىنادىن كەلگەن خەۋەرنى تاپشۇرىۋالدى:

ــ ھىندىستاننىڭ ئالتە دانە قىتئەلەر ئارا ئۇچىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتون، نيۇيورك، خيۇستون،فىلادېلفىيە، ئالياسكا، چىكاگو قاتارلىق شەھەرلەرنى نىشانلاپ ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى.

خەۋەرنى تاپشۇرىۋالغان فۇبۇس ئەمدىلا ئىچىۋاتقان قەھۋەسىنى ئالدىدا تۇرغان كاتىپقا پۈركۈۋەتتى، ھىندىستان ئامېرىكىغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئېتىشقا پېتىنىپتۇ! ئۇنداقتا سۈۋەرەكلەر پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى بويسۇندۇرالىغۇدەك. ئامېرىكىمۇ بىر ھەربىي چوڭ دۆلەت ھېسابلانغاچقا، باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئە كۆرۈش سىستېمىسىنىڭ ياردىمىدە، 78 دانە ھەر خىل تىپتىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە 20 نەچچە دانە 29ـF تىپلىق جەڭ ئۇچقۇسى ئارقىلىق ئاران تەستە بۇ ئالتە دانە قىتئەلەر ئارا ئۇچىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ئېتىپ چۈشۈرەلىدى. ئەنگلىيىمۇ ئۆزلىرىگە ئۇچۇپ كېلىۋاتقان تۆت دانە باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى غەلىبىلىك توسۇيالىدى، ئەمما يەنىلا بىر دانىسى دېڭىزغا چۈشۈپ،

ئۆزلىرىنىڭ بىر پاراخوتىنى چۆكتۈرىۋەتتى! دۇنيادىكى جۇڭگوغا قارشى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشىمىغان دەرىجىدە زىيانلانغان ئىدى! ھالبۇكى جۇڭگومۇ قەستەن تۆت دانە يادرولۇق ئوق بېشى يوق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ئۆزلىرىگە قارىتىپ قويۇۋەتتى، ئاندىن ئۇلارنى غەلىبىلىك توسۇۋالدى.

بۇ قېتىملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا قارابورىنى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ھۇشىنى تېپىشقا باشلىدى. جۇڭگو ئېغىز ئاچماي تۇرۇپلا، دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر غەزەپلەنگەن ھالدا ھىندىستاننى يوقىتىۋېتىش توغرىسىدا جار سالدى! ھىندىستان ۋەكىلى ب د ت يىغىنىدا تىل ـ ھاقارەت يامغۇرىدا قالدى، ئەگەر مۇھاپىزەتچىلەر قوغداپ تۇرمىغان بولسا، ھىندىستان ۋەكىلى مېڭىپ چىقماستىن، نوسۇلكىدا ئېلىپ چىقىلغان بولاتتى. ھىندىستان ۋەكىلى يىغلاي دېسە يېشى چىقمايۋاتاتتى، نېمە دېسە بولار؟ ئۆزلىرىنىڭ قويۇپ بېرىش پروگراممىسى كونتروللۇقنى يوقاتتى دېسە بولماس! شۇنداق دېگەن تەقدىردىمۇ ھەممىسىنىڭلا شۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەستە! جۇڭگولۇقلار باشقۇرۇۋالدىي دېسۇنمۇ؟ ئۇنداقتا جۇڭگوغا ئۇچقان تۆت دانە باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى نېمە دېگۈلۈك؟ ھازىر مەيداندىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ۋەكىللىرى ئۇنى چىشلەپ يەۋالغۇدەك بولۇپ تۇراتتى!

تىل ـ ھاقارەت ئاۋازلىرى ئىچىدە جۇڭگو ۋەكىلى ئورنىدىن تۇردى، بۇنى كۆرگەن بارلىق ئادەملەر دەرھال جىمىشتى! جۇڭگو ۋەكىلى كەسكىنلىك بىلەن:

ــ ھىندىستان ۋەكىلى، سىزدىن شۇنى سوراپ باقاي! سىلەرنىڭ ئەلباشىڭلار نارايانان قويۇپ بېرىشنى تەستىقلىغانمۇ؟ــ دەپ سورىدى. بۇ جۈملە سۆز ھىندىستان ۋەكىلىگە بىر يوچۇق تېپىپ بەردى، ھىندىستان ۋەكىلى ئالمان ـ تالمان:

ــ ياق،ياق! دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى گېنېرال فېرنەندىس بۇيرۇق چۈشۈرگەن! ئۇ ئۆز مەيلىچە قويۇپ بېرىش شېفىرىنى ئوغرىلاپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن ھەمدە ئەلباشىغا خەۋەر قىلمىغان،ــ دېدى. جۇڭگو ۋەكىلى گۇمانسىرىغان ھالدا:

ــ راستمۇ؟ــ دەپ سورىدى. ھىندىستان ۋەكىلى ئالدىراشلىق بىلەن بېشىنى تازا لىڭشىتتى، جۇڭگو ۋەكىلى ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاچچىقلانغان قىياپەتتە:

ــ ئۇنداقتا فېرنەندىس ھازىر قەيەردە؟ــ دەپ سورىدى. ھىندىستان ۋەكىلى ئالاقزادىلىك بىلەن:

ــ گېنېرال فېرنەندىس قويۇپ بېرىلگەن كۈنىلا تاپانچا بىلەن ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالدى،ــ دەپ جاۋاپ بەردى. جۇڭگو ۋەكىلى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىر نېمىلەرنى دېمەكچى بولدى ـ يۇ، بىراق دەرھال بوغۇزىغا كەلگەننى يۇتۇۋالدى. يالغاندىن ئامالسىز قىياپەتتە:

ــ گەرچە ھىندىستان ھۆكۈمىتى پۈتۈن دۇنياغا قارىتىپ زور مىقداردىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى قويۇپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ ھەممىسى ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ سەۋەنلىكى، ھىندىستان خەلقى بىلەن مۇناسىۋەتسىز! ھازىر ھىندىستان تەۋەلىكىدە زور مىقداردا يادرو رادىئاتسىيىسى ساقلىنىۋاتىدۇ، ھازىرقى ئەڭ جىددىي ۋەزىپە ھىندىستاندىكى يادرو بۇلغىنىشىنى تۈگىتىپ، ئەڭ زور چەكتە ھىندىستان خەلقىنى قۇتقۇزۇش. مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان ھەر قايسىڭلاردىن ئىنسانپەرۋەرلىك مەسىلىسىدە بىر كىشىلىك كۈچ چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن،ــ دېدى. جۇڭگو ۋەكىلىنىڭ بۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن دېگەن گېپى ناھايىتى زور تەسىر قوزغىدى، فرانسىيە ۋەكىلى:

ــ مەن جۇڭگو ۋەكىلىنىڭ پىكىرىگە قوشۇلىمەن، بۇ قېتىملىق جەڭدىكى خاتالىق ھىندىستان ھۆكۈمىتىدە، ھىندىستان خەلقى بىلەن مۇناسىۋەتسىز،ــ دېدى. گېرمانىيە ۋەكىلى:

ــ جۇڭگو ۋەكىلى، مەن سىلەر جۇڭگولۇقلارنىڭ رەھىمدىل ۋە ئاقكۆڭۈللۈكلىكىڭلارغا ھەقىقەتەنمۇ قايىل، مەن سىزنىڭ سۆزىڭىزگە قوشۇلىمەن،ــ دېدى. پاكىستان ۋەكىلى:

ــ بوپتۇ، جۇڭگو ۋەكىلىنىڭ يۈزىنى قىلىپ بىزمۇ سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى سۈرۈشتۈرمەيلى، بىراق ھىندىستان ھۆكۈمىتى چوقۇم بىزنىڭ زىيىنىمىزنى تۆلەپ بېرىشى لازىم،ــ دېدى. بىردەمدىن كېيىن، يىغىنغا قاتناشقان ھەر قايسى ئەللەر ۋەكىللىرى بىردەك پىكىر ھاسىل قىلىشتى، ھىندىستانغا داۋالاش گۇرۇپپىسى ۋە خىمىيىلىك تازىلاش خادىملىرىنى ئەۋەتىدىغان، ئالدى بىلەن ھىندىستاننىڭ يادرو رادىئاتسىيىسىنى تۈگىتىۋېتىپ، ئاندىن ھىندىستاننىڭ تەقدىرىنى بېكىتىدىغان بولۇشتى، ھىندىستان ۋەكىلى تەسرلەنگىنىدىن قاتتىق يىغلاپ كەتتى! بىراق دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر بۇ ئىشنى ھەرگىز بىكارغا قىلىپ بەرمەيتتى، ئەلۋەتتە. دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر كۆڭلىدە ئۆز ئالدىغا چوت سوقۇۋاتاتتى.

## 20 ـ باب مەخپىي جايلاشتۇرۇش

ھىندىستاندا بۇ جەڭدە 8 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن ئىدى، كېيىن يەنە يادرو بومبىسى پارتلىغانلىق سەۋەبىدىن 10 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈپ كەتتى!ھازىر

پۈتكۈل ھىندىستان تەۋەلىكىنىڭ %46نى كۈچلۈك يادرو رادىئاتسىيىسى قاپلىغان بولۇپ، ھەر كۈنى يۈزلىگەن ئادەم ئۆلۈپ تۇراتتى. قىزىل كىرىست جەمئىيىتى ۋە ھەر قايسى

دۆلەتلەرنىڭ قۇتقۇزۇش ئەترەتلىرى، خىمىيىلىك تازىلاش گۇرۇپپىلىرى ھىندىستانغا

كەلگەندە، بۇ يەر خۇددى ھوللىۋۇدنىڭ قىيامەتنى تەسۋىرلەيدىغان كىنو ئىشلەش مەيدانىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئونمىڭلىغان ئادەملەر يادرو رادىئاتسىيىسىدە قالغان ئىدى، يەنە بەزىلەر يادرو رادىئاتسىيىسى تەسىرىدىن بەدىنىدە تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش يۈز
بەرگەن ئىدى! ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ بۇ يەرگە كەلگەن قۇتقۇزۇش ئەترەتلىرى كەلگەن تۇنجى كۈنى يېرىم كۈن گاڭگىراپ قېلىشتى، يەنە يېرىم كۈن قۇسقاندىن كېيىن خىزمەت قىلماي تۇرۇپلا نېرۋىسىدىن كېتىشكە باشلىدى! ئەينى چاغدىكى قۇتقۇزۇش خادىملىرىدىن بىرى ئىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق
دېدى:
— ئەينى چاغدا ئۇ يەردىكى يادرو رادىئاتسىيىسىنىڭ كۈچلۈكلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. بىز ھەممىمىز چوقۇم نەچچە جىڭ ئېغىرلىقتىكى قوغدىنىش كىيىمىنى كىيگەندىن كېيىنلا ئاندىن رادىئاتسىيە رايونىغا كىرەلەيتتۇق! مىڭلىغان ئادەم يەردە جان تالىشىپ ئىڭرايتتى، قۇتقۇزۇش خىزمىتى باشلانغاندىن كېيىنمۇ ھەر كۈنى نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئۆلۈپ كېتەتتى. ئازاپلىق ئىڭرىغان ئاۋازلار، ياردەم تەلەپ قىلغان نالە ئاۋازلىرى ھەممە تەرەپتىن توختاۋسىز ئاڭلىناتتى! ئۇ يەر خۇددى بەئەينى دوزاخقىلا ئوخشاپ قالغان
ئىدى، پەقەت كىنولاردىلا كۆرەلەيدىغان كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمىزدا تۇراتتى!
ھىندىستاندىكى قۇتقۇزۇش خىزمىتى باشلانغاندىن كېيىن، جۇڭگو ئوتتۇرىغا چىقىپ چوڭام بولۇۋالدى، قايسى دۆلەت قايسى رايوننىڭ قۇتقۇزۇش ۋە تىنچلىق ساقلاش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ دېگەندەك خىزمەت تەقسىماتىنىڭ قوماندانلىقىغا مەسئۇل بولدى. قۇتقۇزۇش جەريانىدا گەرچە ب د ت نىڭ تېنچلىق ساقلاش قىسمى ۋە جۇڭگو-پاكىستان تېنچلىق ساقلاش
قىسىملىرى تېنچلىق ساقلاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھىندىستاندىكى بىر قىسىم ئۇچىغا چىققان ئۇنسۇرلار يەنىلا توختىماستىن قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ تۇردى! دۇنيادىكى ھەر
قايسى دۆلەتلەر تېلېگراما يوللاپ جۇڭگونىڭ قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە قاتنىشىشىنى ياكى تېنچلىق ساقلاش قىسمى ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى، ئەمما جۇڭگو بۇلارنى رەت قىلمىدى! نەچچە كۈندىن كېيىن، ھىندىستان ئەلباشى نارايانان بېسىم بەك كۈچلۈك بولغانلىقتىن تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى، بۇنىڭ بىلەن
ھىندىستان سىياسىي ۋەزىيىتى بىردىنلا قالايمىقانلىشىپ كەتتى! نۇرغۇنلىغان پارتىيە-گورۇھلار ھوقۇق تالىشىشقا باشلىدى، ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىگە يۆلەنچۈك تېپىشتى!
يېڭىدىن قۇرۇلغان ھىندىستان قايتا گۈللىنىش پارتىيىسى رادىئاتسىيە ئازراق رايون شىرگۇل

شەھىرىنىڭ يېنىدا مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، «شەرقىي ھىندىستان دۆلىتى»نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن قىزىق ياغقا ئوت كەتتى! ھەر قايسى پارتىيە ـ گورۇھلار بەس ـ بەستە ئۆز تەسىر كۈچى دائىرىسىدە مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشتى، ھىندىستان بىردىنلا چاك ـ چېكىدىن بۆلۈنۈپ، تۆت دۆلەتكە پارچىلاندى! رادىئاتسىيىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇتلۇقى سەۋەبىدىن، ھەر قايسى مۇستەقىل دۆلەتلەر قۇتقۇزۇش ئەترەتلىرىنى داۋاملىق ئۆزلىرىگە رادىئاتسىيىسىنى تازىلاپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشتى، ئاللىبۇرۇن ھىندىستاننى بۆلۈشۈۋېلىشنى ئويلاپ يۈرگەن بۇ دۆلەتلەر دەرھال ماقۇل بولۇشتى، ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان جايدىكى دۆلەتنى ئېتىراپ قىلىشقا باشلىدى ھەمدە تېنچلىق ساقلاشنى باھانە قىلىپ ھىندىستاندا ئەسكەر تۇرغۇزۇشقا باشلىدى! جۇڭگونىڭمۇ ئۆز ئالدىغا سوقۇپ قويغان چوتى بار ئىدى، جۇڭگو بۇ ئىشقا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى، پەقەت ھىندىستاندىن قانۇنسىز ئىگىلىۋالغان 90مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىننى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. جۇڭگو بىلەن پاكىستان ئاستىرتتىن سودىلىشىپ، كەشمىر رايوننى جۇڭگو ئالىدىغان، ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن كارى بولمايدىغان، قالغان يەرلەرنى پاكىستانغا بېرىدىغان بولدى! پاكىستانمۇ بۇنى ئويلاپ بېقىپ، كەشمىر بەرىبىر رادىئاتسىيە تەسىرىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرىنىڭ ئۇ يەرنى تازىلىغۇدەك ئۇنچىۋالا كۆپ پۇلى ۋە تېخنىكىسى يوق، جۇڭگومۇ ئۆزلىرىگە ياردەملىشىپ ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى رادىئاتسىيىنى پاكىزە تازىلاپ بېرىشكە كاپالەت بەرگەندىن كېيىن كەشمىرنى بەرسەك بېرەيلى دېگەن نىيەتكە كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنىلا جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشى ساقلاش ئەڭ دۇرۇس بولاتتى، ياخشىسى يەنىلا دۇنيادىكى چوڭ دۆلەتنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمىگەن تۈزۈك! بەرىبىر ئۆزلىرى كەشمىرنى بەرگەن بىلەن بۇنچىۋالا كۆپ زېمىنغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، پۇقرالارنىڭمۇ باشقىچە پىكرى بولمايدۇ!

ئامېرىكىنىڭ ئارىلاشماسلىقىدىكى سەۋەب بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىلىشىشنى خالىمىغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئارىلىشىشتىن قورققانلىقىدا ئىدى! ھىندىستانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكا ئۇلارنىڭ ھۆكۈمىتىگە زىيانكەشلىك قىلىپ، بۇ قېتىمقى ئۆزىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ئۇرۇشنى قىلدۇردى، ئامېرىكا بولسا بىرىنچى جەڭدە مەغلۇپ بولۇپلا قېچىپ كەتتى، ئۇلارنى جۇڭگو بىلەن تىغمۇ ـ تىغ يالغۇز ئېلىشىشقا تاشلاپ قويۇپ، ئاخىرىدا ئۆزلىرىنى مۇشۇنداق ئازابقا دۇچار قىلدى، ھالبۇكى جۇڭگو نەچچە كۈن ئاۋال دۈشمەن بولغان بولسا، ھازىر ئەۋەتكەن قۇتقۇزۇش خادىملىرى ئەڭ كۆپ، ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى دۆلەت بولۇپ قالدى دەپ قارىشاتتى! ۋېيتنام ئامېرىكا، ھىندىستان، ياپونىيە، فىلىپپىن قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تەسلىم بولغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن تېنچلىق

سۆھبىتى قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا باشلىدى! جۇڭگو ھازىر ئالەم بوشلۇقىنى ئېچىش بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، ۋېيتنامنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى! كېڭىشىش ئارقىلىق، ۋېيتنام بۇ قېتىملىق جەڭدە جۇڭگوغا كەلتۈرگەن زىيىنىنى تۆلەپ بەردى ھەمدە جۇڭگو بىلەن جۇڭگو ـ ۋېيتنام دېڭىز چېگرىسى شەرتنامىسى ئىمزالىدى!

بۇ قېتىملىق 3 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاياقلاشقاندا 2010 ـ يىل7 ـ يانۋار بولۇپ قالغان ئىدى، قىسقىغىنە نەچچە ئاي ۋاقىت ئىچىدە دۇنيادا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولدى، ئامېرىكىنىڭ دۇنياغا زومىگەرلىك قىلىدىغان ئورنى جۇڭگو تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى! ب د ت مۇ ئامېرىكىنىڭ كونتروللىقىدىن جۇڭگوغا ئۆتتى، ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى 1 ـ چوڭ دۆلەتلىك ئورنى قالمىدى! جۇڭگو تەيۋەننى قايتۇرىۋالدى، چاۋشيەن بىلەن بىرلەشتى، ياپونىيە ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولدى، ھىندىستان پارچىلىنىپ كەتتى، ۋېيتنام ۋە فىلىپپىنلەر تەسلىم بولدى! شەرقتىكى بۇ غايەت زور ئەجدىھا پۈتۈنلەي ئويغاندى، جۇڭگوغا قارشى دۆلەتلەرنىڭ ئاسىيادىكى قامىلىدىن بۆسۈپ چىقتى! دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگونىڭ ئامېرىكىنىڭ ئورنىنى ئالغانلىقىغا نىسبەتەن ھېچقانداق نارازىلىق ۋە قارشى تۇرۇش كەيپىياتى بولمىدى، جۇڭگو ئۆزى بىر نەچچە مەيدان ئويۇن ئويناپ دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر خەلقىگە ناھايىتى ياخشى تەسىر قالدۇردى! ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگو يېڭى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان قۇياش كىرىستال ئېنېرگىيىسى دۇنيانىڭ ئېنېرگىيە كىرىزىسىنى ھەل قىلدى، ياخشىلانغان ئۈسۈملۈك سورتى ئارقىلىق بىر قىسىم ئەرەپ دۆلەتلىرىنىڭ قۇملۇقنى تىزگىنلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى، پۈتۈن دۇنياغا يۇقىرى سەھىيە تېخنىكىسىنى كېڭەيتتى. جۇڭگونىڭ ئىناۋىتى بۇرۇن بولۇپ باقمىغان يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى! «مەن جۇڭگولۇق بولغىنىمدىن پەخىرلىنىمەن!» دېگەن بۇ بىر جۈملە سۆز بۇرۇن دېيىلسە، كىشىلەر بەلكىم: «جۇڭگونىڭ نەرى سېنى پەخىرلەندۈرىدۇ؟» دەپ سورىشى مۇمكىن ئىدى، بۇ سۆزنى ئاڭلىسىڭىز سىز بەلكىم نېمە دېيەلىشىڭىز مۇمكىن؟ بىراق ھازىر ئەگەر كىشىلەر بۇنى سورىسا، ھەر قانداق بىر جۇڭگولۇق توختىماستىن بىرەر كۈن سۆزلىيەلەيدۇ!

ـ 2010يىلى 14 ـ يانۋار، جۇڭگو جۇڭنەنخەي، ئازاتلىق ئارمىيە باش قوماندانى دېڭ جيەنگو سۆرلۈك ھالدا:

ــ لى رەئىس، بىزنىڭ گېن كومپيۇتېرىمىز دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ بارلىق كومپيۇتېر سىستېمىلىرىنى كونترول قىلىپ بولدى، ھازىر ھەممە تەييارلىق پۈتۈپ بولدى! پەقەت سىز بىر بۇيرۇق قىلسىڭىزلا، بىز دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەرگە دەرھال جەڭ ئېلان قىلالايمىز!ــ دېدى.

ــ ھا...ھا...ھا... جوۋ تيەنخۇا، مەن نېمە بولغىنىمنى زادىلا بىلەلمىدىم! غەزەپلەنگەن

ئەجدىھا پىلانىنى پۈتۈنلەي ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، مەن يەنە ئۇرۇش قىلىشنى ئويلىماس بولۇپ قالدىم،— دېدى لى رەئىس بىر تىنىۋەتكەندىن كېيىن كۈلگىنىچە. جوۋ تيەنخۇمۇ ماقۇللىغان هالدا:

— شۇنداق! هازىر بىزنىڭ جۇڭگو دۇنيا تەرىپىدىن ئەڭ ئىلغار، تېنچلىقنى ئەڭ قىزغىن سۆيىدىغان مىللەت دەپ ئېتىراپ قىلىندى، ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ بەزىبىر رەزىل ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ 3 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا يەڭگەنلىكىمىزنى بىلسە هەمدە هازىر تۇيۇقسىز ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلساق، مەن ئۆزەممۇ ھەقىقەتەن يۈزۈم تۆكۈلگەندەك ھېس قىلىمەن، ھەقىقەتەنمۇ ئەجداتلىرىمىزغا ئازراق يۈز كېلەلمەيمىز!— دېدى. دېڭ جيەنگومۇ قوشۇلغان هالدا:

— شۇنداق! ئەينى يىلى بىز تۆت تەرەپتىن دەرد ـ ئەلەمگە ئۇچرىغان چاغدا ، بۇ تەلۋىلەرچە پىلاننى ئويلاپ تاپتۇق! بىراق تېخى پىلاننى يۈرگۈزمەي تۇرۇپلا بىز قامالنى بۆسۈپ چىقتۇق! هازىر يەنە بۇنى يۈرگۈزگىمىز كەلمەيۋاتىدۇ، نېمىشقىلىقىنى مەنمۇ بىلەلمىدىم،— دېدى. لى رەئىس چوڭقۇر ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ئەينى يىلى بىز تۆت تەرەپتىن دەرد ـ ئەلەم تارتقان چاغدا كاللىمىز قىزىپ قېلىپ، پەقەت جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈشنىلا ئويلىدۇق! هازىر دۇنيا بىز جۇڭگولۇقلارنى كۆزگە ئىلماسلىقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. هازىرقى ۋەزىيەت ناهايىتى ياخشى، دۇنيادا بىزگە تەهدىت سالالايدىغان كۈچ قالمىدى، مەن نۇرغۇن ئوماق باللارنىڭ ئۇ يەردە ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە، ئۆز ئۆزەمدىن سوراپ باقىمەن، ئەجەبا هازىرقى هالەت يەنە ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئۇرۇش ئاللىقاچان سىلەردىن يىراقلاشتى، سىلەر تېنچلىقنى قوبۇل قىلماي قان تۆكۈلۈشنى تاللىماقچىمۇ؟ مەن ئەينى چاغدا زادىلا ئامالسىز قالدىم، ئەگەر بىز ئۇرۇش قىلساق چوقۇم يېڭىمىز، بىراق نۇرغۇن گۇناهسىز كىشىلەر بۇ يېڭى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كېتىدۇ! بىز بۇنداق قىلساق ئاشۇ ئۇرۇش تەلۋىلىرىدىن پەرقىمىز قالامدۇ؟ بىز ئىنسانلارنىڭ تارىخى پۈتۈنلەي ئۇرۇش تارىخى، چىن شىخۇاڭنىڭ ئالتە دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە تايانغىنىمۇ ئۇرۇش! گېتلېرمۇ ئۆز دۆلىتىنى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنكى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ تاللىغىنىمۇ ئۇرۇش! ماۋزېدۇڭ بىزنىڭ جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تاللىغىنى يەنىلا ئۇرۇش! ئەجابا بىر يېڭى دەۋرنى ئېچىش ئۈچۈن چوقۇم ئۇرۇشۇش كېرەكمۇ؟— دېدى. سۆزلەپ ئاخىرىغا كەلگەندە، لى رەئىس ۋاقىراپ تاشلىدى! مەيداندا تۇرغانلارچوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە گەپ ـ سۆز قىلىشمىدى. لى رەئىس ئۇلارغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— كەچۈرۈڭلار! مەن بىر ئاز هاياجانلىنىپ قالدىم! مەن بۇنداق نەس بېسىپ كېتىۋېرىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن، مەن بىزنىڭ چوقۇم جەڭ قىلغاندىلا ئاندىن پۈتۈن

دۇنيانى بىرلىككە كەلتۈرىدىغانلىقىمىزغا ئىشەنمەيمەن! غەزەپلەنگەن ئەجدىھا پىلاننى مۇشۇ يەردە ۋاقىتلىق توختىتىپ تۇرايلى، مەن تېنچلىق شەكلى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيانى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئويلىشىۋاتىمەن! بىز ئىقتىسادىي جەھەتتىن باشقا دۆلەتلەرنى كونترول قىلساق بولىدۇ، بىزگە يېقىن تۇرغان ھۆكۈمەتلەرنى يۆلىسەك بولىدۇ. تاشقى پىلانىت جەڭ كېمىسىدىكى كلون تېخنىكىسى بىزگە ئەڭ ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەردى، مەن مۇشۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ مۇشۇ تېخنىكىدىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ، دۇنيانى جىمجىتلىقنە بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن، مەن بىز ئىنسانلارنىڭ يەنە ئۆز ئارا سوقۇشۇشىنى كۆرۈشنى خالىمايمەن.

ــ مەن سىزنىڭ گېپىڭىزگە قوشۇلىمەن! مەن تاشقى پىلانىتلىقلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن، مېنىڭمۇ بىز ئىنسانلارنىڭ ئۇ يەردە تەلۋىلەرچە ئۆز ئارا سوقۇشۇشىنى كۆرگۈم كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى! بىزنىڭ ھازىر ئۇرۇشقا خوراتقۇدەك ئۇنچىۋالا كۆپ زېھنىمىز ۋە ۋاقتىمىز قالمىدى، ھازىر بىز زېھنىمىزنى ئاساسلىق تاشقى ئالەمنى ئىزدەش ۋە ئېچىشقا قارىتىشىمىز قارىتىشىمىز لازىم! تۇنجى بېيجىڭ دەرىجىلىك توشۇغۇچى كېمە ئاي شارىغا توشۇپ بارغان ماددىي بويۇملارنى ئىشلىتىلىپ بولغىلى تۇردى، ئىككىنچىسىنى قويۇپ بېرىپ تەمىنات تولۇقلىمىساق بولمايدۇ،ــ دېدى جوۋ تيەنخۋا. دېڭ جيەنگو بۇنى ئاڭلاپ:

ــ لى رەئىس، سىز ئۇنتۇپ قالماڭ، بۇ قېتىم بىزمۇ كېمىگە ئولتۇرۇپ ئاي شارىغا چىقىپ كۆرۈپ باقايلى،ــ دېدى. لى رەئىس بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈلگىنىچە دېدى:

ــ ئەلۋەتتە، مەن قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي! گېنرال ۋاڭ تېيخېڭنىمۇ بىللە ئېلىۋالساق قانداق؟ جوۋ تيەنخۋا چاقچاق ئارىلاش:

ــ رەئىس! ۋاڭ گېنرال ھۇشىغا كەلگەندە چاۋشيەننىڭ بىز بىلەن بىرلەشكىنىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن كارۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ كەتتى! ئەگەر ئۇنىڭغا بىزنىڭ جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ ئالەم قىسمى بارلىقىنى بىلدۈرسەك، ئۇ قانداق بولۇپ قالار؟ــ دېدى. لى رەئىس كۈلگىنىچە:

ــ ھا...ھا...ھا! بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى بىرئاز بىتاقەت قىلىدۇ ـ ھە،ــ دېدى.

ـ 2010يىلى 3 ـ فېۋرال، جۇڭگو ب د ت دىن تېنچ ئوكياننىڭ ئوچۇق دېڭىز تەۋەلىكىدە تۇنجى چوڭقۇر دېڭىز تەجرىبىخانىسىنى قۇرۇپ، دېڭىز ـ ئوكيان بايلىقىنى قوغداشنى تەتقىق قىلىشنى ئىلتىماس قىلماقچى بولدى! بارلىق دۆلەتلەر جۇڭگونىڭ تېنچ ئوكيان دېڭىز تېگىدە تەجرىبىخانا قۇرماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان چاغدا، ھەممىسى قورقۇپ كېتىشتى! جۇڭگو ۋەكىلى:

ــ تەجرىخانىنى جۇڭگو مەبلەغ چىقىرىپ سالىدۇ، پۈتكەندىن كېيىن دۇنيادىكى ھەر قانداق

بىر دۆلەتنىڭ دېڭىز ـ ئوكيان تەتقىقاتچىلىرى ئۇ يەرگە كىرسە بولىدۇ، چوڭقۇر دېڭىز تەجرىبىخانىسى ھېچقانداق بىر دۆلەت ياكى شەخسكە تەۋە بولمايدۇ ھەم قەتئىي ھەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ، پۈتۈنلەي دېڭىز ـ ئوكيانلارنى ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ!ــ دەپ جاكارلىدى. جۇڭگو ۋەكىلىنىڭ قىياپىتىگە قاراپ، ھەر قايسى دۆلەتلەر بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن تەلەپكە قوشۇلدى، ئۇلار جۇڭگونىڭ مۇشۇنداق ئىقتىدارى بار ـ يوقلۇقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇشتى!

ـ 2010يىلى 23 ـ مارت، روسىيە چېچىنىيەدىكى تېرورچىلارنىڭ كاتتىبېشى روسىيە ـ جۇڭگو بىرلەشمە ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلاندى! چېچىنيە تېرورچىلىرى شۇنىڭدىن كېيىن روسىيە ـ جۇڭگو بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ ئەجەللىك زەربىسىگە ئۇچرىدى! چېچىنيە تېرورچىلىرى دۇنيادىن يوقالغانلىقىنى جاكارلىدى. روسىيە ئەلباشى جۇڭگونىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەملەشكەنلىكىگە رەھمىتىنى بىلدۈردى! شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو ب د ت دا دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەرنى تېرورچىلارغا زەربە بېرىشكە چاقىردى ھەمدە يېڭى قانۇن لاھىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ب د ت دىكى بەش خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە ئەزا دۆلەتنىڭ بىر بېلەت بىلەن بىكار قىلىش ھوقۇقىنى بىكار قىلىپ، سايلام ئارقىلىق باشقا ئەزا ئەمەس دۆلەتلەرنىڭمۇ قاتنىششىنى، تېرورچىلارنى قوللىغان دۆلەتنى ب د ت دىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىرلەشمە قوشۇن چىقىرىپ تېرورچىلارنى ئۇۋىسى بىلەن قوشۇپ يوقىتىشنى، ئۇرۇشتىن كېيىنكى قۇرۇلۇش خىزمىتىنى ئاشۇ دۆلەت خەلقى ئۆزى ئۆزلىرىگە ياردەم بېرىدىغان دۆلەتنى تاللاپ قىلسا بولىدىغانلىقىنى، ھەر قانداق دۆلەتنىڭ ماقۇللۇقىقا ئېرىشمىگەن شارائىتتا ئۇ دۆلەتكە كىرسە بولمايدىغانلىقىنى، ب د ت تېنچلىقنى ساقلاش قىسمىنىڭ تېنچلىق تەرتىپ ساقلاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى، ھەر قانداق دۆلەتنىڭ ئۇ يەردە قوشۇن تۇرغۇزسا بولمايدىغانلىقىنى ماقۇللىدى!

ـ 2010يىلى 28 ـ مارت، تەيۋەن ھەربىي رايونىنىڭ گېنرالى ۋاڭ تىيېخېك رەئىس لى شياڭ بىلەن ئۇچقۇغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭدىكى يەر ئاستى بازىغا مەخپىي ئۇچۇپ كەتتى.

## 21 ـ  باب تەقدىرنىڭ ھۆكمى

ـ 2010يىلى 29 ـ مارت، شىنجاڭدىكى يەرئاستى بازا بۆگۈن بەكمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى، چۈنكى بۆگۈن جۇڭگونىڭ بېيجىڭ دەرىجىلىك توشۇغۇچى كېمىسى ۋە تۆت دانە جۇڭخۇا

دەرىجىلىك چارلىغۇچى كېمىسى قويۇپ بېرىلىدىغان كۈن! ھالبۇكى بۇ چاغدا رەئىس لى شياڭ جىددىيلەشكىنىدىن جايىدا پىقىراپ كېتىۋاتاتتى، چۈنكى بېيجىڭ دەرىجىلىك توشۇغۇچى كېمە قويۇپ بېرىلەيلا دەپ قالدى، ئەمما تەيۋەن ھەربىي رايونىنىڭ گېنرالى ۋاڭ تيېخېڭنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى تاپقىلى بولمايۋاتاتتى. بىر خوجۇلۇق ئەسكىرى يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى:

ــ رەئىس، يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن كېمە ئۇچىدۇ.

ــ بىلدىم، دەرھال بېرىپ ۋاڭ گېنرالنى تېپىپ كېلىڭلار،ــ دېدى رەئىس بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

ــ خوپ!

ۋاقىت سېكونت ـ مىنوتلاپ ئۆتۈۋاتاتتى، ئۇچۇشقا يەنە بىر سائەتلا ۋاقىت قالغاندا، جوۋ تيەنخۇا ۋاڭ تيېخېڭنى باشلاپ كىردى:

ــ لى رەئىس، ۋاڭ گېنرال تېپىلدى، بىز دەرھال كېمىگە چىقايلى!

لى رەئىس بىر تىنىۋېتكەندىن كېيىن:

ــ ۋاڭ گېنرال، ئۇچايلا دەپ قالدۇق، سىز نەلەردە يۈرىسىز؟ــ دېدى. ۋاڭ تيېخېڭ ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

ــ كەچۈرۈڭ، مەن ھەقىقەتەنمۇ بەك ھاياجانلىنىپ كېتىپتىمەن. سىلەر ئاۋال ماڭا چاۋشىيەن بىلەن بىرلەشكەنلىكىمىزنى ئېيتىڭلار! بۇ مېنى ھاياجانلاندۇرۇپ ئىككى كۈنلۈك ئۇيقۇمنى ھارام قىلدى. ھازىر تۇيۇقسىز يەنە ئالەم كېمىسى پەيدا بولۇپ قالدى، مەن ھەقىقەتەنمۇ ھەيرانلىقىمنى بېسىۋالالمىدىم!ــ دېدى. لى رەئىس ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈلگىنىچە:

ــ ھا...ھا... مەن سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىزنى چۈشىنىمەن. مەنمۇ تۈنجى قېتىم بۇ يەرگە كەلگەندە پۈتكۈل بازىنىڭ ھەممە يېرىدە ئالا قويماي چېپىپ چىققان ئىدىم،ــ دېدى. دېڭ جيەنگو ئەسكەرتىپ:

ــ رەئىس، بىز تېزراق ماڭايلى. ئۇچىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى،ــ دېدى. لى رەئىس:

ــ ھوي، راست! مەن گېپىمنى بىردەم تۇرۇپ دەي، ئاۋال جەڭ كېمىسىگە چىقايلى،ــ دېدى.

ھەپسەپەرلەر قوغدىغۇچىلارنىڭ ھېمايىسى ئاستىدا بېيجىڭ دەرىجىلىك توشۇغۇچى كېمىگە چىقتى، دەل چۈش سائەت 12:00 دە كېمە ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. بۇ جۇڭگونىڭ ئىككىنچى قېتىملىق توشۇغۇچى كېمە قويۇپ بېرىشى بولۇپ، يەنە تۆت دانە جۇڭخۇا دەرىجىلىك چارلىغۇچى كېمىمۇ بىللە ئۇچقان ئىدى، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مەقستى ئاي شارىغا ماددىي بويۇملارنى توشۇش ئىدى! بىللە ئۇچقانلاردىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى لى شياڭ، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى جوۋ تيەنخۇا، ئازاتلىق ئارمىيە باش قوماندانى دېڭ جيەنگو، سىياسىي كېڭەش رەئىسى چېن رۈيجيې ھەمدە تەيۋەن ھەربىي رايونىنىڭ باش

قوماندانى ۋاڭ تيېخېڭ قاتارلىقلار بار ئىدى. غايەت زور جەڭ كېمىسى ئاتموسفېرادىن ئايرىلغاندىن كېيىن قاپقاراڭغۇ ئالەم بوشلۇقىغا كىردى. لى رەئىس قاتارلىق سەپەرداشلار ئىنتايىن هاياجانلىنىپ كېتىشكەن ئىدى، چۈنكى ئىنسانلار ئارزۇ قىلىشقان ئالەمدىكى باشقا پىلانېتلارنى بويسۇندۇرۇش ئارزۇسى بۈگۈندىن باشلاپ ئەمەلگە ئاشقان ئىدى!

ئالەم بوشلۇقى، ئىنسانلار هازىرغىچە بىلىدىغان ئەڭ سىرلىق ئالەم چېتىنىڭمۇ نېرىسىدىكى ئالەمنىڭ ئەڭ چەت يېرى، ساناقسىز كېمىلەر بىر يېشىل پىلانېتقا ئۇچۇپ كىرىۋاتاتتى! بۇ پىلانېتنىڭ ئاتموسفېراسىغا كىرگەندىن كېيىن، كۆز ئالدىدا نامايەن بولىدىغىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان غايەت زور چوڭ بىر شەھەر ئىدى. ئاسماندا ساناقسىز ئۇچقۇلار ھەر تەرەپكە ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى، يەر يۈزىدە ئادەملەر مېڭىپ يۈرۈشەتتى، شەھەر ناهايىتى ئاۋات كۆرۈنەتتى. شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر غايەت زور بىنادا بىر يىغىن ئېچىلىۋاتاتتى! بۇ يىغىن قۇياش سىستېمىسىدىكى يەر شارىشىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان يىغىن ئىدى.

ئازادە زالدا خىلمۇ ـ خىل ئادەملەر ئولتۇرغان بولۇپ، ئەگەر ئۇلارنى يەرشارلىقلار كۆرۈپ قالسا، تۇنجى بېرىدىغان تەسىرى «جىن ـ شاياتۇنلار كۆرگەزمىسى» بولاتتى!

ــ سىلەر ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بەرسەڭلار بولاتتى!ــ ئىنسانلارغا ئوپمۇ ـ ئوخشاش بىرى سۆز باشلىدى. زالدىكى تولۇق تەسۋىرلىك پرويېكسىيە ئاپاراتىدا غوزەككە ئوخشايدىغان بىر نەرسە غەلىتە ئاۋازدا جاۋاپ بەردى:

ــ يارېس مارشال، بىز ھېلىمۇ ئۇلارغا ناهايىتى نۇرغۇن قېتىم پۇرسەت بەردۇق، بىراق ئۇلارنىڭ هازىرقى هالىتى يەنىلا بارغانسېرى ئوساللىشىپ كېتىپ بارىدۇ!

ئىنسانلارغا ئوخشايدىغان گېنرال:

ــ بىزنىڭ يەرشارىغا ئەۋەتكەن ئالاھىدە خادىمىمىزنىڭ ئاخباراتىغا قارىغاندا، يەرشارىنىڭ ئەهۋالى ئالىلىقاچان ياخشىلىنىشقا باشلاپتۇ! يەرشارىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دەپ ئاتىلىدىغان بىر دۆلەت ئاشۇ پىلانېتىدا تېنچ بىرلىككە كېلىش ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۇتۇنۇپتۇ، سىلەر ئۇلارغا ئازراق ۋاقىت بېرىشڭلار كېرەك،ــ دېدى.

ــ تېنچلىق؟ بىزنىڭ ئۇ پىلانېتنى 400نەچچە يىلدىن ئارتۇق كۆزىتىشىمىزدىن قارىغاندا، ئۇلاردا ئەزەلدىن تېنچلىق بولغان ئەمەس! يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇلار گەرچە تېنچلىقنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى مەككارلىق، ساتقىنلىق، قەستلەش قاتارلىقنى نىقاپلاش ئۈچۈن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان چىرايلىق يېپىنچا خالاس، ئۇلارنىڭ تېنچلىقىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئۇرۇش،ــ دېدى غوزەك. ھېلىقى گېنرال ۋاقىرىدى:

ــ بىراق بۇ قېتىمقى بۇ مىللەت ئەزەلدىن تېنچلىقنى قىزغىن سۆيىدۇ ھەمدە دوستانە ۋە ئىناق مىللەت. ئالاھىدە خادىمنىڭ ماتېرىيالىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىمۇ ئۆزلىرىدە

ساقلىنىۋاتقان ئۇرۇشنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى بۇزۇشنى تىلغا ئاپتۇ، چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قىلمايلا ئۆز پىلانتىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئويلىشىۋېتىپتۇ! ئەگەر ئۇلار غەلىبە قازانسا، ئۇلار ھەرگىزمۇ بۇرۇنقىدەك ئۆزئارا قىرغىن قىلىشمايدۇ!

ــ كەچۈرۈڭ! سىلەرنىڭ ماتېرىيالىڭلار بىزنىڭكىدەك كۆپ ئەمەسكەن. سىز دېگەن بۇ مىللەت ئۆز تارىخىدا باشقا مىللەتلەرگە تاجاۋۇز قىلغان، ئۇلار سۇلالە ۋاقتىدىلا باشقا مىللەتلەرگە زور كۆلەملىك تاجاۋۇز قىلغان! گەرچە كېيىن ئۇلار مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسدە ئۇرۇشقاقلىق گېن زەنجىرى بار. ئۇلارنىڭ باشلىقىمۇ ئەڭ دەسلەپتە سىلەر قالدۇرۇپ قويغان ئىلغار قورال ۋە تېخنىكىلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ پىلانتىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئويلىمىدىمۇ؟ پەقەت سىلەرنىڭ ئالاھىدە خادىمىڭلارنىڭ ئىشارىسى ئاستىدا بۇرۇنقى پىلانىنى تاشلاپ قويۇپ، باشقا بىر شەكىلگە ئۆزگەرتتى! ئۇلار تۇرۇۋاتقان پىلانىت ناھايىتى تەستە ئېرىشىدىغان باياشاتچىلىق پىلانىت، بىراق ئۇلار بۇ پىلانتىنى قىلچىمۇ ئاسرىمىدى! ئۇ پىلانتىنىڭ بايلىقىنى تەلۋىلەرچە خوراتتى، ئاشۇ ئەخمىقانە ئۇرۇشنى توختىماي قوزغاپ تۇردى، بۇنىڭدىكى مەقستى ئۇلارنىڭ شەخسىي ئارزۇسىنى قاندۇرۇش، گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەڭ ئىلغار مىللەت دەۋالغان بولسىمۇ!ــ دېدى غوزەك. ھېلىقى گېنىرال بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە، يېرىم كۈنگىچە گەپمۇ قىلالماي قالدى. غوزەك سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ مېنىڭچە بۇ يەردىكى ھەر بىر مىللەتنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ھەممىسگە شۇ ئايانكى، بۇ يەردىكى خالىغان بىر مىللەت ئۇلاردىن كۆپ ئىلغار. روھىي جەھەتتە ئۇلار پولوتوسلاردەك كۈچلۈك ئەمەس، ئۆز بەدەن ئېنېرگىيىسى جەھەتتە ئۇلار تاقاسلاردەك كۈچلۈك ئەمەس، ئۇلارنىڭ بەدىنىمۇ بەك ئاجىز، ئۇلارنىڭ بىردىنبىر پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان يېرى ئۇلار ئەقىل ئىشلىتىپ ياراتقان پەن ـ تېخنىكىسى، بىراق ئۇلار دەۋاتقان پەن ـ تېخنىكا ھەتتا سىلەرنىڭ مىڭدىن بىرىگىمۇ توغرا كەلمەيدۇ، شۇنداقمۇ؟ يارېس مارشال.

پۇتكۇل يىغىن زالى بىردەم جىمىپ كەتتى، بەدىنىدىن كۆك نۇر چاقناپ تۇرىدىغان پولوتوسلارنىڭ ۋەكىلى ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ يارېس مارشال، مەن يەر شارلىقلارنىڭ سىلەر بىلەن ناھايىتى بەك ئوخشىشىدىغانلىقىنى بىلمەن. سىلەر ئۇلارنىڭ يىلتىزىدىن يوقىلىدىغان تەقدىرگە دۇچ كېلىشىنى كۆرۈشنى خالىمايسىلەر، بىراق كېلىشىمگە بويسۇنمىغان بىلەن بولمايدۇ،ــ دېدى. سۆزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇ يەنە پروپېكسىيە ئاپاراتىغا قاراپ:

ــ سىلەر راستىنلا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىۋەتمەكچىمۇ؟ــ دەپ سورىدى.

ــ شۇنداق، ئۇلارنىڭ تېنچلىق بىلەن بىرلىككە كېلىشى مۇمكىن ئەمەس! ئەگەر ئۇلار ئورتاق

بىر دۈشمەنگە توغرا كەلسە ئاندىن ئىتتىپاقلىشالىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلارنىڭ ئورتاق دۈشمىنى يوقىتىلغاندىن كېيىن ئۇلار يەنە ئۆز ئارا ئېچىنىشلىق قىرغىن قىلىشىدۇ، ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىدەك كۈچلۈك ئەمەس مىللەتكە يولۇقسا، ئۇنداقتا ئۇلار بۇ مىللەتنى قۇل قىلىدۇ ۋە ئېچىنىشلىق قىرغىن قىلىدۇ! ئۇلار ھەتتا باشقا مىللەتنى ئەمەس، ئۆز قېرىنداشلىرىنىمۇ ئۆلتۈرىۋېتەلەيدۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بىزنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىمىزدىكەن، بۇلاردەك كېرەكسىز مىللەتنى بىز كېلىشىمنامىگە ئاساسەن يوقىتىۋېتىشكە ھوقۇقلۇق، ئەگەر سىلەر كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلساڭلار، بىز دەرھال بارلىق كېلىشىملەرنى ئىجرا قىلىشتىن چېكىنىپ، يېڭىباشتىن جەڭ باشلايمىز،ــ دېدى غوزەك. بۇ گەپ چىقىشى بىلەنلا پۈتۈن يىغىن ئەھلى دەرھال قىمىرلاشقا باشلىدى، ھەر قايسى مىللەت ۋەكىللىرى قورققىنىچە ئېكرانغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

پلوتوسلارنىڭ ۋەكىلى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەدىنىدىكى كۆك نۇرنى كۈچلۈك بىر چاقنىتىۋەتكەندىن كېيىن:

ــ ئۇنداقتا مەن پولوتوسلارغا ۋاكالىتەن سىلەرگە بىر تەكلىپ بېرەي، سىلەر ئىككى تەرەپنىڭ تەكلىپنى قانائەتلەندۈررۈشنى ئۈمىد قىلىمەن،ــ دېدى. يارېس مارشال بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئازراق ئۈمىد ئۇچقۇننى كۆرگەندەك بولدى، ئېكراندىكى غوزەكمۇ سىلكىنىپ قويدى.

پولوتوسلارنىڭ ۋەكىلى سۆزنى داۋاملاشتۇردى:

ــ ئەگەر سىلەر ئاشۇ پىلانىتىدىكى مىللەتنى يوقىتىۋېتىشتە چىڭ تۇرساڭلار، مارشال يارېس تەۋە بولغان بېكېتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ بىرقىسىم ئادەملىرىنى قويۇۋېتىڭلار، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ پىلانىتىسىدىن ئايرىلىپ بېكېتلەر تەۋە يۇلتۇزلار سىستېمىسىغا كۆچۈپ كېلىشكە يول قويۇڭلار.

ــ ......... سىز بۇ تەكلىپكە قوشۇلامسىز؟ــ دەپ سورىدى غوزەك. مارشال يارېس بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

ــ مۇشۇنداق بولسۇن، بۇمۇ بىردىنبىر يولغا قويغىلى بولىدىغان چارىكەن،ــ دېدى ئامالسىز ھالدا.

ــ مەن بىلىدىم، ئۇلاردىن قانچىلىكى ئۇ پىلانىتىدىن ئايرىلالىسا، مەن شۇنچىلىكىنى قويۇۋېتەي،ــ دېدى غوزەك. سۆزى ئاخىرلىشىپلا غوزەك ئېكراندىن يوقىدى. ھەر قايسى مىللەت ۋەكىللىرى بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ يېنىكلىۋالغاندىن كېيىن يىغىن مەيداندىن تارقىلىشتى. پولوتوسلارنىڭ ۋەكىلى مارشال يارېسىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ ناھايىتى ئەپسۇس، بىزنىڭ قىلالايدىغىنىمىز ئاران مۇشۇنچىلىككەن، ئەگەر قايتا ئۇرۇش پارتلايدىغان بولسا ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ،ــ دېدى. يارېس بىر ئۇلۇغ

كىچىك تىنىۋېتىپ:

ــ ياق، مەن تېخى سىلەرنىڭ بىزنى پۈتۈن كۈچۈڭلار بىلەن قوللىغىنىڭلارغا رەھمەت ئېيتىمەن. راست! ھېچكىمنىڭمۇ ئۇلار بىلەن سوقۇشقىسى يوق. پەقەت ئېچىنىشلىقى يەرشارىدىكى بىزگە ئوخشاش مىللەت، ئۇلارنىڭ قانچىلىك ئادىمى ئۇلار دۇچ كېلىۋاتقان بۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقى جەڭدە ھايات قالار؟ــ دېدى.

يەر شارىنىڭ تەقدىرىگە ھۆكۈم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى لى شياڭ قاتارلىقلار جۇڭگونىڭ ئاي شارىدىكى بازىسىغا يېتىپ كېلىشتى، ئاي شارى بازىسىدىكى قوماندان جوۋيۈنىڭ ھەمراھلىقىدا پۈتكۈل بازىنى زىيارەت قىلىپ چىقىشتى. ئاي شارى بازىسى يەر ئاستىدىكى 1500مېتىر چوڭقۇرلۇقتا ياسالغان بولۇپ، ئون نەچچە قەۋەتكە بۆلۈنگەن ئىدى! ھەر بىر قەۋەتنىڭ ئۆز ئالدىغا رولى بار ئىدى، ئەڭ ئاستىنقى بىر قەۋەتتە بولسا قۇياش كرىستال ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ ئالاھىدە زور گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى ھەرىكەتلەندۈرۈلەتتى. پارنىكتا يېتىشتۈرۈش رايونى، قۇياش كرىستال ئېنېرگىيىسى زاۋۇتى ۋە قورال زاۋۇتى قاتارلىقلار تېخى ياسىلىۋاتاتتى. پۈتكۈل بازىغا ھازىر 3678 ئادەم ئورۇنلاشقان بولۇپ، 1 ـ ZXJيۇلتۇزلار ئارا ئۇچىدىغان جەڭ ئۇچقۇسىدىن 140ى بار ئىدى.

لى رەئىس قاتارلىقلار ھاياجانلانغان ھالدا بازىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ئاي شارىنىڭ يۈزىدە مېڭىپ باقماقچى بولۇشتى. بىر چوڭ ئاي ئازگىلىدىن كىچىككىنە بىر چىقىش ئېغىزى ئېچىلدى، بىر نەچچە ئايدا ماڭىدىغان دالا ماشىنىسى چىقىپ كەلدى، ئاي شارىدىن يەر شارىغا قارىسا نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە! يەر شارى، بەلكىم سۇ شارى دېسە تېخىمۇ مۇۋاپىق بولارمىكىن. 78%ى دېڭىز ـ ئوكيان بولغان كۆك رەڭلىك پىلانېت، بىز بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ئائىلىسى! جوۋيۈ يەر شارىغا قاراپ تۇرۇپ كەتكەن لى رەئىسكە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

ــ رەئىس! ئامېرىكىنىڭ ئاپوللو ئاي شارىغا قونغاندا، ئۇ يەرگە قويۇپ قويغان نەرسىسىنى كۆرۈپ كېلەمدۇق، قانداق؟ــ دەپ سورىدى. لى رەئىس دەرھال ئېسىگە كېلىپ:

ــ ئەلۋەتتە، ناھايىتى ياخشى،ــ دېدى. بىر ئازدىن كېيىن، ماشىنىلار بىر بايراقنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بۇ ئامېرىكا بايرىقى ئەينى يىلى ئاپوللو ئايغا قونغاندا بۇ يەرگە قاداپ قويۇلغان بايراق ئىدى. شۇنچە يىل ئۆتسىمۇ بۇ بايراق ئەينى يىلى مۇشۇ يەرگە قاداپ قويۇلغاندىكىدەك ئازراقمۇ ئۆزگەرمىگەن ئىدى. لى رەئىس بايراققا قارىغىنىچە سۆزلىدى:

ــ ئامېرىكىلىقلار تۇنجى بولۇپ غەلىبىلىك ھالدا ئايغا چىقتى، ھازىر مەنمۇ بىزنىڭ جۇڭگوغا ۋاكالىتەن ئىككىنچى قېتىم ئايغا چىققانلىقىمىزنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن (بىزنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىمىزنى چىن دىلىمىزدىن ئارزۇ قىلىمەن!!!) بىزنىڭ دۆلەت بايرىقىمىزنى بۇ يەرگە قاداپ

قويمەن.

سۆزى تۈگەش بىلەنلا، لى رەئىس ئۆزىگە سۇنۇلغان بەش يۇلتۇزلۇق قىزىلبايراقنى ئامېرىكىنىڭ يۇلتۇز ـ سىزىقلىق بايرىقىنىڭ يېنىغا قادىدى، مەيداندىكى بارلىق كىشىلەر ھاياجانلانغىنىدىن بەشيۇلتۇزلۇق قىزىلبايراققا قاراپ سالام بەردى.

يەر شارى جۇڭگو تەۋەلىكى.

ــ ناھايىتى ئەپسۇس، بىزنىڭ قىلالايدىغىنىمىزمۇ مۇشۇنچىلىككەن! زېگېرنىڭ تۇنجى تۆركۈمدىكى قىسىملىرى بۇ پىلانىتىغا قاراپ يولغا چىقتى، ھازىر ئۈمىد سېنىڭ كۆپرەك ئادەمنى قۇتقۇزالىشىڭدا قالدى.

قارا كۆلەڭگە بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئازاپلانغان ھالدا دېدى:

ــ كېلىدىغانلار يەنىلا كەپتۇ. 6 مىليارد ئادەم! ھا...ھا...ھا! ئۇندىن بىرى ھايات قالالىسا قالتىس ئىش ھېساپلىنىدۇ.

## 22 ـ باب خەۋپنىڭ بىشارىتى

يەر شارىنىڭ تەقدىرى بەلگىلەنگەندىن كېيىن، زېگېرنىڭ قىسىملىرى بوشلۇق ئاتلاش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ يەر شارىغا قاراپ كۆپلەپ كېلىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا يەر شارىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟ جۇڭگونىڭ چوڭقۇر دېڭىز تەجرىبىخانىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ پۈتكۈزۈلدى، ئۇنىڭ ياسىلىش شەكلى ۋە پايدىلىنىلغان تېخنىكىلىرى دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. تېنچ ئوكيانىنىڭ دېڭىز ئاستىدىكى 4763 مېتىر چوڭقۇرلۇقىغا ياسالغان 12مىڭ ئادەمنى سىغدۇرالايدىغان بۇ زور كۆلەملىك تەتقىقات بازىسىغا جۇڭگو ئوتتۇرىغا قويغان شەرت بويىچە ھەرقايسى دۆلەت ئالىملىرى تەجرىبىخانىغا كىرىشكە ھوقۇقلۇق بولۇپ، پۈتۈنلەي دېڭىز ـ ئوكيان بايلىقىنى تەتقىق قىلىشقىلا ئىشلىتىلەتتى، قوغداش ۋە ئېچىش ھېچقانداق ھەربىي مەقسەد ئۈچۈن ئىشلىتىلمەيتتى.

چوڭقۇر دېڭىز تەجرىبىخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى دۇنيا يېشىل تېنچلىق تەشكىلاتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ماختىشىغا سازاۋەر بولدى! دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەت باشلىقلىرى بەس ـ بەستە تەبرىك تېلگراممىسى ئەۋەتىپ، جۇڭگونىڭ چوڭقۇر دېڭىز تەجرىبىخانىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەشتى ھەمدە تۇنجى تۆركۈمدىكى ئالىملىرىنى ئەۋەتىپ تەجرىبىخانىدا تۇرغۇزۇشنى

خالايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى، ھالبۇكى، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە بولسا بايانات ئېلان قىلىپ، جۇڭگو ياسىغان چوڭقۇر دېڭىز تەجرىبىخانىسىنىڭ دېڭىز ـ ئوكيان مۇھىتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقلىرىنى، ئەمما ئالىملارنى ئەۋەتىپ دېڭىز ـ ئوكيان سىرىنى ئورتاق ئېچىشنى خالايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. جۇڭگونىڭ ھەممە جايى قايىنام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن ئىدى، توردىمۇ توختىماي تەبرىكلىنىۋاتاتتى!

ـ 2010يىلى 27 ـ ماي، تېنچ ئوكيانغا جايلاشقان چوڭقۇر دېڭىز تەجرىبىخانىسى ئۆزىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى مېھمانلىرىنى كۈتۈۋالدى، دۇنيادىكى 17 دۆلەتتىن كەلگەن دېڭىز ـ ئوكيان تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش ئەترىتى يېتىپ كەلدى. سۇ ئاستى كېمىسىنىڭ تەجرىبىخانىغا يېقىنلىشىغا ئەگىشىپ، پەقەت فانتازىيە فىلىملىرىدىلا كۆرگىلى بولىدىغان كۆرۈنۈشلەر كۆپچىلىكنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن بولدى. قاپقاراڭغۇ دېڭىز تەكتىدە غايەت زور قۇرۇلۇش سوزۇلۇپ ياتاتتى، چاقناپ تۇرغان سانسىز چىراق نۇرلىرى دېڭىزنىڭ سىرلىقلىقىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىۋەتكەن ئىدى. سۇ ئاستى كېمىسى قۇرۇلۇشنىڭ ئاستى قىسمىدىكى بىر كىرىش ـ چىقىش ئېغىزىدىن كىرىپ سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقتى، سۇ ئاستى كېمىسىدىن چۈشكەن ئالىملار مۇناسىپ ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ ۋاقىتتا دەل چۈش بولغاچقا، چۈشلۈك غىزا ۋاقتىدا ھەر قايسى دۆلەت ئالىملىرى ئىشتاھا بىلەن ئۆز يۇرتلىرىنىڭ تەمىدىكى تائاملارنى يېيىشمەكتە ئىدى. بىر گېرمانىيىلىك ئالىم بىر ئاز غىزالانغاندىن كېيىن، باشمالتىقىنى چىقىرىپ:

ــ بەكمۇ تەملىككەن! سىلەر چوقۇم ئەلا سۈپەتلىك گۆش ئىشلەتتىڭلارغۇ دەيمەن؟ــ دېدى. ياندىكى مۇلازىم كۈلۈپ قويۇپ:

ــ سىز خاتالاشتىڭىز، بۇلارنىڭ ھەممىسنى ئەمەلىيەتتە لەيلىمە جانلىقلاردىن ئايرىلاشتۇرۇپ ياسالغان،ــ دېدى. بىر فرانسىيىلىك ئالىم ئالدىدىكى قېلىن توغرالغان كالا گۆشىگە قاراپ ھەيران بولغان ھالدا:

ــ لەيلىمە جانلىق؟ سېنىڭ دەۋاتقىنىڭ دېڭىز يۈزىدە لەيلەپ يۈرىدىغان مىكرو جانلىقلارمۇ؟ــ دەپ سورىدى. مۇلازىم بېشىنى لىڭشىتتى، فرانسىيىلىك ئالىم بۇنى كۆرگەندىكى كېيىن ئارقا يانچۇقىدىن بىر لوپا ئەينەكنى ئېلىپ، قېلىن توغرالغان كالا گۆشىگە كۆزىنىمۇ چىمچىقلاتماستىن قاراشقا باشلىدى. بىر كورىيىلىك ئالىم:

ــ ئەجابا، بۇ گۈرۈچمۇ لەيلىمە جانلىقتىن ياسالغانمىدۇ؟ــ دەپ سورىدى. مۇلازىم بېشىنى لىڭشىتىپ:

ــ شۇنداق، سىلەر يەۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسنى ئەمەلىيەتتە لەيلىمە جانلىقلاردىن بىرىكتۈرۈلۈپ ياسالغان،ــ دېدى.

بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەيداندىكى ھەممەيلەن قوللىرىدىكى غىزا قوراللىرىنى تاشلاپ، تەخسىلەردىكى غىزالارنى قوللىرىغا ئېلىپ خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ قاراشقا باشلىدى.

ــ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ! قانداق قارىساق خۇددى راستەكلا تۇرىدۇ،ــ دېدى فرانسىيىلىك ئالىم ۋە سۆزىنى تۈگىتىپ كالا گۆشنى ئېغىزىغا سېلىپ چايناشقا باشلىدى. بىر ئايال ئالىم ھەيران بولغان ھالدا:

ــ سىلەر بۇ تائاملارنى قانداق ياساپ چىقتىڭلار؟ــ دەپ سورىدى. مۇلازىم ئاچچىق كۈلگىنىچە:

ــ بۇ مەسىلىنى مەن بىلمەيدىكەنمەن، ئېھتىمال سىز جۇڭگولۇق ئالىملاردىن سوراپ باقسىڭىز، شۇلار بىلەرمىكىن؟ــ دەپ جاۋاپ بەردى.

چوڭقۇر دېڭىز تەجرىبىخانىسى قۇرۇلۇپ 2 كۈن بولۇپلا ئاجايىپ نەرسە ــــ بىرىكمە يېمەكلىكنى ئىشلەپ چىقاردى! گەرچە ھازىر نۇرغۇنلىغان بىرىكمە يېمەكلىكلەر بولسىمۇ، ئەمما نۇرغۇنلىرى پەقەت تەملىكلا بولۇپ ئازراقمۇ ئوزۇقلۇق قىممىتى يوق ئىدى، ھەتتا سالامەتلىككىمۇ زىيىنى بار ئىدى. ھالبۇكى جۇڭگو ياسىغان بىرىكمە يېمەكلىكنى ھەقىقى يېمەكلىككە سېلىشتۇرغاندا تەمى ھەتتا ئوزۇقلۇق قىممىتى جەھەتتىمۇ ھېچقانداق پەرق يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ خام ئەشياسى لەيلىمە جانلىقلارنى يېتىشتۈرۈش ناھايىتى ئاسان ئىدى. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، يالغۇز جۇڭگولۇقلار خۇشال بولۇپلا قالماستىن، پۈتۈن دۇنيا خەلقى خۇشاللىققا چۆمۈلدى! ب د ت نىڭ رەئىسى خۇشال ھالدا:

ــ يەنە بىر نەچچە يىل ئۆتسە، دۇنيادا ئاشلىق قىس بولۇش مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدۇ، ئەكسىچە ئاشلىقنىڭ كۆپلىكىدىن قويۇدىغان جاي تېپىلماي قالىدۇ! جۇڭگولۇقلار بەك ئۇلۇغكەن، بىز ئۈچۈن ئېنېرگىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئاشلىق مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلىپ بەردى!ــ دېدى.

جۇڭگو ھۆكۈمىتىمۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئافرىقىغا كۆچمەن يۆتكەشكە باشلىدى، ئاۋال ئاشلىق ئەڭ قىس بولغان ئافرىقىغا ھەقسىز ئاشلىق ياردەم قىلماقچى بولدى، ئافرىقىدىكى بىر قىسىم رەھبەرلەر جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىگە ئىنتايىن رەھمەت ئېيتىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى، ئەمما يەنە بىر قىسىم دۆلەت رەھبەرلىرى جۇڭگونىڭ ئافرىقىغا كۆچمەن يۆتكىشىنى ئۈمىد قىلمايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئافرىقا! ھازىرقى يەر شارىدىكى ئەڭ نامرات يەر بولۇپ، گەرچە ئافرىقىدا مول تەبىئىي بايلىقلار بولسىمۇ، ئەمما ھەر خىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ھازىرغىچە ئېچىلمىغان ئىدى. ياپونلۇقلار ــ ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار مىللەت ھېسابلايدىغان مىللەت، پۈتكۈل ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش خام خىيالىنى

سۇرەتتى. ئەمما ئۆزى جۇڭگو، روسىيە ۋە ئامېرىكا تەرىپىدىن كىچىك ئارالدا قامال قىلىنغاچقا، ئافرىقا ئۇلار ئۈچۈن ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشتىكى بايلىق تەمىنلەش ئورنى ئىدى. ناھايىتى بۇرۇنلا ياپونلۇقلار ئافرىقىغا يۆتكەشكە باشلىغان بولۇپ، ئافرىقىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ زاپخوز پونكىتى قىلىۋېلىشنى ئويلايتتى. ياپونىيىنىڭ ئەڭ ئېسىل ماللىرى ياۋروپا-ئامېرىكا دۆلەتلىرىگە توشۇلاتتى، ئىككىنچى دەرىجىلىك ماللىرىنى ئۆزلىرى ئىشلىتەتتى، ئەڭ ناچار ماللىرىنى ئافرىقا ۋە ئاسىيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرگە توشۇيتتى (ياپون ماللىرىنى چەكلەيلى — ئەسلى ئاپتورنىڭ گېپى جۇمۇ، بۇ). ئەڭ ناچار ماللار بولغان تەقدىردىمۇ ئافرىقىدىكى نامرات يەردە ياشاۋاتقانلار ئۈچۈن ئەڭ ئېسىل ماللار ھېسابلىناتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپونىيىنىڭ ئافرىقىغا قىلغان ئازغىنە ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن ئافرىقىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ياپونلۇقلارنى ئۆزلىرىنى قۇتقازغۇچى شاپائەتچىدەك ھېسابلىشاتتى، پەقەت ياپونلۇقلارلا ئافرىقىنىڭ تەرەققىياتىنى سىلجىتالايدۇ دەپ ئويلىشاتتى. ياپونىيىنىڭ سابىق ھۆكۈمىتى ئالدىنقى قېتىملىق جەڭدە غولاپ چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بىر قىسىم ئوڭ قانات ئۇنسۇرلار ۋە سابىق ھۆكۈمەتنىڭ بىر قىسىم ئەمەلدارلىرى ئافرىقىغا قېچىپ كېلىپ، ئۇ يەردە قايتىدىن باش كۆتۈرۈشكە تەمشىلىۋاتاتتى! جۇڭگو بولسا گېن كومپيۇتېرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بۇ مەقسىدىنى بىلىۋالغان بولۇپ، مەركەز بۇ زەھەرلىك ئۆسمىنى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىشنى قارار قىلىپ، ئافرىقىنى ياپونلۇقلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالماقچى بولدى. بۇ قېتىم ئافرىقىغا يۆتكەلگەن كۆچمەن ئەترىتىدىكىلەر ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن تەپسىلىي تاللاشتىن ئۆتكەن بولۇپ، ئافرىقىلىقلاردا ياخشى بىر ئوبراز تىكلەشنى مەقسەد قىلغان ئىدى. ياپونلۇقلارمۇ، ئەلۋەتتە، جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ مەقسىدىنى بىلگەن بولۇپ، ئۆزلىرى ئىقتىسادىي ياردەم بېرىۋاتقان دۆلەتلەردىن جۇڭگو كۆچمەنلىرىنى چەكلەشنى تەلەپ قىلدى! گەرچە بىر قىسىم دۆلەتلەر جۇڭگو كۆچمەنلىرىنى رەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما يەنە خېلى كۆپ دۆلەتلەر جۇڭگو كۆچمەنلىرىنى قوبۇل قىلىشنى خالايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

گەرچە جۇڭگو كۆچمەنلىرى ئافرىقىغا بارغىلى ئاران بىر ئايلا بولغان بولسىمۇ، بىراق نۇرغۇن ئافرىقىلىقلار ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ياخشى بىر ئوبرازىنى تىكلەپ بولغان ئىدى. جۇڭگولۇقلار ئېلىپ بارغان ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرى ياپونىيىنىڭكىدىن كۆپ ئىلغار، ئۇنىڭ ئۈستىگە پوزىيىستە جەھەتتە جۇڭگولۇقلار ياپونلۇقلاردەك مەنمەنچى، مەغرۇر، قوپال ئەمەس ئىدى. بىر قىسىم چۈشەنمىگەن جايلارنى جۇڭگولۇقلار قولمۇ-قول ياردەم قىلىپ، تاكى بىلىۋالغۇچە ئۆگىتىپ قوياتتى، بۇ خىل پوزىتسىيە نۇرغۇن ئافرىقىلىقلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. ناھايىتى تېزلا جۇڭگولۇقلار ئافرىقىدىكى قەدىمىنى پۇختىلىۋېلىپ، ياپونلۇقلار بىلەن

بىر مەيدان ئىس ـ تۈتەكسىز جەڭ قىلىشقا تەييارلىنىپ بولۇشتى.
جۇڭنەنخەيدە لى رەئىس دوكلاتتىن كېيىن:
ــ ئافرىقىغا مەھكەم دەسسەپ بولدۇق، ھازىر تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ ۋە ئادەم كۈچىنى كىرگۈزسەكلا بولىدۇ. ئاي شارى بازىسى جەھەتتە قۇرۇلۇش ئومۇمىيۈزلۈك تاماملاندى، مەن مەبلەغ ئاجرىتىپ تېخىمۇ كۆپ جەڭ كېمىسى ياساشقا باشلىدىم، بۇ بۇندىن كېيىنكى ئالەم ئېچىش ئىشلىرى ئۈچۈن ئاساس سېلىش ئۈچۈندۇر،ــ دېدى. جوۋ تيەنخۋا بۇنى ئاڭلاپ:
ــ مەن قوشۇلىمەن، بۇندىن كېيىنكى جەڭ ئالەم بوشلۇقىدا بولىدىغان جەڭدۇر، ئالەم جەڭ كېمىسىنىڭ سانى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشقا مۇناسىۋەتلىكتۇر،ــ دېدى.
لى رەئىس كۈلۈپ تۇرۇپ:
ــ دۇرۇس، ئەمما بىز ئىنسانلار بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن يەنە كىم بىلەن جەڭ قىلىمىز؟ــ دېدى.
جوۋتيەنخۋا مۇنداق دېدى:
ــ بۇ ئۇرۇشنى بىز ئۆزىمىز قىلمايمىز، بىراق بىز باشقا پىلانىتلاردىكىلەردىن ئېھتىيات قىلماسلىق بولمايدۇ، شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ھازىرقى ئالەمدە يالغۇز يەرشارىدىلا ئادەم بار ئەمەس! گۈللىنىش ۋە مۇقىملىقنىڭ ھەممىسى كۈچلۈك ھەربىي كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلىشكە مۇھتاج.
دېڭ جيەنگو كۈلۈپ تۇرۇپ:
ــ لاۋ جوۋنىڭ دېگىنى توغرا، كۈچلۈك ھەربىي كۈچ بولمايدىكەن، سەن ھەر قانچە باي ـ قۇدرەتلىك بولساڭمۇ بەرىبىر باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى بىر پارچە لوق گۆش خالاس. ھىم...... يەنە بىر ئىشنى سورىۋالاي، گېنرال لىن خەييۈننى تۈنجى تۈركۈمدىكى ئالەم قىسمىنىڭ قوماندانى قىلساق بولارمۇ؟ــ دېدى. بۇ مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، لى رەئىس بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:
ــ خاتىرجەم بولۇڭ، مەن لىن خەييۈن بىلەن پاراڭلاشقان. ئۇ ئالەم بوشلۇقىدا جەڭ قىلىشقا بەك قىزىقىدىكەن، گەرچە بىز يۈزەكى پاراڭلاشقان بولساقمۇ، بىراق ئۇنىڭ بىر قىسىم ئالەم قوراللىرىنى ئىشلىتىش، جەڭ تاكتىكىسى جەھەتلەردە تۇغما تالانتى باركەن، ئۇ ماڭا بۇندىن كېيىنكى ئۇرۇشتا ئالەم جەڭ كېمىسىنىڭ يېڭىش ـ يېڭىلىشتىكى مۇھىم ھالقا ئىكەنلىكىنى دېدى. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى ئىنتايىن ئورۇنلۇق، ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى بولغاچقىلا مەن تېخىمۇ كۆپ ئالەم جەڭ كېمىسىنى ياساشنى قارار قىلدىم، نۇرغۇن پىشقەدەم گېنراللارمۇ ئۇنى بۇندىن كېيىن تەستە ئېرىشىدىغان ھەربىي ئىشلار تۇغما تالانتلىق ئادەم دەپ پەرەز قىلىشىۋاتىدۇ،ــ دېدى.

جۇڭگونىڭ بىر جۇڭخۇا دەرىجىلىك ئالەم كېمىسى يۇپىتېرنىڭ يېنىدا ئۇچۇپ كېتىپ باراتتى، گەرچە ھازىر ئاران كەچ سائەت 8:00 بولغان بولسىمۇ، ئەمما قاراڭغۇلۇقتىكى ئالەم بوشلۇقى نۇرغۇن خىزمەتچىلەرنى ئىنتايىن ھاردۇرىۋەتكەن ئىدى، ئۇلار خىزمەتنى تاماملاپ بولۇپلا كارۋاتقا دۈم چۈشۈپ خورەك تارتىشقا باشلىغان ئىدى. لىن خەييۈن ھازىر جۇڭگونىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى ئالەم قىسىملىرىنىڭ قوماندانى بولۇپ، ئۇ كۆچلەندۈرۈلگەن ئەينەكتىن مۆگدىگەن ھالدا قاپقاراڭغۇ ئالەم بوشلۇقىغا قاراپ تۇراتتى.

ــ باشلىق، تېخى ئۇخلىمىدىڭىزمۇ؟

جەڭ كېمىسى شوپۇرى پودپولكوۋنىك چېن جىكۈن قەھۋە دەملەپ كىرىپ كەلدى. لىن خەييۈن بېشىنى بۇراپ ئاستاغىنە:

ــ سىز نېمىشقا ئۇخلىمىدىڭىز؟ــ دەپ سورىدى. چېن جىكۈن بىر ئىستاكان قەھۋەنى تەڭلەپ:

ــ بۈگۈن مەن دىۋورنى، شۇڭا ئۇخلىمىدىم.

لىن خەييۈن قەھۋەنى ئېلىپ بىر ئۇتلىۋەتكەندىن كېيىن:

ــ رەھمەت! مەنمۇ ئۇخلىيالمىدىم، شۇڭا ئۇچقۇچىلار بۆلمىسىگە كېلىپ قاراپ باقتىم،ــ دېدى. چېن جىكۈن كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ ئەرزىمەيدۇ! ھوي...... بىزنىڭ ئۇچۇش لېنىيىمىز ئازراق چاتاقمۇ نېمە؟ بۇ يەرگە قاراڭ، ئازراق ئۆزگەرتىلگەندەك قىلىدۇ،ــ دېدى. لىن خەييۈن سوغۇققىنە:

ــ شۇنداق، مەن ئۆزگەرتكەن، بۇ لېنىيە تېخىمۇ ياخشى،ــ دېدى. چېن جىكۈن كۈلگىنىچە:

ــ گەرچە سىز گېنېرال بولسىڭىزمۇ، بىراق ئالەم كېمىسى بىلەن ئۇچراشقىنىڭىزغا ئاران بىر ئاي ۋاقىت بولدى، بۇ جەھەتتە مەندىن كۆچلۈك دەپ قارايمەن،ــ دېدى. لىن خەييۈن كۈلۈپ قويۇپ، ئاستاغىنە:

ــ تەكشۈرۈپ باقسىڭىز بولىدۇ،ــ دېدى. چېن جىكۈن ئاڭلىغاندىن كېيىن، كونتروللىغۇچنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ لىن گېنېرال، ئەمەلىيەتتە مەن ئۆزۈڭىزدىن بېرى ناھايىتى...

لىن خەييۈن بېشىنى بۇراپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

ــ گەپنى بۇرىماڭ! مېنىڭ قىلغىنىم توغرىمىكەن؟

چېن جىكۈن بىردەم تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۈسكۈنىلەرگە بىر قارىۋېتىپ:

ــ توغرا، توغرا، سىزنىڭ توغرىكەن! بۇ ئەڭ ياخشى لېنىيىكەن،ــ دېدى. لىن خەييۈن كۈلگىنىچە:

ــ ئابايام سىز ئۆزۈڭىزدىن بېرى نېمىنى ئىنتايىن دېمەكچىدىڭىز؟

چېن جىكوْن مېڭىپ كېلىۋېتىپ:
ــ ھە...... گېنىرال، مەن ئۇزۇندىن بېرى سىزگە ئىنتايىن قايىل ئىدىم،ــ دېدى. لىن خەييوْن بوْنى ئاڭلاپ، ئەجەپلەنگەن ھالدا:
ــ ماڭا قايىلمىتىڭىز؟ــ دېدى. چېن جىكوْن قەھۋەدىن بىر ئوتلاپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
ــ شۇنداق، لىن گېنىرال، سىزنىڭ تالانتىڭىز ئۇرغۇپ ـ تېشىپ تۇرۇپلا قالماستىن، شۇنچە ياش تۇرۇپلا گېنىرال بولالىدىڭىز، يەنە ئىنتايىن ئەقىللىقكەنسىز، قىسقىغىنە نەچچە ھەپتىدىلا ئالەم كېمىسىنى ھەيدەشنى ئۆگىنىۋالدىڭىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز شۇنچە چىرايلىق تۇرسىڭىز، سىزنى قوغلىشىدىغانلار ناھايىتى نۇرغۇندۇ، ھە قاچان؟
لىن خەييوْن بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى، ئاندىن كۈلگىنىچە:
ــ مەن ئەمدى تۇنجى قېتىم باشقىلارنىڭ مېنى چىرايلىق دېگىنىنى ئاڭلىدىم،ــ دېدى. چېن جىكوْن كۆڭلىدە:
ــ ئۇنداق ئەمەستۇ؟ ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قارىغۇ ئەمەستۇ؟ــ دەپ ئويلىدى. لىن خەييوْن ئۇنىڭ يېرىم كۇنگىچە جىمجىت تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى تۈرتكىنىچە:
ــ سىزگە ھېچنىمە بولمىغاندۇ؟ــ دېدى. چېن جىكوْن شۇندىلا ئېسىنى يىغىپ، ئالمان ـ تالمان:
ــ كەچۈرۈڭ، گېنىرال، بايام سەت ئىش بولدى!.......... ئەمەلىيەتتە مەن خېلى بۇرۇنلا، گېنىرال، سىزگە ئىخلاس قىلىپ يۈرەتتىم، تۇنجى قېتىم خەۋەردىن سىزنىڭ شەرقىي تۈركىستان قىسىملىرىنى تارمار قىلغىنىڭىزنى كۆرگەن ۋاقتتىن باشلاپلا، مەن سىزگە مەپتۇن بولۇپ يۈرەتتىم......ئاھ! كەچۈرۈڭ، گېنىرال، مەن غەلىتە گەپلەرنى قىلىپ كەتتىم، سىز مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى چۈشەنگەنسىز، لىن گېنىرال؟ــ دېدى. لىن خەييوْن ئۇنىڭغا قارىۋەتكەندىن كېيىن، چىرايى ئازراق قىزارغىنىچە:
ــ ياق، مەن نېمە دېمەكچى بولغىنىڭىزنى چۈشەنمىدىم،ــ دېدى.
ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە لەپپىدە قاراپ قويۇشتى! تۇيۇقسىز ئالەم كېمىسى يېنىككىنە تەۋرەپ كەتتى، ئۈستەلگە تۆز قويۇلغان قەھۋەمۇ قىڭغىيىشقا باشلىدى. ئىككيلەن بىر ـ بىرىدىن كۆزىنى ئېپقېچىشىپ، قەھۋەگە قاراشتى. لىن خەييوْن قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە:
ــ يېنىمىزدا ماگنىت مەيدانى باركەن،ــ دېدى. چېن جىكوْن ئورنىدىن تۇرۇپ، ياردەمچى لىيۇتىجىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ:
ــ سكانىنېرنى ماڭغۇزۇڭلار، تەكشۈرۈڭلار،ــ دېدى. جۇڭخۇا دەرىجىلىك چارلىغۇچى كېمىنىڭ كاپىتانى كارۋاتتىن چۈشۈپ، ئولتۇرىۋالغاندىن كېيىن، ئېكرانغا قاراپ:
ــ چېن جىكوْن، نېمە ئىش بولغانلىقىنى دوكلات قىلىڭ،ــ دېدى .

ـــ بىزنىڭ ئوربىتىمىزدا نامەلۇم ئۇچار جىسىمدىن بىرى بىزگە تېز سۈرئەتتە يېقىنلىشىۋاتىدۇ.
لىن خەيیۈن ئەسۋاپلارغا قارىۋەتكەندىن كېيىن:
ـــ ئىزنا تەسۋىرىدىن قارىغاندا، بىر كىچىك سەييارىدەك قىلىدۇ، ـــ دېدى. سۆزنىڭ تۈگىشىگە ئەگىشىپ، كۆز بىلەنلا ھېلىقى كىچىك سەييارىنى كۆرگىلى بولدى، چېن جىكۈن قارىغىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى:
ـــ بۇنى قانداقمۇ سەييارە دېگىلى بولسۇن؟ جۇڭخۇا دەرىجىلىك كېمىدىن نەچچە ھەسسە چوڭكەن، ئەگەر ئۇنىڭغا سوقۇلۇپ كېتىدىغان بولساق، جۇڭخۇا دەرىجىلىك كېمە پاچاقلىنىپ ئۆۋۈلىپ كېتەر!
پۈتكۈل كېمە ئىچىدە تىرىۋگا ئاۋازى ياڭرىدى! كومپيۇتېر بىرىكمە ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى:
ـــ سوقۇلۇش ئاگاھلاندۇرۇشى! ئالتە سېكۇنتتىن كېيىن ئۆزئارا سوقۇلىمىز!

## 23 ـ باب بالا ـ قازا

ـــ سوقۇلۇشقا ئالتە سېكۇنتلا قالدى! دەرھال چەتكە تارتىڭلار!
جۇڭخۇا دەرىجىلىك چارلىغۇچى كېمىنىڭ كاپىتانى (كېمە باشلىقى) بۇ گەپنى دەپ بولۇپلا دەرھال ئۇچقۇچىلار بۆلمىسىگە يۈگۈردى، لىن خەيیۈن چېن جىكۈننىڭ ئالدىغا بېرىپ:
ـــ مەن ھەيدەي!ـــ دېدى. چېن جىكۈن بۇ چاغدا جىددىيلەشكىنىدىن قول ـ پۇتلىرى كالۋالىشىپ كەتكەن ئىدى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىمۇ تۇيمايلا دەرھال ئورنىنى بوشىتىپ بەردى. لىن خەيیۈن دەرھال ئولتۇرۇپ، كېمىنى متروئىتنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئەگىتىپ ھەيدىدى. چېن جىكۈن جىددىيلەشكەن ھالدا:
ـــ يەنە 3 سېكۇنت، 2 سېكۇنت، 1 سېكۇنت قالدى! قوزغىتىڭ!ـــ دېدى. لىن خەيیۈن دەرھال رولنىڭ يېنىدىكى قىزىل رەڭلىك كونۇپكىنى باستى، كېمىنىڭ قۇيرۇقىدىكى تۆت دانە ئىتتىرگۈچ دەرھال كۈچلۈك كۆك نۇر چىقاردى. (دىققەت: ئېغىرلىق كۈچىگە قارشى سىستېما پەقەت كېمىنى يۇقىرى ئۆرلىتەلەيدۇ. ئالدى ـ كەينىگە، ئوڭ ـ سولغا ھەيدەشتە يەنىلا ئىتتىرگۈچكە تايىنىلىدۇ.) كېمە بىردىنلا سۈرئىتىنى تېزلەتتى ـ دە، متروئىتنىڭ ئوڭ تەرىپىنى بويلاپ ئۇچۇپ كەتتى. بۇ چاغدا، چېن جىكۈن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئالاقزادىلىك بىلەن متروئىتقا قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئەكسىچە لىن خەيیۈن ناھايىتى سالماق ئىدى. ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتەيلا دەپ قالغاندا، كېمە قۇيرۇقىدىكى بىر ئىتتىرگۈچ متروئىتقا قاتتىق

سوقۇلدى، ئېتتىرگۈچ شۇ زامان بۇزۇلدى، كېمە گەۋدىسى كۈچلۈك تەۋرىنىپ كەتتى. لىن خەييۈن بۇنى كۆرۈپ ۋاقىرىدى:

ــ دەرھال 78 ـ نومۇرلۇق ئىشىكنى تاقاڭ.

چېن جىكۈن دەرھال ھۇشىنى يىغىپ، 78 ـ نومۇرلۇق ئىشىكنىڭ جىددىي ئېتىش كونۇپكىسىنى باستى. جۇڭخۇا دەرىجىلىك كېمە قۇيرۇقىدىن ئىس چىقارغىنىچە متروئىتنىڭ ئوڭ يېنىدىكى ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى، بۇ چاغدا كاپىتان ۋە بىر قىسىم خىزمەتچى خادىملار ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كىردى. كاپىتان كىرگەندىن كېيىن سورىدى:

ــ ئەھۋال قانداقراق؟

ــ ھەر ھالدا ياخشى، پەقەت قۇيرۇق قىسمىدىكى 2 ـ نومۇرلۇق ئېتتىرگۈچ چۈشۈپ قاپتۇ، تەلىيىمىزگە ئادەملەردە ئۆلۈم ـ يېتىم كۆرۈلمىدى. مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق ھايات قالغانلىقىمىز بىزنىڭ پېشانىمىزنىڭ ئوڭلۇقىدىن!ــ دېدى بىر خىزمەتچى. كاپىتان لىيۇتچىكلار ئورنىدا ئولتۇرغان لىن خەييۈن بىلەن چېن جىكۈننى كۆرۈپ كۈلۈپ قويۇپ داۋاملىق سورىدى:

ــ بۇ متروئىت قەيەردىن كېلىپ، قەيەرگە ئۇچۇپ كېتىپ بېرىپتۇ؟

چېن جىكۈن رادارغا بىر قارىۋېتىپ دېدى:

ــ كومپيۇتېرنىڭ تەھلىلىدىن قارىغاندا، پلوتۇندىن ئۇچۇپ كېلىپتۇ، ئۇنىڭ ئوربېتىسىدىن قارىغاندا، نىشانى.......

چېن جىكۈن گەپ قىلمىغاندىن كېيىن، كاپىتان كوچىلاپ سورىدى:

ــ نېمە بولدى؟ تېزراق دېمەمسەن.

چېن جىكۈن دۇدۇقلىغىنىچە دېدى:

ــ نىشانى يە...يەر... يەرشارى.

كاپىتان ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى، دەرھال ۋاقىرىدى:

ــ دەرھال ئاي شارى بازىسى بىلەن ئالاقىلىشىڭلار، ئۇلارغا بىر متروئىتنىڭ ئۇلارنىڭ تەۋەسىگە كىرىدىغانلىقىنى ئېيتىڭلار.

ئاي شارى بازىسى خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا ئۇقتۇردى. رەئىس لى شياڭ ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال قالغان ئۈچ دانە جۇڭخۇا دەرىجىلىك چارلىغۇچى كېمىلەرنىڭ ھەممىسىنى دەرھال ئاي شارى ئوربېتىسىغا قاراپ ئۇچۇپ، ماگنىت زەررىچىسىدىن پايدىلىنىپ متروئىتنى ئېتىپ پارچىلىۋېتىشنى بۇيرىدى. لى رەئىس جۇڭنەنخەيدە مەجلىس ئەھلىگە قاراپ:

ــ متروئىتنىڭ چۈشۈش ئورنى كانادا ۋە ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى تۇتاشقان پاسىلكەن، مەن قالغان ئۈچ دانە جۇڭخۇا دەرىجىلىك چارلىغۇچى كېمىلەرنى ئۇ متروئىتنى يوقىتىشقا

بۇيرۇق چۈشۈردۈم، قالغان بىر دانە يارىلانغان جۇڭگوخۇا دەرىجىلىك ئالەم كېمىسىمۇ ئاي شارى بازىسىغا قاراپ ئۇچۇپ قايتىۋاتىدۇ،ــ دېدى.
جۇڭگوخۇا دەرىجىلىك چارلىغۇچى كېمىنى ياسىغان ئاساسلىق ئىنژېنىر خاۋ جېگۈەن ئەسكەرتىپ مۇنداق دېدى:
ــ رەئىس، ئەگەر جۇڭگوخۇا دەرىجىلىك چارلىغۇچى كېمىنىڭ ماگنىت زەررىچە زەمبىرىكىنى ئىشقا سالساق، ئۇنداقتا ئۇنىڭ نۇرغۇن كونترول ئۈسكۈنىلىرىنى ئېتىۋەتكەندىلا ئاندىن زەمبىرەكنى ئاتقۇدەك ئېنېرگىيىگە ئىگە بولالايمىز، بۇنداق قىلغاندا دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ سۈئىي ھەمراھلىرى بىزنى بايقاپ قالىدۇ.
لى رەئىس بىز خۇرسىنىپ قويۇپ:
ــ بۇنى مەنمۇ بىلىمەن، بىراق بىز ئامېرىكا ۋە كانادادىكى 400مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرساق بولمايدۇ ـ دە!ــ دېدى. جۇۋ تيەنخۇا ئەنسىرىگەن ھالدا:
ــ مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم، ئەگەر دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىزنىڭ مەخپىي ھالدا ئالەم قىسمىنى قۇرغىنىمىزنى بىلسە بۇ ئىشقا قانداق قارار؟ ئالىمادىس ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىپ، ئۇرۇش ئېچىپ قالسا ئاۋارىچىلىق بولىدۇ،ــ دېدى. لى رەئىس ئۇنى بەزلىگەن ھالدا:
ــ مېنىڭچە چوڭ چاتاق يوق، بىز ئالەم قىسىملىرىنى يوشۇرۇن قۇرساق ئۇلار قانداق قىلالايتتى؟ بىز بۇ قىسىملارنى ئىشلىتىپ ئامېرىكىنى بىر قېتىم قۇتقۇزدۇرۇپ قالماقچىغۇ؟ ئەگەر بۇ مېتروئىت چۈشۈپ كېتىدىغان بولسا، يالغۇز ئامېرىكا ۋە كانادالا تالاپەتكە ئۇچرىمايدۇ، ئامېرىكىنىڭ ھازىر ئۇرۇش قوزغىغۇدەك يېرىكى قالمىدى،ــ دېدى. جوۋ تيەنخۇا بۇنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ:
ــ شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن،ــ دېدى.
ـ 2010يىلى 4 ـ ئىيۇن، جۇڭگونىڭ ئاي شارى بازىسىنىڭ ئەتراپى، ئۈچ دانە جۇڭگوخۇا دەرىجىلىك چارلىغۇچى كېمە ئالىلقاچان بۇ يەرگە كېلىپ تەخ تۇرغان ئىدى، متروئىت ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە يەر شارىغا قاراپ ئۇچۇپ كەلمەكتە. كەچ سائەت 6:10 ئۆتكەندە متروئىت ئامېرىكىنىڭ يەرشارىدىكى ئالەم قاتناش ئىدارىسىنىڭ رادارىغا چۈشتى، ئامېرىكا ئاقسارايىدىكى ئەلباشى فۇبۇس بىر دانە غايەت زور متروئىتنىڭ يەرشارىغا ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىقى، چۈشۈش ئورنى ئامېرىكا ۋە كانادانىڭ ئوتتۇرا قىسمى تۇتاشقان جاي ئىكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قوللىرى تىترىگەن ھالدا بۇ دوكلاتنى ئوقۇپ چىقتى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى رامۇسفېلد (باشقا ئىسمىنى ئويلاپ تاپالماي يەنىلا كونا ئىسمىنى ئىشلەتتىم دەپتۇ ئاپتور) ئۇنىڭ يېنىدا تىۋىش چىقارماي ئۆرە تۇراتتى. فۇبۇس

سورىدى:
ــ ئەجەبا بىزنىڭ بۇ ئاپەتنى توسۇۋالغۇدەك ھېچقانداق ئامالىمىز قالمىدىمۇ؟
رامۇسفېلد خۇرسىنغان ھالدا بېشىنى چايقىدى:
ــ ئەپۇ قىلىڭ ئەلباشى ئەپەندى، مېتروئىتنىڭ ھەجمى بەك چوڭكەن، يادرو بومبىسىنى ئىشلەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇنى پۇتۇنلەي پارتلىتىۋەتكىلى بولمايدىكەن، سىز تېزراق بۇ يەردىن چېكىنىڭ ئەلباشى ئەپەندى.
فۇبۇس تىترىگەن ھالدا:
ــ ياق، مەن ئامېرىكىنىڭ ئەلباشى! ئەگەر خۇدا راستىنلا بىزنى يوقىتىۋەتمەكچى بولغان بولسا، مۇشۇ يەر مېنىڭ ئەڭ ياخشى قەبرەم بولالايدۇ،ــ دېدى.
فۇبۇسنىڭ سۆزنى ئاياقلىشىپلا دۇنيادىكى ھەر قايسى رەسەتخانىلارنىڭ ھەممىسى يەرشارىغا قاراپ كېلىۋاتقان بۇ مېتروئىتنى بايقىدى، دۇنيادىكى دۆلەتلەر پاتپاراق بولۇپ كېتىشتى، بەزىلەر يىغلايتتى، بەزىلەر تەنتەنە قىلاتتى! ئامېرىكا بىلەن كانادا پۈتۈنلەي قالايمىقانلىشىپ كەتتى، مىليونلىغان كىشىلەر قايغۇرغان ھالدا يىغلىشاتتى، چېركاۋلاردىكى پوپلا مۇخلىسلىرىنى ئەگەشتۈرگىنىچە بىر تەرەپتىن ياش تۆككەچ بىر تەرەپتىن مۇناجات ئوقۇشاتتى. كوچىلاردىكى سانسىزلىغان لۈكچەكلەر ماگىزىنلارنى بۇلاشقا، ماشىنلارنى چېقىشقا باشلىدى، ساقچىلارمۇ ياش تۆككىنىچە بىر تەرەپتە بۇنىڭغا زوڭزىيىپ قاراپ ئولتۇرۇشتى، بارلىق ئايروپورتلار پۈتۈنلەي كونتروللىقىنى يوقاتتى، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنىدى. ئامېرىكا ئەلباشى قىسقىغىنە تېلېۋىزيە نۇتقى ئاڭلاتتى، تېلېۋىزوردا ئامېرىكا ئەلباشى فۇبۇس يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:
ــ ھەر قايسى ئامېرىكىلىق قېرىنداشلار، ھازىر ھەممىمىزنىڭ كۆز ئالدىمىزغا قويۇلغىنى، كۆپچىلىككە ئايان، بىر دانە مېتروئىت ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىۋاتىدۇ، ھازىر ئۇنىڭ كېلىشىنى توسىدىغان ھېچقانداق ئامال قالمىدى، بۇ بەلكىم مېنىڭ سىلەرگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قىلغان سۆزۈم بولۇپ قالار، خۇدانىڭ بىزگە ھەمراھ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.
سۆزلەپ بولۇپلا ئامېرىكا ئەلباشى فۇبۇس مۇنبەردە يېتىپ يىغلاشقا باشلىدى! ب د ت يىغىنىدا، ب د ت رەئىسى دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ۋەكىللىرى ۋە خىزمەتچى خادىملارغا قاراپ مۇنداق دېدى:
ــ كۆپچىلىك، بىز ناھايىتى تېزلا تارىختا ئايلىنىمىز، پەرەزگە ئاساسلانغاندا، مېتروئىت يەرگە سوقۇلغاندا پەيدا بولغان زەربە دولقۇنىنىڭ زەربىسى نيۇيوركقىچە كېلىدىكەن، ھازىر دەرھال ئۇچقۇغا چىقىپ ئۇچقان تەقدىردىمۇ ئۆلگۈرەلمەيدىكەنمىز، كۆپچىلىك بىلەن شۇنچە يىلدىن

بېرى ئىشلارنى ئورتاق كېڭەشكىنىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىچە بەزىلەرنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن ياشلار تارامىلاشقا باشلىدى، بىر نەچچە خىزمەتچى يەرگە يۆكىنىپ يىغلاشقا باشلىدى، بىراق پەقەت جۇڭگو ۋەكىللا ئۇ يەردە ھېچنېمە بولمىغاندەك ئۆرە تۇراتتى.

ـ 2010يىلى 4 ـ ئىيۇن كەچ سائەت 7:10، شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى بارغانسېرى يوغىناپ كېلىۋاتقان قارا شارنى كۆرەلىدى، دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل خەلقى شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى خەلق ئۈچۈن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتقان چاغدا، ھەر قايسى دۆلەت رادارلىرىدا ئالەم بوشلۇقىدا ئاي شارىنىڭ يېنىدا غايەت زور ئۈچ دانە جىسىمنىڭ پەيدا بولغانلىقى كۆرۈندى، ئالەم بوشلۇقىدىكى ئاي شارىنىڭ يېنىدىكى جۇڭخۇا دەرىجىلىك چارلىغۇچى كېمىلەر نۇرغۇن كونترول ئۈسكۈنىلىرى ۋە قورال سىستېمىسىنى ئېتىۋەتكەندىن كېيىن، كېمىدىكى ماگنىت زەررىچە زەمبىرىكى قېنىق كۆك رەڭلىك نۇر يىغىشقا باشلىدى. «كۈچى ئەڭ زور چەككە يەتتى.» ئاي شارى بازىسىنىڭ باش قوماندانى جوۋ يۇ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۈنلۈك توۋلىدى:

— متروئىتنىڭ مەركىزىگە توغرىلاپ ئۈچ ماگنىت زەررىچە زەمبىرىكىنى ئېتىڭلار!

بۇيرۇق چۈشۈشى بىلەنلا، كېمە بېشىدىن كۆك رەڭلىك نۇر دەستىسى ئېتىلىپ چىقتى ۋە متروئىتنىڭ مەركىزىگە تەگدى! يەر شارىدا ئۆلۈمنى كۈتۈۋاتقان كىشىلەر قاپقاراڭغۇ ئاسماننىڭ بىردىنلا يورۇپ كەتكىنىنى، ئاندىن يەنە قاراڭغۇلاشقىنىنى كۆردى. متروئىت ئۈچ دانە نۇر دەستىسىنىڭ زەربىسىدە چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشىمىغان نۇرغۇنلىغان پارچىلارغا پارچىلىنىپ كەتكەن ئىدى، بەزى پارچىلىرى توختىماستىن يەر شارىغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىشتى.

دۇنيادىكى ھەر قايسى ھەئىللەر رادارلىرىدا ئۈچ دانە نامىسىز ئالەم كېمىسى كۆرۈندى، ئاندىن متروئىت پارتلاپ سانسىز پارچىلارغا پارچىلىنىپ كەتتى. پۈتۈن دۇنيا بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ تۇرغىنىدا، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇچۇرىنى تاپشۇرىۋالدى، ئۇنىڭدا ئۇلاردىن دەرھال يادرو بومبىسىنى قويۇپ بېرىپ، يەرشارىغا ئۇچۇپ كېلىۋاتقان كىچىك متروئىت پارچىلىرىنى يوقىتىش تەلەپ قىلىنغان ئىدى. ھەر قايسى دۆلەت باشلىقلىرى دەرھال ھۇشىنى تېپىشتى، يۈزلىگەن يادرو بومبىلىرى ئاتموسفېرا قاتلىمىغا ئۇچۇپ كىرگەن متروئىت پارچىلىرىغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىشتى! بىر دەمدىن كېيىن، يەر شارى ئاسمىنىدا نۇرغۇنلىغان موگۇسىمان بۇلۇتلار كۆرۈندى، بىراق يەنىلا بىر قىسىم پارچىلار يەر يۈزىگە چۈشتى، تەلەيگە يارىشا، بۇلار ئادەمسىز قۇملۇق رايونلار ۋە دېڭىز ـ ئوكيانلارغا چۈشكەن ئىدى.

ـ 2010يىلى 5 ـ ئىيۇن، پۈتكۈل دۇنيا بۇ قېتىمقى بالا ـ قازادىن كېيىن ھۇشىنى تېپىشقاندىن كېيىن تەنتەنە سادالىرىغا چۆمۈلدى، ئامېرىكا، كانادا، مېكسىكا قاتارلىق شىمالىي ئامېرىكا

قىتئەسىدىكى ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ خەلقى كوچىلارغا يوپۇرۇلۇپ چىقىپ خۇشاللىقتىن چىقىرىشىپ كېتىشتى، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇ قېتىمقى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقلىرى ئۈچۈن ھاياجان ياشلىرىنى تۆكۈشتى . دۇنيا تەنتەنە سادالىرىدىن ئەسلىگە كەلگەن ۋاقىتتا، كۆزلىرىنى ئالەمدىكى ئۈچ دانە نامەلۇم جەڭ كېمىسىگە تىكىشتى. «تاشقى پىلانىتلىقلار بىزنى قۇتقۇزىۋالدى!» بەزىبىر دۆلەت خەلقى ۋاقىراشقا باشلىدى.

دۇنيا تاراتقۇلىرى ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان تېمىنى تۇتۇپ خەۋەر تارقىتىشقا باشلىدى، دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ئۇچار تەخسە ھەۋەسكارلىرى بىر يەرگە يىغىلىپ ۋاقىراشتى، ئۇلار بۇ «تاشقى پىلانىت»لىقلارنىڭ جاۋابىغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىشاتتى. دۇنيادا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تاشقى پىلانىتلىقلار قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى، ھەر قايسى دۆلەتلەر ئوخشىمىغان ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ بۇ «تاشقى پىلانىت»لىقلار بىلەن ئالاقىلىشىشكە ئۇرۇنۇشتى، بارلىق ھەربىي قىسىملار بىرىنچى دەرىجىلىك ئۇرۇش تەييارلىق ھالىتىگە كىردى. خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك بىردىنبىر ئىش شۇ بولدىكى، بىدئەتلىك ئىشتىن چۈشتى، بىدئەت تەشكىلاتلار ھېلىلا متروئىت يەرشارىغا سوقۇلسا زامانە ئاخىر بولىدۇ، دەپ بىلجىرلاشقان ئىدى، ئەمما «تاشقى پىلانىت»لىقلار پەيدا بولۇشى بىلەنلا ئۇلار جىمىپ قېلىشتى. ناھايىتى تېزلا «تاشقى پىلانىت»لىقلار نەزەرىيىسىمۇ ئامېرىكا ئالەم قاتناش ئىدارىسى تەرىپىدىن بۇزۇپ تاشلاندى، چۈنكى بارلىق ئالەم جەڭ كېمىلىرىگە قېپقىزىل بەش يۇلتۇزلۇق قىزىلبايراق مۆھۈرلەنگەن ئىدى!

قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئادەمسىز رايونلارغا چۈشكەن متروئىت پارچىلىرىدىن غەلىتە مەخلۇقلار ئۆملەپ چىقىشقا باشلىدى، ئۇلار يىراقلارغا قاراپ چىرىلداشقا باشلىدى.

## 24 ـ باب ئالۋاستى قىسىم

»ئالەم بوشلۇقىدىكى ئالەم جەڭ كېمىسىنى بىزنىڭ جۇڭگولۇقلار ياساپتۇ!» دېگەن خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدا قاتتىق زىلزىلە قوزغىدى، جۇڭگو دۆلەت رەئىسى لى شياڭمۇ قىسقىغىنە تېلېۋىزىيە نۇتقى ئېلان قىلىپ، ئالەم بوشلۇقىدىكى ئۈچ ئالەم كېمىسىنىڭ ھەقىقەتەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇ خەۋەر دۇنيا جامائەتچىلىكىنى تۇمەنلىگەن ئاتوم بومبىسى پارتلىغاندەك قاتتىق ھەيران قالدۇردى!

جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقمۇ يەنە نەچچە ئۈيقۇسز كېچىنى كۆتۈۋالدى، كىشىلەر كۆزلىرىدىن ياش ئېقىتقىنىچە تەنتەنە قىلىشاتتى!

ـ 2010يىلى 13 ـ ئىيۇن، بېيجىڭ پايتەخت ئايروپورتى بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى، دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەممە مۇخبىرلىرى دېگۇدەك بۇ يەرگە يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتاتتى، مەركەز ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىن زالى لىق توشقان ئىدى، يەنە نۇرغۇن مۇخبىرلار ئامالسىز يىغىن زالىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئۆتۈشىدىغان يوللاردىلا تۇرۇۋېلىشقان ئىدى. جۇڭگونىڭ باياناتچىسى يىغىن زالىغا كىرىش بىلەنلا، مەيداندىكى مۇخبىرلار ئۇنىڭ سۆزىنى كۈتمەيلا ئۇنىڭغا سوئاللارنى ياغدۇرىۋەتتى. فرانسىيە ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى سورىدى:

ــ ئالەم بوشلۇقىدىكى ئۈچ دانە ئالەم كېمىسى راستىنلا سىلەرنىڭ جۇڭگونىڭمۇ؟

ــ شۇنداق، ئالەم بوشلۇقىدىكى ئۈچ دانە ئالەم كېمىسى راستىنلا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ.

ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى گۇمانسىرىغان ھالدا سورىدى:

ــ ئەمما سىلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكاڭلار ئامېرىكىدىن جىق قالاق تۇرسا، سىلەرنىڭ بۇنداق ئالەم كېمىسى ياساپ چىقىشىڭلار مۇمكىن ئەمەسقۇ؟

ــ بىز سىلەر ئامېرىكىلىقلارغا ئوخشىمايمىز، يېڭى بىر نەرسە ياساپ چىقىپلا ئۇنى دۇنياغا داۋراڭ قىلمايمىز، بىز تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان نەرسىلەرنى سىلەر بارلىق گېزىت ـ ژۇرناللىرىڭلارغا بېسىپمۇ تۈگىتەلمەيسىلەر.

ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى گەپ قىلالماي قالدى، رۇسىيە ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى سورىدى:

ــ سىزدىن شۇنى سوراپ باقاي، جۇڭگونىڭ بۇ قېتىم مەخپىي ھالدا ئالەم قىسمىنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقى باشقا دۆلەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلەمدۇ قانداق؟

ــ سىلەر بىزدىن خاتىرجەم بولۇڭلار، بىزنىڭ ئالەم قىسمىنى ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈندۇر، ھەرگىزمۇ باشقا دۆلەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كەلمەيدۇ.

روسىيىنىڭ مۇخبىرى يەنە سورىدى:

ــ مەن يەنە سوراپ باقاي، سىلەرنىڭ جۇڭگو مۇنچىۋالا ئىلغار قوراللارغا ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا بۇلارنى ئۇرۇشتا ئىشلەتمىدىڭلار؟

ــ كۆپچىلىككە ئايان، بۇ قوراللارنىڭ كۈچى ھەقىقەتەنمۇ بەك زور، ئەگەر ئالەم كېمىسىدىكى قوراللارنى ئىشلىتىپ ھۇجۇم قىلساق، يەر شارىغا ناھايىتى زور بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىدۇ، بىزنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ.

روسيىنىڭ مۇخبىرى يەنە نېمىلەرنىدۇ سورىماقچى ئىدى، ئەمما ئەنگلىيە ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

ــ سوراپ باقاي، جۇڭگونىڭ بۇ ئۈچ دانە ئالەم كېمىسىدىن باشقا يەنە قانداق ئالەم قىسىملىرى بار؟ مەسىلەن: ئالەم پونكىتى، تاشقى پىلانىت بازىسى دېگەندەك.

بۇلار ئەسلىدە جۇڭگو پۈتۈنلەي قامال قىلغان خەۋەرلەر ئىدى، بىراق باياناتچى قىلچە يوشۇرمىغان هالدا ھەممىنى ئاشكارىلىۋەتتى:

ــ شۇنداق، پەقەت بۇ ئۈچ دانە ئالەم كېمىسىلا بار ئەمەس، بىز ئاللىقاچان ئاي شارىدا بازا قۇرۇپ بولدۇق، بازىنىڭ ۋەزىپىسى ئالەم كېمىلىرىنى توختىتىش ۋە تەمىنات تولۇقلاش. مارسنىڭ يېنىدىكى پىلانىتلار ئارا كېمە توختىتىش مەيدانىمۇ پۈتەي دەپ قالدى.

باياناتچىنىڭ سۆزى ئاخىرلىششى بىلەنلا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يوغان بىر ئېكران ئاستا ـ ئاستا چۈشۈرۈلدى. بۇ چاغدا يىغىن ئەھلى ئۆزىنى خۇددى فانتازىيىلىك كىنو كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىشىپ، ئېكرانغا مەجنۇنلارچە قېتىپ قاراپ قېلىشقان ئىدى! ئاي شارىدىكى ئالدىراش بازا، قۇرۇلۇۋاتقان پىلانىتلار ئارا ئۆتەڭگە توختىماستىن بويۇملارنى توشۇۋاتقان ئالەم كېمىلىرى! بارلىق مۇخبىرلار بۇنى بىردەم كۆرگەندىن كېيىن، دەرھال قوللىرىغا كامېرا(بۇ يەنىلا ئېنگلىزچە بولۇپ قالغۇدەك، يەنىلا سىنئالغۇ دەپ ئالسام بولغۇدەك)لىرىنى ئېلىپ، جېنىنىڭ بېرىچە بۇ كۆرۈنۈشلەرنى سىنغا ئېلىشقا باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن باياناتچى سۆزلىدى:

ــ ئالەم بولسا بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئورتاق بايلىقى، بىز ئالەم بوشلۇقىنى يالغۇز ئىگىلەشنى خالىمايمىز، بارلىق دۆلەتلەرنىڭ بىز بىلەن بىرلىكتە ئالەم بوشلۇقىنى ئېچىشنى خالايمىز! بىزنىڭ جۇڭگو ئالەم كېمىسى ياساشقا ۋە ھەرخىل ئالەم ئۈسكۈنىلىرىنى ياساشقا ئائىت بارلىق ماتېرىياللارنى چىقىرىپ، دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەرنىڭ بىز بىلەن بىرلىكتە ئىزدىنىپ ئالماشتۇرۇشنى خالايدۇ.

باياناتچىنىڭ بۇ سۆزى شۇ كۈنىلا دۇنيانىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە ئاڭلىتىلدى، پۈتكۈل دۇنيا تەۋرەپ كەتتى! بولۇپمۇ ئامېرىكا بەكرەك ھەيران بولدى، ئامېرىكا خېلىدىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئالەم قىسمىنى قۇرۇش خام خىيالىنى قىلىپ يۈرەتتى، بىراق ئۆزىنىڭ ئالەم قىسمىنى قۇرۇش ئىشى ئەمدىلا باشلانغان بولۇپ، باشقىلار ئاللىقاچان ئاي شارىغا ئۇچۇپ چىقىپ بازا قۇرۇپ بولغان ئىدى، ھازىرقى ئامېرىكىلىقلار ئۆز ھۆكۈمىتىنى تىلغا ئالسىلا بىر تالاي قورساق كۆپۈكىنى تۆكۈپ بېرەتتى. دۇنيادىكى بىر قىسىم جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر دەسلەپتە توختىماستىن ئېلخەت يوللاپ، دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنى جۇڭگونىڭ قۇياش كىرىستال ئېنېرگىيىسىنى ئىشلەتمەسلىكنى، جۇڭگونىڭ ئالەم قىسىملىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشى ئالەمنى يالغۇز ئىگىلەش ئىكەنلىكىنى، شۇڭا جۇڭگودىن قۇياش كىرىستال ئېنىرگىيىسىنى

ئىمپورت قىلىپ جۇڭگونىڭ قارا نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بەرمەسلىككە چاقىرغان ئىدى! ئەمما جۇڭگو دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەر بىلەن تېخنىكىدىن ئورتاق پايدىلىنىشنى جاكارلىغاندا، بۇنداق ئېلىخەتلەرمۇ ئۆزلىكىدىن يوقاپ كەتتى.

روسىيە ئاگېنتلىقى:

بۇ قېتىمقى جۇڭگونىڭ ئالەم قىسمىغا ئىگە بولغانلىق خەۋىرى بەك تۇيۇقسىز بولدى، قىزىل جۇڭگو دۇنيادىكى 1 ـ چوڭ دۆلەتكە پوتونلەي ئايلىنىپ بولدى، ئامېرىكا ئەمدى ھەرگىز ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ. بىزنىڭ روسىيە جۇڭگو بىلەن بولغان ئالەم تېخنىكىسى ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ جۇڭگونىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە يېتىشىۋېلىشى كېرەك.

گېرمانىيە ئاگېنتلىقى:

بىر يىلدىن بۇيان دۇنيادا شۇنچىۋالا كۆپ ئالەمنى مالەم قىلغۇدەك ئۆزگىرىشلەر بولدى، جۇڭگو! بىر يىل ئىلگىرى تېخى پوتونلەي قامال قىلىنغان دۆلەت ئىدى، بىر يىلدىن كېيىنكى جۇڭگو بولسا قامالنى پوتونلەي بۆسۈپ چىقىپ، دۇنيادىكى تۇنجى ئالەم قىسمىغا ئىگە دۆلەتكە ئايلاندى، چاۋشيەنمۇ جۇڭگوغا قوشۇلغاندىن كېيىن ئىقتىسادى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. ھالبۇكى بۇ بىر يىلدىن بۇيان ئامېرىكا بىلەن بولغان ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى ھەمكارلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيان خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى، ئۇلار بەس ـ بەستە ئامېرىكا بىلەن بولغان ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىشۋاتىدۇ. بۇ ھازىر ھۆكۈمىتىمىزنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتقان بىر مەسىلە بولۇپ قالدى.

ئامېرىكا ئاگېنتلىقى:

ئىنسانلارنىڭ ھازىر ئالەم قىسمىنى قۇرۇشى زۆرۈر ئەمەس، ئالەم قىسمى جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىنى ۋەيران قىلىدۇ، نەتىجىدە جۇڭگو پارچىلىنىپ كېتىدۇ.

فرانسىيە ئاگېنتلىقى:

جۇڭگو ھۆكۈمىتى يەنە بىر قېتىم چوڭ دۆلەتلەردە بولۇشقا تېگىشلىك سالاپىتىنى نامايەن قىلدى! پەن ـ تېخنىكىسىنى دۇنيا بىلەن ھەقسىز بەھرىلىنىشكە تەقدىم قىلىپلا قالماستىن، يەنە شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى نۇرغۇن خەلقنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق، ئامېرىكىنىڭ يەنىلا جۇڭگو بىلەن دۈشمەنلىشىشنى زادىلا چۈشەنگىلى بولمايدۇ، بۇنداق دۆلەت راستىنلا ئىلگىرىكى دۇنيانىڭ تېنچلىقىنى قوغدىغان دۆلەتمىدۇ؟

جۇڭگونىڭ نەتىجىلىرىنى دۇنيا بىلەن ئورتاق بەھرىلىنىشنى خالايدىغانلىقى دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان چوڭ دۆلەتلەرنى غىدىقلىدى، ئۇلار بەس ـ بەستە تېخنىكا گۇرۇپپىلىرىنى جۇڭگوغا ئەۋەتىشكە باشلىدى، ئۇلار ئالەم تېخنىكىسىدىن بىر كىشىلىك نېسىۋە ئېلىشقا ئالدىراپتتى. دۇنيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر بۇنىڭدىن گۇمانسىراشقا باشلىدى، بۇنداق

ئىلغار پەن ـ تېخنىكىنى نېمىشقا ئاممىغا ئېلان قىلىدۇ؟ بۇ راستىنلا جۇڭگو دېگەندەك بارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئالەمنى ئورتاق ئېچىش ئۈچۈنمىدۇ؟ ياكى جۇڭگونىڭ باشقا غەرىزى بارمىدۇ؟ بۇ پەرەزلەرنى روسىيە ئەلباشى گروزىننىمۇ ئويلاۋاتاتتى:« جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇ قېتىم ئالەم تېخنىكىسى جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشتا بىز روسىيە بىلەن بولغان ھەمكارلىققا بەكرەك ئەھمىيەت بەردى، بۇ قېتىم جۇڭگونىڭ رەئىسى ئۆزى جۇڭگوغا زىيارەتكە تەكلىپ قىلغاندا بۇنىڭ جاۋابى تېپىلارمۇ؟«

نەچچە سائەتتىن كېيىن، روسىيە ئەلباشى گروزىن جۇڭنەنخەيگە يېتىپ كەلدى، رەئىس لى شياڭ ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى جوۋ تيەنخۇا، ئازاتلىق ئارمىيە باش قوماندانى دېڭ جيەنگو، سىياسىي كېڭەش رەئىسى چېن رۈيجيې، جۇڭگونىڭ ئۈچ خىل ئارمىيە، ھوي، ياق! تۆت خىل ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىرىدىن لى شۇلياڭ، ۋاڭ خەيتيەن، تاڭ لوڭخەي، لىن خەييۈن، تەيۋەن ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى ۋاڭ تيېخېڭ ھەمدە جۇڭگونىڭ بىرقىسىم مۇھىم رەھبەرىي كادىرلىرى ئالدىقاچان ئۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇشقان ئىدى. گروزىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بۇنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى، «نېمىدېگەن ھەيۋەتلىك سورۇن بۇ؟ جۇڭگونىڭ رەئىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق مۇھىم ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە بار ئىكەن.»

لى رەئىس گروزىن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۈلۈپ تۇرۇپ سۆز باشلىدى:

ـــ سىزنى كۆرگىنىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن، ئەلباشى گروزىن جاناپلىرى.

گروزىنمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، خەنزۇ تىلىدا ئىنتايىن راۋان ھالدا جاۋاپ قايتۇردى:

ـــ ياخشىمۇسىز، رەئىس لى شياڭ!

لى رەئىس گروزىنغا مەيداندىكىلەرنى بىرمۇ ـ بىر تونۇشتۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـــ ئەلباشى گروزىن، مەن بۇ قېتىم تەكەللۇپ سۆزلىرىنى جىق قىلماي. مېنىڭ بۇ قېتىم سىزنى چاقىرىپ كېلىشىمنىڭ سەۋەبى ئىنتايىن جىددىي بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن.

ـــ نېمە ئىش بۇنچە جىددىي؟ ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمەيدىغاندۇ؟ـــ دەپ ئالدىراپ سورىدى گروزىن لى رەئىسنىڭ سۈرلۈك چىرايىغا قاراپ. لى رەئىس بىر خۇرسىنىپ قويۇپ جاۋاپ بەردى:

ـــ ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكەندىنمۇ مۇھىم.

جۇڭنەنخەيدىكى يىغىن زالىغا كىرگەندىن كېيىن، لى رەئىس گروزىنغا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

ـــ ئەلباشى گروزىن، سىز بۇ سىن لېنتىسىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ھەممىنى بىلىسىز،ـــ دېدى. سۆزى تۈگىشىگىلا ئۆي ئىچىدىكى چىراقلار غۇۋالىشىپ، ئېكراندا فىلىم قويۇلۇشقا باشلىدى، يۈزلىگەن غايەت زور ئالەم كېمىلىرى ئالەم بوشلۇقىدا ئۇچماقتا، سانسىزلىغان

شەكلى غەلىتە جەك ئۇچقۇلىرى ئالەم كېمىسىنى ئوراپ تۇراتتى. گروزىن كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە بىردەم كۆرگەندىن كېيىن سورىدى:

— بۇ سىلەر جۇڭگونىڭ قىسمىلىرىمۇ؟

لى رەئىس بېشىنى چايقاپ:

— بۇلار بىزنىڭ جۇڭگوغا تەۋە بولمايلا قالماستىن، ئەزەلدىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە تەۋە بولغانمۇ ئەمەس، — دەپ جاۋاپ بەردى. گروزىن تىتىرىگىنىچە يەنە نېمىلەرنىدۇ سورىماقچى بولۇپ تۇراتتى، لى رەئىس:

— سىز ئاۋال بۇ فىلىمنى كۆرۈپ بولۇپ ئاندىن سوراڭ، — دەپ ئۇنى توختىتىپ قويدى. بىردەمدىن كېيىن كۆرۈنۈش ئالەم كېمىسىنىڭ ئىچىگە يۆتكەلدى، «ئىنسانلار!» گروزىن ھەيرانلىقتىن توۋلىۋەتتى. فىلىمدە كۆرۈنگەن ئۇيان-بۇيان مېڭىپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەنمۇ يەرشارلىقلارغا ئوپمۇ-ئوخشاش ئىدى، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن جىددىيلەشكىنى چىقىپ تۇراتتى، خۇددى چوڭ بىر دۈشمەنگە يولۇققاندەك قىلاتتى. بىردەمدىن كېيىن ئالەم كېمىسى ئىچىدە تۇيۇقسىز قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك تىرىۋوگا ئاۋازى ئاڭلاندى، فىلىمدىكى بارلىق ئادەملەر بىردىنلا جىددىيلىشىپ ۋاقىراپ كېتىشتى، گەرچە ئۇلارنىڭ نېمە دېگىنىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما چوقۇم بىر چوڭ ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى، دەرۋەقە كۆرۈنۈش ئالەم كېمىسىنىڭ سىرتىغا يۆتكەلدى، سانسىزلىغان ياپپېشىل نۇر چاقناپ تۇرغان غايەت زور جىسىملار ئالەم كېمىسى تەرەپكە ئۇچۇپ كەلمەكتە ئىدى، ئالەم كېمىسىگە تەككەن نۇرلۇق جىسىملار ئاۋال قېنىق كۆك رەڭلىك نۇر دەستىسىنى چىقاردى، كېيىن تېخىمۇ كۆپ نۇرلۇق جىسىملار ئالەم كېمىسىگە تەككەندىن كېيىن، كۆك نۇر بارغانسېرى ئاجىزلاپ ئەڭ ئاخىرى نۇرلۇق جىسىم ئالەم كېمىسىگە تەككەندىن كېيىن كۈچلۈك پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

— ئۇلار يوشۇرۇن زەربىگە ئۇچرىدى، — دەپ چۈشەندۈردى لى رەئىس. نۇرغۇن «ئىنسان»لار پارتلاشتىن كېلىپ چىققان يوچۇقنىڭ ۋائوكومنىڭ سۈمۈرۈشى تەسىرىدىن ئالەم بوشلۇقىغا ئۇچۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى، ئۇن نەچچە ئالەم كېمىسى پۈتۈنلەي پارتلىغاندىن كېيىن، يېشىل رەڭلىك نۇرلۇق جىسىم توختىدى، قالغان ئالەم كېمىلىرىدىنمۇ بىردىن چىقىش ئېغىزى ئېچىلدى، سانسىزلىغان جەك ئۇچقۇلىرى كېمىدىن ئايرىلدى، بۇ كۆرۈنۈش بەكمۇ ھەيۋەتلىك ئىدى. بىراق تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش تېخى ئارقىدا ئىدى، توپ-توپ قارا بۇلۇتلار ئەتراپقا كېڭىيىپ كېلىشكە باشلىدى، قارا بۇلۇت يېقىنلاشقاندا گروزىن ھوشىدىن كېتەيلا دەپ قالغان ئىدى، بۇ قارا بۇلۇتلارنىڭ ھەممىسى نۇرغۇنلىغان غەلىتە نەرسىلەر بولۇپ، خۇددى فانتازىيىلىك فىلىملەردىلا كۆرۈنىدىغان غەلىتە مەخلۇقلارغا ئوخشايتتى. بارلىق ئالەم

كېمىلىرى زور مىقداردا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئاتتى، سانسىزلىغان لازېرلىق زەمبىرەكلەر جېنىنىڭ بېرىچە قارشىلىق كۆرسەتتى، ئالەم بوشلۇقىنىڭ ھەممە يېرىدە غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ پارچىلىنىپ كەتكەن جەسەتلىرى لەيلەپ يۈرەتتى، بىراق يامان يولۋاسمۇ بۆرە توپىغا تەڭ كېلەلمىگەندەك، غەلىتە مەخلۇقلار ئۆلۈمگە پەرۋا قىلماييوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى، ئالەم كېمىسىنىڭ ھەممە يېرىنى ئۇلار پۈركىگەن ياپ-يېشىل سۇيۇقلۇقلار قاپلىدى، بىردەمدىلا بىرونە ئېرىپ ئازراقمۇ ساق يېرى قالمىدى، ھېلىلا ئۇچۇپ چىققان جەڭ ئۇچقۇلىرىمۇ قارا بۇلۇپ ئارىسىدا كۆزدىن غايىپ بولۇشقا باشلىدى، نۇرغۇنلىغان سېمىز ئۇچار مەخلۇقلار بۇ غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ھېمايىسىدە ئالەم كېمىسىگە يېقىنلاشتى، قورسىقىدىن نۇرغۇن نەيچىلەرنى چىقىرىپ، ئالەم كېمىسىگە چاپلىدى، نەيچىلەردىن چىققان سۇيۇقلۇق ئالەم كېمىسىنىڭ بىرونىلىرى پۈتۈنلەي ئېرىتىشكە باشلىدى.

نۇرغۇنلىغان ياچۇەككە ئوخشايدىغان غەتە مەخلۇقلار ئالەم كېمىسىنىڭ ئىچىگە ئېتىلىپ كىردى، ئاز بولمىغان ئەسكەرلەر قوللىرىغا قورال ئېلىپ جېنىنىڭ بېرىچە قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى، غەلىتە مەخلۇقلار پۈتۈن بەدىنىدىن ياپيېشىل سۇيۇقلۇقلار ئاقىقىنچە يىقىلىپ ئۆلۈۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھۇجۇم سۈرئىتى ھېچ ئاستىلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇلار ئۆز ھەمراھلىرىنىڭ ئۆلۈكىگە دەسسىگىنىچە «ئىنسان»لارغا ھۇجۇم قىلاتتى، يېقىنلىشىپ بېرىپلا ئورغاقتا ئوخشاش بىلەكلىرىنى شىلتىدى، ئالدىدا تۇرغان ئەسكەر ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچىگە بۆلۈنۈپ، ئىچ-باغرى تېشىغا ئېتىلىپ چىقتى. يەنە بىر ئەسكەرمۇ بىر غەلىتە مەخلۇق تەرىپىدىن يەرگە بېسىۋېلىنغان بولۇپ، غەلىتە مەخلۇق ئورغاقتەك بىلەكلىرىنى ئېچىنىشلىق ۋاقىراۋاتقان ئەسكەرگە سانجىدى، سانسىزلىغان غەلىتە مەخلۇقلار كىشىلەر توپىغا قاراپ ئېتىلىپ كەتتى، كېسىلگەن پۇت-قوللار ھاۋا ئۇچۇشقا باشلىدى، ئېچىنىشلىق چىقىرىغان ئاۋازلار توختىماستىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى، ئېكراندا كۆرۈنۈۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسى غەلىتە ماخلۇقلارنىڭ ھەر قايسى ئالەم كېمىلىرىدە «ئىنسان»لار قوغلاپ ئۆلتۈرىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر ئىدى! گروزىن بۇ چاغدا زادىلا بولالمىدى، ھەدەپ قەي قىلىپ ياندۇرۇشقا باشلىدى. بۇ مەيدان قىرغىنچىلىق ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئىكراندا بىر ئالەم خەرىتىسى كۆرۈندى، ئاشۇ غەلىتە مەخلۇقلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان قىزىل سىزىق يەنە بىر پىلانىتىغا قاراپ يۆتكەلدى، كۆرۈنۈش چوڭايتىلغاندىن كېيىن، بۇ كۆك رەڭلىك پىلانىتىنىڭ يەر شارى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

## 25 ـ باب ئۆلۈم ۋەھىمىسى

ئېكراندا بۇ ئالۋاستى قىسىملىرىنىڭ كېيىنكى نىشانى يەر شارى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، گىروزىن بوشاشقىنىدىن ئورۇندۇقتا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى، رەئىس لى شياڭمۇ گىروزىننىڭ مۇشۇنداق بولىدىغىنىنى ئالدىن پەملىگەچكە، ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىچە گىروزىننى ساقلىدى. بىر دەمدىن كېيىن گىروزىن ئەسلىگە كەلدى، پۈتۈن بەدىنى چىپ ـ چىپ تەرلىگەن ھالدا جالاقلاپ تىترەپ تۇرۇپ سورىدى:

ــ بۇ نېمە ئىش؟ ئەجەبا بۇلارنىڭ ھەممىسى راستما؟

لى رەئىس بېشىنى لىڭشىتتى:

ــ شۇنداق، ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە! ئەلباشى گىروزىن، مەن بۇ ئۇچۇرنى تاپشۇرىۋالغان ۋاقتىتمۇ ھەقىقەتەن ئىشەنمىگەن ئىدىم.

ــ سىلەر بۇ ئۇچۇرغا قانداق ئېرىشتىڭلار؟ــ ھەيران بولۇپ سورىدى گىروزىن.

ــ ئەمەلىيەتتە مەنمۇ ئېنىق ئۇقمايمەن، بۇ ماتېرىياللار بار ئوپتىك دىسكا (نۇر دىسكا دېسەكمۇ ۋاپىق بولارمىكىن) ئىككى كۈن ئاۋۋال خەلق سارىيىنىڭ يىغىن زالىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالدى، خۇددى ئۇ يەردىن تۇيۇقسىز ئۈنۈپ چىققاندەكلا،ــ دېدى لى رەئىس. گىروزىن ھۆكۈردى:

ــ سىلەر جۇڭگولۇقلار زادى قانچىلىك ئىشنى يوشۇردۇڭلار؟

لى رەئىس ئىلاجىسىز ھالدا سۆز باشلىدى:

ــ ئەمدى بۇ چاغقا كەلگەندە، بوپتۇ، مەن سىزگە ھەممىنى ئېيتىپ بېرەي.

لى رەئىس گىروزىنغا جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىن ئالەم كېمىسىنى قېزىپ چىققانلىقىنى ھەمدە ماشىنا ئادەملەر توپىلىڭى ۋە توپىلاڭدا تاشقى پىلانىتلىقلارنىڭ جۇڭگوغا ياردەم بەرگەنلىكى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ كېلىپ، نەق مەيدانغا بىر ماشىنا ئادەمنى چاقىرتىپ كەلدى. گەرچە گىروزىنغا غەزەپلەنگەن ئەجدىھا پىلانىنى سۆزلەپ بەرمىگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ چاغدا گىروزىن ئاللىقاچان ھۇشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قالاي دېگەن ئىدى.

گىروزىن بۇلارنى ئاڭلاپ ئىچىدە بىرنېمىلەرنى غودۇرىۋەتكەندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ سورىدى:

ــ بىز ھازىر قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ ئۇلار بىلەن ئاخىرىغىچە قانلىق جەڭ قىلىمىزمۇ؟

لى رەئىس ئۇھ تارتىپ قويۇپ، بېشىنى چايقىغىنىچە:

ــ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئابايىقى كۆرۈنۈشلەردىكى تاشقى پىلانىتلىقلارنىڭ

تېخنكىسى بىزدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرۇپمۇ ئۇلارنى يېڭەلمىگەن تۇرسا، بىز بۇ غەلىتە مەخلۇقلار بىلەن قاتتىق تىركەشسەك، بۇ ئۆزىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنگە ئوخشاش! ــ دېدى. گروزىن ئاھ ئۇرغان ھالدا يەنە سورىدى:

ــ ئەجەبا، بىز پەقەت بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئۆلۈممىزنىڭ كۈتىمىزمۇ؟

لى رەئىس يىغلىغىنىچە دېدى:

ــ ياق! تاشقى پىلانتلىقلار بىزگە كۆرسەتمە بەردى.

ئۇ بۇ ۋاقىتتا بىر ۋاراقچىنى ئېلىپ كۆرسەتتى، ۋاراقچىدا سىياھ قەلەم بىلەن «تېز قېچىڭلار، قانچە يىراق بولسا شۇنچە ياخشى» دەپ يېزىلغان ئىدى. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ بۇ ۋاراقچە نۇر دىسكىغا باسۇرۇلۇقكەن، تاشقى پىلانتلىقلار بىزگە ياردەم بېرىپ بىزگە يول كۆرسەتتى، ئۇلار بىزنى يەرشارىنى تاشلاپ ئالەمنىڭ ئىچىگە قېچىشقا دەۋەت قىلدى.

گروزىن بۇنى ئاڭلاپ كۆز چاناقلىرى قىزىرىپ كەتتى، ئۇ توختىماستىن بېشىنى چايقىغىنىچە سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ ياق! ياق! يەر شارى بىز ئىنسانلارنىڭ ماكانى، بىز ھەرگىز ئۇنى تاشلاپ كەتمەيمىز، بىزنىڭ روسىيىلىكلەر ئۆلۈپ كېتىشكە رازىكى ھەرگىز قېچىپ كەتمەيدۇ، ئۆلسەكمۇ ئۇلارنى ئېچىنىشلىق بەدەل تۆلىتىپ ئۆلىمىز، قاچىدىغان ئىش بولسا سىلەر قېچىڭلار.

ــ سىلەر بىز جۇڭگولۇقلارنى 5000 يىلدىن بۇيان بىزنى بېقىپ ئۆستۈرگەن بۇ تۇپراقنى تاشلاپ كېتىدۇ دەمسىلەر؟ مەنمۇ قىيالمايمەن! مېنىڭچە بولسىمۇ بۇنداق جان ساقلىغاندىن جەڭ قىلىپ ئۆلگەن ياخشىراق! بىراق بىزنىڭ خەلقىمىز گۇناھسىز ـ دە! ئەجەبا، سىز ئۆز خەلقىڭىزنىڭ بۇ غەلىتە مەخلۇقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشنى كۆرۈشنى خالايدىغان ئوخشىمامسىز؟ــ دېدى لى رەئىس ياشلىرىنى ئېقىتقىنىچە. گروزىن گەپ قىلالماي قالدى، لى رەئىس ئۆزىنى بىردەم تېنچلاندۇرىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. بىز ئىنسانلارنىڭ 6 مىلياردتىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ھەممىنى ھېكىندۈرگۈدەك ئۇنچىۋالا كۆپ ئالەم كېمىمىز يوق، بارلىق ئىنسانلار ھازىردىن باشلاپ بىر دەقىقىمۇ توختىماي خىزمەت قىلغان تەقدىردىمۇ ئۈلگۈرەلمەيمىز!

جوۋ تيەنخۇا بۇ چاغدا سۈرلۈك قىياپەتتە سۆز قىستۇردى:

ــ بىز بىر قىسىم جئۇڭگولۇقلارنىڭ يەرشارىدىن قېچىشنى قارار قىلدۇق، بىز قالغانلارنى باشلاپ بارلىق كۈچىمىز بىلەن بۇ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرىمىز، ئەگەر يېڭەلىسەك بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئىش بولمايدۇ، يېڭىلىپ قالغان تەقدىردىمۇ بىز يەرشارىقلارنىڭ ئالەمدىكى قانداشلىقنى ساقلاپ قالالايمىز.

گروزىن بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:

ــ ماڭا ئۇيلىنىشقا بىرئاز ۋاقىت بەرسەڭلەر بولامدۇ؟ مەن روسىيىلىك باشقا ئەمەلدارلارنىڭمۇ پىكرىنى ئاڭلاپ باقمىسام بولمايدۇ،ــ دېدى.

ــ ئەلۋەتتە، سىز دۆلىتىڭىزگە قايتقاندا بۇلارنىمۇ ئېلىۋېلىڭ، بۇ بىر نەچچە كۆپەيتىلگەن نۇر دىسكىسىدا بۇ غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تۈرى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان، بۇلار كېيىن سىزگە ئەسقاتىدۇ. مەيلى قېچىش ياكى جەڭ قىلىشىڭلاردىن قەتئىينەزەر بۇ مەخپىيەتلىكنى چوقۇم ياخشى ساقلاڭ، بىز دۇنياغا پاراكەندىچىلىك ئېلىپ كېلىشنى خالىمايمىز،ــ دېدى لى رەئىس. گروزىن لى رەئىس سۇنغان نۇر دىسكىلارنى ئېلىپ يىغلىغىنىچە دېدى:

ــ رەھمەت! لى رەئىس، مەن بىز روسىيىلىكلەرگە ۋاكالىتەن سىلەرگە رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمەن!

ـ 2010يىلى 29 ـ ئىيۇن، روسىيە ئەلباشى گروزىن جىددىي يىغىن ئاچماقتا، ئەلباشى گروزىن نۇر دىسكىنى قويۇپ بارلىق سەۋەپلەرنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، پۈتكۈل مەجلىس ئەھلى سۇغا چۆشكەن تاشتەك جىمىپ كېتىشتى، ھەممىسى باشلىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە بىرنېمىلەرنى ئويلايتتى، بىردەمدىن كېيىن گروزىن سورىدى:

ــ كۆپچىلىك، بىز ھازىر قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ قېچىش كېرەكمۇ ياكى قەپ قېلىپ داۋاملىق جەڭ قىلىش كېرەكمۇ؟

يىغىن مەيدانى قايناپ كەتتى، بەزىلەر روسىيىنىڭ زور مىقداردا يادرو بومبىلىرى بار تۇرسا، قەپ قېلىپ تاشقى پىلانىتلىق غەلىتە مەخلۇقلار بىلەن تىغمۇ ـ تىغ ئېلىشىش كېرەك دەپ قارايتتى، يەنە بەزىلەر بۇ پۈتۈنلەي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان بىلەن ئوخشاش، يەڭگەن تەقدىردىمۇ يەرشارىدا مۇشۇ ئۇرۇش سەۋەپلىك بىر تال گىياھمۇ ئۈنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ دەپ قارايتتى. بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەزىلەر رەددىيە بېرىپ:

ــ ۋەيران بولغان يەرشارىنى ئېلىشقا رازىمىزكى، ھەرگىزمۇ تاشقى پىلانىتلىق غەلىتە مەخلۇقلارغا بېجىرىم تۇرغان يەرشارىنى بەرمەيمىز،ــ دېيىشتى.

يىغىن ئەھلى بىر ـ بىرىگە گەپ بەرمەي تالىشىۋاتقان پەيتتە، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى سېرگىيف ياش تۆككىنىچە:

ــ ئەلباشى ئەپەندى، مېنىڭ قارىشىمچە بىز پەقەت جۇڭگولۇقلارنىڭ ئامالىنى قوللانساق بولىدىغان ئوخشايدۇ. بارلىق كۈچىمىز بىلەن ئالەم كېمىسى ياساپ، بىر تۈركۈم روسىيىلىكلەرنى ئالەمگە ماڭدۇرۇشىمىز لازىم، مەن بۇ يەردە قېلىپ بۇ غەلىتە مەخلۇقلار بىلەن ئاداققىچە جەڭ قىلىشنى خالايمەن!ــ دېدى. بۇنى ئاڭلاپ گروزىن بېشىنى لىڭشىتقىنىچە دېدى:

ــ شۇنداق، مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، گەرچە ئانچە خالاپ كەتمىسەممۇ، ئەمما مۇشۇنداق قىلماي باشقا چارە يوق. كۆپچىلىك، كىمنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ئامالى بار؟
كۆپچىلىك جىمىپ قېلىشتى، گروزىن ئۇلارغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
ــ ياخشى! ئۇنداقتا مۇشۇنداق بېكىتتۇق. بۈگۈنكى يىغىننى ئەڭ يۇقىرى مەخپىيەتلىك قىلىپ بېكىتتۇق. ك گ ب بۇ ئىشنى مۇتلەق مەخپىي تۇتسۇن! مەن ئالەم كېمىسى ياساشقا مەبلەغ ئاجرىتىمەن.
جۇڭگو روسىيىنىڭ ئەۋەتكەن ئۇچۇرىنى تاپشۇرىۋالغاندىن كېيىن، بىر تۈركۈم ئالىملىرىنى ئەۋەتىپ روسىيىنىڭ ئالەم كېمىسى ياسىشىغا ياردەم بەردى ھەمدە روسىيىنىڭ قۇياش كرىستال ئېنېرگىيىسىنى ئىمپورت قىلىش باھاسىنى تۆۋەنلىتىپ بەردى. ئامېرىكا گەرچە ئاغزىدا جۇڭگونىڭ ئالەم كېمىسى قۇرۇلۇشىغا قارشى تۇرسىمۇ، ئەمما ئاستىرتتىن ئالەم كېمىسى ياساشقا كىرىشتى، جۇڭگومۇ خەلقئاراغا ئالەم كېمىسگە ئىشلىتىلىدىغان قۇياش كرىستال ئېنېرگىيىسىنىڭ باھاسىنى تۆۋەنلەتكەنلىكىنى جاكارلىدى، بىراق بۇنداق تۆۋەن باھادىن پەقەت ئالەم كېمىسى ياسايدىغان دۆلەتلەرلا بەھرىلىنەلەيتتى. ئىش ئاشكارىلىنىپ بولغاچقا، جۇڭگونىڭ ئاي شارى بازىسى يەر ئاستىدا قۇرۇلۇش قىلىشتىن يەر ئۈستىدە قۇرۇلۇش قىلىشقا ئۆزگەردى، ئاساسلىق ھەر خىل پىلانىتلار ئارا زەمبىرەك مۇنارى ياسايدىغان بولۇپ، كېيىنكى جەڭ ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتاتتى، گەرچە جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر مۇشۇنى بانا قىلىپ خېلى قۇتراتقۇلۇق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بارلىق دۆلەتلەر ئالەمنى ئېچىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە بۇنىڭدىن ئەنسىرەيدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ قويۇشۇپلا باشقا بىرنېمە دېمىدى، ھەر قايسى دۆلەت باشلىقلىرىغا ئالەم بوشلۇقىنى كىم كونترول قىلالىسا يەرشارىنىمۇ شۇ كونترول قىلىدىغانلىقى ئايان ئىدى.
قۇياش سىستېمىسىنىڭ سىرتىدا زېگېرنىڭ قىسىملىرى ئاللىقاچان تەييارلىنىپ بولۇشقان ئىدى، بىراق ئۇلار ھۇجۇمغا ئالدىرىماي خۇددى بىر نېمىگە تەييارلىق قىلىۋاتقاندەك جىمجىت ئولتۇرۇپ، بۇ پىلانىتنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزىتىۋاتاتتى.
ـ 2010يىلى 24 ـ ئاۋغۇست، يەرشارى ئافرىقىدىكى چوڭ يايلاق، تۆت دانە جىپ ماشىنا تېز سۈرئەتتە ماڭماقتا. بىر يۈزدە ئۇزۇن تارتۇق بار بىر ئەر تاپانچىسىنى سۈرتكىنىچە سۆزلىمەكتە:
ــ پەخەس بولايلى، يېقىندىن بۇيان چارلىغۇچىلار كۆپىيىپ قالدى.
ــ بىلدۇق خوجايىن، مۇشۇنداق بولغاچقىلا پىل چىشىنى شۇنچە قىممەت ساتقىلى بولىدۇ، ئەمەسمۇ!ــ دېدى پاينەكباش بىرى.

ــ ھا...ھا...ھا...!ــ ماشىنىدىكىلەر كۈلۈشۈپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن ماشىنىلار بىر كۆلچەكنىڭ يېنىدا توختاشتى، كۆلچەك بويىدا بىر توپ پىل ئارام ئالغاچ يۇيۇنۇۋاتاتتى، ئۇلار ئەزرائىلنىڭ يېنىغىلا كېلىپ قالغىنىنى تېخى بىلىشمىگەن ئىدى. تارتۇق يوغان بىر پىلنى نىشانلىغاندىن كېيىن يېنىدىكىلەرگە دېدى:

ــ ئاۋۇ چوڭىنى نىشانلاپ توختىماستىن ئېتىڭلار، بىلدىڭلارمۇ؟

ــ بىلدۇق، خوجايىن!ــ دېيىشتى باشقىلار. نەچچە پاي ئوق ئاۋازىدىن كېيىن، ھۈركۈپ كەتكەن پىل توپى تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ تاراپ كېتىشتى. پايىنەكباش بىر نەچچە ئادەمنى باشلاپ يەردە يىقىلىپ ياتقان يوغان بىر پىلنىڭ ئالدىغا كېلىپ، توك ھەرىسى بىلەن پىلنىڭ چىشىنى ھەرىدەشكە باشلىدى، تارتۇق بۇ كۆرۈپ:

ــ ھىم، بۇگۈنكى ئولجىمىز يامان ئەمەس، بولدى، بۇرادەرلەر پىل چىشىنى قاچىلاڭلار، بىز ماڭايلى،ــ دېدى. ماشىنىلار مېڭىشتى، يەردە بىر نەچچە پىلنىڭ ئۆلۈكى سۇنايلىنىپ ياتاتتى، قىپقىزىل قان ھەممە يەرنى بويىغانىدى.

كەچتە تارتۇق چېدىردا ئولتۇرغىنىچە ئاشۇ پىل چىشلىرىنىڭ قانچە پۇلغا يارايدىغانلىقىنى ھېسابلاۋاتاتتى، باشقىلارمۇ خۇشال ھالدا ھاراق ئىچىشىپ پۇلنى ئالغاندىن كېيىن قانداق خەجلەيدىغانلىقلىرىنى دېيىشىۋاتاتتى. تەبىرىكلەش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، بىر نەچچەيلەننى كېچىلىك كۆزەتكە قويۇپ، قالغانلار ماشىنا ۋە چېدىرلاردا شېرىن ئۇيقۇغا كېتىشتى. يېرىم كېچىدە بىرەيلەن تاماكا چەككەچ يېنىدىكى يەنە بىرسى بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى، ئىككىيلەن تازا قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقاندا، بىرى تۇيۇقسىز گەپ قىلماي كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئۇدۇلدىكىسىنىڭ كەينىگە قاراپ قېتىپ قالدى.

ــ ھەي، سەن نېمە بولدۇڭ؟ــ ھەمراھى گەپ قىلمىغاندىن كېيىن، ئۆرۈلۈپ كەينىگە قاراپ، غايەت زور بىر قارا كۆلەڭگىنى كۆردى، ئارقىدىنلا بارگاھتىن ئىنتايىن ئېچىنىشلىق چىقىرىغان ئاۋاز ۋە تاپانچا ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە بىر توپ چارلىغۇچىلار بارگاھقا يېتىپ كېلىشتى، بىر چارلىغۇچى كۆڭلى ئاينىپ قۇسقان ھالدا:

ــ بۇ مۇشۇنىڭ بىلەن 8 ـ قېتىملىقى،ــ دېدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى بارگاھتا پارچىلىنىپ كەتكەن جەسەتلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئىدى، ھەممەي يەردىن گۆپۈلدەپ سېسىق قان ھىدى دىماققا ئۇرۇلاتتى. يەنە بىرى بېشىنى لىڭشىتقان ھالدا:

ــ شۇنداق! ھەر قېتىم مۇشۇنداق، بىر ئادەممۇ تىرىك قالمايدۇ. يەردىكى مۇنچۇۋالا كۆپ قورال ۋە مىشەكلەر ھەم ئۇلارنىڭ پۇرۇشكەن چىرايىغا قارىغاندا، ئۇلار چوقۇم ناھايىتى قورقۇنچلۇق نەرسىگە ئۇچراپ قالغان،ــ دېدى. شۇ ئەسنادا، ئەترەت باشلىقىدەك بىرى

مېڭىپ كېلىپ دېدى:

ــ ئىككىڭلار نېمىگە ساراڭدەك ھاڭۋېقىپ تۇرىسلەر، دەرھال كېلىپ ياردەملەشمەمسىلەر!

ئىككىسى يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشقا تۇتۇندى، بىرى سورىدى:

ــ باشلىق، ئۇلارنى قانداق ھايۋان ھۇجۇم قىلىپ ئۆلتۈرگەندۇ؟

ئەترەت باشلىقى بېشىنى چايقىغىنىچە:

ــ تېخىچە بىلگىلى بولمايۋاتىدۇ. ئالدىنقى بىر قانچە قېتىملىقىغا ئوخشاشلا، بۇ قېتىممۇ ھايۋان چىشلەپ ئۆلتۈرگەندەك قىلمايدۇ، ئۆتكۈر قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەندەك قىلىدۇ!ــ دېدى. ئۇ سۆزلىگەچ بېشىنى كۆتۈرۈپ يىراقلارغا قارىغىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ يايلاققا چوقۇم ئالۋاستى كەلدى.

ئىككى چارلىغۇچى بۇنى ئاڭلاپ پۈتۈن بەدىنى سوغۇق تەرلەپ تىترەپ كەتتى!

## 26 ـ باب ئەڭ ئاخىرقى پارات

جۇڭگو بىلەن رۇسىيىنىڭ ھەمكارلىقى باشلانغاندىن كېيىن، يەر شارى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر مەزگىللىك تېنچ ۋاقىتلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى، 2010 ـ يىلى 1 ـ ئۆكتەبىر، جۇڭگو 61 ياشلىق تۇغۇلغان كۈنىنى كۈتۈۋالدى. «جۇڭگونىڭ رەئىسى لى شياڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدا داغدۇغىلىق پارات ئۆتكۈزمەكچى، جۇڭگونىڭ يېڭىدىن ياسالغان ئالتە دانە ئالەم كېمىسىمۇ بۇ قېتىمقى پاراتتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ،» دېگەن بۇ خەۋەر دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ بۇ قېتىمقى پاراتقا بولغان دىققىتىنى تارتتى. 1 ـ ئۆكتەبىر سەھەردە تيەنئەنمېن مەيدانىغا كىشىلەر لىق تولغان ئىدى، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر تۈنۈگۈن ئاخشامدىن باشلاپلا بۇ يەردە تۈنەپ مەيدانىدا ساقلاپ تۇرۇشقان ئىدى. سائەت 9 دا، دۆلەت بايرىقى مۇھاپىزەت ئەترىتى جەڭچىلىرى رەتلىك ھالدا جىنشۈي كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، ھەيۋەتلىك دۆلەت گىمنى ساداسى ئىچىدە تەنتەنىلىك ھالدا بەشيۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى چىقاردى، دۆلەت بايرىقى چىقىرىلىۋاتقان شۇ پەيتتە، نۇرغۇن كىشى ئىختىيارسىز ھالدا قولىنى كۆتۈرۈپ، دۆلەت بايرىقىغا سالام بەردى. بايراق چىقىرىش مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، لى رەئىس تيەنئەنمېن راۋىقىدا تۇرۇپ، گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆز باشلىدى:

ــ بۈگۈن بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز ئۆزىنىڭ 61 ياشلىق تۇغۇلغان كۈنىنى كۈتۈۋالدى، بۇ

61 يىل جەريانىدا پارتىيىمىزنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە، بىز تەيۋەن، رىيوكيۇ تاقىم ئارالىرىنى قايتۇرىۋالدۇق، كوممۇنىزىمنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا دۆلىتىمىز دۇنيادىكى بىرىنچى ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى. بۇ 61 يىلدا بىز قەتئىي باش ئەگمەستىن ئاخىرى قەد كۆتەردۇق، دۇنيادىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ بىزگە بولغان قاتمۇ-قات قامىلىنى بۆسۈپ تاشلاپلا قالماستىن، يەنە دۇنيادىكى تۇنجى ئالەم قىسمىنى قۇرۇپ چىقتۇق. كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، ئىنسانلار ھامان ئالەم بوشلۇقىغا قاراپ كېڭىيدۇ! بىزنىڭ ئالەم قىسملىرىمىز ھەر بىر جۇڭگولۇقنى ئېلىپ ئالەمنىڭ ئىچكىرىسىگە ئېلىپ بارىدۇ، بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاياق ئىزى ئالەمنىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە يېتىپ بارىدۇ. مەن سۆزۈمنى بىر ئېغىز گەپكە يىغىنچاقلىسام: بىزنىڭ جۇڭگوغا چېقىلىشقا پېتىنغانلارنى يوقاتماي قويمايمىز!! مەن ھازىر پاراتتىن ئۆتۈش مۇراسىمىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى جاكارلايمەن. جىجىت تيەنئەنمېن مەيدانى بىردىنلا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرىغا چۆمۈلدى، لى رەئىسنىڭ كۆڭلىگە بۇ قېتىمقى پاراتنىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئەڭ ئاخىرقى پارات ئىكەنلىكى ئايان ئىدى.

بۈگۈنكى پارات يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان ئۆتكۈزۈلگەن 6-قېتىملىق پارات ئىدى، پاراتقا قاتناشقان قىسىملاردىن قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ۋە ئالەم قىسىملىرىدىن بولۇپ تۆت خىل ئارمىيە قاتناشقان ئىدى، شۇنداقلا قوراللىق ساقچى، خەلق ئەسكەرلىرى، زاپاس قىسىملاردىن بولۇپ 40مىڭ ئوفېتسىر-ئەسكەر، 3000 برونېۋىك، تانكا ھەمدە ھەر خىل زەمبىرەك، باشقۇرۇلىدىغان بومبا ماشىنىلىرى، 32 پىيادە ئەسكەرلەر چاسا ئەترىتى، 26 ماشىنا چاسا ئەترىتى ئاللىقاچان چاڭئەن كوچىسىدا تەق بولۇپ تۇراتتى، ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرىمۇ شىمالىي جۇڭگو ۋە شەرقىي شىمال ئايروپورتلىرىدا تەق بولۇشقان ئىدى، يېڭىدىن ياسالغان 6 دانە ئالەم كېمىسىمۇ ھەر ۋاقىت مەيدانغا قونۇشقا تەييارلىنىپ بولغان ئىدى. بۇ قېتىمقى پاراتنىڭ كۆلىمى جەھەتتە ئىلگىرىكى ھەر قانداق بىر قېتىمقىدىنمۇ چوڭ ئىدى. ھەيۋەتلىك پىدائىيلار مارشى ساداسى ئىچىدە، قۇرۇقلۇق ئارمىيە قىسىملىرى رەتلىك قەدەم تاشلاپ تيەنئەنمېنگە كىرىپ كەلدى، غايەت زور «قارام ئەجدىھا» تانكىسى قاتتىق ئاۋاز چىقىرىپ ھەيۋەت بىلەن ئۆتۈشكە باشلىدى. مەيداندىكى ئاممىنىڭ قىزغىنلىقى ئەڭ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن پەيتتە، قارا سايە پۈتكۈل مەيداننى قاپلىدى، 6 دانە ئالەم كېمىسى ئاستا-ئاستا ھاۋادىن تۆۋەنلەشكە باشلىدى-دە، ئاستا-ئاستا تيەنئەنمېن مەيدانىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى، غايەت زور گەۋدىسىدىكى بەشيۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق، ئاسماننى توسۇۋالغۇدەك يوغان گەۋدىسى! بۇ ۋاقىتتا جۇڭگو ھاۋا ئارمىيىسى قىسىملىرىمۇ ئىككى قۇرغا بۆلۈنۈپ، ئالەم كېمىسىنىڭ ئوڭ-سول ئىككى تەرىپىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈشكە باشلىدى، باياتىن بېرى قىزغىن

ئالقىش سادالىرى ياڭراۋاتقان مەيدان جىمىپ قالدى، ھەممەيلەن ھەيرانلىق بىلەن بۇ كىشى كۆڭلىنى لەرزىگە سالىدىغان كۆرۈنۈشلەرنى كۆرمەكتە ئىدى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ھاياجان ياشلىرى ئېقىشقا باشلىدى، ئالەم كېمىلىرى مەيدان ئوتتۇرىسىغا كەلگەندىن كېيىن، ئاستى تەرەپتىكى ئىشىكنى ئاچتى! «كېڭەيگۈچى» ناملىق برونە ئۇچقۇلار ئىشىكتىن ئۇچۇپ چىقىشىپ، ئالەم كېمىسىنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئۇچۇشقا باشلىدى. جەڭ ئۇچقۇلىرى ۋە برونىلارنىڭ چۆرىدەپ ئۇچۇشى تەسىرىدە ئالەم كېمىسى تەڭداشسىز قۇدرەتلىك كۆرۈنەتتى، مەيدان بىردەم جىمىپ كەتكەندىن كېيىن، جاھاننى تىترەتكۈدەك گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى، شەپكە، ئاياق، كىيىملەر توختىماستىن ھاۋاغا ئېتىلىشقا باشلىدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى، ياق پۈتۈن دۇنيادىكى بۇ پاراتنى كۆرۈۋاتقان بارلىق كىشىلەرنىڭ قەلبى قاتتىق زىلزىلىگە كەلدى!

جۇڭگولۇقلار تېخى تەنتەنە خۇشاللىقىدىكى ۋاقىتتا، ئامېرىكا ئەكسىچە جىمىپ كەتكەن ئىدى. ئامېرىكا ئەلباشى فۇبۇس بىر ئاۋېئاماتكا ئەترىتىنىڭ تۇيۇقسىز جىمجىتلا ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ، خۇددى يەرشارىدىن پارغا ئايلىنىپ كەتكەندەك يوقاپ كەتكەن ئىدى. گەرچە پۈتۈن كۈچ بىلەن بۇ خەۋەرنى قامال قىلغان بولسىمۇ، ئەمما تارقىلىپ كەتسە، ئۆزىمۇ سابىق ئەلباشىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ قالاتتى. مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تېنت بۇ ۋاقىتتا كىرىپ كەلدى، فۇبۇس ئالدىراش سورىدى:

— تېنت ئەپەندى، خەۋەر بارمۇ؟

— كەچۈرۈڭ، ئەلباشى ئەپەندى، بىز ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشەلمىدۇق! ۋەقە چىققان دېڭىز تەۋەلىكنى بىز ئون نەچچە قېتىم ئىزدىدۇق، ئەمما بىرەر تال سۆڭەك پارچىسىمۇ ئۇچرىمىدى، — دېدى تېنت بېشىنى چايقىغىنىچە.

فۇبۇس بۇ چاغدا كۆزلىرى قىزارغانچە كىرىسلودا ئولتۇرۇپ، تورۇسقا قاراپ بىچارىلەرچە قالدى! «بۇ دۇنياغا زادى نېمە بولغاندۇ؟» فۇبۇس كۆڭلىدە ئويلايتتى: «2008 - يىلىدىن باشلاپ جۇڭگو تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ كەتتى! قاتمۇ - قات قامال قىلىنغان بىر دۆلەتتىن قىسقىغىنە 2 يىل ئىچىدە بۈگۈنكى دۇنيادىكى بىرىنچى چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى، ھالبۇكى ئامېرىكا بولسا ئىلگىرىكى بىرىنچى چوڭ دۆلەتتىن ئاجىزلاشقا باشلىدى، كىچىك بۇش ئامېرىكىنى ئۆزگە تاشلاپ بەرگەندىن كېيىن كونسېرى ھالى خاراپلىششقا باشلىدى، ئاۋال متروئىت يەرشارىغا سوقۇلماقچى بولغاندا جۇڭگو قۇتقۇزۇۋالدى، ئارقىدىنلا جۇڭگونىڭ ئالەم قوشۇنى پەيدا بولدى، ئەمدىلىكتە ئۆزلىرىنىڭ ئاۋېئاماتكا ئەترىتى تۇيۇقسىز غەلىتىلا يوقاپ كەتتى! ئەڭ ئاخىرىدا ئامېرىكا زادى قانداق بولار؟«

يوقاپ كەتكەن ئاۋېئاماتكا ئەترىتى بولسا ئامېرىكا 7 - تېنچ ئوكيان كېمە ئەترىتىنىڭ

ئاۋىئاماتكىسى بولۇپ، 2010 ـ يىلى 27 ـ سېنتەبىر يوقاپ كەتكەن ئىدى. ئەسلىدە تېنچ ئوكياندىن قايتىپ كېلىۋاتقان ئاۋىئاماتكا ئەترىتى تۇيۇقسىز ئۆزلىرىنىڭ نامەلۇم جىسىم تەرىپىدىن ھوجۇمغا ئۇچرىغانلىقىنى دوكلات قىلغاندىن كېيىن، ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى! ھازىرغىچە تېخى ھېچقانداق ئىز ـ دېرىكى يوق ئىدى، ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقى ئالاقە سىگنالى تارقاتقان ئورۇنغا ئاساسەن، شۇ دېڭىز تەۋەلىكى ئۇن نەچچە قېتىم ئىزدەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ھېچنېمە تېپىلمىغان ئىدى، بىر يوغان ئاۋىئاماتكا ئەترىتىنىڭ بىرەر تال پارچىسىمۇ تېپىلمىغانلىقى ئۈچۈن، خۇددى دۇنيادىن تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. فۇبۇس ئەمەلىيەتتە باشقا بىر قانچە دۆلەت دېڭىز ئارمىيە قىسىملىرىنىڭمۇ ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولغىنىنى بىلمەيتتى، ئۇ دۆلەتلەر ئاشكارىلىنىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، بارلىق خەۋەرلەرنى قامال قىلغان ئىدى. بەلكىم دېڭىز تېگىگە يوشۇرۇنۇۋالغان زېگېرنىڭ قىسىملىرىلا نېمىشقىلىقىنى بىلىشى مۇمكىن ئىدى، ئەگەر بىرەرسى 7000مېتىردىن چوڭقۇر دېڭىز تەكتىگە چۆككەن بولسا، قورققىنىدىن ئىشتىنىغا چىقىرىۋەتكەن بولاتتى! بۇ يەردە ئەسلىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەر پۈتۈنلەي يوقىلىپ، سانسىزلىغان غەلىتە قۇرۇلۇشلار قەد كۆتۈرگەن ئىدى، ھەممە يەرنى خىلمۇ ـ خىل غەلىتە مەخلۇقلار قاپلىغان ئىدى! بۇ يەر خۇددى كېمىلەرنىڭ قەبرىگاھىغا ئايلانغان ئىدى، سانسىزلىغان يەنچىۋېتىلگەن پاراخوتلار دېڭىز تېگىدە ياتاتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەتتا ئامېرىكا 7 ـ تېنچ ئوكيان كېمە ئەترىتىنىڭ ئاۋىئاماتكىسىمۇ بار ئىدى، سانسىزلىغان غەلىتە جانلىقلار بىر خىل يېشىل يېپىشقاق سۇيۇقلۇق چىقىرىپ، دېڭىز تەكتىنى چىرىتىۋاتاتتى! تېخىمۇ كۆپ جانلىقلار بۇ ۋاقىتتا سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىشقا باشلىدى، 2010 ـ يىلى 3 ـ ئۆكتەبىر، ئامېرىكىنىڭ «لېكسىتون» ناملىق ئاۋىئاماتكا ئەترىتى ئادەتتىكىگە ئوخشاش ياپون دېڭىزى ئەتراپىدا چارلاۋاتاتتى، كېمىدە بەزىلەر ئۆزئارا قىززىق پاراڭلىشىۋاتاتتى، نۇرغۇنلىرى بۇ قېتىمقى جۇڭگونىڭ پاراتتىن ئۆتۈش مۇراسىمى توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتاتتى! پەقەت گېنېرال پولكوۋنىك دراكىسلا يالغۇز ئەنسىرەپ ئولتۇراتتى، ئۆزىنىڭ كونا دوستى لېيتېنانت گېنېرال رۇيىسنىڭ ئاۋىئاماتكا ئەترىتى تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەنلىكى ئۇ گېنرال پولكوۋنىك بولۇش سالاھىيىتى بىلگەن ئىدى، دراكىس ئۆز ئاۋىئاماتكا ئەترىتىنىڭ ئىلگىرى بەلكىم جۇڭگولۇقلارغا نىسبەتەن قورقۇنچلۇق چۈش بولغان بولسا، ھازىر ھېچنېمە ئەمەس ئىدى! ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كاپىتان بۆلمىسىدىكى خۇشال كۈلكىلەر تۇيۇقسىز ھەيرانلىق تەرىپىدىن ئۈزۈۋېتىلدى، «گېنرال، كېلىپ بۇنى كۆرۈپ بېقىڭە!» دېدى بىر رادار خادىمى ھەيران بولغان ھالدا توۋلاپ. دراكىس دەرھال قوماندانلىق ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى، راداردا ئۆزىنىڭ ئاۋىئاماتكىسىنىڭ سانسىزلىغان نۇر توچكىلىرى تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىنغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بۇ نۇر توچكىلىرى سۇ ئاستىدا نامەلۇم

بىر جىسىمنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك سۈرئەتتە ئۆزلىرىگە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى، دراكس رادارغا قاراپ بىرەر مىنۇت بولا-بولمايلا رادار تۇيۇقسىز ئۆچۈپ قالدى، جەڭ كېمىسىدىكى بارلىق ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ھەممىسى رولىنى يوقاتقان ئىدى! ئاۋېئاماتكىدىكى ئادەملەر ئالاقزادە بولۇشقا باشلىدى، دراكس تەجرىبىسىگە ئاساسەن تاپىلاشقا باشلىدى:

— بارلىق جەڭ كېمىلىرى كەينىگە قايرىلىپ پورت تەرەپكە قاراپ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقسۇن، ئۇچقۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇچسۇن، تورپېدا بىلەن بىر يول ئېچىلسۇن.

دراكس رۇيسىنىڭ ئاۋېئاماتكا ئەترىتىنىڭ مۇشۇ نەرسىلەر تەرىپىدىن يوقىتىۋېتىلگەنلىكىنى بىلدى، گەرچە بۇ نەرسىلەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كېلىشى ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى. تورپېدالار دېڭىزدا ئالدىغا قاراپ ئۈزۈپ كېتىشتى، پارتلىغان سۇ گۈللىرى ھاۋاغا چاچرىدى، لېكىن رادارلار رولىنى يوقاتقانلىق سەۋەپلىك نەتىجىسىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، ئۇچۇپ كەتكەن ئۇچقۇلار ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇچقۇنىڭ رادارلىرىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكلىرىنى دوكلات قىلىشتى، رادارىدىن غايەت زور بىر جىسىمنىڭ تېز سۈرئەتتە ئاۋېئاماتكا ئەترىتىگە قاراپ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. دوكلات دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، جىمجىت دېڭىز يۈزىدە تۇيۇقسىز دولقۇن كۆتۈرۈلدى، غايەت زور بىر قارا كۆلەڭگىنىڭ ياندىكى بىر چارلىغۇچى كېمىگە قاراپ ئۈزۈپ كەتكەنلىكىنى كۆز بىلەنمۇ كۆرگىلى بولاتتى! سۈرئىتى تېز چارلىغۇچى كېمىمۇ ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىدى، غايەت زور ئاۋازدىن كېيىن، چارلىغۇچى كېمە «لېكسىتون» ناملىق ئاۋېئاماتكىدىكىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە بولۇپ سۇنۇپ چۆكۈشكە باشلىدى، دراكس ھەقىقەتەنمۇ نۇرغۇن جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرگەن سەركەردە بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى، تۇنجى بولۇپ ھەيرانلىقتىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ۋاقىراشقا باشلىدى:

— ئۇ يەردە ھاڭۋېقىپ تۇرىۋەرمەڭلار، دەرھال سۇغا چۈشۈپ كەتكەن جەڭچىلەرنى قۇتقۇزۇڭلار!

بىراق بۇ بۇيرۇق ئىجرا قىلىنمىدى، «لېكسىتون» ناملىق ئاۋېئاماتكىدىكىلەر سۇغا چۈشۈپ كەتكەن جەڭچىلەرنىڭ سۇغا چۆكۈپ كەتكەندىن كېيىن، بىرىنىڭمۇ لەيلەپ چىقمىغىنىنى كۆرۈشكەن ئىدى، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ جەڭچىلىرى سۇ ئۈزۈشنى بىلمەسمۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس! سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بارلىق ئەسكەرلەر خۇددى سۇ ئاستىدا بىرى ئۇلارنى پەسكە تارتىۋاتقاندەك چۆكۈپ كېتىپ باراتتى، بىر دەمدىن كېيىن سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىققان قانلار دېڭىز سۈيىنى قىپقىزىل بويىۋەتتى. دراكس بۇ چاغدا ھاڭۋېقىپ قالدى، غايەت زور قارا كۆلەڭگە كېمە ئەترىتى ئوتتۇرىسىدا ئۇيان-بۇيان ئۈزۈپ يۈرەتتى، ھەر بىر غايەت زور ئاۋاز

بىر جەڭ كېمىسىنىڭ دېڭىز ئاستىغا چۆكۈپ كەتكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى، توربېدالار قويۇپ بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئازراقمۇ رولى بولماىۋاتاتتى، قارا كۆلەڭگىنىڭ ھەرىكىتى بەك چاققان بولغاچقا، توربېدالار ئۇنىڭغا تەگمەيۋاتاتتى، دىراكس قارا كۆلەڭگىنىڭ ئۆز كېمە ئەترىتىدە خالىغانچە قىرغىن قىلىشىغا ئامالسىز قاراپ تۇراتتى، تۇيۇقسىز بىر ئۇچقۇ ئاتقان توربېدا قارا كۆلەڭگىگە تەگدى، ياق، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ يېنىدا پارتلىدى، قارا كۆلەڭگە يارىلانغاندەك بولۇپ سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ لەيلەپ چىقىشى «لېكستون» ناملىق ئاۋىئاماتكا ئەترىتىدىكى جەڭچىلەرنىڭ جەڭ ئىرادىسىنى پۈتۈنلەي بەرباد قىلدى، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىر تال غەلىتە شەكىلدىكى كىت ئىدى، ياق، بۇنى كىت دېيىشكە بولمايتتى، ئۇنىڭ دۈمبىسىدە بىر تال ئۆتكۈر دۈمبە پالاقچىسى ئۆسكەن بولۇپ، خۇددى بىر دانە ئۆتكۈر قىلىچقا ئوخشايتتى، دەل مۇشۇ ئۆتكۈر دۈمبە پالاقچىسى جەڭ كېمىلىرىنى قاپ بەلدىن ئىككى پارچە قىلىپ بۆلۈۋەتكەن ئىدى، ئىككى تال قىپقىزىل كۆزلىرى غەزەپ ـ نەپرەتكە تولغان ھالدا «لېكستون» ناملىق كېمىدىكى جەڭچىلەرگە تىكىلدى، بۇ چاغدا كېمىدىكى بارلىق جەڭچىلەر سوغۇق تىترەپ كەتتى. غەلىتە بېلىق سۇغا باشچىلاپ شۇڭغىغاندىن كېيىن، نۇرغۇن جەڭچىلەر يىغلاشقا باشلىدى، جەڭچىلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى پۈتۈنلەي تۈگەشكەن ئىدى! «ۋايجان!» ئېچىنىشلىق چىقىرىغان ئاۋاز ئالاقزادىلىككە چۆمگەن جەڭچىلەرنىڭ نەزىرىنى پالوبىغا ئاغدۇردى، ئۇ يەردە قاچانلاردىدۇ پەيدا بولغان نۇرغۇنلىغان غەلىتە مەخلۇقلار تۇرۇشاتتى، نۇرغۇنلىغان غەلىتە مەخلۇقلار شورىغۇچ تەخسىگە ئوخشايدىغان قوللىرىنى كېمە گەۋدىسىگە چاپلاپ يامىشىپ چىقىشقا باشلىدى. دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ M ـ 16 مىلتىقى سايراشقا باشلىدى، گەرچە ئەڭ ئالدىدا ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان غەلىتە مەخلۇقلار تۈركۈملەپ يىقىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما تېخىمۇ كۆپ غەلىتە مەخلۇقلار توختىماستىن يامىشىپ چىقىشىۋاتاتتى، «لېكستون» ناملىق كېمىگە يىراقتىن قارىغاندا بىر توپ قارا رەڭلىك جىسىملار تەرىپىدىن ئورىۋېلىنغان ئىدى. خۇددى ئۆلمەيدىغاندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان غەلىتە مەخلۇقلار يۈزلىگەن M ـ 16 مىلتىقتىن چىقىۋاتقان ئوت ئۇچقۇنلىرىغا پەرۋا قىلماستىن ئەسكەرلەرگە كېلىشىۋاتاتتى، يېقىنلىغانسېرى M ـ 16 مۇ كار قىلمايۋاتاتتى، ئادەملەر بىلەن بۇ غەلىتە مەخلۇقلار يەكمۇ ـ يەك ئېلىشسۇنمۇ؟ پەقەت ئەخمەقلەرلا مۇشۇنداق قىلىشى مۇمكىن، نۇرغۇنلىغان ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى ئەسكەرلىرى قوللىرىدىكى قوراللىرىنى تاشلاپ كېمە بۆلمىسىگە قاراپ قېچىشقا باشلىدى، بىر قىسىم ئوفېتسىر ـ ئەسكەرلەر بارلىق ئەسكەرلەرنىڭ تولۇق چېكىنىپ كېلىشىنى كۈتمەيلا قېلىن تۆمۈر ئىشىكنى تاقاشقا باشلىدى، ئىشىك سىرتىدىكى ئەسكەرلەر تۆمۈر ئىشىكنى ئەسەبىيلەرچە ئۇراتتى، ئىچىدىكىلەرنى قاغايتتى، بىر دەملىك ئېچىنىشلىق

چىقىرىغان ئاۋازلاردىن كېيىن، پەقەت ئىشىككە توختىماي ئۇرۇلۇۋاتقان ئاۋازلا قالدى!
ــ بۇ ئىشىك ئۇلارنى ئۇزاق توسۇپ تۇرالمايدۇ!ــــ دېدى بىر ئەسكەر ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا.
نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەر پىلىموتلارنى تىكلەپ، ئوت ئېچىشقا تەييارلىنىپ بولۇشقان ئىدى، تۆمۈر ئىشىكنىڭمۇ سوقۇلغان ئاۋازغا ئەگىشىپ بارغانسېرى شەكلى ئۆزگىرىۋاتاتتى. دراكىس ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئۇھ تارتىپ قويدى، ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار قوراللار بىلەن قوراللانغان دەپ ماختىنىدىغان دېڭىز ئارمىيىسى بۇ سوغۇق قوراللارغا تايىنىدىغان غەلىتە مەخلۇقلار تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇۋاتقان ئىدى. ئۇچقۇلار بۇ چاغدا يەنە خەۋەر ئەۋەتتى:
ــ تېخىمۇ كۆپ نامەلۇم جىسىملار دېڭىز يۈزى ۋە ھاۋادىن بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ.
دراكىس پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەندى، قارىغاندا ئۇ ناھايىتى تېزلا ئۆزىنىڭ كونا دوستى بىلەن كۆرۈشكۈدەك! خۇدانىڭ دەرگاھىدا كۆرۈشەيلى!

## 27 ـ باب چېكىنىش

ئامېرىكا «لېكسىتون» ناملىق ئاۋىئاماتكا ئەترىتى غەلىتە مەخلۇقنىڭ خالىغانچە قىرغىن قىلىشىغا ئۇچراۋاتقاندا، ئۇچقۇلاردىكى رادارىدا تېخىمۇ كۆپ نامەلۇم جىسىملارنىڭ بۇ ياققا قاراپ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى، دراكىسنىڭ ئۈمىد يىپى پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى! ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇلار بىرەر سائەتمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتى، ئەگەر يەنە بىرمۇنچىسى كەلسە قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلىشى نامەلۇم ئىدى، ئامېرىكا ئەڭ بەك پەخىرلىنىدىغان ھاۋا ئارمىيىسى بۇ يەردە ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇرالمايۋاتاتتى، ئاستىدا تۇرۇۋاتقىنى ئۆزلىرىنىڭ كېمە ئەترىتى، بىرەر تال بومبا تاشلىسا، ئۆز ئادىمى زىيانغا ئۇچرايتتى، جەڭ ئۇچقۇلىرىمۇ ئامالسىز تۆۋەن بوشلۇقتا ئۇچۇپ، پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتۇپ ھۇجۇم قىلدى. جەڭ ئۇچقۇلىرىنىڭ لېۋۇتچىكلىرى خۇشال ھالدا ئۇ غەلىتە مەخلۇقلارغا يېقىن ئارىلىقتىن قاتتىق ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا، يەنە بىر تۈركۈم يېڭى غەلىتە مەخلۇقلار پالوبىغا يامىشىپ چىقىپ بولغان ئىدى، ئۇلارنىڭ يېرىلغان قاسراقلىرى ئارىلىقىدىن ئېتىلىپ چىققان يېشىل رەڭلىك سۇيۇقلۇقلار جەڭ ئۇچقۇلىرىغا چاچرىدى. بۇ يېشىل سۇيۇقلۇقلار ئۇچقۇ برونىسىگە چاپلىشىپلا، ئۇنى ئېرىتىشكە باشلىدى، بىر لېۋۇتچىك ئۆز ئۇچقۇسىنىڭ سول قانىتىنىڭ ئاستا ـ ئاستا چىرىپ بىر تۆشۈك ئېچىلىپ قالغانلىقىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، دەرھال ۋاقىرىدى:

— ئۆلگۈر، كۆپچىلىك بۇ نەرسىدىن ئېھتىيات قىلىڭلار، ئۇنىڭ كىسلاتالىق خۇسۇسىيىتى باركەن.

ئۇنىڭ سۆزى ئاياقلاشماي تۇرۇپلا تېخىمۇ كۆپ سۇيۇقلۇق ئۇنىڭ ئۇچقۇسىغا چېچىلدى، ئۇچقۇلاردىن ئىس پۇرقىرىغىنىچە بىر ـ بىرلەپ دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىشكە باشلىدى.

غەلىتە مەخلۇقلارنى توسۇپ تۇرۇۋاتقان تۆمۈرئىشىكمۇ سۇيۇقلۇقنىڭ تەسىرىدە ئاستا ـ ئاستا ئېرىشكە باشلىدى، بۇ «لېكىستون» ناملىق ئاۋىئاماتكىدىكى ئوفېتسىر ـ ئەسكەرلەرگە خۇددى دوزاقنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ كېتىپ بارغاندەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى، سانسىزلىغان غەلىتە مەخلۇقلار قىستىلىشقىنىچە كېمە بۆلمىسىگە ئېتىلىپ كىرىشتى، M ـ 16 نىڭ كونا كېسىلى تۇتۇشقا باشلىدى، مىلتىق قىزىغانسېرى توختىماستىن مىشەك قىسىلىپ قالاتتى، بىراق ئالدىراش ئېتىشىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ قورال ـ ياراق سودىگەرلىرىنى تىللىغۇدەك چولىسى يوق ئىدى، تار كېمە بۆلمىسىدە ئوت پۈركۈگۈچ ئۆز رولىنى ناھايىتى ياخشى جارىي قىلدۇردى، بىراق بەزىبىر قورقۇپ ئېسىنى يوقاتقان ئەسكەرلەر قالايمىقان ئوت پۈركۈشكە باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ نۇرغۇن سەپداشلىرى غەلىتە مەخلۇقلار بىلەن تۇتۇشماي تۇرۇپلا ئۆز ھەمرىيى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈلۈپ ئۆلۈپ كېتىشتى. ئۇچقۇلاردىكى لىيۇتچىكلەر ھاۋادا تۇرۇپ، ئۆز كېمە ئەترىتىنىڭ غەلىتە مەخلۇقلار تەرىپىدىن ئاستا ـ ئاستا يالماپ قۇرۇتۇلۇپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرگىنىدە يىغلاي دېسىمۇ كۆزلىرىدە ياش قالمىغان ئىدى. ئۆزلىرى تەلىي ئوڭدىن كېلىپ بۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ قالغىنى بىلەن يېقىلغۇ بازىغا ئۇچۇپ قايتىشقا يەتمەيتتى. بۇ ۋاقىتتا بىر باشقۇرۇلىدىغان بومبا «لېكىستون» ناملىق ئاۋىئاماتكا ئەترىتىنىڭ ئۈستىدە پارتلىدى، باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا پارتلاتقۇچ دورا قاچىلانغان بولماستىن، ئەكسىچە بىر خىل كۆك رەڭلىك گاز قاچىلانغان ئىدى. بىراق بۇ ئىس ـ تۈتەكلەر «لېكىستون» ناملىق ئاۋىئاماتكا ئەترىتىنىڭ ئۈستىنى قاپلىغاندىن كېيىن، ئەترەتنىڭ رادار سىستېمىسى ئەسلىگە كەلدى، دراكىس ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كىچىككىنە ئۈمىد نۇرىنى كۆردى! چۈنكى رادار سىستېمىسى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، يېڭىدىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقان نامەلۇم جىسىملارنىڭ جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ بىرلەشمە جەڭ ئەترىتى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى، جۇڭگونىڭ «تۈز9» قوراللىق تىك ئۇچرى بىلەن روسىيىنىڭ K ـ 50 ئۇچقۇسى ئەڭ ئالدىدا ئۇچۇپ كەلگەن ئىدى! ئىككى دۆلەت تېخنىكا ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، جۇڭگو تاشقى پىلانىتلىقلارنىڭ تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان بىرىكمە تاختا ۋە ماتور ئىككى دۆلەتنىڭ ئۇچقۇلىرىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ياخشىلىغان ئىدى، جۇڭگونىڭ «دېڭىز ئەجدىھاسى» ئاۋىئاماتكىسىغا ئۇچقۇ قويۇلغان بولماستىن، «دوزاق ئوتى» ئۆزى يۈرەر زەمبىرەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى، غەلىتە مەخلۇقلار بۇنى كۆرۈش بىلەن يېرىمىدىن كۆپرەكى جۇڭگو ـ روسىيە بىرلەشمە كېمە ئەترىتىگە

قاراپ ئۆزۈپ كېتىشتى! «دوزاق ئوتى» ئۆزى يۈرەر زەمبىرەك دەرھال ئالدى تەرەپكە قارىتىپ شىددەت بىلەن ئوق ئېتىشقا باشلىدى، پۈتكۈل دېڭىز يۈزى ئوت يالقۇنى بىلەن قاپلاندى، غەلىتە مەخلۇقلار ئامالسىز ھەممىسى سۇ ئاستىغا چۆكۈشكە باشلىدى. «لېكىستون» ناملىق ئاۋېئاماتكىنىڭمۇ يۈكى خېلىلا يېنىكلەپ قالدى، ئىلغار بولغان ھەرىكەتچانلىق ۋە قوغدىنىشچانلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان جۇڭگو ـ روسىيە تىك ئۇچارلىرى پالوبىدىكى خېلى كۆپ غەلىتە مەخلۇقلارنى يوقاتتى، قاپقارا كېيىنگەن بىر توپ ئەسكەرلەر ئۇچقۇلاردىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئېشىپ قالغان غەلىتە مەخلۇقلارنى يوقىتىشقا باشلىدى. دراكىس ھەيرانلىق ئىچىدە جۇڭگو كېمە ئەترىتى ئەۋەتكەن ئۇچۇنى تاپشۇرىۋالدى:

ـــ گېنېرال دراكىس، مەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شىماليي دېڭىز فىلوتىنىڭ قوماندانى ياۋۋېن بولىمەن، ھازىر سىزگە ياردەمگە كەلدىم، سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار قانداق؟

دراكىس ھاياجانلانغان ھالدا:

ـــ مەن «لېكىستون» ناملىق ئاۋېئاماتكا ئەترىتىنىڭ قوماندانى دراكىس گېنېرال بولىمەن، بىز ھازىر 3 ـ نومۇرلۇق كېمە بۆلمىسىگە قامىلىپ قالدۇق! ئەتراپىمىزدىكى غەلىتە مەخلۇقلار بەك كۆپكەن، بىز بەرداشلىق بېرەلمەي قالدۇق!ـــ دېدى.

ـــ سىلەر يەنە بىرئاز بەرداشلىق بېرىپ تۇرۇڭلار، بىزنىڭ قىسىملىرىمىز ھازىرلا سىلەرنى قۇتقۇزىدۇ ،ـــ دېدى ياۋۋېن. ئۆلۈمدىن قۇتۇلغان دراكىس تاراملاپ ياش تۆككىنىچە:

ـــ بىز بىلدۇق، بىز چوقۇم بىرئاز چىداپ تۇرىمىز، سىلەرگە رەھمەت،ـــ دېدى. دوكلات تاماملانغاندىن كېيىن، ياۋۋان يېنىدىكى رادار خادىمىدىن سورىدى:

ـــ ئەھۋال قانداقراق؟

ـــ قىسىملىرىمىز «لېكىستون»نىڭ پالوبىسىغا چۈشۈپ بولدى، روسىيە تەرەپ بارلىق كۈچى بىلەن غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ھۇجۇمىنى توساۋاتىدۇ، ئەمما ئۇلار ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ!

ـــ ۋەن شيوگفېيغا ئېيتىپ قوي، چاققانراق بولسۇن، ماشىنا ئادەملەر قىسمىنىڭ ھىمايىسىدە ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ چىقىپ چېكىنسۇن!

بۇ چاغدا «لېكىستون»دىكى جۇڭگو ئالەم قىسمىنىڭ ئەسكەرلىرى بارلىق كۈچى بىلەن ھەرىدەك ئولىشىپ كېلىۋاتقان غەلىتە مەخلۇقلار بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى! ۋەن شيوگفېي بىر غەلىتە مەخلۇقنىڭ كاللىسىنى ئېتىپ پارتلىتىۋەتكەندىن كېيىن ۋاقىرىدى:

ـــ ئا ئەترەت بىزنى قوغداپ تۇرۇڭلار، ب ئەترەت مەن بىلەن كېمە بۆلمىسىگە كىرىڭلار.

ـــ خوپ! باشلىق!

بىر نەچچە پاي زەمبىرەك ئېتىلغاندىن كېيىن، ۋەن شيوگفېي ب ئەترەتنى باشلاپ كېمە

بۆلمسگە ئېتىلىپ كىردى! كىمە بۆلمىسىدىكى مەنزىرە بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى، قىپ ـ قىزىل قان بىلەن ياپ ـ يېشىل سۇيۇقلۇقلار ئارىلىشىپ بەش سانتىمېتىردىن ئارتۇق دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئىدى، پارچىلىنىپ كەتكەن جەسەتلەر قىپ ـ قىزىل قان ئىچىدە دۆۋىلىشىپ يېتىپ، بۇ يەرنى بەئەينى دوزاخقىلا ئوخشىتىپ قويغان ئىدى. بۇ چاغدا بۆلمە ئىچىدىكى بىرمۇنچە غەلىتە مەخلۇقلار ۋەنشيوگفېيلارنىڭ كىرگىنى كۆرۈپ ئۇلارغا ئېتىلدى، «ئۇلارنى بوغۇزلىۋېتىڭلار!» ۋەن شيوگفېي غەزەپ بىلەن ۋاقىرىدى. بىر دەملىك ئوت يالقۇنى لەپىلدىگەندىن كېيىن، يەر يۈزىدە يەنە بىرمۇنچە جەسەتلەر كۆپەيدى، ۋەن شيوگفېي ماگاي دەپ تۇرۇشقا دەلدۈگىنىپ كەتتى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ پەسكە قارىدى، يېرىمى قالغان غەلىتە مەخلۇق ئۇنىڭ سول پاچىقىغا ئېسىلىۋالغان ئىدى، ۋەن شيوگفېي دەرھال قورالىنى ئېلىپ ئۇنىڭ كاللىسىدىن تۆشۈك ئاچتى. 3 ـ نومۇرلۇق كىمە بۆلمىسگە قامىلىپ قالغان ئامېرىكا ئەسكەرلىرىمۇ غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ھۇجۇمىنىڭ ئاجىزلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى، بىردەمدىن كېيىن غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى، ئامېرىكا ئەسكەرلىرى بۇ چاغدا ھايات قېلىش ئۈستىكىدە قايتۇرما ھۇجۇمنى كۈچەيتتى، بىر دەمدىن كېيىن خۇددى ئىلمىي فانتازىيىلىك كىنولاردىلا كۆرگىلى بولىدىغان ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى، ۋەن شيوگفېي تېخىچە ئېسىگە كېلىپ بولالمىغان ئامېرىكا ئەسكەرلىرىگە قاراپ ئېنگلىز تىلىدا سۆزلىدى:

ــ ئەنسىرىمەڭلار، بىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالاھىدە قىسمى، ھازىر سىلەر قۇتۇلدۇڭلار.

ــ ياشىسۇن! خۇدا ساقلىدى!

ئامېرىكا ئەسكەرلىرى بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن خۇشال تەنتەنە قىلىشقا باشلىدى. ۋەن شيوگفېي بۇلارغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

ــ كىم گېنىرال دراكس بولىدۇ؟ ــ دەپ سورىدى. بېلىكىنى داكا بىلەن ئورىۋالغان، كىيىملىرى رەتسىز بىر ھەربىي ئالدىغا چىقتى:

ــ مانا مەن گېنىرال دراكس بولىمەن.

ۋەن شيوگفېي 60 ياشتىن ھالقىغان بۇ گېنىرالغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

ــ ياخشىمۇسىز، مەن جۇڭگو ئالاھىدە قىسمىنىڭ ئەترەت باشلىقى ۋەن شيوگفېي، دراكس گېنىرال، ھازىر ئەھۋال جىددى، سىلەر دەرھال ئەسلى ئورنۇڭلارغا قايتىپ كېمىنى ھەيدەڭلار، بىز سىلەرگە ياردەملىشىپ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىمىز!ــ دېدى .

ــ بىلدىم، سىلەرگە رەھمەت سۆزىنى بىردەم تۇرۇپ ئېيتاي. يارىلانمىغانلار دەرھال ئۆز ئورنۇڭلارغا قايتىپ، ئاۋېئاماتكىنى ھەرىكەتلەندۈرۈڭلار، بىر قىسىمىڭلار قېلىپ ياردارلاردىن

ـﻪۋەر ئېلىڭلار،ــ دېدى دراكىس بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن. ۋەن شيوگفېي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ كۆپچىلىك دەرھال تارقىلىپ ئۇلارنى قوغداڭلار، تېزراق ھەرىكەتلىنىڭلار.

ــ خوپ،ــ ئەسكەرلەر بىردەك جاۋاپ بېرىشتى. ۋەن شيوگفېي چاقىرغۇغا قاراپ سۆزلىدى:

ــ مەن ۋەن شيوگفېي، گېنىرال دراكىسنى تاپتىم، ئا ئەترەت سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار قانداق؟ ئا ئەترەت! ئا ئەترەت!

چاقىرغۇدىن سادا كەلمىگەندىن كېيىن، ۋەن شيوگفېي تىللىۋەتتى:

ــ ئاناڭـــنـــى! خۇمـــسى!

چاقىرغۇنىڭ دولقۇننى تەڭشىگەندىن كېيىن ئۇ يەنە سۆزلىدى:

ــ ياۋۋېن، ئا ئەترەت قۇربان بوپتۇ، بىز ياردەمگە مۇھتاج، بىر ئەترەت ماشىنا ئادەم ئەۋەتىڭلار!

ــ كەچۈر بۇرادەر، مەنمۇ بەك قىينىلىۋاتىمەن، ئەڭ كۆپ بولغاندا ئالتىسنى بېرەلەيمەن،ــ دېدى ياۋۋېن .

ــ بولىدۇ، بولىدۇ! تېزراق!ــ دېدى ۋەن شيوگفېي ئالدىرىغان ھالدا.

»لېكستون»نىڭ پالۇبىسىدىكى غەلىتە مەخلۇقلار ۋاقتىلىق تەلتۆكۈس يوقىتىلغاندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلا قايتا يەنە غەلىتە مەخلۇقلار قاپلاپ كەتتى، بۇنى كۆرۈپ ياۋۋېن مۇنداق دېدى:

ــ روسىيە كېمە ئەترىتى بىزنى قوغداپ بەرسۇن، «دوزاق ئوتى» ئۆزى يۈرەر زەمبىرەك بىلەن پالوبىنى ئوققا تۇتسۇن.

روسىيە كېمە ئەترىتىنىڭ قوماندانى براگ ۋېشىنسكى ياۋۋېننىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرىۋالغاندىن كېيىن:

ــ بارلىق كېمىلەر يۆنىلىشىنى بۇراپ، جۇڭگو كېمە ئەترىتىنى قورشىسۇن، تورپېدا بىلەن يول ئېچىڭلار،ــ دېدى. بۇ چاغدا بىر ئەسكەر يۈگۈرۈپ كېلىپ دېدى:

ــ قوماندان، ئاۋۇ غەلىتە مەخلۇقلار بەك كۆپكەن، بىز ئۇزۇن بەرداشلىق بېرەلمەيمىز.

براگ ۋېشىنسكى خۇرسىنىپ تۇرۇپ:

ــ بىلىمەن، كۆپچىلىككە دېگىن، بىر ئاز چىداپ تۇرسۇن،ــ دېدى. ئەمەلىيەتتە بۇ براگ ۋېشىنسكىنىڭ تۇنجى قېتىم بۇنداق جەڭگە قاتنىششى ئىدى، گەرچە يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى رەقىبىنى بىلگەن بولسىمۇ، بىراق سىن ماتېرىياللىرىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئەمەلىيەتتىكىسى كۆپ قورقۇنچلۇق ئىدى. «دوزاق ئوتى» ئۆزى يۈرەر زەمبىرەك ھۇشقۇيتۇپ تۇرۇپ «لېكستون»نىڭ ئۇچۇش پالوبىسىنى ئوققا تۇتتى، كۈچلۈك ئوت يالقۇنى ئىچىدە

نۇرغۇنلىغان غەلىتە مەخلۇقلار كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى، تېخىمۇ كۆپى دەرھال دېڭىزغا سەكرەپ چۈشۈۋالدى، جۇڭگو ماشىنا ئادەم قىسمى ئىتتىرگۈچى راكىتادىن پايدىلىنىپ پالوبىغا قوندى، ئوت يالقۇنىدىن ئامان قالغان غەلىتە مەخلۇقلار دەرھال ئۇلارغا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى، ئۇلار چاچقان سۇيۇقلۇقلار ماشىنا ئادەملەرنىڭ بىرونىلىرىگە ئانچە كار قىلمىدى، غەلىتە مەخلۇقلار يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىشتا ئۆزلىرىنىڭ توغما ئۇچلۇق تىكەن ۋە ئۆتكۈر بارماقلىرىغا تايىناتتى، بىراق بۇلار ماشىنا ئادەملەرنىڭ نۇر پىچاق ۋە لازېرلىق تاپانچىلىرى ئالدىدا ھېچنىمىگە ئەرزىمىدى. «لېكستون» ناملىق ئاۋىئاماتكا ۋەنشيوڭفېينىڭ يول باشلىشى بىلەن ئامېرىكا ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قايتىدىن ھەرىكەتلەندۈرۈلدى، غەلىتە مەخلۇقلار ئاۋىئاماتكىنىڭ ھەرىكەتلەنگىنىنى كۆرۈپ، ھۇجۇم قىلىۋاتقان جۇڭگو-روسىيە كېمە ئەترىتىنى تاشلاپ، ھەممىسى ئاۋىئاماتكا تەرەپكە قاراپ ئېتىلىپ كەتتى. پۈتكۈل دېڭىز يۈزىنى قاپقارا غەلىتە مەخلۇقلار قاپلىغان ئىدى، بۇنى كۆرۈپ ئاۋىئاماتكىدىكىلەرنىڭ جەڭ ئىرادىسى بىردەمدىلا سۇندى، ئاز بولمىغان ئەسكەرلەر بۇنى كۆرۈپ، شۇ يەردىلا لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى. «بۇ قېتىم پۈتۈنلەي تۈگەشتۇق!» دېدى ۋەنشيوڭفېي ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ. ئاۋىئاماتكىغا يېقىنلىشاي دېگەندە، بارلىق غەلىتە مەخلۇقلار خۇددى بۇيرۇق تاپشۇرىۋالغاندەك سۇغا شۇڭغۇپ كۆزدىن غايىپ بولدى، قانغا بويالغان دېڭىز يۈزى تېپتېنچ بولۇپ قالدى. يېرىم سائەت چامىسىدا ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن، جۇڭگو، ئامېرىكا، روسىيە ئۈچ دۆلەتنىڭ جەڭ كېمىسىدىكى ئوفىتسېر-جەڭچىلەر گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرىنى ياڭراتتى، بىر روسىيە ئەسكىرى يەنە بىر ئامېرىكا ئەسكىرىنى قۇچاقلىغىنىچە توۋلايتتى، سەكرەيتتى، ئاۋۇ ئامېرىكا ئەسكىرى بولسا ھاياجانلانغىنىدىن يىغلايتتى.

— بىز قۇتۇلدۇق!،— دېدى ياۋۋېن بىردەم خۇشال بولۇپ،— تېز! تېز قايتايلى، ئۇلارنىڭ قاچان قايتىپ كېلىدىغىنىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

جۇڭگو جۇڭنەنخەي، روسىيە ئەلباشى ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى، لى رەئىس، گېنېرال جوۋ تيەنخۇالار سۈرلۈك ھالدا ئالدىدىكى ئېلخەرىتىگە (ئېلېكترونلۇق خەرىتىنى مۇشۇنداق قىسقارتتىم) قارىشىپ تۇراتتى! بىر ئەسكەر كىرىپ كەلدى:

— دوكلات! بىز ئامېرىكىنىڭ «لېكستون» ناملىق ئاۋىئاماتكا ئەترىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇتقۇزۇپ چىقتۇق، ئۇلار ھازىر چىڭداۋ پورتىغا كېلىۋاتىدۇ.

لى رەئىس بۇنى ئاڭلاپ، بىر يېنىك تىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ياخشى، مەن بىلدىم،— دېدى. ئۇ بېشىنى بۇراپ روسىيە ئەلباشى گروزنىغا قاراپ:

— ئەھۋال چاتاق، ئافرىقا، ياۋروپا، ئاسىيا، ئوكيانىيەلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇلارنىڭ ئىزىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ،— دېدى. گروزنى بېشىنى لىڭشىتىپ، مۇنداق دېدى:

— شۇنداق! چىڭراق تۇرمساق، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇنتىزىم قوشۇننى چىقارماي تۇرۇپلا، مۇشۇ ۋاقىتلىق تەشكىللىگەن قىسىملىرى بىلەنلا بىزنى تەلتۆكۈس يوقىتىۋەتكىدەك.

## 28 ـ باب نامەلۇم زېمىن

ئامېرىكا تېنچ ئوكيان كېمە ئەترىتىدىكى «لېكستون» ناملىق ئاۋىئاماتكا ئەترىتىدە بۇ ۋاقىتتا پەقەت ھەممە يېرى ئۆتمە ـ تۆشۈك بولۇپ كەتكەن ئاۋىئاماتكا بىلەن ئىككى دانە جەڭ كېمىسىلا قالغان بولۇپ، ئۇلار جۇڭگو ـ روسىيە كېمە ئەترىتىگە ئەگىشىپ چىڭداۋ پورتىغا قايتتى. كېمىدىكى باشلىق ـ ئەسكەرلەر تېخىچە قورقۇنچتىن قۇتۇلمىغان ئىدى! پۈتكۈل چىڭداۋ پورتى پۈتۈنلەي قامال قىلىنغان بولۇپ، ئەمدىلا كېمىدىن چۈشكەن ئامېرىكا ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى دەرھال قۇتقۇزۇش ماشىنىسىغا سېلىنىپ نېرۋىسى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، تازىلاش ئەترىتى ئاۋىئاماتكىغا چىققاندىن كېيىن، تۇنجى قىلغان ئىشى توختىماستىن قۇسۇش بولدى، ئاۋىئاماتكىنىڭ ھەممە يېرى قىپ ـ قىزىل قان ۋە جەسەتلەر بىلەن بولغان ئىدى، بۇ كۆرۈنۈشنى بەلكىم قانۇن دوختۇرلىرى كۆرسىمۇ ئۆزاق چىدالماس ئىدى، گەرچە ھەممە يېرى ھىم ئېتىلگەن قوغدىنىش كىيىمى كىيىۋالغان بولسىمۇ، ھەر بىر خادىم قولىنى بەش سانتىمېتىردىن ئېگىز قان سۇيى ئىچىگە تىقىپ، جەسەتلەرنى كۆتۈرگەندە، ھەممىسى كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىشاتتى. «لېكستون» ناملىق ئاۋىئاماتكىنىڭ پالۋبىسىدىكى ئۈچۈش يولى جۇڭگونىڭ «دوزاق ئوتى» ئۆزى يۇرەر زەمبىرىكى تەرىپىدىن ئىشلەتكىلى بولمايدىغان قىلىۋېتىلگەن ئىدى. بارلىق ئۇچقۇلار جۇڭگو ۋە روسىيە ئاۋىئاماتكىلىرىغا توختىتىپ قويۇلغان ئىدى. ۋەن شيوگفېي ئاۋىئاماتكىدىن چۈشكەندىن كېيىن، ياۋۋېيننى ئىزدەپ تېپىپ سورىدى:

— ھەي! ياۋۋېن، ئۆلۈش يارىلىنىش ئەھۋالى قانداق؟

— بىزدىن 127 جەڭچى قۇربان بولدى، روسىيىلىكلەردىن 243ى ئۆلدى! ئامېرىكىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ناچار، پەقەت 454 ئادەملا ھايات قالدى، يارىلانغانلىرى كۆپ ئەمەس، ئەمما نېرۋىسى بىنورماللار بىر تالاي،— دېدى ياۋۋېن بېشىنى بۇراپ. ۋەن شيوگفېي بۇنى ئاڭلاپ قايغۇرغان ھالدا:

— نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق! بۇ قېتىم قاتتىق زىيان تارتتۇق،— دېدى.

— شۇنداق، مەن تېخىچە قورقۇپ تۇرۇۋاتىمەن،— دېدى ياۋۋېن.

ئامېرىكا بەش بۇرجەكلىك بىناسى قايناپ كەتكەن ئىدى! نەچچە كۈن ئاۋال بىر ئاۋىئاماتكا ئەترىتى يوقاپ كەتكەن ئىدى، ئەمدىلىكتە «لېكسىتون» ناملىق ئاۋىئاماتكا ئەترىتىمۇ سىرلىق هالدا يوقاپ كەتتى! ئەگەر بۇ خەۋەر تارقىلىپ كەتسە، ۋەزىپىدىن ئىستىپا بېرىپلا قۇتۇلغىلى بولمايتتى، ئاق سارايدىكى كۆزلىرى قىپ-قىزىل، چىرايى ئاقىرىپ، كالپۇكى قارىداپ كەتكەن ئۆلۈك! هوي! ياق! ئەسلى ئامېرىكا ئەلباشى فوبۇس توختىماستىن ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى، «لېكسىتون» ناملىق ئاۋىئاماتكا ئەترىتىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن بۇيان، ئۇ ئىككى كۈندىن بېرى كۆز يۇممىغانىدى. بۇ ۋاقىتتا تېنت يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى:

— ئەلباشى ئەپەندى، خەۋەر كەلدى.

— تېز! تېز دەڭە! ئاۋىئاماتكا نەدىكەن؟— فوبۇس خۇددى تېپىلماس گۆھەر تېپىۋالغاندەك ئالدىراپ سورىدى.

تېنت بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇۋېتىپ:

— «لېكسىتون» ناملىق ئاۋىئاماتكا ئەترىتى هازىر جۇڭگونىڭ چىڭداۋ پورتىدا توختاپتۇ، جۇڭگو تەرەپتىن ئاۋىئاماتكىنىڭ يېرىم يولدا چوڭ چاتاق چىققانلىقتىن جۇڭگودا ۋاقىتلىق توختاپ تۇرغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر كەلدى،— دېدى. فوبۇس بۇنى ئاڭلاپ ئاغزىنى بۇزدى:

— ئەبلەخ! مەن ئەزەلدىن بىرەر ئاۋىئاماتكا ئەترىتىنىڭ بىرەر چوڭ مەسىلىگە ئۇچرىغىنىنى ئاڭلاپ باقمىغان، بۇنداق يالغان گەپكە پەقەت ئەخمەق ئادەملا ئىشىنىدۇ! جۇڭگو چوقۇم بىرەر رەزىل هىيلە ئىشلىتىپ، بىزنىڭ ئاۋىئاماتكىمىزنى تۇتۇپ تۇرۇپ، بىزنى قىستىماقچى.

تېنت ئالمان-تالمان:

— جۇڭگو هۆكۈمىتى ئاۋىئاماتكىنى بىزگە مەخپىي قايتۇرۇپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئۇلار هېچقانداق تەلەپ قويمىدى، بىراق، ئەلباشى ئەپەندى، سىزنىڭ شەخسەن جۇڭگوغا بىر كېلىپ-كېتىشىڭىزنى تەلەپ قىلدى،— دېدى. فوبۇسنىڭ بۇنى ئاڭلاپ چىرايى تۈرۈلدى، ئەمما ئىشنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، ئىككىلا ئاۋىئاماتكا ئەترىتى جۇڭگوغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالاتتى، ئۇلارنى قۇتقۇزمايمۇ بولمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگو هۆكۈمىتى ئۇلارنى قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، بىر تىيىن پۇل تەلەپ قىلمىدى، پەقەت ئۆزىنىڭ جۇڭگوغا بىر كېلىپ-كېتىشىنى تەلەپ قىلدى، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، سىرتقا جۇڭگوغا زىيارەتكە بارىدىغانلىقىنى ئېلان قىلسىلا بولىدۇ، ئەمەسمۇ! بۇنداق بولغاندا، جۇڭگومۇ ئوچۇق-ئاشكارە بىرەر ئىش قىلالمايدۇ. فوبۇس بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن دېدى:

— بىلدىم، جۇڭگوغا مېنىڭ ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغانلىقىمنى يەتكۈزۈڭ.

2010 ـ يىلى 5 ـ ئۆكتەبىر، جۇڭگو بېيجىڭ شەھرىدىكى XXX دوختۇرخانىسى، لى رەئىس قاتارلىقلار گېنرال دراكسنى يوقلاپ كەلگەن ئىدى، يولدا جوۋ تيەنخۋا گەپ قستۇردى:
ــ فوبۇس بىزنىڭ تەلپىمىزگە ماقۇل بولدى، ئۇ يەنە نەچچە كۈندىن كېيىن زىيارەتكە كېلىدۇ.
لى رەئىس رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشتتى:
ــ گېنرال دراكسنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟
بىللە كېلىۋاتقان دوختۇر جاۋاپ بەردى:
ــ گېنرال دراكسنىڭ سول بېلىكىنىڭ سۆڭەكى سۇنغان ۋە باشقا سۇرۇلۇپ كەتكەن تاشقى يارىلىرىدىن باشقا ھەممە يېرى ساق ـ سالامەت، روھىم جەھەتتىنمۇ ئىنتايىن نورمال، ساراڭ بولۇپ قالمايدۇ.
لى رەئىس بېشىنى لىڭشتىپ تۇرۇپ:
ــ ئۇنداقتا ياخشى، بولمىسا فوبۇس كەلگەندە بىزگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئادەم قالمايدۇ،ــ دېدى. بىر كېسەلخانىغا كىرگەندىن كېيىن، سۇزۇك ئەينەكتىن كارۋاتتا ياتقان گېنرال دراكس كۆرۈندى، بىر نەچچە تىببىي خادىم ئۇنى تەكشۈرىۋاتاتتى! دراكس قارىماققا بەكمۇ ئاجىز كۆرۈنەتتى، ئۇ جانسىز قىياپەتتە كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكىپ بىر نېمىلەرنى ئويلاۋاتاتتى.
ــ گېنرال دراكس، خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرامسىز؟ــ دەپ سورىدى لى رەئىس دەرىزىدىن قاراپ. دراكس بىردەم تۇرۇۋېتىپ، بېشىنى بۇراپ كەلگەنلەرگە قاراپ، ھەيرانلىق بىلەن سورىدى:
ــ سىز، سىز... جۇڭگونىڭ رەئىسى لى شياڭ بولامسىز؟
لى رەئىس كۈلۈپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشتىپ:
ــ شۇنداق! دراكس ئەپەندى، خېلى ئوڭلىنىپ قالغاندەك تۇرامسىز؟ــ دەپ سورىدى.
دېاكس ئاچچىق كۈلۈپ جاۋاپ بەردى:
ــ كۆپ ياخشى بولۇپ قالدىم، ئەمەلىيەتتىمۇ يارام ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىدى، مەن بىر نەرسىنى سوراپ باقاي، ھېلقى غە....
لى رەئىس ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:
گېنرال دراكس، سىز ھازىر ئوبدانراق ئارام ئېلىپ داۋالىنىڭ! نەچچە كۈندىن كېيىن مەن سىزگە بارلىق ئىشلارنى دەپ بېرىمەن .
دراكسنىڭ يەنە نېمىلەرنىدۇ دېگۈسى بار ئىدى، ئەمما لى رەئىسنىڭ چرايىغا قاراپ، بوغۇزىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋەتتى، ئامالسىز بېشىنى لىڭشتتى! لى رەئىس سۆزىنى

داۋاملاشتۇردى:

ــ بولدى، سىزنىڭ دەم ئېلىشىڭىزغا دەخلى قىلمايلى!

لى رەئىس قاتارلىقلار كېسەلخانىدىن ئايرىلدى. ئۇلار باشقا كېسەلخانىدىكىلەرنى يوقلىغاچ ماڭدى، ياتاقتىكى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن پىسخىك قوبۇل قىلىش كۈچى ياخشىراقلىرى كارىۋاتتا ياتقىنىچە جىمجىت خىيال سۈرەتتى، ناچارراقلىرى توختىماستىن يىغلايتتى، ھەتتا ساراڭدەك تولۋالايتتى. لى رەئىس ئېغىر خۇرسىنىپ قويۇپ سۆز باشلىدى:

ــ قارىغاندا ئەھۋال بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدىنمۇ بەتتەررەككەن، بىراق ھېچبولمىغاندا بىز بەزىبىر كېرەكلىك نەرسىلەرگە ئىگە بولدۇق.

بىر دەمدىن كېيىن ئۇلار بىر لىفتنىڭ ئالدىغا كەلدى، دوختۇرخانىنىڭ يەر ئاستى بىر تەجرىبىخانا ئىدى. نۇرغۇنلىغان ئالىملار ئۇيەردە توختىماستىن غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ جەسەتلىرىنى تىزىپ تەتقىق قىلىۋاتاتتى، لى رەئىس بېرىپ ئۇلاردىن سورىدى:

ــ قانداق ئىلگىرىلەش بار؟

ــ ئاق خالات كىيىۋالغان بىر ئالىم ھەيران بولغان ھالدا كېلىپ جاۋاپ بەردى:

ــ ھېچ ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ، بىزنىڭ تەكشۈرىمىزچە بۇ غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ گېنىغا يەر شارىدىكى نۇرغۇن جانلىقلارنىڭ گېنى ئارىلاشكەن، چوڭ شىر، يولۋاس، قاپلان، ئادەمسىمان مايمۇنلاردىن تارتىپ، كىچىكى چۈمۈلە، ئۆمۈچۈك، ھەتتا باكتېرىيىگىچە باركەن. ئىچىدە ھەتتا بىز ئادەملەرنىڭمۇ گېنى باركەن، بىراق بەزى گېنلارغا، بىز كېسىپ ئېيتالايمىزكى، يەر شارىدىكى جانلىقلاردا بۇنداق گېن يوق، بارلىق گېنلار شۇنداق بىرىكىپ كەتكەنكى، شۇنداق مۇكەممەل دېيىشكە بولىدۇ، ئازراقمۇ ئۆز ـ ئارا يەكلەش ئالامىتى يوق.

لى رەئىس بىر ئەينەك شېشىگە قاچىلاپ قويۇلغان جەسەت يېنىغا كېلىپ قارىغاچ سورىدى:

ــ ئۇلارنى يوقىتىشنىڭ ئامالى بارمۇ؟ مەن دەيمەن، ئۇلارنى چوڭ كۆلەمدە يوقاتقۇدەك قورالىلار، مەسىلەن: ۋىروس دېگەندەك نەرسىلەر.

ھېلىقى ئالىم بېشىنى چايقىغىنىچە:

ــ بۇ ئامالنى بىزمۇ ئويلاپ باققان، ئەمما مېنىڭچە بۇ مۇمكىن ئەمەس! رەئىس، سىز كېلىپ بۇنى كۆرۈپ بېقىڭە،ــ دېدى. لى رەئىس قاتارلىقلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر ئېكران ئالدىغا كەلدى، ئېكراندا نۇرغۇنلىغان ھۈجەيرىگە ئوخشاش نەرسىلەر توختىماستىن لۆمۈلدەپ بۆلۈنۈۋاتاتتى. ھېلىقى ئالىم تونۇشتۇرۇپ:

ــ بۇ غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىشى بەك تېزكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۈجەيرە قۇرۇلمىسى بىز ئويلىغاندىنمۇ بەك مۇرەككەپكەن، بىز بىر قېتىم ۋىروس كىرگۈزسەك، يەنە بىر قېتىمدا ئۇنىڭغا تەسىرى بولمايدىكەن، ئۇلار ئوخشىمىغان ۋىروسلارغا قارىتا

ئوخشىمىغان ئانتېنىلا ئىشلەپچىقىرالايدىكەن، ۋىروس بىلەن ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ھېچقانداق رولى بولمايدىكەن،ــ دېدى. لى رەئىس بۇنى ئاڭلاپ قايغۇرغان ھالدا ئۇھ تارتىپ قويدى، ھېلىقى ئالىم سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ بىز ئۇلارنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكىنى بايقىدۇق، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ئىدىيىسى بولمايدىكەن، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ جەھەتتە ئۇلار چۈمۈلە، ھەسەل ھەرىلىرىگە ئوخشاش توپلىشىپ ياشايدىغان جانلىقلارغا ئوخشايدىكەن ھەم بىر باشلىق بۇيرۇق قىلىدىكەن.

جوۋ تيەنخۇا سۆز قىستۇردى:

ــ دېمەكچىكى، ئۇلار بەكمۇ دۆتكەن، ئۇرۇشتا ھەر بىر جەڭچىنىڭ ئەھۋالغا قاراپ ئوخشىمىغان رولىنى جارىي قىلدۇرۇش كېرەك، «لېكستون» ناملىق ئاۋېئاماتكىدىكى كۆزەتكۈچتىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قارىغۇلارچە ئۆلۈمگە ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىدىكەن.

ھېلىقى ئالىم بۇنى ئاڭلاپ قوشۇمىسىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ مۇشۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ، بىراق بۇ خىل مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۇسۇلىنىڭمۇ باشقىچە ياخشى تەرەپلىرى بار، مەسىلەن: ئىچكى توقۇنۇش، نەپسانىيەتچىلىك بولمايدۇ، ھەممە ئادەم كۈچىنىڭ بېرىچە ئىشلەيدۇ، جەڭدە بۇنداق ھەر بىر جانلىقنىڭ ھەممىسى بىر ئۆلۈمدىن قورقماس جەڭچىگە ئايلىنىدۇ! ئۇلار...

لى شياڭ ئەجەپلەنگەن ھالدا سورىدى:

ــ ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ بۇ قېتىم نېمىشقا تۇيۇقسىزلا چېكىنگەنلىكىنى بىلگىلى بولارمۇ؟

ــ بۇنى... بىزمۇ تازا بىلەلمىدۇق، بەلكىم ئۇلارنى تېخىمۇ قىزىقتۇرغان بىرەر نەرسە تېپىلغانلىقتىن، ئۇلار بىزگە قىلغان ھۇجۇمدىن ۋاز كەچكەن بولۇشى مۇمكىن،ــ دېدى ئالىم دۇدۇقلاپ.

كۆپچىلىك ئالىمنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندا، بىر ئەسكەر ئالدىراش يۈگۈرۈپ كەلدى:

ــ رەئىس! جىددىي تېلېگرامما.

لى شياڭنىڭ چىرايى بىردىنلا قارىداپ كەتتى، ئۇ بىر ئۇھ تارتىۋەتكەندىن كېيىن ئاستاغىنە دېدى:

ــ مەن ئۇلارنىڭ نېمىشقا چېكىنگەنلىكىنى بىلدىم، دېڭىز ئاستىدىكى تەجرىبىخانا بىلەن بولغان ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى، قارىغاندا بۇنىڭدا خۇشاللىقتىن قايغۇنىڭ بىشارىتى كۆپرەك.

بىللە كېلىۋاتقانلارنىڭ ھېچقايسىسى زۇۋان سۈرمىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆڭلىگە دېڭىز

ئاستى تەجرىبىخانىدىكى ئىككى ـ تۆت تال مۇھاپىزەتچى قوشۇنغا تايىنىپ ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغانلىقى ئايان ئىدى.

ــ توغرا! پۈتۈنلەي توغرا!ــ دېدى ھېلىقى ئالىم قولىنى پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ،ــ دېمىسىمۇ ئاستى تەجرىبىخانىسىدا نۇرغۇنلىغان جانلىقلارنىڭ ھۇجەيرە ئەۋرىشكىسى بار، بۇلاردەك باشقا جانلىقلارنىڭ گېنىغا تايىنىپ ئۆزىنى ئۆزگەرتىدىغان جانلىقلارغا نىسبەتەن ئۇ يەر چوقۇم بىر چوڭ غەزنە بولىدۇ.

## 29 ـ باب زورلانغان ھەمكارلىق

2010 ـ يىلى 7 ـ ئۆكتەبىر، ئامېرىكا ئەلباشى فوبۇس ئەمدىلا جۇڭگوغا كېلىشىگە، دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە دېڭىز ئاستى تەجرىبىخانىسى بىلەن ئالاقىلىشالمىغانلىق خەۋىرى تارقالدى، جۇڭگو رەئىسى لى شياڭ ۋە روسىيە ئەلباشى گروزىن ئالدىراشچىلىقتىن باش قاشلىغۇدەك چول تاپالماي قالدى، ئۇلار ھەر قايسى دۆلەتلەرنى ئالاقزادە بولماسلىققا ۋە دەرھال قۇتقۇزۇش ئەترىتى تەشكىللەپ تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىدىغانلىقلىرىنى جاكارلىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئۇ يەردە ھايات ئادەم قالمايدىغانلىقى ئايان ئىدى.

2010 ـ يىلى 8 ـ ئۆكتەبىر، فوبۇس جۇڭنەنخەيدە قىلغىلى ئىش تاپالماي زېرىكىپ ئولتۇراتتى، 20 مىنۇتلاردىن كېيىن لى رەئىس ھاسىراپ كىرىپ كەلدى. فوبۇس ئاچچىقلانغان ھالدا:

ــ ۋاي ـ ۋۇي، يېقىندىن بۇيان قارىغاندا بەك ئالدىراشكەنسىز ـ ھە!ــ دېدى. لى رەئىس تەرلىرىنى سۈرتكەچ دېدى:

ــ ئەلباشى فوبۇس ئەپەندى، بۈگۈن تۈزۈت گەپلىرىنى مەنمۇ كۆپ سۆزلىمەي! بىز گەپنىڭ پوسكاللىسىنىلا دېيىشەيلى.

فوبۇس سوغۇق كۈلۈمسىرىگىنىچە:

ــ ياخشى! مەنمۇ دەل شۇنى ئويلاپ تۇراتتىم،ــ دېدى. ئىككىيلەن ئەمدى ئولتۇرۇشىغا لى رەئىس سۆز باشلىدى:

ــ بىز پەقەت سىلەرنىڭ ئامېرىكا تېنچ ئوكيان فلوتىنىڭ «لېكسىتون» ناملىق ئاۋىئاماتكا ئەترىتىنىلا قۇتقۇزالىدۇق، سىلەرنىڭ پۈتۈپ كەتكەن يەنە بىر ئاۋىئاماتكا ئەترىتى بىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

فوبۇس ئاچچىقىنى ئاران بېسىپ:
ــ ئۇنداقتا، مەن سىزدىن سوراپ باقاي، سىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىسا، ئۇنداقتا، سىلەر خەۋەرگە قانداق ئىگە بولدۇڭلار؟ــ دەپ سورىدى. لى رەئىس كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:
ــ دۆلىتىڭىزلارنىڭ گېنرالى دراكىس بىزگە ئېيتىپ بەرگەن!
فوبۇس بۇنى ئاڭلاپ ئاچچىقى بىر ئاز يانغان هالدا:
ــ ئۇنداقتا مەن سىزدىن يەنە بىر مەسىلىنى سوراپ باقاي، ئاۋېئاماتىكا ئەتىرتىدىن قانداق چوڭ مەسىلە چىقسا جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئېهتىياجلىق بولىدۇ؟ــ دېدى. لى رەئىس:
ــ بۇ دەل سىزنى چاقىرتىپ كېلىشىمدىكى سەۋەپ، بىراق مەن دېسەم سىز ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن، شۇڭا مەن بىر نەچچە گۇۋاهچىنى چاقىرىپ كېلىپ ئىسپاتلاپ بېرەي،ــ دېدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا روسىيە ئەلباشى گروزىن ۋە گېنرال دراكىس كىرىپ كەلدى.
دراكىس فوبۇسنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆلچەملىك هەربىيچە چاس بەردى، ئۇ ئەسلىدە بىر نېمىلەرنى دېمەكچى بولۇپ، بىراق نېمىشقىدۇر بوغۇزىغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋەتتى. روسىيە ئەلباشى گروزىن ئولتۇرغاچ سۆز باشلىدى:
ــ ياخشىمۇسىز، ئەلباشى فوبۇس، بۇ بىزنىڭ تۇنجى قېتىم كۆرۈشىشىمىزغۇ دەيمەن.
فوبۇس سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ:
ــ تۈزۈت گەپلىرنى تولا قىلمايلى، سىلەر نېمىنى ئىسپاتلىماقچى؟ــ دەپ سورىدى. لى رەئىس:
ــ سىلەرنىڭ ئىككى قېتىملىق ئاۋېئاماتىكا ۋەقەسىنىڭ بىز بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتىم سىزنىڭ كېلىشكە تەكلىپ قىلىشىمنىڭ بىرىنچىدىن سىزنى مەجبۇرلىغانلىق، ئىككىنچىدىن سىلەرنىڭ ئامېرىكىنىڭ يۈزىنى تۆكۈش نىيىتىمنىڭ يوقلۇقىنى ئىسپاتلىماقچى، هازىر ئامېرىكىنىڭ هەر قانداق بىر نەرسىسىگە بىز قىززىقمايمىز، هازىر دۇنيادا شۇنچىۋالا زور ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، بۇلارغا ئارىلىشىش نىيىتىمىزمۇ يوق،ــ دېدى. فوبۇس بۇنى ئاڭلاپ:
ــ سىلەر زادى نېمە دېمەكچى؟ــ دەپ سورىدى. دراكىس بۇ ۋاقىتتا ئېغىز ئاچتى:
ــ ئەلباشى ئەپەندى، بۇ قېتىم ئاۋېئاماتىكىسى يوقاپ كەتكەن يالغۇز بىزلا ئەمەس، دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرمۇ مۇشۇنداق ئىشقا ئۇچرىدى، هەتتا جۇڭگو ۋە روسىيەمۇ بۇنىڭ سىرتىدائەمەس.
فوبۇس هەيران بولغان هالدا سورىدى:
ــ ئەجەبا كىمنىڭ شۇنچىۋالا قاپتەك يۈرىكى باركىنا، پۈتۈن دۇنيادىكى كېمىلەرنى ئوغرىلايدىغان؟ تاشقى پىلانىتلىقلارمۇ ـ يە؟

ــ بەك يامانكەنسز، ئەلباشى فوبۇس ئەپەندى، سز بردەمدە تېپىۋالدىڭىز،ــ دېدى چاۋاك ئۇرغىنچە لى رەئىس. فوبۇس بۇنى ئاڭلاپ ھەيران بولغان ھالدا لى رەئىسكە قاراپ قالدى. لى رەئىس سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ بىز ئىككى دۆلەت دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن باشلاپلا باشتىن ـ ئاخىر دۈشمەنلىشىپ كەلدۇق، بۇ خىل ئەھۋال ھازىرغىچە 60 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلدى، ھازىر بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىدىغان ۋاقىت كەلدى، چۈنكى ھازىر بىزنىڭ ئورتاق بىر دۈشمىنىمىز بار بولدى.

ئۇنىڭ سۆزى ئاياقلىشىشىغىلا تامدىن بىر ئېكران چۈشتى، لى رەئىس دېدى:

ــ سىز ئوبدانراق كۆرۈڭ، بۇلار دەل يېقىندىن بۇيان دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ كېمىلىرىگە ھۇجۇم قىلغان ھەقىقىي قاتىل.

ئېكراندا ئاۋاز بېرىلىپ بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ «لېكىستون» ناملىق ئاۋېئاماتكىدىن تارتىلغان كۆرۈنۈشلەر ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلگەن كۆرۈنۈشلەر كۆرۈندى، كۆرۈنۈشلەر قويۇلغاندىن كېيىن، فوبۇس ھاڭۋېقىپ قالدى، ھالبۇكى دىراكىس ئېكراندىكى كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ قورققىنىدىن ئازراق تىترەشكە باشلىدى. جەمئىي 30 نەچچە مىنۇت قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما فوبۇسقا نىسبەتەن نەچچە ئەسىر ئۆتكەندەك بىلىندى، كۆرۈنۈشلەردە غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ئىشكىلەرنى بۇزۇپ «لېكىستون»ناملىق ئاۋېئاماتكىنىڭ ئىچىگە كىرەتتى، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئاجىز قارشىلىقىدىن كېيىن چوڭ قىرغىنچىلىق باشلىناتتى. تۈگىگەندىن كېيىن فوبۇس زادىلا ئىشىنەلمەي قالدى، دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيىسى دەپ تەرىپلىنىۋاتقان ئامېرىكا ئارمىيىسى بۇ غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ئالدىدا بىر پەشۋاغىمۇ يارىمايتتى، بۇنداق كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھوللىۋۇدنىڭ داڭلىق رېژىسسورلىرىمۇ سۈرەتكە ئالالمايتتى. لى رەئىس فوبۇسنىڭ بىرئاز تېنچلانغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ مەن پەقەت بۇلارنىڭ ھەقىقىي ئىكەنلىكىنىلا سۆزلىمەكچى، ئىشىنىش ـ ئىشەنمەسلىك ئۆزىڭىزدىن. دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ دېڭىز ئاستى تەجرىبىخانىسى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى سىزمۇ بىلگەنسىز! مېنىڭچە، دېڭىز ئاستى تەجرىبىخانىسى ئاللىقاچان بۇ مەخلۇقلار تەرىپىدىن بۇزىۋېتىلدى.

سۆزلەپ بولۇپ، ئىككى ئالىمغا ئالاھىتەن غەلىتە مەخلۇقنىڭ جەستى سېلىغان پېچەتلەنگەن قاچىنى ئەكەلدۈردى. فوبۇس قاچىدىكى جەسەتنىڭ فىلمدىكى غەلىتە مەخلۇقلار بىلەن ئوپمۇ ـ ئوخشاشلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، خۇرسىنىپ قويۇپ:

ــ قارىغاندا، مەن بۇ قورقۇنچلۇق ئەمەلىيەتنى قوبۇل قىلمىسام بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، بىز ھازىر قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ دۇنيادىكى ھەممە دۆلەت بىرلىشىپ ئۇلارنى يوقىتىمىزمۇ؟ــ

دەپ سورىدى.

ــ شۇنداق، بىراق بۇ ئىشنى چوقۇم قەتئىي مەخپىي تۇتۇشىمىز كېرەك، سىز دۆلىتىڭىزنىڭ قالايمىقانچىلىققا پېتىپ كېتىشىنى خالىمايدىغانسىز ـ ھە؟ــ دېدى لى رەئىس بېشىنى لىڭشىتىپ. فوبۇس تاقەتسىزلەنگەن ھالدا دېدى:

ــ ئەلۋەتتە، قارىغاندا بىز ئىككى رەقىپ دۆلەت بۇ قېتىم چوقۇم بىر قېتىم زورلاپ ھەمكارلىشىدىغان ئوخشايمىز.

ــ بۇ ئىش تارقالغاندىن كېيىن، دۇنيادىكى جۇڭگوغا قارشى ۋە ئامېرىكىغا قارشى كۈچلەر قانداق ئويلار ـ ھە؟ نېمە دېسەك بولار؟ ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئامېرىكىلىقلار بىلەن ھەمكارلاشقۇم يوق، ھازىرقى ئەھۋال مېنى مۇشۇنداق قىلىشقا زورلاۋاتىدۇ،ــ دېدى گروزىن. فوبۇس كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ سىزنىڭچە مەن ناھايىتى خالارمەنمۇ؟ مەنمۇ سىلەر روسىيىلىكلەر بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالىمايمەن تېخى!ــ دېدى. لى رەئىس خۇلاسە سۆزى قىلدى:

ــ مانا بۇ بىز ئىنسانلارنىڭ ئەسكى ئادىتى، ئوت كىرىپ‌كەلمىگىچە تۇتاشقاندىن ئاندىن ئىتتىپاقلىشىمىز (ياخشىراق ماقال ـ تەمسىل تاپالمىدىم، قارىغاندا سۆز بايلىقىم بەكمۇ كەمچىلكەن، نىدادىن)، خۇددى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا سىلەر ئامېرىكىلار روسىيىلىكلەر بىلەن بىرلىشىپ گېرمانىيىگە تاقابىل تۇرغىنىڭلاردەك، بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ كۈچچىلىكىمىز سىلەرنى بەكمۇ يولسىز دەپ قارايمىز، سىلەر ئامېرىكىلىقلار بىز تەرەققىي قىلساق سىلەرگە تەھدىت سالىدۇ دەپ قارايسىلەر. بىز ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىمىزنى ئەخمەق دەپ ئەيىپلەۋاتقاندا، باشقا مىللەتنىڭ نەزىرىدە ھەر ئىككىلىمىز ئەخمەق دەپ قارىلىمىز. بولدى! بىز ھەمكارلاشماقچىكەنمىز، ئۇنداقتا مەن سىزگە ھازىرقى ئەھۋالىمىزنى ئېيتىپ بېرەي!

سۆزلىگەچ بىر ئېلخەرىتىنى ئۈستەلگە قويىدى. لى رەئىس ئېلخەرىتىدىكى كۆك رەڭلىق جايلارنى كۆرسەتكەچ:

ــ بۇ جايلار تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ غەلىتە مەخلۇقلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغانلىقى جەزىملەنگەن جايلار، بۇ جايلار دەل ئالدىنقى قېتىم مېتروئىت ۋەقەسىدە مېتروئىت پارچىلىرى چۈشكەن جايلار، ھەممىسى چۆل ـ قاقاس، ئادەم ياشىمايدىغان جايلار،ــ دېدى. فوبۇس ھەيران بولغان ھالدا سورىدى:

ــ سىز بۇ مېتروئىتنىڭ جەنۇبىي ئامېرىكا سوقۇلىشىنى ئۇلار كەلتۈرۈپ چىقارغان دېمەكچىمۇ؟

ــ شۇنداق! بىز بۇ غەلىتە مەخلۇقلارنى بەكمۇ سەل چاغلاپتۇق، ئەينى چاغدا ئۇلار مېتروئىتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ كېلىپتىكەن ئەمەسمۇ، ئۇلار يەرگە چۈشۈش بىلەنلا شۇ يەردىكى جانلىقلار بىلەن ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپتۇ ۋە زور مىقداردا

كۆپىيپتۇ، ئۇلار ئەڭ بەك چىرىتقان جاي دېگىنزكەن! بۇ غەلىتە مەخلۇقلارمۇ ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئىرقكەن، بىزگە ئوخشاشلا مۇنتىزىم قوشۇنى باركەن، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنلىرىنى ئىشلىتىشنى خالىمىغاندەك قىلىدۇ، ئۇلار يەر شارىدىكى جانلىقلاردىن پايدىلىنىپ بىزنى يوقاتماقچىكەن،ــ دېدى لى رەئىس باش لىڭشىتقاچ. فوبۇس بۇلارنى ئاڭلاپ سوغۇق تەرلەپ كەتتى، دراكس سۆز قىلدى:

ــ بىزنىڭ كېمە ئەترىتىمىز ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە غايەت زور بىر شەكلى ئۆزگەرگەن بېلىق توختىماستىن بىزگە ھوجۇم قىلدى، ئۇ بېلىقنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا ئۇ بىر كۆك كىتتەك قىلىدۇ، كېمىگە چىققان غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ھەممىسى ئادەمسىمان مايمۇن، ئورانگوتاننى ئاساس قىلغان ئۆزگەرگەن مەخلۇقلاركەن.

فوبۇس سوغۇق تەرلىگىنىچە خەرىتىگە قاراپ:

ــ مەن ئۆزەمنى خۇددى فانتازىيىلىك فىلىم ئىشلەۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن،ــ دېدى لى رەئىسمۇ ئوخشاش ھېسسىياتتا باش لىڭشىتىپ:

ــ ئەمەلىيەتتە بىز ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلمەيمىز، گەرچە ئۇلارنىڭ يەرشارىدىكى قىسىملىرىنى يوقىتالىغان تەقدىردىمۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ئۆز زېمىنىدىن چىققان قوشۇنلىرى بىزنى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يەرشارىدىن يوقىتىۋېتەلەيدۇ، بىزنىڭ ئالەم كېمىسىنى ياساش ئۇسۇلىنى ئېلان قىلىشىمىزمۇ دەل ئۆزىمىزگە بىر ھاياتلىق يولى تېپىش ئۈچۈندۇر،ــ دېدى. گورزىنمۇ سۆز قىستۇردى:

ــ ھازىرغا قەدەر بىز باشتىن ـ ئاخىر ھۇجۇمغا ئۇچرايدىغان پاسسىپ ھالەتتە تۇرۇۋاتىمىز، بىزمۇ ئۇلارغا ئۆزىمىزنى تېتىتىپ قويمىساق بولماس، مەن لازىم بولغاندا بارلىق يادرو قورالللىرىنى ئىشقا سېلىشنى قارار قىلدىم.

لى رەئىس ئافرىقىنى كۆرسەتكەن ھالدا:

ــ دېگىنزدىكىگە بىز ھازىرچە چېقىلالمايمىز، بىراق بۇ يەر ئۇلارنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ چوڭ ئۇۋىسى، بىز چوقۇم بۇ يامان سۆپەتلىك ئۆسمىنى قۇرۇقلۇقتىن يوقىتىشىمىز لازىم، گەرچە ئەڭ ئاخىرىدا بىزىېڭىلگەن تەقدىردىمۇ ئۇلارنى ئېغىر چىقىمدار قىلمىساق بولمايدۇ،ــ دېدى.

فوبۇس قوشۇلغان ھالدا دېدى:

ــ مەن ياردەملىشىشنى ناھايىتى خالايمەن، بىراق سىلەرمۇ بىلىسلەر، سابىق ئەلباشى كىچىك بوش ئافغانىستان، ئىراق ئۇرۇشلىرى ھەمدە بۇلتۇرقى تەيۋەندىكى مەغلۇبىيەت سەۋەپلىك تەختتىن چۈشتى، ھازىر ئامېرىكىلىقلار ئۇرۇشنىڭ گېپىدىن جاق تويدى، ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ ئىككى ئاۋېئاماتكا ئەترىتىنى يوقىتىۋېتىلگەنلىكىمىزنى ئاڭلىسا، مەن تەختتىن چۈشمەي قالمايمەن.

لى رەئىس:

ــ بۈنىڭ ھەممىسى سىلەر ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆزەڭلارنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرگىنىڭلاردىن بولدى! ئامېرىكىلىقلار ھازىرغىچە ئۆزلىرىنىڭ ئارمىيىسىنى تەڭداشسىز دەپ ئىشىنىدۇ. سىلەر ھەقىقەتەنمۇ ئەڭ ئىلغار قوراللار بىلەن قوراللانغان، ئەمما جاسارىتىڭلار بەك ئاجىز، بىر تېپىككىمۇ يارىمايدۇ، ئۆزەڭلار ئازراق زىيان تارتىپ قالساڭلار قورقۇپ بولالماي قالىسىلەر! ئىككى ئاۋىئاماتكا ئەترىتىنىڭ ئىشىنى چوقۇم مەخپىي تۇتۇڭ، ئافرىقىغا ئەسكەر چىقىرىشنى بىز بىلەن بىر قېتىملىق بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر قىلىمىز دەپ ئېلان قىلىڭ، ئافرىقىدىكى دۆلەتلەرنى بىز ياپونىيىنىڭ قولىدىن تارتىۋالدۇق، ئۇلارغا پەقەت ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئازراق ياردەم بېرىپ قويساقلا، ئۇلار بىزنىڭ ئۇ يەردە ۋاقىتلىق قوشۇن تۇغۇزۇشىمىزغا قوشۇلىدۇ، ئافرىقىدىكى غەلىتە مەخلۇقنىڭ ئۇۋىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن، بىز ھەقىقىي ئەھۋالنى جاكارلايمىز، ئۇ چاغدا خەلقئارا جامائەتچىلىك ھەرگىز بىزنى ئەيىبلىمەيدۇ! سىزگە قارشى تۇرغانلارمۇ سىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ!ــ دېدى. فوبۇس بېشىنى لىڭشىتىپ:

ــ بىلدىم، بىز ئامېرىكا ئارمىيىسى يەنە ئازراق تەييارلىق قىلىۋالمىساق بولمايدۇ، سىلەر بۇ غەلىتە مەخلۇقلار بىلەن ئېلىشىپ باقتىڭلار، ئەمما بىزنىڭ ئامېرىكا ئەسكەرلىرىمىزنىڭ تېخى پىسخىك بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى يوق،ــ دېدى.

ــ ئاساسلىق جەڭنى بىز روسىيە بىلەن جۇڭگو قىلىمىز، سىلەر ۋاقتىنچە جەڭگە قاتناشمايسىلەر، بىزگە ياردەملىشىپ ئارقا سەپنى قوغداپ بەرسەڭلارلا بولىدۇ! تەپسىلىي پىلاننى بىز يەنە تەتقىق قىلىپ باقمىساق بولمايدۇ،ــ دېدى گروزىن.

2010 ـ يىلى 8 ـ ئۆكتەبىر كۈنى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر خەۋەر تارقالدى، جۇڭگونى زىيارەت قىلىۋاتقان ئامېرىكا ئەلباشى فوبۇس جۇڭگو رەئىسى لى شياڭ، روسىيە ئەلباشى گروزىنلار بىلەن مەڭگۈلۈك ھەربىي ھەمكارلىق ئورناتتى! ئۈچىلا دۆلەت ئۆز ـ ئارا قوشۇن ئەۋەتىپ يەنە بىر دۆلەتتە قوشۇن تۇرغۇزۇشقا قوشۇلدى. بۇ خەۋەر بىردىنلا دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى! دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئۈچ دۆلەت بىرلەشتى، ئەمما بۇ ئۈچ دۆلەت تېخى نەچچە ئاينىڭ ئالدىدىلا ئۆز ـ ئارا رەقىپلەردىن ئىدى. دۇنيادىكى نۇرغۇن سىياسىئونلار كەسىپ ئۆزگەرتىپ چوشقا گۆشى ساتىدىغان قاسساپ بولۇپ كېتىشتى، ئەنگلىيە، كورىيە، ئاۋسترالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنى چۆش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىشتى، ب د ت رەئىس بۇ ئىش سەۋەبلىك ھەددىدىن زىيادە ھاياجانلىنىپ كېتىپ، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى، جۇڭگو، روسىيە، ئامېرىكا ئۈچ دۆلەت خەلقىمۇ غوۋغا كۆتۈردى. جۇڭگونىڭ تور بېكەتلىرىدە قالدۇرۇپ قويۇلغان سۆزلەرنىڭ تولىسى «مەن ئايلىناي»، «ھوشۇمدىن كەتتىم»، «بۇ چوقۇم يامان چۈش»، «قىيامەت قەيىم

بولغۇدەك» دېگەندەك سۆزلەر ئىدى. بۇ خەۋەر ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ ئىشەنگۈسىنى كەلتۈرمەيتتى، ئامېرىكا ئەلباشى فوبۇس جۇڭگودا يەنە بىر نەچچە كۈن ئارتۇق تۇرىدىغانلىقىنى ھەمدە ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى راموسفېلدنىڭ جۇڭگوغا كېلىشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

## 30 ـ باب قىل ئۈستىدە قېلىش

جۇڭگو، ئامېرىكا، روسىيە ئۈچ دۆلەت مەڭگۈلۈك ھەربىي ئىشلار توختىمى ئىمزالاپ، پۈتكۈل دۇنيانى ھەيران قالدۇرغاندىن كېيىن، دېڭىز ئاستى تەجرىبىخانىسىغا ماڭغان قۇتقۇزۇش ئەترىتى دۇنيانى يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدۇرىدىغان خەۋەر يوللىدى: دېڭىز ئاستى تەجرىبىخانىسىدىكى 10764 نەپەر ھەر قايسى دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ ھەممىسى ئاپەتكە ئۇچراپ بىرىمۇ ھايات قالمىغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئۆلگەن بولۇپ، كىشى قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى، تەجرىبىخانىدىكى بارلىق جانلىقلار ئەۋرىشكىلىرىنىڭ ھەممىسى ئوغرىلانغان بولۇپ، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەممىسى بۇزۇۋېتىلگەن ئىدى! بۇ خەۋەر دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەرنى ساراڭ قىلدى، كىممۇ مۇشۇنداق تەلۋىلەرچە قاتىللىق قىلىپ، بىرمۇ ئادەمنى تىرىك قويمىغاندۇ؟ ب د ت دىكى ھەر قايسى ئەللەر ۋەكىللىرى بەس ـ بەستە تالىشىپ، بۇنى پۈتكۈل جاھانغا بۆلگۈنچىلىك قىلغانلىق دەپ ۋاقىراپ كېتىشتى! ئەمما كىمنىڭ قىلغىنىنى بىلەلمىدى. جۇڭگو ۋەكىلى بۇ ئىشنى چوقۇم بارلىق كۈچى بىلەن تەكشۈرۈپ، دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە ئېنىق چۈشەنچە بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى! ھەر قايسى دۆلەت ۋەكىللىرى شۇنداق پەسكويغا چۈشتى، ھېچكىم جۇڭگودىن گۇمانلانمىدى، چۈنكى جۇڭگونىڭ خەلقئارادىكى ئىناۋىتى يۇقىرى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتىملىق چوڭ قىرغىنچىلىقتا ھەممىدىن بەك زىيان تارتقىنى جۇڭگو ئىدى.

ـ 2010يىلى 12 ـ ئۆكتەبىر، جۇڭنەنخەي، لى رەئىس ھاسىرىغىنىچە كىرىپ كەلدى، ئەلباشى فوبۇس سورىدى:

ــ دېڭىز ئاستى تەجرىبىخانىسىنىڭ ئىشلىرى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟

لى رەئىس ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

ــ ھازىرچە يۇشۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتۇق، ئەمما بۇمۇ پەقەت بىردەمچىلىك، مەڭگۈگە ئالداپ ئۆتكىلى بولمايدۇ! ھوي، راست، راموسفېلد ئىشەنچىلىكمۇ؟ مۇبادا ئۇ قايتىپ كەتكەندىن

كېيىن خەۋەرنى ئاشكارىلاپ قويسا چاتاق بولىدۇ!ــ دېدى. فوبۇس بېشىنى لىڭشىتقىنىچە:
ــ خاتىرجەم بولۇڭ، جان ھەلقۇمغا يېتىپ قالغاندا، ھېچكىم نام ـ ئاتاق قوغلاشمايدۇ،ــ دېدى. لى رەئىسمۇ قوشۇلغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ:
ــ دۇرۇس، مەنمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندا، بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم يوققا چىققانتى! پەقەت بىزنىڭ قانداق قىلغاندا، ئاندىن ھايات قالالايدىغانلىقىمىزنىلا ئويلىغان ئىدىم، دېڭىز ئاستى تەجرىبىخانىسىنىڭ ئىشىدا مەن بىر ياخشى ئامال ئويلاپ تاپتىم،ــ دېدى. فوبۇس دەرھال سورىدى:
ــ قانداق ئامال؟
لى رەئىس فوبۇسنىڭ ھاياجانلانغان تۇرقىغا قاراپ:
ــ مەن ئالدى بىلەن سىزنى بىر كىشى بىلەن كۆرۈشتۈرەي، سىز ئۇ ئادەم بىلەن كونا تونۇش،ــ دېدى. فوبۇس ئەجەپلىنىپ تۇرغاندا، ئاقساقاللىق بىرى كىرىپ كەلدى، فوبۇس كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋەتكەندىن كېيىن، ھەيران بولغان ھالدا كۆز ئالدىدىكى بۇ بوۋايغا قاراپ ئىشىنەلمىگەن ھالدا دېدى:
ــ بىن...بىن...بىن لادىن! ئۇ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟
لى رەئىس كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:
ــ سۆزلەپ كەلسەك گەپ تولا! لادېن بۇرادەر سىلەرنىڭ قوغلاپ تۇتۇشۇڭلاردىن قېچىپ ئافرىقىغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ ۋە ئافرىقىدا باشقا بازا تەشكىلاتلىرىغا ئاستىرتتىن ئىزچىل قوماندانلىق قىلىپ كەپتۇ! بىراق بىر قېتىم ئۇ ۋە قول ئاستىدىكىلىرى ئافرىقا يايلاقلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىپ، ھېلىقى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ھوجۇمىغا ئۇچراپتۇ، دەل شۇ چاغدا بىزنىڭ ئافرىقا رايونىدىكى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىۋاتقان قىسمىلىرىمىزغا ئۇچراپ قېلىپ قۇتۇلۇپ قاپتۇ! شۇ ئىشتىن كېيىن لادىن بۇنداق ئىشتىن قول ئۈزۈشنى قارار قىلدى، بىزنىڭ قىسمىلىرىمىزمۇ ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىنى قوشۇۋېلىپ، رازۋېدكا ئەترىتى تەشكىللەپ، ئافرىقا رايونىدىكى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىۋاتىدۇ،ــ دېدى. فوبۇس بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىشىنەلمىگەن ھالدا باش لىڭشىتتى، لى رەئىس بۇرۇلۇپ لادېنغا قاراپ:
ــ سېنى بىزگە ياردەملىشىپ ۋاقتىنچە ناھەقچىلىق تارتىپ تۇرۇشقا ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇق، ئافرىقا رايونىدىكى غەلىتە مەخلۇقلار بىلەن بولغان جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەن شەخسەن سېنى ئاقلايمەن،ــ دېدى. لادېن بېشىنى لىڭشىتىپ:
ــ ھېچقىسى يوق، ھېلىمۇ ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئوت قويۇشتەك يامان بەك جىق قىلدىم، بىر قېتىم ياخشى ئىش قىلىپ، ئالالاھنىڭمۇ مېنى ئازراق كەچۈرۈۋېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن،ــ دېدى.

فوبۇس بۇنى ئاڭلاپ:

ــ بۇنداق قىلساق بولامدۇ؟ ئەگەر دۇنيادىكى ئەللەر ئۇقۇپ قالسا، بىز بېشىمىزغا چوڭ بالا تېرىۋالىمىز!ــ دېدى. لى رەئىس سوغۇق كۈلۈمسىرەپ:

ــ بالا ـ قازا ئاللىقاچان يېتىپ كەلدى، ئەجەبا، بۇنىڭدىن قورقامسىز؟ــ دېدى. فوبۇس ئۇھ تارتىپ قويۇپ:

ــ ئەمەلىيەتتە سەن بىز بارلىق ئامېرىكىلىقلارنىڭ دۈشمىنى ئىدىڭ، بىراق ھازىرقى ئەھۋالدا بۇنداق قىلىشقا قوشۇلمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ! ئافرىقا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەنمۇ شەخسەن سېنى ئاقلايمەن! ئەمما سېنىڭ ئىلگىرى بىز ئامېرىكىلىقلار ئالدىدا قىلغان گۇناھلىرىڭنى ھەرگىز كەچۈرەلمەيمەن،ــ دېدى. لى رەئىس:

ــ بولدى، شەخسىي ئۆچ ـ ئاداۋىتىڭلارنى كېيىن ئاستا ـ ئاستا دېيىشىۋېلىڭلار! بۇ ئىشنى ئاستىرتتىن ئورۇنلاشتۇرۇۋالايلى، باشقىلار ھەرگىز يۇچۇق بايقاپ قالمىسۇن، ــ دېدى.

ـ 2010يىلى 14 ـ ئۆكتەبىر، بىن لادېن ۋە ئۇنىڭ بازا تەشكىلاتى بايانات ئېلان قىلىپ، دېڭىز ئاستى تەجرىبىخانىسىدىكى قىرغىنچىلىققا مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، لادېن سىنئالغۇ لېنتىسىدا شەخسەن بايانات ئېلان قىلىپ:

ــ جۇڭگومۇ ئامېرىكىغا ئوخشاش رەزىل دۆلەتكە ئايلاندى، تەجرىبىخانىغا ئالىم ئەۋەتكەن ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئالۋاستىنىڭ قول ـ چومىقى!ــ دېدى. لادېن يەنە تېخىمۇ كۆپ ھۇجۇم قوزغاپ، ئامېرىكا ۋە جۇڭگودەك رەزىل دۆلەتلەرنى ئېغىر بەدەل تۆلىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بايانات ئېلان قىلىنىپ 2 ـ كۈنى پۈتكۈل جاھان تەۋرەپ كەتتى، قۇتقۇزۇش ئەترىتى يەنە تەجرىبىخانىدىن AK ـ 47 نىڭ مىشەكلىرىنى بايقىغانلىقىنى، دېڭىز ئاستى تەجرىبىخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان قوغدىنىش قىسىملىرىغا AK ـ 47 سەپلەنمىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى! بۇنىڭ بىلەن جاھاندىكى ھەر قايسى ئەللەر بۇ ئىشنى راستىنلا لادېننىڭ قىلغانلىقىنى جەزىملەشتۈردى، ب د ت مۇ بىن لادېننى جەنۇە日) 内瓦( ئەھدىنامىسىدە قوغدالمايدىغان ئىنسانىيەتكە قارشى تەشكىلاتلار تىزىملىكىگە كىرگۈزدى. جۇڭگو، ئامېرىكا، رۇسىيىلەرمۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، رادىئو دولقۇنىنىڭ ئافرىقا رايونىدىكىن تارقىتىلغانلىقىنى، پۈتكۈل جاھاننىڭ تېنچ ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن ئافرىقىغا ئەسكەر چىقىرىپ، بىن لادېن ۋە ئۇنىڭ بازا تەشكىلاتىنى يوقىتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. دۇنيا جامائەتچىلىكى غولغولا قىلىشىپ كەتتى، بەزى تاراتقۇلاردا مۇنداق ئوبزور ئېلان قىلىندى:« 10 يىل ئىلگىرى دۇنيادىكى 1 ـ نومۇرلۇق تېرورچى بىن لادېن ئامېرىكىغا ھۇجۇم قوزغاپ، دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان '11 ـ سېنتەبىر' ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئامېرىكا ئەينى چاغدىكى ئەڭ چوڭ دۆلەت سۈپىتىدە بىر قېتىملىق زور كۆلەملىك تېرورلۇققا قارشى

ھەرىكەت قوزغىدى، ئەمما ئۇنۇمى تۆۋەن بولدى. 10 يىلدىن كېيىن بىن لادىن يەنە بىر قېتىم دۇنيانى زىلزىلىگە سالىدىغان ئېچىنىشلىق ۋەقە پەيدا قىلدى، يېڭىدىن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دۆلەت بولغان جۇڭگومۇ ئوخشاشلا داغدۇغىلىق ھالدا تېرورلۇققا قارشى جەڭ باشلىدى، جۇڭگو بۇ بىر يىلدا ئۇدا غەلىبە قىلىپ كەلدى! بەلكىم ئۇلار بۇ قېتىم دۇنياغا زىيان سالىدىغان بۇ يامان سۆپەتلىك ئۆسمىنى كېسىپ تاشلاپ، ئامېرىكا تامالىيالمىغان ۋەزىپىنى تاماملىيالىشى مۇمكىن.» ئەنگىلىيە ۋە باشقا بىر قىسىم دۆلەتلەر تېرورلۇققا قارشى جەڭگە قاتنىششنى ئارزۇ قىلىشتى، ئەمما جۇڭگو، ئامېرىكا، رۇسىيە قاتارلىق ئۈچ دۆلەت ئۇلارنى قەستەن باشقا يەرگە ئەۋەتىۋەتتى.

ـ 2010يىلى 16 ـ ئۆكتەبىر، ئامېرىكا بەشبۇرجەكلىك بىنادا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى رامۇسفېلد ئورۇندۇقتا ئۈچ تارتىپ ئولتۇراتتى، ئامېرىكا ئەينى چاغدا جۇڭگو، رۇسىيەلەر بىلەن مەڭگۈلۈك ھەربىي ئىشلار ھەمكارلىق توختىمى تۈزگەندە، دۆلەت ئىچىدە غۇلغۇلا قوزغالدى، ئۆكتىچى پارتىيە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەلباشى فوبۇسقا ئەسەبىيلەرچە تىل ـ ئاھانەت ياغدۇرۇۋەتتى، ئۇنى ئامېرىكىنىڭ يۈزىنى چۈشۈردى دەپ قارىدى! ئۆزىمۇ ئۇ چاغدا بەك ئەجەپلەنگەن ئىدى، بىراق جۇڭگوغا بارغاندىن كېيىن ئۆزىمۇ بۇ ھەمكارلىقنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدى، بۇ قېتىم ئافرىقىغا قوشۇن ئەۋەتىپ، «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش»قا خەلق ھەرگىز قوشۇلمىدى، ئەسكەرلەرمۇ بېرىشنى خالىمىدى! ئەگەر مەغلۇپ بولسا، ئەلباشى ۋە ئۆزىمۇ تەختتىن چۈشمەي بولمايدۇ، ئەگەر غەلىبە قىلسا، بارلىق قارشى تۇرۇش سادالىرى مەڭگۈلۈك بېسىقىدۇ، يېڭىش ـ يېڭىلىشنى ئۆزىمۇ بەرىبىر كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمەيدۇ! ھازىر پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىشىمۇ تەس، ئاۋۇ ئۆكتىچى پارتىيىلەر توختىماستىن غەلۋە قىلىپ، ئادەمنى زېرىكتۈرىۋېتىپ بارىدۇ، ئۇلارچە ئەلباشىلىق بۇ ئورۇنغا ئولتۇرۇش ئاسان ئوخشايدۇ، ئەگەر ئىشنىڭ ھەقىقەتنى بىلسە، كۆرۈپ باقاي، كىممۇ بۇ يەردە ئولتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالايدىكىن!

ـ 2010يىلى 23 ـ ئۆكتەبىر، جۇڭگو، روسىيە قىسىملىرى سەئۇدى ئەرەبىستان ئارقىلىق ئافرىقا رايونىغا كىردى، ئەمما ئامېرىكا ئارمىيىسى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ دېڭىزدا ئوغرىلىقچە ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، ھەممە قىسىمنى ھاۋا ئارقىلىق ئافرىقا رايونىغا يۆتكىدى، جۇڭگو، روسىيە، ئامېرىكا قاتارلىقلار مىسىر، سۇدان ۋە گىۋىنىيە قاتارلىق بىر نەچچە دۆلەتكە نەپ بەرگەندىن كېيىن، قىسىملىرى ۋاقىتلىق تۇرغۇزۇلدى. ئامېرىكا قىسىملىرىغا تەقسىملەنگەن ۋەزىپە بولسا ئارقا سەپ تەمىنلەش لىنىيىسىنى قوغداش ئىدى، ئەسلىدىنلا كېلىشنى خالاپ كەتمىگەن ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنى بۇنى كۆرۈپ ھېچنىمە دېمىدى، ئۆزلىرى ئالدىنقى سەپكە بارمىسىلا، ھەممە نەرسە ئۇلارغا بەرىبىر ئىدى. ئەمما بىر نەچچە كۈن

ئۆتكەندىن كېيىن، بەزى ئامېرىكا ئەسكەرلىرى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ تېرورلۇققا قارشى ئۇرۇشتەك ئاددىي ئەمەسلىكىنى بايقىدى، جۇڭگو، روسىيە ئەۋەتكەن قوشۇنىنىڭ سانى كىشىنى چۆچۈتەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوراللىرى مەيلى سىرتقى كۆرۈنۈش جەھەتتىن بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىدىكى M ـ 16 دىن نەچچە ھەسسە ئىلغارلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، ھەممىسى دوبۇلغا ـ ساۋۇتتەك كىيىملەرنى كىيىۋالغان ئىدى، چىرايى سۇرلۇك ھەم سوغۇق بولۇپ، ئادەمنى كۈچلۈك دۈشمەنگە دۇچ كەلگەندەك ھېس قىلدۇراتتى. جۇڭگونىڭ «دوزاق ئوتى» ئۆزى يۈرەر زەمبىرىكى، «قارام ئەجدىھا» تانكىسى، «كېڭەيگۈچى» برونىسى ۋە زور بىر تاركۈم ئاساسىي جەڭ تانكىسى، زەمبىرەك، تىزگىن بومبىلىرى ئافرىقا رايونىغا زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، روسىيىنىڭ تۆت برونە دېۋىزىيىسىمۇ بۇ يەرگە قاراپ يولغا چىقتى، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىمۇ تەييارلىنىپ بولدى.

جۇڭگو دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى جوۋ تيەنخۇا، روسىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى سېرگېيوف، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى رامۇسفېلد ھەممە لادېنىنىڭ پارتىزان ئەترىتىگە قارار قىلىدىغان ۋاقىتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى ئايان ئىدى! بۇ جەڭدە غەلىبە قىلىشقىلا بولاتتىكى، مەغلۇپ بولۇشقا بولمايتتى. دۇنيادىكى ئالدىنقى ئۈچ كۈچلۈك دۆلەتنىڭ قىسىملىرىنىڭ تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن، دۇنيادىكى ئەللەرمۇ بۇ قېتىمقى جاھاننى زىلزىلىگە سالغان جەڭگە دىققەت قىلدى. ئافرىقىغا يۈگۈرۈنگەن غەلىتە مەخلۇقلارمۇ بۇ جەڭنىڭ يېتىپ كېلىدىغىنىنى ئالىقاچان بىلگەندەك دۇنيادا لۈمۈلدەك ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى، جەڭنىڭ باشلىنىشى قىل ئۈستىدە قالدى!

## 31 ـ باب ھەر كىم ئۆز ھۆنىرىنى كۆرسىتىش

ئافرىقىدىكى ھەرىكەت باشلىنىپ تۆت كۈندىن كېيىن، ئافرىقىدىكى چوڭ يايلاقتا سانسىزلىغان تىك ئۇچارلار كېچە ـ كۈندۈز توختىماي چارلاشقا باشلىدى، گەرچە مۇشۇنداق بولسىمۇ، بىراق جىمجىت يايلاقتا يۈگرەپ يۈرگەن كالا توپى ۋە ئويۇنچى پىللارنىلا كۆرگىلى بولاتتى. ھەممە يەر ئىناق، جىمجىت كۆرۈنەتتى، ھېچقانداق گۇمانلىق ئەھۋال بايقالمىدى! ئافرىقا چوڭ يايلىقىنىڭ چېتىدىكى رايوندا بىر ۋاقىتلىق ھەربىي بازا قۇرۇلدى، بىر ھەربىي چېدىردا جۇڭگو قىسىملىرىنىڭ ئافرىقىدا تۇرۇشلۇق قوماندانى ليۇ جىبو زېرىككەن ھالدا:

ــ ئۆلگۈر! بىز بۇ يەرگە كەلگىلى تۆت كۈن بولدى، ئاۋۇ غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ سايىسىمۇ

كۆرۈنمەيدىغۇ؟— دېدى. روسىيە قىسىملىرىنىڭ قوماندانى مالىشكوف:

— سىز بۇ يەردە ئاچچىقلانسىڭىزمۇ بىكار، بىز ھازىر ئوۋچى، ئوۋچى دېگەن سەۋرچان بولۇشى كېرەك، بەك ئالدىراقسان بولسا بولمايدۇ،— دېدى. ليۇ جىبو بىر ئوتلاپ سۇ ئىچىپ:

— مەنمۇ بىلىمەن، ئەمما بۇ قېتىمقى ھەربىي ھەرىكەت بەك مۇھىم! ئەگەر ئاشۇ غەلىتە مەخلۇقلار مۆكۈنۈۋېلىپ چىقماي، ۋاقىتنى كەينىگە سوزسا، بىز قانداق قىلىمىز؟— دېدى.

مالىشكوف ئېڭىكىنى سىلىغىنىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ:

— ھىم! دۇرۇس، بۇمۇ بىر چوڭ مەسىلىكەن...... مېنىڭچە، بىر نوچى ئوۋچى ئوۋنى ئىزدىمەستىن، ئوۋنى قىزىقتۇرۇپ چىقىرىدۇ،— دېدى. ليۇ جىبو سورىدى:

— ئۇلارنى چىقىرىمىز؟ سىزنىڭچە ئۇلار نېمىگە قىزىقىدىغاندۇ؟

— ئېسىڭىزدىمۇ؟ بىز بۇ يەرگە ئەمدىلا كەلگەن چاغدا، بەزىلەر بىزگە بۇ يەردىكى يايلاقتا ئوغرىلىقچە ئوۋ ئوۋلىغۇچىلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك ۋەقەسىنى دەپ بەرگەنتىغۇ؟— دېدى مالىشكوف.

— ئەلۋەتتە...... توختاڭ! توختاڭ! سىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭىز بىز ئوغرىلىقچە ئوۋ ئوۋلىغۇچىلارنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئۇلارنى قىزىقتۇرۇپ چىقىرىشكەن-دە،— دېدى ليۇ جىبو بېشىنى لىڭشىتىپ.

— دېگىنىڭىز توغرا، مەن دەل بىرقىسىم ئادەملەرنى ئوغرىلىقچە ئوۋ ئوۋلىغۇچىلاردەك ياساپ، ئۇلارنى قىزىقتۇرۇپ چىقارماقچى،— دېدى مالىشكوف بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ.

— چاقچاق قىلمىڭە! ئەگەر ئاشكارىلىنىپ قالسا، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە قانداق چۈشەندۈرىمىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ھەربىي، ئوغرىلىقچە ئوۋ ئوۋلىغۇچى ئۇنسۇز ئەمەس-تە!— دېدى ليۇ جىبو بېشىنى چايقاپ.

— ئۇنداقتا، سىزنىڭ قانداق ياخشى چارىڭىز بار؟ ئۇلار قەستەن بىزنىڭ چوڭ قوشۇنىمىزدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئوغرىلىقچە ئوۋ ئوۋلىغۇچىلارنى ئاستىرىتتىن ئۆلتۈرۈپ بىزگە ھەيۋە قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى قىزىقتۇرۇپ چىقارماقچى بولساق، پەقەت مۇشۇ چارىلا بار! ئەجەبا، سىزنىڭ بىزنىڭ بۇ يەردە ھاڭۋېقىپ تۇرۇشىمىزنى كۆرگىڭىز بارمۇ؟— دېدى مالىشكوف. ليۇ جىبو خالىمىغان ھالدا:

— ئەگەر بۇ چارىنى بولىدۇ دېسەكمۇ، مېنىڭ قول سېلىشقا رايىم يوق! ھازىرغا قەدەر ئافرىقا يايلىقىدىكى غەلىتە مەخلۇقلار پەقەت ئوغرىلىقچە ئوۋ ئوۋلىغۇچىلارغىلا ھۇجۇم قىلىپ، ياۋايى ھايۋانلارنى چوڭ كۆلەملىك قىرغىن قىلغىنى يوق! ئۇلار تېخى يەر شارىنىڭ سىرتىدىكى مەخلۇق تۇرسا، ئۇنى ئۈستىگە بىز ئەزەلدىن يەر شارىدا ياشاۋاتقان جانلىق تۇرۇپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىمىز بىلەن بىر پىلانىتتا ياشاۋاتقان جانلىقلارنى قۇربان قىلمىساق

بولامدۇ؟ــ دېدى. مالىشكوف بېشىنى ساڭگىلىتىپ، بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:
ــ دېگەنلىرىڭىز توغرا، بۇنداق قىلساق بىزنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئادىمىيلىكىمىز قالمايدىكەن! ئەمما، قوماندان، ئېسىڭىزدە بولسۇن، جەڭ مەيدانىدا غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتلا بولىدۇ، ئادىمىيلىك بولمايدۇ!ــ دېدى. ليۇ جىبو بېشىنى چايقىغىنىچە دېدى:
ــ كەچۈرۈڭ، مەن قىلالمايمەن! ئەگەر سىز قىلماقچى بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ قىسىملىرىنى ئەۋەتىپ قىلىڭ.
ئىككىيلەن توختىماي تالىشىۋاتقاندا بىر ئەسكەر كىرىپ دېدى:
ــ دوكلات! ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان زور بىر تۈركۈم غەلىتە مەخلۇقلار بەييۇتا (拜尤达) يايلىقىدا كۆرۈنۈپ، تېز سۈرئەتتە بىزگە يېقىنلىشىۋاتىدۇ.
ئىككىيلەن تالىشىشتىن توختاپ، ليۇ جىبو ھەيران بولغان ھالدا سورىدى:
ــ نېمە دېدىڭ؟ بەييۇتا يايلىقىنى بىز ئون نەچچە قېتىم چارلىغانغۇ؟ ئۇلار قانداق پەيدا بولۇپ قالدى؟
ھېلىقى ئەسكەر جىددىيلەشكەن ھالدا جاۋاپ بەردى:
ــ ئۇلار خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا پەيدا بولدى.
مالىشكوف تەكىتلىگەن ھالدا:
ــ ھازىر ئۇلارنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى تالىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس، قىسىملارغا ھۇجۇمغا تەييارلىنىش بۇيرۇقى چۈشۈرەيلى،ــ دېدى.
بەييۇتا يايلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېفىئوپىيە تەۋەسىدە جۇڭگو ۋە رۇسىيىنىڭ ئاساسىي جەڭ تانكىلىرى تىزىلىپ بىر پولات سېپىل پەيدا قىلدى، بۇ سېپىلنىڭ ئالدىدا زور بىر تۈركۈم پىيادە ئەسكەرلەر پىلىموتلىرىنى تىكلەپ سەپ تۈزدى. بۇ چاغدا تۈن پەردىسى يېپىلغان ئىدى، تۈن قاراڭغۇسىدا ئافرىقا يايلىقى تېخىمۇ سىرلىق كۆرۈنەتتى!
ــ ئاۋۇ يەرگە قاراڭلار!ــ دېدى بىر ئەسكەر ئالدى تەرەپنى كۆرسىتىپ، ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپتىكى تۇمان ئارىسىدىن سانسىزلىغان غەلىتە مەخلۇق چوڭ قوشۇنى بۇ سېپىلگەن قاراپ ئەسەبىيلەرچە ئېتىلىپ كەلمەكتە ئىدى، خۇددى تۆمۈر تاپىنى بىلەن ھەممە نەرسىنى دەسسەپ چەيلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى! نۇرغۇنلىغان جەڭچىلەرنىڭ ئالقىنىدىن ئىختىيارسىز سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. قوماندانلىق ئۆيىدە ليۇ جىبو ۋە مالىشكوف جىددىيلەشكەن ھالدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ مەنزىرىگە قاراپ تۇراتتى، قورۇقلۇقتىكى بۇ غەلىتە مەخلۇقلار دېڭىزدىكى غەلىتە مەخلۇقلارغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. دېڭىزدىكى غەلىتە مەخلۇقلار تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتە ئادەملەردىن كۆپ پەرقلەنمەيتتى، ھالبۇكى بۇ يەردىكى غەلىتە مەخلۇقلار قۇرت-قوڭغۇز ۋە ھايۋانلارغا بەكرەك ئوخشايتتى! چۇقان-سۈرەن ئاۋازى بارغانسېرى

كۆچەيدى، مالىشكوف ھەيران بولغان ھالدا:
ــ بۇ ئەبلەخلەرنىڭ كاللىسى يوقمدۇ؟ ھەجەپ بۇ خىل ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشتەك ھۇجۇم ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپتۇ،ــ دېدى. لىيۇ جىبو:
ــ ھاۋا ئارمىيىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارغا قورالىلىق تىك ئۇچارلارنى ئەكەلدۈرەيلى، ئالمادىس بىرەر ئىش بولۇپ قالمىسۇن،ــ دېدى. مالىشكوف بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:
ــ قوشۇلىمەن، سىزنىڭچە ئۇلار بىزنىڭ مۇداپىئە سېپىمىزنى بۆسۈپ ئۆتەلەرمۇ؟ــ دېدى. لىيۇ جىبو جەزىملەشتۈرگەن ھالدا جاۋاپ بەردى:
ــ ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆلمەيدىغان جېنى بولمىسىلا، ھەرگىز بۆسۈپ ئۆتەلمەيدۇ، پەقەت ئۇلارنىڭ سانى بىزنىڭ ئوقلىرىمىزنى پۈتۈنلەي تۈگىتىۋەتمىسىلا!
بىراق لىيۇ جىبونىڭ كۆڭلىدە يەنىلا بىر تۈگۈن بار ئىدى، نېمىشقا نەچچە كۈن ئۇلارنى ئىزدەپمۇ تاپالمىغان، ئەمما بۈگۈن ئۇلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىزگە ھۇجۇم قىلىدۇ؟
جەڭ مەيدانىدىكى بىر قوماندان چاقىرغۇغا قاراپ توۋلىدى:
ــ ئۇلار ئېتىش دائىرىسىگە كىردى، ئوت زەمبىرەكلىرى ئېتىڭلار!
تانكىلارنىڭ كەينىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان 400 دىن ئارتۇق روسىيىنىڭ ئېغىر تىپتىكى زەمبىرەكلىرى قۇلاقنى يارغۇدەك گۈمبۈرلەشكە باشلىدى، جەڭچىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىكى تۈماننىڭ ئورنىغا دەرھال ئوت يالقۇنى ئالماشتى، بىر تۈركۈم غەلىتە مەخلۇقلار يىقىلغاندىن كېيىن، كەينىدىن بىر تۈركۈم غەلىتە مەخلۇقلار دەرھال ھېچنىمىدىن قورقماي ئوت دېڭىزىغا بۆسۈپ كىرىپ ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. جۇڭگو ـ روسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئىستىھكاملىرىدىكى بارلىق تانكىلار بىرلا ۋاقىتتا ئوت ئاچتى، ئەڭ ئالدىدا ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان غەلىتە مەخلۇقلار دەرھال پارتلاشتىن پەيدا بولغان ئوت يالقۇنى تەرىپىدىن يۇتۇۋېتىلدى، پەقەت بىر قىسىم ئاقساق ـ چولاق غەلىتە مەخلۇقلار ئوت دېڭىزىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ كەلدى.ئەمدىلىكتە نۆۋەت ئەڭ ئالدىدا تۇرغان پىيادە ئەسكەرلەرگە كەلگەن ئىدى، ئىككى قېتىملىق زەمبىرەك ھۇجۇمىدىن كېيىن كېيىنكى بۆسۈپ كەلگەن غەلىتە مەخلۇقلار ئاللىقاچان ئېغىر يارىلانغان ئىدى، سانىسىزلىغان پىلىموتلارنىڭ ئالدىدا ئۇلار تىترىگىنىچە يەر چىشلەشكە باشلىدى! گەرچە بۇ قېتىمقى جەڭگە قاتناشقان جۇڭگو، روسىيە ئەسكەرلىرى بۇ قېتىمقى ۋەزىپىنى بىلگەن ھەمدە ئۆزلىرى مۇددەتلىك پسىخىك بەرداشلىق بېرىش مەشقىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، بىراق كۆز ئالدىدىكى مەنزىرە يەنىلا ئۇلارنى بەك ھەيران قالدۇردى، ئۇلار ئۆزلىرىنى فانتازىيىلىك كىنودا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى،كۆز ئالدىدىكى سانسىزلىغان غەلىتە مەخلۇقلار قوشۇنىغا قاراپ كاللىسى ئاللىقاچان قىزىپ كەتكەن ھەم قاتتىق ۋاقىرىغىنىچە خۇددى ماشىنىغا ئوخشاش ئىختىيارسىز ھالدا تەپكە باساتتى، ئوق قاچىلايتتى. كەينىدىكى زەمبىرەكچى قىسمىمۇ

ئالدىراشچىلىقتىن قىزىپ كەتكەن ئىدى.

ــ دەرھال ئوق سېلىڭلار، داۋاملىق ئېتىڭلار، توختاپ قالماڭلار!ــ دەپ ۋاقىرىدى بىر ستارشىي لېيتېنانت. زەمبىرەكچى ئەسكەرلەرگە چەنلىمىسىمۇ بولىدىغاندەك بىلىنەتتى، بەرىبىر زەمبىرەك ئوقىنى قىسمىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئاتسىلا، چوقۇم بىر توپ غەلىتە مەخلۇقلارنى ئۆلتۈرەلەيتتى! بىردەمدىن كېيىن ئالدىنقى سەپتىكى ئەسكەرلەرنىڭ پۇتىنىڭ ئاستى مىشەك بىلەن توشتى، كۆز ئالدىدىكى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ئۆلۈكى تاغدەك دۆۋىلىنىشىپ كەتتى! بىراق تېخىمۇ كۆپ غەلىتە مەخلۇقلار ھەمراھلىرىنىڭ ئۆلۈكىنى دەسسىگىنىچە داۋاملىق كۈچلۈك ھۇجۇم قىلىپ كەلدى، بىر قىسىم جەڭچىلەر ئاللىقاچان ئۆزلىرىگە بۇ غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ بارغانسىرى يېقىنلاپ قالغانلىقىغا دىققەت قىلىشقا باشلىدى.

لىۇ جىبو جىددىيلەشكەن ھالدا ئېكرانغا قاراپ:

ــ ئەبلەخ، تىك ئۇچار نېمىشقا تېخىچە كەلمەيدۇ؟ تېزراق بولمىسا ئۇلار بۆسۈپ كېلىدۇ،ــ دېدى. مالىشكوف ھەيران بولغان ھالدا ئېكرانغا قاراپ:

ــ بۇ ئەبلەخلەر ئۆلۈمدىن قورقمامدىغاندۇ؟ ھازىر ئۇلارنىڭ ئۆلۈم ـ يېتىم ئەھۋالى ئاللىقاچان بىزنىڭكىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى! ئۇلارنىڭ قوماندانى نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ؟ــ دېدى. ئالدىنقى سەپتىكى ئىستىھكامدىكى ئوت يالقۇنى پەلەككە يەتكەن ئىدى، غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ بارغانسىرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن ئەسكەرلەرنىڭ پسىخىك بېسىمىمۇ بارغانسىرى كۈچىيىشكە باشلىدى! بۇ ۋاقىتتا كۈچلۈك شامال چىقىشقا باشلىدى، ئاسماندا نۇرغۇنلىغان جۇڭگونىڭ «تۇز 11» قوراللىق تىك ئۇچارلىرى ۋە روسىيىنىڭ 60 ـ K تىك ئۇچارلىرى ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ئامېرىكىنىڭ بىر نەچچە «ئاپاچ» ۋە «كېمەنچ» قوراللىق تىك ئۇچارلىرىمۇ بار ئىدى. ئامېرىكا تىك تىك ئۇچارلىرىنىڭ لىيۇتچۇكلىرى بۇنداق مەنزىرىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاچقا، ھەيرانلىقتىن گەپمۇ قىلالماي قالغان ئىدى. جۇڭگو ـ روسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ياردەمگە كەلگىنىنى كۆرۈپ خۇشاللىقتىن ۋاقىرىۋېتىشتى! غەلىتە مەخلۇقلار ھەيران بولغان ھالدا تىك ئۇچارلارغا قاراپ قالغان چاغدا، تانكىغا قارشى مىنامىيوتلار يەر ـ جاھاننى قاپلاپ ئۇچۇپ، غەلىتە مەخلۇقلار توپىغا قاراپ چۈشۈشكە باشلىدى. سان ـ ساناقسىز پۇت ـ قوللار ھاۋادا ئۇچۇشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن ھېلىلا ھېچنىمىدىن قورقمىغان غەلىتە مەخلۇقلار ئارقىغا قاراپ قېچىشقا باشلىدى.

قوماندانلىق ئۆيىدە بىر ئەسكەر سورىدى:

ــ قوماندان، ئۇلار چېكىنىشكە باشلىدى، قوغلاپ زەربە بېرەمدۇق؟

مالىشكوف ئېھتىيات قىلغان ھالدا:

— بەلكىم توزاق بولۇشى مۇمكىن، ئەڭ ياخشىسى قوغلىماڭلار،— دېدى. ليۇ جىبو قوشۇلغان هالدا:

— مەن قوشۇلىمەن، بىراق ئۇلارنىڭ بۇ قېتىم قېچىپ نەگە مۆكۈۋالىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ! مېنىڭچە بىر قىسىم تىك ئۇچارلار داۋاملىق ئۇلارغا قوغلاپ زەربە بەرسۇن، يەر يۈزى قىسىملىرى قوغلىسا بەك خەتەرلىك، يەنىلا ئەسلى جايىدا بۇرۇق كۈتسۇن. ئۇلارنىڭ قايتۇرما هۇجۇم قىلىشىدىن ئېهتىيات قىلايلى،— دېدى.

بايىۇتا يايلىقىدا ئۇخلاۋاتقان بىر توپ شىرلار تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كەتتى، يىراقتىكى توپا ـ چاڭنى كۆرۈپ قېچىشقا باشلىدى! سانسىزلىغان غەلتە مەخلۇقلار ئوتلاقتا ئەسەبىيلەرچە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى، يول پۈتۈنلەي غەلتە مەخلۇقلارنىڭ ئۆلۈكى بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىدى، ئاسماندا قوراللىق تىك ئۇچارلار ئېغىر تىپلىق پىلىموت ئارقىلىق قىلچىمۇ قارشىلىق كۈچى بولمىغان غەلتە مەخلۇقلارنى ئۆلتۈرەتتى. تۇيۇقسىز غەلتە مەخلۇقلار چېچىلىپ، هەر تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى، تىك ئۇچارلارمۇ دەرهال هەر تەرەپكە چېچىلىپ قوغلاپ ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. تېخى پۇخادىن چىققۇدەك ئاتمىغان ليۇتچۇك تۇيۇقسىز چىققان سوغۇق شامالدىن هەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى، بېشىنى كۆتۈرۈپ دەرىزىگە قاراپ، ئۇنىڭدا ياپ ـ يېشىل سۇيۇقلۇقلارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى، بۇ سۇيۇقلۇقلار ئوقتىن ساقلىنىش ئەينىكىنى تېز سۈرئەتتە ئېرىتىۋېتىپ باراتتى.

— تېز قايتىڭلار! هاۋاغا قارشى غەلتە مەخلۇقلار باركەن،— ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا، يەر ئاستىدىن تېخىمۇ كۆپ غەلتە مەخلۇقلار تېشىپ چىقىپ، سانسىزلىغان يېشىل سۇيۇقلۇقلارنى ئاسمانغا پۈركىدى.

ئاق نىل دەرياسىنىڭ بويى، بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ۋە ئازراق جۇڭگو، روسىيە ئەسكەرلىرى چۈشكۈن قىلىغان ئىدى، ئۇلار بۇ يەردە ئۈچ دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى قوغدايتتى. ئۇلارنى بۇ يەرگە ئەۋەتىشتە ماددىي ئەشيالارنى توشۇشقا ياردەملىشىش ۋە قوغداشتىن باشقا قىلغۇدەكمۇ ئىش يوق ئىدى. بىر ئامېرىكىلىق ئەسكەر M ـ 16 مىلتىقىنى تۇتقىنىچە بىكارچىلىقتىن بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چېكىشكە باشلىدى:

— بۇ يەرگە كېلىپ هەجەپ زېرىكتىم، مۇقەددەس ئا ق ش قىسىملىرى بۇ يەردە ترانسپورت ئەترىتى بولۇپ قالدى.

تۇيۇقسىز ئۇ يەر يۈزىنىڭ كۈچلۈك تەۋرەنگەنلىكىنى هېس قىلدى، يەر يۈزى يېرىلىپ غايەت زور يېرىق پەيدا بولۇپ، سانسىزلىغان غەلتە مەخلۇقلار يوپۇرۇلۇپ چىقىشقا باشلىدى! بۇ ۋاقىتتا ئامېرىكا ئەسكىرى جايىدا قىمىرلىماي كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىگە هاڭۋېقىپ قاراپ

قالدى.

ــ دۈشمەن ھۇجۇم قىلدى!ــ جۇڭگو، روسىيە ئەسكەرلىرى ۋاقىرىشىپ كەتتى.

## 32 ـ باب جاھانغا جاكارلاش

ئىستىراتېگىيىلىك ماددىي ئەشيالارنى قوغدايدىغان قىسىملارنىڭ ئادەم سانى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما تۇيۇقسىز ھۇجۇم ئالدىدا تەمتىرەپ نېمە قىلىشنى بىلمەي قېلىشتى. بىر قىسىم ئامېرىكا ئەسكەرلىرى «خامېر» ماشىنىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان پىلىموت ۋە تانكىغا قارشى مىناميوتلارنى ئېتىپ، جۇڭگو، روسىيە ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە جىنىنىڭ بېرىچە تىركەشمەكتە ئىدى، بىراق تېخىمۇ كۆپ ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ئالدىراقچان قوللىرىدىكى قوراللىرىنى تاشلاپ قېچىشقا باشلىدى! بىراق پۈتكۈل قىسىم غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ھۇجۇمىدا چېچىلىپ كەتكەچكە، ئۈنۈملۈك قايتۇرما زەربە بېرەلمىدى. غەلىتە مەخلۇقلارمۇ يېرىقتىن ئۈزۈلدۈرمەي چىقىشقا باشلىدى، ھەممە يەرنى ئېچىنىشلىق چىقىرىغان ئاۋازلار قاپلىدى! «گۇمباڭ!» قىلغان غايەت كۈچلۈك پارتلاش ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەسلىدە بىر قىسىم ئوق ـ دورىلار غەلىتە مەخلۇقلار پۈركىگەن كىسلاتالىق سۇيۇقلۇق تەسىرىدە پارتلىغان ئىدى. پۈتكۈل تەمىنات بازىسى بىردىنلا ئوت يالقۇنى ئىچىدە قالدى. ئوت يورۇقىدا غەلىتە مەخلۇقلار خۇددى دوزاختىن چىققان ئالۋاستىلاردەك كۆرۈنۈپ كەتتى، نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەرنىڭ كاللىسى توختاپ قالدى. گەرچە ئۇلارنىڭ ھەممىسى جەڭگە چىقسا ھەر ۋاقىت ئۆلۈمگە دۇچ كېلىدىغىنىنى بىلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى رەقىبى ئۆزىگە ئوخشاش ئىنسانلار بولۇپ، ئىلگىرىكى ئوققا قارشى كېلىدىغان ئۆلۈمدىن قىلچىمۇ قورقمايدىغان غەلىتە مەخلۇقلارغا ئوخشىمايتتى. كۈچلۈك كىسلاتا بەدەنگە چېچىلىش بىلەنلا دەرھال بەدەننى چىرىتىپ يوغان تۆشۈك ئېچىپ قوياتتى، ئەمما بۇ ۋاقىتتا ئادەم تېخى ئۆلمەيتتى، ئورغاققا ئوخشايدىغان بېلەك بىر پۇلاڭشىش بىلەنلا، ئادەم پارچە ـ پارچە بولۇپ كېتەتتى. يەر يۈزى پۈتۈنلەي غەلىتە مەخلۇق ۋە ئادەملەرنىڭ جەستى بىلەن توشقان بولۇپ، ئۇلار قىزىل، يېشىل ئارىلاشقان قان سۇيۇقلۇقىغا چىلىشىپ ياتاتتى!

ــ ئەبلەخ!ــ بەيىۋتا يايلىقىدىكى روسىيە قىسىملىرىنىڭ قوماندانى مالىشكوف دوكلاتنى ئېلىپ ئۈستەلگە بىرنى ئۇردى،ــ خاتالىشىپ قالمىغاندۇ؟ ئارقا سەپ بازىسىدىن بىر كۈن ئىچىدە ئۈچى يوقىتىۋېتىلدى! بىز يەنە سوقۇشامدۇق ـ يوق!

ليۇ جىبو خۇرسىنىپ قويۇپ:

ــ ھەي! بىز بەك بىخەستىلىك قىپتۇق! ھېلىمۇ ياخشى 23 ـ دېۋىزىيە بىلەن 2 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى قۇتقۇزۇش سىگنالىنى تاپشۇرۇۋېلىپلا ۋاقتىدا ئۇلگۇرۇپ بېرىپتۇ، بولمىسا ھازىر بىز يوتقان ـ كۆرپىمىزنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيگە قايتاتتۇق! جەڭدە غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەت بولۇپ تۇرىدىغان ئىش، بەك كۆڭلىڭىزگە ئېلىپ كەتمەڭ،ــ دېدى. مالىشكوف بۇنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ:

ــ توغرا! ھازىر بىز ۋاقتىنچە پەقەت چېكىنىپ تۇرۇپ، جەڭ سېپىمىزنى مۇستەھكەملىدۇق، دۆلەت ئىچىدىكىلەرمۇ بىزنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىغىنىمىزنى بىلىپ، قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇپ ئەكىلىشكە باشلىدى، بۇ ئەبلەخلەر بىلەن جەڭ قىلىش راستىنلا ئاۋارىچىلىقكەن،ــ دېدى. ليۇ جىبۇ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

ــ بىزنىڭ جۇڭگونىڭ قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرىمۇ توشۇپ كېلىنىۋاتىدۇ، ماددىي ئەشيالار توشۇپ كېلىنىشتىن بۇرۇن بىزنىڭ يەنە قىلىدىغان بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىق ئىشلىرىمىز بار! ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن نۇرغۇن ئامېرىكا ئەسكەرلىرى دۆلەتكە قايتىمىز دەپ غەلۋە قىلىۋاتىدۇ، پەقەت 23% كە يەتمىگەن ئەسكەرلەرلا بىزنىڭ چۈشەندۈرۈشىمىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قەپ قىلىپ داۋاملىق جەڭ قىلىشقا ماقۇل بولدى،ــ دېدى. مالىشكوف بۇنى ئاڭلاپ، ئورۇندۇقتا بېشىنى قاماللاپ ئولتۇرۇپ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:

ــ ئۇلارنىڭ كەتكۈسى بولسا كېتىۋەرسۇن، بەربىر ئۇ ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلغۇدەك ئىرادىسىمۇ قالمىدى، ئۇلارنى مەجبۇرىي ئېلىپ قالساق بىزگە يۈك بولىدۇ، ئەگەر توپىلاڭ كۆتۈرسە تېخىمۇ چاتاق بولىدۇ،ــ دېدى. ليۇ جىبو بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ دېدى:

ــ قوشۇلىمەن. ئەتە مەن ئۆزەم بېرىپ كېلەي.

ئافرىقىدىكى ئۇرۇش تەرەققىياتى ئويلىمىغان يەردىن توشقۇنلۇققا ئۇچرىغاندا، خەلقئارادىمۇ بىر نەچچە چوڭ ئىش يۈز بەردى! جۇڭگو، روسىيە، ئامېرىكا ئۈچ دۆلەت ئافرىقىغا ئەسكەر چىقىرىپ نەچچە كۈن ئۆتمەيلا، ئىسرائىلىيە بىلەن پەلەستىن ئۇرۇش توختىتىپ ئىككى يىلدىن كېيىن يەنە ئۇرۇشتى! سەۋەبى بولسا ئىسرائىلىيە پەلەستىنلىكلەرنى «ئىسرائىلىيە چېگرىسى ئىچىدە كۆپ قېتىم پارتلىتىش ۋەقەسى پەيدە قىلدى، پەلەستىنلىكلەر يەنە ئىسرائىلىيىدىكى بىر شەھەردە كىچىك تىپتىكى تاكتىكىلىق يادرو بومبىسىنى پارتلىتىپ 200 نەچچە ئادەمنىڭ ئۆلۈشىدەك ئېغىر ۋەقەنى كەلتۈرۈپ چىقاردى» دەپ ئەيىپلىدى، پەلەستىن ئىسرائىلىيىنى «ئۆزىگە تۆھمەت قىلدى، ئىسرائىلىيە چېگرىسى ئىچىدە يۈز بەرگەن بىر قاتار پارتلىتىش ۋەقەلىرىنىڭ ھەممىسىنى تېرورچىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان، پەلەستىن بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق!» دەپ ئەيىپلىدى. ھەر ئىككىسى «قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق» دېگەندەك

ئۆزلىرىنىڭ گېپىنى راست قىلالىتى، ئىككى دۆلەت ئاخىرى تىل ئۇرۇشىدىن ھەربىي ئۇرۇشقا تەرەققىي قىلىشتى! پەلەستىن ـ ئىسرائىلىيە چېگرىسىدا ئۆزئارا نەچچە ئون پاي زەمبىرەك ئېتىشتى، ئىسرائىلىيە بۇرۇنقىغا ئوخشاش تىك ئۇچار چىقىرىپ پەلەستىن بازىسىنى بومباردىمان قىلدى، پەلەستىنىنىڭ ئادەم بومبىلىرىمۇ ئىسرائىلىيىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ تۇردى، بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككىسىلا بېسىقىپ قالدى، چۈنكى جۇڭگو رەئىسى لى شياڭ، روسىيە ئەلباشى گروزىن، ئامېرىكا ئەلباشى فوبۇس بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ، ئىككى دۆلەتتىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئىشنى تېنچلىق شەكلى بىلەن ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى! ب د ت بۇ ئىشنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىقماي تۇرۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ چوڭ كۆلەملىك ھەربىي توقۇنۇش پەيدا قىلىشى چەكلەندى! بۇ بايانات ناھايىتى تېزلا ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى!

ـ 2010يىلى 29 ـ ئۆكتەبىر جۇڭگو جۇڭنەنخەي، دۆلەت رەئىسى لى شياڭ سىنلىق تېلېفوندا روسىيە ئەلباشى گروزىن ۋە ئامېرىكا ئەلباشى فوبۇس بىلەن ئافرىقىدىكى ھەربىي ھەرىكەت ۋە ئىسرائىلىيە بىلەن پەلەستىنىنىڭ زىددىيىتىنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى. يىغىندا لى رەئىس فوبۇسقا قاراپ:

ــ ئافرىقىدىكى قىسىملارنىڭ ئارقا سېپى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ چىقىم ئېغىر بولدى، بىز ماددىي ئەشيالارنى كۆپەيتىپ ئەۋەتتۇق، بىراق كۆپ سانلىق ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ جەڭ قىلىش ئىرادىسى قالمىدى. ھەممىسى دۆلەتكە قايتىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، بۇ بىر ئاۋارىچىلىق بولدى. مېنىڭچە ئۇلارنى دۆلىتىگە قايتۇرىۋەتسەك ياخشى بولغۇدەك،ــ دېدى. فوبۇس ئۇھ تارتىپ قويۇپ:

ــ بۇنى ئۇلاردىن كۆرگىلى بولمايدۇ، بىز ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇلاردىن يوشۇرۇپ ئۇلارنى ئەۋەتتۇق، ئەمەسمۇ؟ــ دېدى. لى رەئىس بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

ــ توغرا ئوتنى پاختىنىڭ ئىچىدە ساقلىغىلى بولمىغىنىدەك، بۇ ئىشمۇ ئاشكارىلىنىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. يەنە ئىسرائىلىيە بىلەن پەلەستىنىنىڭ ئىشىنىمۇ تەكشۈرۈپ بولدۇق، ئىسرائىلىيىدە پارتلىتىش ۋەقەسىنى پەيدا قىلغان ھېلىقى پەلەستىنلىك ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچان ئۆلۈپ كېتىپتىكەن، ئۇنىڭ مېڭىسىنى بىر پارازىت قۇرت ئىگىلىۋېلىپ، ماگىلايدىغان جەسەتكە ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ، بىز ھېلىقى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ قەستەن دۇنياغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ئۇرۇش قوزغاپ، بىزنى پاراكەندە قىلماقچى بولغانلىقىنى جەزىملەشتۈردۇق،ــ دېدى. روسىيە ئەلباشى ئاچچىقىدىن تىللىۋەتتى:

ــ ئەبلەخ! رەزىل چاكىنىلار!

ئىراق تەرەپتە سابىق ئەلباشى سادام ئىراقنىڭ قالدۇق قىسىملىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ باغداتقا

قستاپ كەلدى، بىز چوقۇم بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچ ئاجرىتىپ ئۇ تەرەپكە ئەۋەتمىسەك بولمايدۇ،ــ دېدى ئەلباشى فوبۇس ئاچچىقىدىن قىزارغىنىچە. لى رەئىس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

ــ ئەمەلىيەتتە، ئەلباشى كىچىك بوشنىڭ ئىراق جېڭىنى قوزغىغانلىقىنىڭ ئۆزىلا خاتا ئىدى! دەسلەپتە ئۇ ئىراقتا زور كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللار بار دېۋىدى، نەتىجىدە يوق بولۇپ چىقتى، ئۆرۈلۈپلا ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرغۇچى بولۇۋالدى. ئۇ بۇنداق قىلسا ئىراقلىقلارنىڭ قانداق ئويلايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىدى. ئاخىرىدا باشقىلار تەرىپىدىن مايمۇندەك ئەخمەق قىلىندى!ــ دېدى. گروزىن بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ دېدى:

ــ مانا بۇ نېمىشقا ئىراقنىڭ ھازىرغىچە ئىچكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى، ئىراق خەلقى سادامغا ئۆچ، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالغان ئامېرىكىغا تېخىمۇ ئۆچ!

فوبۇس قوشۇلغان ھالدا دېدى:

ــ مەنمۇ بىلمەن، بىراق ھازىر بۇ پاتقاققا پېتىپ قالدۇق، مېنىڭمۇ ئامالىم يوق.

لى رەئىس چوڭقۇر ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن دېدى:

ــ مېنىڭ ئامالىم بار، ئەمما سىز قوشۇلامسىز-قوشۇلمامسىز بىلمىدىم!

فوبۇس ئازراق ئۈمىد ئۇچقۇنىنى كۆرگەندەك بولۇپ:

ــ سۆزلەڭ، ئاڭلاپ باقاي،ــ دېدى. لى رەئىس ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ ھېلىلا سۆزلەپ ئۆتكىنىمدەك ئۇلار سىلەر ئامېرىكىلىقلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ، سادامنىمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ، بولمىسا بىز مۇنداق قىلايلى، بايانات ئېلان قىلىپ سابىق ئەلباشى كىچىك بوشنىڭ ئىراقتا كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللار بار دېگەن سۆزىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايلى، ئەمما سادامنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇشنى ساقلاپ قالايلى! ھازىر سادام قايتىپ كەلمەكچى بولغانىكەن، ئۇنداقتا بىز ئىراق خەلقىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقايلى، ئۇلار سادامنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى خالامدۇ-خالىمامدۇ كۆرۈپ باقايلى. ئەگەر ئىراق خەلقى خالىمىسا، بىزنىڭ جۇڭگو ئارمىيىسى يەنە بىر قېتىم ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئاغدۇرۇپ تاشلىسۇن، ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسى ئىراقتىن چېكىنسۇن! ھەمدە جەڭدىن كېيىنكى ئىراقنىڭ تېنچلىقىنى ساقلاش خىزمەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ب د ت ئۆتكۈزۈۋېلىپ بېجىرسۇن. بۇ گەپلەرنى بۇرۇن بولسا فوبۇسنى ئېيتىۋەتسىمۇ قوشۇلمايتتى، بىراق ھازىر مىللەت يوقىلىش تەھدىتىگە دۇچ كەلگەن فوبۇس نام-ئاتاق، مەنپەئەت، ھوقۇققا قىلچىمۇ قىزىقمايتتى! ئۇنىڭ بىردىنبىر قىزىقىدىغىنى بولسا يەر شارىغا تەھدىت سالغان غەلىتە مەخلۇقلارنى قانداق قىلىپ يوقىتىش ئىدى، شۇڭا ئۇ ناھايىتى تېزلا خۇشاللىق بىلەن جاۋاپ بەردى:

— چاتاق يوق، بىراق مەن خەلقنىڭ دىققەت نەزىرىنى بۇرايدىغان بەزىبىر ئىشلارنى قىلمىسام بولمايدۇ! دېموكراتىك پارتىيىدىكىلەر مېنى ھاقارەتلەيدىغان بۇنداق پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيدۇ.

لى رەئىس بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇ ياخشى چارە! دۆلىتىڭلارنىڭ قۇياش ئېنېرگىيىسى كرىستالىنى ئىمپورت باھاسىنى مەن ئاستىرىتتىن تەننەرخ باھاسىغا چۈشۈرۈپ بېرەي ھەمدە سىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىڭلارغا ھوقۇق بېرەي. ئۆلۈپ كەتكەن جەڭچىلەرنىڭ نەپىقە پۇلىنى مەن ئەلباشى گروزىن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئىككى دۆلەت بىر بۆلۈك مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيلى، ئامالىنىڭ بېرىچە ئەسكەرلەرنىڭ دەپنە ئىشلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيلى!— دېدى. فوبۇس ئاۋازى ئازراق پۈتكەن ھالدا سۆزلىدى:

— سىلەرگە كۆ... كۆپ رەھمەت، سىلەرگە قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن!

لى رەئىس بۇنى ئاڭلاپ يېنىككىنە ئۇھ تارتىپ قويۇپ:

— ئەرزىمەيدۇ، مەن راستىنلا ئازراق قايغۇرىۋاتىمەن!ئۆتكەن يىلى بىز تېخى رەقىپلەردىن بولۇپ، مەنپەئەت ئۈچۈن توختىماي ئۇرۇشقانتۇق، ھازىر ئۆلۈمگە يۈزلەنگەندىلا ئاندىن ئىتتىپاقلىششنى بىلدۇق،— دېدى. لى رەئىسنىڭ بۇ بىر جۈملە سۆزى يىغىن ئەھلىنى سۈكۈتكە چۆمدۈردى، لى رەئىس دەرھال ئېسىنى يىغىپ:

— كەچۈرۈڭلار، باياتىن ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماپتىمەن!— دېدى. گروزىن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھېچقىسى يوق، بۇمۇ بىر ھەقىقەت. بىزنىڭ ھازىرغا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز بولسا ئاشۇ تاجاۋۇزچىلارنى يوقىتىش! يالغۇز بىز ئۈچ دۆلەتنىڭ كۈچىگە تايانساقلا بولمايدۇ، بىز چوقۇم دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەر بىلەن بىرلىششىمىز لازىم!— دېدى.

2010-يىلى 3-نويابىر، جۇڭگو، ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ئىراق جېڭىگە قارىتا بايانات ئېلان قىلغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ بۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى ياخشى ئاتىقى سەۋەبىدىن نۇرغۇنلىغان ئىراقلىقلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى! لى رەئىسنىڭ ئويلىغىنىدەك ئىراقلىقلار سادامنىمۇ، ئۆز ئىشىغا يولسىز ئارىلاشقان ئامېرىكىلىقلارنىمۇ ياخشى كۆرمەيتتى، ئەمدىلىكتە ئامېرىكىنىڭ بارلىق قوشۇنى ئىراقتىن چېكىنىپ، ئورنىغا جۇڭگو قوشۇنى ئالماشتى! گەرچە بۇ ئىش ئامېرىكىدا ئۆكتىچى پارتىيىنىڭ ئەلباشى فوبۇسنىڭ ئامېرىكىنىڭ يۈزىنى چۈشۈردى دەپ تەنقىت قىلىشىغا سەۋەبچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئالىلقاچان بۇ ئۇرۇشتىن زېرىككەن ئامېرىكا قوشۇنى ئائىلە-تاۋاباتلىرى بۇنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگو، روسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ ئامېرىكىغا قىلغان ئىقتىسادىي ياردىمى ئاخىرى تۆۋەنلەۋاتقان ئامېرىكا ئىقتىسادىنى ئۆرلىتىشكە باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۆتىچى پارتىيىمۇ ئاغزىنى يۇمدى!

جۇڭگو قىسىملىرى تۇرۇۋاتقان ئىراقتا ھۇجۇم قىلىش ۋەقەلىرى يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ، لېكىن كۆپ قىسىم ئىراقلىقلار بۇرۇنقىدەك قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرمىدى، ناھايىتى تېزلا نۇرغۇن ئىراقلىقلار ئۆزلىكىدىن چارلاش ئەترىتى تەشكىللەپ جۇڭگو قىسىملىرىنىڭ چارلىشىغا ياردەملەشتى، سادامنىڭ قوشۇنىمۇ قايتىدىن ئىراقنىڭ شىمالىغا چېكىندۈرۈلدى! جۇڭگو، روسىيە، ئامېرىكا ئۈچ دۆلەتمۇ ئامېرىكىنىڭ ئافرىقىدىكى قوشۇنلىرى دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، دەرھال ب د ت يىغىنى ئېچىپ غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئىشىنى جاكارلاشنى قارار قىلدى!

يەر شارىدىكى ھەر بىر ئادەم ئۆز ھالى بىلەن قالغاندا، قۇياش سىستېمىسىنىڭ پلۇتون يېنىدا زور بىر تۈركۈم زېگېرنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنى توختاپ تۇراتتى. بىر نەچچە مېڭە قۇرتى يىغىن ئېچىۋاتاتتى، مېڭە قۇرتى:A

ــ يەر شارىدىكى جانلىقلارنىڭ ئۆزگىرىش تەتقىقات خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، ئۇ پىلانىتىدىكى جانلىقلار نىسبەتەن بەك ئاجىز بولغانلىقتىن، بەك چوڭ نەتىجە چىقمىدى،ــ دېدى. مېڭە قۇرتى:B

ــ قوشۇلمەن، بىز ئۇلارغا ئاللىقاچان تولۇق تەييارلىق قىلىشقا ئۇزاقراق ۋاقىت بەردۇق، ئۇلاردىن بىر قىسىملىرى كېتىپ بولغاندۇ! بۇنداق بولغاندا بېكىتلەرنىڭ يەنە دېگۈدەك گېپىمۇ قالمايدۇ، ھازىر كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىشىمىز كېرەك،ــ دېدى. مېڭە قۇرتى:C

ــ توختاپ تۇرۇڭ! مەن تەسادىپىي ئۇ پىلانىتتىن ئىلگىرى ياشىغان بەزىبىر كۈچلۈك جانلىقلارنى بايقىدىم، مەن بۇ خىل جانلىقلارنى ئۆزگەرتىپ بېقىشنى ئويلاۋاتىمەن،ــ دېدى. مېڭە قۇرتى:A

ــ بىزمۇ بىلىمىز، بىراق ئۇ جانلىقلارنىڭ پەقەت جەسىتىلا قالدى، ئۇ پىلانىتتا ئاللىقاچان نەسلى قۇرىدى!ــ دېدى. مېڭە قۇرتى:C

ــ ھېچقىسى يوق، بىز ئۇلارنىڭ گېنىنى كۆپەيتسەكلا، ئۇ جانلىقلارنى يېڭىباشتىن ياساپ چىقالايمىز. گەرچە ئۇلارنىڭ مېڭىسى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان بولسىمۇ، بىراق بەدىنى ناھايىتى كۈچلۈك. يەر شارىدا ھازىرقى ھېچقايسى جانلىق ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدۇ، بىز بەلكىم مول ھوسۇل ئېلىشىمىزمۇ مۇمكىن،ــ دېدى. مېڭە قۇرتى:B

ــ ...... بولىدۇ، بەربىر بىزنىڭ ۋاقتىمىز يېتىپ ئاشقۇچە بار، يەنە ئازراق كەيىنگە سۈرسەكمۇ ھېچقىسى يوق! ھېلىقى جانلىقلارنىڭ ئىسمى نېمىكەن؟ــ دېدى. مېڭە قۇرتى:C

ــ مەن پەقەت ھېلىقى ئىنسانلارنىڭ ئۇلارنى دىنوزاۋور دەپ ئاتايدىغانلىقىنىلا بىلىمەن،ــ دېدى.

## باب بىر ئىسىم ـ 33

ـ 2010يىلى 5 ـ نويابىر، مىسىر قاھىرە خەلقئارا ئايروپورتىدىن ئۇچقان توشۇغۇچى ئۇچقۇدا ئافرىقا ئالدىنقى سېپىدىن قايتقان ئەسكەرلەر ئولتۇراتتى، بۇ ئەسكەرلەر ئۇچقۇدا غەلىتىلا جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى، يۈزلىرىدىن ئىشىنەلمىگەندەك ھېسسىيات ئىپادىلىنەتتى. بۈگۈن يەنە جۇڭگونىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قىلغان ياردىمى ئاستىدا روسىيىنىڭ تۆت دانە ئالەم كېمىسى پۈتۈپ، جۇڭگودىن كېيىنكى ئالەمگە يۈرۈش قىلغان 2 ـ دۆلەت بولۇپ قالدى. روسىيە ئەلباشى گروزنىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو دۆلەت رەئىسى لى شياڭ ۋە ئامېرىكا ئەلباشى فوبۇسلار روسىيە پايتەختى موسكۋانىڭ شىمالىدىكى ئالەم كېمىسى قويۇپ بېرىش بازىسىغا كېلىپ، ئالەم كېمىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى كۆردى. بازىنىڭ ئەتراپىغا ئادەملەر لىققىدە تولۇپ كېتىشكەن ئىدى. نۇرغۇن روسىيىلىكلەر تۈنۈگۈن كەچتىن باشلاپلا بۇ يەردە ئىنچىل كۈتۈپ، بۈگۈنكى ئالەم كېمىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى كۆردى! دەل چۈش سائەت 12 دە روسىيە ئەلباشى گروزنىن، جۇڭگو رەئىسى لى شياڭ، ئامېرىكا ئەلباشى فوبۇس قاتارلىقلار دەل ۋاقتىدا بازىغا كەلدى. ئۈچ دۆلەت رەھبەرلىرى قىسقىغىنە سۆز قىلغاندىن كېيىن مۇراسىم رەسمىي باشلاندى. 12:40 تا تۆت دانە ئالەم كېمىسى بازىدىن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلدى. «5،4،3،2،1، ئۇچسۇن!» دېگەن بۇيرۇق بىلەنلا، تۆت دانە ئالەم كېمىسى يەردىن ئايرىلىپ ئالەم بوشلۇقىغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى، مەيداندىكى روسىيىلىكلەرنىڭ ئالقىش سادالىرى پەلەككە ياڭرىدى! بىر دەم ئۇچقاندىن كېيىن ئالەم كېمىلىرى جۇڭگونىڭ ئاي شارى بازىسىغا يېتىپ كەلدى. ئاي شارى بازىسىدىكى خادىملار ئالللقاچان كۈتۈۋېلىش تەييارلىقىنى پۈتتۈرگەن ئىدى» .روسىيە ئالەم كېمىلىرى بىخەتەر يېتىپ كەلدى!» دېگەن خەۋەر ئاي شارى بازىسىدىن كەلگەندىن كېيىن، لى رەئىس باش بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ چاۋاك چالدى. گەرچە روسىيىدە ھازىر سوغۇق قىش پەسلى بولسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن روسىيىلىكلەر خۇشاللىقتىن پەلتۇ، شلەپىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشتى. قىشنىڭ سوغۇقى كىشىلەرنىڭ قىزغىن كەيپىياتى ئىچىدە بىلىنمىدى، مۇراسىمدىن كېيىنكى كەچلىك زىياپەتتە لى رەئىس كۆلۈپ تۇرۇپ قەدەھ سۆزى قىلدى :

ــ مەن بارلىق جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن دۆلىتىڭىزلارنىڭ ئالەم كېمىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى تەبرىكلەيمەن !

گروزنىن ۋە فوبۇسلار خۇشال ھالدا قەدەھ كۆتۈرۈشتى، ئۈچەيلەن رۇمكىنى بىر قېتىمدىلا قۇرۇقدىۋەتتى، گروزنىن كۈلۈپ تۇرۇپ :

ـــ بۇ قېتىم بىز روسىيە بەش ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تۆت ئالەم كېمىسىنى پۇتتۇردۇق، بۇنىڭدا، ئەلۋەتتە، سىلەر جۇڭگونىڭ پۇتۇن كۈچۈڭلار بىلەن ياردەم بەرگەنلىكىڭلارغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز، ــ دېدى. لى رەئىس:

ــ بۇلار تېخى يەتمەيدۇ، بىز ئىككى دۆلەتنىڭكىنى قوشساق ئاران 12 ئالەم كېمىسى بولىدۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ 84000 دىن كۆپرەك ئادەم سىغىدۇ، بۇ تېخى يەتمەيدۇ، بىز يەنە تېخىمۇ كۆپ ئالەم كېمىلىرىنى ياسىمىساق بولمايدۇ! ــ دېدى جاۋابەن.

ــ دېموكراتىك پارتىيىسىنىڭ توسقۇنلۇقى سەۋەبىدىن مەن ئاجراتقان مەبلەغتە ئاران ئىككىلا ئالەم كېمىسى ياسىغىلى بولىدۇ، ئاشۇ ئەبلەخلەر ھازىرغىچە كرىزىسنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلمەي، ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىۋاتىدۇ، بىز خەۋەرنى جاكارلىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يەنە قانداق گەپ قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باققۇم بار، ــ دېدى فوبۇس ماقۇللىغان ھالدا. لى رەئىس سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ ھازىر ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنى توشۇغان ئۇچقۇلار بەلكىم ئامېرىكىغا بېرىپ بولغاندۇ، ئەتە بىز خەۋەرنى خەلققە جاكارلايمىز، سىلەر تەييارلىنىپ بولدۇڭلارمۇ؟

گروزىن بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

ــ ئاللىقاچان تەييارلىنىپ بولدۇق، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدا قالايمىقانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇپ بولدۇق، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىمۇ زور بىر تۈركۈم مەبلەغ يۆتكەپ، پۇل مۇئامىلە مەسىلىسىگە تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىنىپ بولدى، ــ دېدى. فوبۇسمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

ــ ب د ت نىڭ باش شتابىنىڭ قوغدىلىشى كۈچەيتىلدى، مەن خەۋەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئەگەر كىم غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ تاجاۋۇز قىلغانلىق خەۋىرىدىن پايدىلىنىپ زوراۋانلىق ۋە باشقا قانۇنسىز ۋاستىلەردىن پايدىلىنىشقا جۈرئەت قىلىدىكەن، بىردەك ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردۈم. ھازىر بىز يەنە ئىچكى ئۇرۇش قىلىشساق بولمايدۇ! ــ دېدى. سۆز ئاخىرلىشىپ ئۇچەيلەن جىمىپ كېتىشتى، ئەتە دۇنيا قانداق بولۇپ كېتەر؟

ئافرىقا رايونىدىكى ئالدىنقى سەپ جەڭ مەيدانىدا ئېتىشىش قىزىپ كەتكەن ئىدى.

ــ سول يېنىڭلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار، ئۇلار ھوجۇم قىلىپ كېلىۋالمىسۇن! ــ ئالدىنقى سەپتىكى بىر قوماندان بىر تەرەپتىن ئاتقاچ ۋاقىرىدى. بىز غەلىتە مەخلۇق بىر بىرونېۋىكنى ئۆرۈۋەتكەندىن كېيىن سەكرەپ كەلدى. ئۆتكۈر پىچاقتەك بېلىكى بىلەن بىر ئەسكەرنىڭ سول قولىغا شىلتىدى، ئىسسىق قان كېسىلگەن بىلەكتىن ئېتىلىپ چىقتى. بىر نەچچە ئەسكەر دەرھال پىلىموت بىلەن غەلىتە مەخلۇقنى ئېتىپ ھەرە كۆنىكىدەك قىلىۋەتتى ۋە يارىلانغان

ئەسكەرنى تارتىپ ئەكىلىۋالدى .

ــ دوختۇر! تېز كەلگىن!ــ بىر جەڭ دوختۇرى بۇنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنى ئاددىيغىنە تېڭىپ قويۇپلا يەنە بىر يارىدارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەتتى. ئاسماندا تىك ئۇچارلار پەيدا بولغاندا، بارلىق غەلىتە مەخلۇقلار ئەسكەرلەرنى تاشلاپ چېكىنىپ قېچىشقا باشلىدى. يەردە پەقەت جەسەت ۋە قانلارلا قالغان ئىدى. تىك ئۇچارلاردىكى ئەسكەرلەر بۇنى كۆرۈپ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرى قېچىپ كەتكەن غەلىتە مەخلۇقلارنى قوغلىماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى، بىراق ئۇ غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ئۆز ھەمراھلىرىنى ئەسەبىيلەرچە قىرغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەندە ئۇلارنىڭ ناھايىتى تېز قېچىپ سايىسىمۇ كۆرۈنمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى ئاچچىقلىنىشتى! بەزى تىك ئۇچار لېۋتچىكلىرى بۇيرۇققىمۇ قارىماستىن جېنىنىڭ بېرىچە ھېلىقى غەلىتە مەخلۇقلارنى قوغلاپ زەربە بەرگەن بولسىمۇ، بىراق بىرىمۇ تىرىك قايتىپ كەلمىدى، ئەڭ ئاخىرىدا يايلاقنىڭ ئىچكىرىسىدە ئۇلارنىڭ چىرىگەن جەستى ۋە بىلەن ئۇچقۇلارنىڭ پارچىلىرى تېپىلدى .

ئارقا سەپ قوماندانلىق ئۆيىدە لىۋ جىبو تىتىلدىغىنىدىن ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرەتتى، چۈنكى بۇ بىرنەچچە كۈندە غەلىتە مەخلۇقلار توختىماستىن پاراكەندىچىلىك سېلىپ ھۇجۇم قىلىپ، بۇ يەردىكىلەرنى ھەر كۈنى ئاران ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق ئارام ئالغۇزمىدى. مالىشكوف كىرىپ كېلىپ :

ــ ئۇلار چېكىندى، بىز ھازىر مۇداپىئە سېپىمىزنى مۇستەھكەملەۋاتىمىز،ــ دېدى. لىۋجىبو ئولتۇرغاندىن كېيىن سورىدى :

ــ بۈگۈن ئۇلار قانچە قېتىم ھۇجۇم قىلدى؟

ــ بۇنىڭدەك پاراكەندىچىلىك جېڭىدىن ئالتە قېتىم بولدى، بۇنداق كېتىۋەرسەك، ئۇلار ئۆلتۈرۈۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ، جەڭچىلىرىمىز ھېرىپ ئۆلىدۇ!ــ دېدى مالىشكوف خۇرسىنىپ تۇرۇپ. لىۋ جىبو بېشىنى تۇتقىنىچە بىر دەم ئويلانغاندىن كېيىن :

ــ ھېلىقى نەرسىلەر بومباردىمانچى ئۇچقۇلارنى كۆرسىلا دەرھال قېچىپ قارىسىنىمۇ كۆرسەتمەيۋاتىدۇ، ھەممە يەردە بىزنىڭ تەمىنات بازىلىرىمىزغا ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ! ماۋ رەئىسنىڭ «دۈشمەن ھۇجۇم قىلسا چېكىنىمىز، دۈشمەن توختىسا بىز پاراكەندە قىلىمىز، دۈشمەن ھارسا بىز ئۆلتۈرىمىز، دۈشمەن چېكىنسە بىز قوغلايمىز» دېگىنىنى ئۇلار تېگى ـ تەكدىن جارىي قىلدۇردى،ــ دېدى. مالىشكوف كۈلۈپ قويۇپ :

ــ بىراق بىزمۇ ئۇلار بىلەن ئوينىشىپ بولدۇق. بۇ بىر نەچچە قېتىملىق ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، مەن ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىنىڭ چوقۇم بىزنىڭ پۇت ئاستىمىزدا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن، يەنىلا ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىنى يوقىتىپ، ئاندىن

ئاستا ـ ئاستا قالغان قالدۇقلىرىنى يوقىتايلى ،ــ دېدى. ليۇ جىبو بۇنى ئاڭلاپ :

ــ يەر ئاستىدا دېدىڭىزما؟ جەزىملەشتۈرەلەمسىز؟ــ دېدى. مالىشكوف بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ :

ــ پۈتكۈل ئافرىقىنى ئىزدەپ قېزىۋەتتۇق، بىردىنبىر بارمىغان يېرىمىز يەر ئاستى!ــ دېگەچ بىر دوكلاتنى ئۇزاتتى. ليۇ جىبو ئېلىپ بىردەم كۆرگەندىن كېيىن :

ــ ئەگەر دوكلاتتا خاتالىق بولمىسا ئۇلار يەر ئاستىدىكى 600 نەچچە مېتىر چوڭقۇرلۇققا يۇشۇرۇنۇۋاپتۇ. يەر ئاستى ئۆڭكۈرگە كىرىپ ئۇلارنى يوقىتىش ئاۋارىچىلىقككەن! قارىغاندا پەقەت «يەر تېشەر ئەجدىھا» ئەسكەر توشۇش ماشىنىسى بىلەن چۆشىسەك بولىدىغان ئوخشايدۇ!ــ دېدى .

جۇڭگو مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئافرىقا قىسىملىرىنىڭ غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ئافرىقىدىكى ئۇۋىسىنىڭ بايقالغانلىقى، زور بىر تۈركۈم «يەر تېشەر ئەجدىھا» ئەسكەر توشۇش ماشىنىسىغا ئېھتىياج ئىكەنلىك خەۋىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدى! روسىيەمۇ زور بىر تۈركۈم كىچىك تېپتىكى تاكتىكىلىق يادرو بومبىلىرىغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىك خەۋىرىنى تاپشۇرۇۋالدى .

ـ 2010يىلى 6 ـ نويابىر، ئافرىقا ئالدىنقى سېپىدىن ۋەتەنگە قايتقان ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ بايانىغا ئاساسەن، غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىك خەۋىرى بىر قىسىم تاراتقۇلار ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەر قايسى چوڭ ـ كىچىك كوچىلىرىغا تارقالدى، بۇ خەۋەر دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر خەلقىنىڭ تاماقتىن كېيىن دېيىشىدىغان گېپىگە ئايلاندى. مۇخبىرلار بولسا ۋەتەنگە قايتقان ئەسكەرلەرنىڭ تۇرالغۇسىنى تەرەپ ـ تەرەپتىن قورشىۋالدى، يەرلىك ساقچىلار ئامالسىز بىر بۆلۈك ساقچى كۈچى ئاجرىتىپ تەرتىپ ساقلىدى. ب د ت نىڭ باش شتابى بىناسىنىڭ ئاستىدا زور بىر تۈركۈم پارتلاشتىن ساقلىنىش قىسىملىرى يىغىلىپ تەرتىپ ساقلاپ، بارلىق مۇخبىرلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشىك سىرتىدا توسىۋالدى. بۇ قېتىمقى يىغىن سەل ئالاھىدىرەك ئىدى، چۈنكى ئەمدىلا مەڭگۈلۈك ھەربىي ھەمكارلىق توختىمى تۈزگەن ئۈچ دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى شەخسەن ئۆزى يىغىن مەيدانىغا كەلگەن ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ، دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ۋەكىللىرىنىڭ چوقۇم يىغىنغا قاتنىشىشىنى ئۈمىد قىلىشقان ئىدى. بۇ بۇ يىغىننى تېخىمۇ سىرلىقلاشتۇرىۋەتكەن ئىدى. يىغىندا لى رەئىس تۇنجى بولۇپ ئېغىز ئاچتى :

ــ مېنىڭچە بۇ يەردە ئولتۇرغان ھەممىڭلار سىرتتا تارقىلىپ يۈرگەن غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ تاجاۋۇز قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدىڭلارغۇ دەيمەن، شۇنداق، خاتاسى يوق، بۇ ھەقىقەت ! لى رەئىسنىڭ بۇ گېپى بىلەن پۈتۈن يىغىن مەيدانى يېرىم سائەتتەك جىمىپ كەتتى، يىغىن مەيداندىكى ھەممەيلەن خۇددى تاشقى پىلانىتلىقلارغا قارىغاندەك لى رەئىسكە قاراپ

قېلىشقان ئىدى، بىر دەمدىن كېيىن يىغىن مەيدانى قايناپ كەتتى. لى رەئىس سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ بۇ ھەقىقىي ئىشقا ئىشىنەلمەيۋاتىسىلەر، بىراق بۇ ئىش ھەقىقەتەنمۇ راست.

سۆزى تۈگەش بىلەنلا تامدىن بىر ئىكران چۈشتى، ئىكراندا ئافرىقا جەڭ مەيدانىدىكى قىسىملارنىڭ غەلىتە مەخلۇقلار بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشى ۋە ئامېرىكا «لېكسىتون» ناملىق ئاۋىئاماتكىسىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندىكى كۆرۈنۈشلىرى كۆرۈندى، ئاندىن گلوبۇسنىڭ تەسۋىرى يىغىن زالىنىڭ ئوتتۇرىدا كۆرۈندى، گروزىن گلوبۇستىكى يېشىل رەڭلىك جايلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ تولۇقلىما بەردى:

ــ بۇ يېشىل رەڭلىك جايلار غەلىتە مەخلۇقلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان جايلارنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇ رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى گۈررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى، برازىلىيە ۋەكىلى بىر نېمىنى ئېسىگە ئالغاندەك بولۇپ:

ــ توغرا، بىزنىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىدا كېمىلەرنىڭ يوقاپ كېتىش ۋەقەسى دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، نۇرغۇن يەرلىك بېلىقچىلارنىڭ ھەممىسى دېڭىزدا ئالۋاستى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى،ــ دېدى. برازىلىيە ۋەكىلىنىڭ بۇ گېپى بارلىق يىغىن ئەھلىنى سوغۇق تىترىتىۋەتتى!

لى رەئىس ئارقىدىنلا:

ــ ھەرقايىسىڭلار ئالدىنقى قېتىم دېڭىز ئاستى تەجرىبىخانىسىنىڭ قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغانلىق ۋەقەسىنى بىلىسىلەرغۇ دەيمەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنى تېرورچىلار پەيدا قىلماستىن، مۇشۇ غەلىتە مەخلۇقلار پەيدا قىلغان،ــ دېدى. ئەنگلىيە ۋەكىلى ئورنىدىن تۇرۇپ سورىدى:

ــ ئۇنداقتا، سىلەر نېمىشقا ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى يوشۇرۇپ، يالغاننى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنى ئالدايسىلەر؟ سىلەرنىڭ نېمە غەرىزىڭلار بار؟

ئامېرىكا ئەلباشى فوبۇس ئاچچىقلانغان ھالدا:

مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئەگەر ئاشۇ چاغدا راستىنى دېسەك، جەمئىيەتنىڭ داۋالغۇشى ۋە ئالاقزادىلىك كېلىپ چىقاتتى، بىزمۇ دۈشمەننى بەك ئاجىز چاغلاپ، پەقەت بىز ئۈچ دۆلەتنىڭ كۈچىگە تايىنىپلا يەر شارىدىكى غەلىتە مەخلۇقلارنى يوقىتالايمىز دەپ ئويلاپتىمىز، بىراق ئۇلارنىڭ كۈچى بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. مىتروئىتنىڭ يەر شارىغا سوقۇلۇش ئىشىنىمۇ ئاشۇلار كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئەينى چاغدا تېخى بىز بىلەن دۈشمەن ھالىتىدە تۇرغان جۇڭگو بىزنىڭ ئامېرىكىدىكى 100 مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنى قۇتقۇزۇپ قالغان ئىدى. ئەينى چاغدا ئۇلارنىڭ بىز بىلەن كارى بولمىسىمۇ پۈتۈنلەي بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار خەۋەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئالەم كېمىسى ياساش ئۇسۇلىنى ئېلان قىلىپ،

بىزنىڭ ئاشۇ غەلىتە مەخلۇقلارغا قارشى تۇرۇشىمىزغا ياردەملەشتى، مېنىڭچە، ھازىر بىزنىڭ ئىچكى بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان ۋاقتىمىز ئەمەس!ــ دېدى. يىغىن ئەھلىنىڭ بەلكىم ئامېرىكا ئەلباشىنىڭ بۇنچىلىك ئاچچىقلانغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى بولۇشى مۇمكىن. ئەنگلىيە ۋەكىلىمۇ جايىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. لى رەئىس سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ كۆپچىلىك، بۇرۇن قانداق ئىش يۈز بەرگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، بىز ئىنسانلارنىڭ شەخسىي ئۆچ ـ ئاداۋىتى بوگۈندىن باشلاپ توگىسۇن، بىزنىڭ ھازىر دۈچ كەلگىنىمىز بىز بارلىق ئىنسانلارنى يوقىتىشنى ئويلايدىغان دۈشمىنىمىزدۇر، ئەجەبا، ھازىرغا كەلگەندىمۇ بىز يەنە ئۆز ئارا قىرغىن قىلىشامدۇق؟

ھەممەيلەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يېنىدىكى باشقا دۆلەت ۋەكىلىگە قاراپ قويۇپ سۈكۈتكە چۆمدى، لى رەئىس ئاستا ـ ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ بىز ئىنسانلارنىڭ 5000يىلدىن ئارتۇق تارىخىنى باشقىلار ئۇرۇش تارىخى دەيدىكەن. كىچىككىنە مەنپەئەت، ھوقۇق ھەتتا دۆلەت تەۋەلىكى، دىنىي ئېتىقادى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن ئۆز ئارا قىرغىن قىلىشتۇق، بۇ ئەرزىمدۇ؟ بىر قىسىم ئۇچىغا چىققان ناتسىست ئۇنسۇرلار ئۆزلىرىنى ئىلاھ تاللىغان مىللەت، باشقا رەڭلىق ئىرقتىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەك دەۋالدى، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ غەلىتە مەخلۇقلار ئالدىدا نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقتىمۇ؟ بىز بىر شەھەرنى ۋەيران قىلغۇدەك قورالغا ئىگە بولۇپ، ئەتراپىمىزدىكى باشقىلارغا تەھدىت سېلىۋاتقان چېغىمىزدا، ئالەمنىڭ ئىچكىرىسىدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ نەزىرىدە بۇ پەقەت بىر ئويۇنچۇق خالاس. بىز ئىنسانلار باشقا جانلىقلارنى يوقىتىپ يەرشارىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا ئۆزىمىزنى تەڭداشسىز دەپ قارايمىز، بۇ بەك كۈلكىلىك. ھازىر ئالەمنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىزدىن كۈچلۈك مىللەتلەرنىڭ سانىنى بىلگىلى بولمايدۇ، بىز يەنە ئۆزىمىزنىڭ كۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئېتىپ يۈرسەك بولمايدۇ!

گروزىن ۋاقىرىدى:

ــ بىز ئۆزىمىزنىڭ ئاشۇ ئەخمىقانە جېڭىمىزنى توختىتىشىمىز كېرەك، ئەگەر بۇ يەردە ئولتۇرغانلاردىن ئۆز دۆلىتىنىڭ ئارمىيىسىنى كۈچلۈك دەپ قارايدىغانلار بولسا، ئاشۇ غەلىتە مەخلۇقلار بىلەن بىر سوقۇشۇپ باقسۇن، سىلەرنىڭ ئىلغار دەۋالغان قوراللىرىڭلارنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدىدا بىر تېپىككىمۇ يارىمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقاي!

بىر دەملىك سۈكۈتتىن كېيىن، ئەنگلىيە ۋەكىلى جىمجىتلىقنى بۇزدى:

ــ مەن باش ۋەزىرىمىزنىڭ قوشۇلىدىغان ـ قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلمىسەممۇ، ئەمما مەن روسىيە ئەلباشىنىڭ سۆزىگە قوشۇلىمەن، مېنىڭچە بىز جەڭنى توختىتىشىمىز لازىم.

بەزىلەرنىڭ پىلتىگە ئوت يېقىشى بىلەن، باشقا دۆلەت ۋەكىللىرى بەس ـ بەستە قوللىرىنى

قوشلاپ كۆتۈرۈشتى، پەلەستىن ۋە ئىسرائىلىيە ۋەكىللىرى ئۆزئارا قارىشىۋەتكەندىن كېيىن، بىر ئۇھ تارتىشىۋېتىپ، قوللىرىنى كۆتۈرۈشتى. ب د ت باش كاتىپى بۇنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ يىغلاپ كەتتى! پۈتۈن دۇنيا! شۇنداق! پۈتۈن دۇنيا ۋەكىللىرىنىڭ ھەممىسى ئىككىلا قولىنى كۆتۈرۈشتى، ئىنسانلار تۇنجى قېتىم بىرلىككە كەلدى! ئەمما كىشىنى قايغۇرتىدىغىنى شۇكى، بىز ئۆلۈم ئالدىدىلا ئاندىن بىرلىككە كەلگەن ئىدۇق .

ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، ھاياجانلانغىنىدىن مۇنبەرگە چىقىپ سۆزلىدى :

ــ بىز ئىنسانلار 5000يىلدىن ئارتۇق قانلىق تارىخنى باشتىن كەچۈرۈپ، بۈگۈن ئاخىرى بۇ تارىخقا خاتىمە بەردۇق! يەر شارىدا بىزنىڭ رەڭ، دۆلەت، ئىرق پەرقىمىز قالمىدى. بىز بۇندىن كېيىن ھەرگىز ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلمايمىز، بىزنىڭ بىرلا ئورتاق ئىسمىمىز بار، ئۇ بولسىمۇ يەرشارىلىقلار!

## باب ئىنسانىيەتنىڭ ئىززەت ـ ئابرويى ـ34

ـ 2010يىلى 6 ـ نويابىر، يەرشارىدىكى بارلىق دۆلەتلەر بىرلىككە كەلدى. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىر كۈن ئۆتۈپلا، پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيە ئۇرۇش توختاتقانلىقىنى جاكارلىدى، كىشىنىڭ ئويلىغىنىدەك، پەلەستىن ۋە ئىسرائىلىيە ئىككى دۆلەتنىڭ باشلىقلىرى تېلېۋىزىيە نۇتقى سۆزلەپ ئۆزئارا ئەپۇ سوراشتى. ب د ت ياپونىيىگە بولغان ھەربىي جازانى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ پەقەت كىچىك كۆلەملىك قوغدىنىش ئەترىتىگە ئىگە بولۇشىغا يول قويدى، ياپونىيىنى نازارەت قىلىۋاتقان ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ياپونىيىدە تۇرۇشلۇق قوشۇنى ۋاقتىنچە چېكىندۈرۈلمەيدىغان بولدى. دۇنيانىڭ نۇرغۇن رايونلىرىدىكى ھەربىي توقۇنۇشلار تىنجىدى، ھەرقايسى دۆلەتلەردە زور تۈركۈمدە ئالەم كېمىسى ياساش شاملى كۆتۈرۈلدى. جۇڭگو، روسىيە، ئامېرىكا ئۈچ دۆلەت ھەر قايسى ئەللەرگە ئالىم ۋە تېخنىكلارنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى، دۇنيا خەلقى ئۇنچە ھەيران قالغاندەك ئەمەس ئىدى، چۈنكى بۇ بىر يىلدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشلار بەك كۆپ بولۇپ كەتكەن ئىدى !

ـ 2010يىلى 9 ـ نويابىر كەچ، بېيجىڭ شەھىرىدە نۇرغۇن شەھەر خەلقى تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئادەتتى بويىچە سائەت 7 دە بېرىلىدىغان خەۋەرلەر پروگراممىسىنى (مەملىكەت

خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر بولسا كېرەك، نىدادىن) كۆرمەكچى بولۇپ تۇراتتى، ئەمما بۈگۈنكى دىكتور قايغۇرغان قىياپەتتە قىسقىغىنە بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلدى:

— بۈگۈن ئالاھىدە بىر خەۋەرنى ئاڭلىتىمىز، دۆلەت رەئىسى لى شياڭ پۈتۈن مەملىكەن خەلقىگە مۇھىم بىر ئىشنى ئۇقتۇرىدۇ.

تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرغانلار بۇنى ئاڭلاپ جىددىيلىشىشكە باشلىدى:

— يەنە ئۇرۇش قىلمايدىغاندىمىز؟— دەپ ئويلىدى بىر شەھەر ئاھالىسى. بىر دەمدىن كېيىن ئېكراندا خەلق سارىيىدىكى مۇنبەردە لى رەئىسنىڭ سۆزلەۋاتقان كۆرۈنىشى كۆرۈندى:

— پۈتۈن مەملىكەتتىكى بارلىق قېرىنداشلار، بۈگۈن مەن سىلەرگە ھەم خۇشخەۋەر، ھەم شۇم خەۋەر ئېلىپ كەلدىم. خۇشخەۋەر بولسا ئىنسانلار ئۇرۇش توختاتتى، جاھان ئۇرۇشى دېگەن بۇ سۆز لۇغەتتىن مەڭگۈلۈك ئۆچۈرۈلدى. بۇنىڭدىن مەن ئىنتايىن خۇشاللىنىۋاتىمەن ھەم ھاياجانلىنىۋاتىمەن! بىراق شۇم خەۋەر بولسا تاشقى پىلانىت ئادەملىرى بارمۇ-يوق؟ دېگەن سوئالغا ئېنىق جاۋاپ تېپىلدى، بىزنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مارستىكى ئالەم كېمىسى پونكىتىنىڭ يېنىدىكى بىر ئالەم كېمىسىنىڭ قايتۇرغان ئۇچۇرىدىن قارىغاندا، باشقا تاشقى پىلانىتلىقلار تەرىپىدىن زېگېر دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئېرىق پىلۇتونىنىڭ يېنىدا تۇرىۋېتىپتۇ. بەختكە قارشى، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ قۇياش سىستېمىمىزغا كېلىشى ھەرگىزمۇ تېنچلىق ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى بىزنى يۇرت-ماكانىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىپ، پۈتكۈل يەرشارىنى مۇستەقىل ئىگىلەش ئىكەن!

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە لى رەئىسنىڭ ئاۋازى چىقماي قالدى. بۇ ۋاقىتتا پۈتكۈل بېيجىڭ شەھىرى، ياق، پۈتكۈل جۇڭگو جىمىپ قالدى! كىشىلەر ئىشەنمىگەن ھالدا تېلېۋىزور ئىكرانىغا قاراپ قالغان ئىدى.

— ھازىر خەۋەرلەر پروگراممىسى بېرىلىدىغان چاغ ئىدىغۇ!— بىر قىسىم شەھەر ئاھالىلىرى ئۆزلىرىدىن قانالنى خاتا يۆتكەپ فانتازىيىلىك فىلىم كۆرۈۋاتامدىم -قانداق؟ دەپ گۇمانلىنىپ قېلىشتى. لى رەئىس بىردەم سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەمەلىيەتتە ئالدىنقى قېتىمدىكى مېتروئىتنىڭ يەرشارىغا سوقۇلۇش ۋەقەسىنىمۇ ئاشۇلار كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر قايسى دۆلەتلەردە كېمىلەرنىڭ يوقاپ كېتىش ۋەقەلىرى، ئوۋ ئوۋلىغۇچىلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسى يۈز بېرىپ تۇردى، ئەمەلىيەتتە دېڭىز ئاستى تەجرىبىخانىسىدىكى خادىملارنىڭ قىرغىنچىلىققا ئۇچراش ۋەقەسىنى ھەرگىزمۇ تېرورچىلار كەلتۈرۈپ چىقارمىغان، ھەممىسىنى زېگېرلار بىر قوللۇق كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئافرىقا جېڭىنىڭ ئاساسلىق مەقسىدى دەل يەرشارىدىكى زېگېرنىڭ قوشۇنلىرىنى يوقىتىش، بىز ئەمەلىيەتنى قەستەن يوشۇرمىدۇق، كۆپچىلىكنىڭ پات-پاراق بولۇپ

كېتىشىنى كۆرۈشنى خالىمىدۇق، لېكىن ھازىر بالا ـ قازا قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا قالدى، شۇڭا مەن بۇلارنى دېمىسەم بولمىدى .
سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقانلارنىڭ يېرىمى ئالىلىقاچان ھۇشىدىن كېتىپ يىقىلغان ئىدى. جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىلىرىنىڭ ئاۋازى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزغان ئىدى. لى رەئىس سۆز ئۇرانىنى كۈچەيتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :
ــ بىز جۇڭخۇا خەلقى ئەزەلدىن تەھدىتتىن قورققان ئەمەس، ھەم قورقمايمىز! جاھاندىكى ھەر قايسى دۆلەت خەلقلىرىمۇ ھەم قورقمايدۇ! ھەر قانداق ئەخمىقانە تاجاۋۇزچىلىق بىزنىڭ غەزەپلىك قايتۇرما زەربىمىزگە ئۇچرايدۇ! بىز ئىنسانلار قورال كۈچىگە تايىنىپ ئۆزىمىزنىڭ ئىززەت ـ ئابرويىمىزنى قوغدايمىز! بىز جۇڭخۇا خەلقى تېنچلىقنى سۆيىدىغان مىللەت، خەق بىزگە چېقىلمىسا، بىزمۇ خەققە چېقىلمايمىز، ئەگەر خەق بىزگە چېقىلىدىكەن، بىزمۇ ئۇنىڭغا چېقىلىمىز! بىز ئىنسانلار ھازىر ئالەم ئارا ساياھەت قىلالايدىغان بولدۇق، بىزنىڭ پەن ـ تېخنىكىمىزمۇ كۈنسېرى تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ! زېگېر مىللىتى تەگداشسىز، ئۆلمەس ئەمەس. بىزنىڭ قوراللىرىمىز ئۇلارنىڭ بەدىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ، ئۇلارغا ئۆز بەدىنى ئارقىلىق بىزنىڭ غەزىپىمىزنى تېتىتىپ قويالايدۇ! قېرىنداشلار! بۇ قېتىم يالغۇز بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىلا تەھدىتكە ئۇچراپ قالماي، دۇنيادىكى باشقا دۆلەت خەلقلىرىمۇ تەھدىتكە ئۇچرىدى! بىز بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، زېگېرلارغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، ئۇلارنى ئەخمىقانە تاجاۋۇزچىلىقى ئۈچۈن ئېغىر بەدەل تۆلىتەيلى !
سۆز تۈگەش بىلەنلا، سۈكۈتكە تولغان جۇڭگو زېمىنىدىن يەر ـ زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرگەن «زېگېر مىللىتىنى يوقىتىپ، ئۇلارغا بىزنىڭ يامانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ قويايلى!»، «ئىنسانىيەتنىڭ ئىززەت ـ ئابروينى ئۇلارغا خالىغانچە ئاياق ئاستى قىلدۇرۇشقا بولمايدۇ!» دېگەن شۇئارلار ياڭرىدى! خەلقنىڭ كەيپىياتى ئەسلىدىنلا بۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى ئۇرۇش سەۋەبىدىن قىزغىن ئىدى، لى رەئىسنىڭ بۇ سۆزى ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك بولدى !
دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر باشلىقلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن زېگېرلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا نوتۇق سۆزلەشتى، پۈتۈن دۇنيا خەلقى قىززىپ كېتىشتى، ئەسلىدە ئىنسانلارمۇ بىر ئىتتىپاق مىللەت ئىدى! بۇ تاش قوراللار دەۋرىدىلا ئۆز ئېپادىسىنى تاپقان ئىدى، ئاشۇ چاغلاردا ئىنسانلار تېخى بەكمۇ ئاجىز ئىدى، تەبىئەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۇلار ئىتتىپاقلاشقان ئىدى، كېيىنچە ئىنسانلار يەرشارىدىكى باشقا جانلىقلارنى بويسۇندۇرۇپ، يەرشارىغا ھۆكۈمران بولغاندىن كېيىن، ئىنسانلار ئۆزىنى چوڭ چاغلاشقا باشلىدى، رىقابەت ئېگى باشلاندى، باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىگە چىدىماستىن،

هامان باشقلاردىن ئېشىپ كېتىشنى ئويلاشقا باشلىدى. بۇ خىل رىقابەت ئېگى جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تېزلەتتى، ئەمما بەدەل شۇ بولدىكى، ئىنسانلار ئىتتىپاقلاشماس بولۇۋالدى، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزئارا سوقۇشۇشقا باشلىدى. هازىر زېگېرلارنىڭ كېلىشى ئىنسانلارنى يەنە بىر قېتىم ئاشۇ دەۋەرلەرگە ـــ ئاشۇ ئۆزى ئاجىز دەۋرلەرگە قايتۇرغاندەك بولدى، هايات قېلىش ئۈچۈن ئۇلار يەنە بىر قېتىم ئىتتىپاقلاشماي بولمايتتى! ئامېرىكىنىڭ داۋجىنس كۆرسەتكۈچى بىر ئاز تۆۋەنلىگەندىن كېيىن، هۆكۈمەتنىڭ بۇرۇنلا تەييارلىقى بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ناهايىتى تېزلا ئەسلىگە كەلدى. بىر قىسىم توپىلاڭچىلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقماقچى بولغان ئىدى، ئەمما ئۇلارنى كۈتۈۋالغىنى بۇرۇنلا ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مەشقلەنگەن ساقچىلار بولدى، بىدئەت تەشكىلاتلارنىڭمۇ ئەلۋەتتە بۇ پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلىغۇسى بار ئىدى، شۇڭا قىيامەت نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى، ئۆزلىرىنى دۇنيانىڭ قۇتقازغۇچىسىدەك كۆرسىتىپ، خەقنى ئالداپ پۇل تاپماقچى بولۇشتى! ئەمما ناهايىتى تېزلا هەر قايسى ئەل هۆكۈمەتلىرىنىڭ زەربە بېرىپ يوقىتىشىغا ئۇچرىدى، مەسىلەن: ئامېرىكىنىڭ مۇقەددەس قەسىر دىنى، ياپونىيىنىڭ ئوم هەقىقەت دىنى، ئەنگلىيىنىڭ قۇياش مۇقەددەس قەسىر دىنى قاتارلىقلار! جەمئىيەت هەر قايسى هۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن ناهايىتى ياخشى كونترول قىلىندى، بەك كۆپ قالايمىقانچىلىق چىقماستىن، ئەكسىچە تېخىمۇ تەرتىپلىك ئايلىنىشقا باشلىدى. بىر مۇخبىر جەمئىيەت تەكشۈرۈپ، يەتتە ياشلىق بىر بالىنى زىيارەت قىلدى، ئۇ بالا تېخى ئۆزىنىڭ چوڭ بولغاندا يەرشارىنى قوغداپ رەزىل تاشقى پىلانىتلىقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ياشلار ئارىسىدا، ئۇلار مودا كىيىملەر بىلەن چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ گېپىنى دېيىشمەيدىغان بولدى، ئۆزلىرىنىڭ هەربىي سەپكە كىرگەن ـ كىرمىگەنلىكىنى بەكرەك سۆزلىشىدىغان بولدى، ئەگەر كىمكى بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ قورقۇۋاتقانلىقىنى، يۈشۈرۈنۈۋالماقچى بولغانلىقىنى دېسە، ئۇنداقتا ئۇ باشقىلارنىڭ ئالىيىپ قارىشىغا ئۇچرايتتى. دۇنيادىكى هەر قايسى ئەل باشلىقلىرى بۇ شۇم خەۋەرنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ كىنوچىلىق ئىشلىرى ئاخىرى ياخشىلىنىشقا باشلىدى، چۈنكى هېچكىم ئاشۇنداق كونا زاماننىڭ كىنولىرىنى ئىشلىمەيتتى. زېگېر مىللىتى هەققىدىكى مۇنازىرىلەر پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ تاماقتىن كېيىن قىلىشىدىغان سۆز تېمىسىغا ئايلاندى .

ئافرىقا رايونىدىكى جۇڭگو، روسىيە، ئامېرىكا قىسىملىرى دۇنيادىكى هەر قايسى ئەللەر هۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىدىن، ماددىي ئەشيالارغا ئۆزۈلمەي ئىگە بولۇپ تۇردى، هەر قايسى ئەللەر قىسىملىرى جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا تۆت تەرەپتىن ئافرىقىنى قورشاپ يۈتۈش ئۇسۇلىدا ئاستا ـ ئاستا مۇهاسىرە چەمبىرىكىنى كىچىكلىتىپ، ئافرىقىدىكى زېگېر

قىسىملىرىنى يوقىتىشقا باشلىدى، بىرقىسىم ئافرىقا دۆلەتلىرىمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەر قايسى ئەل قوشۇنلىرىنى قوللاشقا باشلىدى. زېگېرنىڭ قىسىملىرىنىڭ جەڭ تاكتىكىسىغا پىششىق بولمىغانلىقتىن، 1 ـ قېتىم جەڭگە قاتناشقان دۆلەتلەرنىڭ چىقىمى ئېغىر بولدى، ئۇلار ئۆزلىرىچە ئۆزلىرىنىڭ سەرخىل قوراللىرى ۋە سىنئىي ھەمراھلىق ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسىغا ھەم سوغۇق قوراللىرى، يېقىن ئارىلىقتىن يەكمۇ ـ يەك ئېلىشىدىغان قىسىملىرىغىلا تايىنىپ جەڭ قىلساق چوقۇم يۈزدە ـ يۈز غەلىبە قىلالايمىز دەپ قارايتتى. بىراق زېگېر قىسىملىرىنى ئۇلارنى ئالداپ مۇھاسىرىگە ئالغاندىن كېيىن، ئۇلار شۇندىلا نېمىنىڭ كۆپ چۆمۈلىنىڭ پىلنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈشى ئىكەنلىكىنى بىلدى! يەر ـ جاھاننى قاپلىغان غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ چىقارغان چىقىراق ئاۋازلىرى ئەسكەرلەرنىڭ گەۋدىسىنى يىقىتماي تۇرۇپلا روھىنى يىقىتتى، دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر ئافرىقىغا ئەسكەر چىقارغاندىن كېيىن، ئافرىقا قارىغىشقا كەتكەن بىر پارچە زېمىنغا ئايلاندى، ھەر كۈنى نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەر يات تۇپراقتا يىقىلاتتى.

ئافرىقىنىڭ باۋچى يايلىقىدىكى جۇڭگونىڭ 24 ـ بىرونە گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى (جىتۈەنجۈنى) ۋە ئەنگلىيىنىڭ ئىككى پىيادىلەر دېۋىزىيىسى زېگېر قوشۇنلىرى تەرىپىدىن يايلاقنىڭ ئىچكىرىسىگە ئالداپ ئېلىپ كىرىلدى، بۇ يەردە ئىككى دۆلەت ئەسكەرلىرى ئاخىرى قوغلاپ تۇتۇلۇشنىڭ تەمىنى تېتىدى! شىردىن ئۆزگەرگەن زېگېرنىڭ نۇرغۇن غەلىتە مەخلۇقلىرى بىر سۇ كۆلچىكىنىڭ بويىدا قورشالغاندىن كېيىن، ئىككى سائەت قارشى تۇرۇپ، ئاخىرى زېگېر قوشۇنلىرى قورشاۋنى بۆسۈپ چىقتى، خۇددى دوزاختىكىدەك ئېچىنىشلىق چىقىرىغان ئاۋازلار يايلاقتىكى سۇ كۆلچىكى ئاسمىنىدا ياڭرىدى، كۆل سۈيىمۇ قىپقىزىل بولۇپ كەتتى! جۇڭگونىڭ «مېگا» تۆۋەن بوشلۇق بومباردىمانچى ئۇچقۇلىرى بۇيرۇققا بىنائەن بۇ يەرگە كەلگەندە، بارلىق ئەسكەرلەر ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن خەنجەرلىرىنى چىقىرىپ تىغمۇ ـ تىغ ئېلىشىۋاتاتتى، يەر ئۈستىدە تانكا ـ بىرونىلارنىڭ قالدۇق پارچىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى، يېقىن ئارىلىققا كېلىش بىلەنلا زېگېر قوشۇنلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىلغار قوراللىرى ھېچنىمىگە ئىشلىمەيتتى. پەستىكى جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقان ئەسكەرلەرنى كۆرۈپ، ليۇتچىكلارنىڭ رول تۇتقان قوللىرى تىترەپ كېتىشتى، پەستە ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن ئاۋۇ غەلىتە مەخلۇقلار گىرەلەشمە جەڭ قىلىشىۋاتاتتى، ئەگەر بومبا تاشلانسا، ئۆلىدىغانلار ئارىسىغا ئۆز ئادەملىرىمۇ قوشۇلۇپ قالاتتى! بىراق ھاۋاغا قارشى تېخىمۇ كۆپ مەخلۇقلار ھاۋاغا ئەجەللىك كىسلاتالىق سۇيۇقلۇقلارنى پۈركۈشكە باشلىدى، ئۇچقۇنىڭ چاققانلىقىغا تايىنىپ بارلىق ليۇتچىكلار جېنىنىڭ بېرىچە تىركىشىپ ھېچ كەتكۈسى كەلمەيتتى !

ــ نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسلەر؟ بىز بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن! بومبا تاشلاڭلار!ــ ئۇچقۇچى

بۆلمىسىدىكى چاقىرغۇدىن جەڭ مەيدانىدىكى قوماندان شىسىدىرنىڭ ۋاقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى! لېيۇتچىكلار بۇنى ئاڭلاپ چىشىنى چىشلەپ، كۆزىنى يۇمۇپ، كونۇپكىنى بېسىشتى! يەر-جاھاننى زىلزىلىگە سالغان پارتلاش ئاۋازىدىن كېيىن، يەر يۈزىنى كۆيۈپ ياتقان جەسەتلەر قاپلىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە كۆپرەكى زىگبېر قىسىملىرىنىڭ ئۆلۈكى ئىدى.

ئافرىقا رايونىدىكى جەڭ ئىشلىرى ئاشكارىلاندى، 2-كۈنى دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر بۇ شۇم خەۋەرنى تاپشۇرىۋالدى، جۇڭگونىڭ 24-برونە گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئىككى پىيادىلەر دېۋىزىيىسىدىكى جەمئىي 8769 ئادەم باۋچى يايلىقىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان ئىدى، زىگبېر قىسىملىرىدىن ئۆلگەن، يارىلانغانلارنىڭ سانىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى. جۇڭگو دۆلەت رەئىسى لى شياڭ شەخسەن قۇربان بولغانلارنى ئىنقىلابىي قۇربان ۋە ئالاھىدە قەھرىمان دەپ ئېلان قىلدى ھەم بايراق يېرىم چۈشۈرۈلۈپ ماتەم تۇتۇلدى. ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ئالاھەتەن قۇربان بولغانلارنىڭ ماتەم مۇراسىمىغا قاتناشتى، ئەنگلىيىمۇ بايراقنى يېرىم چۈشۈرۈپ تەزىيە بىلدۈردى. ھەتتا ب د ت نىڭ باش شتابىدىمۇ بايراق يېرىم چۈشۈرۈلدى، جەڭگە قاتناشمىغان باشقا دۆلەتلەرمۇ بەس-بەستە بايراقنى يېرىم چۈشۈرۈپ تەزىيە بىلدۈرۈشتى، چۈنكى بۇ قۇربان بولغان ئەسكەرلەر يالغۇز بىر دۆلەت ئۈچۈنلا جەڭ قىلغان بولماستىن، بەلكى دۇنيادىكى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن جەڭ قىلغان ئىدى! ئامېرىكا ئەلباشى فوبۇسنىڭ داۋاملىق ئافرىقىغا ئەسكەر چىقىرىش قارارى نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، چۈنكى نۇرغۇن ئادەملەر بىردەملىك قاچالغان بىلەن مەڭگۈلۈك قۇتۇلغىلى بولمايدىغاندىغانلىقىنى بىلگەن ئىدى، ئەڭ ئاخىرى ئۆكتىچى پارتىيە ئۈزۈل-كېسىل مەغلۇپ بولۇپ، فوبۇس داۋاملىق ئەلباشىلىققا سايلاندى، يېڭىدىن تەربىيىلەنگەن بىر بۆلۈك ئامېرىكا قىسىملىرى ئافرىقىغا ئەۋەتىلىپ، بۇ يەردىكى ئۇرۇشقا ھەمدەمدە بولدى. ئىنسانلار بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ زىگبېرلار بىلەن ئۇرۇش باشلىغاندىن كېيىن، زىگبېرلارنىڭ قايتا يۇشۇرۇنۇۋالغۇسى كەلمىگەنىدەك، كەڭ كۆلەمدە دۇنيادىكى ئەللەرنىڭ ھەربىي بازىلىرىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قوزغاشقا باشلىدى.

2010-يىلى 17-نويابىر، ب د ت جىددىي يىغىن چاقىرىپ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭگو، روسىيە، ئامېرىكا ئۈچ دۆلەتنىڭ ھەر قايسى ئەللەرنىڭ خىللانغان ئالاھىدە قىسىملىرىدىن زەربىدار قوشۇن تەشكىللەپ يەر ئاستىغا چۈشۈپ زىگبېرلارنىڭ ئافرىقىدىكى ئۇۋىسىنى يوقىتىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشنى قارار قىلدى. 2010-يىلى 19-نويابىر سەھەر، ئافرىقا بەيىۇتا يايلىقىدا جۇڭگونىڭ يۈزلىگەن «يەر تېشەر ئەجدىھا» ئەسكەر توشۇغۇچى ماشىنىلىرى رەتلىك تىزىلغان ئىدى، ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئالاھىدە قىسىملىرىمۇ بىر ياندا رەتلىك تىزىلىپ تۇراتتى! جۇڭگو ئالاھىدە قىسىملىرىنىڭ

باشلىقى ۋەن شيوگفېي ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلىدى :

ــ ھەر قايسىڭلار ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئالاھىدە قىسىملىرىدىن خىللانغان ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسكەرلەر، مەن سەت گەپنى باشتا دەۋالاي، بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە ھايات قېلىش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن، ئەگەر كىمكى بېرىشنى خالىمىسا، ھازىر دەرھال ئالدىغا چىقسۇن، بىز ئۇنى دۆلىتىگە دەرھل قايتۇرىمىز .

پۈتۈن قىسىمدىن بىرمۇ ئادەم قىمىرلاپمۇ قويمىدى، ۋەن شيوگفېي چوڭقۇر بىر تىنىۋېتىپ :

ــ ناھايىتى ياخشى. كۆپچىلىككە ئايان، يەرشارى بىزنىڭ بىردىنبىر ئانا ماكانىمىز، بىزنىڭ ماڭغۇدەك چېكىنىش يولىمىز يوق، بىز پەقەت جاننى تىكىپ ئېلىشىشىمىز لازىم، ھەممىڭلار باتۇرلار، بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە بىز غەلىبە قىلالىساق زېگېر قىسىملىرىنى ئافرىقىدىن مەڭگۈلۈك يوقىتالايمىز! بىز ئۆلگەن تەقدىردىمۇ ئۇلارنى ئېغىر بەدەل تۆلىتىشىمىز لازىم!!!ــ دېدى .

بارلىق ئەسكەرلەر قوللىرىدىكى قوراللىرىنى كۆتۈرۈپ ۋاقىراشتى، ۋەن شيوگفېي بۇنى كۆرۈپ ھاياجانلانغان ھالدا :

ــ ناھايىتى ياخشى، ھەممىڭلار ماشىنىغا چىقىڭلار! ھەرىكەتلىنەيلى!ــ دېدى.

## باپ يەر ئاستىدىكى ئاجايىبات-35

ماشىنا ئىشكى يېپىلغان پەيتتە ۋەن شيوگفېي ئەمدىلا چىققان قۇياشقا چوڭقۇر مېھرى بىلەن قاراپ قويدى، ئۇ كۆڭلىدە بۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق قۇياشنى كۆرۈشى بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلىدى! ماشىنا ئىشكى يېپىلغاندىن كېيىن غايەت زور ئۆشكە تېز سۈرئەتتە ئايلىنىپ يەرنى تېشىپ كىرىشكە باشلىدى. بۇ «يەر تېشەر ئەجدىھا» توشۇغۇچى ماشىنىلار ئالاھىدە ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، يەر ئاستى 800 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىمۇ بىمالال يۈرەلەيتتى، ئادەتتىكىلىرى بولسا پەقەت 400 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىلا يۈرەلەيتتى. كاپىنكىدا ۋەن شيوگفېي ئەترەت ئەزالىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قورال-ياراغلىرىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى، جۇڭگو ئۆزى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان ئەسكەرلەرنىڭ قورال-ياراغلىرى جەڭگە قاتناشقان دۆلەت ئەسكەرلىرىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى، بۇ قورال-ياراغلار قوغدىنىش جەھەتتە ئادەتتىكى ئوق ئۆتمەس كىيىملەردىن كۈچلۈك بولۇپلا قالماستىن، يەنە كۆپ يېنىك ھەم ئەپچىل ئىدى. قالپاقتىكى كۆز قوغداش ئەينىكىدە ئېنفېرا قىزىل نۇر ۋە كىچىك تىپتىكى رادار ئىقتىدارى بولغانلىقتىن سىرت، يەنە قالپاقتا سىمسىز ئالاقىلاشقۇ، ئوكسىگېن ماسكىسىمۇ بار

ئىدى. قوراللاردىن «قىزىل يۇلتۇز» زەربە مىلتىقى ۋە AT63 لازېرلىق مىلتىق، قوغدىنىشقا ئىشلىتىلىدىغان تاپانچا، خەنجەر، كۆيدۈرگۈچ بومبا، يەنە بىر قىسىم زۆرۈر كىچىك تىپلىق تاكتىكىلىق يادرو ئوق بېشى بار ئىدى. بەزى ئەسكەرلەردە يەنە ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك سېپىرىلما زەمبىرەكمۇ بار ئىدى! بۇ قېتىمقى ھەرىكەتكە جەمئىي 1876 ئادەم قاتناشقان بولۇپ، ھەممىسى ھەر قايسى دۆلەت ئالاھىدە قىسىملىرىدىكى ئەڭ سەرخىل ئەسكەرلەردىن ئىدى! ۋەزىپە بولسا زېگېرنىڭ يەر ئاستىدىكى ئۇۋىسىنىڭ ئەتراپىغا 56 جايغا كىچىك تىپتىكى يادرو ئوق بېشىنى ئورنىتىپ پارتلىتىش ئىدى، 200 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا يەتكەندە ماشىنىلار ئوندىن بولۇپ تۆت تەرەپكە ئايرىلىپ مېڭىشتى .

قورال ـ ياراقلارنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ماشىنىدىكىلەر زېرىككىنىدىن قارت ئويناشقا چۈشۈپ كەتتى، ئۇلار ئەلۋەتتە، قوللىرىدىكى ئوقلىرىنى دو تىكىشكەن ئىدى! بىردەمدىن كېيىن ماشىنىنىڭ سۈرئىتى ئاستىلاپ قالدى، شوپۇر بۇ يەردىكى قورام تاشلارنىڭ ئالماستىنمۇ قاتتىق ئىكەنلىكىنى، تېشىشنىڭ بەك تەس ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بىرەر سائەتلەردىن كېيىن ماشىنا تۇيۇقسىز تەۋرىنىپ كەتتى، ئارقىدىنلا ئاسماندىن چۈشۈپ كەتكەندەك يەرگە قاتتىق چۈشتى، ۋەن شيوگۇېي ئورنىدىن تۇرۇپ :

ــ نېمە ئىش بولدى؟ بىزنى ئۆلتۈرەي دەمسەن؟ــ دېدى. شوپۇر كەينىگە بۇرۇلۇپ :

ــ بىز يەر ئاستىدىكى 600 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى ئۇۋىغا يېتىپ كەلدۇق،ــ دېدى. ھەممەيلەن بۇنى ئاڭلاپ بەس ـ بەستە ماشىنىدىن چۈشۈشكە باشلىدى، ھىم ئېتىلگەن ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئۇلار قوللىرىدىكى ئۆلچىگۈچتىن بۇ يەردىكى ھاۋادا نەپەسلىنىشكە بولىدىغانلىقىنى، ھاۋا سۈپىتىنىڭ يەر يۈزىدىكىدىنمۇ ياخشىلىقىنى بىلدى. ئىنفېرا قىزىل نۇرنى ئېچىپ قالغان بىر نەچچە ماشىنىنىڭمۇ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈشتى، باشقا دۆلەت ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرىمۇ بىر ـ بىرلەپ ماشىنىدىن چۈشۈۋاتاتتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ ھەممەيلەن ھەيران قېلىشتى، ئۆگكۈر تەخمىنەن 30 مېتىردىنمۇ ئېگىز ئىدى!! تەلىيگە ماشىنىلار تورۇستىن چۈشمەستىن، تۆت تەرەپتىكى ئانچە ئېگىز بولمىغان جايدىن چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. قارىماققا ئادەتتىكى ئۆكگۈرگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، ئەمما كەڭ يەر يۈزىدىن بىر قاراپلا كولاپ ياسالغانلىقىنى، تەبىئىي ياسالمىغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ۋەن شيوگۇېي ئالدىغا بېرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى. ھەممەيلەن قوراللىرىنى بىرەر قۇر تەكشۈرىۋەتكەندىن كېيىن ئادەملىرىنى ساناشقا باشلىدى، جۇڭگو ئالاھىدە قىسىملىرىدىن ۋەن شيوگۇېي باشچىلىقىدا 38 ئادەم، ئامېرىكا «دېڭىز يىلپىزى» زەربىدار ئەترىتىدىن ۋىتىك باشچىلىقىدا 41 ئادەم، فرانسىيە ئالاھىدە قىسىملىرىدىن ئاندىرىۋ باشچىلىقىدا 37 ئادەم، يەنە دوختۇر ۋە شوپۇرلاردىن بولۇپ جەمئىي 152 ئادەم بار ئىدى، باشقا دۆلەت ئالاھىدە قىسىملىرىمۇ نىشانغا

يېتىپ بېرىپ ھەرىكەت باشلىغان ئىدى! كۆپچىلىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ھوشيارلىق بىلەن ئەتراپنى كۆزەتكەچ ئاستا ـ ئاستا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى، چىراق ياقسا زېگېرىنىڭ قىسىملىرىنىڭ بايقاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، چىراق ياقماي، كېچىدە كۆرۈش ئەينىكى ۋە ئېنفېرا قىزىل نۇردىن پايدىلىنىپ مېڭىشقا باشلىدى. ۋەن شيوگفېي بولسا ئامېرىكا، فرانسىيە ئىككى دۆلەت ئالاھىدە قىسىملىرىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن كاپىنىكىدا ئولتۇرۇپ چاقچاقلىشىپ، قىزغىن پاراڭلىشىپ مېڭىۋاتاتتى. پاراڭلىشىش جەريانىدا ۋەن شيوگفېي ئامېرىكا ئالاھىدە قىسىملىرى باشلىقى ۋىتىكىنىڭ بۇ يىل 48 ياشقا كىرگەنلىكىنى، ئۇرۇش تەجرىبىسىگە مول كونا ئەسكەر ئىكەنلىكىنى، بۇرۇن يامايكىدىكى زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى يوقىتىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، ئۆزى يالغۇز ئورمانلىقتا دۈشمەننىڭ 27 ئادىمىنى يوقاتقانلىقىنى، فرانسىيىلىك ئاندىرېۋنىڭ بۇ يىل 37 ياشقا كىرگەنلىكىنى، تېرورچىلارنىڭ بىر قېتىملىق ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسىدە گۆرۈگە ئېلىنغۇچىلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇتقۇزۇپ، بارلىق تېرورچىلارنى يوقاتقانلىقىنى، ھەر دائىم ھەر بىر ئەسكەرنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ئەستە تۇتۇپ، ھامان ئىنچىكىلىك بىلەن پىلان تۈزۈپ ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى، ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە قول ئاستىدىكىلەرنى جەڭگە سالمايدىغانلىقىنى، شۇڭا قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بولغانلىقىنى بىلدى. ۋەن شيوگفېي بۇ يىل 29 ياشقا كىرگەن بولۇپ، يېشى كىچىك بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى قابىلىيەتلىك ئىدى، ھامان قاپ يۈرەكلىك بىلەن جەڭ تاكتىكىسى جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىشنى ياخشى كۆرەتتى. ياپونىيە ئەلنى تېنچلاندۇرغۇچىلار مازىرىنى يوقىتىش ۋە ئامېرىكىنىڭ «لېكستون» ناملىق ئاۋئاماتكىسىنى قۇتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىغان ئىدى! ئۈچەيلەن بىر ئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ۋىتىك دەرىزىنى ئېچىپ سىرتقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ھەيران بولغان ھالدا دېدى :

ــ ئەتراپ بارغانسېرى يورۇپ كېتىپ بارىدۇ .

ۋەن شيوگفېي كۈلۈپ كېتىپ :

ــ ھا...ھا...ھا... بۇ يەر يەر يۈزىدىن 600 مېتىردىن ئارتۇق چوڭقۇر تۇرسا، كۆزىڭىز تورلىشىپ قالمىغاندۇ ؟ــ دېدى. بۇ چاغدا بىر ئەسكەر بۇرۇلۇپ :

ــ ئەترەت باشلىقى ۋىتىكىنىڭ سۆزى راست، ئەسۋاپلارغا قارىغاندا يەر ئاستىنىڭ يورۇقلۇق دەرىجىسى راستىنلا ئېشىۋاتىدۇ ،ــ دېدى .

ۋەن شيوگفېي بۇنى ئاڭلاپ، ئالدى تەرەپتىكى قاراڭغۇلۇققا ئىنچىكىلىك بىلەن قاراشقا باشلىدى. ئالدى تەرەپ راستىنلا يورۇۋاتاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئالدى تەرەپتىن كىچىك يورۇق نۇقتا كۆرۈندى. ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇ بۇ ئۇزۇن ئۆڭكۈرنىڭ چىقىش ئېغىزى

ئىدى. «يەرئاستى 600 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا قانداقمۇ كۈن نۇرى بولسۇن، ھېلىقى غەلىتە مەخلۇقلار ئېلېكتىر لامپىسى ياساشنى بىلەمدىغاندۇ؟» بۇ ھەممەيلەننىڭ ئورتاق ئويى ئىدى. ۋەن شيوگفېي كېچىدە كۆرۈش ئەينىكىنى تاقاپ ئەتراپقا قاراپ ھېچقانداق بىنورماللىقنى بايقىمىدى، شوپۇرنى ئازراق ئىتتىكرەك مېڭىشقا شەرەتلىدى. يورۇق نۇقتا بارغانسېرى چوڭلىغانسېرى كۆپچىلىكمۇ بارغانسېرى جىددىيلىشىشكە باشلىدى، ئەڭ ئاخىرىدا 14 ماشىنا قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقتى، شوپۇر ماشىنىنى جىددىي تورمۇزلىۋىدى، ھەممەيلەن يىقىلىپ چۈشتى. بەزى ئەسكەرلەر شوپۇرنى تۆۋەن ئاۋازدا تىللىۋەتكەچ ماشىنىدىن چۈشۈپ، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىگە قاراپ ھەيران قېلىشتى، ھەتتا ئۇزۇن يىللىق كۆرەش تەجرىبىسىگە ئىگە ۋېتىكىمۇ ھاڭ-تاڭ قالغان ئىدى!

— بۇ يەر يەر ئاستىمۇ؟

كۆز ئالدىدا كۆرۈنگىنى بىر پارچە قويۇق ئورمانلىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسماندا پېتىروزاۋرلار ئۇچۇپ يۈرەتتى! ۋەن شيوگفېي ھەيران بولغان ھالدا غودۇڭشىدى:

— مېنىڭ «يۇرا دەۋرى» دېگەن فىلىمنى سۈرەتكە ئالغۇم يوق!

بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن، بارلىق ئەسكەرلەر ئېسىگە كېلىشتى، بەس-بەستە مۇنازىرىگە چۈشۈپ كېتىشتى! ئاندىرېۋ ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، قىسمىنىڭ بىر داۋاندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدى، دۇربۇننى ئېلىپ ئالدىغا قاراپ ئۆڭكۈر تېمىنى ئاران ئىلغا قىلالىدى. ئۈستىگە قاراپ ئۆڭكۈر تورۇسىنى كۆرەلىدى، تورۇس قۇياشقا ئوخشاش غەلىتە پاقىراپ تۇراتتى. پۈتكۈل ئورمانلىق ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى يوغان بىر قەپەزگە ئوخشايتتى. ئاندىرېۋ ماشىنىغا چىقىپ رادارغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن سورىدى:

— يادرو ئوق بېشىنى قويىدىغان جايغا بارىدىغان ئىككى يول باركەن، بىرى ئورمانلىقنى كېسىپ ئۆتىدىكەن، بۇ يول قىسقىراق، ئەمما ناھايىتى خەتەرلىككەن. يەنە بىرى قىيا تاشنى بويلاپ ماڭىدىكەن. بۇ يول گەرچە ئۇزۇن، ئايلىنىپ ماڭىدىغان بولسىمۇ، ئەمما خەتەرگە ئۇچرىغان ھامان دەرھال قىيا تاشنى تېشىپ كىرىۋالغىلى بولىدىكەن! بىز قايسىسىدا ماڭىمىز؟

— ۋەن شيوگفېي مۆرىسىنى قىسىپ قويۇپ:

— مەن ئۇزۇن يولنى ئايلىنىپ مېڭىشقا رازىكى، دىنوزاۋورلار بىلەن ھەپىلىشىشنى خالىمايمەن،— دېدى. كۆپچىلىك بۇنى ئاڭلاپ دەرھال «يۇرا دەۋرى» فىلىمىدىكى قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەرنى ئەسكە ئېلىشىپ، بېشىنى لىڭشىتىشتى. بىر ئۇزۇن بويۇن دىنوزاۋور (长龙 كەنتۇق، لۇغەتتە يوقكەن، مەن مۇشۇنداق ئېلىۋەردىم، نىدادىن) قىيا تاشنى بويلاپ ئالدىغا مېڭىشقا باشلىدى، بارلىق ئەسكەرلەر مىلتىقلىرىنى بەتلەپ بولۇشقان

ئىدى. گەرچە قىيا تاشنى بويلاپ مېڭىشقان بولسىمۇ، ئەمما يول بويى نۇرغۇن دىنوزاۋورلار ئۇچرىدى. بەزىبىر كىتابلار ياكى تور بەتلەردىلا كۆرگەن دىنوزاۋورلار، مەسىلەن: ئۇ يەردە ئۇخلاۋاتقان سېتگوزاۋر، غەمسىز ھالدا دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يەۋاتقان يوڭچۇەن دىنوزاۋورى永川龙)، لۇغەتتىمۇ يوقكەن، نىدادىن)، يەنە بىر قىسىم ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان دىنوزاۋورلار، يۇرا دەۋرى، بور دەۋرلىرىدىلا بار بولغان بارلىق دىنوزاۋورلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەردە كۆرگىلى بولاتتى! تەلەيگە يارىشا، يول بويى گۆشخور دىنوزاۋورلار ئۇچرىمىدى، بەزى يۇرەكلىكرەك ئەسكەرلەر تېخى كامېرالىرىنى چىقىرىپ، ھاياجانلانغان ھالدا سىن ئېلىشقا باشلىدى. بىر يوغان يىڭناغۇچ ماشىنىنىڭ ئالدىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى، ئارقىدىنلا يوغان بىر قۇش ھېلىقى يىڭناغۇچنى تۇتىۋېلىپ يېيىشكە باشلىدى. بىر ئامېرىكىلىق ئەسكەر ھەيران بولغان ھالدا:

— بۇ بوۋىقۇشىغۇ؟ ۋاي خۇدايىم! مەن تىرىك بوۋىقۇشنى كۆرۈۋالدىم!— دېدى. ئورمانلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن ماشىنىنىڭ ئالدى تەرىپىدە قويۇق توپا-چاڭ كۆرۈندى، سۈرئەتنى تېزلىتىپ مېڭىپ بېرىپ، بىر توپ ئورنىتومىمىد似鸟龙)، ئەسلى قۇشسىمان دىنوزاۋور دەپ ئالاي دەپ يەنىلا لۇغەتتىكىنى ئالدىم، نىدادىن)لارنىڭ تېز سۈرئەتتە يۈگرەۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى.ئورنىتومىمىدلارمۇ بۇ ناھايىتى تېز يۈگرەيدىغان تۆمۈر مەخلۇقلارنى، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى غەلىتە جانلىقلارنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ ۋاقىراۋاتقانلىقىنى (ئۇلارنىڭ ئويلىشىچە) بايقاپ بەس-بەستە ئوراپ كېلىشكە باشلىدى. ماشىنا ئەترىتى توختىدى، چۈنكى ئۆڭكۈر تورۇسىدىكى يورۇقلۇق ئاستا-ئاستا ئاجىزلاشقا باشلىغان ئىدى، قوللىرىدىكى سائەتكە قاراپ، ئاللىقاچان كەچ سائەت ئالتىدىن ئاشقانلىقىنى كۆرۈشتى. چۈنكى باياتىن بېرى دىنوزاۋورلارنى بايقاپ بەك ھاياجانلانغانلىقتىن، قورساقلىرىنىڭ بۇنچىۋالا ئېچىپ كەتكەنلىكىنى تۇيۇشمىغان ئىدى. ماشىنىدىن چۈشۈپ كۆپچىلىك ھېلىقى ئورنىتومىمىدلارنىڭ 20 دىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى بىلىشتى. ۋەن شيوگېڭ ئاندىرىۋدىن سورىدى:

— بۇرادەر، بۇلار ئوتخورمۇ، گۆشخورمۇ؟ بىزنى يەپ قويمايدىغاندۇ؟

ئاندىرىۋ ئورنىتومىمىدلارغا قارىۋېتىپ، كۈلگىنىچە ۋەن شيوگېڭغا قاراپ:

— ئۇلار ئارىلاش ئوزۇقلىنىدىغان دىنوزاۋورلار، گۆشلۈك-گۆشسىز دەپ ئايرىماي يەۋېرىدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ! ئۇلار بەك مۇلايىم، ئۇلارنى چۆچۈتىۋەتمىسەكلا ھېچ ئىش بولمايدۇ،— دېدى. ۋەن شيوگېڭنىڭ يېنىدىكى بىر ئەسكەر بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى. بىر جۇڭگولۇق ئەسكەر قېزىدىن火腿肠)، سۈرلەنگەن چوشقا سېنى قېزىسى دەپ تولۇق ئالسام بەك ئۇزىراپ كەتكىدەك، نىدادىن) بىرتال چىقىرىپ، پىچاقتا ئوتتۇرىدىن بۆلۈپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر ئورنىتومىمىدنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ پۇلاڭلاتتى، ئۇ ئورنىتومىمىد بىردەم قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن

پۇراپ بېقىپ، كاپپىدە چىشلىدى، ھېلىقى ئەسكەر قورقۇپ كەتكىنىدىن قېزىنى يەرگە تاشلىۋەتتى! ھېلىقى ئورنىتومىمىد يەردىكى قېزا پارچىسىنى بىر يالماپلا يۇتۇۋەتتى، قالغان ئەسكەرلەر بۇنى كۆرۈپ بەس ـ بەستە يېمەكلىكلىرىنى چىقىرىشىپ ئورنىتومىمىدلارنى بېقىپ ئوينىششقا باشلىدى. ۋەن شيوگفېيمۇ خاسلىق مېغىزىنى چىقىرىپ بىر ئورنىتومىمىد بالىسىنى باققاچ :

ـــ ھەي! بەك جىق بېقىۋەتمەڭلار، بىز كېيىن يەنە يېمىسەك بولمايدۇ!ـــ دېدى. ئىش تەقسىماتى بەك ياخشى بولدى، ئەسكەرلەر يېيىشنى ياقتۇرمايدىغان كەرەپشە بىلەن مايلىق گۆشلەرنى ئورنىتومىمىدلار پاك ـ پاكىز يەۋەتتى. ھېلىقى ئورنىتومىمىدلار بىر نەرسە يېگەندىن كېيىن گازارمىدىن كېتىشكە ئۇنىماي ئەسكەرلەر بىلەن ئوينىششقا باشلىدى. ئەسكەرلەردىن بىر نەچچىسىنى پوستقا ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن باشقا بارلىق ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنىڭ بەتەر ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقلىرىنى ئۇنتۇشۇپ ئورنىتومىمىدلار بىلەن ئوينىششقا باشلىدى. ئاندىرىۋ يەردە ئولتۇرۇپ قويىندا ئۇخلاۋاتقان ئورنىتومىمىد بالىسىنى ئاستاغىنە سىلىغاچ، بىر تەرەپتىن باشقا ئەسكەرلەرگە ئورنىتومىمىدلارغا ھۇجۇم قىلماسلىقنى تاپىلايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەن شيوگفېي، ۋىتىكلار بىلەن بۇ دىنوزاۋۇرلارنىڭ نەدىن پەيدا بولغانلىقىنى مۇنازىرىلىشەتتى. ئاخىرى ئۇچەيلەن بۇ دىنوزاۋۇرلارنى زېگېرلارنىڭ پەيدا قىلغان دېگەن ئورتاق تونۇشقا كەلدى. نېمىشقىلىقىغا نىسبەتەن، چوقۇم دىنوزاۋۇرلاردىن پايدىلىنىپ ئىنسانلار بىلەن جەڭ قىلىش دەپ بىلىشتى! ئاندىرىۋ قويىندا ئۇخلاۋاتقان ئورنىتومىمىدغا قاراپ، ئازاپلانغان ھالدا :

ـــ ئەگەر بىز يەر ئاستىدىكى قۇرتنىڭ ئۇۋىسىنى پارتلاتساق، بۇ يەرمۇ گۆمۈرۈلۈپ چۆشىدۇ، بۇ دىنوزاۋۇرلارمۇ تىرىك پېتى كۆمۈلۈپ كېتىدۇ،ـــ دېدى. ۋىتىك قەھۋەدىن بىر ئوتلاپ :

ـــ مەن سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىزنى چۈشىنىمەن، بىراق بىز نېمە قىلالايمىز؟ بۇ دىنوزاۋۇرلارنىڭ ھەممىسىنى يەر ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ كېتەلمەيمىز، ئېلىپ چىقىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇلار قانداق ياشايدۇ؟ ھەر كۈنى ئوغرىلىقچە ئوۋ ئوۋلىغۇچىلارنىڭ مىلتىقىغا توغرىلىنىپمۇ؟ ۋە ياكى ھايۋاناتلار باغچىسىغا سولىنىپ ئادەملەرنىڭ تاماشا قىلىشىغا قويۇلۇپمۇ؟ ۋە ياكى ئەۋرىشكىگە ئايلىنىپ كۆرگەزمىگە قويۇلۇپمۇ؟ـــ دېدى. ئاندىرىۋ بۇنى ئاڭلاپ بېشى تېخىمۇ ساڭگىلاپ كەتتى. ۋەن شيوگفېي ئۇلارغا بىر قارىۋېتىپ قولىدىكى پېچىنىنى بىر چىشلىۋېتىپ دېدى :

ـــ لاۋ ۋېي! سىز داۋاملىق ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان گەپلەرنى قىلمىسىڭىز بولمامدۇ! لاۋ ئەن سىزمۇ بەك ئازاپلىنىپ كەتمەڭ، ئەگەر سىز بۇ ئورنىتومىمىدنى بەك ياخشى كۆرسىڭىز ئۇنى ئېلىپ كەتسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟

ئىككىيلەن :

ــ لاۋۋېي؟ لاۋ ئەن؟ــ دېيىشتى. ۋەن شيوگفېي بېشىنى لىڭشىتىپ :

ــ ئىككىڭلارنىڭ ئىسمىنى دېمەك بەك تەسكەن، بۇنداق بولسا ئاسانراق بولىدىكەن!ــ دېدى. سۆزى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە كۆزى قاراڭغۇلىشىپ يەرگە يىقىلدى .

ــ بىز شۇنچىۋالا قېرىما؟ــ دېدى ئىككىيلەن ئاچچىقلانغان هالدا مۇشتۇملىرىنى سىۇرتۇپ. بىردەمدىن كېيىن ۋەن شيوگفېي دەلدەڭشىگىنىچە ئورنىدىن تۇردى. بىر ئەسكەر يۈگۈرۈپ كېلىپ دېدى :

ــ باشلىق، يەر يۈزى قوماندانلىق شتابى بىلەن ئالاقىلاشتۇق !

ۋەن شيوگفېي بۇنى ئاڭلاپ دەرهال يۈگۈرۈپ كەتتى، بىر ماشىنىدا بىرمۇنچە ئەسكەرلەر سىۇنئىي هەمراھ قوبۇللاش سىستېمىسى بىلەن هەپىلىشىۋاتاتتى، بىردەمدىن كېيىن ئېكراندا سىۈرەت كۆرۈندى. يەر يۈزىدىكى ئافرىقا بەيىۇتا يايلىقىدىكى ۋاقىتلىق هەربىي بازىدا ئالاقىچى خۇشال هالدا دېدى :

ــ قوماندان، يەرئاستى ئالاھىدە قىسىملىرى 27 ـ تارماق ئەترىتى بىلەن ئالاقىلىشالىدۇق . ئامېرىكا قىسىملىرى قوماندانى رۇسلاك خۇشال هالدا :

ــ ياخشى، دەرهال كۆرۈنۈشنى ئۇلاڭلار!ــ دېدى. سۆزى تۈگەش بىلەنلا ئەتراپتىكى قوماندان ۋە ئەسكەرلەر توپلىشىپ ئېكراننى ئورىۋېلىشتى. بىردەمدىن كېيىن ئېكراندا ۋەن شيوگفېي، ئاندىرىۋ ۋە ۋىتىكلار كۆرۈندى. ئۈچەيلەن ئۆلچەملىك هەربىيچە چاس بەردى، يەر يۈزىدىكى قوماندان بۇنى كۆرۈپ قايتۇرۇپ سالام قىلدى. جۇڭگو قوماندانى ليۇ جىبو هەيران بولغان هالدا سورىدى :

ــ ۋەن شيوگفېي، سىزنىڭ كۆزىڭىزگە نېمە بولدى؟ ئىششىپ مۈشۈك ئېيىققا ئوخشاپ قاپسىزغۇ ؟

ۋەن شيوگفېي بۇنى ئاڭلاپ دۇدۇقلىغىنىچە :

ــ بۇ...بۇ... بۇنىڭ ئالاھىدە سەۋەبى بار، هە، راست! بىز يەر ئاستىدا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان مەنزىرىنى بايقىدۇق!ــ دەپ ئالدىراش سۆز تېمىسىنى بۇرىدى. سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن ئاتايىتەن ئاندىرىۋنى ئورنىتومىمد بالىسىنى قۇچاقلىتىپ ئېكران ئالدىغا ئەكەلدى، ئورنىتومىمد بالىسى كۆچلۈك چىراق نۇرىدىن ئويغىنىپ بوشقىنە چىقىراپ قويدى. يەر يۈزىدىكى قوماندان ۋە ئەسكەرلەرنىڭ هەممىسى ئېغىزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە كۆز ئالدىدىكى ئىشەنگۈسىز كۆرۈنۈشكە قاراپ دۇدۇقلىغىنىچە سۆزلەشتى :

ــ دى...دى... دىنوزاۋۇر... دىنوزاۋۇر، بۇ دىنوزاۋۇر ئەمەسمۇ ؟

ۋەن شيوگفېي كۆزلىرىنى يوغان ئاچقان گېنراللارغا قارىغىنىچە، ئورنىتومىمد بالىسىنى

ئەركىلىتىپ :

ــ كېلە، ئاۋۇ بوۋىلىرىڭ بىلەن كۆرۈشكىن!ــ دېدى .

ــ ئەستايىدىلىراق بولۇڭ ۋەن شيوگفېي!!! بۇ يەردە كىم بوۋاي؟؟؟ــ ئېكراندىن لىۇ جىبونىڭ ئاچچىقىدىن ۋاقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى،ــ سەن گۇي تىرىك قايتىپ كەلسەڭ، سېنى چوقۇم رىجىمغا ئالىمەن !

باشقا دۆلەت قوماندانلىرىنىڭمۇ ئاچچىقى كېلىپ ئۇنى ئۇرغىسى كېلىپ كەتتى!! ۋەن شيوگفېي لىۇ جىبونىڭ ئاچچىقلانغان ھالىتىنى كۆرۈپ، قولىنى سىلكىگىنىچە :

ــ بولدى، بولدى! مەن ئەستايىدىلراق بولاي! بىز ھازىر يەر ئاستى 623 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا، بىز بۈگۈن تەخمىنەن 870 كىلومېتىر ئەتراپىدا يول يۈردۇق! نىشانغا يەنە 3200 كىلومېتىر يول بار، بىز بۇيەردە ۋاقىتلىق دەم ئالدۇق، ھازىرغىچە زېگېرنىڭ قىسىملىرىنى بايقىمىدۇق، ئەكسىچە بۇ دىنوزاۋۇر باغچىسىنى بايقىدۇق!ــ دېدى. ئارقىدىنلا ئۇچەيلەن يەر ئاستى ئۆڭكۈرنىڭ ئەھۋالى ۋە بۇ ئورمانلىقنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى دوكلات قىلىشتى. قوماندانلىق شتابىمۇ جەڭ قىلىش پىلانىنى يەنە بىر قېتىم قايتىدىن ئورۇنلاشتۇردى. ئالاقە ئاياقلاشقاندىن كېيىن لىۇ جىبو ئالاقىچىغا قاراپ :

ــ تېز! دەرھال بۇ ئىشنى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا دوكلات قىل!ــ دېدى. باشقا دۆلەت قوماندانلىرىمۇ ئالدىراش ھالدا دۆلىتىگە بۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان خەۋەرنى دوكلات قىلىشتى !

يەر ئاستىدا، نۆۋەتچىلىكنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ئەسكەرلەر ئۇخلاش خالتىسىدا تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىشتى، يۇرەكلىكرەكلىرى ئورنىتومىمدلارنىڭ ئىسسىق بەدىنىگە يۆلەنگىنىچە ئۇخلاپ كېتىشتى! ئۇلار بەك تاتلىق ئۇخلاپ كەتكەنلىكتىن، يىراقتا بىرمۇنچە قىپقىزىل كۆزلۈك غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ئۆزلىرىگە بىردەم قادىلىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، يۈگرەپ كېتىپ قېلىشقانلىرىغا دىققەت قىلىشمىدى.

## 36 ـ باب ھەممە تەرەپتىن خەۋپتە قېلىش ـ

پلۇتون يېنىدىكى زېگېرنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنلىرىدا ئۈچ مىڭە قۇرۇتى يىغىن ئېچىۋاتاتتى. داس :

ــ شاس، سىز نېمىشقا ھېلىقى ئىنسانلارنى دىنوزاۋۇر يېتىشتۈرۈش بازىسىغا كىرگۈزدىڭىز؟ ئۇ

يەر بىز ئۈچۈن بەك مۇھىم!ــ دېدى. ھېلىقى شاس دېگەن مېگە قۇرۇتى :
ــ كەچۈرۈڭ، ئۇلار بىر نەچچە يولغا بۆلۈنۈپ يەر ئاستىغا كىرگەچكە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە قوغلاپ ھۇجۇم قىلىش مۇمكىن بولمىدى. مەن دەرھال قوشۇن يۆتكەپ ئۇلارنى يېتىشتۈرۈش بازىسىدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتەي،ــ دېدى. مادېس :
ــ توختاپ تۇرۇڭ شاس، ئۇلار يېتىشتۈرۈش بازىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىڭ. مەن بىزنىڭ قىممەتلىك تەجرىبە بۇيۇملىرىمىزنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى خالىمايمەن، يەنە چوقۇم يەر ئاستى باكتېرىيە سىناق ئورنىنى ياخشى قوغداڭ، بىلدىڭىزمۇ ؟ــ دېدى .
ــ خوپ! مادېس مېگە قۇرۇتى، مەن دەرھال بېجىرەي!ــ دېدى. مادېس :
ــ داس، ئىنسانلار بىزگە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى، پىلاندا ئۆزگىرىش بولدى! جۇڭگو دېگەن دۆلەتنى ئاۋال ۋەيران قىلايلى، جۇڭگو تۈگەشىسلا باشقا ئىنسانلار بىم تەلەڭگە قۇمغا ئوخشاپ قالىدۇ،ــ دېدى. داس :
ــ چۈشەندىم، مادېس مېگە قۇرۇتى!ــ دېدى. مادېس بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆز ئالدىدىكى تام جېنى باردەك مىدىرلاشقا باشلاپ، ئاستا ـ ئاستا بىر پارچە دۇنيا خەرىتىسىگە ئۆزگەردى، مادېس بۇنى كۆرۈپ (كۆردىمۇ ـ كۆرمىدىمۇ مەنمۇ ئېنىق دېيەلمەيمەن، پەقەت مىدىرلاپ قويغىنىلا بىلمەن، ئاپتوردىن :(
ــ جۇڭگونىڭ دېڭىز تەۋەلىكىنىڭ يېنىدا بىر نەچچە ئارال باركەن. بىزنىڭ ھۇجۇم بازىسى قىلىشىمىزغا ماس كېلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە چوڭراق بىر ئارالدا ئانچە كۆپ قوشۇن يوقكەن، ئاۋال ئۇ يەرنى ئاستىرتتىن ئىشغال قىلايلى! يەنە نەچچە كۈندىن كېيىن يەر شارىدىكى تۇنجى ئۇچار قوشۇن ئۆزگىرىپ بولىدۇ، سىز ئۇلارنى ئوبدانراق ئىشلىتىڭ،ــ دېدى .
يەر ئاستى ئورمانلىقتا ئۆڭكۈر تورۇسى يەنە يورۇشقا باشلىدى، بارلىق ئەسكەرلەر بەللىرىنى رۇسلاپ ئورنىدىن تۇرۇشتى! ۋەن شيوگفېي ئورنىدىن تۇرۇپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە :
ــ كۆپچىلىك، دەرھال ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، نەرسە ـ كېرەكلىرىڭلارنى يىغىشتۇرۇپ، تاماق يەۋالغاندىن كېيىن دەرھال يولغا چىقىڭلار، بۈگۈن بىزنىڭ قىلىدىغان يەنە نۇرغۇن ئىشلىرىمىز بار،ــ دېدى. كۆپچىلىك دىنوزاۋورلار بىلەن بىللە بىر ۋاخ غىزالانغاندىن كېيىن، ماشىنىنى ھەيدەپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدى. ھېلىقى ئورنىتومىمىدلار ئارقىدىن خېلى ئۇزاققىچە ئەگىشىپ كېلىپ، يېتىشەلمىگەندىن كېيىن توختاپ، ماشىنا ئەترىتىگە قاراپ ھەسرەتلىك چىقىراپ قالدى. بىر قىسىم ئەسكەرلەر ئۇلارغا خېلىغىچە قاراپ، ئۇلارنى كۆرەلمىگەندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇھ تارتىپ قويۇپ بېشىنى ئالدىغا بۇراشتى. ۋەن شيوگفېي تاپانچىسىنى

سۇرتۇپ تۇرۇپ سورىدى :
ــ لاۋ، هوي، ياق! ئاندىرىۋ سىز ھېلىقى ئورنىتومىمىد بالىسىنى ئېلىۋالمىدىڭىزمۇ؟
ئاندىرىۋ كۆزلىرى قىزارغان ھالدا :
ــ ئېلىۋالمىدىم، ئۇنىڭ يەنىلا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە تۇرغىنى ياخشىراقكەن،ــ دېدى.
سۆزى تۈگەش بىلەنلا بوشقىنە چىقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، ۋىتىك بېشىنى بۇراپ، ھېلىقى ئورنىتومىمىد بالىسىنىڭ ئاندىرىۋنىڭ كەينىدە تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئاندىرىۋ ئۇنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا دېدى :
ــ سەن قاچان قېچىپ كېلىۋالدىڭ؟ مەن سېنى قويۇۋەتكەنغۇ؟
بالا دىنوزاۋىر ئاندىرىۋنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ چىقىراپ قويدى. ۋەن شيوگفېي خۇشال ھالدا :
ــ قارىغاندا ئۇنىڭ سىزگە ئەگەشكىنى ئەگەشكەنكەن، ھازىر بىز كەينىمىزگە قايتالمايمىز، سىز ئۇنى ئېلىۋېلىڭ!ــ دېدى ئاندىرىۋ ۋەن شيوگفېينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، قوينىدا خۇشال چىقىراۋاتقان دىنوزاۋىر بالىسغا قاراپ بېشىنى لىڭشتتى، دىنوزاۋىر بالىسىنى قۇچاقلاپ، خۇشاللىقتىن ئۇنى يېنىككىنە بىرنى سۆيۈپ قويدى! ماشىنا ئىچىدىكى كەيپىياتمۇ مۇشۇ سەۋەبلىك كۆتۈرۈلدى، ۋەن شيوگفېي كۈلۈپ تۇرۇپ :
ــ ھا...ھا...ھا... ئاندىرىۋ سىزنى تەبرىكلەيمەن، راستىنى ئېيتقاندا، ئىككىڭلار ئازراق ئوخشىشىپ قالىدىكەنسىلەر،ــ دېدى. ئاندىرىۋ كۈلۈپ تۇرۇپ :
ــ ھا...ھا...ھا... سىزنىڭ دېگىنىڭىزگە قاراپ، مەن بىزنىڭ ئازراق......ــ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئاندىرىۋنىڭ ئىككى مۇشى ۋەن شيوگفېيغا قاراپ ئېتىلدى .
دەل مۇشۇ چاغدا، ياپونىيە تېنچ ئوكيان دېڭىز تەۋەسىدە بىر كىت ئوۋلايدىغان كېمىدە، نەچچە ياپونلۇق كېمىچىلەر تۇتۇۋالغان كىتنى كېمىگە تارتىپ چىقىرىۋاتاتتى. بىر چەتتە بىر قېرى ماتروس غالجىرسىنى چىشلىگىنىچە تاماكىسىنى چېكىپ ياندىكى ئالدىراش ئىشلەۋاتقان كېمىچىلەرگە پەرۋامۇ قىلماي تۇراتتى. تۇيۇقسىز قېرى ماتروس ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى، ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق ماتروسلۇق تەجرىبىسگە ئاساسلىنىپ، چوقۇم قورقۇنچلۇق ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى .
ــ دېڭىزغا قاراڭلار!ــ بىر ماتروس ھەيران بولغان ھالدا توۋلاشقا باشلىدى، ئالدى تەرەپتە كۆپكۆك دېڭىز سۈيى ئاستا ـ ئاستا قارا دولقۇن تەرىپىدىن يالمىنىپ يوقاۋاتاتتى! بۇنى كۆرگەن بارلىق ماتروسلار ھەيرانلىقتىن قوللىرىدىكى قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ ھاڭۇاقىنىچە قاراپ قېلىشقان ئىدى، قاپقارا دولقۇن يېقىنلاشقاندا ھېلىقى ماتروسلار ھەيرانلىقتىن ھاڭۇېقىپ قېلىشتى، زېگېرنىڭ سانسىزلىغان دېڭىز مەخلۇقلىرى زور قوشۇن تەشكىللەپ ئۇلارغا قاراپ تېز

سۈرئەتتە ئۆچۈپ كېلىۋاتاتتى، ماتروسلارنىڭ چىقىرىغان ئاۋازلىرى ئىچىدە كىت ئوۋلايدىغان كېمە قاپقارا دولقۇن تەرىپىدىن يۇتۇۋېتىلدى. كەچ سائەت 12:10 دا ياپونىيە خەۋەرلىرىدە بۇ كىت ئوۋلاش كېمىسىنىڭ ياپونىيە دېڭىزىدا يوقاپ كەتكەنلىك خەۋىرى بېرىلدى، ياپونىيىنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان دېڭىز مۇداپىئە ۋازارىتى كىت ئوۋلاش كېمىسىنىڭ قىرغاقتىن بەك يىراقلاپ كەتكەنلىكتىن زېگېرنىڭ قىسمىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغان ئۇچراپ يوقاپ كەتكەن دەپ قارىدى، چۈنكى ئىلگىرىمۇ بىر نەچچە كېمە قىرغاقتىن بەك يىراقلاپ كەتكەنلىكتىن ھۇجۇمغا ئۇچراپ چۆكۈپ كەتكەن ئىدى، شۇڭا ياپونىيە تەرەپ كېمىلەرنى بۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىپ، قىرغاقنى بويلاپ يۈرۈشنى، دېڭىزغا بەك ئىچكىرىلەپ كەتمەسلىككە دەۋەت قىلىپ قويۇپلا بولدى قىلدى، كەچتە خوككايدۇ، ئوساكا، يوكوخاما قاتارلىق دېڭىز بويىدىكى ئادەمسىز رايونلاردا، زېگېرنىڭ نۇرغۇن قوشۇنى دېڭىزدىن چىقىپ، چىراق يۇرۇقى پاقىراۋاتقان شەھەرگە قاراپ مېڭىشقا باشلىدى.

يەر ئاستىدا، ۋەن شيوگفېيلار ئورمانلىقتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، يەنە قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە كىردى! يول بويى ۋەن شيوگفېيلار ناھايىتى جىددىيلىشىپ كەتتى، سەۋەبى نىشانغا خېلى يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ، بىراق تا ھازىرغىچە تېخى بىرەرمۇ دۈشمەن ئۇچرىمىغان ئىدى، ۋېتىك ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ھەرىكەت قانچە ئوڭۇشلۇق بولغانسېرى شۇنچە پەخەس بولۇشنى جېكىلىگەن ئىدى. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ماشىنىنىڭ سۈرئىتى ئاستىلىدى، چۈنكى قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈرنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن يەنە يورۇق نۇقتا كۆرۈنگەن ئىدى. بىراق بۇ قېتىم بۇ يورۇق نۇقتا يېشىل پاقىرايتتى. يورۇق نۇقتىغا ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاشقانسېرى ئەسۋاپلار چىقىراشقا باشلىدى. ئاندىرېۋ ئەسۋاپلارغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، سوغۇق بىر تىنىپ قويۇپ:

ــ نېمىدېگەن غەلىتە! ئالدىمىزدىكى يادرو رادىئاتسىيىسىنىڭ قويۇقلۇقى دۇنيا رېكوردىنى بۇزغۇدەك! ئەسۋاپلار شۇنچە يىراقتىنلا سېزىۋالدى، تەلىيىمىزگە بۇ ماشىنىلار رادىئاتسىيىدىن ساقلىنالايدۇ!ــ دېدى.

بۇ قېتىمقى ھەربىي ھەرىكەتتىن بۇرۇن ھەرقايسى دۆلەتلەر يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بار بولغان مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشقان بولۇپ، شۇڭا قوغدىنىش كىيىممۇ ئاللىقاچان تەييارلاپ قويۇلغان ئىدى. كۆپچىلىك قوغدىنىش كىيىمنى كىيىپ، ماشىنىدىن چۈشۈشتى. ئاندىرېۋ تېخى دېنوزاۋور بالىسىغىمۇ ئارتۇق قوغدىنىش كىيىمنى كىيدۈرۈپ قويدى، دىنوزاۋورمۇ ئاندىرېۋنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك كىيىمنىڭ ئىچىگە بىر كىرىپ كەتكىنىچە، قالايمىقان مىدىراپمۇ قويمىدى. بەزىلەر ماشىنىدىن چۈشكەندىن كېيىن ماشىنىغا ئەگەشكىنىچە ئاستا ـ ئاستا يورۇق نۇقتىغا قاراپ ماڭدى، يېقىنلاشقانسېرى ئۈسكۈنىلەرمۇ شۇنچە ئۈنلۈك

چىقىرايتتى. بىردەمدىن كېيىن قوشۇن قاراڭغۇلۇقتىن مېڭىپ يېشىل يورۇقلۇق ئىچىگە كىردى. كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىگە قاراپ كۆپچىلىك سوغۇق تەرلەپ كېتىشتى، ئالدى تەرەپتىكى يولدا ھەممە يەردە ياپ-يېشىل رەڭلىك سۇيۇق يادرو ئەخلەتلىرى چېچىلىپ ياتاتتى، بىر نەچچە دات باسقان يوغان تۇڭلار بىر تەرەپتە ياتاتتى، يېشىل رەڭلىك سۇيۇقلۇقلار دەل ئاشۇ يوغان تۇڭلاردىن ئېقىپ چىقىۋاتاتتى. ۋەن شيوگفېي ۋە بىر نەچچە ئەسكەر ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر يوغان تۇڭغا يېقىنلاشتى، داتلىشىپ كەتكەن تۇڭ يۈزىدىكى بىرنەچچە خەتنى ناھايىتى تەستە ئوقۇپ چىقتى، بىر دەمدىن كېيىن ۋەن شيوگفېي تىللاپ كەتتى :

— ئاناڭــنى، ئۆلگۈر ياپون ئالۋاستىلىرى! بۇ نەرسىلەرنى قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئافرىقىغا قېچىپ كەلگەن ئوڭ قانات ئۇنسۇرلىرى تاشلاپ قويۇپتۇ، قارىغاندا ئۇلار ئافرىقىدا يادرو قوراللىرىنى ياسىماقچىكەن !

مەيداندىكى جۇڭگولۇق ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ كېتىشتى، ھەتتا ھېلىقى ئوڭ قانات ئۇنسۇرلارنىڭ ئون سەككىز ئەۋلادىنىمۇ قوشۇپ تىللاپ كېتىشتى! ۋېتىك :

— بولدى، بىز دەرھال بۇ نەس باسقان جايدىن كېتەيلى، دەرھال ۋەزىپىنى تۈگىتىپ يەر يۈزىگە قايتايلى!— دېدى. ھەممەيلەن ئېھتىياتچانلىق بۇ بۇلغانغان يەردىن مېڭىپ ئۆتۈشكە باشلىدى، دەل شۇچاغدا ئۆڭكۈر تورۇسىدىن بىر تاش تۈۋرۈك غولاپ چۈشتى، ئاندىرىۋ بۇنى كۆرۈپ دەرھال ۋاقىرىدى :

— پەخەس بولۇڭلار، تېز قېچىڭلار !

كۆپچىلىك بۇنى كۆرۈپ دەرھال تۆت تەرەپكە قېچىشتى، ئۆڭكۈر تورۇسىدىن تاش تۈۋرۈكلەر بىردىنلا يامغۇر ياغقاندەك توختىماي چۈشۈشكە باشلىدى، بىر ماشىنا ئۇياق-بۇياققا ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپ، ئاخىرى يەنىلا ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە بولۇپ يانچىۋېتىلدى. شوپۇر ۋە ماشىنىدىكى ئىككى ئەسكەر نەق جايىدا قۇربان بولدى. تېخى ھەممەيلەن ئېسىنى يىغىپ بولماي تۇرۇپلا، بەدىنىدە قاسىراقچىلار ئۆسكەن چايانغا ئوخشاش قۇيرۇقى بار بىر توپ غەلىتە مەخلۇقلار ئۆڭكۈر دىۋارىنى بويلاپ ئۆملەپ كېلىشكە باشلىدى. بىر فرانسىيىلىك ئەسكەر قولىدىكى پىلىموتنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنى ئېتىشقا باشلىدى، بىراق ئۇ غەلىتە مەخلۇقلار ناھايىتى چاققانلىق بىلەن نۇرغۇن ئوقلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئېتىلىپ كېلىپ چېكىنىپ كېتىۋاتقان ھېلىقى ئەسكەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قوللىرىنى شىلتىدى، ھېلىقى ئەسكەر چىقىراشقىمۇ ئۈلگۈرمەي بېشى يەرگە دۇملاپ چۈشتى. تېخىمۇ كۆپ غەلىتە مەخلۇقلار توختىماستىن ئۆملەپ كېلىشكە باشلىدى. ۋەن شيوگفېي قولىدىكى پىلىموتنى ئېلىپ بىر دىسكا ئوقنى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بىر غەلىتە مەخلۇققا قارىتىپ ئاتتى، ئۇچقاندەك بارغان ئوقلار ئۇنىڭ

بەدىنىگە تەگكەندىن كېيىن مېتال سۇركەلگەندەك ئوت ئۇچقۇنى چىقاردى، بىراق ھېلىقى غەلىتە مەخلۇقنىڭ قاتتىق قاسىرىقى ئۇنى قوغداپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇنغا بارمايلا ئالدىراش قېچىپ كەتتى. ۋېتىك بىلەن ئاندىرىۋمۇ جىددىي ئېتىشىپ كەتكەن ئىدى، ۋېتىك ئەمدى بىر غەلىتە مەخلۇقنىڭ مېگىسىنى چۇۋۇۋېتىپ تۇرۇشىغا، كەينىدىن بىر ئۆتكۈر پەنجە ئۇچۇپ كەلدى، ۋېتىك دەرھال يەرگە يېتىۋالدى، ھېلىقى غەلىتە مەخلۇق بۇنى كۆرۈپ، ئۆرۈلۈپلا چايانغا ئوخشاش قۇيرۇقىنى سانجىدى، ۋېتىك يەردىلا دۇمىلاپ ئۆزىنى قاچۇردى، قۇيرۇق يەرگە سانجىلىپ يوغان تۆشۈك پەيدا قىلدى، ۋېتىك ئورنىدىن تۇرۇپ قورقىنىدىن سوغۇق تەرلەپ كەتتى، ئىچىدە ئەگەر بەدىنىگە سانجىلغان بولسا بەدىنىدىن يوغان تۆشۈك ئېچىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىدى. ئاندىرىۋ ئۆزىنىڭ مەرگەنلىكىگە تايىنىپ، بىردەمدىلا بىرمۇنچە غەلىتە مەخلۇقنى يوقاتتى، ھەممىسىنىڭ مېگىسىنى چۇۋۇۋەتكەن ئىدى! ۋەن شيوگفېي بىر تەرەپتىن ئاتقاچ، بىر تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا دېدى:

— بۇ مەخلۇقلارنى ئېتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ، بۇلار بىلەن ئېتىشىۋەرمەي تېزراق كېتەيلى!

— قوشۇلىمەن!— دېدى ئاندىرىۋ. ئىككىيلەن بارلىق جەڭچىلەرنى دەرھال ماشىنىغا چىقىپ چېكىنىشكە بۇيرىدى، ۋېتىك بىر تەرەپتىن ئوق ئېتىپ قوغدىغاچ، بىر تەرەپتىن ئەسكەرلەرنىڭ ماشىنىغا چىقىشىغا قوماندانلىق قىلدى، ئىككى ماشىنا ئاۋال يولغا چىقتى، ۋېتىك ماشىنىغا چىققاندىن كېيىن، بىر ئەسكەر ئەمدى چىقاي دەپ تۇرۇشىغا غەلىتە مەخلۇقنىڭ قۇيرۇقى دۈمبىسىگە سانجىلدى، ۋېتىك دەرھال چاچما ئوقلۇق تاپانچىسىنى چىقىرىپ ھېلىقى قۇيرۇققا قارىتىپ ئېتىپ، قۇيرۇقنى ئىككى پارچە قىلىۋەتتى، غەلىتە مەخلۇقنىڭ ئېچىنىشلىق چىقىرىغان ئاۋازى ئىچىدە ھېلىقى ئەسكەرنى ماشىنىغا تارتىپ چىقىرىۋالدى. ماشىنا ئەترىتى ئوت كۈچىنىڭ ھېمايىسىدە تېز سۈرئەتتە يەنە بىر قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە كىرىپ كەتتى. ھېلىقى غەلىتە مەخلۇقلار قىيا تاشلارغا يامىشىپ توختىماي قوغلاپ كېلىۋاتاتتى، ئۆڭكۈر ئىچى ناھايىتى قاراڭغۇ بولۇپ، بارلىق ئەسكەرلەر پەقەت ئوق ئاتقاندا چىققان ئوت ئۇچقۇنىغا تايىنىپ ھېلىقى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ئورنىنى تەخمىنەن پەرەز قىلىشاتتى، شۇڭا ناھايىتى تەستە جەڭ قىلىۋاتاتتى! ۋەن شيوگفېي بىر دىسكا ئوقنى ئېتىپ بولۇپ، تۇيۇقسىز ھېلىقى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ كۆزىنىڭ ئىلگىرىكى قىزىل رەڭدىن نۇرلۇق پاقىراشقا باشلىغانلىقىنى بايقىدى، ئۇ دەرھال ماشىنىغا كىرىپ، ماشىنىدىن بىر مىناميوتنى ئالدى، ئاندىرىۋ بۇنى كۆرۈپ ۋاقىرىدى:

— ئاتماڭ! پارتلاش ئۆڭكۈرنى غۇلىتىۋېتىدۇ!

سۆزى ئەمدى ئاخىرلىشىپ تۇرۇشىغا ۋەن شيوگفېي ۋاقىرىدى:

ــ ھەممىگىلار كۆزۈڭلارنى يۇمۇۋېلىڭلار !

ئارقىدىنلا مىناميوت ئېتىلدى، پارتلاش يۈز بەرمىدى، ئەكسىچە ئورنىغا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئاق نۇر چاقنىدى، ئاندىرېۋ كۆزنى ئەتكىنىچە غودۇردى :

ــ يورۇتقۇچ بومبا؟

ھېلىقى غەلىتە مەخلۇقلار كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە يەرگە يىقىلىشتى، قىسىم مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتتى! ماشىنىدا ئاندىرېۋ سورىدى :

ــ سىز ئۇلارنىڭ يورۇقلۇقتىن قورقىدىغانلىقىنى قانداق بىلىسىز؟

ۋەن شيوگىفېي بىر تىنىۋېلىپ :

ــ كۆزىدىن!ــ دېدى. ئاندىرېۋ ھەيران بولۇپ سورىدى :

ــ كۆزىدىن؟

ۋەن شيوگىفېي بېشىنى لىڭشىتتى :

ــ شۇنداق، باياتىن ھېلىقى يادرو ئەخلىتى بار ئۆڭكۈردە ھېلىقى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ كۆزى تۇتۇق قىزىل ئىدى، بىراق قاپقاراڭغۇ جايغا كەلگەندە دەرھال پاقىراشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ كۆزى خۇددى تەڭشىگىلى بولىدىغان كېچىدە كۆرۈش ئەينىكىگە ئوخشايدىكەن، ئۇلارنىڭ كۆزى قاراڭغۇ جايغا كەلگەندە پاقىرىغانلىقى ئۇلارنىڭ يورۇقلۇق دەرىجىسىنى ئەڭ چوڭ قىلىپ تەڭشىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، يورۇتقۇچى ئوق ئېتىلغاندىن كېيىن خۇددى كېچىدە كۆرۈش ئەينىكى تاقاپ چىڭقى چۈشتىكى قۇياشقا قارىغاندەك بولىدۇ، ئۇلار ئەلۋەتتە چىدىيالمايدۇ !

ئاندىرېۋ بۇنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ۋەن شيوگىفېينىڭ ئەقلىگە قايىل بولماي تۇرالمىدى. بۇ ۋاقىتتا بىر نەچچە ئەسكەر ئاغرىقتىن يىغلاشقا باشلىدى! ئەسلىدە ھېلىقى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ قۇيرۇقىدا زەھەر بار ئىدى، ۋىتىك قۇتقۇزۇۋالغان ھېلىقى ئەسكەرنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە زەھەر تارقاپ، كۆپچىلىكنىڭ كۆز ئالدىدا ئاستا ـ ئاستا ئۆلۈپ كەتتى، ھەرخىل زەھەر قايتۇرۇش دورىلىرىمۇ بۇ زەھەرگە قىلچىلىك كار قىلمىدى، كۆپچىلىكنىڭ ھېلىقى ئەسكەرنىڭ ئازاپلىنىپ ئۆلۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرماقتىن باشقا ھېچقانداق ئامالى بولمىدى. ۋىتىك بۇنى كۆرۈپ كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى ئازراق قىزارغىنىچە، بىر تەرەپتىن ئولتۇرغاچ، بىر تەرەپتىن چوڭقۇر ئويغا چۆكتى. ئۇزۇن يىللىق ئۇرۇش ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى ئاللىقاچان قۇرۇتقان بولۇپ، ئېشىپ قالغىنى پەقەت غەزەپ ـ نەپرەت ئىدى! كىچىك دىنوزاۋورمۇ ئەتراپقا قاراپ ئازاپلىق چىقىراپ قويدى .

ماشىنا ئەترىتى يەنە بىر قايرىلىدىغان دوقمۇشتىن ئۆڭكۈرگە كىرگەندىن كېيىن، كۆپچىلىك كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىدىن ھەيران قالدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا تەبىئىي شەكىللەنگەنلىكى

ياكى كېسىپ ياسالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر تاش كۆۋرۈك تۇراتتى، تاش كۆۋرۈكنىڭ ئەتراپىدىكى قىيا تاش پارچىلىرى زەھەرلىك ماددىلار تەرىپىدىن ئېغىر بولغانغان ئىدى. كۆۋرۈك ئاستىدا بولسا كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان راك پەيدا قىلغۇچى يۇندا كۆلچىكى بار ئىدى. كۆلچەكتە يادرو ئەخلىتى تۆگىلىرى ۋە ئورگانىك زەھەرلىك ماددىلار قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان بولۇپ، ھەر خىل زەھەرلىك ماددىلار ھاۋاغا توختاۋسىز تارقىلاتتى! يېنىدا بىر نەچچە ئادەتتىكى چايانلار بۇ يۇندىنى ئىچىۋاتاتتى، يەنە ھېلىقى غەلىتە مەخلۇقلارغا قارىماققا ئوخشاپ كەتسىمۇ، بىراق جۇغى كىچىكرەك بىر نەچچە جانلىقلار كۆلچەكتە ئۈزۈپ يۈرەتتى، بىر نەچچە ئابايىقىدەك غەلىتە مەخلۇقلار يادرو ئەخلىتى تۆگىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ كېلىپ، تۆگىنى كۆلچەككە تاشلىدى.
نۇرغۇن ئەسكەرلەر ماشىنىدىلا قۇسۇشقا باشلىدى، ۋىتىك خۇرسىنىپ تۇرۇپ:
ــ ھەي! قارىغاندا بۇ مەخلۇقلارنى بىز ئىنسانلار ئۆزىمىز بىر قوللۇق پەيدا قىلىپتىكەنمىز!ــ دېدى.

## 37ـ باب ھايات ـ ماماتلىق بىر ئېلىشىش

ئالدىدا ھەر ۋاقىت ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان تاش كۆۋرۈك تۇراتتى، كۆۋرۈك ئاستىدا جان ئالغۇچى يۇندا كۆلچىكى بار ئىدى، توققۇز ماشىنىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ماشىنىدىن چۈشكەندىن كېيىن، ماشىنىلار بىر ـ بىرلەپ ئاستا ـ ئاستا ئۆتۈشكە باشلىدى. يول بويى تاش پارچىلىرى توختىماي غولاپ چۈشۈشكە باشلىدى، بارلىق ئەسكەرلەرمۇ ئاۋايلاپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئاخىرى ئەترەت پۈتۈنلەي ئۆتۈپ بولدى. ۋەن شيوگېيې مېڭىش ئالدىدا كامېرا ئارقىلىق بىر قىسىم كۆرۈنۈشلەرنى سىنغا ئالغاندىن كېيىن، ئىككى دانە گراناتنى ئېلىپ ئاتقاندىن كېيىن:
ــ سىلەرگە سوۋغام، قوبۇل قىلىڭلار!ــ دېدى. پارتلىغان ئوت يالقۇنى يۇندا كۆلچىكىدىكى سۇغا تۇتۇشۇپ، دەرھال كۈچلۈك ئوت ئالدى، سانسىزلىغان غەلىتە مەخلۇقلار ئوت دېڭىزىدا ئازاپلىق تىركەشمەكتە ئىدى.
قوشۇن ئىلگىرىلەش سۈرئىتىنى تېزلەتتى، ھەممەيلەن ھازىر پەقەت ۋەزىپىنى تېزراق تۈگىتىپ بۇ نەس باسقان جايدىن كېتىشنىلا ئويلايتتى. نىشانغا ئاز قالغاندا ملتىق ئاۋازى ۋە ئېچىنىشلىق چىقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى، جىجىت يەر ئاستىدا بۇ ئاۋازلار تېخىمۇ جاراڭلىق ۋە قورقۇنچلۇق ئاڭلىناتتى! بۇنى ئاڭلىغان ھەر بىرەيلەن قوللىرىدىكى ملتىقلىرىنى تېخىمۇ

چىڭ تۇتۇشتى، ئاندىرىۋ چاقىرغۇنى ئېلىپ سورىدى :

ــ بىز 23 ـ ئەترەت، سىلەر قانچىنچى ئەترەت؟

بىردەمدىن كېيىن چاقىرغۇدىن جاۋاپ قايتتى :

ــ بىز 17 ـ ئەترەت، بىز ھۇجۇمغا ئۇچرىدۇق، ئەھۋالىمىز بەك ناچار! بىزنى تېز قۇتقۇزۇۋېلىڭلار !

ۋەن شيوگفېي بۇنى ئاڭلاپ قوشۇنغا پۈتۈن سۈرئەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش بۇيرۇقى بەردى . نىشانغا بارغانسېرى ئاز قېلىۋاتاتتى، ۋەن شيوگفېي كېچىدە كۆرۈش ئەينىكىنى تاقاپ، ئالدى تەرەپتە بىر توپ غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ بىر قاتار بولۇپ يولدىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆردى .

ــ ئۇلارنى ئوتتۇرىدىن ئۈزۈۋېتىڭلار!ــ دەپ ۋاقىرىدى ۋەن شيوگفېي. بىر نەچچە غەلىتە مەخلۇق بۇ بىر توپ يېڭى كەلگەن چاقىرىلمىغان مېھمانلارنى بايقاپ چىقىرىغىنىچە ئېتىلىپ كەلدى، بىراق ناھايىتى تېزلا ھەرە كۆنىكىدەك ئۆتمە ـ تۆشۈك بولۇپ يەرگە يىقىلدى .

بىر نەچچە سېپىرىلما زەمبىرەكنىڭ يول ئېچىشى بىلەن، ئەسكەر توشۇغۇچى ماشىنىلار بۇ كەلكۈننىڭ ئوتتۇرىدىن بۆسۈپ ئۆتتى. ئەسكەرلەر ماشىنىنىڭ ئۈستىدە بىر تەرەپتىن چېكىنگەچ بىر تەرەپتىن توختىماي ئاتاتتى، ئانچە كۆپچىمەيلا يەر يۈزى جەسەت بىلەن توشتى. تار يەر ئاستى يولىدا بۇ جەسەتلەر توسالغۇ پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھۇجۇم يولىنى توساپ قويدى! چېكىنىش جەريانىدا بىر ئەسكەر ئېھتىياتسىزلىقتىن يېرىم جان غەلىتە مەخلۇق تەرىپىدىن قارنى يېرىۋېتىلدى، يەنە بىر ئەسكەرنىڭ بوينى ئۈزۈۋېتىلدى. ئارقا سېپى قورشاۋدا قالغان 17 ـ ئەترەتمۇ غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ھۇجۇمىنىڭ ئاجىزلاپ قالغانلىقىغا دىققەت قىلدى، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتقا ئېلىپ قويغان «شەرەپ بومبىلىرى» (بىللە ئۆلۈشكە تەييارلاپ قويغان گراناتلار) نىڭ ھەممىسنى ئېتىشىپ، بىر قانلىق يول ئاچقاندىن كېيىن، ئاخىرى 23 ـ ئەترەت بىلەن ئۇچراشتى. 17 ـ ئەترەتتىكى 100 نەچچە ئادەمدىن بۇ چاغدا پەقەت 37 ئادەملا قالغان ئىدى. ئېغىر چىقىم تارتقان 17 ـ ئەترەتنى كۆرگەن ۋەن شيوگفېي جىمىكىلدى :

ــ سىلەر ئاۋال سول تەرەپتىكى ئاچا يولدىن چىققاچ تۇرۇڭلار، بىز كەينىڭلاردىن بارىمىز !

روسىيە ئالاھىدە ئەترىتىنىڭ باشلىقى جىشروف :

ــ بىلدىم، سەن ئۆزەڭنىڭ ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قالما سولتەك!ــ دېدى ۋەن شيوگفېيغا. ۋەن شيوگفېي بىر دىسكا ئوقنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن ئاچچىقلانغان ھالدا :

ــ سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، مەن سولتەك ئەمەس!!!ــ دېدى. جىشروف بۇنى ئاڭلاپ قول ئاستىدىكىلىرىگە دېدى :

ــ بولدى، تەلۋىلەر! بىز ماڭايلى !

سۆزى تۆگەش بىلەنلا ۋەن شيوگفېيلارنىڭ قوغدىشى ئاستىدا ئەسكەر توشۇش ماشىنىسىنى ھەيدەپ تېز سۈرئەتتە بۇ يەردىن ئايرىلىشتى .

ئۇلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ۋەن شيوگفېي دىققىتىنى قايتىدىن كۆز ئالدىدىكى رەھىمسىز مەنزىرىگە قاراتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئەگەر ۋەن شيوگفېيلار يەر شەكلى ئەۋزەللىكىگە ئېرىشىپ، غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ئۆلۈكىنى توسالغۇ قىلمىغان بولسا، ئۇلار ئاللىقاچان بىرەر يۈز قېتىمچە ئۆلۈپ بولغان بولاتتى. غەلىتە مەخلۇقلار ئۇزۇلمەي چىقىۋاتاتتى، قانچە ئاتسىمۇ تۈگىمەيۋاتاتتى، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئوت كۈچى يوقالسا غەلىتە مەخلاۇقلار دەرھال ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ ئۇلارنى پارچىلىۋېتەتتى. كۆپچىلىك بۇ يەردە ئۇلار بىلەن داۋاملىق قاتتىق تىركەشسە بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، چۈنكى ئۆزلىرىنىڭ ئوقى تۈگىمەس ئەمەستە! ۋىتىك يېنىدىكى قاپقارا تەرگە چۆمگەن ئەسكەرگە قاراپ قويۇپ، ۋەن شيوگفېيغا :

ــ سىلەر ئاۋال مېڭىڭلار، مەن ئادەم باشلاپ سىلەرنى ھىمايە قىلىپ تۇراي!ــ دېدى. ۋەن شيوگفېي ۋە ئاندىرىۋ ۋىتىكقا بىر نېمە دېمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ۋىتىكنىڭ قەتئىيلىك نۇرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ، ئاغزىغا كەلگەن گېپىنى يۇتۇۋېتىشتى. ۋىتىك :

ــ سىلەر قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، دەرھال مېڭىڭلار! بىز كىنو ئىشلىمەيۋاتىمىز!ــ دېدى. ۋەن شيوگفېي بېشىنى لىڭشتىپ تۇرۇپ :

ــ بولىدۇ، كۆپچىلىك ماشىنىغا چىقىڭلار، بىز بۇيەردىن كېتەيلى!ــ دېدى. سۆزى تۈگەش بىلەنلا ئاندىرىۋ بىر دانە گراناتنى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىدى، غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ھوجۇمىنىڭ پارتلاشتىن بولغان ۋاقىتلىق كېچىكىشىدىن پايدىلىنىپ، فرانسيە، جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ ئەسكەرلىرى يۈگرەپ ماشىنىغا چىقىۋالدى. ۋەن شيوگفېي ماشىنىنى قوزغىغاندىن كېيىن، غەلىتە مەخلۇقلار بىلەن جەڭ قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان ۋىتىك ۋە ئامېرىكا ئەسكەرلىرىگە ۋاقىرىدى :

ــ لاۋ ۋېي، مېنىڭ پەقەت بىر جۈملە سۆز دەپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ، مەن ئۈچۈن تىرىك قايتىپ كېلىڭلار !!

ۋىتىك بۇنى ئاڭلاپ ۋەن شيوگفېيغا بۇرۇلۇپ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى. ئوت كۈچى بىردىنلا كۆپ ئاجىزلاپ كەتتى، نۇرغۇن غەلىتە مەخلۇقلار ئوت تورىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، قىرغىنچە يېقىنلاشقا باشلىدى. ۋىتىك ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن چېكىنگەچ بىر تەرەپتىن قايتۇرما زەربە بېرىشكە باشلىدى. ئۆلۈم-يېتىم بارغانسېرى كۆپەيدى، ئۇلار بەرداشلىق بېرەلمىگىلى تۇردى! ۋىتىك راكىتالىق زەمبىرەكنى ئېلىپ ئۆڭكۈر تورىسىغا ئېتىپ، ئۆڭكۈرنى ئاغدۇرۇپ ئۆڭكۈر ئاغزىنى ئەتتى. بارلىق كۈچى بىلەن كەينىگە يۈگۈرۈپ قېچىشقا باشلىدى! بىراق ئېتىۋېتىلگەن ئۆڭكۈر ئاغزى ناھايىتى تېزلا غەلىتە مەخلۇقلار تەرىپىدىن

كولاپ ئېچىۋېتىلدى، ئالۋاستىغا ئوخشاش ئۇلارنى قوغلاپ ئۆلتۈرەتتى، ئادەملەرنىڭ بىر جۈپ پۇتى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ تۆت پۇتىدەك تېز يۈگرەلمەيتتى، بىر قىسىم ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنىڭ قېچىپ كېتىشىگە كۆزى يەتمەي، ئىختىيارسىزلا قوللىرىدىكى پىلىموتنى ئېلىپ غەلىتە مەخلۇقلارغا قارىتىپ سېيرىپ ئېتىشقا باشلىدى، بىراق ناھايىتى تېزلا ئۇلار قارا رەڭلىك غەلىتە مەخلۇقلار دولقۇنى تەرىپىدىن يۇتۇۋېتىلدى! ۋىتىكنىڭ كۆڭلىگە ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈشى پەقەت بىردەمچىلىك ۋاقىت مەسلىسى ئىكەنلىكى ئايان ئىدى، بىراق «قارىغۇنى كۆزدىن ئايرىغان خۇدايىم ھاسسىدىن ئايرىماپتۇ» دېگەندەك، ئالدىدىن بىر ناھايىتى كىچىك ئۆڭكۈر ئاغزى كۆرۈندى !

ــ ئاۋۇ ئۆڭكۈرگە كىرىڭلار!ــ دەپ ئۈنلۈك بۇيرۇق قىلدى ۋىتىك. ئامېرىكىلىق ئەسكەرلەر بۇنى ئاڭلاپ دەرھال يۈنۈلۈشنى ئۆزگەرتىپ يۈگرەپ كىرىپ كېتىشتى. ئۆڭكۈر ئىچى بەكمۇ تار بولۇپ، ئاران بىرلا غەلىتە مەخلۇق پاتاتتى، ئەسكەرلەر مۇشۇ يەر شەكلى ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، كىرگەن غەلىتە مەخلۇقلارغا زەربە بېرىپ، ھەمراھلىرىنىڭ چېكىنىشىنى ھېمايە قىلىۋاتاتتى! ئۈچ پىلىموتنىڭ ئوت كۈچىدە غەلىتە مەخلۇقلار باشتىن ـ ئاخىر ئۇلارغا يېقىنلىشالمىدى، ئوق بەتلەۋاتقان بىر ئەسكەرنىڭ كۆڭلى تۇيۇقسىز شۈركىنىپ كەتتى، بىر غەلىتە مەخلۇق ئۆڭكۈر تورۇسىدىكى ئارىلىقتىن ئۆملەپ كىرىپ كەلدى، ھېلىقى ئەسكەر ئوق چىقىرىپ ئۈلگۈرمەيلا، قولىنى بىر شىلتىپلا ئەسكەرنى يەرگە يىقىتتى! ئۆتكۈر چىشى ھېلىقى ئەسكەرنىڭ بوغۇزىغا چىشلەندى! ۋىتىكلار كىرگەن ئۆڭكۈر تەرەپ ـ تەرەپكە تۇتاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك مۇرەككەپ ئىدى، ھەممە يەردە ئاچا يول ئېغىزلىرى بار ئىدى. غەلىتە مەخلۇقلار ھەر تەرەپتىن قوغلاپ كېلىپ ئۇلارنى گاڭگىرىتىپلا قويدى! ئېنفىرا قىزىل نۇرلۇق تەكشۈرگۈچ ئەسۋابىنىڭ ياردىمىدە ۋىتىك ۋە ئۇنىڭ ئامېرىكىلىق ئەسكەرلىرى بۇ ئۆلۈم پۇراپ تۇرغان سىرلىق ئورىدىدا ھەر تەرەپكە قاچاتتى! ھەر بىر چىقىرىغان ئاۋاز ئۇلارنىڭ بىر سەپدىشىدىن ئايرىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بىر ئەسكەر جەڭ جەريانىدا بەختكە قارشى سول پۇتى كېسىلىپ يەرگە يىقىلدى، ئۇ بىر گىراناتنى ئېلىپ، ئۆزىگە قاراپ شىلتىنىۋاتقان ئورغاقتەك قولغا قارىغىنىچە گىراناتنى پارتلاتتى، پارتلاشتىن چىققان ئوت يالقۇنى يولنى بىر ئالدى !

ۋىتىكلەر جېنىنىڭ بېرىچە قېچىۋاتقاندا، ۋەن شيوڭفېيلارنىڭ كۈنىمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى! نۇرغۇن غەلىتە مەخلۇقلار ھەر تەرەپتىن قىرغىنىچە ھۇجۇم قىلىپ كەلمەكتە ئىدى، ۋەن شيوڭفېيلارنىڭ قوللىرىدىكى قۇراللار ئوق ئېتىشتىن بىردەممۇ توختىمايتتى! ماشىنا ئۆڭكۈر يولىدا ماڭماقتا. تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتىكى سول تەرەپ ئۆڭكۈر تېمى ئۆرۈلۈپ، جۇغى بىرونتوزاۋردەك كېلىدىغان بىر چوڭ غەلىتە مەخلۇق ئۆملەپ چىقىپ، ئۇلارغا قارىتىپ يېشىل

سۈيۈقلۇق پۈركىدى. ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ماشىنا بىردەمدىلا قايماقتەك ئېرىپ بىر دۆۋە يېشىل سۈيۈقلۇققا ئايلاندى. ئاندىرىۋ بۇنى كۆرۈپ پۈتۈن بەدىنى سوغۇق تىترەپ كەتتى، ياندا تۇرغان ۋەن شيوگۇيې سېپىرىلما زەمبىرەكنى ئېلىپ، ھېلىقى غەلىتە مەخلۇق 2 ـ قېتىم سۈيۈقلۇق پۈركىمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ باش ئۈستىگە قارىتىپ بىر پاي ئوق ئاتتى، غولاپ چۈشكەن تاش غەلىتە مەخلۇقنىڭ بېشىغا تېگىپ، يېشىل سۈيۈقلۇقلار ياندىكى قورام تاشقا چاچرىدى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋەن شيوگۇيېلارنىڭ ماشىنىسى غەلىتە مەخلۇقنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ كەتتى، بىر مۇنچە سېپىرىلما زەمبىرەك ۋە گراناتلار غەلىتە مەخلۇقلار توپىغا قارىتىپ ئېتىلدى، كۈچلۈك پارتلاش ئۆكتۈر تورۇسنى ئۆكتۈرىۋەتتى، بىرمۇنچە قورام تاشلار غەلىتە مەخلۇقلارنى كۆمۈپ تاشلىدى. بۇنى كۆرۈپ ۋەن شيوگۇيې ئاخىرى بىر ئۇھ تارتىۋالدى!

دەل مۇشۇ چاغدا ياپونىيىنىڭ ئوساكا رايونىدىكى بىر ئېلېكتىر ئىستانسىسىدا بىر نەچچە قاراۋۇل چوڭ بىر ئۆينىڭ سىرتىدا قوغداپ تۇراتتى. بۇ ئۆي دەل ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ ئاساسىي گېنراتور ئۆيى ئىدى! ئۆينىڭ ئىچى پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى، ئەگەر بىركىم بۇ يەردىكى مەنزىرىنى كۆرسە چوقۇم ھەيران قالاتتى! چۈنكى ئۆي ئىچىدە غايەت زور غوزەكسىمان مەخلۇق گېنراتور ئۈستىدە يېتىپ توكنى سۈمۈرىۋاتاتتى، يان تەرىپىدە ساناقسىز كىچىك غوزەكسىمان مەخلۇقلار يۈرەتتى. ئىستانسا سىرتىدىكى بىرنەچچە ماشىنا ئىستانسىدىن ئايرىلدى، بۇ ماشىنىلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ماشىنىلىرى ئىدى، ئۇلار ئەسلىدە ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالىنى زىيارەت قىلماقچى ئىدى، ئەمما قاراۋۇللار ئۇلارنى پەقەت كىرگۈزمىدى، ماشىنىدىكى مۇخبىرلار بەك ئەپسۇسلاندى. ئەسلىدە ئۇلار بۇ يەرنىڭ مەسئۇلى بىلەن بۈگۈن زىيارەت قىلىشنى كېلىشىپ قويغان ئىدى، نەچچە كۈن ئۆتمەيلا بۇ يەرنىڭ مەسئۇلى ئۆزگىرىپ ئۇلارنى پەقەت كىرگۈزمىدى!

توكيو كوچىسى، بۇ يەردە ھېلىمۇ جەڭ ئىزنالىرى كۆرگىلى بولاتتى، بىر ئەر كوچىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تۇرقى بەكمۇ سوغۇق ئىدى، ئەگەر ئۇنىڭ مېڭىۋاتقىنىنى ھېساپقا ئالمىسا، كىشىلەر بەلكىم ئۇنى ئۆلۈكمىكىن دەپ قالاتتى. تۇيۇقسىز ۋاقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى، ئەسلىدە بىر نەچچە ياپونىيە ئوڭ قانات ئۇنسۇرلىرىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى ئۇ يەردە تەشۋىق ۋەرەقىسى تارقىتىۋاتاتتى. «ياپونىيىدىكى ب د ت قىسىملىرىنى قوغلاپ چىقىرايلى!» دەپ جار سېلىشىۋاتاتتى. بىر نەچچە ساقچى ۋە ئەسكەر دەرھال يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇلارنى تۇتتى. ئېلىپ كېتىلىۋاتقاندا ئۇلار ئۇ يەردە تېخىچە «بۈيۈك ياپونىيە ئېمپېرىيىسى ياشىسۇن!» دەپ ۋاقىراۋاتاتتى. جەڭدىن كېيىنكى ھازىرقى ياپونىيە ئاساسىي قانۇنىدا

ھەرقانداق سورۇندا مىلىتارىزم ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش قانۇنغا خىلاپ جىنايەت دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى. ھېلىقى ئەر بۇ قالايمىقانچىلىقنى كۆرۈپ، بىر كوچىغا كىرىپ بىر يەرئاستى سۈيى قۇدۇق قاپقىقىنى ئېچىپ سەكرەپ چۈشتى، ئاندىن ھېلىقى ئەر يەرگە يېقىلىپ، ئۇنىڭ كىيىمىدىن بىر غەلىتە قۇرۇت ئۆمىلەپ چىقتى-دە، تېز سۈرئەتتە قاپقاراڭغۇ يەر ئاستى يۇندا يولىنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كەتتى.

-2كۈنى ياپونىيە گېزىتلىرىگە بىر خەۋەر بېسىلدى:« بىر ياپونلۇق ئەر توكيو كوچىسىدىكى يەر ئاستى يۇندا يولىدا ئۆلگەن، نۆۋەتتە ساقچىلار ئۇنىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى ئېنىقلاۋاتىدۇ. شۇ كۈنى يەنە بىر نەچچە ئوڭ قانات ئۇنسۇرلار كوچىدا مىلىتارىزم ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلغانلىقتىن قولغا ئېلىندى«!

## 38 - باب تاشقى پىلانىتىنىڭ قۇتۇلدۇرۇشى

يەر ئاستىدا پارتلىتىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقان ئالاھىدە قىسىملارنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى بۇ بىر نەچچە كۈندە ئەجەللىك ھۇجۇمغا ئۇچرىدى، ۋەن شيوڭفېيلار زېگېرلارنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى سەۋەبىدىن نىشاندىن خېلىلا چەتنەپ كەتتى، ھازىر ئۇلار 17-ئەترەتنىڭ قالدۇق قىسىملىرى بىلەن بىللە بىر مەخپىي ئۆڭكۈرگە كىرىۋالدى، بىر نەچچە كۈنلۈك توخىماي جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە بۇ ئەسكەرلەر روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن جىق چارچىغان ئىدى. كىچىك دىنوزاۋۇر ئاندىرىۋغا ئەگىشىپ قىسىملارنى بىر ئايلىنىپ چىقتى. ماشىنا ئىچىدە ياتقان يارىدارلار ۋە بىر چەتتە ئالدىراش يۈرگەن دوختۇرلارغا قاراپ ئاندىرىۋ ئىختىيارسىز ئۇھ تارتىپ قويدى. كىچىك دىنوزاۋۇرمۇ ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشەنگەندەك قايغۇلۇق ھالدا بىر نەچچىنى چىقىراپ قويدى. بىر ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ماشىنىدىن مۇنازىرىلەشكەن ئاۋاز ئاڭلاندى، ۋەن شيوڭفېي بىلەن جىشىروف كېيىنكى قەدەمدە قانداق ھەرىكەتلىنىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا ئاندىرىۋ كىرىپ كەلدى، ئاندىرىۋنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ ۋەن شيوڭفېي سورىدى:

— ئۆلۈم-يېتىم ئەھۋالى قانداقراقكەن؟

ئاندىرىۋ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويۇپ:

— ئانچە ياخشى ئەمەس، نۇرغۇنلارنىڭ يارىسى بەك ئېغىركەن! دورا ۋە ئوزۇق-تۈلۈكلەر ئالدىنقى بىر نەچچە قېتىملىق جەڭدە خېلى جىق چۈشۈپ قاپتۇ، ھازىر بىر قىسىم ئەسكەرلەر

روھىي كېسەلگە گىرىپتار بوپتۇ، ئەسكەرلەرنىڭ پىسخىك بېسىمغا بەرداشلىق بېرىش دەرىجىسىمۇ چېكىگە يەتتى،ــ دېدى. ۋەن شيوگۈيې بۇنى ئاڭلاپ بېشىنى ئىككى قوللاپ قاماللىغىنىچە بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:

ــ ئاۋال بۇنى قويۇپ تۇرۇپ تۇرايلى، ۋىتىك ۋە ئۇنىڭ ئامېرىكا قىسىملىرىنىڭ خەۋىرى بارمۇ؟ــ دېدى. ئاندىرىۋ بېشىنى چايقاپ قايغۇرغان ھالدا:

ــ ئازراقمۇ خەۋىرى يوق، ئۇلاردىن ئايرىلغىلى نەچچە كۈن بولدى، ئېھتىمال...ئېھتىمال...پەقەت ئەڭ ناچار ئېھتىماللىققا تەييارلىق قىلساق بولىدىغان ئوخشايدۇ،ــ دېدى. دەل شۇ چاغدا پۈتكۈل ئۆڭكۈر تورۇسى يېنىككىدە تەۋرىنىشكە باشلىدى، نۇرغۇن ئەسكەرلەر دەرھال قوراللىرىنى ئېلىپ، تۆت ئەتراپقا دىققەت بىلەن سەپ سېلىشقا باشلىدى، تەۋرىنىش تېزلا توختىدى! ئەتراپ يەنە جىمجىتلىققا چۆكتى، ۋەن شيوگۈيې دەرھال ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

ــ يەنە بىر نىشان پارتلىتىۋېتىلدى، قايسى ئەترەت تاماملىغاندۇ؟ــ دېدى. ئاندىن ئۇ ئورنىغا قايتىپ بېرىپ ئولتۇرۇپ، بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:

ــ بىز نىشاندىن قانچىلىك چەتنەپ كەتتۇق؟ــ دەپ سورىدى.

ــ 765 كىلومېتىر، ئەترەت باشلىقى،ــ دەپ جاۋاپ بەردى بىر ئەسكەر. جىشروف ئورنىدىن تۇرۇپ ماشىنىنى قاتتىق بىرنى ئۇرغاندىن كېيىن:

ــ بۇ يەردە تېخى تەمناتمۇ يوق، مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك ئاخىرى بىر كۈنى مۇشۇ يەردە قامىلىپ ئۆلىمىز! بىز بىراقلا تاغنى كېسىپ بارايلى، ئەڭ تېز سۈرئەتتە نىشانغا بېرىپ ئۇ يەرنى پارتلىتىپ ۋەزىپىنى تاماملايلى!ــ دېدى. ئاندىرىۋ قارشى تۇرۇپ:

ــ مەن قارشى، ھازىر ئۆلۈم-يېتىم بەك ئېغىر، مەن... دەرھال يەر يۈزىگە چېكىنىپ چىقىش تەكلىپىنى بېرىمەن،ــ دېدى.

ــ مۇشۇنداقلا كەتسەك يۈزىمىز چۈشۈپ كەتمەمدۇ؟ ئەگەر بۇنداق بولسا مەن مۇشۇ يەردە ئۆلۈشكە رازى، كېتىدىغان ئىش بولسا ئۆزىڭىز كېتىڭ!ــ دېدى جىشروف.

ــ سىز مېنى قورقۇپتۇ دەمسىز؟ مەن ئەسكەرلەرنىڭ بىكاردىن ئۆلۈپ كېتىشىنى كۆرۈشنى خالىمايمەن!ــ دېدى ئاندىرىۋ. جىشروف بۇنى ئاڭلاپ، تۇيۇقسىز ۋەن شيوگۈيېغا بۇرۇلۇپ سورىدى:

ــ ۋەن شيوگۈيې، سىز بۇ يەردە قېلىپ داۋاملىق سوقۇشامسىز ياكى چېكىنەمسىز؟

ــ بۇ...بۇ...ــ دېدى ۋەن شيوگۈيې ئىككىسىگە قاراپ. بۇلارنىڭ بىرى ئۆلۈم-يېتىمنى يەنە كۆپەيتىشنى خالىمايتتى، يەنە بىرى شەرەپ بىلەن جەڭ قىلىپ ئۆلۈشتە چىڭ تۇراتتى، ھەر ئىككىسىنىڭ سۆزىنىڭ داۋلىسى بار ئىدى! ۋەن شيوگۈيې ئۇلارغا قاراپ قانداق جاۋاپ بېرىشنى

ھەقىقەتەنمۇ بىلەلمەي قالدى .

ــ لاۋۋېي، سىز بولسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز؟ــ كۆزىنى يۇمغىنىچە خۇرسىنىپ قويدى ۋەن شيوگڧېي .

ۋىتىك، ئامېرىكا ئالاھىدە قىسىملىرىنىڭ باشلىقى، ۋەن شيوگڧېيلارنىڭ چېكىنىشىنى ھېمايە قىلىش جەريانىدا زىگېر قىسىملىرى تەرىپىدىن ئېزىقتۇرۇۋېتىلدى! بۇ ئىنسانلارنىڭ كېلىشى مەنئىي قىلىنغان يەر ئاستىدا، ئېزىقىپ قالغانلارنى كۈتۈۋاتقىنى ئۆلۈمدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى، بەلكىم خۇدانىڭ بۇ 48 ياشلىق ئامېرىكىلىق قېرى ئەسكەرنى ساقلاپ قالغۇسى كەلگەن بولسا كېرەك، ۋىتىك كۆزىنى ئاچقاندا ئۆزىنى كۆپكۆك دېڭىز سۈيىگە چىلىشىپ ياتقاندەك ھېس قىلدى :

ــ مەن قەيەردە؟ نېمە ئىش بولۇپ كەتتى؟

تېخى ئېسىنى تولۇق يىغىپ بولالمىغان ۋىتىك ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى، ئەمما تىركەشكەنىنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى بولمىدى، ئۆزىنى خۇددى ئېغىرلىقنى يوقاتقان بوشلۇقتا تۇرغاندەك ھېس قىلدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ تىركىشىشتىن ۋاز كەچتى ـ دە، جىمجىت ياتقىنىچە بولغان ئىشلارنى ئەسلەشكە تىرىشتى :

ــ توغرا، مەن ۋەن شيوگڧېيلاردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ھېلىقى غەلىتە مەخلۇقلار توختىماي قوغلاپ كەلدى، كېيىن مەن ...

كۆرۈنۈشلەر خۇددى كىنو لېنتىسىدەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى بىر ـ بىرلەپ يەرگە يىقىلىشقا باشلىدى، غەلىتە مەخلۇقلار خۇددى سەلدەك باستۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى! ئۆزىنىڭ پۈتۈن بەدىنى قانغا مىلانغان ھالدا قولىدىكى 16 ـ Mنى تۇتقىنىچە جېنىنىڭ بېرىچە ئاتماقتا ئىدى، ئارقىدىنلا كۆز ئالدىدا كۆپكۆك نۇر چاقنىدى :

ــ توغرا...... كۆك نۇر، كۆك نۇردىن كېيىن مەن ھېچنېمىنى بىلەلمىدىم .

ــ ئۇ ھۇشىغا كەلدى !

غەلىتە ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىدى، خۇددى مېڭىسىدە ئەكس ئەتكەندەك تۇيۇلدى .

ــ ئېنگلىز تىلى، بۇ چوقۇم ئېنگلىز تىلى، مەن قەيەردە؟

ۋىتىك تۇيۇقسىز كۆپكۆك سۇنىڭ سۇزۇلۇشكە باشلىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ بىر ئېدىش ئىچىدە ياتقانلىقىغا دىققەت قىلدى، سىرتتا كۆزلىرىدىن كۆك نۇر چاقناپ تۇرغان بىر «ئادەم» ئۆزىگە دىققەت قىلىپ قاراپ تۇراتتى .

ــ سەن كىم؟ مېنى دەرھال چىقىرىۋەت!ــ ئاچچىقىدىن ۋاقىرىدى ۋىتىك. ھېلىقى غەلىتە ئاۋاز

يەنە ئۈنىڭ مېڭىسىدە ئەكس ئەتتى :
ــ ئەنسىرىمەڭ، بىز سىزگە زىيانكەشلىك قىلمايمىز! بەدىنىڭىزدىكى يارىلار تېخى پۈتۈنلەي ساقايغىنى يوق، ھازىر چىقسىڭىز بولمايدۇ !
ــ كارىم يوق، دەرھال مېنى چىقىرىۋەت!ــ تېخىمۇ بەك ۋاقىرىدى ۋىتىك. ھېلىقى «ئادەم» بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۈنىڭ مېڭىسىدە ئاۋاز يەنە ئەكس ئەتتى :
ــ بولىدۇ، ئەگەر سىز چىڭ تۇرۇۋالسىڭىز .
ۋىتىكنىڭ ئەتراپىدىكى كۆك رەڭلىك سۇيۇقلۇق ئاستا ـ ئاستا ئازىيىشقا باشلىدى، ئۆزى سۇيۇقلۇقنىڭ ئازىيىشىغا ئەگىشىپ تۆۋەنلەشكە باشلىدى، ئېدىش تېگىگە تېگىش بىلەنلا ۋىتىك دەرھال ئورنىدىن تۇردى، ئويلىمىغان يەردىن ئۈنىڭ بەدىنى سۇيۇقلۇقتىن ئايرىلىش بىلەنلا قاتتىق ئاغرىشقا باشلىدى، ئاغرىق دەستىدىن ئۇ سۇيۇقلۇققا يىقىلدى، قاتتىق ئاغرىق دەرھال يوقالدى .
ــ مەن سىزگە ئېيتقان، سىز چىقسىڭىز بولمايدۇ، سىزنىڭ بەدىنىڭىزدىكى ھەر بىر يارا ئەجەللىك يارىكەن، ھازىر ئاران تەستە ئازراق ساقايدى! بۇ خىل سۇيۇقلۇق ئاغرىقنى توختىتىپ، ھۈجەيرىلەرنىڭ ئەسلىگە كېلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىدۇ، سىز يەنە بۇ يەردە بىر مەزگىل ياتمىسىڭىز بولمايدۇ !
ــ سىز كىم؟ مەن ھازىر قەيەردە؟ــ سورىدى ۋىتىك بۇنى ئاڭلاپ .
ــ مەن پولوتۇس ئادىمى، ئىسمىم لوكېست، سىز ھازىر نېپتون يېنىدىكى كىچىك سەييارىلەر بەلبېغىدىكى پولوتۇسلارنىڭ ئالەم جەڭ كېمىسىدە ،ــ دېدى ھېلىقى «ئادەم» جاۋاپ بېرىپ .
ۋىتىك بۇنى ئاڭلاپ ھەيران بولغان ھالدا داۋاملىق سورىدى :
ــ سىلەر نېمىشقا مېنى قۇتقۇزىسىلەر؟
ــ سىز ھازىر يەنىلا داۋاملىق ئۇخلاڭ، بۇ مەسىلىگە بىردەمدىن كېيىن چوقۇم بىرسى كېلىپ سىزگە جاۋاپ بېرىدۇ ،ــ دەپ جاۋاپ بەردى لوكېست بۇنى ئاڭلاپ .
ۋىتىك بۇنى ئاڭلاپ سەزگۈلىرى دەرھال خىرەلىششكە باشلىدى، ئاستا ـ ئاستا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى .
ــ ئۇ ئۇخلىدىمۇ ؟ــ جۇڭگونىڭ ھەربىي فورمىسىنى كەيگەن بىرى سورىدى بۇ ۋاقىتتا كىرىپ كېلىپ. لوكېست بېشىنى بۇراپ دېدى :
ــ شۇنداق، ھازىر ئۈنىڭ بەدىنىمۇ خېلى ئەسلىگە كېلىپ قالدى، يەنە نەچچە كۈندىن كېيىن پۈتۈنلەي ساقىيىدۇ .
ھېلىقى ئادەم بۇنى ئاڭلاپ كۆك رەڭلىك كارىدورنى بويلاپ مېڭىپ يەنە بىر ئۆيگە كىردى، بۇ يەردە نۇرغۇن داۋالاش ئېدىشلىرى بار بولۇپ، بىر نەچچە ئامېرىكا ئەسكىرى بۇ ئېدىشلاردا

چىلىنىپ ئۇخلاۋاتاتتى. بىر نەچچە پولوتۇس ئادىمى ئالدىراش ھالدا بۇ ئەسكەرلەرنىڭ يارىلىرىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى، بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ھېلىقى ئادەم كەينىدىن ئەگىشىپ كەلگەن لوكېستتىن سورىدى:

ــ قانچە ئامېرىكا ئەسكىرىنى قۇتقۇزالىدىڭلار؟

ــ ئابايىقى ئادەمنى قوشقاندا ئاران جەمئىي يەتتە ئادەمنى قۇتقۇزالىدۇق، سىزنىڭ شەخسەن بۇ يەرگە كېلىپ بۇ ئامېرىكىلىق ئەسكەرلەرنى يوقلايدىغانلىقىڭىزنى ئويلىماپتۇق،ــ دەپ جاۋاپ بەردى لوكېست. ھېلىقى ئادەم بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قويۇپ دېدى:

ــ دېگىنىڭىز توغرا، مەن تېزراق قايتمىسام بولمايدۇ، سىلەرگە رەھمەت! شۇنچىۋالا يىراقتىن ئىككىلەمچى بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ ئۇلار يەتتە ئادەمنى يەتكۈزۈپ كېلىپ قۇتقۇزۇشۇڭلار ھەقىقەتەنمۇ ئاسان ئەمەس.

لوكېست بەدىنىدىكى كۆك نۇرنى ئازراق چاقنىتىپ قويۇپ جاۋاپ بەردى:

ــ ئەگەر يەنە ئازراق يېقىنلىشالىغان بولساق ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئادىمىنى قۇتقۇزالايتتۇق، بىراق زېگېرلارنىڭ رازۋېتكىسى بەكمۇ قاتتىقكەن، يېقىنلىشىش ئاسانغا توختىمىدى. ئەڭ ئالىي كېڭەشمۇ زېگېرلاردىن نارازى بولۇشقا باشلىدى، بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمىزمۇ بۇيرۇققا بىنائەن زېگېرلارنىڭ جەڭ قىلىش ئەھۋالىنى كۆزىتىش ئۈچۈندۇر!

ھېلىقى ئادەم چوڭقۇر تىنىپ قويدى.

يەر شارى، ئافرىقا يەر ئاستى، ۋەن شيوڭفېيلار نىشانغا قاراپ تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى، كېڭىشىش ئارقىلىق ئاندىرىۋ ئاخىرى ھايات ـ ماماتلىق بىر ئېلىشىشقا قوشۇلدى، نۇرغۇن ئەسكەرلەرمۇ ئۆلۈشكە رازىكى چېكىنىشنى خالىمايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى، پەقەت ئاز بىر قىسمىلىرىلا چېكىنىشنى خالايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى، ۋەن شيوڭفېيلار ئۇلارنى زورلاپ ئېلىپ قالماستىن، ئۇلارنى بىر دانە ئەسكەر توشۇش ماشىنىسىغا سېلىپ يەر يۈزىگە قايتۇرىۋەتتى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەت ئويلىمىغان يەردىن بەكمۇ تېنچ بولدى، يول بويى پەقەت ئاز ساندىكى زېگېر قىسمىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالمىغاننى ھېساپقا ئالمىغاندا، سەلدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ھۇجۇم قىلىدىغان ئىشلار بولمىدى. نىشانغا ئاز قالغاندا، يول بويىدا نۇرغۇن قۇرۇق غايەت زور غوزەكلەر ئۇچرىدى، غوزەكلەرنىڭ چوڭلۇقىدىن قارىغاندا، غوزەك ئىچىدىكى غەلىتە مەخلۇقنىڭ زورلۇقى كىشىنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇراتتى.

ــ كەلدۇق، بىراق بەك ئوڭۇشلۇق بولدى!ــ دېدى ئاندىرىۋ ئەنسىرىگەن ھالدا.

ــ ئاۋۇ يەرگە قاراڭلار!ــ دېدى بىر ئەسكەر ھەيران بولغان ھالدا. ۋ كۆرسەتكەن تەرەپتە بىر توپ خىلمۇ ـ خىل ھايۋانلار تىرىك پېتى يۈرەتتى! كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، بىر شىر تۆتنى تۇغدى، تۆت شىر بالىسى ئانا شىرنىڭ قورسىقىنى چىشلەپ يىرتىپ تۇغۇلۇپ

چىقتى، تۇغۇلغان شىر بالىلىرىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سۈرئەتتە تېز چوڭىيىپ، دەرھال ئابايىقىدەك شەكىلدە يەنە تۆت دانە شىرنى كۆچۈكلىدى. ئاندىرىۋ بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولغىنىدىن ئاغزىنى يۇمالماي قالدى. جىشىرووف ھەيران بولغان سۆزلىدى:

ــ بۇ...بۇ... بۇ شىرمۇ؟ بۇنى كۆپەيدى دېگەندىن كۆرە، ھۈجەيرىلەرنىڭ بۆلۈنۈشى دېگەن تۈزۈككەن!

ۋەن شيوڭفېي قۇسۇۋېتەي دەپ قالغان ھالدا:

ــ تېز...تېز، بۇ جىن ئۇرغان يەرنى پارتلىتىۋېتەيلى!ــ دېدى.

ئەسكەرلەر بۇنى ئاڭلاپ دەرھال كىچىك تىپتىكى يادرو بومبىلىرىنى ئەتراپتىكى قورام تاشلىققا ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشلىدى.

يەر يۈزىدىكى جەڭ ئەھۋالى يەر ئاستىنىڭ نېمىشقا بۇنداق جىمجىت بولۇپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيتتى، زېگېرنىڭ يېڭىدىن ئۆزگەرگەن غايەت چوڭ غەلىتە مەخلۇقلىرىنىڭ ياردىمىدە زېگېر قىسىملىرى بىر كۈن ئىچىدە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئالتە مۇداپىئە لېنىيىسىگە ھۇجۇم قىلدى، ھەمدە بەش سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىتچىت قىلدى! ھەر قايسى دۆلەت قىسىملىرى بىردەمدىلا بۇ كۈچلۈك ھۇجۇمدىن گاڭگىراپ قېلىشتى، پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇداپىئە لېنىيىلىرىنى قايتىدىن مۇستەھكەملەشكە باشلىدى. ب د ت جىددىي يىغىن ئېچىپ تاقابىل تۇرۇش تاكتىكىلىرىنى كېڭەشتى، تېخىمۇ كۆپ دۆلەت باشلىقلىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئافرىقىدىكى جەڭ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

يەر ئاستى، يادرو بومبىلىرى بىر ـ بىرلەپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشقا باشلىدى، ھەمدە ئىككى سائەتتىن كېيىن پارتلايدىغان قىلىپ تەڭشەلدى! ۋەن شيوڭفېيلار چېكىنىشكە تەييارلىنىۋاتقاندا، زور بىر توپ زېگېر قىسىملىرى تۆت ئەتراپتىن ئۇلارنى قورشاۋغا ئالدى، ئۇلارنى مۇشۇ يەردىلا ئۇچۇقتۇرىۋەتمەكچى بولغاندەك قىلاتتى.

ــ جاننىڭ بېرىچە ئېتىڭلار، كۆپچىلىك قورشاۋنى بۆسۈپ چىقايلى!

# 39ـ باب ئۈمد ئۇچقۇنى

سانسزلغان ئوت ئۇچقۇنى ملتىقلارنىڭ ئاغزىدىن چاقنىدى، ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم غەلتە مەخلۇقلار يەرگە يىقىلدى.

ــ تېز، ماشىنغا چىقىڭلار!ــ بۇيرۇق قىلدى ئاندىرىۋ بىر نەچچە غەلتە مەخلۇقنىڭ بېشىنى پارتلىتىۋەتكەچ. بىر نەچچە قارا كۆلەڭگە ئۇنىڭ باش ئۈستىدىن تېز سۈرئەتتە ئۇچۇپ ئۆتتى. ئاندىرىۋ ئەمدى ملتىقنى توغرىلاپ بولغۇچە كۆلەڭگە ئۇنى يەرگە بېسىۋالدى، ئۆتكۈر چىشلار بىلەن تولغان بىر يوغان ئېغىز ئۇنىڭ بويىننى چىشلىمەكچى بولۇپ سوزۇلدى.

ــ ئەترەت باشلىقى!ــ بىر ئەسكەر ھەيران بولۇپ توۋلىۋەتتى ۋە يېنىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ ھېلىقى غەلتە مەخلۇققا تىقتى! جان ھەلقۇمغا كەلگەندە ئاندىرىۋ قوش قوللاپ بار كۈچى بىلەن غەلتە مەخلۇقنىڭ بويىندىن ئىتتىرىپ تۇتۇۋالدى، كىچىك دىنوزاۋور ئاندىرىۋنىڭ غەلتە مەخلۇقنىڭ ئاستىدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، سەكرەپ بېرىپ غەلتە مەخلۇقنىڭ بېلىكىنى كۈچەپ چىشلىدى. ئاندىرىۋ بولالماي قالغاندا، بىر خەنجەر غەلتە مەخلۇقنىڭ بويىنغا ئۇرۇلدى، خىقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىش بىلەن، ئاندىرىۋ غەلتە مەخلۇقنى كۈچەپ بىر تېپىپ يىقىتتى! ھېلىقى غەلتە مەخلۇق يەرگە يىقىلغاندا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى ئېتىپ ھەرە كۆنىكىدەك قىلىۋەتتى. ئېچىنىشلىق چىقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى، ھېلىقى ئادەمسىمان چايانلار قورام تاشلارغا يامىشىپ قىرغىن قىلغىنىچە ئۆملەپ كېلىشكە باشلىدى.ئۆزلىرىنىڭ سۈرئىتى ۋە چاققانلىقىغا تايىنىپ قىسمىنىڭ سەپ شەكلىنى ناھايىتى تېزلا قالايمىقان قىلىۋەتتى، غەلتە مەخلۇقلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۈركۈملەپ ئېتىلىپ كېلىشكە باشلىدى. كۆز ئالدىدىكى سەلدەك يامراپ كېلىۋاتقان قاپقارا دولقۇننى كۆرۈپ جەڭچىلەرنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى! ھايات قېلىش ئىستىكىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇلار ئىختىيارسىز ھالدا كەينىگە قاراپ قېچىشقا باشلىدى.

ــ ئەبلەخ! كۆپچىلىك ھودۇقماڭلار، ئۇلارنى توسۇپ دەرھال ماشىنغا چىقىڭلار!ــ كۆز ئالدىدىكى قالايمىقانچىلىقنى كۆرۈپ ۋاقىرىدى ۋەن شيوگفېي. تۇيۇقسىز يېشىل رەڭلىك سۇيۇقلۇق چاچرىدى، بىر نەچچە ئەسكەر ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي، چىقىرىغان ئاۋازىنىمۇ چىقىرالماستىن، بىردەمدىلا ئېرىپ بىر دۆۋە قىزىل، يېشىل ئارىلىشىپ كەتكەن سۇيۇقلۇققا ئايلاندى!

ــ ياق!ــ بىر ئەسكەر ئۆز سەپدىشىنىڭ كۆز ئالدىدا ئېرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئەسەبىيلەشتى!

يېنىدىكى بارلىق گراناتلارنى چىقىرىپ، غەلىتە مەخلۇقلارغا قارىتىپ تەلۋىلەرچە ئاتتى، ئۆكتىكۆر تورۇسىدىن پارتلاشتىن پەيدا بولغان تەۋرىنىش تەسىرىدە يېرىق پەيدە بولدى.

ئاندىرىۋ جىددىيلەشكەن هالدا ۋاقىرىدى:

— قولۇڭنى تارت، سەن كۆپچىلىككە زىيانكەشلىك قىلىپ قويىسەن!

ئۇنىڭ سۆزى ئاياقلىشىپ بولغۇچە ئېتىلىپ كەلگەن بىر غەلىتە مەخلۇق هېلىقى ئەسكەرنىڭ كۆكسىنى تېشىۋەتتى، ئەسكەر قان ئىچىگە يىقىلدى! هەممەيلەن بىر تەرەپتىن ئوق ئېتىپ هېمايە قىلغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن ماشىنىغا چىقىشقا باشلىدى، شۇنداقتىمۇ ئادەملەر توختىماستىن قاپقارا دولقۇن ئارىسىدا يەرگە يىقىلاتتى. ۋەن شيوڭفېي ئەڭ ئاخىرقى بىر دىسكا ئوقنى ئېتىپ بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئاساسەن ماشىنىغا چىقىپ بولغىنىنى كۆرۈپ، قولىدىكى مىلتىقنى تاشلاپ ماشىنىغا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقىۋالدى، ماشىنا ئىشىكىنى ياپماي تۇرۇپلا ۋەن شيوڭفېي توساتتىن دۈمبىسىنىڭ ئوت كۆيگەندەك ئېچىشقانلىقىنى هېس قىلدى، ئۇنىڭ دۈمبىسىدىكى ساۋۇت كىسلاتالىق سۇيۇقلۇقتا ئېرىپ كېتىۋاتاتتى، باشقا ئەسكەرلەر ئالمان ـ تالمان ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ساۋۇتنى سېلىشىپ بەردى، ئەمدىلا يەرگە ئېتىشىغا ساۋۇت پۈتۈنلەي ئېرىپ كەتتى، بۇنى كۆرۈپ هەممە ئەسكەرلەرنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتتى. ماشىنىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ ئۈشكە تېز سۈرئەتتە ئايلىنىشقا باشلىدى، قورام تاشلارنى بۇرغىلاپ تېشىپ يەر يۈزىگە قاراپ مېڭىپ كېتىشتى! نۇرغۇن چايانسىمان غەلىتە مەخلۇقلار قىسمىنى توختىماي قوغلاپ كېلىشكە باشلىدى، ئەڭ ئاخىرىدا كېلىۋاتقان بىر ماشىنىغا غەلىتە مەخلۇقلار لىققىدە يامىشىپ چىقىۋالدى، بىر غەلىتە مەخلۇق قولى بىلەن ماشىنىنىڭ برونىسىنى يىرتىپ ئېچىپ، ماشىنا ئىچىگە سەكرەپ چۈشتى، ماشىنا ئىچىدىن بىردىنلا ئوق ئاۋازى ياڭرىدى، ماشىنا توختاپ قالدى ۋە لۆمۈلدەپ كېلىۋاتقان قارا دولقۇن ئارىسىدا قالدى، ۋەن شيوڭفېي ئارام ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، دەرهال يەنە بىر «قىزىل يولتۇز» زەربە پىلىموتىنى ئېلىپ باشقىلار بىلەن بىرلىكتە هېلىقى غەلىتە مەخلۇقلارنى ئېتىشقا باشلىدى، ئوقلار خۇددى يامغۇردەك ئېتىلىشقا باشلىدى، غەلىتە مەخلۇقلار توختىماستىن خۇددى دوزاخقا ئوخشاش قاپقارا ئۆڭكۈرگە چۈشۈپ كېتىشكە باشلىدى. تۇيۇقسىز ئەڭ ئالدىدىكى ماشىنىنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتى ئاستىلاپ قالدى، ۋەن شيوڭفېي چاقىرغۇنى ئېلىپ ۋاقىرىدى:

— ئالدىدا نېمە بولدى؟

— بۇ قورام تاشلار بەك قاتتىقكەن، تېشىشكە ئازراق ۋاقىت كېتىدىكەن!— جاۋاپ قايتتى چاقىرغۇدىن. ۋەن شيوڭفېي بۇنى ئاڭلاپ، ئىلاجسىز هالدا:

— ئۆلگۈر، جىشروف ئىككىيلەننىڭ ئەترىتى بار كۈچىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسايلى! ئاندىرىۋ قىسمىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە قوماندانلىق قىلسۇن،— دېدى.

كۆچلۈك ئوت يالقۇنى ملتىق ئېغىزلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى، ئەمما بۇ سانى نۇرغۇن غەلىتە مەخلۇق قوشۇنىغا سېلىشتۇرغاندا ھېچنېمگە ئەرزىمەيتتى. جۇڭگو، روسىيە ئىككى دۆلەت قوشۇنلىرى بىر تەرەپتىن جەڭ قىلىپ يەنە بىر تەرەپتىن چېكىنىسمۇ، يەنىلا بۇ قارا دولقۇن تەرىپىدىن يۇتۇۋېتىلەيلا دەپ قالدى، نۇرغۇن غەلىتە مەخلۇقلار بىر نەچچە ماشىنىنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ، ئۆتكۈر قوللىرى بىلەن ماشىنىنى يىرتىپ ئېچىپ ماشىنا ئىچىگە سەكرەپ چۈشۈشتى، ئىسسىق قانلار ماشىنا ئىچىدىن چاچراپ چىقىشقا باشلىدى. ئېچىنىشلىق چىقىرىغان ئاۋازلار قۇلاق ـ مېڭىنى يېگۈدەك قاتتىق ملتىق ئاۋازىنىمۇ بېسىپ كەتتى. ھازىر ھەممەيلەن ئۆز جېنىنىڭ كويىدا قالغان بولۇپ، ھېچكىم ئۇلارغا دىققەت قىلمىدى. كۆز ئالدىدىكى جەڭنىڭ پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بەزى ئەسكەرلەر سىيرېلما زەمبىرەكنى ئېلىپ، ئۆڭكۈرنىڭ گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈش خەۋپىگىمۇ قارىماستىن، غەلىتە مەخلۇقلارغا قارىتىپ نەچچە ئون پاي ئوق ئاتتى! يېشىل رەڭلىك سۇيۇقلۇقلار بىلەن قول ـ پۇتلار ھاۋادا ئۇچۇشقا باشلىدى، ئۆڭكۈر تورۇسى تىترەپ، نۇرغۇن تاش پارچىلىرى توختىماستىن چۈشۈشكە باشلىدى، تەلەيگە يارىشا، ئۆڭكۈر گۆمۈرۈلۈپ چۈشمىدى، ئەمما ئۈستىدە يېرىقلار كۆپىيىشكە باشلىدى، ئۆڭكۈرنىڭ گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈشى پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى بولۇپ قالدى، خالاس. ئۆڭكۈر ئۆرۈلۈپ چۈشمىگەن تەقدىردىمۇ، يادرو بومبىسى پارتلايدىغانغا ئاران 40 مىنۇتقىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت قالغان ئىدى، يەنە مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئۆلتۈرۈلمىگەن تەقدىردىمۇ، يادرو بومبىسىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ئۆلەتتى. ھەممەيلەن ئۆزىنى قوغداشقا تەييارلاندى، قورقۇنچ ۋە ئالاقزادىلىك ئۇلارنىڭ ئىچىنى ئاستا ـ ئاستا قاپلاپ، ھەربىرەيلەننىڭ نېرۋىسى پۈتۈنلەي تورمۇزلىنىپ قالدى، پەقەت مېخانىك ھالدا ئوق ئېتىپ، ئوق سېلىپ، يەنە ئوق ئېتىشنىلا بىلەتتى !

ئاندىرىۋ ئەڭ ئالدىدىكى قىسىملارنىڭ ئىلگىرىلىشىگە قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى، ئۇ كەينىدىكى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن قىسىملارغا قاراپ، چاقىرغۇنى ئېلىپ، ھەربىرەيلەنگە قاراپ سۆزلىدى :

ــ كۆپچىلىك، بەرداشلىق بېرىڭلار، ئۈمىدسىزلەنمەڭلار! يامغۇردىن كېيىن ھامان ھاۋا ئېچىلىدۇ، بۇ يەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن بىز چوقۇم يەنە بىر قېتىم قۇياشنى كۆرەلەيمىز !!!

ــ كۆپچىلىك، ئۇلارغا جېنىمىزنى تىكەيلى!ــ ۋاقىرىدى جىشروف .

يەر شارىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ھازىر ئۆزلىرىنىڭ خەۋپكە دۇچ كەلگەنلىكىنى بىلىشتى، ھېلىقى ئۆزلىرىنى ئىلغار قوراللار ۋە تەڭداشسىز كۈچلۈك قىسىملارغا ئىگە دەۋالغان دۆلەتلەر زېگېرنىڭ چوڭ قوشۇنى ئالدىدا بىر تېپىككىمۇ يارىمىدى! ئىنسانلار بۇ چاغدا ئۆزلىرى ئۆستۈرگەن ئاچچىق مېۋىنى تېتىدى (ئۆزلىرى تېرىغان بالانى تېتىدى)، پۇشايمان قىلىسمۇ

ئۆلگۈرەلمدى !

ئەرەپ رايونى، زېگېرنىڭ غەلىتە مەخلۇق چوڭ قوشۇننىڭ ھۇجۇمىدا ئىلگىرى بىر مەزگىل گۈللەنگەن شەھەرلەر ئاستا ـ ئاستا ئالۋاستىنىڭ ماكانىغا ئايلاندى، بۇ يەرلەردە قۇم بورىنى رەھىمسىزلەرچە ئۇچۇپ يۈرەتتى، يولنىڭ ھەممە يېرىدە چىرىگەن جەسەتلەر ۋە ئىسكىلىتلەر چېچىلىپ ياتاتتى، ئۆرۈلگەن بىنالار ۋە كۆيۈۋاتقان ماشىنىلار بۇ يەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ كېلىشى مەنئىي قىلىنغان يەنە بىر رايونغا ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى! كۈچلۈك تەۋرىنىش بۇ يەرنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى، خۇددى برونتوزاۋردەك چوڭ بىر غەلىتە مەخلۇق قۇپقۇرۇق يولدا مېڭىپ كېلىشكە باشلىدى، ھەر بىر قەدەم ماڭسا، يەردە يوغان بىر ئاياق ئىزى قالاتتى! بىر تاشلاندۇق بىنادا جىددىيلەشكەن ۋە قورققان جۈپ كۆزلەر بۇ يوغان مەخلۇققا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى .

ــ بوۋا، ئۇ كەتتىمۇ ؟ــ ئەرەپلەردەك كىيىنىۋالغان بىر كىچىك بالا يېنىدىكى بوۋايدىن سورىدى .

ــ ھۈش...! بوشراق، شرىف، يەنە ئازراق ساقلايلى!ــ بوۋاي بالىنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالغاچ بوش ئاۋازدا جاۋاپ بەردى .

بۇ غەلىتە مەخلۇق مېڭىپ تۆت يول دوقمۇشىغا كەلگەندە، بىر ئەر قولىدىكى پارتلاتقۇچنى باستى! ھېلىقى غەلىتە مەخلۇقنىڭ پۇت ئاستىدىن كۈچلۈك پارتلاش پەيدا بولۇپ، غەلىتە مەخلۇق چىقىرىغان ھالدا ئاستا ـ ئاستا يەر ئاستىغا چۆكۈشكە باشلىدى، ئەسلىدە بۇ يەر ئاللىبۇرۇن كولاپ قويۇلغان ئازگال ئىدى، ئازگالدا نۇرغۇن سېرىق رەڭلىك شىلىمسىمان نەرسىلەر لىققىدە تۇراتتى! بۇ شىلىملارغا چاپلاشقان غەلىتە مەخلۇق خۇددى سازلىق كۆزىگە چۈشۈپ قالغاندەك قانچە كۈچىسىمۇ مىدىرلىيالمايۋاتاتتى .

ــ ياخشى، غەلىبە قىلدۇق!ــ بىردەمدىلا تۆت ئەتراپتىن نۇرغۇن ئادەملەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىشتى، ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش ھەممىسى ئازگالغا چۈشۈپ كەتكەن بۇ غەلىتە مەخلۇقنى چۆرىدەپ ئۇنى قاغىماقتا ئىدى .

ــ ئۆلگۈر ھايۋان !

ــ تەڭداشسىز مەخلۇقنىڭمۇ ئامالى قالماپتۇ ـ دە !

ھېلىقى ئوغۇل بوۋايغا ئەگىشىپ كىشىلەر توپى ئالدىغا كېلىپ، ئازگالدا تىركىشىۋاتقان غەلىتە مەخلۇققا قاراپ، ئەجەپلەنگەن ھالدا بوۋايدىن سورىدى :

ــ بوۋا، نېمىشقا بىز ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتمەيمىز ؟

بوۋاي غەلىتە مەخلۇققا قاراپ، ئىلاجسىز ھالدا :

ــ بۇ مۇمكىن ئەمەس، شرىف، قولىمىزدىكى قوراللار بۇ غەلىتە مەخلۇقنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ! بۇ

يەر ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى مىدىرلاتماسلىقنىڭ ئۆزى بىزنىڭ قىلالايدىغان بىردىنبىر ئىشىمىز بولۇپ قالدى!ــ دېدى. بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بالا ئازگالدا تىركىشىۋاتقان غەلتە مەخلۇققا يەنە بىر قاراپ قويۇپ، ھېچنېمە دېمەستىن بوۋايغا ئەگىشىپ كېتىپ قالدى .

ــ كۆپچىلىك، دورا ۋە يېمەكلىكلەرنى تېزراق يۆتكەپ چىقايلى، تېز بولايلى! ھېلىقى غەلتە مەخلۇقلار كەلمەستە كۆپرەك يۆتكەپ چىقىۋالايلى!ــ بىر ئەر كىشىلەر توپىغا قوماندانلىق قىلىپ، يان تەرەپتىكى بىنادىن ساندۇق ـ ساندۇقلاپ دورا ۋە يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ چىقتى. قوللىرىدا AK ـ 47 تۇتقان بەزى ئەرەپ ئەرلەر ئەتراپنى كۆزىتىپ باشقا غەلتە مەخلۇقلارنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ تۇراتتى .

ھېلىقى ئوغۇل باشقىلار ئۇزاتقان بولكىنى ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى، نەچچە چىشلەم يەپلا توختاپ ئويلىنىشقا باشلىدى! بىر ھەپتە ئاۋۇال ھەممەيلەن ئۇخلاۋاتاتتى، بىر توپ غەلتە مەخلۇقلار يەر ئاستىدىن تۇيۇقسىز يوپۇرۇلۇپ چىقىپ، قىلچىمۇ تەييارلىقى بولمىغان كىشىلەرنى رەھىمسىزلەرچە قىرىشقا باشلىدى! ئېچىنىشلىق چىقىرىغان ئاۋازلار شەھەر ئاسمىنىدا ياڭرىدى، غايەت زور غەلتە مەخلۇقلار شەھەردە ئادەملەرنى دەسسەپ چەيلەشكە باشلىدى. كىشىلەر ئېگىسىز ھالدا تەرەپ ـ تەرەپكە قاچاتتى. ساقچى ۋە ئارمىيىمۇ ناھايىتى تېزلا بۇ غەلتە مەخلۇقلار تەرىپىدىن بىرمۇ ئادەم قالماي قىرىپ تاشلاندى. بۇ يەردە ھېچكىم بۇ قىرغىنچىلىقنى توسۇپ قالالمىدى! ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئېلىپ بۇ ئېچىنىشلىق دوزاختا ھەر تەرەپكە قاچاتتى، كىشىلەر توپى ئارىسىدا ئۇ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئازغىشىپ ئايرىلىپ كەتتى. بۇ غەلتە مەخلۇقلاردىن قېچىپ ئۇ بىر يەر ئاستى سۇ يولىدا توپ ـ توغرا بىر كۈن مۆكۈنۈپ تۇردى، ئۈستىدىن توختىماي قېپقىزىل قان سىرغىپ چۈشەتتى، ئۇنىڭ توڭلىغىنىدىن پۈتۈن بەدىنى تىترەيتتى، ئاخىرى ھەممە تىنجىغاندىن كېيىن، ئۇ سۇ يولىدىن ئۆملەپ چىقىپ، قارا باسقاندىلا ئاندىن كۆرىدىغان قاباھەتلىك مەنزىرىنى كۆردى، تاغدەك دۆۋىلىشىپ كەتكەن جەسەتلەردىن بۇرۇننى ئېچىشتۇرىدىغان سېسىق پۇراق پۇرايتتى، ئۇ توپ ـ توغرا بىر كۈن قۇستى، ھەر كۈنى توختىماستىن مۆكۈنۈپ قېچىپ يۈردى، بۇ كۈنلەر ئاخىرى قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالغانلار بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىنلا ئاخىرلاشتى !

بوۋاي بىر بوتۇلكا سۇ ئېلىپ كەلدى، ئۇ ئاسمانغا قاراپ تۇرغان بالىنى كۆرۈپ يېنىككىدە ئۇھ تارتىپ قويدى!

# 40- باب دوزاختىن قۇتۇلۇش

قورام تاشتىن غايەت زور بىر ئۆشكە تېشىپ چىقتى .

ــ بىز تېشىپ چىقتۇق ، كەيندىكىلەر تېزراق كېلىڭلار ،ــ ئاندىرېۋ چىلىققىدە تەرلىگەن ھالدا تۋۋلىدى ، كەيندىكى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ توسۇپ تۇرغان قىسىملار بىر تەرەپتىن جەڭ قىلغاچ ، يەنە بىر تەرەپتىن چېكىنىشكە باشلىدى .

ــ ئۆستىگە دىققەت قىلىڭلار!ــ ۋاقىرىدى بىر ئەسكەر. ئۆڭكۈر تورۇسىدىكى بىر يېرىقتىن سانسىزلىغان غەلىتە مەخلۇقلار قارا يامغۇردەك چۈشۈشكە باشلىدى، ئەسكەرلەر تېخى ملتىقلىرىنى توغرىلاپ بولمايلا ئۇلارنى كۆمۈۋەتتى. ھەر بىر ئەسكەرنى ئون نەچچە غەلىتە مەخلۇق بېسىپ تۇرۇپ، ئۆتكۈر پىچاقتەك قوللىرىنى ئەسەبىيلەرچە ئەسكەرلەرگە شىلتىپ، بىردەمدە ئۇلارنى دۆۋە ـ دۆۋە گۆش قىيمىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى! تېخمۇ كۆپ غەلىتە مەخلۇقلار باشقا ئەسكەرلەرگە قاراپ يوپۇرۇلۇپ كەتتى، قىسىمنىڭ ئۆلۈم ـ يېتىم ئەھۋالى ئۈنىگىسىزمۇ بەك ئېغىر ئىدى، بۇ قېتىمقى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوشۇلۇپ ئوت كۈچى پۈتۈنلەي تارقاقلىشىپ كەتتى، بىر پىلىمۇتنىڭ ئوت كۈچى ئۇلارغا ھېچنېمە ئەمەس ئىدى، ئۇلار ھەمراھلىرىنىڭ ئۆلۈكىگە دەسسەپ ئوققا پىسەنت قىلماي كۈچلۈك ھۇجۇم قىلىپ كەلدى !

بىر نەچچە سېپىرلما زەمبىرەك ئوقى بۇ ئۆلۈمگىمۇ پىسەنت قىلمايدىغان بۇ غەلىتە مەخلۇقلارغا قاراپ ئېتىلدى، كۈچلۈك پارتلاش ئۇلارنى ۋاقىتلىق توسۇپ قالدى. زەمبىرەك ئاتقان ئەسكەرلەر قوللىرىدىكى قورالالارنى تاشلىدى، ئۇلار بۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە پاي ئوق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى! ۋاقىت مىنۇت ـ سېكۇنتلاپ ئۆتمەكتە، يادرو ئوق بېشىدىكى ۋاقىت خاتىرىلىگۈچتە 30 مىنۇتقىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت قالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئورنىغا يادرو بومبىسى پارتلىغاندا پەيدا بولغان دولقۇن يېتىپ كېلىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرىۋېتەلەيتتى. بىر توپ غەلىتە مەخلۇقلار ئەڭ ئالدىدا يول ئېچىپ كېلىۋاتقان قىسىملارنىڭ ئالدىغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى، بۇنى كۆرۈپ ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى شۈركىنىپ كەتتى .

ــ مەن بۇنداق جىن ئۇرغان يەردە ئۆلۈشنى خالىمايمەن ،ــ بىر تەرەپتىن ئاتقاچ ئويلىدى جىشرووف. ئىنسانلارنىڭ ھايات قېلىش ئىستىكى ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئەكس ئېتەتتى، ئۇ ھازىر يەر يۈزىگە يەنە بىر قېتىم قايتىپ چىقىشنى، قىپقىزىل قۇياش نۇرىنى، ئۆيدىكىلىرىنى، دوستلىرىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشنى شۇنچىلىك ئويلايتتى .

ۋەن شيوگفېي پۈتۈنلەي تۈگەشكەن قىسىمغا قاراپ، زادى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى ـ دە ، ئاچچىق كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ پۇشايمىنى يوق ئىدى! بەربىر يادرو بومبىسىنى

ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى، ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ «ئىنقىلابىي قۇربان» دېگەن نامى قالاتتى! ئۆز سەپداشلىرىنى قىرىپ كېلىۋاتقان غەلىتە مەخلۇقلارغا قاراپ، ئۇ غەزەپلەنگەن هالدا ۋاقىرىدى :

ــ بۇرادەرلەر، بەرىبىر بىز بىر قېتىم ئۆلىمىز، ئۆلگەن تەقدىردىمۇ بۇ مەخلۇقلارغا بىز ئىنسانلارنىڭ يامانلىقىنى تېتىتىپ قويايلى !

سۆزلەپ بولۇپ، يەردىن يەنە بىر مىلتىقنى ئېلىپ، ئىككى قولىدا ئىككى مىلتىقنى تۇتقىنىچە غەلىتە مەخلۇقلارنى غەزەپ بىلەن ئوققا تۇتتى، سانسىز ئوقلار ئوت يالقۇنى چىقىرىپ ئۇچاتتى، يېشىل سۇيۇقلۇقلار بۇ غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ بەدىنىدىن چاچراپ چىقاتتى، ئەتراپتىكى جەڭچىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن چۆرىدىشىپ بىر چەمبىرەك هاسىل قىلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى! ئەگەر ئادەتتىكى جەڭدە هەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ ئارمىيىسى بولسا بۇ خىل كەيپىياتتىن هەيران بولۇپ توختاپ قالاتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى دۈشمەن بولسا پەقەت ئۆلتۈرۈشنىلا بىلىدىغان، باشقا هېچقانداق هېسسىياتى يوق مەخلۇقلار ئىدى، ئىنسانلارنىڭ جېنىنىڭ بېرىچە تىركىششى ئەكسىچە ئۇلارنى تېخىمۇ جانلاندۇرىۋەتتى، كىشىنىڭ تېنىنى تىكەنلەشتۈرىۋېتىدىغان چىقىراق ئاۋاز چىقارغىنىچە قىسىمغا قاراپ شىددەتلىك هۇجۇم قىلىپ كەلدى! ئەگەر يىراقتىن قارايدىغان بولسا پۈتكۈل قىسىم خۇددى قاپقاراڭغۇلۇق بىلەن قورشالغان كىچىككىنە ئۇچقۇنغىلا ئوخشايتتى، بارلىق ئەسكەرلەر كۆز ئالدىدىكى بارلىق نەرسىدىن ساراڭ بولاي دېگەن ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئويلايدىغىنى پەقەت دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرۈشلا ئىدى. ئوق ـ دورا بارغانسېرى ئاز قېلىۋاتاتتى، كىسلاتالىق سۇيۇقلۇق چىرىتىپ ئۆزگىرىپ كەتكەن جەسەتلەر يەرگە يىقىلاتتى، ئۇلار خۇددى ئەزرائىل ئالدىغا ئاللىقاچان ئالقىنىغا ئېلىپ، ئازراق مىجىسىلا مىجىلىپ ئۆلىدىغان جېنىنىڭ بېرىچە تىركىشىۋاتقان ئادەملەرگە ئوخشاپ قالغان ئىدى، يادرو بومبىسىمۇ ئەڭ ئاخىرقى 10 سېكۇنتلۇق تەتۈر ساناقنى كۆرسىتىۋاتاتتى! ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان غەلىتە مەخلۇق چوڭ قوشۇنى ۋە شىۋگىفېيلارنىڭ مۇداپىئەسىنى بۇزۇۋەتكەن ئىدى، دەل مۇشۇ چاغدا يادرو بومبىسى يەر ـ جاهاننى تىترىتىپ پارتلىدى! يېقىن ئەتراپتىكى تەلۋىلەرچە كۆپىيىۋاتقان شىرلار ۋە زېگېرنىڭ باكتېرىيە قورۇلۇشلىرى ئوت يالقۇنى ۋە دولقۇن زەربىسىدە كۆلگە ئايلاندى، خۇددى ئىنسانىيەتنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى بىردىنلا پۈتۈنلەي چىقارغاندەك ئوت يالقۇنى ئۆڭكۈر يوللىرىنى بويلاپ هەر تەرەپكە يامراشقا باشلىدى، ئۆتكەنلا يەرنى كۆيدۈرۈپ قاپقارا قىلىپ كېتەتتى، ۋەن شىۋگىفېيلار قارا دولقۇن كەينىدىكى غايەت زور ئوت يالقۇنىنى كۆردى، رەهىمسىز ئوت ئەسەبىيلەرچە بۇ غەلىتە مەخلۇقلارنى يالماپ يۇتاتتى، هېچكىم بۇنىڭدىن قورقمىدى، ئەكسىچە تېنچلىنىپ جىمجىتقىنە بۇ سەلتەنەتلىك ئۆلۈمدىن

ھوزۇرلاندى، سەزگۈلىرى بارغانسېرى خىرەلىشىشكە باشلىدى، ھېچقانداق سەزگۈ قالماي دېگەندە، كۆز ئالدىدىكى قىزىل يورۇقلۇق بىردىنلا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كۆك نۇرغا ئالماشتى ......

يەر يۈزى، دۇنيا بىرلەشمە ئارمىيىسى ئافرىقا رايونى قوماندانلىق ئۆيى، ھەر قايسى ئەل قوماندانلىرى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئېكرانغا قاراپ تۇراتتى، نىشانغا ۋەكىللىك قىلىدىغان قىزىل توچكىدىن يەنە بىرى يوقالدى! لىۋ جىبو بۇنى كۆرۈپ خۇشال بولماستىن، ئەكسىچە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، ئۇ بېشىنى بۇراپ سورىدى :

ــ 23 ـ ئەترەتتىن خەۋەر بارمۇ ؟

ــ تېخىچە ھېچقانداق خەۋەر ئالمىدۇق، باشلىق!ــ دېدى بىر ئالاقىچى بېشىنى چايقىغىنىچە. لىۋ جىبو غەمكىن خۇرسىنىپ قويدى، مالىشكوف كېلىپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلىغىنىچە دېدى :

ــ مەن ئەيىپلىك، بۇرادەر، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئورنىدىن قارىغاندا ، ئۇلارنىڭ ھايات قېلىشىدىن ئۈمىد يوق .

ــ بىلىمەن، ئۇلار ياخشى قىلدى! ئەڭ ئاخىرىدا يەنە ھاياتى بەدىلىگە ۋەزىپىنى تاماملىدى!ــ دېدى لىۋ جىبو بېشىنى بۇراپ. مالىشكوف بۇنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتتى .

ئافرىقا جەڭ رايونىدىكى يەر ئاستى زېگېرنىڭ ئۇۋىسىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ھەربىي ھەرىكەتتە ھازىرغىچە 56 نىشاندىن 43ى يوقىتىلدى، پۈتكۈل ئافرىقا رايونىدىكى زېگېرنىڭ يەر ئاستى بازىلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىدى! بىراق دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ نۇرغۇن رايونلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە زېگېر قىسىملىرىنىڭ تەلۋىلەرچە ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، پۈتۈن دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ شەھەرلىرىدىكى ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 20 نەچچە مىليوندىن ئېشىپ كەتتى! جۇڭگو، روسىيە، ئامېرىكا ئۈچ دۆلەت باشچىلىقىدىكى ب د ت قوشۇنلىرى ئافرىقا رايونىدىكى جەڭ ئۆزگىرىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر قىسىم ئەسكەر كۈچىنى ئاجرىتىپ، جاھاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى زېگېر قىسىملىرى بىلەن جەڭ قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ چاغدا دۇنيادىكى ھەممە دۆلەت جەڭگە قاتناشتى، يەر شارىدىكى ھەممە ئادەم ئۆزىنى قوغداشقا ئاتلاندى !

جۇڭگو جۇڭنەنخەيدە دۆلەت رەئىسى لى شياڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى جوۋ تيەنخۇا قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە سىنلىق تېلېفون ئارقىلىق روسىيە ئەلباشى گروزىن، ئامېرىكا ئەلباشى فوبۇس ۋە دۇنيادىكى باشقا دۆلەت باشلىقلىرى بىلەن تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى كېڭەشىۋاتاتتى! ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرى قارىماققا خېلىلا قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى، ھەممەيلەننىڭ چىرايىدا خۇرسىنىش ۋە غەم ـ قايغۇ غىل ـ پال ئەكس ئېتىپ

تۇراتتى .
ئامېرىكا ئەلباشى فوبۇس ئاۋال ئېغىز ئاچتى :
ــ دۆلىتىمىزنىڭ سەككىز دانە ئالەم كېمىسى پۈتتى، بىر ھەپتىدىن كېيىن قويۇپ بېرىلىدۇ، ھەر قايسىڭلارنىڭ دۆلىتىمىزگە كېلىپ قويۇپ بېرىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن !
لى رەئىس كۈلۈپ تۇرۇپ :
ــ بولىدۇ، بىز ھازىر مۇشۇنداق يۈرەك كۆچەيتكۈچ ئوكۇلغا ئېھتىياجلىق، مەن ھەر قايسىڭلاردىن سوراپ باقاي، سىلەرنىڭ ئالەم كېمىسى قۇرۇلۇشۇڭلار قانداق بولۇۋاتىدۇ ؟ــ دېدى. فرانسىيە ئەلباشى شىراك :
ــ دۆلىتىمىزنىڭ ئالتە ئالەم كېمىسى يەنە ئۈچ ئايدىن كېيىن پۈتىدۇ ،ــ دېدى. ھەر قايسى دۆلەت باشلىقلىرى بەس ـ بەستە ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ ئالەم كېمىسىنىڭ پۈتۈش ئەھۋالىنى بايان قىلىشتى، لى رەئىس بىلەن ئۆز دۆلىتىدىكى ھازىرقى جەمئىيەت ئەھۋالى توغرىسىدا سۆھبەتلىشىشتى. بەزى دۆلەتلەر تېخىچە بىر قەدەر تېنىچ ئىدى، گېرمانىيىلىكلەرنىڭ قېنى قىزىغان ھالدا ئەسكەرلىككە قاتنىشىش ئۈچۈن بېرلىن شەھەر مەركىزىگە لىق تولغان ئىدى! ھالبۇكى ئافرىقىدىكى بەزى دۆلەتلەردە قالايمىقانچىلىق تۈگىمەيۋاتاتتى، كىشىلەر ئالاقزادە يۈرۈشەتتى. جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىچى بىر قەدەر مۇقىم بولۇپ، ئەسكەرلىككە قاتناشماقچى بولغانلارنىڭ سانى ئۆزلۈكسىز ئاشماقتا ئىدى، نۇرغۇن ياشلار ياخشى خىزمەت ئورنىدىن كېچىپ، بەس ـ بەستە ئەسكەرلىككە قاتنىشىپ ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى .
ــ بىز ھازىرقى جەڭ ۋەزىيىتىگە قاراپ باقايلى، ئافرىقا رايونىدىكى زېگېرنىڭ ئۇۋىسى ھەر قايسى ئەل ئالاھىدە قىسىملىرىمىز تەرىپىدىن ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىدى، نەچچە كۈندىن بۇيانقى ئۇلارنىڭ ھۇجۇم كۈلمى بۇرۇنقىغا زادىلا يەتمەيدۇ! بىزنىڭ بىرلەشمە قىسىملىرىمىز قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە باشلىدى، بارا ـ بارا بۆلۈپ ـ بۆلۈپ ئۇ يەردىكى قالدۇق دۈشمەنلەرنى يوقىتىشقا باشلىدى، ئالدىنقى سەپتىن كەلگەن دوكلاتقا قارىغاندا، يەر ئاستىدىكى 56 نىشاندىن قالغان 13ىمۇ پارتلىتىۋېتىلدى! شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھازىر بىز زېگېرنىڭ ئافرىقىدىكى ئەسكەر مەنبەسىنى ئۈزۈۋەتتۇق!ــ دېدى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى جوۋ تيەنخۇا. سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ ئازراق ئازاپلانغان ھالدا دېدى :
ــ بىراق بەدەل شۇ بولدىكى، بىز 1674 نەپەر مۇنەۋۋەر ئەسكىرىمىزدىن ئايرىلدۇق، پەقەت 202 ئادەملا ھايات قالدى، بۇ بىر غايەت زور چىقىم !
ھەممەيلەن بىردەم سۈكۈتكە چۆمدى، جوۋ تيەنخۇا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :
ــ ئەرەپ رايونى بولۇپمۇ، قۇرۇلغىلى ئۇزۇن بولمىغان ئىراق زېگېرنىڭ كەڭ كۆلەملىك

ھۇجۇمغا ئۇچرىدى، ئەسلىدە ئۇ يەردە ئۇزۇن مەزگىل ئۇرۇ بولغانلىقتىن، ھەربىي كۆچلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى تۆۋەن ئىدى، شۇڭلاشقا پۆتكۆل دۆلەت دېگۆدەك زېگېرلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى، پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەر يەنىلا ئۇ يەردە قارشىلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ، ئىراقنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان ھۆكۆمىتى ئۇچۇر ئەۋەتىپ، بىزنىڭ ياردەم بېرىشىمىزنى ئۆتۆنىۋاتىدۇ .

ــ ئىراقتىن ئايرىلىپ قالساق بولمايدۇ، ئەرەپ رايوننى 2 ـ ئافرىقا قىلىپ قويۇشقا تېخمۇ بولمايدۇ! بىزنىڭ ئامېرىكىنىڭ دېڭىز تەۋەلىكى زېگېرلار تەرىپىدىن قامال قىلىنغانلىقتىن، دېڭىز ئارمىيىمىزنىڭ رولى بولمايۋاتىدۇ، پەقەت ھاۋا ئارمىيىمىزگىلا تايىنىپ ماددىي ۋە ھەربىي ياردەم بەرسەك ھەقىقەتەنمۇ قىيىلىنىپ قالىدىكەنمىز!ــ دېدى فوبۇس بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ. روسىيە ئەلباشى گروزىن ئۇھ تارتىپ قويۇپ دېدى :

ــ توغرا، دېڭىزنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى بىز قايتۇرۇۋالمىساق بولمايدۇ! بولمىسا بىز داۋاملىق پاسسىپ ھالدا ھۇجۇمغا ئۇچراش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايمىز، ھېلىقى جىن تەككۆر نەرسىلەرمۇ يامانكەن، كېلىپلا بىزنىڭ ئاساسلىق قاتناش يولىمىزنى ئۆزۆپ قويدى !

ــ دېڭىز ـ ئوكيانلار بولسا بىز ئىنسانىيەتنىڭ يەر شارىدا تېخى ئېچىپ بولالمىغان بىر رايون، ئۇنىڭ ئۆستىگە يەر شارى كۆلىمىنىڭ 72%ىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنى قايتۇرىۋېلىش ھەقىقەتەنمۇ …… ھەقىقەتەنمۇ تەس!ــ دېدى لى رەئىس .

ــ توغرا، بىز تېخى ئەڭ كۆچلۆك دېڭىز ئارمىيىمىز بار دەۋالغان بىلەن، نەتىجىدە باشقىلارنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچراپ ئىشىكتىن چىقىشقىمۇ جۆرئەت قىلالمايۋاتىمىز! بەك سەت بولدى،ــ دېدى فوبۇس ھېسسىداشلىق ئاھاڭىدا بېشىنى لىڭشىتقاچ. گروزىن بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن :

ــ قارىغاندا، بىز ئالەمگە ئەۋەتكەن ئالەم كېمىلىرىدىن بىر نەچچىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ھەربىي قىسىم ۋە ماددىي ئەشيالارنى توشۇساق بولغۇدەك،ــ دېدى. لى رەئىس بۇنى ئاڭلاپ كۆلۆپ قويۇپ دېدى :

ــ بەللى! بۇ ئامال بولىدىكەن، بىز ھېچ بولمىغاندا ھاۋانى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى قايتۇرىۋالالىغۇدەكمىز !

يۇپىتېر ئوربىتىسىغا يۇشۇرۇنۇۋالغان پولوتۇسلارنىڭ جەڭ كېمە ئەترىتىدە بۇ چاغدا تروۋگا سىگنالى چېلىندى :

ــ زېگېر قىسىملىرى بىزگە قاراپ تېز سۆرئەتتە كېلىۋاتىدۇ، كېمىمىز دەرھال ئالەم ھالقىپ سەكرىمىسە بولمايدۇ، ھەر قايسى خادىملار تەييارلىنىڭلار !

ۋىتىك ۋە ئۇنىڭ ئامېرىكا ئەسكەرلىرىگە قاراۋاتقان پولوتۇس ئادىمى لوكېست كېلىپ ئۇلارغا دېدى :

— زېمىننىڭ چارلىغۇچى قىسىملىرى بىزنى بايقاپ قالدى، بىز ھازىر بۇ يەردىن دەرھال ئايرىلمىساق بولمايدۇ، بولمىسا زېمىن قىسىملىرىغا تۇتۇلۇپ قالىمىز، سىلەرنى ئازراق ئۈۋالچىلىققا قويىدىغان بولدۇق، پىلانتىلار بىرلەشمىسىنىڭ ئانا يۇلتۇزىغا ۋاقىتلىق بىر بېرىپ كېلىدىغان بولدۇڭلار، بىز پۇرسەت تېپىپ سىلەرنى ئەكىلىپ قويىمىز !
ۋىتىك ۋە ئۇنىڭ ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ئىنتايىن ھەيران قالدى، گەرچە نەچچە كۈندىن بېرى ئۇلار پۈتۈن بەدىنىدىن كۆك نۇر چاقناپ تۇرىدىغان بەستلىك پولوتۇسلار بىلەن تونۇشقان بولسىمۇ، بىراق تۇيۇقسىز ئۇلار بىلمەيدىغان ئالەمگە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلار بەك جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ۋىتىك ئۆزلىرىگە بىر ئالەم كېمىسى بېرىشنى، ئۆزلىرىنىڭ ئامال قىلىپ يەر شارىغا قايتىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلدى، بىراق لوكېست رەت قىلدى. چۈنكى پولوتۇسلارنىڭ ئالەم كېمىسى ۋە جەڭ كېمىلىرىنى كۈچلۈك زېھنىي كۈچ بولغاندىلا ئاندىن ھەيدىگىلى بولاتتى، ئىنسانلارنىڭ زېھنىي كۈچىگە تايىنىپ ھەرگىز ھەيدىگىلى بولمايتتى .
لوكېست ئۈمىدسىزلەنگەن ۋىتىككە قاراپ :
— بىز ھېلىلا سىلەرنىڭ بىر تۈركۈم ئادىمىڭلارنى قۇتقۇزىۋالدۇق، سىز بېرىپ قاراپ بېقىڭ، بەلكىم سىز ئۇلارنى تونۇشىڭىز مۇمكىن!— دېدى .
قاپقارا بۇلۇتتەك يامراپ كېلىۋاتقان زېمىن قىسىملىرى نېپتۇن يېنىدا توختىغان پولوتۇسلارنىڭ ئالتۇنرەڭ ئالەم كېمىسىگە يوپۇرۇلۇپ كەلدى، بىراق ئۇلار يېقىنلاپ بولغۇچە، ئالەم كېمىسىنىڭ ئالدىدا بىر كۆك رەڭلىك نۇر ئېغىزى ئېچىلدى، ئالەم كېمىسى پۈتۈن سۈرئەتتە نۇر ئېغىزىغا ئۇچۇپ كىرىپ كەتتى، ئارقىدىنلا نۇر ئېغىزى غايىپ بولۇپ، پەقەت زېمىننىڭ قاپقارا قىسىملىرىلا قېلىپ قالدى .
— ئۇلار كەتتىمۇ؟— دەپ سورىدى پلۇتوندىكى زېمىنلارنىڭ كېمىسىدىكى مېڭە قۇرۇتى مادېس. مېڭە قۇرۇتى داس جاۋاپ بەردى :
— شۇنداق، مېڭە قۇرۇتى مادېس، تەكشۈرۈشكە قارىغاندا ئۇلار پىلانتىلار بىرلەشمىسىنىڭ ئانا يۇلتۇزىغا قايتىپ كەتتى !
مادېس بىردەم چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن :
ئىنچىل جىمجىت تۇرۇۋاتقان پولوتۇسلار بۇ قېتىم ئويلىمىغان يەردىن ھاياجانلىنىپ ئالەم كېمىسىنى جەڭ رايونىغا ھەيدەپ كېلىپ بىزنى نازارەت قىلدى، بۇ ئىشنى دەرھال باش مېڭە قۇرۇتىغا دوكلات قىلايلى! ئۇلارنىڭ كەتكىنىمۇ ياخشى بولدى، ئەمدى يەر شارىدىكى جوڭگو بىلەن بولىدىغان جەڭدە ھېچكىم بىزگە دەخلى قىلمايدۇ!!— دېدى.

## 41- باب ئەڭ ئەسكى قوشنا

ئافرىقا، بۇ چوڭ قۇرۇقلۇق هازىر كىشلەر تەرىپىدىن قارغىش كەتكەن زېمىن دېيىلىدىغان بولدى! هەر كۈنى ئون مىڭ توننىلاپ بومبىلار بۇ يەرگە تاشلىناتتى، تۈمەنلىگەن قىسىملار بۇ يەرگە توختىماستىن توشۇلاتتى، قىپقىزىل قانلار بۇ زېمىننى بويىغان ئىدى! كۆچلۈك پارتلاش ئاۋازى ئىچىدە ئىنسانلارنىڭ قايتۇرما هۇجۇمى باشلاندى، پۈتكۈل يايلاقتا ساناقسىز تانكا ۋە بىرونىۋىكلار سەپ تۈزۈپ پولات ئەجدىهادەك سوزۇلۇپ مېڭىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ كەينىدە پىيادىلەر زور قوشۇنى كېلىۋاتاتتى، هاۋادا مىڭلىغان قوراللىق تىك ئۇچارلار قوغداپ كەلمەكتە ئىدى. زېگېرنىڭ يەر ئاستى ئۇۋىسى پارتلىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، نۇرغۇن غەلىتە مەخلۇقلار يەر يۈزىگە چىقىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى! هەر قايسى دۆلەت هاۋا ئارمىيىلىرى بۇ ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، هەر كۈنى توختىماي گىلەم شەكلىدە بومباردىمان قىلىپ، يەر يەزىنى بىر مېتىردىن ئارتۇقراق ئاغدۇرىۋەتتى. هەممە يەرنى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ئۆلۈكى قاپلىدى، ئېشىپ قالغان ئاقساق-چولاق غەلىتە مەخلۇقلار تانكا ۋە پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ پىلىموت ئوقىدا يەردىكى جەسەتلەرنىڭ قاتارىغا قوشۇلدى. بىراق غايەت زور غەلىتە مەخلۇقلارنى يوقىتىش ئانچە ئاسانغا چۈشمىدى، تېرىسى قاتتىق، گۆشى قېلىن بولغانلىقتىن، «قارام ئەجدىها» تانكىنىڭ زەمبىرەك ئوقىمۇ ئۇنى ئانچە يارىلاندۇرالمىدى. تەلەيگە يارىشا، هەر قېتىم هاۋا ئارمىيىسى ئالدىن ئاگاهلاندۇرۇپ، قوراللىق تىك ئۇچارلار ئۇلارنى چالا ئۆلۈك قىلىپ قويغاندىن كېيىن، قۇرۇقلۇق قىسىملىرى بېرىپ ئۇلارنىڭ ئۇۋىسنى مۇهاسىرىگە ئالدى !ئىنسانلارنىڭ تەبرىكلىشىگە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، تا هازىرغىچە تېخى زېگېرنىڭ ئۇچالايدىغان قىسىملىرى ئۇچرىمىغان ئىدى، ئىنسانلار هاۋادا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ئىدى! زېگېر قىسىملىرىنىڭ ئاساسلىق تايانغىنى يەر يۈزىدە يېقىن ئارىلىقتا روبىرو ئېلىشىش ئىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سان جەهەتتىكى كۆپلىكىگە تايىنىپ غەلىبە قىلاتتى، گەرچە هاۋاغا قارشى قىسىملىرى بولسىمۇ، ئۇلار پەقەت قوراللىق تىك ئۇچارلارنى ئازراقلا زەخمىلەندۈرەلەيتتى، چوڭ تىپتىكى بومباردىمانچى ۋە قىرغۇچى ئۇچقۇلار كەلسە، ئۇلار پەقەت ئۆلتۈرۈلۈشتىن نېسىۋېلىنەتتى! ئەلۋەتتە، زېگېرلار هاۋانىڭ مۇهىملىقىنى بىلەتتى، ئامازون ئورمانلىقىدىن ئۇچالايدىغان غەلىتە مەخلۇقلار غوزەكلىرىدىن تۆركۈملەپ ئۆمىلەپ چىقىشقا باشلىدى، بەدەن شەكلى يىڭناغۇچقا ئوخشاش بولۇپ، قوللىرى ئىنتايىن ئۆتكۈر ئىدى، مۇرەككەپ كۆزلىرىدە ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، غايەت زور قانىتىنى

كەرگىنىچە بۇلۇت ئارىسغا ئۆچۈپ كىرىپ كېتىشتى. ياۋروپا، ئاسىيا، شىمالىي ئامېرىكا قىتئەلىرىدىن ئوخشىمىغان تۈردىكى ئۇچالايدىغان غەلىتە مەخلۇقلار ھاۋاغا تۈركۈملەپ كۆتۈرۈلۈپ، خۇددى چېكەتكىلەردەك شەرققە قاراپ ئۇچۇشقا باشلىدى!

جۇڭگو ھازىر ئىنسانلارنىڭ زېگېرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشىدىكى يولباشچىغا ئايلانغان ئىدى. ئافرىقىدىكى جەڭ ئىشلىرى ياخشىلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن، جۇڭگو ئافرىقىدىن بىر بۆلۈك ئەسكىرىي كۈچىنى ئاجرىتىپ، ئۆزىنىڭ زاپاس قوشۇنىغا قوشۇپ، ئەرەپ رايونىدىكى جەڭگە ياردەمگە ئەۋەتتى، ئۆزىنىڭ بېشىغا چوڭ بىر بالا ـ قازانىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن قىلچە بىخەۋەر ئىدى! جۇڭگونىڭ يېنىدا بىر كونا قوشنىسى بار بولۇپ، بىراق تارىختىن بۇيان دۈشمەنلىشىپ كەلگەن كونا قوشنا ئىدى، ياپونىيە! جۇڭگونىڭ ياپونىيە بىلەن قىلغان ئۇرۇشىدا ياپونىيە بىئوخېمىيىلىك قوراللارنى ئىشلەتكەنلىكتىن، ياپونىيە ھەربىي ئىمبارگوغا ئۇچرىغان ئىدى، ھەرقانداق ئارمىيىگە ئىگە بولسا بولمايتتى، پەقەت ئاساسىي ساقچى كۈچىگىلا تايىنىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاشقىلا يول قويۇلاتتى، بىراق زېگېرقىسىملىرى يەر شارىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئورتاق دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ب د ت جازانى بىر ئاز بوشاشتۇردى، ياپونىيىنىڭ ئاز مىقداردا ھەربىي كۈچكە ئىگە بولۇپ ئۆزىنى قوغدىشىغا يول قويدى! زېگېرلارنىڭ بۇ قېتىم جۇڭگو بىلەن جەڭ قىلىشتا تاللىغان ئارقا سەپ بازىسى جۇڭگوغا ئەڭ يېقىن ياپونىيە ئىدى! زېگېرلار بەكمۇ ئەتراپلىق ئويلىغان ئىدى، ياپونىيىنىڭ تۆت ئەتراپى دېڭىزغا تۇتىشاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دېڭىزنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى ئۇلارنىڭ چوڭقۇر دېڭىز غەلىتە مەخلۇقلىرى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان ئىدى، جۇڭگو دېڭىز ئارمىيىسى ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇرالمايۋاتاتتى! دېڭىز ئارمىيىسى رولىنى يوقاتسا، قۇرۇقلۇق قىسىملىرىنى پەقەت ھاۋادىن توشۇپ ياپونىيىگە جەڭ قىلىشقا ئاپىرىشقا توغرا كېلەتتى، ھالبۇكى، بۇ قېتىمقى ئۇچالايدىغان غەلىتە مەخلۇقلار دەل جۇڭگونىڭ ھاۋا ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانغان ئىدى! ئادەتتىن تاشقىرى تۆۋەن بوشلۇقتا ئۇچۇشقا تايىنىپ، زېگېرنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى 2011 ـ يىلى 13 ـ يانۋار ئاسىيانىڭ تېنچ ئوكيان دېڭىز تەۋەسىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار يېتىپ كېلىشىگىلا ياپونىيە تەۋەسىگە يۇشۇرۇنۇۋالغان غەلىتە مەخلۇقلار دەرھال ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى. بىرىنچى قەدەمدە ئىگىلىۋالغان ياپونىيە ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى ۋەيران قىلدى، پۈتكۈل ياپونىيىنىڭ %87 رايونىدا توك توختىدى، توكيو، ئوساكا، خوككايدو،كوبې،كيۇسيۇ قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەرنىڭ شەھەر ئەتراپىدا نۇرغۇن غەلىتە مەخلۇقلار يەرنى تېشىپ چىقتى ـ دە، قالايمىقانلىشىپ كەتكەن شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ كەتتى. توكيو شەھەر ئىچى قاپقاراڭغۇبولۇپ، ئىلگىرىكىدەك پايتەختنىڭ ئاۋات مەنزىرىسى پۈتۈنلەي يوقالغان ئىدى،

بارلىق كوچىلاردا ساناقسىز ماشىنىلار قىستىلىشىپ تۇراتتى، كوچىلار بەكمۇ قالايمىقان بولۇپ، چەتئەللىك ياپونىيىدە تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرى ئالدىراش قوماندانلىق قىلىپ قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇۋاتاتتى. توكيو بىلەن يوكوخامانى تۇتاشتۇرىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ ھەق ئېلىش پونكىتىدا بىر نەچچە خادىم بىكارچىلىقتىن قىلغىلى ئىش يوق ئولتۇراتتى، تۇيۇقسىز بىرنەچچە ماشىنىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن تەتۈر يۆنىلىشتە تەلۋىلەرچە سۈرئەتتە قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى. ئۇلار تېخى نەچچە ئېغىز تىللاپ ئۈلگۈرمەيلا، قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋاز ئاڭلاندى! بىر نەچچە خادىم پونكىتتىن چىقىپ يىراققا قاراشتى، سان ـ ساناقسىز غايەت زور قارا سايىلەر توپا ـ چاڭ توزۇتقىنىچە خۇددى دولقۇندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتاتتى .

ــ ۋاي ئانىمەي! ماڭايلى!ــ بۇنى كۆرگەن خىزمەتچى خادىملار ئالمان ـ تالمان بىر ماشىنىغا سەكرەپ چىقىشىپ، ماينى دەسسىگىنىچە كېتىپ قېلىشتى .

توكيۇ ئويگاۋا پورتى، قاپقارا چوڭقۇر دېڭىز مەخلۇقلىرى بۇ يەرگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىشكە باشلىدى .

ــ غەلىتە مەخلۇقلار باركەن، كۆپچىلىك، قوراللىرىڭلارنى تېز ئېلىڭلار!ــ ۋاقىرىدى بىر ئامېرىكىلىق قوماندان. ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىراش ئاياق ئاۋازى ۋە قورقۇپ ۋاقىرىغان ئاۋازلىرى ئىچىدە، بىر نەچچە جەڭ پاراخوتى دەرھال زەمبىرەكلىرىنى يىراقتىكى دېڭىز يۈزىگە توغرىلاشتى .

ــ ئېتىڭلار!ــ ئاۋاز تاماملىنىپ بولغۇچە زەمبىرەكلەر بىرلا ۋاقىتتا ئېتىلدى، سۇ يۈزىدە دەرھال پارتلاشتىن غايەت زور سۇ تۈۋرۈكلىرى پەيدە بولدى. ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ قوللىرىدىكى 16 ـ Mلاردىن ئوق ئۇچقۇنلىرى چىقىشقا باشلىدى، دېڭىز يۈزى بىر نەچچە منۇتقا يەتمگەن ۋاقىت ئىچىدە غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ قېنى بىلەن ياپ ـ يېشىل بويۇلۇپ كەتتى، نۇرغۇن قول ـ پۇتلار دېڭىز يۈزىدە لەيلەپ يۈردى! قوماندان قوماندانلىق ئۆيگە ئالدىراش كىرىپ كەلدى ـ دە، مەخسۇس لېنىيىلىك تېلېفوننى ئېلىپ :

ــ دەرھال قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى بىلەن ئالاقىلىشىڭلار، ئۇلار تېزراق ياردەمگە كەلسۇن!ــ دېدى. بىراق تېلېفوندىن قايتقان جاۋاپ بۇ قوماندانىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىۋەتتى، پۈتكۈل ياپونىيە تەۋەسىدە غەلىتە مەخلۇقلار پەيدا بولغان بولۇپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى قىسىملىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇۋاتقاچقا، ياردەمگە كېلەلمەيتتى. بۇنى ئاڭلاپ قوماندانىنىڭ قولىدىكى تېلېفون تۇرۇپكىسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى !

توكيۇ شەھەر ئىچىدە ھازىر جەڭ قىزىپ كەتكەن ئىدى، شەھەر ئاھالىلىرى چىقىراشقىنىچە قېچىشاتتى، ساناقسىز غەلىتە مەخلۇقلار يەردىكى جەسەتلەرنى دەسسىگىنىچە ئەسەبىيلەرچە

قىرغىن قىلاتتى! مەيلى ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش بولسۇن، غەلىتە مەخلۇقلار پەقەت ئۆلتۈرۈشنىلا بىلەتتى! قالايمىقان ئادەملەر توپى ئارىسىدا قىسىملار زادىلا ئۈنۈملۈك قايتۇرما زەربە بېرەلمەيۋاتاتتى. بىر نەچچە ئوت كۈچى نۇقتىسى ناھايىتى تېزلا غەلىتە مەخلۇقلار تەرىپىدىن بىر ـ بىرلەپ يوقىتىلدى. بىر غەلىتە مەخلۇق بىر ئوتتۇرا ياش ئەرنى ئىككى پارچە قىلىپ، بىر «خامېر» ماشىنىنىڭ ئەينىكىگە ئاتتى، ماشىنا بىردىنلا كونتروللۇقنى يوقىتىپ ياندىكى بىر ئاشخانىغا ئۈسسۈپ كىردى، بالا ـ قازا قوش كەپتۇ دېگەندەك، كۈچلۈك سوقۇلۇش ئاشخانا ئىچىدىكى گاز تۇڭىنىڭ كۈچلۈك پارتلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى! بۇ يەردە نېمىنىڭ قانىنىڭ دەريا بولۇپ ئاققانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلغىلى بولاتتى، يەردە جەسەتلەر تاغدەك ئېگىز دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئىدى! ئويگاۋا پورتىدا ئاران 40 نەچچە مىنۇتلۇق تىركىشىش ئارقىلىق، نۇرغۇن چوڭقۇر دېڭىز غەلىتە مەخلۇقلىرى ئون ھەسسە بەدەل ھېسابىغا قىسىملارنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتتى، توكيۇ خەلقئارا ئايروپورتىدا ئادەملەر سەلدەك يامراپ يۈرەتتى، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى بۇ يەرگە ئەسەبىيلەرچە يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، بۇ قانلىق قىرغىنچىلىق بولۇۋاتقان جايدىن كەتمەكچى بولۇۋاتاتتى، كەينىدىكى ئېچىنىشلىق چىقىراۋاتقان ئاۋازلار بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى، غەلىتە مەخلۇق چوڭ قوشۇنى قىلچىمۇ قارشىلىق كۈچى بولمىغان ئاددى پۇقرالارنى قىرغىنچە بۇ يەرگە قەدەممۇ ـ قەدەم قىستاپ كېلىۋاتاتتى، بىراق نۇرغۇن چەتئەللىك ئەسكەرلەر ئاللىبۇرۇن ئۈچقۇلارغا چىقىۋالغان بولۇپ، ياپونىيە شەھەر ئاھالىلىرىنى سىرتتا توسۇپ تۇراتتى! سېمىز كەلگەن بىر ئوتتۇرا ياش ئادەم بىر ساندۇق ئالتۇننى چىقىرىپ، ئىشىكنى ساقلاۋاتقان ئەسكەرگە ئۇزىتىپ، ھېلىقى ئەسكەردىن ئۆزىنى ئۆتكۈزىۋېتىشنى ئۆتۈندى، ھېلىقى ئەسكەر ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ، بىر تېپىپلا ئۇنى كەينىگە ئۆرىۋەتتى، ھېلىقى ئەر جېنىنىڭ بېرىچە تىركىشىپ ئالدىغا قىستىلىپ كەلدى، ھېلىقى ئەسكەرنىڭ بىردىنلا ئاچچىقى كېلىپ، قولىدىكى پىلىموتنى ئېلىپ ئۇنىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇۋەتتى! ھازىر ئىگىزلىرى بۇ نەس باسقان جايدىن كېتىۋالسىلا، ياپونىيەدە قانچىلىك ئادەمنىڭ ئۆلۈشى ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. تۇيۇقسىز ئالدىدا تۇرغان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى قوللىرىدىكى قۇراللىرىنى ئېلىپ، ئەگ ئالدىدا كېلىۋاتقان ئادەملەر توپىنى كۈچلۈك ئوققا تۇتتى، ئادەملەر توپى خۇددى بۇغداي ئورىغاندەك يەرگە يىقىلىشقا باشلىدى، ئادەملەر توپى دەرھال ھەر تەرەپكە قاراپ قېچىشقا باشلىدى. بىر نەچچە ئەسكەر بۇنى كۆرۈپ دەرھال ئايروپورت ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىرىۋالدى ـ دە، دەرۋازىنى تاقىۋالدى. نۇرغۇن ئادەملەر دەرۋازىنى ئەسەبىيلەرچە تەپكىنىچە ئۇلارنى قارغاپ تىللاۋاتاتتى، بىراق نەچچە مىنۇتقا بارمايلا قارغىش ئاۋازلىرىنى ئورنىنى چىقىرىغان ئاۋازلار ئالدى. ئاسماندىن غۇچچىدە قاپقارا بۇلۇتلار يامراپ چۈشتى، نۇرغۇن

كىسلاتالىق سۇيۇقلۇقلار چاچراپ چۈشتى، پەستە دەرھال چوشقا ئۆلتۈرگەندەك چىقىرىغان ئاۋازلار ياڭرىدى! بەزى ئۇچالايدىغان غەلىتە مەخلۇقلار بىراقلا يەرگە چۈشۈپ قىرغىن قىلىشقا باشلىدى! يىراقتىن يەر-جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان كۈچلۈك پارتلاش ئاۋازى ئاڭلاندى! ئەڭ ئاخىرىدا ئۇچقان ئۈچقمۇ ھۇجۇمغا ئۇچراپ چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. ھايۋاناتلار باغچىسىدا غەلىتە مەخلۇقلار قەپەزلەرنى ئېچىپ، بۇ يەرگە قامالغان ياۋايى ھايۋانلارنى قويۇپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى ئۆتكۈزگەن بۇ زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. مەكتەپ مەيدانىنىڭ ھەممە يېرىدە غەلىتە مەخلۇقلار ۋە جەسەت پارچىلىرى تۇراتتى، بەزى ئوقۇغۇچىلار سىنىپقا كىرىۋېلىپ جېنىنىڭ بېرىچە ئىشىكنى تىرەپ تۇرىشاتتى. بىراق غايەت زور غەلىتە مەخلۇق كەلگەندىن كېيىن، ئۇ پۈتكۈل ئوقۇتۇش بىناسىنى ئىتتىرىپ ئۆرۈۋەتتى، ئاندىن باشقا غەلىتە مەخلۇقلار بىر-بىرلەپ ھايات قالغانلارنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. ساقچى ئىدارىسىدە بىرمۇ ھايات ئادەم قالمىغان ئىدى، بۇنداق جايلار غەلىتە مەخلۇقلار ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان جاي ئىدى! ياپ-يېشىل چىملىقلارنى قانلار قىپ-قىزىل رەڭگە بويىغان ئىدى، ھەممە يەردە ساقچىلارنىڭ جەستى قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى، يەرگە يەنە قورال ۋە مىشەكلەرمۇ چېچىلىپ كەتكەن ئىدى! قاپقاراڭغۇ بىنادا پەقەت تىنىقتىن توختىغان جەسەتلەر ۋە مېڭىپ يۈرگەن غەلىتە مەخلۇقلارلا بار ئىدى! شەھەردە ئادەملەرنىڭ چىقىرىغان ئاۋازلىرى ئاللىقاچان توختىغان ئىدى، پەقەت ئوتنىڭ چاراسلاپ كۆيگەن ئاۋازى ۋە غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ چىقارغان چىقىراق ئاۋازلىرىلا قالغان ئىدى، ھەتتا قاراڭغۇ يۇندا يوللىرىغا مۆكۈۋالغان چاشقانلارمۇ خالىغانچە چىقىپ بۇ ئۆلۈم زىياپىتىگە قاتنىششقا جۈرئەت قىلالمىدى!

قىرغىنچىلىق ياپونىيىنىڭ ھەممە جايلىرىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى، ھايات قالغانلار تاغ ئىچىگە ۋە شەھەر سىرتىغا قېچىشقا باشلىدى، بىراق بۇ يەردە ئاللىقاچان نۇرغۇن غەلىتە مەخلۇقلار «كۆتەك تۈۋىدە توشقان كۈتۈۋاتاتتى»، پەقەت ئادەملەرنىڭ كېلىشىنىلا ساقلاۋاتاتتى! قىرغىنچىلىق توپ-توغرا بىر كېچە داۋاملاشتى، پەلەككە تاقاشقان ئوت يالقۇنى قاپقاراڭغۇ كېچە ئاسمىنىنى قىزارتىۋەتكەن ئىدى! تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، ياپونىيىدىن ئىبارەت ئىلگىرى دۇنيادىكى 2-چوڭ ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەت دەپ ئاتالغان جاي ھېچنېمىگە ئەرزىمەس بىر پارچە يەرگە ئايلانغان ئىدى، بۇ يەر ئۆلۈكلەر دۆلىتى —— ئىنسانلارنىڭ كېلىشى مەنئىي قىلىنغان رايونغا ئايلانغان ئىدى، نۇرغۇن غەلىتە مەخلۇقلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسەبىيلىكىنىڭ نەتىجىسىدىن كېيىنكى نەرسىلەرنى تازىلاشقا باشلىدى، ئەخلەت زاۋۇتى ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئەڭ ياخشى سورۇنغا ئايلانغان ئىدى، ئۆلۈكلەر دۆۋىلەنگەندىن كېيىن، ئۇلار ئالاھىدە تازىلاش سۇيۇقلۇقىنى چېچىپ بىر مىنۇتقا يەتمەيلا پاك-پاكىزە يوقىتىۋەتتى!

ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان غەلتە مەخلۇقلار توختىماستىن ئايلىنىپ ئۇچۇپ، پەستىكى توختىماي ئۆرلەۋاتقان باكتېرىيە قۇرۇلۇشلىرى ۋە يېشىللىقتا ئۆزگىرىۋاتقان زېمىنلارغا قاراۋاتاتتى! ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جەڭ ئۆلجىسىدىن بەكمۇ رازى ئىدى، بىراق ئۇلارنىڭ تېخمۇ بەكرەك ئارزۇ قىلىدىغىنى بولسا دېڭىزنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئاشۇ يەرنى مۇشۇنداق ھالەتكە كەلتۈرۈش ئىدى !

ياپونىيە ئىلگىرى كۆرۈلمىگەن ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 48 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى! دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەت تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى بەس ـ بەستە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ خەۋەرنى ئېلان قىلدى! پۈتۈن جاھان بىردىنلا تەۋرەپ كەتتى، ب د ت باش كاتىپى ئانىنانمۇ زىيادە ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن تېلېۋىزىيە نۇتقى سۆزلىگىچە دۇدۇقلاپ قالدى! ئامېرىكا باياناتچىسى ھاياجانلانغان ھالدا سۆزلىدى :

ــ بۇ مۇشۇ ئەسىردىن بۇيانقى ئىنسانلار ئۇچرىغان ئەڭ ئېچىنىشلىق ئىش، بىز بۇ ھەقىقەتكە زادىلا ئىشىنەلمەيۋاتىمىز، بىزنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمىز شۇنداق قەسەم قىلىدۇكى، بۇ تاجاۋۇزچىلارنى چوقۇم بەدەل تۆلىتىمىز !

ــ بۇ ئىنسانلار ئۇچرىغانئەڭ زور كىرىزىس! ياپونىيىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى جۇڭگو، كورىيە ئىككى دۆلەت چوقۇم ياپونىيە رايونىدىكى غەلتە مەخلۇقلارنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ، بۇنداق تىرادىگىيىنىڭ قايتا يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك! بىز ئىنسانلار دۇچ كەلگەن ئورتاق دۈشمەنگە روسىيە خەلقى ئاخىرغىچە ئۇلار بىلەن قانلىق جەڭ قىلىدۇ!ــ دېدى روسىيە باياناتچىسى .

ــ بىز بۇ ھەقىقەتكە زادىلا ئىشىنەلمەيۋاتىمىز، ياپونىيىدىكى ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 48 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى! بۇ ئەرەپ رايونىدىكى قىرغىنچىلىقتا ئوخشاش زېگىرلارنىڭ بىز ئىنسانلارغا بوغۇلغان يەنە بىر قېتىملىق قان قەرزى!ــ دېدى جۇڭگو باياناتچىسى .

جۇڭگو ھۆكۈمىتىمۇ زېگېرلارنىڭ كېيىنكى نىشانى دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى، بىراق جۇڭگو ئىچىدە ناھايىتى چوڭ بىر ئاۋارىچىلىق يۈز بەردى! بىر يېڭى تىپتىكى يۇقۇملۇق كېسەل تېز سۈرئەتتە جۇڭگو تەۋەسىدە يامراۋاتاتتى، تا ھازىرغىچە بۇ كېسەلگە دورا تېپىلمايۋاتاتتى، ھەر كۈنى ھەر قايسى شەھەرلەردە نەچچە مىڭلىغان ئادەم ئۆلۈپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆلگەنلەرنىڭ سانى توختىماستىن كۆپىيىۋاتاتتى !

ئالەم بوشلۇقىدا ئۈچ مېڭە قۇرۇتى ناھايىتى قىزىققان ھالدا بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى، مادېس :

ــ شاس، سىز ناھايىتى ياخشى قىلدىڭىز! ھازىر ھېلىقى ئارالنى ئىشغال قىلىپ بولدۇق، ئەمدى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلايلى!ــ دېدى .

ــ خوپ، مادېس مېڭە قۇرۇتى! راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئىشتا ھېلىقى ئارالدىكى ئىنسانلارغا رەھمەت ئېيتساق بولىدۇ، بىز ئافرىقا رايونىدا جەڭ قىلغاندا تەسادىپىي ھالدا ئۇلارنىڭ بىر تەجرىبىخانىسىنى بايقىدۇق، ئۇ يەردە پۈتۈنلەي ئوخشىمىغان رايونلاردىكى ئىنسانلارغا قارىتىلىپ يېتىشتۈرۈلگەن گېن ۋىرۇسى باركەن، مەن بۇ ۋىرۇسلار ئاساسىدا ئازراق پىششىقلاپ ئىشلەپ ، بۇ خىل ۋىرۇسلارنى ئەسلىدىكىدىن تېخىمۇ كۈچلۈك رول ئوينايدىغان قىلىپ چىقتىم، خالاس!ــ دېدى شاس .

ــ ھا…ھا…ھا… بىز راستىنلا ئۇلارغا رەھمەت ئېيتساق بولغۇدەك، ئۇلار بىزگە ياردەملىشىپ ئەڭ ياخشى ئارقا سەپ بازىسى بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىزگە بۇنچىۋالا كۆپ ياخشى نەرسىلەرنى بەردى!ــ دېدى مادېس.

## 42ـ باب كەيندىن كەلگەن دۈشمەن

ــ بېيجىڭ شەھەر ئاھالىلىرى دىققەت! ھازىر شەھەر ئىچىدە يۇقۇملۇق كېسەل تارقالدى، ئامالىنىڭ بېرىچە سىرتقا چىقماڭلار! ئەگەر بېشى قايغان، پۈتۈن بەدىنى قىزىرىپ ئىششىغان ئالامەتلەر كۆرۈلگەنلەر بايقالسا دەرھال 120گە تېلېفون قىلىڭلار !

ئادەمسىز كوچىلاردا ئۈچقاندەك كېتىپ بارغان قۇتقۇزۇش ماشىنىلىرى توختىماستىن تەشۋىق قىلاتتى، پۈتكۈل بېيجىڭ شەھىرىدە يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغانلىقتىن، ئىلگىرىكىدەك ئاۋات مەنزىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. يولدا يېرىم كۈنگىچىمۇ بىرە ئادەمنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى، پەقەت قۇتقۇزۇش خادىملىرى ۋە ماشىنىلىرى توختىماي مىكروپ يوقىتىش دورىسى چاچاتتى !

بارلىق دوختۇرخانىلار ئايرىپ تاشلانغان ئىدى، بارلىق تىببىي خادىملارنىڭ ھەممىسى ھەم ئېتىلگەن خىزمەت كىيىمى كىيىۋېلىشقان ئىدى. چۈنكى بۇ خىل كېسەلنىڭ تارقىلىش يولى ھاۋا، سۇ مەبەسى بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا تېرىنىڭ تېگىششى ئارقىلىقمۇ يۇقالايتتى. ئەمدىلا باشلانغاندا باش قېيىپ، زۇكامغا ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلەتتى، نەچچە كۈن ئۆتمەيلا پۈتۈن بەدەن قىزىرىپ ئىششىپ كېتەتتى، ئەڭ ئاخىرىدا پۈتۈن بەدەن ئورۇقلاپ خۇددى مومىياغا ئوخشاپ قالاتتى، مېڭە قۇرۇتلاپ ئۆلۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل كېسەل پەقەت ئىنسانلار ئۈچۈنلا تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىلغان ئىدى، بېيجىڭ ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى ھېچقانداق بىر خىل ھايۋانمۇ يۇقۇملانمىغان ئىدى. ۋىرۇسنىڭ تۈرى

ئافرىقىدىكى ئېپورا (依博拉)ۋىرۇسىنىڭ تۇساتتىن ئۆزگەرگەن تۈرىگە ئوخشاپ قالاتتى، بىراق كېسەللىك ئالامىتى پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. جۇڭگو تاشقى پىلانىت ئالەم كېمىسىدىكى تىببىي تېخنىكىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئەيزىسەن (爱兹餐)ۋە ئېپورا بۇ ئىككى خىل كېسەل داۋالغىلى بولمايدىغان كېسەل ھېسابلانمايدىغان بولدى، ئەمما ھازىر بۇخىل ۋىرۇس ئالدىدا پۈتۈن جۇڭگو ھەتتا پۈتكۈل جاھانمۇ ئامالسىز قالدى! بۇ خىل ئەھۋالدا دوختۇرخانىلاردىكى دوختۇرلارنى كېسەلنى داۋالىدى دېگەندىن كۆرە، كېسەلنىڭ ئۆلۈشىگە قاراپ تۇردى دېگەن ياخشىراق ئىدى !

جۇڭنەنخەيدىكى مەجلىسخانا تاماكا ئىسى بىلەن لىق تولغان ئىدى! لى رەئىس بىلەن جوۋ تيەنخۇا ئىچ پۇشۇقىنى تاماكىدىن چىقىرىۋاتاتتى، كېسەل تارقالغاندىن بۇيان، بۇ ئىككىيلەن ئۆيىگە بىرەر قېتىممۇ قايتىپ باقمىغان ئىدى، ھەر كۈنى كامىدا ئۈچ قېتىم سالامەتلىكى تەكشۈرۈلەتتى! سىرتتا ھەر كۈنى توختىماي ئادەم ئۆلۈپ تۇراتتى، پۈتۈن جەمئىيەت تەرتىپى پۈتۈنلەي قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ئىدى! ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلىۋاتقان جەڭچىلەرمۇ جۇڭگودا كېسەل تارقالغانلىق سەۋەبىدىن ئۇرۇش جەڭگىۋارلىقى قالمىغان ئىدى، تېخىمۇ يامان بولغىنى شۇكى، سۈنئىي ھەمراھنىڭ كۆرسىتىشىچە زېگېرلار ياپونىيە رايونىدا ئۆزلۈكسىز قوشۇن كېڭەيتىۋاتاتتى، ناھايىتى ئېنىقكى، كېيىنكى نىشان جۇڭگو ئىدى، بۇ قانداقمۇ ئىككىيلەننىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلمىسۇن! دەل شۇ چاغدا بىر خىزمەتچى كىرىپ لى رەئىسكە بىر پارچە تېلېگراممىنى سۇندى، لى رەئىس تېلېگراممىنى كۆرۈپ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى ـ دە، غەمكىن ھالدا دېدى :

ــ پۈتكۈل كورىيە دېڭىز بويى رايونلىرى كۈچلۈك ھۇجۇمغا ئۇچراپتۇ، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ چىڭداۋ، شاڭخەي، نىڭبو، تەيۋەن، شياڭگاڭ قاتارلىق دېڭىز بويىدىكى شەھەر ـ رايونلار ھۇجۇمغا ئۇچراپتۇ !

ــ كېلىدىغانلار راستىنلا كەپتۇ، بىزنىڭ پەرىزىمىزدىكىدەكلا بوپتۇ، ئۇ يەرلەر ئاللىقاچان جەڭ تەييارلىقىنى قىلىپ بولغان ئىدى! ئەگەر پەقەتلا تاقابىل تۇرالمىسا، ئالەم بوشلۇقىدىكى ئىككى جۇڭخۇا دەرىجىلىك ئالىم كېمىسى دەرھال جەڭگە قاتنىشىدۇ، روسىيىنىڭ بىر ئالەم كېمىسىمۇ بىزگە ياردەم بېرىدۇ!ــ دېدى جوۋ تيەنخۇا ئۇھ تارتىپ قويۇپ .

ــ بىلمەن! بىراق يۇقۇملۇق كېسەل ھازىرقى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، ئەگەر تېزراق ھەل قىلىنمىسا، ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا بەكمۇ چوڭ زەربە بولىدۇ!ــ دېدى لى رەئىس تاماكىسىنى بىر شوراپ قويۇپ. جوۋ تيەنخۇا يېنىدىكى خىزمەتچىدىن سورىدى :

ــ تىببىي ئىنستىتوتتىن خەۋەر بارمۇ؟

ــ تىببىي ئىنستىتوتتىن كەلگەن خەۋەرگە قارىغاندا، بۇ خىل ۋىرۇس ئىلگىرى زادىلا ئۇچراپ

باقمىغان تۈيۈقسىز ئۆزگەرگەن ئېپورا ۋىروسى ئىكەن! ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈنلەي بىز ئىنسانلارنىڭ گېنىغا قارىتا تەتقىق قىلىپ ياسالغان ئىكەن، ھازىرغىچە تېخى ھېچقانداق داۋالاش ئۇسۇلى تېپىلماپتۇ! پەرەزگە ئاساسلانغاندا، بۇ خىل كېسەلنى داۋالاش ئۈچۈن بىزنىڭ تېخنىكىمىز يەنە 30 يىل تەرەققىي قىلمىسا بولمىغۇدەك!— دېدى خىزمەتچى.

— 30 يىل؟ ھازىرقى مۇشۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا يەنە ئىككى يىلدىلا بىز ئۆلۈپ تۈگەيمىز!— دېدى لى رەئىس ئاچچىق كۈلۈپ.

جەڭ بولۇۋاتقان ئالدىنقى سەپ، ھەر قايسى دېڭىز بويى شەھەرلىرىدە فانتازىيە نۇسخىسىدىكى «نورماندىيىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىش» بولۇۋاتاتتى! ئىستىھكاملاردىكى ئېغىر پىلىموت ۋە زەمبىرەكلەر بىر دەقىقىمۇ توختىماي ئوق ئاتاتتى، ئارقا تەرەپتىن تىزگىن بومبىلار تونىلاپ دېڭىزغا ئېتىلاتتى، ئېھتىمال ئۇ يەرنىڭ دېڭىز تەۋەسىدە 10 يىلغىچىمۇ بىرەر تال بېلىق ياشىيالماسلىقى مۇمكىن! تۈنجى تۈركۈمدىكى ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن غەلىتە مەخلۇقلارنى كۆمۈپ قويۇلغان مىنالار بىر تەرەپ قىلىۋەتتى، تېخىمۇ كۆپ غەلىتە مەخلۇقلار ئوققىمۇ قارىماستىن ئۆز بەدىنىگە تايىنىپ كېلىۋەرگەن بولسىمۇ ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كەتتى، ئىستىھكام ئالدىغا غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ئۆلۈكى دۆۋىلىنىپ كەتتى! بەزى غەلىتە مەخلۇقلار ئىستىھكام ئاستىغا ھۇجۇم قىلىپ كەلدى، بىراق ئۇلار 50 نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى تىك دۆڭگە ياماشمىسا بولمايتتى! بىر توپ ئەسكەرلەر ئالللىقاچان ئۇ يەردە تەييارلىنىپ بولۇشقان ئىدى، شۇڭا ناھايىتى جاپادا يامىشىپ چىققان غەلىتە مەخلۇقلارنى ئوق بىلەن قارشى ئالدى.

جەڭ باشلانغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئالتە سائەتتىن ئېشىپ كەتتى، غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ھۇجۇمى بىردەممۇ ئۈزۈلۈپ قالمىدى، قۇملۇق ساھىل پۈتۈنلەي غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ئۆلۈكى بىلەن كۆمۈلگەن بولۇپ، ئازراقمۇ ئالا يەر قالمىغان ئىدى. ئەسكەرلەر ھەم ھارغان ھەم ئاچقان ئىدى، پىلىموت-زەمبىرەكلەرمۇ قىزىپ كەتكەنلىكتىن، نەچچە قېتىم ئالماشتۇرۇلۇپ بولۇنغان ئىدى! كۈچلۈك ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان غەلىتە مەخلۇقلار تۇيۇقسىز توختاپ قالدى، بارلىق ئەسكەرلەر ۋاقىتلىق ئارام ئېلىۋېلىشتى، بىراق ئۇلارنىڭ بۇنىڭ پەقەت كۈچلۈك ھۇجۇم ئالدىدىكى ۋاقىتلىق جىمجىتلىق ئىكەنلىكىنى، تېخىمۇ كۈچلۈك ھۇجۇمنىڭ ھازىرلا باشلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى! ھەممەيلەن يېڭىدىن سەپ تۈزۈپ، قورال-ياراقلارنى سەپلەپ، يارىدارلارنى توشۇپ، پۈت ئاستىدا دۆۋىلىنىپ كەتكەن مىشەكلەرنى تازىلاش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئويلىمىغان يەردىن يېرىم سائەت ئۆتمەيلا، ئەسكەرلەرنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىق ئىلكىدە بۇ يەرگە بېسىپ كېلىۋاتقان ھاۋادىكى قاپقارا بۇلۇتقا تىكىلدى. ئارقا تەرەپتىكى ھاۋا مۇداپىئە پىلىموت ۋە زەمبىرەكلىرى دەرھال تىكلىنىپ، ئاسمانغا چەنلەندى، ھەر قايسى ئايروپورتلاردىكى جەڭ ئۇچقۇلىرى ھاۋاغا جىددىي كۆتۈرۈلدى!

ــ ئېتىڭلار!ــ قوماندانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىردەم جىمغان مىلتىقلار قايتىدىن سايراشقا باشلىدى! ئاسماندىمۇ ئوت تورى شەكىللەندى، ئاسماندىكى غەلىتە مەخلۇقلار دەرھال يامغۇردەك تۇرۇكلاپ چۈشۈشكە باشلىدى، تېخىمۇ كۆپ غەلىتە مەخلۇقلار كىسلاتالىق سۈيۇقلۇقلارنى پۈركۈشكە باشلىدى! بەزى ئۇچالايدىغان غەلىتە مەخلۇقلار ھەتتا ئوق ئېتىۋاتقان ئىستىھكام ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ، ئۆز بەدىنى ئارقىلىق ئوق ئېتىۋاتقان ئېغىر پىلىموتنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى! ئىچىدىكى ئەسكەرلەر قوللىرىدىكى «قىزىل يۇلتۇز» زەربە مىلتىقنى ئېلىپ، بۇ ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان غەلىتە مەخلۇقلارنى ئېتىشقا باشلىدى، ئۈستى تەرەپتىكى ئوت كۈچى بولمىغاچقا، پەستىكى غەلىتە مەخلۇقلار دەرھال ئۇۋىسى چۇۋۇلغان ھەرىلەردەك دۆڭگە ئېتىلىپ بېرىپ، يۇقىرىغا يامىشىشقا باشلىدى، دۆڭدە مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەر ئەمدى ئىككى تەرەپتىن دۈشمەنگە دۇچ كەلدى، ئاز بولمىغان ئەسكەرلەر كىسلاتالىق سۇيۇقلۇق ئىچىگە يىقىلدى، يەنە ئاز بولمىغان ئەسكەرلەر ھاۋادا ئۇچۇپ كەلگەن غايەت زور مەخلۇقلار تەرىپىدىن پارچىلىنىپ تاشلاندى. كۆپ ئۆتمەيلا غەلىتە مەخلۇقلار يامىشىپ چىقتى، قارا رەڭلىك دولقۇن بۇ يەرنى يۇتۇشقا باشلىدى. ھەممەيلەن مەجبۇرەن ئاستا ـ ئاستا ئارقىغا چېكىنىشكە باشلىدى، ئىككى برونېۋىك گورۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ «دوزاق ئوتى» ئۆزى يۈرەر زەمبىرىكى ۋە تانكىلىرى يېتىپ كەلدى ـ دە، ھاۋا مۇداپىئە ئوت كۈچى نۇقتىلىرىدا يەنە بىر قېتىم مۇداپىئە لىنىيىسى تۈزۈپ، كۈچىنىڭ بېرىچە بۇ يەردىكى يۇچۇقنى ئەتتى.

ئاسماندا 100 نەچچىدىن ئارتۇق «قارا قۇيۇن» تىپلىق جەڭ ئۇچقۇلىرى ۋە 60 دانە SU ـ 27 تىپلىق جەڭ ئۇچقۇلىرى تېز سۈرئەتتە جەڭ مەيدانىغا قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى، رادار دا ئالدى تەرەپتە ئاز دېگەندىمۇ مىڭدەك غەلىتە مەخلۇق ھاۋا ئارمىيىسى بارلىقى كۆرۈندى.

ــ تىزگىن بومبىنى تەييارلاڭلار! بىز ئۇلار بىلەن ئوبدانراق ئەھۋاللىشىپ قويايلى!ــ دەپ بۇيرۇق قىلدى ئەترەت باشلىقى ليۇ خۇا. ئېتىش دائىرىسىگە كىرگەندىن كېيىن 300 دىن ئارتۇق تىزگىن بومبىنىڭ ھەممىسى ئېتىلدى، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئالدى تەرەپتىكى ھاۋا بوشلۇقىدا ئوت يالقۇنى پەلەكنى بىر ئالدى! شۇنداق، ئاشۇ دەقىقىدە ئۇ يەردىكى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۈلى كۆككە سورۇلدى! بەزى ليۇتچىكلار خۇشاللىقىدىن ۋاقىرىشىپ كەتتى، ليۇ خۇا سۈرلۈك ھالدا:

ــ بەك ئالدىراپ خوش بولۇپ كەتمەڭلار، يەنە بىر توپ كەلدى! كۆپچىلىك دەرھال تارقىلىپ ئۆزەڭلارغا نىشان تېپىڭلار، راسا قىرىڭلار!ــ دېدى.

ھاۋا بوشلۇقىدا ئوت گۈللىرى ئېچىلىشقا باشلىدى، ھەرخىل ئىقتىدار جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى

ئىگىلىگەن «قارا قۇيۇن 2» تىپلىق جەڭ ئۇچقۇلىرى ئاسمانغا لىق تولۇپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان غەلىتە مەخلۇقلار ئالدىدا يەنىلا ئازراق ئاجىز كېلىپ قالغاندەك قىلاتتى، ئەگەر ئۇچقۇنىڭ مۇشۇ سۈرئىتىدە بۇ نەرسىلەرگە سوقۇلسا چوقۇم تۈگىشەتتى! بۇ غەلىتە مەخلۇقلار ئۆلۈمدىن پەقەت قورقمايتتى، ئەگەر ئۇلار «قارا قۇيۇن 2»گە يېتىشەلىگەن بولسا، چوقۇم باشچىلاپ سوقۇلاتتى. تىزگىن بومبا تۈگىگەندىن كېيىن، لازېرلىق زەمبىرەكلەر ئېتىلىشقا باشلىدى، بىراق ئۇلار قانچە ئاتسىمۇ بۇ غەلىتە مەخلۇقلار ھېچ ئازلىغاندەك قىلمايتتى. تېخىمۇ كۆپ غەلىتە مەخلۇقلار ئۈزۈلمەي جەڭگە قوشۇلۇپ تۇراتتى! ئاسماننى لىق قاپلىغان كىسلاتا بومبىسى 18 دانە «قارا قۇيۇن 2» ۋە 24 دانە SU－27 نىڭ قۇيرۇقىدىن ئىس چىقىرىپ موللاق ئاتقۇزۇپ چۈشۈرىۋەتتى. لىيۇ خۇا كۆز ئالدىدىكى ھەممە يەردە لىق ئۇچۇپ كېلىۋاتقان غەلىتە مەخلۇقلارنى كۆرۈپ نېمىنىڭ كۆپ چۈمۈلىنىڭ پىلنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈشى ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلدى. تۇيۇقسىز بىر غەلىتە مەخلۇق ئۇنىڭغا سوقۇلغىلى كەلدى. لىيۇ خۇا دەرھال سولغا قايرىلدى، ھەرھالدا پەقەت ئۇچقۇنىڭ قانتىلا ئازراق سۈرۈلۈپ كەتتى!

— ئەبلەخ! ئۆلسەممۇ سەنلەر بىلەن بىللە ئۆلىمەن!— ۋاقىرىدى ئۇ.

كورىيە ھۆكۈمىتى جوڭگوغا ياردەم ئۆتۈنۈشى ئەۋەتتى، چاۋشيەن ئۆلكىسىدىكى جوڭگو ئارمىيىسى كورىيىگە كىرىپ، كورىيە قىسىملىرى بىلەن بىللە جەڭ قىلىشقا باشلىدى! ئامېرىكا، فرانسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق غەرپتىكى بەزى دۆلەتلەر دېڭىز قامال قىلىنغانلىقتىن، توختىماستىن ھاۋا ئارمىيىسى ئەۋەتىپ ئۇچالايدىغان غەلىتە مەخلۇقلار بىلەن جەڭ قىلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇ بىردىنبىر قاتناش لىنىيىسىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشاتتى! ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىگە ئەگەر بۇ ئەڭ ئاخىرقى لىنىيىمۇ ئۈزۈپ تاشلانسا، كۆپچىلىكنىڭ پەقەت ئۆلۈمنى كۈتمەكتىن باشقا چارىسى قالمايدىغانلىقى ئايان ئىدى!

ئالەمنىڭ ئىچكىرىسىدىكى پىلانىتلار بىرلەشمىسىنىڭ پورتى، ماددىي ئەشيالار ئالەم كېمىلىرىگە تۈركۈملەپ توشۇلماقتا! باش قوماندان ئۆيىدە مارشال يارېس ئۇچۇشقا تەييارلىنىۋاتقان كېمە ئەترىتىگە قاراپ تۇراتتى. بۇ قېتىم توشۇلىدىغىنى يەر شارىلىقلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ۋاكسىنا ۋە دورىلار ئىدى! ئەسلىدە بۇرۇن زېگېرلار بىلەن جەڭ قىلغاندا زېگېرلار داۋاملىق مۇشۇنداق ھىيلە ئىشلىتەتتى، ھېلىمۇ ياخشى يەر شارىغا ئەۋەتكەن خادىم ۋىروس ئەۋرىشكىسىنى ئەۋەتىپ بەرگەن بولۇپ، بولمىسا يەر شارىدىكى تېخنىكا سەۋىيىسى ھەرگىزمۇ بۇنىڭغا ئامال قىلالمايتتى.

يارېس جەڭ كېمىلىرىنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگۈچە ئۇزىتىپ قاراپ تۇرغاندا بىر ئەسكەر كىرىپ كەلدى:

— مارشال، بىر نەچچە قۇتقۇزۇپ قېلىنغان يەر شارلىقلارنى پولۇتۇسلار ئېلىپ كەپتۇ !

— ناھايىتى ياخشى، مەن ئەتە ئۇلار بىلەن ئايرىم كۆرۈشەي!— دېدى يارېس بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ.

## 43- باب ئىشنىڭ باش-ئايىغى

— كۆپچىلىك ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭلار، مارشال يارېس سىلەرنى ساقلاۋاتىدۇ،— دېدى بىر ئەسكەر ۋەن شيوڭفېيلارغا قاراپ. كەڭرى كارىدوردا ۋەن شيوڭفېي، ۋىتىك، ئاندىرېۋلار ھەيران بولغان ھالدا كۆز ئالدىدىكى ھەممە نەرسىگە قاراپ تۇرۇشاتتى. پولۇتۇسلار تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار پىلانتلار بىرلەشمىسى ئانا يۇلتۇزىغا ئېلىپ كېلىندى، بۇ يەر يەر شارىنىڭ مۇھىتىغا ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان يېشىل رەڭلىك پىلانت ئىدى. كۆز ئالدىدىكى بۇ يول باشلاپ كېتىۋاتقان تاشقى پىلانتلىقلار قاراپ ئۆز كۆزىگە ئىشىنىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى، ئۇلارغا قانداق قارىسىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئىنسانلاردەك كۆرۈنەتتى. بۇ يەرگە يېڭى ئېلىپ كېلىنگەندە تېخى ئۆزلىرىنى يەر شارىغا قايتتۇقمىكىن دەپ قالغان ئىدى !

بىر كەڭرى ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ھەربىيچە كىيىنگەن بىر ئادەم دەرىزە ئالدىدا تۇرۇپ دەرىزە سىرتىغا قاراۋاتاتتى. ئەسكەر ھۆرمەت بىلەن چاس بېرىپ دېدى :

— مارشال، يەر شارلىقلار كەلدى .

ھېلىقى ئادەم بېشىنى بۇرىدى، گەرچە ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، بىراق پۈتۈن بەدىنىدىن ياشلاردەك تېتىكلىك ئېپادىلىنىپ تۇراتتى. نۇر يېغىپ تۇرغان يۈزلىرىدىكى بىر جۈپ سېھىرلىك كۆزلىرى بىلەن ۋەن شيوڭفېي ئۈچىگە باشتىن-ئاياق بىر سەپ سالدى. ۋەن شيوڭفېيمۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ مارشالغا كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى !

— ئۇ بېكىتلەرنىڭ مارشالىكەن-دە! ھەقىقەتەنمۇ سالاپەتلىككەن! پۈتۈن بەدىنىدىن شاھلارغا خاس سالاپەت تۆكۈلۈپ تۇرىدىكەن، مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك گالۋاڭلاردىن ئەمەسكەن. يېشى ئېھتىمال 50 نەچچىلەردە بولسا كېرەك، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ قېرىراق بولۇشى مۇمكىن!— دەپ ئويلىدى ئاندىرېۋ ئۇ ئادەمگە قاراپ. يارېس ئۈچەيلەنگە قارىۋەتكەندىن كېيىن :

— قالتىس، ئۇلار ئۈچىنىڭ ئىنتايىن مۇنەۋۋەر ھەربىيلەردىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدىكەن! ئوتتۇرىدىكىسى تېخى بۇنچە ياشكەن، ناھايىتى قالتىسكەن!— دەپ ئويلىدى.

ياربس كۆلۈمسرەپ قويۇپ، يول باشلاپ كىرگەن ئەسكەرگە :

ــ بولدى، سەن چىقىپ تۇرغىن،ــ دېدى .

ــ خوپ، مارشال!ــ ئەسكەر چىقىپ كەتتى، ياربس گەپنى ئۇدۇللا باشلىدى :

ــ تۈزۈت گەپلىرىنى كۆپ قىلغۇم يوق، سىلەرمۇ بىلىسىلەر، سىلەرنىڭ پىلانېتىڭلار زېگېرلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراۋاتىدۇ! مېنىڭ بۈگۈن سىلەرنى ئىزدىشىمدىكى مەقسىدىممۇ سىلەر بىلەن ھەل قىلىش چارىسىنى كېڭىشىش!

ياربسنىڭ سۆزى ئۈچەيلەننى ھەيران قالدۇردى، ۋىتىك سورىدى :

ــ مەن بىر ئىشنى سورىۋالاي، سىلەرنىڭ زېگېرلار بىلەن قانداق مۇناسىۋىتىڭلار بار؟

ياربس سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ دېدى :

ــ مۇناسىۋەت؟ مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن، بەلكىم سىلەر ئىنسانلارغا ئوخشاش دۆلەت بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى بولسا كېرەك !

ياربس بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

ــ مەن يەنىلا زېگېرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن بىزنىڭ ھەقىقىي مۇناسىۋىتىمىزنى سىلەرگە ئېيتىپ بەرسەم بولغۇدەك .

ئۇ كرىسلودا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ۋەن شيوگىيې ئۈچى ئايرىم ـ ئايرىم ياندىكى ئورۇنلاردا ئولتۇرۇپ، ئىشنىڭ باش ـ ئايغىنى ئاڭلاشقا باشلىدى .

مارشال ياربسنىڭ چىرايىدىن ئىنتايىن ئازاپلانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى، ئۇ ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى :

ــ كۆرۈۋاتقىنىڭلاردەك بىزنىڭ پىلانېتلار بىرلەشمىسى 67 ئوخشىمىغان پىلانېتلاردىكى ئىرقلاردىن تەشكىل تاپقان، خۇددى سىلەرنىڭ يەر شارىدىكى ب د ت غا ئوخشاش. ھالبۇكى زېگېرلار بولسا بىزدىن 800 نەچچە مىليون نۇر يىلى يىراقلىقتىكى يۇلتۇزلار تۈركۈمىدىن كەلگەن ئىرق، ئۇلار پارازىت قۇرۇتلاردىن ئۆزگەرگەن ئىرق، ئۇلار باشقا جانلىقلارنىڭ مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىدا پارازىتلىق بىلەن ياشاپ، ئۇلارنىڭ گەۋدىسىگە تايىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان ۋە تەرەققىي قىلىدىغان پارازىت جانلىق، ئۇزۇندىن بۇيان ئۇلار ھەر خىل كۈچلۈك جانلىقلارنى ئۈزۈلدۈرمەي سۈمۈرۈپ، ئۆزلىرىنى ئىزچىل ئەڭ ئالدىدا تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلدى! ئاستا ـ ئاستا بۇ جانلىقلاردا بىز ۋە سىلەرگە ئوخشاش ئۆزلۈك ئېڭى پەيدا بولدى، ھەمدە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىنىش تۈزۈمىنى بارلىققا كەلتۈردى، بارلىق زېگېرلارنى بىر ئەڭ ئالىي ئاساسىي مېڭە قۇرۇتى باشقۇرىدۇ، بىز ئادەتتە ئۇنى ئاساسىي مېڭە قۇرۇتى دەپ ئاتايمىز! زېگېرلارنىڭ سانىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئاساسىي مېڭە قۇرۇتى يەنە نۇرغۇن مېڭە قۇرۇتلىرىنى پەيدا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىرقىنى باشقۇرۇشقا ياردەملەشتۈردى!

ئۇلارنىڭ بەدىنىدە بىر خىل ئالاھىدە گېن بولۇپ، باشقا مېگە قۇرۇتلىرى قانداق تەرەققىي قىلمىسۇن، ھېلىقى گېن ئۇلارنى ئەڭ ئالىي مېگە قۇرۇتىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق ۋە قارشىلىق قىلغۇزمايدۇ، بۇ خىل كۈچلۈك بۇيرۇق سىستېمىسى پۈتكۈل زېگېرلار جەمئىيىتىنى باشتىن ـ ئاخىر ئەڭ ئۈنۈملۈك ھالەتتە تۇرغۇزۇۋاتىدۇ .

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە يارېس توختاپ، ھاڭۋېقىپ قالغان ۋەن شيوگفېي قاتارلىقلارغا قاراپ قويدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

ــ زېگېرلار ئۆز يېرىدىكى بارلىق جانلىقلارنى سۈمۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مېگە قۇرۇتى قانائەتلىنىشنىڭ ئۆلۈمدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ، بىر بۆلۈك زېگېرلارنى ئۇلارنىڭ ئانا يۇلتۇزىدىن ئالەم بوشلۇقىغا ئەۋەتىشكە باشلىدى. ئالەمنى قېدىرىش جەريانىدا ئۇلار پىلانېتلارنى بىر ـ بىرلەپ ۋەيران قىلىشقا باشلىدى، ئۇلار پەقەت ئەڭ كۈچلۈك جانلىقلارنىلا سۈمۈرۈپ، ئۆزلۈكسىز تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ كەلدى، يول بويى زېگېرلار جەڭدە غەلىبە قىلماي قالمىدى، سان ۋە ئەمەلىي كۈچ جەھەتتە ئۆزلۈكسىز كۈچىيىۋاتىدۇ! زېگېر قىسىملىرىنىڭ رەھىمسىزلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز مېگە قۇرۇتىغا بولغان قارىغۇلارچە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ئۇلارنى ئالەمدىكى ھەر قانداق بىر ئىرق كۆرسە بەدىنى تىكەنلىشىپ كېتىدىغان ھالغا كەلتۈردى، بۇ ھالەت تاكى ئۇلار بىزنىڭ پىلانېتلار بىرلەشمىسىگە ئۇچراشقانغا قەدەر داۋاملاشتى! ئۇ چاغدا بىزدە جەمئىي 87 ئىتتىپاقداش ئىرق بار ئىدى! زېگېرلار بىزنى بايقاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى، چۈنكى بىزنىڭ بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان ئوخشىمىغان ئىقتىدارغا ئىگە ئىرقلار توپلانغان ئىدى، ئۇلار دەرھال نۇرغۇن قوشۇن توپلاپ بىزگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى! بۇ غەلىتە مەخلۇقلارغا قارىتا، بىز دەسلەپتە دوستانە پوزىتسىيىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئاڭسىز جانلىقلار ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق، بىز ئەڭ كۈچلۈك ئەقلىي ئىقتىدارغا ئىگە پولوتۇسلارنى ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىشكە ئەۋەتتۇق! ئىككى تەرەپ ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش بىلەنلا ئۇلارنىڭ كېلىش مۇددىئاسىنى بىلدۇق. جەڭ مۇشۇنداق باشلاندى !

ــ نەتىجە قانداق بولدى؟ سىلەر يەڭدىڭلارمۇ ؟ــ دېدى ۋەن شيوگفېي چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ قويۇپ. يارېس بېشىنى چايقىدى :

ــ دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، بىز يېڭىلدۇق دېسەكمۇ بولىدۇ! جەڭ باشلىنىش بىلەنلا بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىلغار قوراللىرىغا تايىنىپ ناھايىتى ئاسانلا قارىماققا ئىنتايىن ئىپتىدائىي كۆرۈنىدىغان بۇ جانلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىمىز دەپ ئويلاپتىكەنمىز، بىراق بىزنىڭ پەرىزىمىز پۈتۈنلەي خاتا بوپتۇ! زېگېرلارنىڭ تۇغما ئۆتكۈر قوللىرى ۋە بەدىنىدىكى قاتتىق قاسىرىقى ھەمدە ھەر خىل بومبا، كىسلاتالىق سۇيۇقلۇقلىرى بىزنىڭ ھەر قانداق ئىلغار

قۇراللىرىمىزدىن قېلىشمايدىكەن! جەڭ جەمئىي 100 نەچچە يىل داۋاملاشتى، جەڭ ئىنتايىن قاتتىق بولدى، ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۆلۈم-يېتىم ئېغىر بولدى، چۈنكى ئۇ جەڭدە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ سەككىز ئىرقنىڭ نەسلى قۇرىدى! بىز جېنىمىزنىڭ بېرىچە زېگېرلارنىڭ ھۇجۇمىغا قارشىلىق كۆرسەتتۇق، ھەم كۆپ قېتىم ئۇچۇر تارقىتىپ جەڭ توختىتىشنى ئۈمىد قىلدۇق، ئەمما ھېچقانداق جاۋاپ بولمىدى. جەڭدە زېگېرلار باشتىن-ئاخىر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئۇ چاغدا بىز ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇق، 87 ئىرق بىرلىشىپ بىر ئىرقنىمۇ يېڭەلمىدۇق! بىز شۇ چاغدا نەسلى قۇرۇتۇلۇشنىڭ ئىدىيىۋىي تەييارلىقىنى قىلىپ قويغان ئىدۇق، بىراق بىز چوقۇم زېگېرلار بىلەن ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادەم قالغۇچە قانلىق جەڭ قىلىشقا قەسەم قىلغان ئىدۇق. ئويلىمىغان يەردىن زېگېرلارنىڭ ئەڭ ئالىي باش مېڭە قۇرۇتى بىزگە ئۇرۇش توختىتىپ تېنچلىق سۆھبىتى قىلىش تەلىپىنى ئەۋەتتى!

— نېمىشقا؟— چۈشەنمىگەن ھالدا سورىدى ئاندىرىۋ. يارىس سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— زېگېرلارنىڭ باش مېڭە قۇرۇتىغا ئايانكى، ئۇلار بۇ جەڭنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيتتى، بىراق غەلىبە قىلغان تەقدىردىمۇ بۇ مەغلۇبىيەتكە يېقىن غەلىبە ئىدى. بىز ئىككى تەرەپ توپ-توغرا يەتتە يىل سۆھبەتلىشىپ كېلىشىم تۈزدۇق. بىزنىڭ پىلانېتلار بىرلەشمىسى جەنۇپتا، زېگېرلار شىمالدا تۇرىدىغان، ئىككى تەرەپ ئەسلىدىكى جەڭ چېگرىسىنى پاسىل قىلىپ، ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشمايدىغان بولدى! مانا مۇشۇنداق ئىككى تەرەپ جىمجىتقىنە ئىككى ئەسىر بىرگە تۇردۇق، بىراق شىمالدىكى زېگېرلار ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ئەسلىگە كېلىپ، ناھايىتى تېزلا جەڭدىن ئاۋۋالقى ھالىتىگە كەلدى. ئۇلار ئۆز تەۋەسىدە باشقا پىلانېتلارنى خالىغانچە قىرغىن قىلىپ، باشقا ئىرقلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتتى. بىز بۇنىڭغا زادىلا قاراپ تۇرالماي، ئۇلار بىلەن قايتىدىن بىر قېتىم سۆلھى تۈزۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا بىر كېلىشىم ھاسىل قىلدۇق، ئۇلار ئىلگىرىكىدەك ھەممە يەرگە تاجاۋۇز قىلمايدىغان، بەزى ئۇرۇشقاق ئىرقلارنىڭلا نەسلىنى قۇرۇتىدىغان، بىراق بەزى يۇشۇرۇن كۈچكە ئىگە ئىرقلارغا ھۇجۇم قىلسا بولمايدىغان بولدى! بۇ كېلىشىم ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىن زېگېرلار ئۇنىڭغا ئىنتايىن بەك رىئايە قىلدى، ئۇلار ئىلگىرى قاراقچىلىق بىلەن جان كەچۈرىدىغان تۇرانلار ۋە ئېرىكلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتتى، ئېرىكلار ئۆز پىلانېتىنى ئاسرىماي، بايلىقلىرىنى خورىتىپ بولغاندىن كېيىن باشقا پىلانېتلارغا كۆچتى، بىرسىنى قۇرۇتۇپ يەنە بىر پىلانېتقا كۆچتى. شۇنداق قىلىپ پىلانېتلارنى بىر-بىرلەپ قاقاسلىققا ئايلاندۇرۇپ تاشلاپ قويدى! ئەڭ ئاخىرىدا زېگېرلار تەرىپىدىن نەسلى قۇرۇتۇلۇش تەقدىرىگە ئۇچرىدى، ئەمما تېخىمۇ كۆپ ئىرقلار مۇشۇ كېلىشىم سەۋەبلىك ئامان قالدى!

ئۈچەيلەن بۇنى ئاڭلاپ سوغۇق تەرلەپ كەتتى، ئۇلار ئۆز رەقىبىنىڭ بۇنچىۋالىق قورقۇنچلۇق

ئەمەلىي كۆچكە ئىگە ئىرق ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى! يارېسنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۆچەيلەننىڭ قەلبى ئۈمىدسىزلىككە تولدى .

— بىز ھەرگىز ئۇلارنى يېڭەلمەيمىز!— ئۆچەيلەن بۇ بىر نۇقتىنى بىردەك ئويلاپ يەتكەن ئىدى.

يارېس ئۆچەيلەنگە قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— كېيىن زېگېرلار سىلەر يەر شارىلىقلارنى بايقىدى، ئەڭ دەسلەپتە بىزگە پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان ئىرقنى كۆرۈپ، زېگېرلار يېنىكلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا پېتىنالماي، بىزگە خەۋەر قىلدى! بىزمۇ ئىنتايىن ھەيران قېلىپ دەرھال تەكشۈرۈش ئەترىتى ئەۋەتتۇق، نەتىجىدە سىلەرنىڭ پىلانېتىڭلارنىڭ بىزنىڭ مۇھىتىمىزغا پۈتۈنلەي ئوخشايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بىزگە ئوخشاش ئىرقنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى بىلدۇق! ئۇ چاغدا سىلەر ئۇرۇش قىلىۋېتىپتىكەنسىلەر، مېنىڭ ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ سىلەر 2 ـ جاھان ئۇرۇشى دەۋالغان چوڭ ئۇرۇشقۇ دەيمەن !

يارېس سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئېڭىكىنى تۇتقىنىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ دېدى :

— ئۇ چاغدا گېرمانىيە نۇرغۇن يەھۇدىيلارنى قىردى، ياپونىيمۇ جۇڭگو تەۋەسىدە كەڭ كۆلەمدە قىرغىنچىلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇشنىڭ مۇھىتقا بولغان بۇزغۇنچىلىقى ئىنتايىن ئېغىر بولدى. زېگېرلار شۇ چاغدا سىلەرنىڭ نەسلىڭلارنى قۇرۇتۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىراق بىز سىلەرنىڭ بىزگە ئوخشايدىغانلىقىڭلارنى كۆزدە تۇتۇپ، بىز زېگېرلارنىڭ تەلىپىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن رەت قىلدۇق. بۇ جەڭنىڭ نەتىجىسىنى دو تىكىپ، زېگېرلارنىڭ يەنە بىر مەزگىل كۈتۈشىنى ئۈمىد قىلدۇق، بۇ قىماردا ئەگەر گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە باشچىلىقىدىكى فاشىستلار ئىتتىپاقداشلىرى غەلىبە قىلسا زېگېرلار دەرھال سىلەرنى يوقىتىدىغان، بىراق ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ئىتتىپاقداش ئارمىيە غەلىبە قىلسا زېگېرلار دەرھال ھەرىكىتىنى توختىتىپ، سىلەرگە يەنە بىر پۇرسەت بېرىدىغان بولدۇق .

ئۆچەيلەن بۇنى ئاڭلاپ تەرلىرىنى سۈرتتى، شۇ چاغدا ھېلىمۇ ياخشى ئىتتىپاقداش ئارمىيە غەلىبە قىپتۇ، بولمىسا شۇ چاغدىلا ئىنسانلار تۈگىشەتتىكەنتۇق! يارېس سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— سىلەرمۇ نەتىجىسىنى بىلىسىلەر، بىز بۇ قىماردا ئۇتتۇق! زېگېرلارمۇ ھەرىكىتىدىن ۋاقىتلىق ۋاز كەچتى، بىراق سىلەر ساۋاقنى ئازراقمۇ قوبۇل قىلمىدىڭلار، جەڭدىن كېيىنكى ۋەزىيەت ئازراقمۇ خۇشاللىنارلىق بولمىدى، قىسمەن دائىرىلىك توقۇنۇشلار ئۈزۈلمىدى! ئىرقىي كەمسىتىش، ئېكولوگىيىلىك بۇزغۇنچىلىق ھەمدە جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ھەر ۋاقىت پارتلاش ئېھتىماللىقى بولغان ئۇرۇشنىڭ ھەممىسى بىزنى سىلەر ئۈچۈن تەرلەتتى. بىز بىر ئالاھىدە خادىمىمىزنى ئەۋەتىپ سىلەرنى يوشۇرۇن يېتەكلىدۇق، ئەمما كېيىن تەيۋەن

ئۇرۇشى يەنىلا پارتلىدى ھەم ئاستا ـ ئاستا 3 ـ جاھان ئۇرۇشىغا ئۆزگەردى! گەرچە سىلەرنىڭ جۇڭگو بىزنىڭ ئەينى چاغدا زېگېرلار بىلەن بولغان جەڭدە ئۇ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئالەم كېممىزدىكى تېخنىكىغا تايىنىپ بۇ ئۇرۇشنى ناھايىتى بالدۇرلا ئاياقلاشتۇرغان بولسىمۇ، بىراق زېگېرلار مۇشۇ مۇشۇ پۇرسەتنى تۇتۇۋېلىپ سىلەرنى يوقىتىشنى يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلدى ھەمدە بىزنى كېلىشىمگە ئەمەل قىلمىدى دەپ، قايتىدىن ئۇرۇش قوزغاپ بىزنى قىستىدى، باشقا ئىرقلارمۇ زېگېرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى خالىمىغاچقا، ئامالسىز ماقۇل بولدۇق! مانا بۇ بارلىق ئىشلارنىڭ باش ـ ئايىغى !

ئۈچەيلەن بۇنى ئاڭلاپ يىغلاپ تاشلاشتى، بۇ ھەقىقەتكە ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى! بۇ چاغدا بىر ئەسكەر كىرىپ :

ــ مارشال، زېگېرلارنىڭ باش مېگە قۇرۇتى بىلەن ئالاقىلىشالىدۇق!ــ دېدى. يارېس ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتقىنىچە ئۈچەيلەنگە دېدى :

ــ بولدى، ھازىر سىلەر زېگېرلارنىڭ ئەڭ ئالىي مېگە قۇرۇتى بىلەن پاراڭلىشىپ بېقىڭلار! ئۇنى قايىل قىلىپ، سىلەرگە بولغان ھۇجۇمنى ئەمەلدىن قالدۇرالامسىلەر ـ يوق، قاراپ باقايلى!

## 44 ـ باب قەسەميات

ـ 2011يىلى 15 ـ فېبرال، جۇڭگونىڭ ھەر قايسى چوڭ شەھەرلىرىدە بىنالارنىڭ ئۆگزىسىگە ھاۋا مۇداپىئە پىلموتلىرى ئورنىتىلغان ئىدى! يوللاردا بىرونېۋىكلار چارلاپ مېڭىپ يۈرەتتى، خۇددى ئالدىدا كۈچلۈك دۈشمەن باردەك مەنزىرە شەكىللەنگەن ئىدى. شۇنداق! يېرىم ئايدىن كۆپرەك ئالاھىدە قارشىلىششتىن كېيىن، شاڭخەي، تەيۋەن، چىڭداۋ قاتارلىق جايلار ئۇرۇش سەۋەبىدىن خارابىيلىققا ئايلانغان ئىدى! ھەر كۈنى ئاز بولمىغان ئۇچالايدىغان غەلىتە مەخلۇقلار ئىچكى قۇرۇقلۇققا كىرىپ مالىمان قىلاتتى، شەھەر ئىچىدە ھەممە يەردە ھاۋا مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى ياسالغان ئىدى، بىراق جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى خۇشال قىلىدىغان بىردىنبىر ئىش بولسا يۇقۇم ئەھۋالى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىندى! بىراق غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ھۇجۇمى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى، ئالدىنقى سەپتە ئۆلۈم ـ يېتىم ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، ئارقا سەپتە يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغانلىق سەۋەبىدىن تولۇقلاش ناھايىتى تەس كېلىۋاتاتتى، بۇ ئەھۋال جۇڭگوغا نىسبەتەن ھەقىقەتەنمۇ خۇشاللىنارلىق ئەمەس ئىدى !

برازىلىيە دېڭىز بوغۇزىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا بىر دانە غايەت زور جۇڭخۇا دەرىجىلىك

چارلىغۇچى ئالەم كېمىسى تۇراتتى، پۈتكۈل ئالەم كېمىسى نۇرغۇن ھاۋا مۇداپىئە پىلىمۇتلىرى شەكىللەندۈرگەن ئوت تورى بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى. سانسىزلىغان غەلىتە مەخلۇقلار ئالەم كېمىسىگە ئۈزۈلدۈرمەي ھۇجۇم قىلىپ بۇ ئوت تورىنى بۆسۈپ ئۆتمەكچى بولاتتى. ئالەم كېمىسىدە تۇرغان «كېڭەيگۈچى» برونىلارنىڭ قولىلىرىدىكى قىرغۇچى پىلىمۇتلار توختىماستىن ئوق ئېتىپ ھەرىلەردەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان غەلىتە مەخلۇقلارنى توساتتى. كېمە پالوبىسىغا پىلىمۇتلار ئېتىپ مېيىپ قىلىۋەتكەن غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ئۆلۈكى دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئىدى! تەيۋەن ۋە چوڭ قۇرۇقلۇقتىن ئۇچقان جەڭ ئۇچقۇلىرى جەڭ بولۇۋاتقان ھاۋا بوشلۇقىغا كەلگەندە، بىر بۆلۈك غەلىتە مەخلۇقلار دەرھال ئالەم كېمىسىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشنى تاشلاپ ئۇچقۇلار توپىغا قاراپ ئېتىلدى !

تەيۋەن جىنمېن، نۇرغۇن چوڭقۇر دېڭىز مەخلۇقلىرى سۇدىن چىقىپ بەس ـ بەستە قىرغاققا قاراپ ئۈزۈشكە باشلىدى. جىنمېن دېڭىز ساھىلىدىكى ئىستىھكاملاردا بىردىنلا تىرىۋگا (ئاگاھلاندۇرۇش) سىگنالى ياڭراشقا باشلىدى. غەلىتە مەخلۇقلار تېخى قىرغاققا ئۈزۈپ چىقماي تۇرۇپلا توپچى ئەسكەرلەر ئاز دېگەندىمۇ بىرەر يۈز پاي توپ ئوقى ئاتتى. قۇملۇق ساھىلدىكى سىم تورلار ۋە مىنالار، ئاكوپلاردىكى ئېغىر تىپلىق پىلىمۇتلار ئۆز ئارا ماسلىشىپ غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ئىلگىرىلىشىنى ئۈنۈملۈك توستى. يىراقتىكى ئېگىزلىكتە بىر ئادەم دۇربۇن بىلەن بۇ جەڭنى تەپسىلىي كۆزىتىۋاتاتتى. بۇ ئادەم دەل تەيۋەن ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى ۋاڭ تىيېخېڭ ئىدى. گەرچە غەلىتە مەخلۇقلار بىلەن جەڭ باشلانغاندىن بۇيان ئۇ كۆپ قېتىم غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ سۈرەت ۋە ماتېرىياللىرىنى كۆرگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ قېتىم ئۆزى ئالدىنقى سەپكە كېلىپ ئۆز كۆزى بىلەن تۇرى قورقۇنچلۇق بۇ غەلىتە مەخلۇقلارنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە ئاز ـ تولا قورقۇنچ پەيدا بولدى. ئوق غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ تېنىنى تېشىپ ئۆتۈپ، ئۇلارئۆلۈش ئالدىدا چىقىرىغاندا، ۋاڭ تىيېخېڭنىڭ كۆڭلىدە بىر تەرەپتىن بۇ خىل جانلىقلارنىڭ كۈچلۈك ئىرادىسىغا نىسبەتەن ھەيرانلىق پەيدا بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ خىل ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشقا ئوخشاپ كېتىدىغان ھەرىكەتتىن ئىنتايىن ئەخمىقانىلىقنى ھېس قىلدى! بۇ قېتىمقى ھۇجۇمنىڭ كۆلىمى ئالدىنقى نەچچە قېتىمقىدەك زور ۋە كۈچلۈك ئەمەسلىكىنىڭ نېمىشقىلىقىنى بىلىپ بولمايتتى، بىراق نەچچە مىنۇت ئۆتمەيلا، ئۇلار بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلدى، ئاسماندا لىپمۇ ـ لىق قاپقارا بۇلۇت بۇياققا يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتاتتى !

ــ ھاۋاغا قارشى جەڭگە تەييارلىنىڭلار! ــ دەپ بۇيرۇق قىلدى ۋاڭ تىيېخېڭ. ھاۋا مۇداپىئە پىلىمۇتلىرى ۋە تېزگىن بومبىلار ھاۋادىكى قارا بۇلۇتقا توغرىلاندى، قارا بۇلۇت ئېتىش دائىرىسىگە كىرگەندىن كېيىن، ھەممەيلەن ھاڭۋېقىپ قالدى، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكىسى قورقۇنچلۇق ئۇچالايدىغان غەلىتە مەخلۇقلار بولماستىن، خۇددى ھەسەل ھەرىلىرىدەك

چوڭلۇقتىكى قۇرۇتلار ئىدى! سىز پىلمۇت بىلەن ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ھەسەل ھەرىسىنى ئاتالامسىز؟ جاۋابى چوقۇم ياق. ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ھەرىلەر توپى ھەيرانلىقتا ئىلاجسىز قالغان ئەسكەرلەرگە ئېتىلىپ كېلىپ، خۇددى بۇرىلالايدىغان ئوقلاردەك ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ئەسكەرلەرنىڭ بەدىنىنى تېشىپ كىردى. سانسىزلىغان ئەسكەرلەر ئېچىنىشلىق چىقىرىغىنىچە ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ھەرە توپىنى ئەسەبىيلەرچە شاپىلاقلايتتى، ئۇنىڭغا ئۇلىشىپلا ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كەتكەن جەسەتلەر بىر-بىرلەپ يەرگە يىقىلىشقا باشلىدى.

— ئۆلگۈر! — ۋاڭ تيېنخېڭ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى.

ساھىلدىكى ئىستىھكاملار قالايمىقان بولۇپ كەتكەندە، قۇملۇق ساھىلغا ھەر خىل غەلىتە مەخلۇقلار لىق تولۇپ كەتتى. تانكىلار زەمبىرەك ستىۋوللىرىنى توغرىلاپ بولغۇچە، ئاسمانغا لىق تولۇپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان يېشىل رەڭلىك كىسلاتالىق سۇيۇقلۇقلار ھەش-پەش دېگۈچە ئۇلارنى يوقىتىۋەتتى!

— بارلىق قىسىم چېكىنسۇن، دەرھال ئوت پۈركۈگۈچنى ئېلىپ كېلىڭلار! — ۋاقىراپ قوماندانلىق قىلدى ۋاڭ تيېنخېڭ. بىراق غەلىتە مەخلۇقلار ئۇلارغا بۇ ۋاقىتنى بەرمىدى، نۇرغۇن زەھەرلىك ھەرىلەر قىلچىمۇ رەھىم قىلماستىن چېكىنىۋاتقان ئەسكەرلەرنى قوغلاپ ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى! چوڭقۇر دېڭىز مەخلۇقلىرى ئېگىزلىككە ھۇجۇم قىلىپ چىقتى-دە، جاننى ئالغۇچى كىسلاتالىق سۇيۇقلۇقلارنى ئادەملەر توپىغا پۈركىدى، جەڭ ۋەزىيىتىدە بىردىنلا بۇرۇلۇش يۈز بەردى!

پىلانېتلار بىرلەشمىسىنىڭ ئانا يۇلتۇزىدا ۋەن شيوڭفېي، ۋېتىك، ئاندرېۋ ئۆچەيلەن يارېسقا ئەگىشىپ بىر يوغان مەجلىسخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۆچەيلەن كىرىپلا ھەيران قالدى، تۆت ئەتراپتا خىلمۇ-خىل تاشقى پىلانېتلىقلار لىققىدە ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇلارنى قۇتقۇزىۋالغان پولۇتۇسلارمۇ ئولتۇراتتى. يارېسنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ، بارلىق ۋەكىللەرنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا سالام بەردى، يارېس جاۋاپ سالام قايتۇرۇپ بولۇپ ئورنىدا ئولتۇردى. ۋەن شيوڭفېي ئۆچىمۇ يارېسنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، يارېس ئۇلارغا پىچىرلىدى:

— بىر ئازدىن كېيىن باش مېڭە قۇرۇتى بىلەن سۆلھىيلەشكەندە ئۆزەڭلار دېگەن ھەر بىر جۈملە سۆزگىمۇ چوقۇم دىققەت قىلىڭلار، ئۆزەڭلارنىڭ كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنىڭلار كۆڭلۈڭلەردە ئايان بولسۇن، بىلدىڭلارمۇ؟

ئۆچەيلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

بىردەمدىن كېيىن مەجلىسخانا ئوتتۇرىسىدىكى تولۇق تەسۋىرلىك ئېكران قوزغالدى. بىر غايەت زور غوزەك قېپى مەجلىسخانا مەركىزىدە پەيدا بولدى، بۇنى كۆرۈپ مەجلىسخانىدىكى

بارلىق ۋەكىللەر بىسەرەمجان هالدا مىدىراپ قويۇشتى. ۋەن شيوگفېيلار پۈتۈن بەدىنى كۆلرەڭ كارشىنۋاي كەلگەن بۇ چوڭ غوزەككە قاراپ ئىختىيارسىز هالدا شۆلگىيىنى يۇتۇپ قويۇشتى. غوزەك مىدىراپ، غوزەك يېنىدىن ئىنسانلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر باش كۆرۈندى. بۇنى كۆرۈپ ۋەن شيوگفېينىڭ قۇسقۇسى كېلىپ كەتتى! غوزەكتىكى باش بۇرۇلۇپ قىلچىمۇ ئاچچىقلانمىغان هالدا كۆزلىرىنى يارېسنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئۆچەيلەنگە تىكىپ سورىدى:
— سىلەر يارېس دېگەن يەر شارىلىقلارمۇ؟
بۇ غاراڭ-غۇرۇڭ غەلىتە ئاۋازنى ئاڭلاپ ۋەن شيوگفېي ئۆچەيلەن جىددىيلەشكەن هالدا بېشىنى لىڭشىتىشتى. غوزەك سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— سىلەر مەندىن نېمىشقا سىلەرنىڭ پىلانېتىڭلارغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىمنى سورىماقچىمۇ؟ مېنىڭچە، يارېس ئاللىقاچان بۇنىڭ سەۋەبىنى سىلەرگە دەپ بېرىپ بولدى، سىلەر يەنە نېمىنى سورىماقچى؟
بۇنى ئاڭلاپ ۋەن شيوگفېي ئورنىدىن تۇرۇپ ۋاقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى:
— بىز يەرشارىلىقلارنىڭ كەمچىلىكى ئاز ئەمەس، ئۇنداقتا سىلەر بەك مۇكەممەلمۇ؟ مەن بىزنىڭ ئۆز پىلانېتىمىزغا ئىنتايىن زور بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىمەن! ئەمما سىلەرمۇ دائىم باشقىلارنىڭ پىلانېتىسىغا تاجاۋۇز قىلىسىلەرغۇ؟
غوزەكتىكى يۈز ئېغىز ئاچتى:
— بىز پىلانېتلار بىرلەشمىسى بىلەن سۈلهى تۈزگەندىن باشلاپ، كېلىشىمگە بويسۇنۇپ، شۇ بويىچە تاللاپ، ئاندىن باشقا پىلانېتلارغا هۇجۇم قىلدۇق، ئىقتىدارلىق، يارىتىش كۈچى مول، بىزگە خەۋپ يەتكۈزمەيدىغان ئىرقلارغا هۇجۇم قىلمىدۇق.
ۋەتىك قاقاهلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ:
— ئۇنداقتا سىلەر نېمىشقا ئۆزەڭلارنى يوقاتمايسىلەر؟ مېنىڭچە بۇ يەردىكى هەممەيلەن سىلەردىن ئىنتايىن بەك قورقىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ هەممىسى سىز ۋە سىلەرنىڭ ئىرقىڭلارنىڭ ئۆزلىرىنى يوقىتىۋېتىشىدىن قورقىدۇ! سىز ۋە سىلەرنىڭ ئىرقىڭلارمۇ بۇ ئالەمگە بۇنچە كۆپ خاتىرجەمسىزلىك ئېلىپ كەلدىڭلارغۇ! ئەگەر سىز دېگەندەك تەهدىت سالغۇچى ئىرقلارنى يوقىتىدىغان ئىش بولسا، ئۇنداقتا سىلەر بىرىنچى بولۇپ يوقىتىلىشىڭلار كېرەك،— دېدى.
باشقا پىلانېتلار ۋەكىللىرى بۇنى ئاڭلاپ غولغولا قىلىشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ بىرنەچچەيلەن ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنى بىلەلمەيۋاتاتتى، تېخى مۇشۇنداق تەلەپپۇزدا زېگېرلارنىڭ باش مېڭە قۇرۇتىغا گەپ قىلىشقا پېتىنىۋاتاتتى! غوزەكتىكى يۈز بۇنى ئاڭلاپ ئاچچىقلانمايلا قالماستىن، ئەكسىچە قاقاهلاپ كۈلۈپ كەتتى، كۈلكىسى ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىۋېتەتتى! بىردەمدىن كېيىن ئۇ سۆزلىدى:

ـــ يەر شارىلىقلار! سىلەرنىڭ پىلانىتىڭلاردا ئىلگىرى سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلارمۇ ئۆز كۈچۈڭلارنىڭ كۈچلۈكلىكىگە تايىنىپ ھەممە يەردە باشقىلارنىڭ ئىشىغا چات كىرىپ يۈرمىدىمۇ؟ (ئامېرىكىنى كۆزدە تۇتۇپ) سىنىڭ دۆلىتىڭ سىنى ئاتالمىش تېرورچى دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ياكى ئەسلىھەلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا بۇيرۇق قىلغاندا، سەندە ئۆزەڭنى ئەيىپلەش ھېسسىياتى پەيدا بولغانمۇ؟ سەن ئۆزەڭنىڭ باشقىلارغا تەھدىت پەيدا قىلغانلىقىڭنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟

ۋىتىك بۇنى ئاڭلاپ دۇدۇقلاپ جاۋاب بېرەلمەي قالدى. غوزەك يۈز سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـــ مەن دېگەندەك بىزنىڭ خاراكتېرىمىز ئوخشاش، ئەمما ۋاستىمىز ئوخشىمايدۇ، بىراق بىز ھېچبولمىغاندا بىز ئىمزالىغان كېلىشىمگە ئەمەل قىلدۇق، ئەمما سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلار دائىم ئەمەل قىلمايدىغۇ؟ سىلەرنىڭ پىلانىتىڭلاردىكى ئاتالمىش ب د ت ئىلگىرى سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلار تەرىپىدىن تىزگىنلىنەتتى، ئاتالمىش دۇنيانىڭ تېنچلىقىنى قوغداش بولسا رەزىل سۇيىقەستىڭلارنى يوشۇرىدىغان چىرايلىق بىر تون، خالاس. ھەمدە ...

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە غوزەك يۈز بىردەم تۇرۇپ قالدى:

ـــ جەڭ جەريانىدا مېنىڭ ئىرقىم بىرەرمۇ گۇناھسىز جانلىققا زىيان يەتكۈزمەيدۇ، بۇنى سىلەر قىلالامسىلەر؟ ئېسىمدە قېلىشىچە، سىلەرنىڭ ئاتالمىش خاتا بومباردىمانىڭلاردا ھازىرغىچە ئاز دېگەندىمۇ نەچچە ئون مىليون ئادەم پارتلاپ ئۆلدىغۇ؟

غوزەك يۈز سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە يەنە قاقاھلاپ كۈلۈشكە باشلىدى!!! ئاندىرىۋ ئاچچىقىدىن بوغۇلۇپ:

ـــ بىرسىگىمۇ زىيان يەتكۈزمەيمىز؟؟ سىلەرنىڭ يەر ئاستى ئۇۋۋاڭلاردا ئۆلگەن ھايۋانلارچۇ؟ ئۇلار سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى جەڭ ئۈچۈن ئۆلگەنىغۇ؟ــ دېدى. غوزەك يۈز ئاستا ـ ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى:

ـــ شۇنىسى سەمىڭلاردا بولسۇن! ئۇلارنى سىنىغان ۋە گېنىنى ئۆزگەرتكەن چاغدا، مېنىڭ مېڭە قۇرۇتلىرىم ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئالدى، سىلەر ئىنسانلار ئۇزۇن مۇددەت ئۇلارنى ئوۋلاپ ئۆلتۈرگەنلىكىڭلار سەۋەپلىك ئۇلار ناھايىتى بۇرۇندىن باشلاپلا سىلەرگە ئۆچ ئىكەن، بىز ئۇلارغا ئۇلارنى ئۆزگەرتىپ سىلەر بىلەن ئۇرۇشقا سېلىش تەلىپىنى قويغاندا، ئۇلار دەرھال ماقۇل بولدى، بۇنىڭ ھەممىسى سىلەرنىڭ تۆھپەڭلار ئەمەسمۇ!

يارىس ئورنىدىن تۇرۇپ بىر نېمىلەرنى دېمەكچى بولۇشىغا، ۋەن شيوڭفېي ئۇنى بېسىپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، غوزەك يۈزگە قاراپ دېدى:

ـــ توغرا! سىز دېگەندەك بىز سىلەرگە يېتەلمەيمىز، ئەمما ھېچبولمىغاندا بىر جەھەتتە سىلەر بىزگە يېتەلمەيسىلەر!

بۇ گەپ چىقىشى بىلەنلا مەجلىس ئەھلىنىڭ ھەممىسى ۋەن شيوگفېيغا قادالدى، غوزەك يۈزمۇ گۇمانلانغان ھالدا ئۇنىڭغا قارىدى. ۋەن شيوگفېي ئۇنلۇك ۋاقىراپ سۆزلىدى:

— بىزنىڭ ھېچبولمىغاندا ئۆزىمىزنىڭ تەپەككۇر ھېسسىياتىمىز بار، خۇشاللىق، غەزەپ، قايغۇ، شادلىقىمىز بار! سىلەرنىڭ ئىرقىڭلارغا ئوخشاش قىلچىمۇ ئۆزلۈك ئېڭى يوق قورچاق ئەمەسمىز!

غوزەك يۈز سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ دېدى:

— سىلەرنىڭ ئاتالمىش ھېسسىياتىڭلار بار، بۇ نۇقتىدا مەن ئىقرار قىلماي تۇرالمايمەن، گەرچە مېنىڭ ئىرقىم سىلەرگە ئوخشىمىسىمۇ، بىراق بىزنىڭ ھۆكۈمرانلىق شەكلىمىز مېنىڭ ئىرقىمنى ئىزچىل ئەڭ ئۈنۈملۈك ھالەتتە ساقلايدۇ! سىلەرگە ئوخشاش ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىپ، ئۆز مەنپەئەتى ۋە ھوقۇقى ئۈچۈن تىنىمسىز جەڭ قىلمايدۇ!

ۋەن شيوگفېي بۇنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، غوزەك يۈز ئاچچىقلانغاندەك بولۇپ سورىدى:

— نېمىگە كۈلىسەن؟

ۋەن شيوگفېي كۈلكىسنى توختىتىپ دېدى:

— مەن سىزنىڭ ئىرقىڭىزنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بەك بىچارىلىكىگە كۈلۈۋاتىمەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشقىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى تىرىك جەسەتلىكىنى بىلمەيدىكەن، بەلكىم بىزنىڭ ئاتالمىش ھېسسىياتىمىز بىزگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەندۇ! بىراق بىز ئۇنىڭدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنەلەيمىز، باشقىلار بىلەن ئۆز خۇشاللىقىمىزنى ئورتاقلىششنى ئۆگىنىۋالالايمىز، جەڭ مەيدانىدا سىزنىڭ ئەسكەرلىرىڭىزگە ئوخشاش پەقەت ئۆلۈمگە ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىشنىلا ئەمەس، ئەكسىچە ھاياتلىقنى قەدىرلەشنى بىلىمىز! مۇھەببەت ئۈچۈن بىز مۆجىزە يارىتالايمىز، بۇلار سىلەر مەڭگۈ قىلالمايدىغان ئىشلار!

بۇ سۆزلەر مەجلىس ئەھلىنى ھاياجانلاندۇرىۋەتتى، نۇرغۇن ۋەكىللەر بەس-بەستە ۋەن شيوگفېيغا قايىللىق نەزىرى بىلەن بېقىشتى، ھەتتا يارېسىمۇ كۈلۈپ كەتتى، ئىچ-ئىچىدىن ۋەن شيوگفېينىڭ بۇ سۆزلىرىگە قايىل بولدى! غوزەك يۈز قارىماققا ئىنتايىن ئاچچىقلانغاندەك قىلاتتى. ئۇ غەزەپ بىلەن ۋاقىرىدى:

— بۇلار بولسا نېمە بوپتۇ؟ شۇنى ئۇنۇتمىغىنكى، مەن ھازىر بىرلا بۇيرۇق قىلسام سىلەر يەر شارىلىقلار دەرھال بۇ ئالەمدىن يوقىلىسىلەر! سىلەرنىڭ ئاتالمىش ھېسسىياتىڭلار بۇلارنى ئۆزگەرتەلەمدۇ؟

— ياق!— ۋەن شيوگفېي بوش ئاۋازدا جاۋاپ بەردى. ئاندىن تۇيۇقسىز ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ:

— بىراق بىز سىلەر بىلەن ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادىمىمىز قالغۇچە جەڭ قىلىمىز، بىز مەغلۇپ

بولغان تەقدىردىمۇ سىلەرنى ئېغىر بەدەل تۆلەتمىز!ــ دېدى. غوزەك يۈز بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى، بىردەمدىن كېيىن ئۇ بەدبەشىرە ھالەتكە ئۆزگىرىپ غەزەپ بىلەن ۋاقىرىدى:

ــ قىزىق! بىز سىناپ باقايلى، سىلەرنىڭ ھېسسىياتىڭلار مېنى ئېغىر چىقىمدار قىلالامدۇ ـ يوق!

سۆزى تۈگەپلا ئېكراندىكى غوزەك غايىپ بولدى.

## 45 ـ باب بوران ـ چاپقۇن كەلمەكتە

ئېكراندىكى غوزەك يوقىلىشى بىلەنلا پۈتۈن مەجلىسخانا قايناپ كەتتى، باشقا ئىرقلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋەن شيوگفېيغا قارىغىنىچە باشلىرىنى يېقىن ئەكىلىپ پىچىرلاپ تالىشىشقا باشلىدى! بەزىلەر ئۇلار ئۈچۈن ئاھ ئۇرسا، بەزىلەر ئۇلارنىڭ بىلمىسىزلىكىنى مازاق قىلاتتى، بىراق تېخىمۇ كۆپ ۋەكىللەر ئۇلارغا قايىللىق نەزىرى بىلەن قارىشاتتى. يارېس يەلكىسىدىن بىر چوڭ تاغنى ئېلىپ تاشلىغاندەك بولۇپ يېنىكلەپ، چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، يۈزلىرىگە كۈلكە يۈگۈردى، قايتىش يولىدا ئۇ ۋەن شيوگفېيغا قاراپ:

ــ قالتىس، بىز زېگېرلار بىلەن ئۇرۇش توختاتقاندىن بۇيان بۇنداق گەپنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدىم،ــ دېدى ۋە سورىدى:

ــ بىراق سىز بىلەمسىز؟ سىزنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىڭىز سىزنىڭ بارلىق قېرىنداشلىرىڭىزغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇشى مۇمكىن.

ۋەن شيوگفېي يارېسنىڭ سۆزلىرى ئاڭلاپ قوشۇمىسىنى قاتتىق تۈرۈپ قويۇپ، يارېسقا قاراپ:

ــ بۇ... بۇنى مەنمۇ بىلمەن، ئاپايام ھەقىقەتەن بەك غەزەپلىنىپ كەتكەنلىكتىن كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنىڭ بەرىنى سۆزلۈۋېتىپ قاپتىمەن!ــ دېدى. يارېس بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ دېدى:

ــ بىلدىم، ھازىر بىز ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقىنى دەل سىزگە ئوخشاش غەزەپلەنگەن ئادەم!

ئاندىرېۋ يېتىشىپ مېڭىپ كېلىپ دېدى:

ــ مارشال يارېس، سىزمۇ ئاڭلىدىڭىز، زېگېرلار بىزنىڭ پىلانېتىمىزغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغايدىكەن، يەر شارلىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەن بىزنىڭ پىلانېتىمىزغا قايتىپ ئۆز ماكانىمىزنى قوغداش ئۈچۈن جەڭ قىلىشنى ئويلايمەن!

ئاندىرېۋنىڭ بۇ سۆزى دەرھال ۋەن شيوگفېي بىلەن ۋېتكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. يارېسنىڭ

ئۇلارنى بەكمۇ ئېلىپ قالغۇسى بار ئىدى، بىراق ئۇلارنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدى، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى :

ــ بىلدىم، مەن دەرھال قوشۇن ئاجرىتىپ سىلەرنى يولغا سېلىپ قوياي !

ئىككى كۈندىن كېيىن ۋەن شيوگفېي، ۋىتىك، ئاندىرىۋ ۋە بارلىق ئەسكەرلەر (ھېلىقى كىچىك دىنوزاۋورمۇ بار) ئۆز يۇرتىغا قايتىدىغان ئالەم كېمىسىگە چىقتى. يارېس ئالاھىتەن كېلىپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى، ئالەم كېمىسى ئۇچىدىغان چاغدا يارېس دېدى :

ــ دېگەن سۆزىڭىزنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، سىلەردە زېگېرلاردا يوق ھېسسىيات قورالى بار، سىلەر ئەڭ مۇنەۋۋەر ھەربىيلەر .

ۋەن شيوگفېيلار بۇنى ئاڭلاپ يارېسقا باشمالتىقىنى چىقىرىپ قويدى، يارېس كۈلگىنىچە جاۋاپ سالىمى بەردى. ئۇلار ئايرىلغاندىن كېيىن، يارېس بېشىنىمۇ بۇرىماستىن :

ــ بولدى، سىز ئەمدى چىقسىڭىز بولىدۇ!ــ دېدى. سۆزى ئاخىرلىشىپلا يارېسنىڭ كەينىدە كۆك نۇر چاقناپ، بىر ئادەمنىڭ كۆلەڭگىسى پەيدا بولدى! يارېس ئۇنىڭغا قاراپ :

ــ قانداق، سىلەرنىڭ ئەڭ ئالىي كېڭەشچىلىرىڭنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟ــ دەپ سورىدى. كۆك نۇر ئەسلىدە بىر پولۇتۇس ئادىمى بولۇپ، ئۇ جاۋابەن :

ــ بارلىق كېڭەش باشلىقلىرى سىزنىڭ تەلىپىڭىزگە ماقۇل بولدى، ئۇندىن باشقا يەنە 43 ئىرق پۈتۈن كۈچى بىلەن بىزنى قوللايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى !

يارېس رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ :

ــ ھەببەللى، ناھايىتى ياخشى! ھېلىقى يىگىتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، مەن ئاخىرى ھوشۇمنى تاپتىم، يەر شارلىقلار! بىر ناھايىتى ئاجىز مىللەتمۇ زېگېرلارنىڭ ھۇجۇمىغا جان تىكىپ قارشىلىق قىلىۋاتقان يەردە، بىزدەك شۇنچىۋالا چوڭ ئىتتىپاقداشلار تېخى زېگېرلاردىن بۇنچىۋالا قورقۇپ كېتىپتىمىز، بۇ ھەقىقەتەنمۇ قاملاشماپتۇ. ئۇزۇندىن بۇيان بىز زېگېرلارنىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچراۋەرگەچكە، ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشقا پېتىنالمايماي بۆگۈنكىدەك ھالغا قاپتۇق، ئەينى چاغدا زېگېرلارنىڭ نېمىشقا بىز بىلەن ئۇرۇش توختاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ باقماپتۇق!ــ دېدى. ھېلىقى پولۇتۇس ئادىمى بۇنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ :

ــ شۇنداق! مەنمۇ زېگېرلارنىڭ نېمىشقا بۇ مىللەتنى يوقاتماقچى بولغانلىقىنى بىلمەن، چۈنكى ئۇلار يەر شارلىقلارنىڭ كېيىن بىزدەك تەرەققىي قىلىپ كېتىشىدىن قورقىدۇ.....

ئەمەلىيەتتە زېگېرلار ئۇلارنى تۈنجى بايقىغاندا، ئەينى چاغدىكى ئۇرۇش سەۋەپلىك يەر شارلىقلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش روھى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن بولغان، شۇندىن بۇيان ئۇلار يەر شارلىقلارنىڭ بىزگە ئوخشاش ئۆزگىرىشىدىن ئىنتايىن قورققان!

راستىنى ئېيتقاندا، ئەگەر جۇڭگو ئالەم كېمىسىنى بايقىماي، يەر شارى ئىلگىرىكىدەك قالايمىقانچىلىق ئىچىدە تۇرغان بولغان بولسا، مېنىڭچە، زېگېرلار بەلكىم ئۇلارنىڭ بارلىق ئادەملىرىنى قويۇپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى!ــ دېدى .
يارېس بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆپكۆك ئاسمانغا قاراپ قويدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ يېنىدىكى كونۋويدىن سورىدى :
ــ تەييارلىق ئەھۋالى قانداقراق؟
ــ بەش زەربىدار ئالەم كېمە ئەترىتى تەييارلىنىپ بولدى، ئۇنىدىن باشقا يەنە 200 چوڭ تىپتىكى چارلىغۇچى ئالەم كېمىسى، 120 توشۇغۇچى كېمە، 300 تەمىنات تولۇقلىغۇچى كېمە ۋە 600 قوغدىغۇچى كېمە ھەممە پىلانېتلار ئارا جەڭ ئۇچقۇلىرى ئالدىنقى سەپكە ماڭدى، ئۇلار ھەر ۋاقىت يەر شارىغا ياردەملىشىپ جەڭ قىلىشقا تەييار! پولۇتۇسلارنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسىملىرىدىن جەمئىي 400 مىڭ ئالەم ئاۋېئاماتكىسى يولغا چىقىپ، ئارقا سەپتىكى جەڭگە تەييارلىنىپ بولدى......ــ دېدى كونۋوي. دوكلاتنى ئاڭلاپ بولۇپ، يارېس ئاستا ـ ئاستا مېڭىپ سەيلى قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بىردەم ماڭغاندىن كېيىن :
ــ ناھايىتى تېزلا بىر مەيدان قاتتىق بوران ـ چاپقۇن بولىدۇ، بىر مەيدان ئاسمان ـ زېمىننى لەرزىگە سالىدىغان بوران ـ چاپقۇن بولىدۇ،ــ دېدى. ئۇ تۇيۇقسىز مېڭىشتىن توختاپ كەينىدىن كېلىۋاتقان كونۋويغا دېدى :
ــ زېگېرلار يەر شارىغا ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىغاندا بىزنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسىملىرىمىز ھەرگىز دەرھال جەڭگە قاتناشمىسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەن شيوگفېي دېگەندەك قىلالامدۇ ـ يوق! ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادىمى قالغۇچە جان تىكىپ ئېلىشىش جۈرئىتى بارمۇ ـ يوق! ئۇلارنى كۆزىتىپ باقسۇن .
كونۋوي بېشىنى لىڭشىتىپ، بىر نېمىلەرنى ئويلىغاندەك بولۇپ سورىدى :
ــ مارشال، يەر شارلىقلارنى دەپ زېگېرلار بىلەن قايتىدىن جەڭ قىلىشىمىز ئەرزىمدۇ؟
ــ ئەلۋەتتە ئەرزىيدۇ!ــ دېدى يارېس ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ،ــ زېگېرلار بىلەن جەڭ قىلغاندا بىزنىڭ بىرلەشمىمىزدىكى بارلىق جەڭچىلىرىمىز قىلچىمۇ قورقمايدىغان روھنى كۆرسىتىپ، ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن تاجاۋۇزچىلىققا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى، بىراق ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن، تېنچلىق مەزگىلىدە بۇ خىل روھ يوقاپ كېتەيلا دەپ قالدى، زېگېرلارغا بەكمۇ يول قويۇۋەتتۇق! ئەينى يىللاردا بىز دەل مۇشۇنداق جان تىكىپ ئېلىشىش روھىمىزغا تايىنىپلا زېگېرلارنى تەسلىم قىلالىغان ئىدۇق، ئەمما ھازىر ......
يارېس سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە چىرايى بەك ئۆزگىرىپ كەتتى، ئۇ بىردەم توختىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

ــ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە زېگېرلار بىرەر ئەسكىرىنىمۇ ئىشلەتمەي بىزنى يوقىتىۋەتكۈدەك، چوقۇم ئاشۇ ياستۇقنى قىرلاپ غەمسىز ياتقانلارغا ھەقىقەتنى بىلدۈرۈش لازىم .
يەر شارىدا زېگېرلار جۇڭگوغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىغاندىن كېيىن جۇڭگو قىسىملىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. زېگېر قىسىملىرىنىڭ كۈندۈزى نۇرغۇن چىقىم تارتىپ ئىگىلىگەن ئىستىھكاملار كېچىسى جۇڭگو قىسىملىرى تەشكىللىگەن كېچىلىك زەربىدە قايتۇرىۋېلىنىۋاتاتتى! ئىككى تەرەپ دائىم ئاللىقاچان خارابىيلىققا ئايلانغان بىرەر شەھەر ئۈچۈن نەچچە ئون قېتىملاپ جەڭ قىلىشاتتى، جۇڭگو قىسىملىرى ئىستىھكامنى قاتتىق ساقلاپ، جەڭ سېپىنى ئىزچىل دېڭىز بويى رايونلىرىدىلا ساقلاپ كەلدى! پلۇتۇن يېنىدىكى مېگە قۇرۇتى مادېس ئىككى تەرەپنىڭ جېڭىنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتاتتى، ئادەم ۋە قۇرۇتلار قوشۇنى ئۆزئارا قىرغىن قىلىشاتتى، زېگېر قىسىملىرى ئۆلۈمدىن قورقمايتتى! جۇڭگو قىسىملىرى بولسا بىر قەدەم زېمىننىمۇ جان تىكىپ قوغدىغاچقا بۇ جەڭ بەكمۇ كەسكىن بولۇۋاتاتتى .
ــ سەن بىزنىڭ مادېس مېگە قۇرۇتىنى ئىزدە!ــ بىر غايەت زور غوزەك ئاستا ـ ئاستا ئۆرلەشكە باشلىدى .
ــ شاس، جۇڭگوغا ھۇجۇم قوزغىغىلى شۇنچە ئۇزاق بولدى، بىز يەنىلا سىرتتا توسۇلۇپ قالدۇق! سىزنىڭ ھېسابىڭىزچە بىز يەنە قانچىلىك ۋاقىتتا ئاندىن ھۇجۇم قىلىپ كىرەلەيمىز؟ــ دېدى مادېس .
ــ مەن ئەيىپلىك، مېگە قۇرۇتى مادېس! بۇ ئىنسانلارنىڭ قارشىلىقى بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدىنمۇ كۈچلۈك چىقىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بېكىتلەرنىڭ بۇرۇنقى بەزى قوراللىرى بىلەن قوراللىنىپتۇ، شۇڭا بىزنىڭ ھۇجۇمىمىز شۇنچىۋالا كۈچلۈك قارشىلىق ئۇچرىدى. مەن سەرخىل ئەسكىرىي كۈچىمىزنى توپلاپ، چوڭ قۇرۇقلۇق يېنىدىكى ئارالنى (تەيۋەن) ئاۋال ئالماقچى، بۇ ئارقىلىق ياپونىيە ۋە موڭغۇلىيە رايونىغا يۇشۇرۇنۇۋالغان قىسىملار بىلەن ماسلىشىپ ئۈچ تەرەپتىن ئۇلارنى قىسماقچى. پۇتكۈل جەريانغا بىرەر ئايچە ۋاقىت كېتەر،ــ جاۋاپ بەردى شاس .
ئۇنىڭ سۆزى تۈگەپ تۇرۇشىغا يەنە بىر مېگە قۇرۇتى داسمۇ كەلدى :
ــ مېگە قۇرۇتى مادېس، نېمە ئىش بار ئىدى؟
ــ داس، سىزنىڭ شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى جەڭ ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟ــ سورىدى مادېس .
ــ شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئاساسلىق قارشىلىق ئامېرىكا ۋە كانادادىن ئىبارەت بۇ ئىككى دۆلەتتىن كېلىۋاتىدۇ، بىزنىڭ قىسىملىرىمىز مېكسىكا بىلەن گرىنلاند(دانىيە)نى ئىگىلەپ بولدى، ھازىرلا ئامېرىكا بىلەن كاناداغا ھۇجۇم قوزغايمىز،ــ دېدى داس .

ــ بولدى، مەن باش مىڭە قۇرۇتنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدىم، بۇ ئىنسانلار بىلەن بۇنداق ئۈينىشۋەرمەيدىغان بولدۇق،ــ دېدى مادېس بۇنى ئاڭلاپ .

ــ نېمىشقا؟ــ قالغان ئىككى مىڭە قۇرۇتى چۈشەنمىگەندەك سورىدى .

ــ مەنمۇ بىلمەيمەن، پىلانېتلار بىرلەشمىسى مەجلىسگە قاتناشقاندىن كېيىن، باش مىڭە قۇرۇتى قارىماققا ئىنتايىن غەزەپلەنگەندەك قىلىدۇ، ئۇ ئىككى گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنى ئەۋەتىپتۇ، ئۇلار كېلىشى بىلەنلا دەرھال ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغايمىز! باش مىڭە قۇرۇتنىڭ يەنە بىر بۇيرۇقى بار، يەر شارىغا پاراكەندىچىلىك سالىدىغان بۇنداق ھۇجۇمنى توختىتىدىكەنمىز، قالغان يەر شارلىقلارنى بىزنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنلىرىمىز كېلىپ يوقىتىدىكەن. يەر شارىدىكى ۋاقىتلىق قىسملاردىن دېڭىز ـ ئوكيان رايوندىكىلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسۇن!ــ دەپ جاۋاپ بەردى مادېس .

ــ خوپ، مىڭە قۇرۇتى مادېس!ــ ئىككى مىڭە قۇرۇتى تەڭلا جاۋاپ بەردى .

ــ بولدى، بىز ھازىر دەرھال بۇ يەردىن ئايرىلىپ يۇپىتېر يېنىغا كېتىپ، چوڭ قوشۇننىڭ كېلىشىگە تەييارلىنايلى،ــ مادېسنىڭ بىر بۇيرۇقى بىلەن نۇرغۇن زېگېرلار ئارمىيىسى قۇياش سىستېمىسىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ئاتلاندى!

## 46ـ باب تۇيۇقسىز كەلگەن ئۆزگىرىش

تەيۇەن، پۇتكۇل ئارال زېگېرلارنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىغا ئۇدا ئۇچراپ، دېڭىز بويى شەھەرلىرىدىن كۆپ قىسملىرى قولدىن كەتتى، ئارال پۈتۈنلەي زېگېرلارنىڭ قاتمۇ ـ قات مۇھاسىرىسىدە قالدى. ئەگەر جۇڭگو دەرىجىلىك چارلىغۇچى ئالەم كېمىسى دەرھال جىددىي ياردەمگە كەلمىگەن بولسا، تەيۇەن ئارىلى ئاللىقاچان ئىشغال قىلىنىپ بولۇناتتى. تەيبېي شەھىرىدە ۋاڭ تېيخېڭ تەيۇەن ھەربىي رايونىنىڭ بىر قىسىم ئوفېتسېرلىرى بىلەن كېيىنكى قەدەملىك ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى. يىغىندا ھەر قايسى ھەربىي ئەمەلدارلار توختىماستىن تالىشاتتى، بەزىلەر ئەگەر تەيۇەن قولدىن كەتسە دەرھال ئاتوم بومبىسى ئىشلىتىپ تەيۇەننى تۈزلىۋېتىپ، زېگېرلار بىلەن بىللە تۈگىشىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەكلىپ گەرچە تەلۋىلىك بولسىمۇ، بىراق ۋاڭ تېيخېڭ ئاستىرىتتىن بۇ يېڭى چىققان گېنراللىنىڭ ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان روھىنى ماختاپ قويدى، ئەگەر بۇرۇنقى چاغلار بولىدىغان بولسا، تەيۇەننىڭ ھېلىقى كونا گېنراللىرى ئاللىقاچان نەگە قېچىشنى بىلەلمەي قالغان

بولاتتى. يەنە بەزىلەر بۇنى ئەڭ ئەخمىقانە چارە دەپ قارىدى، تەيۋەن ئارىلىدا 20 مىليوندەك پۇقرا بار، بۇ پۇقرالارنى زېگېرلارغا قوشۇپ دەپنە قىلسا بولمايدۇ ـ دە !ئىككى تەرەپ تازا تالىشىۋاتقاندا، مەجلىسخانا ئىشىكى ئېچىلىپ، جۇڭگو ئالەم قىسىملىرىنىڭ قوماندانى لىن خەييۈن كىرىپ كەلدى. ھەممەيلەن ئۇنى كۆرۈپ جىمىپ قېلىشتى، ئاخىرى ۋاڭ تىيېخېڭ بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ لىن خەيیۈنگە سالام بەردى، لىن خەيیۈن جاۋاپ سالىمى قايتۇرۇپ :

— ھازىرقى ۋەزىيەتنى سىلەرمۇ بىلىسىلەر، گەرچە تەيۋەننىڭ دېڭىز بويى شەھەرلىرى قولدىن كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ قولىمىزدا يەنە نۇرغۇن رايونلار بار، ھېلىلا بەزىلىرىڭلار ئېيتقان «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم» دېگەن ئويۇڭلارغا خېلىلا بالدۇرلۇق قىلىدۇ!— دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ. ھېلىلا ئاتوم بومبىسى ئىشلىتىش تەكلىپىنى بەرگەن سەركەردىلەر بىردىنلا قىپ ـ قىزىل قىزىرىپ يەرگە قاراشتى .

— ئەمەلىيەتتە سىلەرنىڭ ئويۇڭلارنى مەنمۇ ئويلىغان، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ، ئەمما ھەققانىيەت ئۈچۈن قۇربان بولۇشقا توغرا كەلسىمۇ، ئۇنى جەڭ قىلىپ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادىمىمىز قالغاندا دېيىشەرمىز! بىزنىڭ يەنە قىسىملىرىمىز بار، ئىككى بىرونېۋىك گورۇپپىۋوي ئەسكىرىي كۈچىمىز بار،ھەر قايسى چوڭ شەھەرلەر جەڭ تەييارلىق ھالىتىگە كىرىپ بولدى! بىز يەنىلا ئۇلار بىلەن جەڭ قىلالايمىز!— دېدى ۋاڭ تىيېخېڭ. لىن خەيیۈن ئۇنىڭغا ئۇلاپلا دېدى :

— زېگېرلار ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ تەيبېيغا ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، بىز بۇنداق پاسسىپ تاياق يەيدىغان ۋەزىيەتتە تۇرۇۋەرسەك بولمايدۇ! زېگېرلار بىزنى پەقەت زەربىدىن ئۆزىنى قاچۇرماقچى دەپ ئويلايدۇ، بىزنىڭ كەڭ كۆلەملىك قايتۇرما ھۇجۇم قىلىدىغىنىمىزنى چوقۇم ئويلاپمۇ قويمايدۇ، بىز پەقەت ئەسكىرىي كۈچىمىزنى ئازراق يىغىپ، ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ تەيجۇڭ ۋە خۇالىيەنگە ھۇجۇم قىلايلى! مەن ئالەم قىسىملىرىنى باشلاپ ئۇلارنىڭ بىر بۆلۈك ئەسكىرىي كۈچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تەيبېيگە بولغان بېسىمىنى يېنىكلىتەي، بىز پەقەت مۇشۇ ئىككى جاينى ئالالىساقلا، ئۇلار تەيبېيگە بولغان ھۇجۇمنى تاشلاپ، قولدىن كەتكەن جايلىرىنى قايتۇرىۋېلىشقا ئاتلىنىدۇ، بىز تېخىمۇ كۆپ ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈلەيمىز !

— سىز قانداقسىگە زېگېرلارنى تەيبېيگە بولغان ھۇجۇمىدىن ۋاز كېچىدۇ دەپ ئويلاپ قالدىڭىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ئۇلارنى قانداق قىزىقتۇرۇپ ئېلىپ كېتەلەيسىز؟— دەپ سورىدى ۋاڭ تىيېخېڭ ئەنسىرىگەن ھالدا .

— خاتىرجەم بولۇڭ، زېگېرلار جەڭ قىلسا ھەمىشە مۇكەممەللىكنى قوغلىشىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ چوڭ قوشۇن بىلەن بۆلۈنۈپ كېتىشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە زېگېرلار ھازىر مېنىڭ ئالەم قىسىملىرىمنى ئۆزىنىڭ 1 ـ نومۇرلۇق دۈشمىنى دەپ قارايدۇ، ئەگەر بىز يالغاندىن

ئۇلار بىلەن يالغۇز جەڭ قىلساق، ئۇلار چوقۇم بىزنى يوقىتىدىغان بۇ ياخشى پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيدۇ!ــ دېدى لىن خەيىۈن بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ.

ــ بولمايدۇ! بۇ بەك خەتەرلىك! ئۇلارنىڭ سانى كۆپ، سىلەر تاقابىل تۇرالمايسىلەر!ــ دېدى ۋاڭ تىيەخېڭ بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ. لىن خەيىۈن كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا دېدى:

ــ ھېچقىسى يوق، مەن ئۇلارنى تېنچ ئوكيان ئۈستىگە باشلاپ بارىمەن، ۋاقتى كەلگەندە ئالەم بوشلۇقىدىكى يەنە بىر ئالەم كېمىسى ماگنىت زەررىچە زەمبىرىكى بىلەن ئۇلارنى كۈتۈۋالىدۇ.

ــ ئۇنداقتا تېخىمۇ بولمىغۇدەك! سىلەرنىڭ بۇنداق قىلىشىڭلار ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىك، ئۇ نەرسىنىڭ قۇدرىتى كۈچلۈك، ھەتتا مېتروئىتلارنىمۇ پارچىلىۋېتەلەيدۇ، تەسادىپيي سىلەرگە تېگىپ كەتسە قانداق قىلىمىز؟ــ ۋاڭ تىيەخېڭ لىن خەيىۈننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ سەكرەپ تاشلىغىلى قىل قالدى، باشقا ئوفېتسېرلارمۇ لىن خەيىۈننى جان بىلەن ئويىنىشىۋاتىدۇ دەپ قارىدى! لىن خەيىۈن قولىنى سىلكىپ قويۇپ:

ــ خاتىرجەم بولۇڭ، خاتىرجەم بولۇڭ! ماگنىت زەررىچە زەمبىرىكىنىڭ فوكۇسىنى ئەڭ كىچىك قىلىپ تەڭشەيمىز، ماگنىت زەررىچە ئوقى يېتىپ كەلگۈچە بىز ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ، دولقۇن زەربە دائىرىسىدىن ئايرىلىمىز،ــ دېدى. لىن خەيىۈننىڭ سۆزلىگەن چاغدىكى تۇرقى ناھايىتى ئەركىن بولۇپ، خۇددى بىر ئەركە بالىغا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، ئىلگىرى تارقىلىپ يۈرگەن مۇزچىراي گۈزەل گېنرالغا زادىلا ئوخشىمايدىغان باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى!

ئىككىيلەن بۇ پىلاننى توختىماي تالاشتى، مۇنازىرە ئىككى سائەت داۋاملاشتى! ۋاڭ تىيەخېڭ ئاخىرى تەسلىم بولۇپ لىن خەيىۈننىڭ بۇ جان بىلەن ئويىنىشىدىغان پىلانىغا قوشۇلدى. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، لىن خەيىۈن ئەمدىلا مەجلىسخانىدىن چىقىشىغا بىر توپ ياش ئوفېتسېرلار ئۇنى دەرھال ئورىۋېلىپ، ئۇنى ـ بۇنى سوراشقا باشلىدى، يەنە ئاز بولمىغانلىرى ئۇنى بۇ خىيالىدىن ۋاز كېچىشكە دەۋەت قىلىشتى! لىن خەيىۈن يول بويى توختىماي ھەر خىل سۇئاللارغا جاۋاپ بېرىپ كەلدى، ئەسلىدە قوماندانلىق شتابىدىن چىقىشقا پەقەت بىر نەچچە مىنۇتلا كېتەتتى، بىراق بۇ قېتىم لىن خەيىۈن توپ ـ توغرا 20 نەچچە مىنۇت ماڭدى.

ۋاڭ تىيەخېڭ ھۆججەتلەرنى كۆرۈپ بولۇپ چىققاندا، لىن خەيىۈننىڭ تېخىچە ئورىۋېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، ۋاقىراپ ھېلىقى ئوفېتسېرلارنى تارقىتىۋەتتى. ئالەم كېمىسىگە چىققان لىن خەيىۈن ناھايىتى ھارغىن ھالدا يۈيۈنۈۋېلىپلا قاتتىق ئۇخلاپ كەتتى.

لىن خەيىۈن شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن بىلەن ۋاڭ تىيەخېڭ ئاچچىقلىغىنىچە تاماكا چېكىۋاتاتتى، كۈلدانىغا تاماكا قالدۇقلىرى دۆۋىلىشىپ كەتكەن ئىدى!

ــ سز گېنرال لىن خەيىۋننڭ بىخەتەرلىكىدىن بەك ئەنسرەۋاتامسز؟ــ سورىدى كونۋوي ئاستاغىنە. ۋاڭ تيىخېڭ تاماكىسنى ئۆچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن:

ــ قۇرۇق گەپ، بۇ پىلان بەكمۇ... بەكمۇ خەتەرلىك، ئۇنىڭدەك كەم ئۇچرايدىغان تالانت ئىگىسى مۇشۇ پىلان ئۈچۈن مۇشۇنداقلا ئۆلۈپ كەتسە بەك ئېچىنىشلىق بولىدۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى گۆھەر ھېسابلايدىغان قېرى گېنراللار مېنى تىللاپ بىرنېمە قىلىۋېتەر! سىزمۇ بايىلا كۆردىڭىز، ئۇنى قوغلىشىدىغان چوڭ قۇرۇقلۇق ۋە تەيۋەن ئوفېتسېرلىرىغا ئادەتتىكى پۇقرالارنى قوشساق بىرەر مىليوندىن ئارتۇقراق چىقىدۇ! ئەگەر ئۇنىڭغا كېلىشمەسلىك كەلسە مەن ياخشى كۈن كۆرەمتىم؟ــ دېدى.

ــ ... قوماندان، ئەڭ ئاخىرىدا دېگەنلىرىڭىز چىن دىلىڭىزدىن چىقتى ـ ھە!ــ دېدى كونۋوي.

ــ ... ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ، بۈگۈن دېيىشكەن گەپلەرنى ھېچكىشىگە تىنغۇچى بولماڭ!ــ دېدى ۋاڭ تيىخېڭ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن تەيۋەن ھەربىي رايوننىڭ ئىككى بىرونۋېك گۇرۇپپىۋوي ئارمىيسى ھاۋا ئارمىيسىنىڭ قوغدىشى ئاستىدا تەيجۇڭ، خۇاليەنلەرگە تۇيۇقسىز قايتۇرما ھۇجۇم قىلدى، زېگېرلار نېمە قىلىشنى بىلەلمەي پېتىراپ كېتىشتى! تەيبېي شەھرىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان زېگېرلارنىڭ كۆپ قىسمى لىن خەيىۋننىڭ ئالەم كېمىسىگە ئەگىشىپ كېتىپ قالدى، پۈتكۈل پىلانىدىكى پەقەت بىرلا نۇقتا لىن خەيىۋننىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى، ئۇ بولسىمۇ زېگېرلار خۇاليەن، تەيجۇڭلارغا قايتىپ مۇداپىئە قىلماستىن، ئەكسىچە تېخىمۇ توپلىنىپ ئالەم كېمىسىگە ھۇجۇم قىلدى! تېنچ ئوكيان ھاۋا بوشلۇقىدا توپ ـ توپ قارا بۇلۇتلار تېز سۈرئەتتە يۆتكىلەتتى، نۇر دەستىلىرى توختىماستىن ئۇلاردىن ئېتىلىپ چىقاتتى. تېخىمۇ كۆپ زېگېر غەلىتە مەخلۇقلىرى ئالەم كېمىسىنىڭ ئىچىگە ھۇجۇم قىلىپ كىردى، ھەر قايسى كىرىش ئېشىكلىرىدە نۇرغۇن ئەسكەرلەر پىلىمۇتلارنى تۇتقىنىچە زېگېرلارنىڭ يېنىش ـ يېنىشلاپ قىلغان ھۇجۇمىغا قارشىلىق كۆرسىتەتتى.

ــ 24 ـ رايوننى زېگېرلار ئىشغال قىلدى، 17 ـ ، 32 ـ تۇرمۇش رايونلىرىمۇ قولدىن كەتتى، بىر تۈركۈم غەلىتە مەخلۇقلار تېز سۈرئەتتە قوماندانلىق ئۆيىگە قاراپ ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، قوغدىغۇچى قىسىملار ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىۋاتىدۇ!ــ دەپ دوكلات قىلدى بىر قوماندان جىددىيلەشكەن ھالدا. لىن خەيىۋن بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن دېدى:

ــ يەنە ئازراق چىداپ تۇرايلى، ھازىر تېخى كۆزلىگەن ئورۇنغا كەلمىدۇق!

تېخىمۇ كۆپ زېگېرلار ئالەم كېمىسى ئىچىدىكى ئوت كۈچى نۇقتىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ بۆسۈپ ئۆتۈپ، قوماندانلىق ئۆيىگە قەدەممۇ ـ قەدەم قىستاپ كەلدى. جۇڭخۇا دەرىجىلىك

چارلىغۇچى ئالەم كېمىسىمۇ بۇ چاغدا سۈرئىتىنى تېزلەتتى، ئىتتىرگۈچتىن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كۆك نۇر چاقناپ، زېگىرلار توپىنىڭ قاتمۇ ـ قات مۇھاسىرىسىدىن بۆسۈپ چىقتى .

— تېزراق، يەنىمۇ تېزراق!— دەپ قوماندانلىق قىلدى لىن خەييۈن. قولغا كېلىپ قالغان ئولجىنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن غەلىتە مەخلۇقلار خۇددى ئۇۋىسى چۇۋۇلغان ھەرىلەردەك دەرھال قوغلاشقا باشلىدى، غايەت زور كۆك رەڭلىك نۇر دەستىسى ئاسمان بوشلۇقىدىن ئېتىلىپ چۈشتى! تەيۋەن، فىلىپپىندىكى ھەربىي، پۇقرالار مەستخۇش ھالەتتە بۇ غايەت زور نۇر دەستىسىگە قاراپ تۇراتتى، نۇر دەستىسىنىڭ ئەتراپىدىكى دېڭىز سۈيى قايناشقا باشلىدى، زېگىرنىڭ غەلىتە مەخلۇقلىرى نۇر دەستىسى تېگىش بىلەنلا چىقىراشقىمۇ ئۈلگۈرمەي دەرھال كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. لىن خەييۈن كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ يېنىكلەپ قالدى، دەرھال نىشاننى بۇراپ تەيۋەنگە قايتتى. تەيۋەن ئارمىيىسىنىڭ ھاۋادىن سەكرىگۈچى قىسىملىرى قوراللىق تىك ئۇچارلارغا ئولتۇرۇپ، ئالەم كېمىسىنىڭ پالۇبىسىغا قوندى، ئىچى ـ تېشىدىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىپ تېز سۈرئەتتە ئالەم كېمىسىدىكى غەلىتە مەخلۇقلارنى تەل ـ تۆكۈس يوقاتتى .

تەيۋەن، زېگىرلارنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك لىن خەييۈننىڭ ئالەم كېمىسىنى قوغلاپ كەتكەن ئىدى، تەيۋەن ھاۋا ئارمىيىسى ئەمدى ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان جاينى تاپقان ئىدى، نەچچە قېتىملىق بومباردىماندىن كېيىن قولدىن كەتكەن كۆپ قىسىم جايلار قايتۇرىۋېلىندى. ۋاڭ تىيېخېڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەربىي رايوننىڭ بارلىق ئوفېتسېرلىرىنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى، ۋاڭ تىيېخېڭ ۋە بەزى ئوفېتسېرلار قوماندانلىق ئۆيىدە توختىماي خۇشخەۋەر تاپشۇرۇۋېلىۋاتاتتى، كۈلكىسى بارغانسېرى جاراڭلاۋاتاتتى. ئىلگىرى قىنىغا پاتماي قىلىۋاتقان زېگىرلار بىردىنلا مەغلۇپ قوشۇندەك بەس ـ بەستە قېچىۋاتاتتى. بىر ئەسكەر بىر پارچە تېلېگراممىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كىرىپ دېدى :

— جىنمېن رايونىدىكى زېگىر قىسىملىرى كۆپلەپ ئۆلۈشكە باشلىدى، گاۋشيۇڭدىكى زېگىر قىسىملىرىمۇ دېڭىزغا چېكىنىشكە باشلىدى !

ۋاڭ تىيېخېڭ بۇنى ئاڭلاپ، دارھال ئورۇندۇقتىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى :

— نېمە؟ يەنە بىر دېگىنە !

ئەجەپلىنەرلىك خۇشخەۋەرلەر ناھايىتى نۇرغۇن بولسىمۇ، ئەمما بۇ خۇشخەۋەر بەكلا مۇبالىغە بولۇپ كەتكەن ئىدى .

— جىنمېن رايونىدىكى زېگىر قىسىملىرى كۆپلەپ ئۆلۈشكە باشلىدى، گاۋشيۇڭدىكى زېگىر

قىسمىلىرىمۇ دېڭىزغا چېكىنىشكە باشلىدى، ئالدىنقى سەپ قوماندانى قوغلاپ زەربە بېرىپ، جىنمېن ۋە گاۋشيۇڭنى ئىشغال قىلىش ـ قىلماسلىق توغرىسىدا يولىيورۇق سوراۋاتىدۇ، ــ دېدى ھېلىقى ئەسكەر ئالدىراپ. ۋاڭ تيېخېڭ يېنىدىكى ئوفېتسېرلار بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئاۋال جىنمېننى ئىشغال قىلىشنى، گاۋشيۇڭغا يەنە بىر مەزگىل ساقلاشنى قارار قىلدى! پەقەت تەيۋەندىكىلەرلا ئەمەس، ياپونىيە ئارىلىدىكى زېگېرلارمۇ زور تۈركۈملەپ ئۆلۈشكە باشلىغان ئىدى، باكتېرىيە قۇرۇلۇشلىرىمۇ ئاستا ـ ئاستا قۇرۇپ ئۆرۈلۈشكە باشلىدى، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى زېگېرلار تۈركۈملەپ ئۆلۈشكە ۋە قېچىشقا باشلىدى، ھەر قايسى دۆلەتلەر توختىماستىن كۆپلەپ خۇشخەۋەر تاپشۇرۇۋېلىۋاتاتتى! ئامېرىكا بىلەن مېكسىكىنىڭ بىرلەشمە قالدۇق قىسىملىرى مېكسىكىنى قايتۇرىۋالدى، كانادامۇ پۈتكۈل شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىگە يۈرۈش قىلدى، ئاۋىستىرالىيە يايلىقىدىكى زېگېر قىسىملىرى ئۆلۈشكە باشلىدى، ھەممە يەردىكى باكتېرىيە قۇرۇلۇشلىرى خارابىيلىققا ئايلاندى. جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلغان زېگېر قىسىملىرىمۇ پۈتۈنلەي دېڭىزغا چېكىنىپ كىرىپ كەتتى، ئۇچالايدىغان غەلىتە مەخلۇقلارمۇ يامغۇردەك تورۇلاپ يەرگە چۈشۈشكە باشلىدى، تۈيۈقسىز كەلگەن بۇ ئۆزگىرىشتىن ھەرقايسى ئەل باشلىقلىرى تېخىمۇ ھەيرانۇ ـ ھەس بولۇشاتتى. نەچچە كۈندىن كېيىن، قۇرۇقلۇقتىكى زېگېرلار پۈتۈنلەي يوقىتىلدى، بىرەر تالمۇ ئېشىپ قالمىدى. ھەرقايسى جەڭ رايونلىرىدىكى خەلق يەرئاستى ئاكوپلاردىن چىقىپ، خارابىيلىققا ئايلانغان كوچىلاردا تەنتەنە قىلىشاتتى.

تەيۋەن ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى ۋاڭ تيېخېڭ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە توختىماي باش لىڭشىتاتتى:

ــ ھەقىقەتەنمۇ ئىشەنگۈسىز بىر ئىش بولدى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەنمۇ بەك ئېشىپ كەتتى ۋە بەك تۇيۇقسىز بولدى...... خەيیۈن، سىز بۇ ئىشلارنى بىلەمتىڭىز؟

لىن خەيیۈن ھېچنېمىنى بىلمىگەندەك:

ــ مەن بۇ ئىشلارنى نەدىن بىلەي، ئەمەلىيەتتە مەنمۇ بۇنداق بولۇشنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن...ــ دېدى.

قۇياش سىستېمىسىنىڭ چۆرىسىدىكى رايون، بىردەملىك كۆك نۇر چاقنىغاندىن كېيىن، بەش دانە غايەت زور ئالەم كېمىسى پەيدا بولدى، ۋەن شيوگفېي يېنىك ئۇھ تارتىۋالغاندىن كېيىن دېدى:

ــ يول بويى توختىماستىن مۆكۈنۈپ، توختىماستىن ئايلىنىپ مېڭىپ، ئاخىرى ئۆيىمىزگە كېلەي دېدۇق!

ئالەم كېمىسى قوماندانى لىيستون مېڭىپ كىرىپ دېدى:

ــ كەچۈرۈڭلار، بىز سىلەرنى مۇشۇ يەرگىچىلا ئۇزىتىپ كېلەلەيمىز، ئالدىمىزدىكى زېگىبىرلارنىڭ سانى بەك كۆپ، بىزنىڭ ئالەم كېمىمىز ئاسانلا بايقىلىپ قالىدۇ! سىلەر ئۆزەڭلار كىچىك تىپتىكى قوغدىغۇچى كېمىگە ئولتۇرۇپ قايتىڭلار .
ۋەن شيوگفېي بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ دېدى :
ــ چاتاق يوق، سىلەرگە رەھمەت! سىلەرمۇ تېزراق قايتىڭلار، زېگىبىرلار بايقاپ قالمىسۇن .
ــ سىلەرنىڭ راستىنلا قېلىپ قالغۇڭلار يوقمۇ؟ــ دەپ سورىدى لىيستون. ۋەن شيوگفېي كۈلگىنىچە :
ــ ئۆز دۆلىتىمىز زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتسا، بىز قانداقمۇ بۇ يەردە يايراپ يۈرەلەيمىز!ــ دېدى .
ئالەم كېمىسىدە ۋەن شيوگفېيلار يول بويى كىچىك تىپتىكى قوغدىغۇچى كېمىنى ھەيدەشنى ئۆگىنىپ كەلگەن ئىدى، گەرچە زېگىبىرلارنىڭ نازارەت دائىرىسىدە ئالەم ھالقىپ سەكرىگىلى بولمىسىمۇ، بىراق كىچىك تىپتىكى قوغدىغۇچى كېمىنىڭ سۈرئىتىگە تايىنىپ، پەقەت بەش كۈندىلا يەر شارىغا ئۇچۇپ بارغىلى بولاتتى. ۋەن شيوگفېيلارنىڭ ئايرىلىشىغا قاراپ تۇرغان لىيستون دىققەتتە تۇرۇپ ئۇلارغا چاس بەردى !
ــ ئۇلار ئۇچۇن زېگىبىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلساق...... مېنىڭچە ئەرزىيدۇ!ــ دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ لىيستون.

## 47ـ باب ئەمەلگە ئاشمىغان سۇيىقەست

تيەنئەنمېننىڭ ئالدى، ساناقسىز تانكىلار تىزىلىپ تۇراتتى، نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەر قوللىرىدا ئېغىر تىپلىق پىلىموتلارنى تۇتقىنىچە زېگىبىرنىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسى «يىرتقۇچى»نىڭ ھۇجۇمىغا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى، ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغىنى، تانكىلارنىڭ ئېغىر تىپتىكى زەمبىرەكلىرى بۇ غەلىتە مەخلۇقلارغا قىلچىمۇ كار قىلمايۋاتاتتى، پەقەت ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىغا ئاران تاقابىل تۇرۇۋاتاتتى. شەپەرەڭگە ئوخشاش بىر توپ غەلىتە مەخلۇقلار ئۇچۇپ كېلىپ، يېشىل رەڭلىك غوزەكلەرنى تانكىلارنىڭ ئۈستىگە چاچتى، غوزەكلەردىن كىچىك پارازىت قۇرۇتلار چىقىپ، تانكىلارنى تېشىپ كىرىپ، ئىچىدىكى ئالاقىزادىلىك ئىچىدە نېمە قىلارنى بىلەلمەي قالغان شوپۇرلارنى يەۋەتتى، تانكىلار بىر ـ بىرلەپ پارتلاشقا باشلىدى، پارازىت قۇرۇتلارنىڭ تېشىپ چىقىشى مۇھاپىزەتچى قىسىملارنى ئىنتايىن ئالاقىزادە قىلىۋەتتى، نۇرغۇن «يىرتقۇچى»لار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ

مۇداپىئە لېنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، جۇڭگونىڭ يۈرىكىگە بېسىپ كىردى ......

ئامېرىكا سان فرانسىسكو چوڭ كۆۋرۈكىدە «يىرتقۇچى» ۋە تىكەنلىك يىلانلار(刺蛇)دىن تەشكىل تاپقان چوڭ قوشۇن تېز سۈرئەتتە بۇ يەردىن ئۆتۈۋاتاتتى، سانسىزلىغان ئۇچالايدىغان غەلىتە مەخلۇقلار توپى ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى چوڭ شەھەرلىرىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچۇپ يۈرەتتى، پېئارل خاربور پورتىدىمۇ غايەت زور چوڭقۇر دېڭىز مەخلۇقلىرى ھەربىي كېمىلەرنى بىر-بىرلەپ دېڭىزغا سۆرەپ چۆكتۈرۈۋېتىۋاتاتتى ......

ئەنگلىيىنىڭ پايتەختى لوندون ئاللىقاچان بىر ئوت دېڭىزىغا ئايلانغان ئىدى، بەلگە خاراكتېرلىق قۇرۇلۇش — چوڭ بېن سائەتنىمۇ باكتېرىيىلەر قاتمۇ-قات ئورىۋالغان ئىدى، سانسىزلىغان «يىرتقۇچى»لار خۇددى نامايىش قىلىۋاتقاندەك ئەنگلىيە كوچىلىرىدا مېڭىپ يۈرەتتى، جەڭ ئۇچقۇلىرى زېگېرنىڭ «يالماپ قۇرۇتقۇچى»لىرى ئالدىدا ئۆزۈلمەي پارتلاپ، خۇددى يەر يۈزىدىكى زېگېر قىسىملىرى ئۈچۈن مەخسۇس ئاتقان ساليۇتلارغا ئوخشاپ قالغان ئىدى ......

روسىيىنىڭ پايتەختى موسكۋا، يەر يۈزى ئادەملەرنىڭ جەسىتى بىلەن لىق تولغان ئىدى، ئاز بولمىغان ئەسكەرلەر زېگېر قىسىملىرىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىغا قۇرۇق ئاۋارە بولۇپ قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى، ئالەم بوشلۇقىدا ئالەم كېمىلىرى كۈچلۈك ئوت يالقۇنى چىقارغاندىن كېيىن بىر-بىرلەپ كۈچلۈك پارتلاپ كېتىۋاتاتتى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا زېگېرلارنىڭ ئالاھىدە باكتېرىيە قۇرۇلۇشلىرى ئاستا-ئاستا قەد كۆتۈرۈشكە باشلىغان ئىدى ......

بۇلارنى كۆرگەچ مېڭە قۇرۇتى مادېس ئىنتايىن ھاياجانلانغاندەك قىلاتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىي كۈچىنى سېلىشتۇرغاندىن كېيىن تەقلىدىي ئىشلەپ چىقىلغان كۆرۈنۈشلەر بولۇپ، مادېس يەرشارلىقلارنىڭ زېگېرلارنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنىغا تاقابىل تۇرغۇدەك ئۇنچىۋالا يۇقىرى تېخنىكا سەۋىيىسىگە ئىگە ئەمەسلىكىنى ئىنتايىن ئېنىق بىلەتتى، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ بىر ھەپتە ۋاقىتتا بۇ كۆرۈنۈشلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا رېئاللىقتا نامايەن بولاتتى. ئۇ ئۆزى يۇپىتېر يېنىغا كېلىپ بولغان بولۇپ، قالغان ئۈچ گۇرۇپپىۋى ئارمىيە ئانچە ھايال بولمايلا كېلىپ بولاتتى، بىراق بىر نۇقتا تېخىچە ئۇنىڭغا ئايدىڭ بولمايۋاتاتتى، ئۇ بولسىمۇ باش مېڭە قۇرۇتى نېمىشقا ئۈچ گۇرۇپپىۋى ئارمىيە ئىشلىتىپ يەرشارىغا ھۇجۇم قىلدىغاندۇ؟ ھازىرقى ئەسكىرىي كۈچ يەرشارلىقلارنى يوقىتىشقا تامامەن يېتەتتىغۇ؟

— مېڭە قۇرۇتى مادېس، بېكىتلەرنىڭ بىر كىچىك تىپتىكى قوغدىغۇچى كېمىسى تېز سۈرئەتتە يەرشارىغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋېتەمدۇق؟— مېڭە قۇرۇتى داستىن جىددىي دوكلات كەلدى .

ــ نېمە؟ــ مادېس ئۆز خىيالىدىن ئويغاندى، تامدا بىر كۆرۈنۈش ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن بولدى. كۆرۈنۈشتە دەل ۋەن شيوگېپىلار قوغدىغۇچى كېمىنى ھەيدەپ ئۇچۇۋاتاتتى.

ــ ئۇلار ئالدىنقى قېتىم بىزنىڭ يەرئاستى بازىمىزغا ھۇجۇم قىلغان ھېلىقى ئادەملەر شۇ. سۈرەتنى چوڭايتقاندىن كېيىن، مادېس بىر قاراپلا ئۇلارنى تونۇۋالدى. ئاندىرىۋ كىچىك دىنوزاۋورنى قۇچاقلىۋالغان ئىدى، ۋەن شيوگېپې قوغدىغۇچى كېمىنى ھەيدەۋاتاتتى، ئۇلار ئىنتايىن ھاياجانلانغاندەك كۆرۈنەتتى، چۈنكى ئۇلار ئۆيىگە يېتىپ كېلەيلا دەپ قالغان ئىدى، ئۆزلىرىنىڭ باشقىلارنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغىنىدىن قىلچىمۇ خەۋەرسىز ئىدى.

ــ ئۇلارنى قويۇۋېتىڭلار، ئۇلار بەربىر يەرشارىغا قايتىدۇ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش پەقەت ئىلگىرى ـ كېيىنلىك مەسىلىسى،خالاس،ــ مادېسنىڭ بۇ سۆزى داسنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇردى!

ــ بىزنىڭ يەنە باشقا ئىشلىرىمىز بار، يەرشارىدىكى قىسىملارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشىمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، بىراق مەن يەنىلا جۇڭگو رەھبەرلىرىگە بىر سوۋغا قالدۇرۇپ قويدۇم!ــ دېدى مادېس.

يەرشارىدا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەنتەنىسى ئۈزۈلمەيۋاتاتتى، چوڭ كوچىلارنىڭ ھەممە يېرىدە ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئادەملەر توپىنى كۆرگىلى بولاتتى! تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ چوڭ بۇرۇلۇش كىشىلەرنى ھەقىقەتەنمۇ بەك ھاياجانلاندۇرىۋەتكەن ئىدى، بىراق تەنتەنە قىلىشىۋاتقان ئادەملەر توپى بۇنىڭ ۋاقىتلىق تېنچلىق ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئويلىمىغان ئىدى.

ب د ت نىڭ سارىيىدا ھەر قايسى ئەل باشلىقلىرى يىغىلىپ بەس ـ بەستە ئۆز دۆلەتلىرىدىكى ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىشىۋاتاتتى، ھازىر دېڭىزدىكى غەلىتە مەخلۇقلاردىن باشقا، يەر يۈزىدە بىرەر تالمۇ غەلىتە مەخلۇقنى تاپقىلى بولمايتتى، ھەر قايسى ئەللەرنىڭ تازىلاش، قايتا قۇرۇش خىزمەتلىرىمۇ ئاستا ـ ئاستا قانات يايدۇرۇلۇۋاتاتتى. ھەرقايسى ئەل باشلىقلىرىنىڭ چېھرىدە زېگېرلار بىلەن جەڭ باشلانغاندىن بۇيان كۆرۈلمىگەن خۇشاللىق قايتىدىن كۆرۈنۈشكە باشلىغان ئىدى، ئەمما مەجلىسخانىدا ئولتۇرغان جۇڭگو، رۇسىيە، ئامېرىكا ئۈچ دۆلەتنىڭ باشلىقلىرى ئانچە خۇشال ئەمەس ئىدى، ئەكسىچە ئىنتايىن غەمكىن ئىدى. مارس يېنىدىكى چارلىغۇچى ئالەم كېمىسى يوللىغان دوكلاتتىن قارىغاندا، پلۇتون يېنىدىكى زېگېر چوڭ قوشۇنى يەرشارىغا قاراپ يۆتكىلىشكە باشلىغان بولۇپ، ھازىر يۇپىتېر يېنىدا توختىغان ئىدى. لى رەئىس ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنبەرگە چىقتى، ھەرقايسى ئەل باشلىقلىرى ئۇنى كۆرۈپ بىر ـ بىرلەپ جىمىشقا باشلىدى، ئۇلار چوقۇم مۇھىم بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلىشكەن ئىدى، لى رەئىس گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ كۆپچىلىك، بۇ قېتىم زېگېرلار بىلەن بولغان ئۇرۇش بىز ئىنسانلارغا ئىنتايىن زور بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كەلدى، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەردىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خارابىلىققا ئايلاندى. بىزنىڭ ئىستاتىستىكىمىزغا ئاساسلانغاندا، ھازىرغا قەدەر بىر مىليارد 30 مىليونچە ئادەم بۇ ئۇرۇشتا ئۆلدى، ئىقتىسادىي زىياننى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ . سۆزلەپ بولۇپ لى رەئىس بېشىنى تۆۋەن سالدى، ھەرقايسى ئەل باشلىقلىرىمۇ سۈكۈتكە چۆمدى. بىردەمدىن كېيىن لى رەئىس سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

ــ ھەرقايسىڭلارنىڭ كۆڭلىدە زېگېرلار پۈتۈنلەي بىر ئەسەبىي ئىرق، قائىدە ئۇقمايدىغان، رەھىمسىز، قانخورلار. بىراق مەن ئۇنداق قارىمايمەن .

لى رەئىسنىڭ بۇ سۆزى بىردىنلا تۆۋەندىكىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ غولغولا قىلىشىغا سەۋەپچى بولدى. تامدىن ئاستا ـ ئاستا بىر ئېكران چۈشتى، لى رەئىس خۇرسىنىپ قويۇپ سۆزلەشكە باشلىدى :

ــ ھازىر مېنىڭ كۆپچىلىككە كۆرستىدىغىنىم بىز زېگېرلار بىلەن جەڭ قىلغاندا، ئادەمسىز تەكشۈرگۈچ بىلەن تارتىۋالغان كۆرۈنۈشلەر .

لى رەئىسنىڭ سۆزى تۈگەش بىلەنلا ئېكراندىكى كۆرۈنۈشلەر قويۇلۇشقا باشلاندى. ئاۋسترالىيىدىكى يايلاقتا قويلار توپى زېگېرلار توپى ئارىسىدا غەمسىز ھالدا ئوتلاپ يۈرەتتى، ئاسىيادىكى ئورمانلىقتا سېرىق ياللىق مايمۇنلار غايەت زور غەلتە مەخلۇقلارنىڭ دۈمبىسىدە ئوينىشىۋاتاتتى، ئافرىقا يايلاقلىرىدا، پىل، تاغىل ئات، بۆكەنلەر زېگېر غەلتە مەخلۇقلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئوغرىلىقچە ئوۋ ئوۋلىغۇچىلارنىڭ زەھەرلىك قولىدىن ئامان قېلىپ، خۇشال ـ خۇرام ياشاۋاتاتتى. ياپونىيە دېڭىز تەۋەسى يېنىدا، ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئوۋلانغانلىقتىن يوقىلىپ كەتكەن كىتلار بۇ يەرگە قايتا قايتىپ كەلگەن بولۇپ، دېڭىزدا خۇشال ئۈچۈپ يۈرەتتى. ئەينى يىلى متروئىتلار چۈشكەن قۇملۇق ۋە قاقاسلىقلار ئاللىقاچان بۆك ـ باراقسان ئورمانلىققا ئايلانغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىنسانلار ئۆزلىرى دېڭىزغا ئۆزلۈكسىز كېرەكسىز سۇلارنى تۆكۈۋاتاتتى، ماي پاراخوتى ۋە نېفت بۇرغىلاش سۇپىلىرىدىن ئېقىپ كەتكەن خام نېفتلار دېڭىز ـ ئوكيان جانلىقلىرىنىڭ كۆپلەپ ئۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتاتتى، قانۇنسىز ئوغرىلىقچە ئوۋلاش توختىماي تەكرارلىنىۋاتاتتى، ئورمانلار كۆپلەپ كېسىلىپ، يەرلەر قاقاسلىشىپ قۇملۇققا ئايلىنىۋاتاتتى، ئۇرۇش توختىمايۋاتاتتى !

بۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ تۆۋەندە ئولتۇرغان نۇرغۇن ئەللەرنىڭ باشلىقلىرى ياش تۆكۈشتى، ئۇلار ئاللىقاچان لى رەئىسنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلىشكەن ئىدى. لى رەئىس ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ، قاقاھلاپ كۈلۈشكە باشلىدى :

ــ ھا...ھا...ھا... كۆپچىلىك، قاراڭلار، مانا بۇ بىز ئىككى ئىرقنىڭ سېلىشتۇرمىسى. زېگېرلار

پەقەت يوقتىشنىلا بىلدىغان جانلىقلار ئەمەس، ئۇلار پەقەت يەرشارىدىكى ئەڭ چوڭ يۇشۇرۇن ئاپەت ــ بىز ئىنسانلارنى يوقاتماقچى! ئۇلار شۇنى ئىنتايىن ئېنىق بىلدۇكى، ئەگەر ھېچنېمگە قارىماي بۇزغۇنچىلىق قىلسا، پۈتكۈل يەرشارى بىرمۇ جانلىق قالمىغان ئۆلۈك پىلانېتقا ئايلىنىپ قالىدۇ، بۇنداق پىلانېتنىڭ ئۇلارغا ھېچقانداق كېرىكى يوق، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى زور ھاقارەت ئەمەسمۇ!؟ بىز رەھىمسىز ئەسەبىي دەيدىغان بىر جانلىق، تاشقى پىلانېتتىن كەلگەن بىر ئىرق بىزنىڭ ماكانىمىزدا نەچچە مىڭ يىلچە ياشىغان ئىرقتىنمۇ بەكرەك يەرشارىنى ئاسراشنى، قوغداشنى بىلىدىكەن !!!

ــ خۇدانىڭ جازاسى...... بۇ خۇدانىڭ بىزگە بەرگەن جازاسى......ــ ئىتالىيە ئەلباشى توختىماستىن مەيدىسىگە كىرىست سىزىشقا باشلىدى .

ــ رەھىمسىز، ئەسەبىي، قانخور، بۇ سۆزلەر ئەسلى بىز ئىنسانلارغا لايىقكەن...ــ گېرمانىيە ئەلباشى چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمدى .

ــ ئۆھۆ...ئۆھۆ...ــ قاتتىق يۆتەلگەن ئاۋاز كۆپچىلىكنى چوڭقۇر ئويلىنىشتىن ئويغاتتى. كۆپچىلىك بېشنى بۇراپ نەزىرىنى ياپونىيە كومپارتىيىسىنىڭ باش ۋەزىرىگە تىكتى، ياپونىيە بۇزغۇنچىلىققا ئەڭ ئېغىر ئۇچرىغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. ياپونىيە باش ۋەزىرىنىڭ چىرايى ئاقىرىپ، دەلدەڭشىپ قالغان تۇرقىنى كۆرۈپ، بىر نەچچە خىزمەتچى ئەمدى بېرىپ ئۇنى يۆلىمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، ياپونىيە باش ۋەزىرى تۇيۇقسىز ئازاپلىق ئىڭراپ يەرگە يىقىلىپ قالدى، ئىككى دانە غەلىتە قۇرۇت بىردىنلا ئۇنىڭ كۆكسىنى تېشىپ چىقىپ، ئالاقزادىلىكتىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغان خىزمەتچىنىڭ بەدىنىگە سەكرەپ چىقىپ، ئۇنىڭ بويىننى بىر چىشلەپلا ئۈزۈۋەتتى. پۈتكۈل مەجلىسخانا بىردىنلا قالايمىقانلىشىپ كەتتى، تولۇغان ئاۋازلار زالنى بىر ئالدى. ئىشىك سىرتىدىكى قاراۋۇللار بۇنى ئاڭلاپ دەرھال يۈگۈرۈپ كىرىشتى. بىر پارازىت قۇرۇت ئەلباشى فوبۇسنىڭ تېنىغا ئەمدى سەكرەپ چىقىشىغا رۇسىيە ئەلباشى گروزىن ئورۇندۇق بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۇنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى، قاراۋۇل دەرھال قولىدىكى ئاپتومات بىلەن ئۇنى ئېتىپ ئۆتمە ـ تۆشۈك قىلىۋەتتى .

يەنە بىر پارازىت قۇرۇت قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ تېز سۈرئەتتە تېخىمۇ مۇنبەردە تۇرغان لى رەئىسكە ئېتىلىپ، ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن لى رەئىسنى چىشلىمەكچى بولدى، لى رەئىس دەرھال بۇ قۇرۇتنىڭ بېشىنى تۇتۇۋالغان بولسىمۇ، دەلدەڭشىپ كېتىپ يەرگە يىقىلدى، بىرنەچچە قاراۋۇل دەرھال يۈگۈرۈپ بېرىپ كۈچىنىڭ بېرىچە پارازىت قۇرۇتنى ئاجراتتى، يەتتە دانە ئاپتوماتتىن ئېتىلغان ئوقلار ئۇنى بىردەمدە بىر دۆۋە گۆشكە ئايلاندۇرۇپ قويدى. قاراۋۇل بۇ چاغدا تېخىمۇ ھاسىراۋاتقان لى رەئىسنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. ھەر ئېھتىمالغا قارشى، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ باشلىقلىرى بىلەن ب د ت نىڭ

خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ ھەممىسى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلىپ سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى .

ب د ت سارىيىدا قالايمىقانچىلىق بولۇۋاتقاندا ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى يەرئاستى بازىسى بىر سىگنالنى تاپشۇرۇۋالدى :

ــ مەن جۇڭگو ئالاھىدە قىسمى 23 ـ تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقى ۋەن شيوگېي ، ئاڭلىدىڭلارمۇ ؟ ۋەي!

## 48 ـ باب ئەڭ ئاخىرقى جىمجىتلىق

ــ ۋەن شيوگېي!ــ ئالاقىچى بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ ، بىردىنلا ھەيرانلىقتىن تولۇقلىۋەتتى ،ــ ئۇلار... ئۇلار قۇربان بولغانتىغۇ ؟

بازا قوماندانى يۆچېڭلوڭ خەۋەرنى ئاڭلاپلا قوماندانلىق ئۆيىگە دەرھال يۈگۈرۈپ كىرىپ ، مىكروفوننى ئېلىپ دېدى :

ــ مەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شىنجاڭ يەرئاستى بازىسىنىڭ قوماندانى يۆچېڭلوڭ ، بىز ئاڭلىدۇق !

ۋاقىتلىق جىمجىتلىقتىن كېيىن ، چاقىرغۇدىن ئاۋاز كەلدى :

ــ مەن جۇڭگو ئالاھىدە قىسمى 23 ـ تارماق ئەترىتىدىن ۋەن شيوگېي ، مەن ئامېرىكا ئالاھىدە قىسمىدىن ۋىتىك ۋە فرانسىيەدىن ئاندىرېۋلار بىلەن بىللە تاشقى پىلانېتلىقلارنىڭ بىر كىچىك تىپتىكى قوغدىغۇچى كېمىسىدە ، بىز بازىغا قونماقچى ، بىزگە ئورۇن بوشىتىپ بەرسەڭلار !

يۆچېڭلوڭ ھاياجانلانغان ھالدا :

ــ بولىدۇ ، مەن دەرھال قىسىم ئاجرىتىپ سىلەرنى كۈتۈۋالىمەن ،ــ دېدى ـ دە ، قولىدىكى چاقىرغۇنى قويۇپ ،ــ شىاۋجاڭ ، دەرھال مەركەز بىلەن ئالاقىلەشكىن ،ــ دېدى .

شىنجاڭدىكى يەرئاستى بازىسىدا بىر توپ ئەسكەرلەر ئاللىقاچان كۈتۈۋېلىش تەييارلىقىنى پۈتتۈرگەن ئىدى. كۆپچىلىك ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھەم جىددىيلەشكەن ئىدى! ئۆلۈم خەۋىرى تارقالغان ئۇرۇش قەھرىمانى تېخى ھاياتكەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشقى پىلانېت ئالەم كېمىسىدىن بىرنى ھەيدەپ كېلىۋېتىپتۇ . گۇگۇم ۋاقتى ، كىشىلەر غايەت زور بىر يورۇق نۇقتىنىڭ يەريۈزىگە ئۇچۇپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈشتى! ھەممەيلەن كۆز ئالدىدىكى يورۇق

نۇقتىغا قاراپ ھاڭۋېقىپ قېلىشتى، ئېنىقلا كىچىك تېپتىكى قوغدىغۇچى كېمە دېيىلگەن ئىدى، بىراق كۆز ئالدىدىكى بۇ نەرسە «كىچىك» تىپتىكى قوغدىغۇچى كېمە ھېسابلىنامدىغاندۇ؟ ئۆلگۈر! بۇ نەرسە ھەربىي پاراخوتتەك چوڭلۇقتا ئىدى!

قوغدىغۇچى كېمە يەرگە قونغاندىن كېيىن، ۋەن شيوڭفېي باشقىلار بىلەن ئەمدىلا كېمىدىن چىقىشىغا، زەپەر قۇچۇپ قايتقان قەھرىماننى كۈتۈۋالغاندەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشلەردىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق، ئەكسىچە چۆمۈلدەك يوپۇرۇلۇپ كەلگەن ئەسكەرلەر تەرىپىدىن ھىم پېچەتلەنگەن قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ ئىچىگە تاشلاندى. ئاندىرىۋ قۇتقۇزۇش ماشىنىسىغا كىرىشتىن بۇرۇن يەنە تېخى ھېلىقى كىچىك دىنوزاۋۇرنى يارىلاندۇرۇپ قويماسلىق توغرىسىدا چۇقان سالدى! ئارقىدىنلا 47 ئادەم بازىغا ئېلىپ بېرىلىپ، ئومۇميۈزلۈك سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈش سۆڭەك، ھۈجەيرە قۇرۇلمىسى، DNAتەرتىپى، پارازىت قۇرۇت بارمۇ-يوق...... قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى، ئۇلارنىڭ 100% ئىنسانلاردىن ئىكەنلىكى جەزملەشتۈرۈلگەندىن كېيىنلا، ئۇلار ئاندىن قويۇپ بېرىلدى.

— نەس باستى، ئۆيىمىزگە ئەمدىلا كەلسەك بىزنى مۇشۇنداق كۈتۈۋالدى!— بېيجىڭغا قايتىش سەپىرىدە ۋەن شيوڭفېي ئاغرىنغا ھالدا دېدى ئاندىرىۋغا. ئاندىرىۋنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرغان كىچىك دىنوزاۋورمۇ ھىسسىداشلىق قىلغاندەك بىر نەچچىنى چىقىراپ قويدى، ئۇ بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق تەكشۈرۈشكە ئۇچرىغان بىرى ئىدى، ئۇ ئالىملار ۋە بىئولوگلار تەرىپىدىن تەجرىبىخانىغا ئېلىپ بېرىلىپ، خۇددى پاھىشىۋازلار گۈزەل قىزلارغا ئۇچرىغاندەك بىر تالاي تەكشۈرۈشلەرگە ئۇچرىدى.

پايتەخت ئايروپورتىغا يېتىپ كېلىش بىلەنلا، ۋەن شيوڭفېينىڭ ئازرۇلىغىنىدەك قەھرىمانلارنى كۈتۈۋالىدىغان ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىدا نامايەن بولدى، پەقەت ئايروپورت سىرتىغا توختىتىپ قويۇلغان تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ۋە گېزىتخانىلارنىڭ ماشىنىلىرىلا ئايروپورتنىڭ ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا لىق تولغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بار ئىدى. ئۇچقۇ كۈتۈش زالىدىن چىقىش بىلەنلا، سىرتتا ئۇزۇندىن بېرى ساقلاپ تۇرغان مۇخبىرلار ھەرىلەردەك ئولىشىپ كەلدى، قىستا-قىستاڭچىلىقتىن ۋەن شيوڭفېيلار ئامالسىز قەدەممۇ-قەدەم كەينىگە چېكىندى.

— مەن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى، ۋەن ئەترەت باشلىقى، سىلەر ئەسلىدە جەڭدە قۇربان بولغان دەپ ئېلان قىلىنغان ئىدىڭلار، سىلەر قانداقسىگە ھايات قالدىڭلار؟

— ياخشىمۇسىز، مەن بېيجىڭ گېزىتىنىڭ مۇخبىرى، مەن شۇنى سوراپ باقاي...

— مەن ئامېرىكا CNN ئاخبارات تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى، باشلىق ۋىتىك، تارقىلىپ يۈرگەن گەپلەردىكىدەك سىلەرنى راستىنلا تاشقى پىلانېتلىقلار قۇتقۇزىۋالدىمۇ؟

— مەن فرانسىيە ئاخبارات تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ...

بۇ بىرنەچچەيلەن شۇندىلا نېمىنىڭ چوڭ سورۇن ئىكەنلىكىنى بىلىشتى، ئاندىرىۋنىڭ قوينىدىكى كىچىك دىنوزاۋور بەك ۋاراڭ - چۇرۇڭ بولغانلىقتىن نارازى بولۇپ بىرنەچچىنى چىقىراپ قويدى، بۇ چىقىرىغان ئاۋاز چىقىشى بىلەنلا ئاندىرىۋ ئاقىرىپ كەتتى .

— تۆگىدى!— ۋەن شيوگفېي كۆڭلىدە تۆنجى بولۇپ شۇنى ئويلىدى. سورۇندىكى ھەممە مۇخبىرنىڭ نەزىرى ئاندىرىۋغا مەركەزلەشتى، ئارقىدىنلا ئابايىقىدىنمۇ كۆچلۈكرەك توۋلىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى! چاقماق چىراقلار توختىماي چاراسلايتتى !

— ھۆرمەتلىك كۆرۈرمەنلەر، فرانسىيە ئالاھىدە قىسمى ئەترەت باشلىقى ئاندىرىۋنىڭ قۇچاقلاپ تۇرغىنى ئەمەلىيەتتە بىر دىنوزاۋوركەن، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ!— مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى ھاياجانلانغىنىدىن ۋاقىراشقا باشلىدى !

بىرنەچچە برونېۋىك يېتىپ كەلدى، بىر ئەترەت ئەسكەر ئايروپورت قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن مۇخبىرلارنىڭ قاتمۇ - قات مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ۋەن شيوگفېيلارنى برونېۋىككە ئېلىپ چىقتى! ۋېتىك يۈز - كۆزلىرىدىكى تەرلىرى سۈرتكەچ دېدى :

— ۋاي خۇدايىم، مەن قەھرىمانلارنى كۈتۈۋالىدىغان چوڭ سورۇننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەمدى بىلىۋالدىم !

بىرنەچچە ساقچى ماشىنىسىنىڭ يول ئېچىشى بىلەن ۋەن شيوگفېيلار ئۇدۇل جۇڭنەنخەيگە ئېلىپ بېرىلدى. بۇ يەردە ئامېرىكا، روسىيە، جۇڭگو، فرانسىيەلەرنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىرى خەۋەرنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقىلى خېلى بولغان ئىدى. ۋەن شيوگفېي، ئاندىرىۋ، ۋېتىك ئۈچى ئەمدىلا ماشىنىدىن چۈشۈشىگە، بىرنەچچە دۆلەت رەھبىرى دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇلارنىڭ قوللىرىنى مەھكەم سىقىشتى، ئۈچەيلەن يەنە بىر قېتىم كۆز يېشى قىلىشتى. جۇڭنەنخەيدىكى مەجلىسخانىدا ۋەن شيوگفېيلار لى رەئىس ۋە باشقا دۆلەت رەھبەرلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ يەرئاستىدا ئۇچرىغانلىرى، پولۇتۇسلار تەرىپىدىن قۇتقۇزىۋېلىنىش جەريانى ھەمدە بۇ قېتىملىق ئۇرۇشنى باش - ئايىغى قاتارلىقلارنى ئاستا - ئاستا سۆزلەپ بېرىشتى !

ئۇلارنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، لى رەئىس سۈكۈتكە چۆمدى، ئامېرىكا، فرانسىيە، روسىيە ئۈچ دۆلەت رەھبەرلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئۇھ تارتىشتى .

— كەچۈرۈڭ رەئىس، مېنىڭ سۆزۈم سەۋەپلىك بىزنىڭ پۈتكۈل يەرشارى مۇشۇنداق زور كىرىزىسكە دۇچ كەلدى،— دېدى ۋەن شيوگفېي ئۆزىنى ئەيىپلىگەن ھالدا. بۇنى ئاڭلاپ لى رەئىس بېشىنى كۆتۈرۈپ دېدى :

— بۇنى سىزدىن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئەگەر سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام، مەنمۇ شۇنداق

دەيتتىم !
سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە لى رەئىس بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، باشقا ئەلباشىلارغا قاراپ دېدى:
ــ كۆپچىلىك، بىزنىڭ تەقدىرىمىز ئېنىق بولدى، ۋەن شيوگفېينىڭ سۆزى سەۋەپلىك بىز ئاللىقاچان ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىندۇق. مەن بىزنىڭ بارلىق جۇڭگولۇقلارنىڭ قېلىپ، زېگېرلار بىلەن ئاداققىچە جان تىكىپ ئېلىشىشنى قارار قىلدىم، سىلەرنىمۇ بۇ ئىشقا چېتىۋالغانلىقىمدىن ئۆزرە سورايمەن، بىز بارلىق كۈچىمىز بىلەن سىلەرنى بىخەتەر جايغا يەتكۈزۈپ قويىمىز، سىلەرچە بولارمۇ؟
ــ چاقچاق قىلىۋاتامسىز؟ بىز روسىيىلىكلەر ئۆلۈمدىن قورقامدۇق؟ سىلەرچە پەقەت سىلەرلا قەهرىمان بولالامسىلەر؟ بىزمۇ قالىمىز!ــ دېدى روسىيە ئەلباشى گروزىن .
ــ ۋەن شيوگفېي ئېيتقان هەربىرىمىز سىلەر بىلەن ئاخىرغىچە كۆرەش قىلىمىز دەپ، ئۇنتۇماڭ، هەربىرىمىز،ــ دېدى ئامېرىكا ئەلباشى فوبۇس .
ــ سۆزلەش كەتمەيدۇ ، بىز ئەلۋەتتە قالىمىز ،ــ دېدى فرانسىيە ئەلباشى شىراك . ئۇ ئۇھ تارتىپ قويۇپ قوشۇمچە قىلدى :
ــ هەي! بالدۇرراق بۇنداق بولۇشنى بىلسەك، ئەينى چاغدا كىچىككىنە مەنپەئەتنى دەپ قىر ـ چاپ قىلىپ يۈرمەستۇق ـ هە !
ــ كېيىنكى پۇشايمان ئۆزەڭگە دۈشمەن... توغرا ، ۋەن شيوگفېي ، سىز بېكىتلەر بۇرۇنلا بىزنىڭ قىسمىمىزغا ئالاهىدە خادىم ئەۋەتىپتىكەن دېدىڭىزمۇ ؟ــ دېدى لى رەئىس بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ .
ــ شۇنداق!ــ دېدى ۋەن شيوگفېي بېشىنى لىڭشىتىپ. لى رەئىس بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن دېدى :
ــ بىز چارە تېپىپ ئۇنى تېپىپ چىقالامدۇق، تىرىشىپ باقايلى !
كېيىنكى كۈنلەردە جاهاندىكى بارلىق ئادەملەرنىڭ هەممىسى غەلىبە شادلىقىغا چۆمۈپ، قايتا قۇرۇش خىزمىتى تەرتىپلىك ئىشلىنىشكە باشلىدى، دۇنيادا غەلىتە مەخلۇقلار قايتا بايقالمىدى، نۇرغۇن ئادەملەر ئۇرۇش ئاياقلاشتى دەپ قارىدى، ئەمما هەرقايسى ئەللەر باشلىقلىرى ئۇنداق قارىمايتتى، ئۇلارنىڭ هەممىسى هەقىقىي ئۇرۇشنىڭ پەقەت ئەمدى باشلانغانلىقىنى بىلەتتى .
ــ ۋەن شيوگفېيمۇ تازا بىر، زېگېرنىڭ باش مېڭە قۇرۇتى بىلەن گەپ تالىشىشقا پېتىنىپتۇ ، مەن تېخى ئەينى چاغدا زېگېر قوشۇنلىرىنىڭ نېمىشقا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى بىلەلمەي ئىچىم پۇشۇپ يۈرۈپتىمەن!ــ دېدى هېلىقى بېكىتلەر يەرشارىغا ئەۋەتكەن ئالاهىدە خادىم يارېس

بىلەن بولغان سۆھبەتتە. چاقىرغۇدىن يارىپسنىڭ ئىنتايىن تېرىككەن ئاۋازى ئاڭلاندى:
— بىزنىڭ قىسمىلىرىمىز تەييارلىنىپ بولدى، زېگېرلار يەنە ئۈچ گورۇپپىۋوي ئارمىينى يەرشارىغا ئەۋەتتى، چېگرادا ئۇلار بىرنېمىنى سېزىپ قالغاندەك چارلاشنى كۈچەيتتى. سىز يەرشارىدا تۇرسىڭىز بەك خەتەرلىك، قايتىپ كېلەمسىز؟
— ياق، مېنىڭ داۋاملىق قالغۇم بار، مارشال، ئۇلارنى دەپ زېگېرلار بىلەن قايتىدىن ئۇرۇششىمىزغا ئەرزىمدۇ؟— دېدى ھېلىقى ئالاھىدە خادىم. يارىپس بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپ سورىدى:
— سىز يەرشارىدا شۇنچە ئۇزۇن تۇردىڭىز، سىزنىڭچە ئەرزىمدۇ؟
— ......،— ھېلىقى ئادەم بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن دېدى،— ئەمەلىيەتتە بۇ پىلانېتتىكى ئادەملەرنىڭ خاتالىقى گەرچە ئاز بولمىسىمۇ، بىراق ئۇلار كىرىزىسقا دۇچ كەلگەندە، ئاندىن ئىتتىپاقلىشىپ قىلچىمۇ باش ئەگمەيدىكەن، توغرا! ھازىرقىغا بەك ئوخشايدىكەن!
يارىپس بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ دېدى:
— مېنىڭچە، ئۇلارنى دەپ زېگېرلار بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان تەقدىردىمۇ ھامىنى بىر كۈنى بىزمۇ زېگېرلار بىلەن قايتىدىن سوقۇشۇپ قالىمىز. شۇڭا زېگېرلار بىلەن ئارىنى بۇرۇنراق ئوچۇق قىلىۋەتكەن تۈزۈك!

## 49- باب تۇرمۇشتىكى قىستۇرما كۈي

كېيىنكى كۈنلەردە دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر پۈتۈن كۈچى بىلەن قايتا قۇرۇش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى، جۇڭگونىڭ سۈنئىي بىرىكمە يېمەكلىكى بۇ جەھەتتە چوڭ رول ئوينىدى دېيىشكە بولىدۇ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىلگىرىكىدەك ئاپەتتىن كېيىنكى ئاشلىق كەمچىل بولۇش مەسىلىسى كۆرۈلمىدى. جۇڭگو، روسىيە، ئامېرىكا ئۈچ دۆلەتتىن كېيىن، فرانسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق غەرپ دۆلەتلىرىنىڭمۇ ئالەم كېمىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىلدى. ئاسىيا رايونىدا دېڭىز قىرغىقىغا يېقىنراق جايلاشقان ۋېيتنام، كورىيە، ياپونىيە، فىلىپپىن ھەمدە جۇڭگونىڭ ئۇچرىغان زىيىنى كۆپرەك بولدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ياپونىيە پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقىلىپ كەتتى. جۇڭگونىڭ دۆلەت رەئىسى لى شياڭ بۇ بىر نەچچە كۈندىن بېرى ھەرقايسى قايتا قۇرۇش رايونلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. شياڭگاڭ — ئىلگىرى مال سېتىۋېلىش جەننىتى دەپ ئاتالغان شەھەر — ھازىر بىر پارچە

ئېپتىدائىي ئورمانلىقتا ئايلانغان ئىدى. ئورمانلىق ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋەيران بولغان بىنالارلا بۇ يەرنىڭ ئىلگىرى گۈللەنگەن چوڭ بىر شەھەر ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى .

ـ 2011يىلى 23 ـ ئاپرېل ، جۇڭگو دۆلەت رەئىسى لى شياڭ ئاسىيا ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر ، كورىيە ، موڭغۇلىيە ، تايلاند ، بېرما قاتارلىق دۆلەتلەرگە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىنى باشلىدى ، جۇڭگو دۇنيادىكى چوڭ بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتكۈل ئاسىيادىكى دۆلەتلەردىن ھال سوراپ قويمىسا بولمايتتى ، ئەلۋەتتە !

ۋېيتنامغا ئۇچقان ئۇچقۇدا لى رەئىس دۆلەت ئىچىدىكى ھەرقايسى رايونلاردىن كەلگەن زىيان دوكلاتىنى كۆرۈۋاتاتتى ، ئەتراپتىكى ھەممەيلەن ئاللىقاچان ئۇخلاپ قېلىشقان ئىدى. بىر ھەپتىدىن بېرى ئۇ كورىيىگە باردى ، ئارام ئالمايلا تايلاندقا باردى ، تايلاندتىن كېيىن يەنە بېرمىغا باردى ، كۆپچىلىكنىڭ زېھنى كۆپ خورىدى ، ئەمما لى رەئىس قارىماققا ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك كۆرۈنەتتى .

ــ رەئىس ، تېخى ئۇخلىمىدىڭىزمۇ ؟ــ لىن خەييۈن ئەسنىگىنىچە مېڭىپ كەلدى. زېگېرلار بىلەن بولغان جەڭدە لىن خەييۈن جۇڭگو ئالەم قىسىملىرىنىڭ تۇنجى قوماندانى بولۇش سۈپىتىدە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان تالانتلىق بۇ قىزچاق زور تۆھپە كۆرسەتكەن ئىدى ، تەيۋەن ئۇرۇشىدا لىن خەييۈن باشچىلىقىدىكى ئالەم كېمىسى قىسمى پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇداپىئەگە ياردەملەشمىگەن بولسا ، تەيۋەن ئاللىقاچان زېگېرلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىناتتى . ئۇرۇشتىن كېيىن لىن خەييۈن ناھايىتى تېزلا لېيتېنانت گېنېراللىققا ئۆستۈرۈلدى. نۇرغۇن ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشلاردا بۇ ياش قىزچاق ئون نەچچە يىل دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بولغان گېنېرال جوۋ تيەنخۇا ۋە شتاب باشلىقى دېڭ جيەنگودىن قالسىلا مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى ، شۇڭا بۇ قېتىممۇ ، ئەلۋەتتە ، تەبىئىيلا ئۇنىمۇ بىرگە ئېلىۋالغان ئىدى. يول بويى ئۇ تېخى لى شياڭغا ئوبدانلا ھەمدەمدە بولدى. پەقەت جوۋ تيەنخۇالا لى شياڭغا مەخپىي دادلاپ ، لىن خەييۈننىڭ ياردىمى بولغاندىن بېرى گەرچە ئۆزى خېلىلا يېنىكلەپ قالغان بولسىمۇ ، ئەمما كۆڭلىنىڭ دائىم بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ ھېچقانداق كېرىكى قالمىغاندەك ھېس قىلىۋاتقىنىنى ئېيتتى .

لى شياڭ شۇندىلا ئۆز خىيالىدىن ئويغاندى ، ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ دېدى :

ــ ھوي ، خەييۈنمۇسىز ، تېخى ئۇيقۇم كەلمىدى ، سىز ئۇخلاۋېرىڭ !

لىن خەييۈن كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا دېدى :

ــ رەئىس ، سىز يەنىلا بالدۇرراق ئۇخلاڭ ، ئەتە يەنە تېخى ۋېيتنام رەئىسى چېن دېلياڭ بىلەن سۆھبەتلىشىسىز .

ئەمەلىيەتتە، لىن خەييۈنگە بۇ نەچچە كۈندىن بېرى لى شياڭنىڭ ئۇخلىغان ۋاقتى ھەر كۈنى
ئۈچ سائەتتىن ئېشىپ كەتمەيدىغانلىقى ئايان ئىدى. ھەتتا ھاجەتخانىدىمۇ ھۆججەتلەرنى
كۆرۈپ، دوكلاتلارنى تەستىقلايتتى. ھەتتا ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا ھەيران قالاتتى. بۇ قېرىغا (لى
شياڭ: ئۆتتۈنۈپ قالاي، بۇ يىل مەن ئاران 58 ياشقا كىردىم.) شۇنچىۋالا زېھنىي كۈچنىڭ
قەيەردىن كېلىدىغىنىنى بىلىپ بولمايتتى. لى رەئىس مۇزلاپ كەتكەن چايدىن بىر ئوتلاپ
قويۇپ، تاماكىدىن بىر تال تۇتاشتۇرۇپ دېدى:
— ھازىر دۆلەت ئىچىدە شۇنچىۋالا ئىشلار، ماددىي ئەشيالارنى تارقىتىش، قايتا قۇرۇش
خىزمىتى، جەڭگە تەييارلىق قىلىش خىزمەتلىرى ماڭا تۇرسا مېنىڭ ئۇخلىغۇدەك نەدىمۇ ۋاقتىم
بولسۇن! بىز بۇ قېتىم ئاسىيانى ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە روسىيە ۋە ئامېرىكىغا بىر
بېرىپ كېلەيلى.
لىن خەييۈن بۇنى ئاڭلاپ ئۈن چىقمىدى، ئۇ كۆز ئالدىدىكى چوڭقۇر ئويغا چۆككەن بۇ قېرىغا
(لى شياڭ: مەن قانچە قېتىم دېسەم، سىز ئاندىن ئۇقسىز!) قاراپ قويدى، گەرچە چاچلىرىغا
تال-تال ئاق كىرگەن بولسىمۇ، ئېغىر بېسىم ئالدىدا ئۇ بىر دۆلەت رەئىسىدە بولۇشقا
تېگىشلىك خىسلەت ۋە جاسارىتىنى يوقاتمىغان ئىدى. لى رەئىس چوڭقۇر ئويلىنىۋالغاندىن
كېيىن، لىن خەييۈندىن سورىدى:
— خەييۈن، سىزنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىڭىز بارمۇ؟
لىن خەييۈننىڭ يۈزى بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى، ئۇ دۇدۇقلىغان ھالدا:
— سىز... سىز بۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟— دېدى. لى شياڭ كۈلۈپ تۇرۇپ:
— ئالەم قىسىملىرىنىڭ قوماندانى بولۇش سۈپىتىدە، سىزمۇ بىلىسىز، زېگېرلار بىزگە يېقىندا
كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلماقچى، بىز ئىنسانلار بۇ قۇرۇتلارنىڭ قولىدا يوقىلىشىمىزمۇ
مۇمكىن، سىز بۇنچە ياش ھەم گۈزەل، ئۇنىڭ ئۈستىگە قابىلىيەتلىك تۇرسىڭىز، مۇشۇنداقلا
ئۆلۈپ كەتسىڭىز ئازاپلانمامسىز؟— دەپ سورىدى. لىن خەييۈن كۈلۈپ قويۇپ، سوغۇققىنە
دېدى:
— ئازراق، بەرىبىر مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىم بولمىغاندىن كېيىن، بىردىنبىر
ئەپسۇسلىنىدىغىنىم تېخىمۇ كۆپرەك ۋاقىتتا بۇ دۇنيانى، بۇ پىلانېتتىكى گۈزەل مەنزىرىلەرنى
كۆرەلمىگەنلىكىم.
لى رەئىس بۇنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى، ئاندىن ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:
— سىز مۇشۇلار ئۈچۈنلا ئەپسۇسلىنامسىز؟؟ ھا...ھا...ھا... بولدى، بولدى، بۇنى
دېيىشمەيلى!
سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە لى رەئىس سۈرلۈك ھالدا:

— ۋەن شيوگفېي قاتارلىقلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن خەۋىرىگە قارىغاندا زىيگېرلار بۇ قېتىم ئۆزلىرىنىڭ مۇنتىزىم قىسىملىرىنى ئىشلىتىپ بىزگە ھۇجۇم قىلىدىكەن. ھازىرغا قەدەر ئۇلار ۋاقىتلىق قوراللاندۇرغان بۇ قىسىملىرىمۇ بىزنى قىستاپ تۇيۇق يولغا ئەكىرىپ قويايي دېدى، ھازىر بىز ئۇلارنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنلىرىغا دۇچ كېلىۋاتىمىز، بىز ئۇلارغا زادى قانداق تاقابىل تۇرساق بولار؟— دېدى ھەم يېنىككىنە ئۇھ تارتىپ قويدى. لىن خەييۈن بۇنى ئاڭلاپ يۈزىدە ھەسرەت ئەكس ئەتتى.

— بىزنىڭ ھازىرقى كۈچىمىزگە تايىنىپ ھەرگىز غەلىبە قىلالمايمىز، بىردىنبىر قىلالايدىغىنىمىز بولسا، ۋەن شيوگفېينىڭ دېگىنىدەك، مەغلۇپ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنى ئېغىر بەدەل تۆلىتىش،— دېدى ئۇ. لى رەئىس بۇنى ئاڭلاپ كۆزلىرىدە ئىلاجسىزلىق ۋە قايىل بولماسلىق ئەكس ئېتىپ:

— شۇنداق... بىراق بىزنىڭ مەغلۇپ بولىدىغىنىمىزغا زادىلا تەن بەرگۈم كەلمەيدۇ-دە!— دېدى.

2011-يىلى 4-ماي ئەتىگەن سائەت توققۇزدا جۇڭگو دۆلەت رەئىسى لى شياڭ ئولتۇرغان مەخسۇس ئۇچقۇ ۋېيتنام پايتەختى خانويغا قوندى، جۇڭگونىڭ ۋېيتنامدىكى ئەلچىخانا خادىملىرى، مۇھاجىر قېرىنداشلار ۋە شۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئايروپورتقا كېلىپ رەئىس لى شياڭ قاتارلىقلارنى كۈتۈۋالدى، ئۇلار ئەمدى ئايروپورتتىن چىقىشىغا ئالقىش سادالىرى بارلىق ئاۋازلارنى بېسىپ چۈشتى، ۋېيتنام رەئىسى چېن دېلياڭ شەخسەن ئۆزى ئايروپورتقا كېلىپ لى رەئىسنى كۈتۈۋالدى. بىراق لىن خەييۈن چىققان چاغدا ئالقىش سادالىرى بىردىنلا كۈچىيىپ كەتتى. ئالقىش سادالىرى ئىچىدىن تۇيۇقسىز «لىن خەييۈن سىزنى سۆيىمەن» دېگەن ئاۋاز ياڭرىدى. لى رەئىس سوغۇق تەرلىگىنىچە رەئىس چېن دېلياڭغا بىللە كەلگەنلەرنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى جوۋ تيەنخۇا، ئالەم قىسىملىرى قوماندانى لىن خەييۈن، يەنە ئۆلۈم ئاغزىدىن قۇتۇلغان ۋەن شيوگفېي. رەسمىيەت يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن پارات تۈگىگەندىن كېيىن، لى رەئىس ۋە چېن دېلياڭلار ماشىنىغا ئولتۇرۇپ خانوي شەھىرىدىكى يېڭىدىن سېلىنغان خەلق سارىيىغا كەلدى. بۈگۈن لى رەئىسنىڭ ۋېيتنامغا زىيارەتكە كېلىشىدىكى ئاساسىي مۇددىئاسى بولسا سودا سۆھبىتى ۋە زىيگېرلارنىڭ ئاساسىي قىسىملىرى بىلەن جەڭ قىلىش مەسىلىسىنى سۆھبەتلىشىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ۋېيتنامغا زور بىر تۈركۈم ماددىي ئەشيا ياردىمى بېرىپ، ئۇلارنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتنى ۋاقىتلىق مۇقىملاشتۇرۇش ئىدى.

5-ماي، بىر تاكسى جۇڭگونىڭ ۋېيتنامدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ئالدىدا توختىدى، بىر ئەر ئىككى قىزچاق ماشىنىدىن چۈشتى. ئەر كىشى دەل ئالەم كېمىسى ئۇچقۇچىسى چېن

جىكۆن ئىدى، ئىككى قىزچاقنىڭ بىرى بولسا لىن خەيىۆننىڭ ئالەم كېمىسىدىكى يېقىن دوستى، يەنە بىرى بولسا ئۇنىڭ كونۋويى ئىدى. ئىشىك ئالدىدىكى قاراۋۇلغا كېنىشكىلىرىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئىككى ۋېيتنامىلىق ساقچى دەرھال ئۇلارغا سالام بېرىپ ئۇلارنى كىرگۈزىۋەتتى .

— چېن جىكۆن، خەيىۆن راستىنلا مۇشۇ يەردە تۇرامدۇ؟— ستارشىي لېيتېنانتلارنىڭ فورمىسىنى كىيگەن بىر قىزچاق سورىدى. چېن جىكۆن جەزىملەشتۈرگەن ھالدا جاۋاپ بەردى :

— مۇتلەق خاتاسى يوق، مەن لىن خەيىۆننىڭ رەئىسلەر بىلەن بىللە تۇرمىغانلىقىنى ئۇقۇشۇپ چىققان .

يەنە بىر كەنجى لېيتېنانتلارنىڭ فورمىسىنى كىيگەن قىزچاق خۇشال ھالدا دېدى :

— ئۇزۇن بولدى خەيىۆن ئاچامنى كۆرمىگىلى، ئۇنى بەك سېغىنىپ كەتتىم !

چېن جىكۆن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ سورىدى :

— ئۇزۇن بولدى؟؟ ئاران بىر ئاي بولدىغۇ، بۇ ئۇزۇن بولۇپ كەتتىمۇ؟ !

— خەيىۆن ئاچام ھەم چىرايلىق ھەم قابىلىيەتلىك، شۇنچە ياش تۇرۇپلا لېيتېنانت گېنېرال بولالىدى، تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە ھەر قېتىم چېمپىيون بولىدۇ، ناخشا-ئۇسسۇلغا شۇنداق ئۇستا، شۇڭا شۇنچىۋالا كۆپ ئادەم ئۇنى قوغلىشىدۇ! مەن ئۇنىڭغا بەك ھەۋەس قىلىمەن!— سۆزلەۋېتىپ ھېلىقى قىزچاقنىڭ چىرايىدا مەستخۇشلۇق ئەكس ئەتتى. چېن جىكۆن بۇنى كۆرۈپ سوغۇق تەرلەپ كۆڭلىدە «قارىغاندا يەنە بىر ئايال جىنسداش ھەمراھكەن» دەپ ئويلىدى. ئۇ :

— شۇنداق، بىراق ئۇ مۇز چىراي، قوغلاشماق ھەقىقەتەنمۇ تەس!— دەپ ئۇھ تارتىپ قويدى .

— نېمە؟؟ لىن خەيىۆننىڭ نەرى سوغۇق؟— ھېلىقى مەستخۇشلۇق ئىلكىدە تۇرغان قىزچاق بىردىنلا ئاچچىقلاندى. يەنە بىرسىمۇ ئۇنىڭغا ھەمدەمدە بولدى :

— شۇ ئەمەسمۇ! ھەممەيلەن خەيىۆن ئاچامنى ناھايىتى ئوچۇق، شوخ دەيدىغان تۇرسا، بىز بۇ قېتىم خەيىۆن ئاچام بىلەن بازار ئايلىنىشقا كېلىشىپ قويغانتۇق .

ئىككى قىزچاق بىرى توختىسا بىرى سۆزلەپ چېن جىكۆننى باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋەتتى، چېن جىكۆن خۇددى قۇلاق تۈۋىدە ئىككى چىۋىن توختىماي غىڭىلداۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئۇ ئۆنلۈك ۋاقىرىدى :

— بولدى، ئىككىڭلار سۆزلەپ بولدۇڭلارمۇ - يوق؟ مۇشۇنداق غوتۇلداۋەرسەڭلار كېيىن ئەرگە تېگەلمەيسىلەر، جۇمۇ .

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن جىمىپ قېلىشتى، بىر دەمدىن كېيىن ئىككى قىزچاق ئۆنلۈك

ۋاقىراشتى :
ــ سىز بىزنى ئەرگە تېگەلمەيسلەر دېيىشكە پېتىنىدىڭىزمۇ؟
ئارقىدىنلا مۇشتلار ئۇچۇپ كەلدى، بىردىنلا چېن جىكۇننىڭ ئازاپلىق توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بىر ئەلچىخانا خادىمى ئاۋازنى ئاڭلاپ مېڭىپ چىقىپ، تېخىغىچە تاياق يەۋاتقان چېن جىكۇننى كۆرۈپ :
ــ سىلەر نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ بۇ يەردە ئۇرۇشماڭلار!ــ دېدى. ئىككى قىزچاق توختاپ ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى :
ــ هوي، بىز لېيتېنانت گېنېرال لىن خەييۇننى ئىزدەپ كەلگەن، سىزنى ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلەمسىز؟
ــ لېيتېنانت گېنېرال لىن خەييۇن ئالدىمىزدىن ئوڭغا بۇرۇلغاندىكى 2ـ ئۆيدە،ــ دېدى هېلىقى خىزمەتچى .
ــ رەھمەت،ــ ئىككى قىزچاق كۈلۈمسىرەپ رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن ھەربىرى چېن جىكۇننىڭ بىردىن پۇتنى تارتقىنىچە چېن جىكۇننى سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى .
ــ ئۇلار نېمە ئىش قىلىدىغانلاركەن؟ــ گۇلدەستە كۆتۈرگەن يەنە بىر خىزمەتچى چىقىپ سورىدى .
ــ لېيتېنانت گېنېرال لىن خەييۇننى ئىزدەيدىكەن، تۇرقىدىن قارىغاندا لېيتېنانت گېنېرال لىن خەييۇننىڭ ئالەم كېمىسىدىكى خادىملاردەك قىلىدۇ، ئاۋۇ ئەر تېخى پودپولكوۋنىك ئىكەن .
ــ ئۆلگۈر، ئۇلار چاققان چىقىپ كېتىپتۇ، مەن ئاران تەستە ئەتىرگۈل سېتىۋالغان ئىدىم!ــ دېدى هېلىقى ئادەم ئاغرىنغان هالدا.

## 50ـ باب كوچا سەيلىسىدىكى قەلب ساداسى

ئۆچەيلەن ئاۋايلىغان هالدا بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى، چېن جىكۇن ئەمدى ئىشىكنى چېكەي دەپ تۇرۇشىغا، بىر قىزچاق ئۇنى توسۇۋېلىپ :
ــ توختاپ تۇرۇڭ، بىز ئاستاغىنە قاراپ باقايلى، خەييۇن ئاچام نېمە قىلىۋاتىدىكىن؟ــ دېدى .
ــ بۇنداق قىلساق ياخشى بولماس؟ــ دېدى چېن جىكۇن بېشىنى چايقاپ. يەنە بىرسىمۇ قىزچاقىقا بولۇشۇپ :

— ھېچنېمە بولمايدۇ!— دېدى. چېن جىكۈن سۆزلەپ بولغۇچە ئىككىسى ئىشىكنى قىيا ئاچتى. ئۈچەيلەن تەڭلا يوچۇقتىن قاراشتى، ئۆي ئىچى جىمجىت، پەقەت ئوچۇق قويۇلغان يان كومپيۇتېرلا بار بولۇپ، ئۆي ئىچىدە ئادەم زاتى كۆرۈنمەيتتى.

— سىلەر نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟— تۇيۇقسىز ئارقا تەرەپتىن ئاۋاز كەلدى. ئۈچەيلەن قورقىنىدىن يەردە ئولتۇرۇپ قېلىشتى، بۇرۇلۇپ قاراپ لىن خەييۈننىڭ ھور ئۆرلەپ تۇرغان بىر ئىستاكان چاينى تۇتقىنىچە ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدا تۇرغىنىنى كۆرۈشتى.

— خەييۈن ئاچا، بىز بۇ يەرگە سىزنى ئىزدەپ كەلدۇق، سىزنى بەك سېغىندۇق!— دېيىشتى ئىككى قىزچاق لىن خەييۈننى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى ئورىۋېلىپ ئەركىلەپ. ئىككىسىنىڭ ئەركىلىگەن تۇرقىنى كۆرۈپ چېن جىكۈن كۆڭلىدە ئەگەر ئۇلارنى سۈرەتكە تارتىپ تارقىتىۋېتىدىغان بولسا، جۇڭگو قىسىملىرى تىكلىگەن ئىناۋەتنىڭ شۇ زامات چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىدى، لىن خەييۈن قولىنى تەڭلەپ تېخىچە يەردە ئولتۇرغان چېن جىكۈننى تارتىۋالدى. چېن جىكۈن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈستى-بېشىدىكى چاڭ-توزاڭلارنى قېقىشتۇردى. ئاندىن لىن خەييۈنگە قاراپ چاس بەرگەندىن كېيىن:

— ئۇزۇن بوپتۇ كۆرۈشمىگىلى، لېيتېنانت گېنېرال لىن خەييۈن،— دېدى.

— ساختىپەز!— ئىككى قىزچاق بۇنى كۆرۈپ تەڭلا ئويلىدى كۆڭلىدە. لىن خەييۈن جاۋاپ سالىمى بەرگەندىن كېيىن ئۈچەيلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆيگە كىردى. لىن خەييۈن ئولتۇرۇپ، چايدىن بىر ئوتلىغاندىن كېيىن، ئاچچىقلانغان ھالدا دېدى:

— ئىككىڭلار ئوغرىلىقچە ماراشقا بولمايدۇ، بىلدىڭلارمۇ؟

— خوپ، لېيتېنانت گېنېرال لىن خەييۈن،— دېيىشتى ئۈچەيلەن تەڭلا. لىن خەييۈن ئىستاكاننى قويۇپ سورىدى:

— سىلەر نېمىشقا بۇ يەرگە كەلدىڭلار؟ بىرەر ئىش بارمىدى؟

— خەييۈن ئاچا، بىز دېيىشىپ قويغان، بۈگۈن سىز بىزگە ھەمراھ بولۇپ باراز ئايلاناماقچىدىڭىزغۇ؟— دېدى ئىككى قىزچاق كۈلۈپ تۇرۇپ. لىن خەييۈن بۇنى ئاڭلاپ ئازراق ھەيران بولغان ھالدا سورىدى:

— مەن... مەن قاچان دېگەنتىم؟

— ئۆتكەن ھەپتە، بىز سىزگە تېلېفون قىلغاندا دېيىشىپ قويغانغۇ! سىز ۋېيتنامغا زىيارەتكە كەلگەندە، ئازراق ۋاقىت ئاجرىتىپ بىزگە ھەمراھ بولۇشقا قوشۇلغانغۇ؟ ئەينى چاغدا بۇنى چېن جىكۈنمۇ ئاڭلىغان-ھە!— دېيىشتى ئىككى قىزچاق ئالدىراپ. ئۇلار چېن جىكۈنگە قاراشتى، چېن جىكۈن بېشىنى لىڭشىتتى. لىن خەييۈن بۇنى ئاڭلاپ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، ئارقىدىنلا ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ توغرا...توغرا... ئېسىمگە كەلدى، كەچۈرۈڭلار، يېقىندىن بۇيان بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن،ــ دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ كومپيۇتېرنى ئۆچۈرۈپ، ئۆي ئىچىنى ئازراق تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن ئۇلارغا دېدى:

ــ بولدى، بىز نەگە بارىمىز؟

ــ خەييۈن ئاچا، كىيىم يەڭگۈشلىۋالغاندىن كېيىن ماڭايلى، ھەمىشە ھەربىي فورما كىيىۋالسىڭىز بولماس،ــ دېدى بىر قىزچاق لىن خەيۈنگە قاراپ قويۇپ.

ــ شۇنداق، شۇنداق! ھەممەيلەن قىز بالا بولغاندىن كېيىن ئازراق ياسىنىۋالايلى!ــ دېدى يەنە بىرىمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ.

ــ بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى يوققۇ،ــ دېدى لىن خەيۈن ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ.

ــ شۇنداق، لىن گېنرال، ياسىنىپ قويسىڭىز ھېچنېمە بولماس، ئۇنىڭ ئۈستىگە لېيتېنانت گېنېراللىق ھەربىي فورمىسىنى كىيىۋالسىڭىز كۆزگە بەك چېلىقىپ قالغۇدەكسىز،ــ دېدى بىرچەتتە تۇرغان چېن جىڭۈن.

ــ توغرا، چېن جىڭۈن توغرا دەيدۇ، يۈرۈڭە خەيۈن ئاچا، بىز سىزگە ياردەملىشەيلى!ــ دېيىشكىنىچە ئىككىيلەن لىن خەيۈننى قولتۇقلاپ ياتاق ئۆيگە ماڭدى، ئىشىكنى يېپىشتىن بۇرۇن بىرى چېن جىڭۈنگە دېدى:

ــ بىز كىيىم يۆتكەيمىز، ئوغرىلىقچە مارىماڭ، بىلدىڭىزمۇ؟

ــ مېنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭىز؟؟؟ــ دېدى چېن جىڭۈن چىشىنى غۇچۇرلاتقىنىچە.

ــ قېرى بۇزۇق!!ــ دېگىنىچە ئىشىكنى قاتتىق يېپىۋەتتى ھېلىقى قىز.

ــ ئەبلەخ، لېيتېنانت گېنېرال لىن خەيۈننى بار، بىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ دەپ ئويلاپ قالماڭلار!ــ دەپ ئويلىدى چېن جىڭۈن كۆڭلىدە. ئۇ يالغۇزلۇقتا زېرىكىپ كرىسلودا ئولتۇرۇپ ئىچكىرىدىن چىقىۋاتقان كۈلۈشكەن ئاۋازلارغا قۇلاق سالدى.

ــ خەيۈن ئاچا، سىزنىڭ كىيىملىرىڭىز بەك ئازكەنغۇ!

ــ مەن دېگەن ھەربىي، يا مودېل بولمىسام، ئۇنچىۋالا كۆپ كىيىمنى نېمە قىلىمەن؟

ــ ئۇنداقتا بىز بۈگۈن سىزگە ياردەملىشىپ بىرنەچچە قۇر چىرايلىق كىيىم تاللاپ بېرەيلى، خەيۈن ئاچا، بۇنى كىيىپ بېقىڭ.

ــ بۇ كۆك رەڭلىكمۇ بولىدىكەن، كىيىپ بېقىڭە.

ئالاھەزەل يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئىشىك ئاخىرى ئېچىلدى، تېخىغىچە كرىسلودا يانپاشلاپ ياتقان چېن جىڭۈن دەرھال قوپۇپ ئولتۇردى، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىگەن ئىككى قىزچاق لىن خەيۈنگە ھەمراھ بولۇپ ئۆيدىن چىقتى. چېن جىڭۈن لىن خەيۈنگە بىر قاراپلا ھاڭۋېقىپ قالدى. لىن خەيۈن ئاسمان كۆكى چاپان كىيگەن بولۇپ، قاپقارا ئۇزۇن چاچلىرى ۋە

چىرايلىق يۈزىگە خۇيمۇ ماسلاشقان ئىدى. گەرچە ئادەتتىكىچە كۆزلۈك ئىشتانغا ماسلاشتۇرۇپ قارا رەڭلىك ئۈزۈن قونچلىق ئۆتۈك كىيىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئىنتايىن مودا كۆرستەتتى. ئەسلىدا ھەمىشە ھەربىي اورما كىيىپ يۈرىدىغان لىن خەيىۈن بۇنچىۋالا گۈزەلكەن ئەمەسمۇ، ئەمدى ئادەتتىكىچە كىيىنچە ئاياللارغا خاس بىرخىل نازاكەت ئەكس ئېتىپتۇ، چېن جىكۈن ئۇنىڭغا قاراپ ئازراق مەپتۇن بولۇپ قالدى. لىن خەيىۈن چېن جىكۈننىڭ تۇرقىغا قاراپ ئاغزىنى توسۇپ كۈلۈپ قويدى. بىر قىزچاق كېلىپ چېن جىكۈننى ئۇرۇپ قويۇپ:

ــ سىز يەنە قانچىلىك ئۇزاق قارايسىز، قېرى بۇزۇق!ــ دېدى. چېن جىكۈن شۇندىلا ئېسىنى يىغىپ، كۆز ئالدىدىكى ئوڭايسىز ئەھۋالغا قاراپ ئىلاجسىز كۈلۈپ قويۇپ:

ــ «ئات كۆركى ئىگەر، ئادەم كۆركى ئىگىن» دېگەن شۇكەن ـ دە،ــ دەپ ئويلىدى. (ئاپتور: ئاساسلىق ئادەمگە باغلىق، ئەگەر دېۋىدەك گۆپەي ئادەمگە كىيدۈرۈپ قويسا، سېنى قورقۇتۇپ ئۆلتۈرمىسە ھېساپ ئەمەس (!

تېخىچە لىن خەيىۈننىڭ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرىۋاتقان يەنە بىر قىزچاق نارازى بولغان ھالدا:

ــ ھەي، بالدۇرراق بىلگەن بولسام بىر نەچچە قۇر كىيىمنى ئارتۇقراق ئېلىۋالاركەنمەن، ئەمەلىيەتتە، خەيىۈن ئاچا، سىز نېمە كەيسىڭىز ئوخشاشلا شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنسىز!ــ دېدى. چېن جىكۈن قولىدىكى سائەتكە قاراپ قويۇپ:

ــ بولدى، بىز تېزراق ماڭايلى، ھېلىمۇ بىر سائەت ھايال بولدۇق،ــ دېدى.

ــ توختاپ تۇرۇڭلار!ــ دېدى بىر قىزچاق تۇيۇقسىز ۋاقىراپ.

ــ يەنە نېمە بولدى؟ــ دەپ سورىدى چېن جىكۈن تاقەتسىزلىك بىلەن.

ــ ھازىر ھەممە ۋېيتنامىلىقلار خەيىۈن ئاچامنى تونۇيدۇ، مۇشۇنداقلا چىقساق ئاۋارىچىلىققا ئۇچراشتىن قورقمامسىلەر؟ــ سۆزى تۈگەپلا بىر ئاق شلەپىنى لىن خەيىۈننىڭ بېشىغا كەيدۈرۈپ قويدى، ئاندىن يەنە يۇگۈرۈپ چىقىپ ئەلچىخانا خىزمەتچىلىرىنى ئىزدەپ بىر دانە قارا كۆزەينەكنى ئارىيەتكە ئېلىپ كەلدى.

53مىنۇت 27 سېكۇنت ۋاقىت ئۆتكەندە، تۆتەيلەن ئاخىرى ئۆيدىن چىقتى. ئەلچىخانىدىن چىققاندىن كېيىن ئىككى قىزچاق كۈلۈپ تۇرۇپ لىن خەيىۈنگە:

ــ خەيىۈن ئاچا، سىزنىڭ لاتاپىتىڭىزنى ھەقىقەتەنمۇ توسۇپ قالغىلى بولمايدىكەن، ھېلىلا ئىشىكتە تۇرغان قاراۋۇللارنىڭ تۇرقىمۇ چېن جىكۈنگە ئوخشاپ قالدى، بەك كۈلكىلىككەن ـ ھە!ــ دېيىشتى.

تۆتەيلەن خانوي شەھرىدىكى ئەڭ ئاۋات سودا كوچىسىغا كەلدى، ئەتراپ بەكمۇ قايناق

بولۇپ، نۇرغۇن ئادەملەر بالا ـ چاقا، ئەل ـ ئاغىينىلىرىگە ھەمراھ بولۇپ بازار ئايلىنىۋاتاتتى. لىن خەيىۋن قارىماققا بەكمۇ خۇشال بولۇپ، قالغان ئىككى قىزچاق بىلەن تۆت ئەتراپنى ئايلىناتتى، شۇ ئەگا كوچىدا بىر خىل غەلىتە مەنزىرە پەيدا بولدى، ئۈچ چىرايلىق قىزچاق ئالدىدا كۆلكە ـ چاقچاق قىلىپ ماڭاتتى، كەينىدە پودپولكوۋنىكلىق ھەربىي فورما كىيگەن بىرى قولىدا بىر تالاي نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. لىن خەيىۋن بېشىنى بۇراپ، نەرسىلەرگە كۆمۈلۈپ قالايلا دەپ قالغان چېن جىكۇنگە قاراپ قويۇپ، قالغان ئىككى قىزغا دېدى:

ــ نەرسىلەرنى بەك كۆپ ئېلىۋەتتۇقمۇ ـ قانداق؟

بىر قىز بارماقلىرىنى پۈكۈپ ساناپ بېقىپ:

ــ كۆپ ئەمەسقۇ، يەنە تېخى بىر نەچچە خىلىنى ئالمىدۇق. ھە راست، مايور فېڭ ماڭا بىر نەچچە قۇر كىيىم ئالغاچ كېلىشنى ھاۋالە قىلغان ئىدى، تېخى!ــ دېدى.

ــ ۋاي خۇدايىم!ــ چېن جىكۇن بۇنى ئاڭلاپ يەنە ئۇھ تارتىپ قويدى. دەل مۇشۇ چاغدا لىن خەيىۋن ئالدى تەرەپتە يىراقتا تۇرغان بىر ئەرنى كۆرستىپ:

ــ ئاۋۇ ئادەم ۋەن شيوگېپىدەك قىلىدۇ، بىز بېرىپ قاراپ باقايلى!ــ دېدى. ئۈچەيلەن يۈگۈرۈپ كېتىشتى، ئارقىسىدىن چېن جىكۇن بىر قۇچاق نەرسىنى قۇچاقلىغىنىچە ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ ئۇلارغا ئەگەشتى. ھېلىقى ئادەم، دەرۋەقە، ۋەن شيوگېپي ئىدى، ئۇ بوغماق چاپان كىيىۋالغان بولۇپ، ئۇمۇ قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان ئىدى.

ــ سىزمۇ بازار ئايلانغىلى چىقتىڭىزمۇ، ۋەن شيوگېپي؟

ۋەن شيوگېپي بۇنى ئاڭلاپ بۇرۇلۇپ قاراپ، ئالدىدا تۇرغان چىرايلىق قىزغا قاراپ يېرىم كۈنگىچە گەپمۇ قىلماي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى، چېن جىكۇن نەرسىلەرنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ كېلىپ، ۋەن شيوگېپىنىڭ تۇرقىغا قاراپ، جەينىكى بىلەن ئۇنى تۈرتۈپ قويۇپ:

ــ ئېسىڭىزنى يىغىڭ، بۇ يەردە ساراڭدەك ھاڭۋېقىپ تۇرۇۋەرمەڭ!ــ دېدى. ۋەن شيوگېپي بىردىنلا ئېسىنى يىغدى، ئادەتلەنگىنى بويىچە لىن خەيىۋنگە قاراپ سالام بەرمەكچى بولۇشىغا، لىن خەيىۋن دەرھال ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ:

ــ بۇنچىۋالا كۆپ ئادەم ئالدىدا ئارتۇقچە تۈزۈت قىلماڭ،ــ دېدى. ۋەن شيوگېپي بېشىنى لىڭشىتىپ:

ــ ياخشىمۇسىز، لىن گېنىرال! لى رەئىس بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ۋېيتنام رەئىسى چېن دېلياڭ بىلەن ماددىي ئەشيا ياردىمى ئىشى توغرىسىدا يالغۇز سۆھبەتلەشمەكچى، شۇڭا مېھمانخانىدا بەك زېرىكىپ كېتىپ، مۇنداقلا ئايلانغىلى چىققان ئىدىم،ــ دېدى. لىن خەيىۋن بۇنى

ئاڭلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ :

— بىزمۇ بازار ئايلانغىلى چىققان ئىدۇق، ئۇنداقتا بىرگە ئايلىنايلىمۇ؟— دېدى. ۋەن شيوڭفېي بېشىنى لىڭشىتىپ :

— بولىدۇ، ھوي ... يەنە بىرئىش بار، رەئىس چېن دېلياڭ بۈگۈن كەچ خەلق سارىيىدا زىياپەت راسلاپ، لى رەئىس ۋە بىزنى كۈتۈۋالماقچى، كەچ سائەت يەتتىگە، ئۇنتۇپ قالماڭ،— دېدى. لىن خەييۈن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى، چېن جىكۈن بۇ چاغدا :

— ياخشىمۇسىز! مەن جۇڭخۇا دەرىجىلىك چارلىغۇچى ئالەم كېمىسىنىڭ ئۇچقۇچىسى پودپولكوۋنىك چېن جىكۈن،— دېدى. ۋەن شيوڭفېي كۈلۈپ تۇرۇپ قولىنى ئۇزىتىپ :

— ياخشىمۇسىز! مەن جۇڭگو ئالاھىدە قىسىمى 23-تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقى ۋەن شيوڭفېي،— دېدى ۋە چېن جىكۈننىڭ ئىككىلا قولىدا نەرسىلەرنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى، قولىنى ھەرگىزمۇ سۇنالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئامالسىز كۈلۈپ قويدى، بىردەمدىن كېيىن ۋەن شيوڭفېي چېن جىكۈننىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ كۆتۈرۈۋالدى. ئالدىدا كۈلكە-چاقچاق قىلىپ كېتىپ بارغان ئۈچەيلەننى كۆرۈپ، ۋەن شيوڭفېي ئىچى ئاچچىق بولغان ھالدا :

— ھەي! ئەينى چاغدىكى ئۇرۇش قەھرىمانى بۈگۈنكى كۈندە ھاممالغا ئايلىنىپ قالدى، ھەجەپ نەس باستى-دە...،— دېدى .

— مېنىڭ ئەھۋالىم بەتتەررەك، سىز ھېچبولمىغاندا پۇقراچە كىيىنىۋاپسىز، مەن بىر پودپولكوۋنىك تۇرۇپ چوڭ كوچىدا قىزلارغا ياردەملىشىپ كىيىم-كېچەك كۆتۈرۈپ يۈردۈم، ئەگەر بۇ گەپ تارقىلىپ كەتسە قىسمىدا بىر ئۆمۈر بېشىمنى كۆتۈرەلمەيمەن،— دېدى چېن جىكۈن. ئىككىيلەن ئۇ بىر ئېغىز، بۇ بىر ئېغىزدىن سۆزلەپ، خۇددى كىمنىڭ ھالىنىڭ بەتتەررەك ئىكەنلىكىنى تالاشقاندەك بولۇشتى .

ئالدىدا كېتىپ بارغان بىر قىزچاق لىن خەييۈنگە دېدى :

— خەييۈن ئاچا، سىز بۈگۈن ماڭا باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلۇۋاتىسىز .

— نېمىشقا؟— سورىدى لىن خەييۈن چۈشەنمىگەندەك قىلىپ .

— بىزنىڭ نەزىرىمىزدە، خەييۈن ئاچا، سىز دائىم كۈلۈپلا تۇرىدىغان، شوخ، كىشىگە ئوچۇق مىجەزلىك تۇيغۇ بېرىدىغان، بىر كەپسىز كىچىك قىزچاقتەك بىلىنەتتىڭىز. بىراق بۈگۈن سىز كىشىگە بىر خىل سوغۇق تەسىر بەردىڭىز، خۇددى ناھايىتى غەمكىن، كۆڭلىدە نۇرغۇن ئىشلىرى باردەك كۆرۈندىڭىز، ئادەمگە بىر خىل ناھايىتى پىشىپ يېتىلگەندەك تۇيغۇ بەردىڭىز،— دېدى يەنە بىرى. لىن خەييۈن بۇنى ئاڭلاپ سۈس كۈلۈپ قويۇپ دېدى :

— بەلكىم شۇنداقتۇ، بۇ بىر نەچچە كۈندىن بېرى مەن بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىم، ھەر قايسى جەڭ رايونلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن، كۆڭلۈم بىرئاز بىئارام بولدى .

— بىراق سىز ئەسلىدە قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر ناھايىتى خۇشال يۈرەتتىڭىزغۇ؟— ھېلىقى قىزچاق بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئازراق ئويلانغاندىن كېيىن دېدى،— بولدىلا، بۇلارنى ئويلىمايلى! كىشىنى بىئارام قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسنى ئۇنتۇپ كېتەيلى، خەييۇن ئاچا، بۈگۈن بىز راسا بىر خۇشال ئوينىۋالايلى .

لىن خەييۇن بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قويۇپ، ھېلىقى قىزنىڭ بېشىغا شاپىلاقلاپ قويۇپ دېدى :

— بولىدۇ، مەن سىلەرگە راسا خۇشال بىر ئويناپ كېلىشكە ماقۇل بولاي .

لىن خەييۇن كۆز ئالدىدىكى خۇشال ـ خۇرام تۇرغان ئىككى قىزچاققا قاراپ :

— تۇنجى قېتىم، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم خۇشال ئوينايلى، بىر نەچچە قېتىم كۆپرەك ئوينىۋالساق نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە!— دەپ ئويلىدى كۆڭلىدە.

## 51ـ باب كىچىككىنە قىستۇرما كۈي

ۋېيتنام خانوي شەھىرى، لىن خەييۇن ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ شەھەردىكى چوڭ ـ كىچىك دۇكان ـ سارايلارنى ئارىلاپ چىقتى، ئاندىن ئۇلار ئۇنى تارتىپ كىنو كۆرگىلى ئېلىپ باردى. كىنو ئانچە قىزىق ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭدا يېقىندا زىگېرلار بىلەن بولغان جەڭ تەسۋىرلەنگەن ئىدى، بىراق جاپاغا قالغىنى يەنىلا چېن جىڭۇن بىلەن ۋەن شيوگېيى بولۇپ، ئۇلار سىرتتا بىر سائەتتىن ئارتۇق ساقلىدى. باغچا، پىيادىلەر كوچىسى، سودا رايونى ھەمدە ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانىلارنىڭ ھەممىسى ئۇلار بارغان جايغا ئايلاندى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار بىر قەھۋەخانىغا كىرىپ ئارام ئالدى، تەملىك قەھۋەدىن ھۇزۇرلانغاچ، كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئىزھار قىلىشتى !

— كۆپچىلىكنىڭ بۇنداق ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ پاراڭلىششى بەكمۇ تەس، بۈگۈن ئايلانغىلى چىققىنىمىز ھەقىقەتەن بەك ياخشى بولۇپتۇ،— دېدى بىر قىزچاق قەھۋە ئوتلىغاچ خۇشال ھالدا .

— شۇنداق، غەم ـ قايغۇنى ئۇنتۇپ، راسا بىر ئوينىۋالدۇق، بۈگۈن بەلكىم مېنىڭ ئۆمرۈمدە ئەڭ خۇشال ئۆتكەن بىر كۈنۈم بولسا كېرەك،— سۆزلەپ بولۇپ لىن خەييۇن يەنە چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمدى. يەنە بىر قىزچاق لىن خەييۇنگە قاراپ كۆڭلىدە :

ــ ھەي، گېنېرالغا بۇگۇن نېمە بولدىكىنا؟ خەييۇن ئاچام ھەقىقەتەن بەك ھېرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ،ــ دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ ئويلاۋېتىپ كۆزى تۇيۇقسىز ئاچ بۆرىلەردەك نەرسە يەۋاتقان ۋەن شيوگفېي بىلەن چېن جىكۇنگە چۈشتى، ئۇنىڭ بىردىنلا كەيپى ئۇچتى:

ــ ئۆتۈنۈپ قالاي، سىپايىراق بولساڭلار بولمامدۇ؟ ئىككى ئاچ قالغان ئېيىق!

ئىككىسى بۇنى ئاڭلاپ خاپا بولغان ھالدا تەڭلا دېيىشتى:

ــ ھوي! سەن كىمنى ئېيىق دەۋاتىسەن؟!

ھېلىقى قىزچاق ئىككىيلەننىڭ ئالدىغا دۈۋىلىشىپ كەتكەن چىنە-تەخسىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ــ سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئازراق تۇتۇۋالساڭلار بولامدۇ؟ سىلەر بۇگۇن ئاز دېگەندىمۇ يۈز نەچچە يۈەنلىك (خەلق پۇلى) تاماق يەۋەتتىڭلار... خۇددى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى خەلقتەك! چېن جىكۇن تورتتىن بىر چىشلەپ:

ــ قۇرۇق گەپ، بىز ئىككىيلەن سىلەرگە ياردەملىشىپ يېرىم كۈن نەرسە-كېرەك كۆتۈردۇق، يەنە تېخى كىنوخانا سىرتىدا بىر سائەتتىن ئارتۇق ئاپتاپتا قاق بولدۇق، بىز ھازىر ئېنېرگىيە تولۇقلاشقا بەكمۇ ئېھتىياجلىق!ــ دېدى. ئۇلارنىڭ سوقۇشۇپ قېلىشىغا كۆزى يەتكەن لىن خەييۇن ئالدىراپ گەپنى يىغىشتۇردى:

ــ بولدى، بولدى، سىلەر تالىشىۋەرمەڭلار! چېن جىكۇنلەرمۇ بۇگۇن بىزگە جىق ياردەم قىلدى، ئازراق بىرنەرسە يېگەنگە نېمە بوپتۇ، بۇ تاماقنىڭ پۇلىنى مەن تۆلىۋېتەي!

ۋەن شيوگفېي كۆرەڭلىگەن ھالدا دېدى:

ــ ئاڭلىدىڭلارمۇ-يوق؟ يەنىلا لىن گېنېرالدىن كۆپرەك ئۆگەنسەڭلار بولغۇدەك، ئەتىدىن كەچكىچە توختىماي كوتۇلداۋېرىدىكەنسىلەر!

ئىككى قىزچاق بۇنى ئاڭلاپ مۇشتۇملىرىنى تۈرۈشتى، بىراق لىن خەييۇننىڭ ئالدىدا ئۇرۇشۇشقا پېتىنالمىدى!

لىن خەييۇن قەھۋەنى ئاستا ئارىلاشتۇرغاچ ۋەن شيوگفېيدىن سورىدى:

ــ ۋەن شيوگفېي، سىز تاشقى پىلانېتلىقلارنىڭ يېنىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تاشقى پىلانېتلىقلارنىڭ ئارمىيىگە ئالاھىدە خادىم كىرگۈزگەنلىكىنى ئېيتقان ئىدىڭىز، لى رەئىس ئالدىنقى قېتىم بۇ ئادەمنى تېپىپ چىقماقچى بولغان ئىدىغۇ؟ تېپىلدىمۇ-يوق؟

ۋەن شيوگفېي بۇنى ئاڭلاپ ئاغزىدىكى تورتنى يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن:

ــ ھازىرغىچە نەتىجىسى يوق، ئۇلارنىڭ مارشالىمۇ ئىشنى قەستەن سىرلىقلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن نەچچە قېتىم سورىسام جاۋاپ بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى، بىز پەقەت ئۇنىڭ ئارمىيىمىزنىڭ ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغىنىنىلا بىلىمىز، ئالدىنقى قېتىم پۈتۈن ئارمىيىدىكى بارلىق

ئوفتسىر ـ جەڭچىلەرگە نوتۇق سۆزلەپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ بىر بىلەن كۆرۈشۈشنى ئۈمىد قىلىدىغىنىنى ئېيتقان ئىدى، ئەمما شۇنچە ئۇزۇن بولسىمۇ بىرمۇ ئادەم ئۆزىنى ئىقرار قىلمىدى.
هەي! ئۇلار نېمە ئويۇن ئويناۋاتىدىكىن ـ تاڭ،ــ دېدى.
لىن خەييۈن قەھۋەدىن بىر يۇتۇم ئوتلىغاندىن كېيىن:
ــ شۇنداقمۇ؟ بەلكىم ئۇلار بىزنى سىناۋاتقان بولسا كېرەك! بىزنىڭ سىز دېگەندەك قورقماس ئىرادىمىز بارمۇ ـ يوق شۇنى سىناۋاتقان بولسا كېرەك!ــ دېدى.
ۋەن شيوگفېي بۇنى ئاڭلاپ توختاپ قالدى، چوڭقۇر سوْكۇتكە چۆمگەن هالدا:
ــ ھەممىسى مېنىڭ كاساپىتىم، مەن بىر ئادەم كۆپچىلىككە زىيانكەشلىك قىلىپ قويدۇم...،ــ دېدى.
لىن خەيیۈن ئۇنى شاپىلاقلاپ قويۇپ دېدى:
ــ بۇنى سىزدىن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئەگەر سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام ئەينى چاغدا مەنمۇ شۇنداق دەيتتىم.
ۋەن شيوگفېي بۇنى ئاڭلاپ زورلاپ كۈلۈپ قويدى.
قەھۋەخانىدىن چىققاندا كۈن كەچ بولغان ئىدى، كۆپچىلىك قايتىۋاتقاندا بىر قىزچاق تۇيۇقسىز دېدى:
ــ ھەي، بىز خەيیۈن ئاچامنىڭ سېھرىي كۈچىنىڭ قانچىلىكلىكىنى سىناپ باقمامدۇق؟
چېن جىكۈن چۆشەنمىگەن هالدا سورىدى:
ــ سىز نېمىشقا تۇيۇقسىز بۇنداق قىلماقچى بولۇپ قالدىڭىز؟ بۇنىڭ سىنىغۇدەك نېمىسى بولسۇن؟!
ھېلىقى قىزچاق كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:
ــ سىز تېخى بىلمەمسىز؟ ھېلىلا قەھۋەخانىدىكى ۋاقتىمىزدا ئۇيەر لىق توشقان ئىدى! نۇرغۇن كىشىلەر تېخى باشتىن ـ ئاخىر خەيیۈن ئاچامغا باشتىن ـ ئاياق توختىماستىن قاراپ چىقتى، ئەگەر بىز كۆپ بولمىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ...،ــ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قەستەن سىرلىقلاشتۇرۇپ سۆزدىن توختىۋالدى.
ــ ياخشىغۇ، مېنىڭمۇ خەيیۈن ئاچامنىڭ زادى قانچىلىق سېھرىي كۈچى بارلىقىنى بىلگۈم بار ئىدى، بىز سىناپ باقايلى!ــ دېدى يەنە بىر قىزچاق خۇشاللىقتىن چاۋاك چېلىپ. لىن خەيیۈن بېشىنى چايقاپ:
ــ بولدىلا، كەچ بولۇپ كەتتى، بىز تېزراق كېتەيلى!ــ دېدى.
ــ ھېچنېمە بولمايدۇ، ۋاقىت تېخى بالدۇر، كېچىكىپ قالمايمىز!ــ ئىككىيلەن ئۆتۈنۈش نەزىرىدە لىن خەيیۈنگە قارىدى. ئۇلارنىڭ يۈمشىتىشى نەتىجىسىدە، ئەڭ ئاخىرى لىن خەيیۈن

تەسلىم بولغىنىنى جاكارلاپ دېدى :
ــ بولدى، بولدى! ئۇنداقتا سىلەر قانداق سىنىماقچى؟
بىر قىزچاق ئالدىدىكى پىيادىلەر كوچىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ :
ــ بىز خەيىيۇن ئاچامغا ھەمراھ بولۇپ بۇ يەردىن ئۆتىمىز، سىلەر ئىككىڭلار يىراقراق ئەگىشىپ مېڭىڭلار، بىزگە ئادەملەر كېلىپ ئېغىز ئاچامدۇ ـ يوق؟ قاراپ باقايلى، قانداق؟ــ دېدى.
چېن جىكۇن سوغۇق تەرلىگەن ھالدا ئويلىدى :
ــ مۇشۇنداقمۇ؟ راستىنلا ئېتىقسىزكەن! مېنىڭچە لىن گېنېرالغا ئېغىز ئاچىدىغانلار ئاز ئەمەس، ئەمما سىلەرگە ھېچكىم قارىمايدۇ !
ئۇ ئىككىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۈچ قىزچاق پىيادىلەر كوچىسىغا كەلدى، كوچىدا ئادەملەر مىغىلدايتتى، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىر جۈپلەردىن ئىدى، ئۈچ چىرايلىق قىزچاق كوچىدا كۆزگە بەكمۇ چېلىقاتتى، نۇرغۇن ئادەملەر ئۇلار ئۈچىگە تىكىلىپ قاراپ قېلىشتى .
ــ نېمانداق قاراۋېرىسىز!ــ بىر قىزچاق ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغان ئوغۇل دوستىنى چىمدىدى، ئاغرىق دەستىدىن ھېلىقى يىگىت توختىماي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىناتتى. ئىككى قىزچاق بۇنى كۆرۈپ پىخىلداپ كۈلۈپ كېتىشتى. لىن خەيىيۇنمۇ سۇسقىنە كۈلۈمسىرەپ قويدى .
پىيادىلەر كوچىسىنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە تۇيۇقسىز ۋېيتنام تىلىدا :
ــ قىزچاق، سىز بەك چىرايلىقكەنسىز! سىز مودېلمۇ؟ــ دەپ سورالغان ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇرۇلۇپ قاراپ چاچلىرىنى مودا تارىغان بىر ۋېيتناملىق يىگىتنىڭ ئۆزلىرىگە گەپ قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈشتى. ئۈچەيلەن ئېسىنى يىغىپ بولغۇچە ياشلارنىڭ كارتون فىلىملىرىدىكى ئەر پېرسوناژلارغا ئوخشاش بىر يىگىت ئۆزىنى كۆرسەتكەندەك قولى بىلەن چاچلىرىنى يانغا ئېتىپ تۇرۇپ سورىدى :
ــ خېنىمنىڭ بوش ۋاقتى بارمىدۇ؟ دىدارلاشقاچ بىللە غىزالانساق قانداق؟ مەن بۇ ئەتراپتا تامىقى ناھايىتى ياخشى بىر فرانسىيەچە ئاشپوزۇلنى بىلىمەن !!
تەلەپپۇزىدىن ئۈچ قىزچاقنىڭ غىدىقى كېلىپ پۈتۈن بەدىنى تىكەنلىشىپ توخۇ ئەت بولۇپ كېتىشتى .
ــ فرانسىيە قورۇمىسى دېگەن نېمە ئۇ! ھازىر جۇڭگوچە قورۇمىلارنى يېيىش مودا بولۇۋاتىدۇ، خېنىم بىرگە بارامدۇق؟
بۇ چاغدا ئۈچەيلەن قاتمۇ ـ قات قورشاۋدا قالغىنىنى بايقاشتى، ئىككى قىزچاق مەغرۇرانە ھالدا كۈلۈپ قويۇپ ئەمدى جاۋاپ بېرەي دەپ تۇرۇشىغا، بۇ ئادەملەرنىڭ لىن خەيىيۇنگە ئېغىز ئېچىۋاتقانلىقىنى بايقاشتى... بۇ تەكلىپلەردىن لىن خەيىيۇننىڭ بېشى ئايلىنىپ كەتتى،

ئۆزىنى كېلىشكەن ھېسابلايدىغان نۇرغۇن ئەرلەر بۇ نازىنىننى تەكلىپ قىلىشنى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ كېتىشتى .

ــ ھالىڭغا باقماي ئۇنى تەكلىپ قىلىۋاتامسەن؟ يەنە 100 يىل ساقلىغىن !

ــ نېمە دەۋاتىسەن؟ مەن ئۇنى ئاۋۋال تەكلىپ قىلغان تۇرسام !

ــ ئاناڭنى! ئۆتەپ بارە نېرى، ۋاي، خېنىم چىراي، قايتىپ بېرىپ باھنى كۆچلەندۈرىدىغان دورا يەپ كۆچلىنىپ ئاندىن كەل !

بۇلارنىڭ تالىشىۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئىككى قىزچاق لىن خەيياۋنى تارتقىنىچە مۇھاسىرىدىن بۆسۈپ يۈگۈرۈپ قېچىشتى .

ــ خېنىم، توختاپ تۇرۇڭ !

ئارقىدىن بىر توپ ئادەم دەرھال ئىز بېسىپ قوغلاشقا باشلىدى .

ــ ھا...ھا...ھا... خەيياۋن ئاچا، سىزنىڭ سېھرىي كۆچىڭىزنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدىكەن!ــ دېدى بىر قىزچاق خۇشال ھالدا. لىن خەيياۋن بۇنى ئاڭلاپ ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ :

ــ تېزراق يۈگۈرەيلى، بولمىسا ئۇلار يېتىشىۋالدۇ!ــ دېدى .

يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئۈچەيلەن ھاسىرىغىنىچە توختاشتى .

ــ ئاخىرى ئۇلارنى تاشلىۋەتتۇق، ھېرىپ ئۆلەي دېدىم!ــ دېيىشتى ئىككى قىزچاق توختىماستىن ئىتتىك نەپەس ئېلىپ .

ــ ھەممىسى سىلەرنىڭ كاساپىتىڭلار، نەدىكى غەلىتە خىيالنى قىلىپ سىناق ئېلىپ بارىدىكەنسىلەر!ــ دېدى لىن خەيياۋن كۈلۈپ تۇرۇپ .

ــ بىراق نەتىجىسى چىقتىغۇ، سىز بەك يامانكەنسىز!ــ دېيىشتى ئىككى قىزچاق كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۈچەيلەن تەڭلا كۈلۈپ كېتىشتى .

ــ سىلەر ۋەن شيوڭفېيلارنى كۆردۈڭلارمۇ؟ــ سورىدى لىن خەيياۋن تۇيۇقسىز. ئىككى قىزچاق بۇنى ئاڭلاپ ئېسىنى يىغىپ :

ــ ياق، قارىغاندا ئۇلار بىلەن ئازغىشىپ كەتكەن ئوخشايمىز!ــ دېيىشتى. لىن خەيياۋن ئۇلارنى شاپىلاقلاپ قويۇپ دېدى :

ــ بولدى، كەچ بولۇپ كەتتى، بىز تېزراق ئۇلارنى تاپايلى، كەچتە تېخى بىر زىياپەتكە قاتناشمىسام بولمايدۇ .

ــ خوپ، گېنېرال لىن خەيياۋن!ــ دېيىشتى كۈلۈپ تۇرۇپ ئىككى قىزچاق تەڭلا .

ئۈچەيلەن كەينىگە ئازراق مېڭىپلا، ئالدىدا بىر توپ ئادەمنىڭ ئۆرە-تۆپە بولۇشۇپ كەتكىنىنى كۆرۈشتى. بىر قىزچاق كىشىلەر توپىدىن ئالدىراش-تېنەش بۆسۈپ چىقتى-دە،

ئالاقزادىلىك ئىچىدە لىن خەييۈن ئۆچىگە سوقۇلۇپ كەتتى.

## 52- باب قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار

لىن خەيۈن ئالاقزادىلىككە چۆمگەن قىزچاقتا قاراپ ساپ ۋېيتنام تىلىدا:

— قورقماڭ، سىزگە نېمە بولدى؟— دەپ سورىدى. ھېلىقى قىزچاق بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالاقزادىلىك بىلەن:

— ماڭا ياردەم قىلىڭ... بىر توپ لۈكچەكلەر مېنى ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولۇپ ئويناشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ!!— دېدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگەپ تۇرۇشىغا، چاچلىرىنى كونگونىڭ شاتۇتىلىرىدەك بويىۋالغان، غەلىتە ياسانغان بىر توپ ئادەم كىشىلەر توپىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كېلىشتى، ھېلىقى قىزچاق بۇلارنى كۆرۈپ دەرھال لىن خەيۈننىڭ كەينىگە مۆكۈنۈپ، قورققان ھالدا ئۇ ئادەملەرگە قاراپ تۇردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چېچىنى سېرىق بويىۋالغان، ئاتامنىغا ئوخشايدىغان بىرى مېڭىپ كېلىپ ھېلىقى قىزچاقنىڭ لىن خەيۈننىڭ كەينىگە مۆكۈنۈۋالغىنىنى كۆرۈپ، لىن خەيۈنگە شەھۋەتلىك نەزەردە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— خېنىم، دوستلىرىڭىز بىلەن كوچا ئايلاندىڭىزمۇ؟ بولمىسا بىز بىلەن بىللە ئويناپ كېلىڭ!— دېدى. كەينىدىكىلەر بۇنى ئاڭلاپ شەھۋەتلىك كۈلۈپ كېتىشتى. بۇنى ئاڭلاپ لىن خەيۈننىڭ يېنىدىكى بىر قىزچاق سېرىق چاچلىقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئاچچىقلىغان ھالدا تىللىدى:

— نېمە دەۋاتىسەن؟! سېسىق ئاغزىڭنى يۇم!

— ھوي، ھەجەپ ئاچچىقى يامانكىنا، مەن دەل مۇشۇنداقلارغا ئامراق!— ئىسكىلىت سۆرىتى بېسىلغان كالتە يەڭ كۆينەك كىيگەن كىچىك لۈكچەكتىن بىرى دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ، ئەتراپتىكىلەر غەلىتە كۈلۈشۈپ كەتتى!

ھېلىقى قىزچاق بۇنى ئاڭلاپ، مۇشتۇمنى تۈگۈپ، ھېلىقى لۈكچەكنى ئۇراي دەپ تۇرۇشىغا، لىن خەيۈن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، بۇ بىر توپ ئادەمگە قاراپ:

— سىلەر ھەمراھ بولمىساڭلارمۇ بولىدۇ، بىز ھازىرلا كېتىمىز،— دېدى-دە، ھېلىقى قىزچاق ۋە قالغان ئىككى ھەمراھىنى تارتقىنىچە ماڭماقچى بولدى. ئۇلار ئەمدى بۇرۇلۇشىغا سېرىق چاچلىق شەرەت قىلدى، بۇ بىر توپ ئادەملەر دەرھال لىن خەيۈن تۆتەيلەننى قورشىۋالدى،

بۇ چاغدا ئەتراپقا بىر توپ ئادەم يىغىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئەمما ھېچكىم ئالدىغا چىقىپ سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمىدى. سېرىق چاچلىق مېڭىپ كېلىپ لىن خەييۈنگە قاراپ يالغان كۈلۈپ:

— خېنىم، بىزنىڭ سىلەرنى بىرگە ئويناشقا تەكلىپ قىلغىنىمىز سىلەرنىڭ شەرىپىڭلار، تولا ھۆرمەتلىگەننى بىلمەي تۇرۇۋالماڭلار، — دېدى. لىن خەييۈن بۇنى ئاڭلاپ سۇسقىنە كۈلۈمسىرەپ قويۇپ دېدى:

— بولىدۇ، سەن پەقەت بۇ قىزچاقنى ئاۋال ماڭغۇزىۋەتسەڭ، بىز ساڭا ھەمراھ بولايلى.

سېرىق چاچلىق لىن خەييۈننىڭ كەينىدە مۆكۈپ تۇرغان ھېلىقى قىزچاققا قاراپ قويۇپ:

— سىزدەك گۈزەل قىز ھەمراھ بولسا، ئۇنىڭغا كىم قارايتتى؟ — دېدى. لىن خەييۈن بۇرۇلۇپ ھېلىقى قىزچاققا قاراپ:

— سىز دەرھال مېڭىڭ، بىزدىن ئەنسىرىمەڭ، — دېدى. ھېلىقى قىزچاق بۇنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى. سېرىق چاچلىق بىر قولىنى لىن خەييۈننىڭ مۆرىسىگە ئېلىپ غەلىتە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ماڭايلى، گۈزىلىم! بىز بۈگۈن تازا بىر يايرىۋالايلى! — دېدى. باشقىلار قالغان ئىككى قىزچاقنىڭ ئۇيەر-بۇيەرلىرىنى تۇتقىنىچە مېڭىشتى. ئۇلارنىڭ كەتكىنىنى كۆرگەن كىشىلەر بەس-بەستە سۆزلەپ قېلىشتى.

— ئۇلار ئېلىپ كېتىلدى، ئۇ ئۈچ قىزچاق بەك بىچارىكەن!

— ساقچىغا تېزراق مەلۇم قىلايلى!

— ئاۋۇ بىر توپ ئادەم بەك بىچارىكەن! — كۆپچىلىك ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ، بىر دۆۋە نەرسە كۆتۈرۈۋالغان ئىككى ئادەمنىڭ مېڭىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈشتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ھەربىي فورما كىيىۋالغان ئىدى.

— ئۇ ئىككىيلەن جۇڭگولۇقكەن، ئىچىدە بىرسى پودپولكوۋنىككەن تېخى!

— پودپولكوۋنىك؟ مۇمكىن ئەمەستۇ! پودپولكوۋنىكمۇ شۇنچىۋالا كۆپ نەرسە كۆتۈرەمدۇ؟

كىشىلەر ھەيرانلىق نەزىرىدە بۇ ئىككىيلەنگە قاراپ قېلىشتى. ھېلىقى بىر توپ ئادەمنىڭ يىراقلىشىۋاتقان قارىسىغا قاراپ، ۋەن شيوگفېي بېشىنى بۇراپ دېدى:

— چېن جىكۈن، بىز لىن خەييۈنلەرگە ياردەم بېرەيلىمۇ؟

چېن جىكۈن بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— ھا...ھا...ھا... بولدى، سىز يەنىلا ئاۋۇ بىر توپ ئادەمگە ياردەملىشىپ قۇتقۇزۇش ماشىنىسى چاقىرىپ بېرىڭ!

بىر تار كوچىدا لىن خەييۈن يول بويى گەپ قىلماي مېڭىۋاتاتتى. سېرىق چاچلىق لىن

خەيىيۇننىڭ كۆكسىگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن :
ــ بۇنچە قورقۇپ كەتمەڭ! خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىزگە چوقۇم ئوبدان كۆيۈنىمەن،ــ دېدى. لىن خەيىيۇن بۇنى ئاڭلاپ بېشىنى بۇراپ يېنىككىنە كۈلۈمسىرەپ :
ــ مەنمۇ سىزگە ئوبدان جاۋاپ قايتۇرىمەن،ــ دېدى. تۇيۇقسىز لىن خەيىيۇننىڭ تەرى تۇرۇلۇپ قاتتىق ۋاقىرىدى :
ــ سەن قاچانغىچە مۆرەمنى تۇتۇپ تۇرىسەن؟
سۆزنى تۈگىتىپ، سېرىق چاچلىققا كۈچەپ بىر پەشۋا ئېتىپ ئۇنىڭ قورسىقىغا تەپتى، سېرىق چاچلىق يەرگە يىقىلىپ مىدىرلىيالماستىن، توختىماي ئىنجىقلاپ ۋايساشقا باشلىدى !
ــ ۋاھ! بۇ بىر تېپىك ئۇنى چوقۇم بەك ئاغرىتىۋەتتى!ــ دېدى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىپ، ئانچە يىراق بولمىغان جايدا تۇرغان ۋەن شيوگېيى ھېسسىداشلىق نەزىرى بىلەن قاراپ. تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ ئۆزگىرىشتىن بۇ بىر توپ ئالىقاناتلار دەماللىققا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قېلىشتى، بۇنى كۆرۈپ قالغان ئىككى قىزچاق ئۆزلىرىگە ياندىشىپ مېڭىۋاتقان لۈكچەكلەرنىڭ پۇتىغا دەسسەپ تۇرۇپ، يۈزىگە مۇشت ئاتتى، ئۇلارنىڭ ئىككى تال ئۇدۇل چىشى دەرھال ئۇچۇپ چىقتى. ھېلىلا قوزىدەك يۇۋاش، ئاجىز تۇرغان قىزچاقلار بىردەمدە قاتتىق ئۆزگەرگەن ئىدى .
ــ ئـانـاڭـنـى! بۇ جـالاپـلارنىڭ ئەدىۋىنى راسا بېرىڭلار !
بۇنى ئاڭلاپ بۇ بىر توپ ئادەم مۇشتلىرىنى پۇلاڭلىتىپ كېلىشتى، لىن خەيىيۇن ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ بېلىكىدىن كاپپىدە تۇتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئېنېرتسىيىسىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ قورسىقىغا قاتتىق بىرنى ئۇستى! قاراسسىدە قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يەنە بىر ئادەم ياندىكى قىزچاق تەرىپىدىن بېلىكى سۇندۇرۇلۇپ يەرگە يىقىلىپ توختىماي ۋايساشقا باشلىدى، بۇنى كۆرۈپ ھېلىلا كۆرەڭلەپ كېلىشكەن لۈكچەكلەرنىڭ ھەممىسى توختاپ قېلىشتى ـ دە، قورققان ھالدا بۇ ئۈچ قىزچاققا قاراپ قېلىشتى. لىن خەيىيۇن ئۈچىسى ئۇلارغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويۇشتى، ئارقىدىنلا ئۇرۇشقان، چىقىرىغان، يەرگە يىقىلغان ئاۋازلار ئۈزۈلمەي چىقىشقا باشلىدى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئاللاقازادىلىككە چۆمگەن ئىككى لۈكچەك يىقىلىپ ـ ئۆملەپ دېگەندەك يۈگۈرۈپ قېچىپ چىقىشتى .
ــ قارىغاندا ئاياقلاشقان ئوخشايدۇ،ــ ۋەن شيوگېيى بىلەن چېن جىكۇن ئالدىرىماي كوچا ئېغىزىغا مېڭىپ كېلىپ كوچا ئىچىگە قاراپ قويىدى. كوچا ئىچىدە ئادەملەر لىق تولۇپ ياتاتتى، ئاغرىق دەستىدىن ئۇلار توختىماي ۋايسايتتى. لىن خەيىيۇن ئۈچىسى مېڭىپ چىقىۋاتاتتى، بىر قىزچاق ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەنسىتمىگەن قىلىپ قوللىرىنى قېقىشتۇرۇپ قويىدى، ئاندىن ۋەن شيوگېيى بىلەن چېن جىكۇننى كۆرۈپ ناپا بولغان ھالدا :

ــ قاراڭلار سلەرنى، تازىمۇ بىر، بىزنىڭ بوزەك بولۇۋاتقىنىمىزنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ بىزگە ياردەم بەرمىدىڭلار!ــ دېدى .

ــ مېنىڭ شۇنداق ياردەم بەرگۈم بار ئىدى، ئەمما ھازىر بۇ ئەھۋالدا بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقكەن!ــ دېدى ۋەن شيوگفېي سوغۇق تەرلىگىنىچە. چېن جىكۇن بوشقىنە دېدى :

ــ ئەگەر بىز ياردەم بەرگەن بولساق چوقۇم ئۆلۈم ۋەقەسى چىققان بولاتتى!ــ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ ئالدىراپ سورىدى،ــ ئۆلاردىن ئادەم ئۆلمىگەندۇ؟

لىن خەييۈن بېشىنى لىڭشىتىپ :

ــ خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئۇلارغا رەھىم قىلدىم، ئەمما بۇ ئىككىسى ھالىدىن خەۋەر ئالغانلار دوختۇرخانىدا يېرىم ئايلارچە ياتمىسا بولمايدىغان ئوخشايدۇ،ــ دېگىنىچە ئىككى قىزچاققا قاراپ ئىلاجىسىزلىقتىن كۈلۈپ قويدى، ئىككى قىزچاق بۇنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلانغىنىچە كۈلۈپ قويۇشتى .

بۇ چاغدا بىر نەچچە ساقچى ماشىنىسى غۇيۇلدىغىنىچە كېلىپ توختىدى، ماشىنا توختاش بىلەنلا بىر توپ ساقچى ئېتىلىپ چۈشتى .

ــ بۇ يەردە ئىش تېرىۋاتقان كىم؟ــ باش بولۇپ كەلگەن ساقچى ۋاقىرىدى .

ــ ئـانـاڭـنـى! ساقچىلار نېمىشقا ھەر قېتىم ئىش تۈگىگەندە كېلىدىغاندۇ؟ــ دېدى ۋەن شيوگفېي نارازى بولغان ھالدا .

ــ ئىش تېرىغىنى بۇ يەردە ياتىدۇ،ــ دېدى چېن جىكۇن قولى بىلەن كوچا ئىچىنى كۆرسىتىپ. ھېلىقى ساقچى چېن جىكۇننىڭ ھەربىي فورما كىيۋالغىنىنى كۆرۈپ، دەرھال ئېھتىياتچانلىق بىلەن سورىدى :

ــ سوراپ باقاي، سلەر نېمە قىلىدىغان ئادەملەر؟

لىن خەييۈن كۆزەينىكىنى ئېلىۋېتىپ كېلىپ دېدى :

ــ مەن سلەرنىڭ دۆلىتىڭىزلارغا زىيارەتكە كەلگەن جۇڭگو ئالەم قىسىملىرىنىڭ قوماندانى گېنېرال لىن خەييۈن بولىمەن .

ئۇ سۆزلىگەچ كېنىشكىلىرىنى كۆرسەتتى، ھېلىقى ساقچى ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى، ئۇ لىن خەييۈنگە يەنە بىر قاراپ بىر ھازا تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئالدىراش ـ تېنەش لىن خەييۈنگە بىر ئاز ساقلاشنى ئېيتىپ، ئالدىراشلىق بىلەن تېلېفون قىلىپ يوليورۇق سورىدى، بىر مىنۇتقا يەتمەيلا، ھېلىقى ساقچى قايتىپ كېلىپ، دەرھال سورىدى :

ــ كەچۈرۈڭ، لىن خەييۈن خېنىم! سلەر يارىلاندىڭلارمۇ ـ يوق؟ دوختۇرخانىغا بېرىپ ئوبدانىراق تەكشۈرتۈپ باقامسلەر؟

لىن خەييۈن بېشىنى چايقىغىنىچە :

ــ ھېچقىسى يوق، بىزگە ھېچنېمە بولمىدى! پەقەت ئاۋۇ يەردە ياتقانلارلا دوختۇرخانىغا بېرىپ ئوبدانراق تەكشۈرتۈپ كۆرۈشكە مۇھتاج،ــ دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ھېلىقى ساقچى دەرھال يېنىك تىن تارتىپ قويۇپ:

ــ بىز بىلدۇق، بۇ... سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇق، بىزگە ماسلىشىپ خاتىرە قالدۇرۇپ بەرگەن بولسىڭىز بولامدۇ؟ــ دەپ سورىدى. لىن خەييۈن بېشىنى لىڭشىتىپ:

ــ ئەلۋەتتە، بولىدۇ،ــ دېدى. لىن خەييۈن تۇيۇقسىز بىر نېمە ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ ئالدىراپ سورىدى:

ــ كەچۈرۈڭ، سوراپ باقاي، ھازىر سائەت نەچچە بولدى؟

ــ ھە! ھازىر سائەت 6 دىن 37 مىنۇت ئۆتتۈپتۇ،ــ دېدى ھېلىقى ساقچى سائىتىگە قارىۋېتىپ. لىن خەييۈن بۇنى ئاڭلاپ ئالدىراپ قالدى:

ــ ئاپلا، ۋەن شيوگفېي، بىز كەچتە زىياپەتكە قاتناشماقچى ئەمەسمىدۇق! كېچىكىپ قالىدىغان بولدۇق!

ۋەن شيوگفېيمۇ بۇنى ئاڭلاپ جىددىيلىشىپ دېدى:

ــ مەنمۇ ئۇنتۇپتىمەن، ھازىر خەلق سارىيىغا بارساق ...

ــ ئەگەر ماقۇل كۆرسەڭلار، بىز سىلەرنى ساقچى ماشىنىسىدا ئاپىرىپ قويايلى،ــ دېدى ھېلىقى ساقچى ئالدىغا چىقىپ.

ــ بۇ... چېن جىكۈن، سىلەر ماڭا ياردەملىشىپ بۇ ئىشقا چۈشەنچە بەرسەڭلار بوپتىكەن،ــ دېدى لىن خەييۈن بىردەم ئارىسالدى بولۇپ. چېن جىكۈن بىلەن قالغان ئىككى قىزچاق بېشىنى لىڭشىتىپ:

ــ چاتاق يوق، گېنېرال، سىز تېزراق بېرىڭ!ــ دېيىشتى.

خانوي شەھىرى، بىر نەچچە ساقچى ماشىنىسى ھۇشقۇيتقىنىچە ماڭماقتا. ماشىنا ئىچىدە لىن خەييۈن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن قاپىقىنى تۈرگىنىچە ئولتۇراتتى. ۋەن شيوگفېي ئۇنىڭغا قاراپ:

ــ ئەنسىرىمەڭ گېنېرال، بىز كېچىكىپ قالمايمىز،ــ دېدى. لىن خەييۈن بېشىنى بۇراپ:

ــ مەن بۇنىڭدىن ئەنسىرىمىدىم، مېنىڭ ئويلاۋاتقىنىم پەقەت نېمىشقا جەڭ ئەمدى ئازراق توختىسىلا مۇشۇنداق ئادەملەر پەيدا بولىدىغاندۇ؟ زادى نېمىشقا؟ــ دېدى.

## 53ـ باب ئالاھىدە يېڭى ئەسكەر

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ۋەن شيوگفېي دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئىككىيلەن چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمدى .

ــ جاراھەت ساقايسا ئاغرىقنى ئۇنتۇيدىغان ماددىي مەنپەئەتنىڭ قۇللىرى! ئادەملەر تېنچ تۇرمۇشقا ئادەتلەنسىلا ھامان مۇشۇنداق ئادەملەر پەيدا بولىدۇ،ــ دېدى لىن خەييۈن،ــ دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىمۇ مۇشۇنداق، 2ـجاھان ئۇرۇشى مەزگىلىدىمۇ مۇشۇنداقتى، تېنچ ئوكيان ئۇرۇشىدا ئامېرىكا ياپونىيىنى چەكلەش ئۈچۈن جۇڭگوغا نۇرغۇن ماددىي ئەشيا ياردىمى بەرگەن ئىدى! بىراق ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە ئىستىراتېگىيىلىك ھەمراھلاردىن بولۇپ قالدى، جۇڭگو بولسا جازالاش ئوبيېكتىغا ئايلاندى، ئەمما ئامېرىكا ياپونىيىنىڭ باكتېرىيە قوراللىرى ئىچىدە مەخسۇس ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا تەتقىق قىلىپ ياسالغانلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن .

ۋەن شيوگفېي ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ دېدى :

ــ ھەر ئىككى تەرەپ مەنپەئەت ئۈچۈن، ئۇرۇش ۋاقتىدا غەلبىنى بىرىنچى، ئۇرۇشتىن كېيىن مەنپەئەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدى! ئۇرۇش ۋاقتىدا مەيلى ھەر قانچە ياخشى ئىتتىپاقدىشى بولۇپ كەتسۇن، ئۇرۇشتىن كېيىن غالجىر بۆرىلەرگە ئايلاندى، پادا باققاندا دوست بولۇپ، ياغاق چاققاندا ئايرىلدى (جاپادا بىرگە بولۇپ، ھالاۋەتتە ئايرىلدى). ئادەم دېگەن مۇشۇنداق، ئېھتىمال توختىماي ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بولسا، بىز ئاندىن ئەڭ ئىتتىپاق ھالىتىمىزنى ساقلىيالايدىغان ئوخشايمىز !

لىن خەييۈن بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ :

ــ زېگېرلارنىڭ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇلار بىز ئىنسانلارنىڭ مۇشۇنداق ھالىتىمىز سەۋەپلىك ھازىرقى ئۆزلىرىنىڭ ئۈچىغا چىققان ھۆكۈمرانلىق شەكلىنى ــ مۇتلەق بويسۇندىغان ھۆكۈمرانلىق شەكلىنى تاللىۋالدى!ــ دېدى. ۋەن شيوگفېي بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن دېدى :

ــ بىز ئىنسانلار ھەقىقەتەن زېگېرلاردەك ئىتتىپاق ئەمەس، ئەمما بىزنىڭ تەرەققىي قىلىشىمىز ئۈچۈن چوقۇم ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرۈشىمىز لازىم، ئۇرۇش بولسا مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ كاتالىزاتورى، ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇن مۇھىم كەشپىياتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشنىڭ مەھسۇلى! مەسىلەن: يادرو ئېنېرگىيىسى. ئامېرىكا ئەينى يىلى ياپونىيىگە ئاتوم بومبىسى تاشلىغاندىن

كېيىنلا، ئىنسانلار ئاندىن يادرو ئېنېرگىيىسىنىڭ قۇدرىتىنى بىلدى، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا بۇ خىل كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان قۇدرەتنى خەلق ئىشلىرى جەھەتتە ئىشلەتتى. بۇ خىل كاتالىزاتورنىڭ زەھىرىمۇ بار، نەتىجىسى بولسا بىزگە ناھايىتى ئېغىر زىيانكەشلىك ئېلىپ كەلدى.

لىن خەييۈن بۇنى ئاڭلاپ ئۇھ تارتىپ قويۇپ، بېشىنى لىڭشىتقىنىچە دېدى:

ــ دۇرۇس! بىراق زېگېرلار ئىنتايىن ئەقىللىق ئىكەن، ھېچ بولمىغاندا كاتالىزاتور قوشقاندا ئۇنىڭ زەھىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرىدىكەن، ئۇلار ئەزەلدىن ئۆز ئارا قىرغىن قىلىشمايدىكەن، ئەكسىچە باشقا ئىرقلارغا تاجاۋۇز قىلىشقا تايىنىپ ئۆزلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىكەن. بۇنداق بولغاندا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چىقىمىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپلا قالماستىن، يەنە نۇرغۇن بايلىققا ئېرىشىدىكەن، ئەڭ مۇھىمى ئۇلار ئۇرۇش ئارقىلىق غىدىقلىنىپ تەرەققىي قىلىدىكەن، بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر چالمىدا ئۈچ پاختەك سوققان بولىدىكەن! بىراق ئىنسانلار سىز دېگەندەك توختىماستىن ئۆز ئارا قىرغىن قىلىشقا تايىنىپ تەرەققىي قىلىدىكەن، بۇنى زېگېرلارغا سېلىشتۇرغاندا ئەڭ ئەخمىقانە بىر خىل ئۇسۇل دېيىشكە بولىدۇ!

ۋەن شيوڭفېي بۇنى ئاڭلاپ ماقۇللىغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى، ئەمما ئۇ بىر ئاز خالىمىغاندەك قىلىپ دېدى:

ــ سىزنىڭچە بىز ئىنسانلار ئۇلارنى دوراپ ئىتتىپاقلىشىپ سىرتتىن تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن دۈشمەنلەرگە بىردەك تاقابىل تۇرۇپ، ئۆز تەرەققىياتىمىزنى باشقىلارنى يوقىتىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشىمىز كېرەككەن ـ دە؟ بىراق بىز زېگېرلاردەك ئۆزلۈك ئېڭى يوق جانلىق ئەمەستە!

لىن خەييۈن ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

ــ بۇنداق تەرسالىق قىلماڭ! بۇمۇ بىر خىل چارە ئەمەسمۇ، ئويلاپ بېقىڭ، ئەگەر بىز ئىنسانلار بۇ قېتىملىق ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرمەي، ئۆزىمىزدىن ئاجىز ئىرقنى بايقىغان بولساق، سىز كاپالەت بېرەلەمسىز، ئىنسانلار ئۇلارنى قۇل قىلماسمىدى؟ ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلماسمىدى؟

ــ مەن... بۇ... مەن كاپالەت بېرەلمىگۈدەكمەن، بىراق مەن بۇ يەردە شەخسەن ئۆز مەيدانىمنى شەرھىيلەپ قوياي، مەن بۇنداق قىلىشقا قەتئىي قارشى تۇرىمەن!ــ دېدى ۋەن شيوڭفېي دەماللىققا جاۋاپ بېرەلمەي. لىن خەييۈن بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

ــ سىزنىڭ قارشىلىقىڭىز پەقەت ئۆزىڭىزگىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ، باشقىلارنىڭكىگە بىر نېمە دەپ بولمايدۇ!ــ دېدى. لىن خەييۈن سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىردەم توختىۋالدى، ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەمەلىيەتتە مەن ئىنسانلارنىڭ ئۆزىدىن باشقا ئىرقلارغا تاجاۋۇز قىلىشىنى خالايمەنكى، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارا قىرغىن قىلىشىشىنى كۆرۈشنى خالىمايمەن .

لىن خەييۈن سۆزىنى تۈگىتىپ يەنە سۈكۈتكە چۆمدى، ۋەن شيوگفېينىڭ يەنە نېمىلەرنىدۇ دېگۈسى بار ئىدى، بىراق بوغۇزىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋەتتى .

ساقچى ماشىنىسى خانوي شەھىرىدە ئۇچقاندەك چاپماقتا، چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمگەن لىن خەييۈن تۇيۇقسىز بىر نېمىنى ئېسىگە ئېلىپ جىددىيلەشكەن ھالدا :

— ئاپلا، مەن كىيىم يەڭگۈشلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن!— دېدى. ۋەن شيوگفېيمۇ بۇنى ئاڭلاپ ئېسىنى يىغىپ، ئۇنىڭغا قاراپ دېدى :

— مەن تېخى نېمە ئىشكىن دەپتىمەن! ھېچقىسى يوققۇ، مۇشۇ كىيىملىرىڭىزمۇ يارىشىپتىغۇ .

لىن خەييۈن ناھايىتى جىددىيلەشكەن ھالدا :

— نېمىگە ھېچقىسى يوق، بىز دېگەن ھەربىي تۇرساق، بۇنداق سورۇنلارغا بۇنداق كىيىنىپ بارساق يۈزىمىز چۈشۈپ كېتىدۇ!— دېدى. ۋەن شيوگفېي ھېچنېمە بولمىغاندەك دېدى :

— بۇنداق جاھىل بولۇپ كەتمەڭ، لىن گېنېرال، ناھايىتى بىر كىچىلىك زىياپەتقۇ، بەكمۇ رەتلىك بولۇپ كەتمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ .

لىن خەييۈن ئازراق خاتىرجەم بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى، ئاخىرى سائەت يەتتىدىن بۇرۇن ئۇلار خەلق سارىيىغا يېتىپ كەلدى، لىن خەييۈن بىلەن ۋەن شيوگفېي ماشىنىدىن چۈشۈپلا سائەتلىرىگە قاراپ قويۇپ، زىياپەت زالىغا قاراپ ئالدىراش يۈگۈرۈپ كېتىشتى. زىياپەت زالى بۇ چاغدا مېھمانلار بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ۋېيتنامدىكى ھەر قايسى ئاساسلىق ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى كەلگەن ئىدى، لى رەئىس چېن دېلياڭ بىلەن كۆلكە-پاراڭ قىلىشقاچ، ئىشىك تەرەپكە پات-پات قاراپ قوياتتى .

—لىن خەييۈن نېمىشقا تېخىچە كەلمەيدىغاندۇ؟— جوۋ تيەنخۇا خاتىرجەمسىزلىنىپ قوللىرىنى توختىماي ئۇۋۇلايتتى .

— ماددىي ئەشيانى بىز ئەڭ تېز سۈرئەتتە يەتكۈزۈپ بېرىمىز، ئالەم كېمىسى قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە سىلەردە قانچىلىك ئىلگىرىلەش بولدىكىن؟— سورىدى لى رەئىس .

— ئالەم كېمىسى قۇرۇلۇشىدا سىلەر جۇڭگونىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قىلغان ياردىمىڭلار بولغاچقا، ھازىر بەش دانە ئالەم كېمىسى ياسىلىش پاسقۇچىدا، بىز 87% ئەتراپىدا تاماملاپ بولدۇق، ئۇزۇن ئۆتمەيلا پۈتىدۇ،— دېدى چېن دېلياڭ جاۋاپ بېرىپ. لى رەئىس سۈرلۈك ھالدا :

— بۇنى چوقۇم تېز تاماملاڭلار، بۇندىن كېيىنكى ئۇرۇشتا بىز پۈتۈنلەي مۇشۇ ئالەم كېمىلىرىگە تايىنىپ ئۇلارغا تاقابىل تۇرىمىز، باشقا ھەربىي تەييارلىقلارمۇ ئەڭ تېز سۈرئەتتە

ياخشى ئىشلەنسۇن، بىز جۇڭگو سىلەرگە پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ياردەم بېرىمىز،ــ دېدى .

ــ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ،ــ دېدى چېن دېلياڭ بېشىنى لىڭشىتىپ. بۇ چاغدا جوۋ تيەنخۇا كېلىپ :

ــ رەئىس، گېنېرال لىن خەيپۈن بىلەن ۋەن شيوگېفېي كەلدى،ــ دېدى. لى رەئىس بىلدىم دېگەندەك قولىنى شەرەتلىدى. ئاڭغىچە لىن خەيپۈن بىلەن ۋەن شيوگېفېي يۈگۈرگىنىچە كېلىشتى ـ دە، ئۆزرە ـ خالىق ئېيتىپ :

ــ كەچۈرۈڭ رەئىس، كېچىكىپ قالدۇق،ــ دېيىشتى. جوۋ تيەنخۇا سائىتىگە قارىپ قويۇپ گۇدۇڭلىدى :

ــ ئانچە كېچىكمىدىڭلار، دەل ئۆلگۈردۇڭلار، بۇ قېتىم قانداق باھانە كۆرسىتىسلەر؟

جوۋ تيەنخۇا سۆزلەپ بولۇپ ئۇ ئىككىسىگە كۈلۈپ قاراپ تۇردى .

ــ ھىم... ئەمەلىيەتتە ئىش مۇنداق...ــ ۋەن شيوگېفېي ئالدىرىماي بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردى، چېن دېلياڭ بۇنى ئاڭلاپ ئاچچىقلانغان ھالدا :

ــ بۇ ئادەملەر ھەددىدىن بەك ئېشىپ كېتىپتۇ، ئۇلارنى چوقۇم ئوبدانراق ئەدەپلەپ قويۇش كېرەككەن،ــ دېدى. لى رەئىسمۇ ئاڭلاپ بېشىنى چايقاپ ئۇھ تارتىپ :

ــ ھەي! ئۇرۇش ئەمدى ئازراق توختاپ بولغۇچە بۇنداق ئادەملەر پەيدا بولۇپتۇ،ــ دېدى. لىن خەيپۈن تەكلىپ بېرىپ :

ــ مېنىڭ بىر ياخشى ئامالىم بار، بىلمىدىم، سىلەر خالامسىلەركىن؟ــ دېدى .

ــ دەپ بېقىڭا!ــ سورۇندىكىلەر تەڭلا دېيىشتى. لىن خەيپۈن ئاستاغىنە ئۇلارغا سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، چېن دېلياڭ :

ــ بۇنداق بولسىمۇ بولغۇدەك، ئەمما بۇنچە قىسقا ۋاقىتتا ئۆلگۈرگىلى بولارمۇ؟ــ دېدى. لىن خەيپۈن كۈلۈپ تۇرۇپ :

ــ بۇنىڭدا چاتاق يوق، قىسىمدىكى نامى چىققان قاتتىق قول مەشقاۋۇللار ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلەپ چىقالايدۇ،ــ دېدى .

ــ بولىدۇ، مۇشۇنداق بولسۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئەسكەر كەمچىل بولۇۋاتاتتى،ــ دېدى جوۋ تيەنخۇا بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ .

خانوي شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى، بىر ساقچى قاماقخانا ئىشىكىنى ئېچىپ ھېلىقى بىر توپ لۈكچەكلەرگە دېدى :

ــ سىلەر چىقىپ كەتسەڭلار بولىدۇ .

ــ بىزمۇ؟ــ ئۇلار قۇلاقلىرىغا ئىشىنەلمەيلا قالدى. ھېلىلا ساقچىلار ئۆزلىرى تۇتۇپ كەلگەندە، ئۇلارنى دۈشكەللەپ، مەسخىرە قىلغاچ نەشتىرىنى سانجىپ دېگەندەك ئېلىپ

كەلگەن ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يامان ئادەمنىڭ چىشىغا تېگىپ قالغانلىقلىرىنى ھېس قىلىشقان ئىدى، ھازىر تۇيۇقسىز قويۇپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلار تېخىغىچە تازا ئىشىنىپ كېتەلمەيۋاتاتتى. ھېلىقى ساقچى سەۋر قاچىسى تولۇپ تاشقاندەك بولۇپ:

— قۇرۇق گەپ، بۇ يەردە سىلەردىن باشقا ئادەم بارمىدى؟— دېدى.

ساقچى ئىدارىسىدىن چىققاندىن كېيىن، ھېلىقى سېرىق چاچلىق ئاتامان ئاچچىقى بىلەن:

— ئـانـاڭـنـى! كېيىنكى قېتىم غوجىئاكاڭ ئەگەر ئۇ قىزنى ئۇچرىتىپ قالسا، ئۇنى چوقۇم راسا بىر ئەدەپلەپ قويىدۇ!— دېدى.

خانوي شەھىرىدىكى مەلۇم بىر كېچىلىك بەزمىخانا، ئەمدىلا قويۇپ بېرىلگەن بۇ بىر توپ ئادەم بۇ يەرگە ئوينىغىلى كەلگەن ئىدى، سېرىق چاچلىق بەدىنىگە چېكىۋالغان بەستلىك بىرىگە خۇشامەتكويلۇق بىلەن تاماكا تەڭلەپ:

— ئاكا، ھېلىقى قىزچاقنىڭ بىرەر ئارقا تېرىكى بارمۇ ـ قانداق؟ مەن ئۇنى نەدىدۇ كۆرگەندەك قىلىمەن،— دېدى.

— ئـانـاڭـنـىڭ ئارقا تېرىكى بولامدۇ؟ ئەگەر ئارقا تېرىكى بولسا مەن سىلەرنى شۇنچە تېز كېپىللىككە چىقىرىۋالالامتىم؟ بۇ پۇلنى غوجىئاكاڭ مەن چىقارغان، ھەر قايسىڭ مەيلى ئوغرىلىشامسەن، مەيلى بۇلىشامسەن، بىر ھەپتە ئىچىدە بۇ پۇلنىڭ ھەممىسىنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىش، بولمىسا كۆرگىلىكىڭنى كۆرۈشىسەن!— دېدى ھېلىقى ئەر ئاچچىقلاپ.

— ماقۇل! ماقۇل، ئاكا!— دېدى ھېلىقى سېرىق چاچلىق خۇددى توخۇ دان چوقىغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ.

قۇلاقنى يارغۇدەك مۇزىكا ئاۋازى ئىچىدە، بەزمىخانا ئىشىكى ئېچىلدى. سېرىق چاچلىق ئۇياققا قاراپ قېتىپ قالدى، چۈشتىن بۇرۇن ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ تۈرمىدە يېتىشقا مەجبۇر قىلغان ھېلىقى قىزچاق ئۇ يەردە تۇرۇپ تۆت ئەتراپقا قاراۋاتاتتى. ھېلىقى قىزچاقنىڭ كۆزى ئۆزىگە چۈشۈشى بىلەنلا، قىزچاق ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۇ قىزچاق ناھايىتى تېزلىكتە كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېلىپ دېدى:

— سەن ئەسلىدە بۇيەردىكەنسەن ـ دە؟ مەن ھەممە يەردىن سېنى ئىزلىدىم!

ھېلىقى بەستلىك ئەر لىن خەييۈنگە قاراپ، كۆزلىرىدىن شەھۋەت ئوتلىرى چاچرىغان ھالدا سېرىق چاچلىققا:

— نېمە؟ سېنىڭ ئاشـنـاڭمۇ؟ خەپ سېنى، مۇشۇنداق ياخشى مال تۇرسا ئاۋال ماڭا دەپ قويماپسەن!— دېدى. سېرىق چاچلىق بۇنى ئاڭلاپ ئالدىراپ چۈشەندۈردى:

— ئاكا، ئۇ بىزگە زىيانكەشلىك قىلىپ بىزنى تۈرمىگە كىرگۈزگەن ھېلىقى قىز شۇ!

— نېمە؟— ھېلىقى ئەر ھەيران قالغاندەك لىن خەييۈنگە قاراپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ

شەرەتلىۋېدى، مۇزنىكا دەرھال توختىدى، ھېلىقى بەستلىك ئەر ئورنىدىن تۇرۇپ لىن خەييۈنىنىڭ يېنىغا كېلىپ :

ــ سەن مېنىڭ ئىنىمگە زىيانكەشلىك قىلىپ تۈرمىگە سولاتتىڭمۇ؟ ياۋاشلىق بىلەن راستىڭنى ئېيت، بولمىسا غوجىئاكاڭ سېنى بۈگۈن ھەرگىزمۇ بۇ ئىشىكتىن چىقارمايدۇ!ــ دېدى.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگەپ بولغۇچە ھېلىلا تانسا ئويناشقاتقان ئەر ـ ئاياللار دەرھال لىن خەيیۈنىنى قورشىۋالدى. لىن خەيیۈن ئۇنىڭغا قاراپ ئۇھ تارتىپ قويۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى :

ــ بولىدۇ، ئەسلى ئىش مۇنداق، چۈشتىن بۇرۇن ئىنىڭىزنىڭ كۆتۈۋالغىنىغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن، شۇڭا ھازىر ئالاھىتەن بۇ يەرگە سىلەرگە رەھمىتىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سىلەرنى ياخشى بىر يەرگە تەكلىپ قىلغىلى كەلدىم!

سېرىق چاچلىق بىلەن بەستلىك ئەر ھاڭۋېقىپ قالدى. تۇيۇقسىز بىر نەرسىنىڭ مېڭىسىگە تەگلەنگىنىنى ھېس قىلىشتى .

ــ تاپانچا!ــ ئارقىدىكىلەر ئالاقزادە بولۇپ ۋاقىرىشىپ كېتىشتى. دەل مۇشۇ چاغدا، بەزمىخانىنىڭ ئىشىكى تېپىپ ئېچىۋېتىلدى ـ دە، تولۇق قوراللانغان بىر توپ ئەسكەر ئېتىلىپ كىرىپ، ئالاقزادىلىككە چۈمگەن ئادەملەرنى قورشىۋالدى .

ــ ھەممىڭ قولۇڭنى بېشىڭغا ئېلىپ، يەرگە يۈكۈنۈش! قىمىرلاشما!ــ دېدى ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى ۋاقىراپ .

ــ سەن...سەن زادى... زادى نېمە ئادەم؟ــ سېرىق چاچلىق بىلەن بەستلىك ئەر يەرگە تىزلىنىپ تۇرۇپ خاتىرجەم بولالمىغان ھالدا سورىدى. لىن خەيیۈن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ :

ــ مېنىڭ كىملىكىم مۇھىم ئەمەس، ھېلىلا سىلەرنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي كۈچۈڭلار بەكمۇ ئۇرغۇپ تېشىپتىكەن، مېنىڭچە، سىلەر ئالەم پىيادە قىسىملىرىنىڭ مەشىقىگە بەرداشلىق بېرەلىگۈدەكسىلەر، ئەگەر باشقا مەسىلە بولىسا، بىز ئاي شارىغا بارغاندا ئالدىرىماي دېيىشەرمىز!ــ دېدى.

## 54ـ باب كىچىككىنە مالىمانچىلىق

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندىلا بۇ بىر توپ لۈكچەكلەر ئەسكەرلەر تەرىپىدىن ئاي شارىغا ساياھەتكە ئاپىرىدىغان «مەخسۇس ئۇچقۇ»غا يالاپ چىقىرىلدى !

ــ توختاپ تۇرۇڭلار! مەن ئادۋوكات چاقىرىمەن، سىلەر بۇنداق قىلساڭلار بولمايدۇ !

ــ مېنى قويۇۋېتىڭلار، سىلەرنىڭ بۇنداق قىلغىنىڭلار خەلقنى باستۇرغانلىق، كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى قىلغانلىق !

ــ مەن ئاي شارىغا بارمايمەن، قۇتقۇزۇڭلار !

ــ ئـانـاڭـنـى! قالايمىقان مىدىراشماي چىقشە!ــ بىر توپ ئەسكەر بۇ بىر توپ ئادەمنى دۈشكەللەپ تارتىپ مەخسۇس ئۇچقۇغا چىقىرىپ، ئورۇندۇققا باغلىدى، يالاپ ماڭغۇچىلارنىڭ ئەترەت باشلىقى تېخىمچە ۋاقىراپ ـ جاقىراپ غەلۋە قىلىۋاتقان بۇ بىر توپ ئادەمگە قاتتىق ۋاقىرىدى :

ــ ئاغزىڭنى يۇمۇش! ئەگەر كىمدىكىم يەنە زۇۋاننى چىقىرىدىغان بولسا، مەن ئۇنى ئالەم بوشلۇقىغا تاشلىۋېتىمەن !

بۇنىڭ بىلەن ئۇچقۇ بۆلمىسى دەرھال تىنچلاندى .

ــ قويۇپ بېرىلىش ئالدىدىكى ئون سېكۇنت، ھەربىرىڭلار بىخەتەرلىك تاسمىسىنى تاقاپ تەييارلىنىڭلار!ــ بارلىق ئەسكەرلەر بۇنى ئاڭلاپ دەرھال ئۆز ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇشتى، ھېلىلا تېخى قاتتىق ئاچچىقلىغان ھېلىقى ئەترەت باشلىقىنىڭ پۇتى ئازراق تىترەشكە باشلىدى .

ــ قارىغاندا بەك جىددىيلەشكەندەك قىلىسىز ـ ھە، ئەترەت باشلىقى؟ــ سورىدى يېنىدىكى ئەسكەر. ھېلىقى ئەترەت باشلىقى بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ :

ــ شۇنداق، تۇنجى قېتىم ئالەم بوشلۇقىغا چىقىۋاتقاچقا جىددىيلىشىشتىن ساقلانغىلى بولمايدىكەن! بىراق يەنىلا ئاشۇ ئەخمەقلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن، ئەگەر ئۇلار بولمىسا بىزگە بۇ پۇرسەت نەدە تۇرۇپتۇ ؟ــ دېگەچ ئورۇندۇققا باغلاپ قويۇلغان ھېلىقى بىر توپ لۈكچەكنى كۆرسەتتى .

ئالەم كېمىسىنىڭ قارىسى يۈتكەندىن كېيىن، لى رەئىسلەرنىڭ بۇ قېتىملىق ۋېيتنام زىيارىتىمۇ ئاخىرلاشتى، ئۇلار ئارامىمۇ ئالماستىن، كېچىلەپ ئامېرىكىغا قاراپ يولغا چىقتى. چېن جىكۈن بىلەن ھېلىقى ئىككى قىزچاق جۇڭگو شىنجاڭ تەۋەسىدە رېمونت قىلىنىۋاتقان جۇڭخۇا دەرىجىلىك ئالەم كېمىسىگە قايتتى. شىنجاڭدا ياسىلىپ تەييار بولغان قويۇپ بېرىش سۇپىسىدا ساناقسىز خىزمەتچى خادىملار ئالدىراشلىق بىلەن ئالەم كېمىسىنى رېمونت قىلىۋاتاتتى، كىرانلار توختىماي ئالەم كېمىسىگە ماددىي ئەشيالارنى قاچىلاۋاتاتتى .

ــ بۇرادەرلەر، غەيرەت قىلايلى! ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال قورال ـ ياراقلارنى بېسىۋېتەيلى!ــ ۋاقىرىدى قوماندان قارا تەرگە چۆمگەن ھالدا. چېن جىكۈنلەر كېمە ئىچىگە چىققاندا كېمىدىن تېخىمچە سىر پۇرىقى كەتمىگەن ئىدى، ھەر قايسى تېخنىكلار ئىچكى پروگراممىلارنى تەكشەۋاتاتتى .

ــ ھەي! تەيۋەن ئۇرۇشىدىن كېيىن بۇ كېمە ئېغىر ۋەيران بولدى، ھەقىقەتەنمۇ راۋۇرۇس بىر

رېمونت قىلمىسا بولمايدىغان يېرىگە كېلىپ قالغان ئىدى، — دېدى چېن جىكۆن ئۇھ تارتىپ قويۇپ.

— ئالدىنقى قېتىم بىر ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇق، بولمىسا بىز ئاشۇ غەلىتە مەخلۇقلار بىلەن بىللە ماگنىت زەررىچە زەمبىرىگە يەم بولغان بولاتتۇق، — دېدى بىر قىزچاق ئاشۇ ئىشنى ئەسلەپ. بۇنى ئاڭلاپ چېن جىكۆن بويىننى ئەگكىنىچە بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۇمۇ ئىختىيارسىز بېشىنى لىڭشىتىپ:

— شۇنداق، بىراق لىن خەييۆن ھېچنېمە بولمايدىغاندەك كۆكرەك كېرىپ دەس تۇردى، ئۇ چاغدىكى ئەھۋالدا مەنمۇ قاتتىق جىددىيلىشىپ تەرلەپ كەتكەن ئىدىم! — دېدى. ئۆچەيلەن كۆلكە-چاقچاق قىلىشقاچ، بىلىپ-بىلمەيلا ئۆزلىرىنىڭ ئۆتۆپ كېتىپ قالغانلىقىنى بايقىمىغان ئىدى.

— توختاڭلار! بىز ھازىر نەگە كېلىپ قالدۇق؟ — سورىدى بىر قىزچاق تۇيۇقسىز ئېسىنى يىغىپ. ئۇنىڭ بۇ گېپى بىلەن قالغان ئىككىسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كېمىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى زاپاس كومپيۇتېرخانا يېنىغا كېلىپ قالغانلىقلىرىنى بايقاشتى.

— ئۆلگۆر، بىز تېزراق كېتەيلى! — دېدى چېن جىكۆن پىشانىسىگە ئۇرۇپ. ئۆچەيلەن ئەمدى بۇرۇلۇپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، بىر قىزچاق ئۇلارنى تارتىپ ئاۋاز چىقارماسلىقنى شەرەتلىدى، بوش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، ئاۋاز ناھايىتى پەس بولسىمۇ ئۆچەيلەن ئۇنىڭ كونۇپكا تاختىسى باسقان ئاۋاز ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلالىدى. چېن جىكۆن ھەيران بولغان ھالدا پىچىرلاپ:

— بۇ ۋاقىتتا ھېچكىم بۇ يەرگە كەلمەس بولغۇيتتى؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنداقتا كىم خەت بېسىۋاتىدۇ؟ جىنمۇ-يا؟ — دېدى يەنە بىر قىزچاق ئاچچىقلىنىپ. چېن جىكۆن بېلىدىكى تاپانچىسىنى چىقىرىپ:

— يۆرۆڭلار، بېرىپ قاراپ باقايلى، — دېدى. قالغان ئىككى قىز بېشىنى لىڭشىتتى، ئۆچەيلەن ئاۋايلىغان ھالدا ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆچەيلەن زاپاس كومپيۇتېرخانا يېنىغا يېتىپ كەلدى، ئۆچەيلەن ئاۋازنىڭ بۇ ئۆي ئىچىدىن چىققانلىقىنى جەزملەشتۆرگەن ئىدى. چېن جىكۆن قالغان ئىككى قىزغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئېتىلىپ كىرىپ:

— سەن كىم؟ — دېدى. ئىشىكتىن كىرىپلا چېن جىكۆن بىر قارا سايىنىڭ قاپقاراڭغۇ ئۆيدە كومپيۇتېردا مەشغۇلات قىلىۋاتقىنىنى بايقىدى، ھېلىقى قارا سايىمۇ ھەيران قالدى، ئاندىن كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك تېز سۆرئەتتە تاپانچىدەك بىر نەرسىنى چىقىرىپ ئۆچەيلەنگەن ئوق ئۆزدى. بىراق تاپانچىدىن ئېتىلغىنى ئوق بولماستىن، توك ئېقىمى ئىدى، ئۆچەيلەن توك ئېقىمى تېگىشى بىلەنلا پۆتۆن بەدىنى تارتىشىپ يەرگە يىقىلىپ مىدىرلىيالماي قالدى، قارا

سايە دەرھال ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

— ئەبلەخ، قىمىرلىما! — چېن جىكۇن تىركىشىپ كۆچەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقتى-دە، يىراقتا قېچىپ كېتىۋاتقان قارا سايىغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى، «پاڭ! پاڭ! پاڭ!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۈچ پاي ئوق ئۇچۇپ كەتتى، بىراق ئىككى پاي ئوق بىكارغا كەتتى، يەنە بىرى قارا سايىنىڭ بەدىنىگە تەگكەندىن كېيىن كۆك نۇر چاقنىدى. قارا سايە كەينىگە قاراپمۇ قويماي قېچىپ كەتتى.

چېن جىكۇن قارا سايىنىڭ قېچىپ كەتكىنىگە قاراپ قالغاندىن كېيىن، زورۇققان ھالدا ئۆيگە قايتىپ كىرىپ گۇدۇكنى باستى، گۇدۇك ئاۋازى ياڭرىغاندىن كېيىن، چېن جىكۇن پۈتۈن بەدىنى ئۇيۇشقان ھالدا يەردە قىمىرلىيالماي ئولتۇرۇپ قالدى. پۈتكۈل ئالەم كېمىسىدە گۇدۇك ئاۋازى ياڭرىغاندىن كېيىن، بىر توپ ئەسكەر دەرھال ئىش چىققان ئورۇنغا يېتىپ كەلدى.

— سىلەر قانداقراق؟ روھلۇقراق بولۇڭلار!

— دوختۇر! دەرھال كېلىپ بۇلارنى كۆرۈپ بېقىڭ!

ئەسكەرلەر ئالمان-تالمان يەردە ياتقان ئۈچەيلەننى يۆلىدى. چېن جىكۇن چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ:

— جاسۇس باركەن، ئۇ چوقۇم بۇ يەردىكى ماتېرىياللارنى ئوغرىلىدى، دەرھال چىقىش ئىشىكىنى قامال قىلىڭلار! — دېدى. ئەسكەرلەرنىڭ ئەترەت باشلىقى بۇنى ئاڭلاپ، ئۈسكۈنىلەرگە ئۇلانغان يان كومپيۇتېرغا قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئالدىراپ يېنىدىكىلەرگە تاپىلىدى:

— دەرھال ئۈستىدىكىلەرگە خەۋەر قىلىپ، بارلىق چىقىش ئىشىكلىرىنى قامال قىلىڭلار، گۇمانلىق ئۇنسۇر سوقۇنۇپ كىرىۋاپتۇ! دەرھال ئادەم ئاجرىتىپ تەكشۈرۈپ بېقىڭلار، ماتېرىياللار ئوغرىلاندىمۇ-يوق، تېز!

— ئاگاھلاندۇرۇش! بىر گۇمانلىق ئۇنسۇر ئالەم كېمىسىگە سوقۇنۇپ كىرىۋاپتۇ، قاراۋۇللار گۇماندارنى ئىزدەشكە دىققەت قىلىڭلار! — گۇدۇك ئاۋازى بىلەن كېمە ئىچى بىردىنلا ئالدىراش بولۇپ كەتتى، نۇرغۇن ئەسكەر پۈتۈن كېمە ئىچى-سىرتىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. داۋالاش ئۆيگە ئېلىپ بېرىلغان چېن جىكۇنلەرنىڭ تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، پەقەت كىچىككىنە توك زەربىسىگىلا ئۇچرىغانلىقى، باشقا خەۋپ يوقلۇقى، ئازراق دەم ئالسىلا ئوڭشىلىپ قالىدىغانلىقى جەزملەشتۈرۈلدى. دەل ئۆلگۈرۈپ يېتىپ كەلگەن تېخنىك خادىملار تەكشۈرگەندىن كېيىن ھېچقانداق ماتېرىيالنىڭ ئوغرىلانمىغانلىقىنى، بىراق پروگرامما سىستېمىسىنىڭ قايتا ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. بىراق كىشىنى ھەيران

قالدۇرىدىغىنى شۇكى، پروگراممىدا ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، ئۇن نەچچە ئالىي ئىنژېنېرنىڭ تەكشۈرۈشىدىن مەلۇم بولدىكى، پروگراممىدا بۇزۇلغان بولماستىن، ئەكسىچە ئەڭ دەسلەپكى ھالىتىدىن ياخشىلانغان ئىدى .

شىنجاڭنىڭ يەرئاستى بازىسىدىكى كېسەلخانىدا يۆچېڭلۇڭ بۇ سۆزلەرنى چېن جىكۈنگە سۆزلەپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن ناھايىتى سۈرلۈك ھالدا :

ــ يەنە بىر ئىش، گۇماندارنىڭ كىرگەن ۋاقىتتا ئىشلەتكەن شىفىرىنىڭ لىن خەييۈن گېنېرال مەخسۇس ئىشلىتىدىغان شىفىر ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق، بۇ ئىشنى بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تەكشۈرۈۋاتىمىز، بىرسى لىن گېنېرالنىڭ شىفىرىنى ئوغرىلىدىمۇ ـ يوق؟ــ دېدى. كارۋاتتا ياتقان چېن جىكۈن بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى، ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن :

ــ بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن، لىن گېنېرالنىڭ مەخسۇس شىفىرىنى پەقەت ئۇ ئۆزىلا بىلىدۇ، ئۇ شىفىرىنى ھەرگىزمۇ باشقىلارغا دەپ بەرمەيدۇ! شىفىرنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا ئىككىنچى بىر ئادەم بىلمەيدۇ!ــ دېدى. يۆچېڭلۇڭ گۇمانسىرىغان ھالدا :

ــ ئۇ ئۆزى ... چېن جىكۈن، ھېلىقى ئادەمنىڭ سىياقىنى كۆرەلىدىڭىزمۇ ـ يوق؟ــ دەپ سورىدى. چېن جىكۈن تېرىككەن ھالدا :

ــ ئەگەر مەن كۆرەلىگەن بولسام، بۇ يەردە قۇرۇق گەپ سېتىپ ئولتۇرامتىم؟ــ دېدى، سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ بىردەم تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە :

ــ ھېلىقى ئادەم... ھېلىقى ئادەم قارىماققا ھەقىقەتەنمۇ بىر ئايالغا ئوخشايدۇ!ــ دېدى. يۆ چېڭلۇڭ بۇنى ئاڭلاپ يېنىدىكى كونۋويدىن سورىدى :

ــ ھازىر لىن خەييۈن گېنېرال قەيەردە؟

ــ كۈندىلىك ۋاقىت جەدۋىلىدىن قارىغاندا، لىن خەييۈن گېنېرال ھازىر رەئىس بىلەن بىللە ئامېرىكىغا بارىدىغان مەخسۇس ئۇچقۇدا بولۇشى كېرەك!ــ دەپ جاۋاپ بەردى كونۋوي .

ــ دەرھال تېلېفوننى ئۇلاڭلار!ــ تاپىلىدى يۆ چېڭلۇڭ. چېن جىكۈن بىر نېمە دېمەكچى بولۇۋېدى، يۆ چېڭلۇڭ قولىنى شىلتىپ :

ــ مەن گۇمانلانمىدىم، مۇشۇنداق زور ئىش چىققاچقا، مەن پەقەت رەئىسكە دوكلات قىلىپ قوياي دېدىم!ــ دېدى. تېلېفون ئۇلانغاندىن كېيىن يۆ چېڭلۇڭ :

ــ مەن شىنجاڭ يەرئاستى بازىسى قوماندانى يۆ چېڭلۇڭ بولىمەن، رەئىسكە ئۇلاپ بەرسىڭىز، دوكلات قىلىدىغان جىددىي ئىش بار!ــ دېدى. تېلېفوندىن :

ــ بولىدۇ، سەل تەخىر قىلىڭ!ــ دېگەن ئاۋاز قايتتى. بىردەمدىن كېيىن لى رەئىس تۇرۇپكىنى ئېلىپ :

ــ ۋەي! مەن لى شياڭ!ــ دېدى .

ــ ياخشىمۇسىز رەئىس، شىنجاڭ تەۋەسىدىكى جۇڭخۇا دەرىجىلىك ئالەم كېمىسىدە گۇمانلىق ئۇنسۇر بايقالدى، بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئۇنى ئىزدەۋاتىمىز!ــ دېدى يۆ چېڭلۇڭ .

ــ گۇمانلىق ئۇنسۇر؟ بىرەر نەرسىنى ئوغرىلاپتىمۇ؟ــ ئازراق ھەيران بولغان ھالدا سورىدى لى رەئىس .

ــ بىز تەكشۈرۈۋاتىمىز، ھازىرچە تېخى ھېچنېمە يۈتمەپتۇ،ــ دەپ جاۋاپ بەردى يۆچېڭلۇڭ .

لى رەئىس يېنىك تىنىۋېلىپ :

ــ چوقۇم تەپسىلىي تەكشۈرۈڭلار، چوقۇم ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈڭلار، ئالدىنى ئېلىشقا دىققەت قىلىڭلار، بۇنداق ئىش ھەرگىز قايتا يۈز بەرمىسۇن!ــ دېدى .

ــ خوپ! ھە راست، رەئىس، لىن خەييۈن گېنېرال بارمۇ؟ــ دېدى يۆ چېڭلۇڭ ئۈنلۈك ھالدا .

ــ بارغۇ؟ نېمە ئىش بار ئىدى؟

ــ بىز گۇماندارنىڭ لىن خەييۈن گېنرال مەخسۇس ئىشلىتىدىغان شىفرنى ئىشلەتكىنىنى بايقىدۇق، مەن لىن خەيۈندىن بىر ئىشنى سورىماقچىدىم .

ــ بولىدۇ، سەل ساقلاڭ، خەييۈن، كېلىپ تېلېفوننى ئېلىڭە !

لىن خەييۈن كېلىپ تېلېفوننى ئېلىپ :

ــ مەن لىن خەييۈن، نېمە ئىش بار ئىدى؟ــ دەپ سورىدى. يۆ چېڭلۇڭ چېن جىكۈنگە كۆز ئىشارىسى قىلىپ قويۇپ :

ــ ياخشىمۇسىز لىن گېنېرال، بىز گۇماندارنىڭ ئالەم كېمىسىنىڭ ئىچكى پروگراممىسىنى ئۆزگەرتكىنىنى ھەمدە ئىشلەتكىنىنىڭ سىزنىڭ مەخسۇس شىفرىڭىز ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق!ــ دېدى .

ــ مېنىڭ مەخسۇس شىفرىم؟ــ ئازراق ھەيران بولغان ھالدا سورىدى لىن خەييۈن .

ــ شۇنداق!ــ جەزملەشتۈرگەن ھالدا دېدى يۆ چېڭلۇڭ .

ــ بۇ مۇمكىن ئەمەس، مەن شىفرىمنى ھېچكىمگە ئېيتىپ بەرمىگەن. ھە راست، سىلەر ھېلىقى ئادەمنى تۇتالىدىڭلارمۇ؟ــ دېن لىن خەييۈن. يۆ چېڭلۇڭ ئالدىراپ جاۋاپ بەردى :

ــ مەن ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا كەلگەندە، ئۇ ئادەم چېن جىكۈن ئۈچىنى ئايلاندۇرىۋېتىپ قېچىپ كېتىپتىكەن، بىز ھازىر پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئاختۇرىۋاتىمىز .

ــ ئۇنداقتا سىز ماڭا ياردەملىشىپ مېنىڭ مەخسۇس شىفرىمنى ئۆزگەرتىۋەتسىڭىز بوپتىكەن، زىيارەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەن سىلەرنىڭ تەكشۈرۈشىڭلارغا ماسلىشىپ بېرىمەن!ــ دېدى لىن خەييۈن بۇنى ئاڭلاپ .

ــ خوپ، چۈشەندۇق!ــ دېدى يۆ چېڭلۇڭ جاۋاپ بېرىپ .

تېلېفوننى قويۇپ يۆ چېڭلۇڭ بۇرۇلۇپ چېن جىكۈنگە قاراپ :

ــ دوكلات قلىپ بولدۇم، ئىش قالمدى! لىن خەيیۈن گېنېرال ئىزچىل لى رەئىسلەر بىلەن بىللىكەن، بىردەممۇ ئايرىلىپ باقماپتۇ،ــ دېدى. چېن جىكۈن خاتىرجەم بولۇپ ياتقاندىن كېيىن :

ــ ئەلۋەتتە، بۇ ئىشنى تەكشۈرۈش كېتەمدۇ! باشقا نۇقتىدىن قارىغاندا، ئەگەر ھېلىقى ئادەم ئارمىيىمىز ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان تاشقى پىلانېتلىق ئادەم بولسا، ئۇ ھەرگىز بىزگە ئەسكىلىك قىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشقى پىلانېت ئادەملىرىنىڭ بىز ئىنسانلار سىياقىغا كىرىۋېلىشى ناھايىتى ئاسان ـ دە!ــ دېدى .

ــ مەن ئەلۋەتتە بىلىمەن، شۇغىنىسى بۇ قېتىم ئۇنى تۇتىدىغان ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدۇق،ــ دېدى يۇ چېڭلۇڭ بېشىنى لىڭشىتىپ.

## 55ـ باب چوڭ جەڭنىڭ يېتىپ كېلىشى

نەچچە قېتىملىق ئاختۇرۇشتىن كېيىن، گۇماندارنىڭ ئالەم كېمىسىدىن ئايرىلغانلىقى جەزملەشتۈرۈلۈپ، قامال ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇ قېتىملىق كىچىككىنە ئوڭۇشسىزلىقتىن كېيىن، پوتكول بازا ۋە ئالەم كېمىسىنىڭ قوغدىلىشى زور دەرىجىدە كۈچەيتىلدى. گەرچە بۇ ئىش بازىدا ئاز بولمىغان داۋالغۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، بىراق نۇرغۇن ئادەم ھېلىقى گۇماندارنىڭ چوقۇم تاشقى پىلانېتلىق ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۆزلىرىگە ياردەمگە كەلگەنلىكىنى جەزملەشتۈردى .

بۇ ئىش ئەسكەرلەرنىڭ تاماقتىن كېيىن سۆزلىشىدىغان سۆز تېمىسىغا ئايلاندى، كۆپچىلىك بىللە ئولتۇرۇپ ئۆزلىرى يىغقان «ئاخبارات»لىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشۇپ، بۇ سىرلىق تاشقى پىلانېتلىقنى مۇھاكىمە قىلىشاتتى.

ــ ھەي! مېنىڭ ئاڭلىشىمچە ھېلىقى تاشقى پىلانېتلىق ئايالمىش !

ــ ئايال؟ بۇ ئەنچە ھەيران قالارلىق ئەمەسكەن، فانتازىيىلىك فىلىملەردە تاشقى پىلانېتلىقلار دائىم ئادەملەرنىڭ سىياقىغا كىرىۋالالايتتىغۇ، ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتى...ــ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ھېلىقى ئەسكەر زېكىر غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ قورقۇنچلۇق قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى .

ــ ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ھېلىقى ئادەم ھېچقانداق ماتېرىيالنى ئوغرىلىماپتىمىش، ئەكسىچە پروگراما سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىپ تېخىمۇ ياخشىلاپ قويۇپتىمىش .

— بۇنى مەن بىلمەن، ئالدىنقى قېتىم ئافرىقىدا جەڭ قىلغان ئالاھىدە قىسىمدىكى ۋەن شيوگۇەيي ۋە بىر قىسىم ئادەملەر تاشقى پىلانېتلىقلار تەرىپىدىن قۇتقۇزىۋېلىنغان ئەمەسمۇ، خەۋەرلەرگە قارىغاندا، تاشقى پىلانېتلىقلارنىڭ بىر نەچچە ئىتتىپاقى بولغانغا ئوخشاش، بىر قىسىم تاشقى پىلانېتلىقلار ھېلىقى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ بىزگە ھۇجۇم قىلىشىغا بەك قارشىكەن!

— سېنىڭ سۆزۈڭچە باشقا تاشقى پىلانېتلىقلار ھېلىقى ئاگسىز غەلىتە مەخلۇقلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەنىمكەن؟— دەپ سورىدى بىر ئەسكەر بۇنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ.

— مەنمۇ ئانچە جەزملەشتۈرەلمەيمەن، ئەمما ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا مۇشۇنداقتەك قىلىدۇ!

بۇنداق تېنچ كۈنلەر ئانچە ئۇزۇن قالمىغان ئىدى، ئالەمنىڭ ئىچكىرىسىدىكى پىلانېتلار بىرلەشمىسى قىسىملىرىنىڭ كۆپلەپ يۆتكىلىشى سەۋەپلىك، زېمىن قىسىملىرىمۇ چېگرادىكى ھوشيارلىقنى ئۆستۈرگەن ئىدى. ھەر ئىككى تەرەپكە بۇ تېنچ دەۋرنىڭ ناھايىتى تېزلا ئاخىرلىشىدىغانلىقى، ئىلگىرىكى قانلىق ئۇرۇشنىڭ ناھايىتى تېزلا يېتىپ كېلىدىغانلىقى ئىنتايىن ئېنىق ئىدى. يەرشارىدىمۇ ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئالەم كېمىلىرىمۇ بىر-بىرلەپ ئۇچۇپ ئۇرۇش تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ بولغان ئىدى، مارس يېنىدىكى پىلانېتلار ئارا ئالەم پونكىتىدىكى خىزمەتچى خادىملار جىددىيلەشكەن ھالدا يۇپيتېر يېنىدا توختىغان زېمىن زور قوشۇننى كۆزىتىۋاتاتتى، رادارلاردا ئەكس ئەتكەن زېمىن قوشۇنلىرىنى ئىپادىلەيدىغان يورۇق نۇقتىلارنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى ھەيران قالدۇرۇپ، شۇ يەردىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ، غەيرىتىنى يوقىتاتتى. ئەمما زېمىنلار پلۇتوندىن ئايرىلىپ بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان ھېچقانداق ھەرىكەت قىلمىغان ئىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەۋەسىنى ساقلاپ مىدىرلاپمۇ قويمىدى، بەزى ئادەمسىز كۆزەتكۈچلەر ئۇلارغا يېقىنلىشىپ بولغۇچە ئۇلار ئۇنى دەرھال ۋەيران قىلىۋېتەتتى، زېمىن قىسىملىرى ھەرىكەت قىلمىغانسېرى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى بېسىم شۇنچە ئېشىپ بېرىۋاتاتتى.

يەرشارىدىكى 2011-يىلى 16-ئىيۇل، پلۇتون يېنىدىكى قاراڭغۇ ئالەمدىن تۇيۇقسىز سۇس قىزىل رەڭلىك نۇرلار چاقنىدى-دە، خۇددى دوزاقنىڭ ئىشىكى ئېچىلغاندەك قان رەڭگىدىكى نۇرغۇنلىغان غايەت زور يېرىقلار پەيدا بولدى، يېرىقلاردىن خۇددى قاسراقلىق قۇرۇتلاردەك مەخلۇقلار بىر-بىرلەپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ چوڭلۇقى پىلانېتلار ئارا ئالەم كېمىسىنىڭ يېرىمىدەك كېلەتتى، ئۇلار زېمىنلارنىڭ مەخلۇق ئالەم كېمىسى ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى جانلىق مەخلۇق بولۇپ، ئىچكى قىسمىغا نۇرغۇن زېمىن قىسىملىرى ئورۇنلاشقان بولۇپ ئالەمدە ئۇيان-بۇيان يۆتكىلەلەيتتى، بۇ مەخلۇقنىڭ بەدىنىدە يەنە ھەرخىل

كىسلاتالىق ۋە غوزەك زەمبىرەكلىرى سەپلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارىمۇ كىشىنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇراتتى، غايەت زور بىر جۈپ قانىتىغا تايىنىپ ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق قوبۇل قىلىپ ئۆز بەدىنىنىڭ ھەرىكەت ئېھتىياجىنى قامدايتتى ھەمدە يىغقان ئىسسىقلىقنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئېتىپ چىقىرالايتتى، ئۇنىڭ ئالەم كېمىسىدىكى ماگنىت زەررىچە زەمبىرىكىگە ئوخشاش ئىدى، ئىلگىرى زېگېرلار دەل مۇشۇ خىل غايەت زور جانلىق قورالىغا تايىنىپ پۈتكۈل پىلانېتلار بىرلەشمىسىگە قارشى تۇرغان ئىدى .

زور قوشۇن كەلگەندىن كېيىن بىردەممۇ ئارام ئالمىدى، ماكان ھالقىپ سەكرەش ئاخىرلىشىشى بىلەنلا بارلىق قىسىملار ئۆزلىرىنىڭ يۆنىلىشىنى يەرشارىغا توغرىلىدى. يۇپىتېر يېنىدىكى زېگېرنىڭ بايراقچى كېمىسىدە ئۈچ مېگە قۇرۇتى يىغىلىپ يەنە بىر مېگە قۇرۇتنىڭ كېلىشىنى ساقلاۋاتاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي يەريۈزى ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلارغا ئوپمۇ ـ ئوخشاش بىر غوزەك قۇرۇت چىقتى، بىراق بۇ قۇرۇت قېنىق قىزىل رەڭلىك ئىدى. بۇ مېگە قۇرۇتنى كۆرۈپ قالغان ئۈچ مېگە قۇرۇتى ئىنتايىن ھەيران بولدى .

ــ يۇدىس مېگە قۇرۇتى، سىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭىزنى ئويلىماپتىمەن!ــ دېدى مادېس .

ــ مەن كېچىكىپ قالدىم، يېقىندا بېكىتلەرنىڭ پىلانېتلار بىرلەشمىسى قىسىملىرى كۆپلەپ يۆتكەلدى، قارىغاندا ئۇلار بىز بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئوخشايدۇ، شۇ سەۋەپتىن يولغا چىققان ۋاقتىم كېچىكتى، شۇڭا كېچىكىپ قالدىم!ــ دېدى يۇدىس بوغۇق ئاۋازدا جاۋاپ بېرىپ .

ــ ئەسلىدە مۇنداقكەن ـ دە، مېگە قۇرۇتى يۇدىس، سىز بولسىڭىز بېكىتلەر بىلەن جەڭ قىلغاندا ئامان قالغان ئاز سانلىق مېگە قۇرۇتلىرىنىڭ بىرى، باش مېگە قۇرۇتى نېمىشقا سىزنى بۇ يەرگە ئەۋەتتىكىنا؟ــ دېدى مادېس.

ــ بىز ئىككى تەرەپ سوقۇشۇپلا قالساق، بۇ يەرنىڭ ئەڭ چوڭ جەڭ مەيدانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى باش مېگە قۇرۇتى ئىنتايىن ئېنىق بىلىدۇ. بولدى! بىز ھازىر بۇلارنى دېيىشمەيلى، مەن سىلەرنىڭ بۇيەرنىڭ ۋەزىيىتىنى تەخمىنىي ئىگىلەپ باقتىم، دەرھال چىرتىكۈچىگە بۇيرۇق قىلىپ ئاۋۇ قىزىل رەڭلىك پىلانېتنىڭ يېنىدىكى ئىنسانلارنى يوقىتىڭلار، ئاندىن سىلەرنىڭ ئاۋانگارت قىسىمىڭلار دەرھال ھۇجۇم قىلىپ، ئىنسانلارنى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدۇرسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ زاپاس قوشۇنلىرىم دەرھال جەڭگە قاتنىشىدۇ!ــ دېدى يۇدىس جاۋاپ بېرىپ. ئۈچ مېگە قۇرۇتى تەڭلا جاۋاپ بېرىشتى :

ــ پەرمەنداربىز، مېگە قۇرۇتى يۇدىس !

پىلانېتلار ئارا ئالەم پونكىتىدا ئادەملەر رادارىدىكى زېگېر قىسىملىرىنىڭ ھەربىر يۈرۈش ـ تۇرۇشىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى، رادارىدىكى زېگېر قىسىملىرى

بۇرۇنقىغا ئوخشاش مىدىرلاپمۇ قويمايۋاتاتتى، بىراق چىرىتكۈچىلەر قوشۇنى ئۆزلىرىنىڭ رادار دولقۇنىنى قايتۇرۇش ئىقتىدارىغا تايىنىپ كۆپلەپ يۆتكىلىپ كېلىۋاتاتتى. چىرىتكۈچىلەرنىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق پۈتۈن بەدىنىنى زىچچىدە ئۇششاق تۆشۈكچىلەر قاپلىغان بولۇپ، بۇ تۆشۈكچىلەردىن بىرلا ۋاقىتتا تۆت ئەتراپقا جان ئالغۇچ ئېرىتكۈچى سۇيۇقلۇق ئېتىلىپ چىقالايتتى، ئەڭ ياخشى بىرىكمە برونىمۇ ئېرىپ كېتەتتى. پىلانېتلار ئارا ئالەم پونكىتىدىكى قىسىملار زېگېر قىسىملىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كەلگىنىنى بايقىغان چاغدا تولىمۇ كېچىككەن ئىدى .

ــ زېگېرلار ھۇجۇم قىلدى، بارلىق جەڭچىلەر دەرھال ئۆز ئورنۇڭلارغا بېرىڭلار! تېز!ــ ۋاقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆشلۈك تاماق يەۋاتقان ئەسكەرلەر دەرھال قولىدىكى تامىقىنى تاشلاپ قورال ـ ياراق ئىسكىلاتىغا يۈگۈرۈشتى، تۇنجى تۈركۈم تىزگىن بومبىلار ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى، پارتلاشتىن پەيدا بولغان غايەت زور ئوت يالقۇنى ئالەم پونكىتىنىڭ ئەتراپىنى قاپلىدى، ئوت يالقۇنى ئاجىزلاش بىلەنلا چىرىتكۈچىلەر دەرھال ھۇجۇم قىلىپ كەلدى، سانىسىزلىغان ھاۋاغا قارشى پىلىموتلار سايراشقا باشلاپ، ھاۋادا ئوت تورىنى شەكىللەندۈردى، بىراق زېگېرنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنلىرى يەرشارىدىكى ۋاقىتلىق تەشكىللىگەن قىسىملىرى بىلەن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنەتتى، ھاۋاغا قارشى ئېغىر پىلىموتلارنىڭ ئوقلىرى ئۇلارغا قىلچە زەخمە يەتكۈزەلمەيتتى. تۇنجى بولۇپ ئالەم پونكىتىغا قونغان چىرىتكۈچى دەرھال ئىشقا چۈشۈپ كەتتى، پۈتۈن بەدىنىدىن يېشىل رەڭلىك سۇيۇقلۇق چىقىرىپ سىرتتىكى برونە تاختىنى ئېرىتىشكە باشلىدى، مېتال تاختا چىرىسلاپ ئېرىشكە باشلاپ، بىردەمدە يوغان بىر تۆشۈك ئېچىلدى، چىرىتكۈچى تۆشۈكتىن ئېتىلىپ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي سىرتقى برونە تاختىلارغا چىرىتكۈچىلەر لىق تولدى، پىلانېتلار ئارا جەڭ ئۇچقۇلىرى جىنىنىڭ بېرىچە تۈركۈملەپ كېلىۋاتقان ھۇجۇمغا قارشىلىق قىلىۋاتاتتى، نۇرغۇن خادىملار بۇ يەرگە توختىتىپ قويۇلغان ئۈچ دانە ئالەم كېمىسىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىشتى، ئۇلار بۇ يەردىن دەرھال چېكىنىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغان ئىدى. ئۇچقۇغا چىقىش ئىشىكىنىڭ يېنىدىكى ئادەملەر توپىنىڭ ئۈستىدىكى تورۇس تۇيۇقسىز ئۆرۈلۈپ چۈشتى، قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بىر قىسىم ئادەملەر نەق مەيداندىلا ئۈستىدىن چۈشكەن پارچە نەرسىلەر ئاستىدا مىجىلىپ ئۆلدى. ئادەملەرنىڭ تېخى ھەيرانلىقى بېسىلماي تۇرۇپلا پۈتۈن بەدىنىدىن سېسىق سۇيۇقلۇق ئېقىپ تۇرىدىغان يوغان بىر قۇرۇت ئىس ـ تۈتەك ئارىسىدا پەيدا بولدى. ئادەملەر چىقىرىشىپ تۆت تەرەپكە قېچىشتى. بىر مۇنچە ئەسكەرلەرنىڭ قوللىرىدىكى پىلىمۇتلاردىن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئوت يالقۇنى ئېتىلىپ چىقتى. ئوقلار بىر ـ بىرلەپ قۇرۇتنىڭ بەدىنىگە تېگىشكە باشلىدى. ئەمما ئۇ يارىلانماستىن، ئەكسىچە مېتاللار سوقۇلغان چاغدا چاچرايدىغان

ئوت ئۇچقۇنى پەيدا بولدى. چىرىتكۈچى بەدىنىنى تېزلىكتە يىغىپ كىچىكلىتىپ، ئاندىن يەنە تېزلىكتە كۆپىيىپ كېڭەيتتى، بەدىنىدىن تامچە ـ تامچە سۇيۇقلۇقلار ئېتىلىپ چىقتى، بۇ سۇيۇقلۇقلارنىڭ تېزلىكىدىن ئەسكەرلەرنىڭ بەدىنىنىمۇ تېشىپ ئۆتۈپ كېتەلەيتتى، بىردەملىك ئېچىنىشلىق چىقىرىغان ئاۋازلاردىن كېيىن چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەن جەسەتلەر يەرگە يىقىلىشقا باشلىدى، بەزى ئەسكەرلەر بۇنى كۆرۈپ دەرھال يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا دالدىلاندى. پۈتكۈل ئالەم كېمە پونكىتىغا بارغانسېرى كۆپ چىرىتكۈچىلەر تېشىپ كىرىپ، تۆت ئەتراپقا قاچقان ئادەملەرنى قوغلاپ ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. ئىككى دانە مىنامىيوتنىڭ تەسىرىدە بىر چىرىتكۈچى يەرگە يىقىلدى، بىراق بىرى يىقىلغان بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىككىنچى، ئۈچىنچىلىرى ئۈزۈلمەي كىرىشكە باشلىدى، پۈتۈن ئالەم كېمە پونكىتى بۇ چاغدا ئوت يالقۇنى بىلەن قاپلانغان ئىدى، چىرىتكۈچىلەرنىڭ بىلىدىغىنى پەقەت مېڭە قۇرۇتنىڭ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ــ بۇزۇش ئۆلتۈرۈش، يەنە بۇزۇش ئىدى !

ئاي شارىدا، بازىدىكى خىزمەتچى خادىملار زور دۈشمەن قوشۇنى بېسىپ كەلگەن بۇنداق ئەھۋالدا نۇرغۇن كېڭەيگۈچى برونىۋىكلار چىقىش يوللىرى ئارقىلىق ئاي يۈزىگە چىقتى ــ دە، سىتۇوللىرىنى ھاۋاغا توغرىلىدى. نۇرغۇن پىلانېتلار ئارا جەڭ ئۇچقۇلىرىغىمۇ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى .

ــ قوماندان، مارس يېنىدىكى پىلانېتلار ئارا كېمە پونكىتى زېگېرلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلدى! ئامان قالغانلار ئەڭ يۇقىرى سۈرئەتتە بۇ يەرگە كېلىۋاتىدۇ، ئۇلار بۇ يەردە توختاشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ!ــ بىر ئەسكەر يۈگۈرۈپ كىرىپ ئالدىراش دوكلات قىلدى. جوۋيۇ بۇنى ئاڭلاپ بېشىنى بۇراپمۇ قويماستىن ئېكرانغا قارىغىنىچە سۇلغۇن ھالدا :

ــ ئۇلارغا بۇ يەرگە كەلمەسلىكنى ئېيتىپ قويغىن، ئۇلار دەرھال يەر شارىغا قايتسۇن! بۇ يەرمۇ ھازىرلا جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىدۇ!ــ دېدى. ھېلىقى ئەسكەر بۇنى ئاڭلاپ ئېكرانغا بىر قاراپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن :

ــ خو...خوپ، قوماندان!ــ دېگىنىچە دەرھال يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى .

ــ ۋاي خۇدايىم!ــ دېدى جوۋيۇ ئۆز ـ ئۆزىگە ئېكرانغا قارىغىنىچە. ئېكراندا زېگېرلارنىڭ بىرنەچچە غايەت زور جانلىق ئالەم كېمىسى تېز سۈرئەتتە بۇ يەرگە ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى، بىر نەچچە غايەت زور ھەمدە تىرىك قاسراقلىق قۇرۇت كۆز ئالدىڭىزدا پەيدا بولسا سىز قانداق ئويلايتتىڭىز؟ ئاي شارىغا كەلمەي تۇرۇپلا بۇ قاسراقلىق قۇرۇتلارنىڭ قورسىقىدىن بىر ئىشىك ئېچىلدى. چىۋىنغا ئوخشايدىغان بىر قۇرۇت بېشىنى چىقىرىپ ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ۋىڭىلدە ئۇچۇپ چىقتى، ئارقىدىن دەرھاللا ئۇنىڭغا ئوپمۇ ـ ئوخشاش قۇرۇتلار تۈركۈملەپ ھەرىلەردەك يوپۇرۇلۇپ ئۇچۇپ چىقىشتى، ئۇلار گويا پۈتكۈل ئالەمنى

قاپلايدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

## 56- باب ئاي شارىدىكى قانلىق جەڭ

ــ ۋاي خۇدايىم! نېمىدېگەن كۆپ!ــ دېدى بىر ئەسكەر كومپيۇتېر ئېستاستىكىلاپ چىققان سانغا قاراپ ھۇلۇققان ھالدا. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سان توختىماستىن تېز سۈرئەتتە كۆپىيىۋاتاتتى.

ــ ئاگاھلاندۇرۇش! زېكېر قىسىملىرى ھۇجۇم قىلدى، بارلىق ئۇچقۇ ئەترەتلىرى جىددىي ئۇچۇڭلار، پۈتۈن كۈچ بىلەن دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇڭلار!

ئۇچۇش يولىدا نۇرغۇن ئۇچقۇچىلار ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئۆز ئۇچقۇلىرىغا چىقىشتى، يەر يۈزى ئارقا سەپ خادىملىرى ئۇچقۇلارنىڭ ئۇچۇش خىزمىتى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىشتى. پىلانېتلار ئارا جەڭ ئۇچقۇلىرى قۇيرۇقىدىن كۆك رەڭلىك ئوت يالقۇنى چىقارغىنىچە بىر-بىرلەپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، تېز سۈرئەتتە قاپقاراڭغۇ ئالەم بوشلۇقىغا ئۇچۇپ كىرىپ كېتىشتى.

بىر ئالاقىچى جوۋيۇگە قاراپ:

ــ قوماندان، تۆت ZXJ - 1 پىلانېتلارئارا جەڭ ئۇچقۇ ئەترىتى ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى، تەخمىنەن يەنە ئالتە مىنۇتتىن كېيىن دۈشمەن ئارمىيىسى بىلەن ئۇچرىشىدۇ!ــ دېدى. جوۋيۇ بۇنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ دېدى:

ــ ئۇچقۇچىلارغا ئېيتىپ قويغىن، ئۇلار ئامالىنىڭ بېرىچە دۈشمەن قوشۇنىنى تۇتۇپ تۇرسۇن، كەينىدىكى قوشۇنلار دەرھال ئۇرۇش تەييارلىقىنى پۈتتۈرسۇن.

ھېلىقى ئەسكەر بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇچقۇچىلارغا خەۋەر قىلىپ قويۇش ئۈچۈن ئالدىراش چىقىپ كەتتى. ئۇچۇپ كېتىۋاتقان پىلانېتلار ئارا جەڭ ئۇچقۇلىرىدىكى ئۇچقۇچىلار خۇددى ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمىغاندەك يول بويى چاقچاقلىشىپ كېتىپ بارغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا بۇ قېتىملىق ۋەزىپىنىڭ خەتەرلىكلىكى ئىنتايىن ئېنىق ئىدى، شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆز ئارا چاقچاقلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ قورقۇش تۇيغۇسىنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇشنى ئويلايتتى.

ــ تازىمۇ چوڭ ھەم سىمىز قۇرۇتلاركەن، بۇ قېتىمقى رەقىبىمىز ئادەمنىڭ كۆڭلىنى تازىمۇ ئېلىشتۇرىدىكەن!ــ دېدى بىر ئامېرىكىلىق ئۇچقۇچى كۈلۈپ تۇرۇپ. گېرمانىيىلىك ئۇچقۇچى

ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى :

— ئۇلارنىڭ پاراشوت سەپلىگەن بولۇشنى ياكى تەسادىپىي ۋەقە سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن، بولمىسا ئۇلارغا بەك چاتاق بولىدۇ !

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. جۇڭگو ھاۋا ئارمىيە ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى لىيۇخۇا رادارغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن :

— ھوي! بولدى بۇرادەرلەر، تازا بىر تۇتىشىدىغان بولدۇق!— دېدى. بەزى ئامېرىكىلىق ئۇچقۇچىلار ھاياجانلانغىنىدىن توۋلاپ كېتىشتى، يىراق مۇساپىلىق تىزگىن بومبىلار بىر ـ بىرلەپ ئېتىشقا تەييارلاندى، سانسىز يورۇق نۇقتىلارنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئېتىش دائىرىسىگە يېقىنلاۋاتقىنىنى كۆرگەن ھەممەيلەن تىن ئالماستىن بارماقلىرىدا قويۇپ بېرىش كونۇپكىلىرىنى تۇتقىنىچە جىددىيلىشىپ قاراپ تۇراتتى. تۇنجى يۇتقۇچى ئېتىش دائىرىسىگە كىرگەندىن كېيىن لىيۇخۇا غەزەپ بىلەن ۋاقىرىدى :

— راسا ئېتىڭلار !

ئاسمانغا لىق تولغان تىزگىن بومبىلار تال ـ تال ئاق ئىس چىقارغىنىچە يۇتقۇچىغا قاراپ ئېتىلدى .ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان بومبىلارنى كۆرگەن يۇتقۇچىلار تۆت تەرەپكە چېچىلىپ قاچماستىن، ئەكسىچە بىر يەرگە توپلىشىپ ئېغىزىدىن سۆسۈن رەڭلىك سۇيۇقلۇقلارنى تىزگىن بومبىلارغا قارىتىپ پۈركىدى. بۇ سۇيۇقلۇقلار تىزگىن بومبىلارغا تېگىش بىلەنلا بومبىلار دەرھال پارتلاشقا باشلىدى. لىيۇخۇا رادارغا قاراپ، ئېتىلغان بومبىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ زېگېر قىسىملىرى تەرىپىدىن توسۇۋېلىنغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن :

— قارىغاندا تازا قاتتىق تىركىشىپ سوقۇشقۇدەكمىز!— دېدى. لىيۇخۇا ئاستاغىنە باشقۇرۇش دەستىسىنى سىلاپ قويدى. ئۇچۇپ كەلگەن دۈشمەنلەرنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولغۇدەك بولغاندا، بارلىق ئۇچقۇچىلار سوغۇق تەرلەپ كېتىشتى. بۇ قانداق مەخلۇقتۇ! قاسراقلىق قۇرۇتقا ئوخشاش بېشى بار بولۇپ، تۆت دانە غايەت زور قانىتى تېز سۈرئەتتە تەۋرىنەتتى، بەدىنى زىيادە سەمرىگەن بولۇپ، بىر جۈپ قىپقىزىل مۈرەككەپ كۆزىنى شۈملۇقتىن دېرەك بەرگىنىچە ئۇلارغا تىكىلىپ تۇراتتى .

— كۆپچىلىك، ئۆز ئالدىڭلارغا جەڭ قىلىڭلار، ئوت ئېچىڭلار!— ئاۋاز ئاياقلىشىپ بولغۇچە، ئىككى تەرەپ تەڭ دېگۈدەكلا ئوت ئېچىشتى، ئىنسانلارنىڭ كۆك رەڭلىك لازېرلىق زەمبىرىكى بىلەن تىزگىن بومبىلىرى يول ـ يول ئوت تورىنى شەكىللەندۈرگەن بولسا، زېگېرنىڭ چىرىتكۈچى سۇيۇقلۇقلىرى ئاسمانغا لىق تولۇپ ئۇچاتتى. جەڭ باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يەتتە دانە پىلانېتلار ئارا جەڭ ئۇچقۇسى چىرىتكۈچى سۇيۇقلۇق تېگىپ پارتلاپ كەتتى، بۇ قېتىمقى ھۇجۇمغا چىققان ئۇچقۇچىلارنىڭ ھەممىسى يەر شارىدا

زېگىر قىسىملىرى بىلەن كۆپ قېتىم جەڭ قىلغان مۇنەۋۋەر ئۇچقۇچىلار بولسىمۇ، بىراق بۈگۈنكى رەقىبى يەر شارىدىكى زېگىر قىسىملىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنەتتى. مەيلى جانلىقلىقى، ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى، قوراللىرىنىڭ ئوت كۈچى ۋە قوغدىنىش كۈچى جەھەتتە بولسۇن، بۇلارنى يەر شارىدىكى زېگىر قىسىملىرىغا قەتئىي سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. ليۇخۇا بىر يۇتقۇچنى قارىغا ئالغاندىن كېيىن، بىر دانە تىزگىن بومبا يۇتقۇچىغا قاراپ تېز سۈرئەتتە ئۇچۇپ كەتتى، تېگەي دەپ قالغاندا يۇتقۇچى كۈچەپ يۇقىرىغا ئۇچۇپ تىزگىن بومبىدىن ئۆزىنى قاچۇردى !

ــ كاساپەت!ــ ليۇخۇا ئەمدى بۇنى ئويلاپ بولغۇچە ھېلىقى يۇتقۇچى 180 گرادۇس ئايلىنىپ ليۇخۇانىڭ كەينى تەرىپىگە ئۇچۇپ ئۆتتى، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتىدىغان سۆسۈن رەڭلىك چىرىتكۈچ سۇيۇقلۇق ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ئېتىلىپ چىقتى، ليۇخۇا قاتتىق ھەيران بولۇپ ئالدىراش نىشاننى ئۆزگەرتتى، گەرچە نۇرغۇن چىرىتكۈچ سۇيۇقلۇقتىن ئۆزىنى چەتكە ئالالىغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئازراق بىر قىسمى ئۇچقۇ گەۋدىسىگە تەگدى، بىردەملىك مېتالنىڭ ئېرىپ چىرىسلىغان ئاۋازىدىن كېيىن، ئۇچقۇ گەۋدىسىدىكى سىرتقى بىرونە قېپىدىن بىر تۆشۈك ئېچىلدى، تۆشۈكتىن ئىچىدىكى زاپچاسلارنى كۆرگىلى بولاتتى. يۇتقۇچى بۇنى كۆرۈپ قوغلاپ زەربە بېرىشنى كۈچەيتتى، تېخىمۇ كۆپ چىرىتكۈچى سۇيۇقلۇقلار ئەسەبىيلەرچە ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. ليۇخۇانىڭ ئۇچقۇسى بىردەم ئۇياققا بىردەم بۇياققا ئۇچۇپ ئۆزىنى شۇنچە قاچۇرسىمۇ ئۆزىگە ئەگىشىۋالغان بۇ قۇيرۇقتىن زادىلا قۇتۇلالمىدى. دەل مۇشۇ ئۆلۈم قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا قالغان ۋاقىتتا، ھېلىقى يۇتقۇچى ئۆزىگە ئۇچۇپ كېلىۋاتقان بىر دانە تىزگىن بومبىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ئوڭغا چوڭ ئايلاندى .

ــ ياخشى پۇرسەت!ــ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ليۇخۇا ئۇنىڭ يان تەرىپىگە ئۇچۇپ ئۆتتى ـ دە، غەزەپ بىلەن ۋاقىرىدى :

ــ بېشىڭنى يە ئۆلگۈر غەلىتە مەخلۇق !

بىر دەستە كۆك رەڭلىك لازېر نۇرى غەلىتە مەخلۇقنىڭ بېشىنى تېشىپ ئۆتتى، سۆسۈن رەڭلىك سۇيۇقلۇقلار دەرھال چاچراپ ئېتىلىپ چىقتى، ليۇخۇا توختىماستىن ئېتىپ بۇ يۇتقۇچنى پارچە ـ پارچە قىلىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن توختىدى. ليۇخۇا بۇ چاغدا غەلىبىسىدىن خۇشاللانماستىن، ئەكسىچە قەلبىنى بىر خىل ئۈمىدسىزلىك قاپلىۋالدى .

ــ بىرىگە تاقابىل تۇرۇش بۇنچىۋالا تەس تۇرسا، بۇنچىۋالا كۆپىنى قانداقمۇ يوقىتىپ بولارمىز؟ــ دەپ ئويلىدى كۆڭلىدە ليۇخۇا ئەتراپتا توختىماستىن پارتلاۋاتقان ئوت يالقۇنىغا قاراپ .

ئاي شارى بازىسىدا جوۋيۇ ئېكرانىدىن بۇ جىددىي جەڭنى كۆرۈۋاتاتتى، ئىككى تەرەپ مەيلى ئەمەلىي كۈچى ياكى سان جەھەتتە بولسۇن ئىنسانلار زىگېرلاردىن كۆپ تۆۋەن تۇراتتى. بۇ چاغدا بىر ئەسكەر كىرىپ دوكلات قىلدى:

— قوماندان، 7 ـ ۋە 8 ـ ئوتتۇرا ئەترەتلەرنىڭ زىيىنى ئېغىر، 5 ـ ئەترەتنىڭ جەڭ قىلغۇدەك كۈچى قالمىدى!

جوۋيۇ بۇنى ئاڭلاپ كەيپىياتى بىرئاز جىددىيلەشكەندىن كېيىن دېدى:

— جەڭ شەكلىنى ئۆزگەرتسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تېز سۈرئەتتە ئاي شارى ئۈستىگە چېكىنىپ كېلىپ، ئالەم كېمىسىگە ماسلىشىپ جەڭ قىلسۇن، يەر يۈزى قىسىملىرى ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش تەييارلىقىنى ياخشى قىلسۇن!

— خوپ، قوماندان!— ھېلىقى ئەسكەر بۇنى ئاڭلاپ دەرھال قىسىملارغا ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئالدىراش چىقىپ كەتتى. جوۋيۇ يېنىدىكى يەنە بىر ئەسكەرگە قاراپ:

— مەركەز بىلەن ئالاقىلەشكىن، مەن يادرو قورالى ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىمەن!— دېدى.

ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلىۋاتقان ھاۋا ئارمىيىسى ئاللىقاچان زىگېرلارنىڭ بۇنداق ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمىغان ھالدا قىلغان ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالماي قالغان ئىدى، بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن بارلىق پىلانېتلار ئارا ئۇچقۇلار تېز سۈرئەتتە چېكىندى، زىگېرنىڭ بىر تۈركۈم يۇتقۇچىلىرى تېز سۈرئەتتە قوغلاپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ سانى ئالدىنقى قېتىمقىدىن كۆپ ئىدى، جوۋيۇ بۇنى كۆرۈپ سوغۇق تەرلەپ كەتتى، بىر ئەسكەر ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كىرىپ دېدى:

— دوكلات، مەركەز بىزنىڭ يادرو قورالى ئىشلىتىشىمىزگە قوشۇلدى، بىزدىن ھېچقانداق بەدەل تۆلەشتىن قورقماي ئۇلارنى يەر شارى سىرتىدا توسۇپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى!

جوۋيۇ بۇنى ئاڭلاپ كۆڭلۈپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتقىنىچە:

— ناھايىتى ياخشى، ئۇلار يېقىنلاشماستا دەرھال ئېتىڭلار!— دېدى. ئاي شارى بازىسىنىڭ يەر يۈزىدە بىر دانە غايەت زور قويۇپ بېرىش سۇپىسى يەر ئاستىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقتى، يادرو ئوق بېشى قاچىلانغان بىر ئۇچار بومبا كۆرۈندى.

— قويۇپ بېرىش تەييارلىقى پۈتتى!

— نىشان قارىغا ئېلىندى!

جوۋيۇ بۇنى ئاڭلاپ تىزگىن سۇپىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆز قولى بىلەن قويۇپ بېرىش كونۇپكىسىنى باستى، ئاتوم بومبىسى قۇيرۇقىدىن كۆك يالقۇن چىقارغىنىچە ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان زىگېر قىسىملىرىغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى، زىگېرنىڭ چىرىتكۈچىلىرى ئۆزلىرىگە قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان تىزگىن بومبىنى كۆرگەندىن كېيىن

دەرھال چىرىتكۈچ سۈيۇقلۇق پۈركۈپ توسماقچى بولدى، بىراق بۇ قېتىم بۇ تىزگىن بومبا ئىلگىرىكىلىرىگە ئوخشىمايتتى، غايەت زور ئوت يالقۇنى قاپقاراڭغۇ ئالەمنى يۇرۇتتى، پارتلاش دولقۇنى بىلەن پارتلاشتىن چىققان ئىسسىقلىق زېگېرنىڭ بۇ بىر تۈركۈم يۇتقۇچلىرىنى كۆلگە ئايلاندۇرىۋەتتى. كەينىدىن كېلىۋاتقان زېگېر قىسىملىرى بۇنى كۆرۈپ ئىلگىرىلەشتىن دەرھال توختىدى، پارتلاش ئاخىرلاشقاندا ئەڭ ئالدىدا ماڭغان زېگېر قىسىملىرىنىڭ ھەممىسى يادرو بومبىسىغا يەم بولغان ئىدى. ئاي شارى بازىسىدىكى خىزمەتچى خادىملار بۇنى كۆرۈپ بىردىنلا قۇلاقنى يارغۇدەك قىقاس-چۇقان سېلىشتى، جوۋيۈمۇ بۇنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىدە زېگېرلار بىلەن جەڭ قىلغاندا زېگېرلارنىڭ پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆزىنىڭ كۆپ مىقداردىكى ئەسكىرىي كۈچىگە تايىنىپ قارىغۇلارچە ئېلىشىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ پۈتۈنلەي بىر بىئوخىمىيىلىك جانلىق ئىكەنلىكىنى، كەم كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللىرىنىڭ يوقلۇقى، پەقەت كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك سانى بىلەن رەقىبى بىلەن ئەسكىرىي كۈچ جەھەتتە جان تىكىپ ئېلىشىدىغانلىقىنى ئويلىدى. بىراق ئۇ زېگېرلاردىن ئىبارەت بۇ ئىرقنىڭ ئەسلىدە بىرلا ۋاقىتتا ئون نەچچە ئىرق بىلەن جەڭ قىلالايدىغانلىقىنى، زېگېرلارنىڭ ھەرگىزمۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ساناقسىز ھەمراھلىرىنىڭ ئۆلۈكى ئاساسىدا ئۆز غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى بىلىپلا قالماي، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنىمۇ بىلىدىغانلىقىنى، ئىلگىرىكى جەڭلەردە پولۇتۇسلارنىڭ گەرچە ئىنتايىن يۇقىرى پەن-تېخنىكىغا ۋە روھىي كۈچكە ئىگە بولسىمۇ، بىراق پولۇتۇسلارنىڭ ئادەم سانى ئىنتايىن ئاز، زېگېرلاردەك بۇنداق بىئوخېمىيىلىك جانلىق بىلەن تىغمۇ-تىغ ئېلىشىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، پەقەت ئۆزلىرى ياسىغان قوراللارنى ئىشلىتىپ جەڭ قىلىپ، ئامالنىڭ بېرىچە ئۆز ئادەملىرىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن ساقلىنىدىغانلىقىنى، زېگېرلارنىڭ دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە رەقىبىنىڭ ياسىغان قوراللىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئەسكىرىي كۈچىگە تايىنىپ قارىغۇلارچە ئېلىشىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئەسكىرىي سانىنى سېلىشتۇرسا ئۇلارنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇتتۇرمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. نەچچە مىنۇت ئۆتمەيلا ئاي شارى بازىسىدىكى ھېچكىممۇ كۈلەلمىدى، راداردا زېگېرنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئەسكىرىنى يىغىپ بۇياققا كېلىشكە باشلىغانلىقى كۆرۈندى!

— مەن سىلەرنىڭ زادى قانچىلىك ئەسكىرىڭلارنىڭ ئۆلگىلى كېلىۋاتقانلىقىنى بىر كۆرۈپ باقاي! ئۇلارغا يەنە بىر ئاتوم بومبىسى ئېتىپ تەمىنى تېتىتىپ قويۇڭلار!— دېدى جوۋيۈ قەھرى بىلەن .

ئىككىنچى ئاتوم بومبىسى ھاۋاغا ئۆرلىگەندىن كېيىن زېگېرلارغا قاراپ تېز سۈرئەتتە ئۇچۇپ كەتتى، بۇ قېتىم زېگېرلار توپلىغان ئەسكىرىي كۈچ ئابايىقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىدى،

ئۆزلىرىگە ئېتىلىپ كېلىۋاتقان يادرو بومبىسىنى كۆرۈپ زىگېرلار تۆت تەرەپكە قاچماستىن، بىر توپ چىشى چېكەتكىلەر ئۇچۇپ چىقتى، ئاندىن نۇرغۇن توپا رەڭلىك سۇيۇقلۇقنى يادرو بومبىسىغا پۈركىدى، بومبا پارتلىماستىن سۇيۇقلۇقلار بومبىغا تېگىپلا قېتىشىپ، بىر قەۋەت قېلىن سىرتقى قاپ شەكىللەندۈردى، بىر دەمدىن كېيىن بومبىنىڭ ھەممە يېرى ئورىلىپ، ئالەم بوشلۇقىدا لەيلەپ قالدى.

— نېمىشقا پارتلىمايدۇ؟

— قوماندان، تىزگىن بومبا بۇيرۇقنى رەت قىلدى.

بازىدىكىلەر بۇنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كېتىشتى، زىگېرلار بۇنى كۆرۈپ ئەكسىچە دەرھال ئەسەبىيلىشىپ كېتىشتى، بارلىق قىسىملىرى ئىلگىرىلەش سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. جوۋيۈ بۇنى كۆرۈپ:

— ئامال يوق، ئۇلار بىلەن تىغمۇ-تىغ ئېلىشىدىغان بولدۇق-تە!— دېدى. ئاي شارى ھاۋا بوشلۇقىدىكى توققۇز دانە ئالەم كېمىسى ماگنىت زەررىچە زەمبىرىكىنى قوزغاتتى، كۆك رەڭلىك نۇر ئاستا-ئاستا كېمە ئۇچىغا يىغىلىشقا باشلىدى، زىگېرنىڭ يۇتقۇچىلىرى ئېتىش دائىرىسىگە كىرگەندىن كېيىن، توققۇز تال غايەت زور كۆك رەڭلىك نۇر كېمىلەردىن ئېتىلىپ چىقتى، تېخى يۇتقۇچىلارنىڭ بەدىنىگە تولۇق تەگمەي تۇرۇپلا، ئۇلارنىڭ بەدىنى ئاستا-ئاستا ئېرىشكە باشلىدى. كۆك رەڭلىك نۇر ناھايىتى تېزلا ئاجىزلىدى، يۇتقۇچىلار يەنە بىر قېتىم ئېتىلىپ كەلدى، پىلانېتلار ئارا جەڭ ئۇچقۇلىرى دەرھال ئۇلارغا قاراپ ئۇچۇپ چىقىشتى، كەينىدىكى ئالەم كېمىلىرى دەرھال قايتا ئېنېرگىيە تولۇقلاشقا باشلىدى، ئاي شارى يەر يۈزىدىكى كېڭەيگۈچى بورونلەر ھاۋا مۇداپىئە قوراللىرىغا ماسلىشىپ، تۈركۈم-تۈركۈملەپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ھېسابىغا ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان يۇتقۇچىلارغا تاقابىل تۇرماقتا ئىدى، بورونىدىكى پىلموتلار بىردەممۇ توختىماي ئوق ئاتاتتى، يۇتقۇچىلار چىرىتكۈچى سۇيۇقلۇق بىلەن بورونلارغا ھۇجۇم قىلاتتى، ئۆز بەدىنى بىلەن بورونلارغا سوقۇلاتتى، ئىشقىلىپ قارشى تەرەپنى ئۆلتۈرگىلى بولىدىغانلىكى ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلار ئىشلىتىپ باقتى، ھاۋادىكى يۇتقۇچىلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلىكىدىن ئاسماننى كۆرگىلى بولمايتتى دەپ تەسۋىرلەشكە بولاتتى، سانى ئاز پىلانېتلار ئارا ئۇچقۇلار بولسا ئاستا-ئاستا بۇ قارا رەڭلىك دولقۇن تەرىپىدىن يالماپ كېتىلىشكە باشلىدى. يۇتقۇچىلار بولسا زىگېرلارنىڭ مەخسۇس ھاۋادىكى دۈشمەنلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۆزگەرتكەن جانلىق ئىدى، يەر يۈزىدىكى ھۇجۇمدا ئۇلارنىڭ ئارمانىغا تۇشلۇق دەرمانى بولمىدى، زىگېرنىڭ نۇرغۇن يۇتقۇچىلىرى يەر يۈزىدىكى بورونلارغا ھۇجۇم قىلىشتىن ۋاز كەچتى. بورونە مەشغۇلاتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى تالالىغانلىقلىرىنى تەنتەنە قىلىشىۋاتقاندا،

بىر دانە سىرىق رەڭلىك نۇر شارى ئۇچۇپ كېلىپ يەر يۈزىدىكى بىر زەمبىرەك سۇپىسىغا تەگدى، كۈچلۈك پارتلاش پۈتكۈل زەمبىرەك سۇپىسىنى پارتلىتىپ ئاسمانغا ئۇچۇرىۋەتتى، ھەممە ئادەم بۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان پارتلاش كۈچىدىن داڭقېتىپ تۇرغىنىدا، ئاسماندا شەكلى دېڭىزلاردىكى چوڭ قاپلىق قىسقۇچپاقىغا ئوخشايدىغان جانلىقلار يۇتقۇچلارنىڭ ھېمايىسىدە ئاستا-ئاستا لەيلەپ ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى، ئۇلارنىڭ كۆكرىكىدىن سىرىق رەڭلىك نۇر شارلىرى ئېتىلىپ ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى، يەر يۈزىدىن كىشىنى ئەيمەندۈرگۈدەك پارتلاش ئاۋازلىرى ئارقا-ئارقىدىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى. يەر يۈزىدىكى قۇرۇلۇشلار پارتلاش ئاۋازى ئىچىدە بىر-بىرلەپ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشكە باشلىدى، پۈتكۈل يەر يۈزى خۇددى ئوت يالقۇنى تەرىپىدىن يالماپ يۇتۇۋېتىلگەندەك ئىدى، بۇنداق ھۇجۇمغا دۇچ كەلگەن بىرونە قىسمىمۇ قالايمىقانلىشىپ تۆت تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى.

— ئەبلەخ، بۇ جىن ئۇرغان نەرسىلەرنى چوقۇم يوقاتمىساق بولمىغۇدەك!— دېدى يەر پوستىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدە قوماندانلىق قىلىۋاتقان جوۋيۈ يېنىك تىترەۋاتقان پولغا قاراپ. پارتلاش كۈچىنى مۇشۇ يەردىمۇ بىلگىلى بولاتتى. بۇ قورقۇنچلۇق مەخلۇقلارنى چوقۇم ئالدى بىلەن يوقىتىش لازىم ئىدى، ئۇلارنىڭ قۇدرىتى راستىنلا ئادەمنى بەك ھەيران قالدۇراتتى! زېگېرلارغا بۇ تېخى يەتمىگەندەك قىلاتتى، تېخىمۇ كۆپ چوڭ قاپلىق قىسقۇچپاقىلار تېخىغىچە ئېنېرگىيە قاچىلاۋاتقان ئالەم كېمىسىگە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى، ئىككى ئالەم كېمىسى ئېنېرگىيە قاچىلاشنى توختىتىپ، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمغا قارشى ئالدىغا قاراپ ئۇچۇپ، تېخىغىچە ئاي شارى بازىسىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان چوڭ قاپلىق قىسقۇچپاقىلارغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى، بۇ چوڭ قاپلىق قىسقۇچپاقىلارنىڭ قۇدرىتى گەرچە كىشىنى ھەيران قالدۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى قوغداش كۈچى ھەقىقەتەنمۇ بەك ئاجىز ئىدى، بىر نەچچە پاي ئوق بىلەنلا بىرىنى يوقاتقىلى بولاتتى! بىراق ئۇلارنىڭ يېنىدا قوغداۋاتقان يۇتقۇچلارنىڭ سانى ھەقىقەتەنمۇ بەك كۆپ ئىدى، ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ بەدىنى ئارقىلىق بۇ چوڭ قاپلىق قىسقۇچپاقىلارنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىشىنى توسايتتى، بىر قىسىم چوڭ قاپلىق قىسقۇچپاقىلارمۇ ھۇجۇم يۆنۈلۈشىنى ئۆزگەرتتى، بىر دانە سىرىق رەڭلىك نۇر شارچىسى ئىككى دانە ئالەم كېمىسىنى ئېغىر يارىلاندۇردى، پالوبىدىكى كېڭەيگۈچلەرنىڭ ھەممىسى بۇ چوڭ قاپلىق قىسقۇچپاقىلارنىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا پۈتۈنلەي تۈگەشتى.

— كېمە باشلىقى، بىز بەرداشلىق بېرەلمەي قالدۇق، ئېغىرلىق كۈچىگە قارشىلىق قىلىش سىستېمىسى پۈتۈنلەي كاردىن چىقتى، بىز قىمىرلىيالماي قالدۇق!— دېدى بىر ئالاقىچى ئالدىراش-تېنەش. بۇ ئامېرىكىلىق كېمە باشلىقى بۇنى ئاڭلاپ رادارغا قاراپ قويۇپ كۈلۈپ قويدى. ئۇ چاقىرغۇنى ئېلىپ باشقا بىر نەچچە كېمىدىكىلەرگە قىسقىچە بىر ئېغىز

سۆزلىگەندىن كېيىن ئۆز ئورۇندۇقىغا ئاستا ـ ئاستا ئولتۇرۇپ قالدى، بىر نەچچە تال كۆك رەڭلىك نۇر دەستىسى ئالەم كېمىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ كېمىسىنى تېشىپ ئۆتتى، تەڭداشسىز كۈچلۈك زور پارتلاش بىلەن تەڭ كېمىگە ئەتراپتىكى بارلىق زېگېرلار قوشۇلۇپ كۆلگە ئايلاندى .

يەر شارىدا ، كېچىدە كىشىلەر ئايغا قاراپ ئايغا قاراپ ئاي ئەتراپىدا تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئاجىز ئوت ئۇچقۇنىنىڭ توختىماي چاقناۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى! 2 ـ قېتىملىق زەمبىرەك ئېتىلغاندىن كېيىن، زېگېر ھۇجۇمىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئاي شارىدىن ئالەم كېمىسىگە يۆتكىدى، قالغان ئالەم كېمىلىرى شار شەكلىدە تىزىلىپ ھۇجۇمغا تەسلىكتە تاقابىل تۇرۇشقا باشلىدى. ئاي شارى يۈزىدىكى چوڭ قاپلىق قىسقۇچپاقىلارمۇ ھۇجۇمنى توختاتتى، بىر تۈركۈم پارازىت ماكان ئىگىلىرى خارابىلىققا ئايلانغان ئاي شارى يۈزىگە قوندى، توپ ـ توپ يىرتقۇچلار تېز سۈرئەتتە ئېتىلىپ چىقىپ، ھايات قالغان جانلىقلارنى ئىزدەشكە باشلىدى.

## 57 ـ باب ھايات ـ ماماتلىق جېڭى

ئاي شارى يۈزى ئاللىقاچان چوڭ قاپلىق قىسقۇچپاقىلار تەرىپىدىن تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن ئىدى، نۇرغۇن يىرتقۇچلار يەر يۈزىدە ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرۈپ، ھايات قېلىش مۇمكىنچىلىكى بار جانلىقلارنى ئىزدەپ يۈرەتتى. بىر قىسىم بىرونە شوپۇرلىرى چوڭ قاپلىق قىسقۇچپاقىلارنىڭ ھۇجۇمىدا تەلىيىگە يارىشا ھايات قالغان بولسىمۇ، بىراق يىرتقۇچلارنىڭ ئۆتكۈر قوللىرى ئاستىدا ناھايىتى تېزلا قىيمىغا ئايلاندى. ھېچقانداق بىر ئىنساننىڭ ھايات قالمىغانلىقى جەزملەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، يەنە بىر تۈركۈم پارازىت ماكان ئىگىلىرى ئاي شارىغا قوندى. ئۇنىڭ قورساق خالتىسىدىن تۈرقى چايانغا ئوخشايدىغان بىر توپ قۇرۇتلار ــ ئەركەك ھەرىلەر تېشىپ چىقتى، ئۇلار يەر يۈزىگە چىقىپلا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى، ئۇلار تۈركۈملەپ تۆشۈك تېشىپ، يەر پوستىنىڭ ئاستىنقى قىسمىدىكى ئاي شارى بازىسىغا قاراپ يۈرۈش قىلىشقا باشلىدى.

يەر پوستىنىڭ ئاستىنقى قىسمىدىكى بازىنىڭ ئىچى ئالاقزادىلىككە چۆمگەن ئىدى، نۇرغۇن جەڭچىلەر قارشىلىق كۆرسىتىشكە تەييارلاندى، ھەر قايسى چىقىش ئېغىزلىرىغا ئېغىر تىپلىق پىلىمۇتلار تىكلەندى. قوماندانلىق ئۆيىدە جوۋيۈ رادارغا قاراپ زېگېر قىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىۋاتاتتى. زېگېرلار بازىنى كولاپ بىرىكمە مېتالدىن ياسالغان بىرونە تاختىغا

كەلگەندە ئىلگىرىلەش سۈرئىتى ئاستىلاپ قالدى. پۈتكۈل بازا خۇددى ئادەمخور چۆمۈلىلەر بىلەن قورشىۋېلىنغاندەك ھالغا كەلدى، ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى جەڭچىلەر جىددىيلەشكەن ھالدا تورۇسقا قاراپ تۇراتتى، بازا ئىچى تېپ ـ تېنچ بولۇپ، پەقەت ھەر خىل ئۈسكۈنىلەر چىقارغان ئاۋازلارلا ئاڭلىناتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى تورۇستىن مېتاللارنىڭ ئېرىپ چىرىسلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. تورۇس بىردىنلا غولاپ چۈشتى، بىر ئەركەك ھەرە ئەمدى يەرگە چۈشۈشكە پىلمۇت ئوقىدا يەر چىشلىدى. ئەركەك ھەرىنىڭ قىلچىمۇ قوغدىنىش كۈچى يوق بولۇپ، بىردەمدىلا بىر چىقىراپ جان بەردى، ئەسكەرلەر نېمىشقا زېگېرلارنىڭ ئاران بىر تال قۇرۇتى كىرگەنلىكىگە ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى تورۇس پۈتۈنلەي غولاپ چۈشتى. كۆپچىلىكنىڭ چىقىراشقان ئاۋازلىرى ئىچىدە نۇرغۇن يىرتقۇچىلار يامغۇر تامچىلىرىدەك تورۇكلاپ چۈشۈشكە باشلاپ، بارلىق ئادەملەرنى زىچچىدە ئورىۋالدى. قىسقىغىنە قارشىلىقتىن كېيىن ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئۆتۈشمە يوللار پۈتۈنلەي زېگېرلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى، زېگېرنىڭ يىرتقۇچىلىرى دەرھال تۆت تەرەپكە تارىلىپ بازىنىڭ ھەر قايسى بۆلۈك ـ پۇشقاقلىرىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىشتى. بىر تۈپ ـ تۈز كارىدوردا زېگېرنىڭ يىرتقۇچىلىرى جەڭچىلەرنىڭ جەستىنى دەسسىگىنىچە تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەۋاتاتتى، ئەڭ ئالدىدا يۈگۈرۈۋاتقان بىر يىرتقۇچى ئېنفېرا قىزىل نۇرغا دەسسەپ سالدى، پارتلاشتىن پەيدا بولغان ئوت يالقۇنى كارىدورنى بىر ئالدى، ئوت يالقۇنى ئۆچكەندىن كېيىن، يىرتقۇچىلارنىڭ نۇرغۇن كۆيۈپ قارايغان جەستىلا قالغان ئىدى، ھېلىلا تېخى جىمجىتلىققا چۆمگەن بازا ئەمدىلىكتە مىلتىق ئاۋازىدىن لەرزىگە كەلگەن ئىدى، بازىدىكى جەڭچىلەر تار كارىدوردىن پايدىلىنىپ زېگېرنىڭ زور قوشۇنى شەكىللەندۈرگەن قارا رەڭلىك كەلكۈننى توسۇپ تۇرۇۋاتاتتى، بىراق ئۆزلىرىگە بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان يىرتقۇچىلار ھەممەيلەنگە ئۇلارنى ئاران بىر مەزگىللا توسۇپ تۇرالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويدى!

ئاي شارى ھاۋا بوشلۇقىدا ئېششىپ قالغان بىر قانچە ئالەم كېمىلىرىنىڭ سىرتقى قېپى چىرىتكۈچىلەرنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى ئاستىدا ئۆتمە ـ تۆشۈك بولۇپ كەتكەن ئىدى، بىر قىسىم چىرىتكۈچىلەر ئالەم كېمىسى ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ ھەممە جايدا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا باشلىغان ئىدى. پۈتكۈل كېمە لەپەڭشىپ چۈشۈپ كېتەيلا دەپ قالغان بولۇپ، كېمە ئىچىدىن تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئوت يالقۇنى ئېتىلىپ چىقاتتى، يېڭى بىر تۈركۈم پارازىت ماكان ئىگىلىرى تېز سۈرئەتتە يەر شارىغا قاراپ ئۇچۇشقا باشلىدى، بىراق ئۇلارنى توسۇپ قېلىشقا ئامال بولمايۋاتاتتى. ئەمدىلا يەرشارىغا يېقىنلىغان پارازىت ماكان ئىگىلىرى تېخى ئىنكاس قايتۇرۇپ بولغۇچە، بىر تۈركۈم يىراقتىن تىزگىنلىنىدىغان بومبىلار ئۇچۇپ كېلىپ ئۇلارنى

جايلىشىۋەتتى. يەر شارى ئوربىتىسىدا، ھەر قايسى ئەللەرنىڭ يۈزلىگەن ئالەم كېمىلىرى رەتلىك سەپ تۈزۈپ، بۇ باسقۇنچىلارغا قارشى تەييارلىنىپ تۇرۇشقان ئىدى! بىر قىسىم ئالەم كېمىلىرى ئاستا - ئاستا ئەسلىدىكى ئوربىتىسىدىن ئايرىلىپ تېز سۈرئەتتە ئاي شارىغا قاراپ ئۇچتى، بۇنى كۆرگەن ئاي شارى بازىسىدىكى خادىملار خۇشال تەنتەنە قىلىشقا باشلىدى. زېگېر قىسىملىرىنىڭ چىرىتكۈچىلىرى بۇ زور قوشۇننى كۆرگەندىن كېيىن قايتا قارىغۇلارچە ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمىدى. لىن خەييۈن جۇڭخۇا دەرىجىلىك چارلىغۇچى ئالەم كېمىسىدە جەڭگە قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى، كېڭەيگۈچى بىرونىلەر پالوبىغا بىر - بىرلەپ چىقىپ ئالەم كېمە قېپىغا چاپلىشىۋالغان چىرىتكۈچىلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا باشلىدى. بۇ نەچچە ئون ئالەم كېمىسى ئۈچبۇرجەك سەپ تۈزگەن بولۇپ، ئەمما ئەڭ ئوتتۇرىدىكى ئىككى ئالەم كېمىسى جەڭگە قاتناشمىغان ئىدى! بىر قىسىم چىرىتكۈچىلەر تۆت تەرەپتىن قورشاپ كەلدى، بىراق ئۇلارنىڭ قالايمىقان ھۇجۇمى ئالەم كېمىلىرىگە قىلچىمۇ زىيان يەتكۈزەلمىدى، چىرىتكۈچىلەر ئالەم كېمىلىرىدىن ئايرىلىپ بىر يەرگە توپلىنىشقا باشلىدى. خۇددى بىر توپ قاپقارا بۇلۇتتەك قىسىملارغا قاراپ باسۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى.

— دەل ۋاقتىدا كەلدى!— ئويلىدى لىن خەييۈن كۆڭلىدە. ئىككى تەرەپتىكى ئالەم كېمىلىرى دەرھال تارىلىپ، ئوتتۇرىدىكى جەڭگە قاتناشمىغان ئىككى كېمىگە يول بەردى، ئىككى ئالەم كېمىسىنىڭ باش تەرىپىگە ئاللىقاچان كۈچلۈك كۆك رەڭلىك نۇر يىغىلىپ بولغان ئىدى. بۇنى كۆرگەن چىرىتكۈچىلەر ئەتراپقا تارىلىپ قېچىپ ماگنىت زەررىچە زەمبىرىكىنىڭ ھۇجۇمىدىن پاناھلانماقچى بولدى، بىراق بۇ چاغدا ئۇلار ئاللىقاچان بەكلا كېچىككەن ئىدى. غايەت زور كۆك رەڭلىك نۇر دەستىسى كېمە بېشىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، قاپقارا بۇلۇتقا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى، ھەش - پەش دېگۈچە دەستە - دەستە كۆك نۇرلار قاپقارا بۇلۇت ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، يوپ - يورۇق ئوت شارى قاپقارا بۇلۇتنىڭ ئورنىنى ئالدى!

زېگېرنىڭ بايراقچى كېمىسىدە يۈدىس بۇ ئىشلارنى جىمجىت ئولتۇرۇپ كۆزىتىۋاتاتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ خىرقىرىغان ئاۋازدا:

— سىلەر قىسمىڭلارنى ئىنسانلارنىڭ ئاۋۇ قىسىمىدىن يىراقراق ئېلىپ كېتىڭلار، ئۇلارغا ئۆزۈم تاقابىل تۇراي!— دېدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگەش بىلەن تەڭ دانە - دانە سەزگۈچ قوللار سوزۇلۇپ چىقىپ، يۈدىسنىڭ غوزىكىگە تۇتاشتى.

لىن خەييۈن كېمە ئەترىتىگە قوماندانلىق قىلىپ ئاخىرى زېگېرنىڭ قاتمۇ - قات مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئاي شارى ھاۋا بوشلۇقىغا يېتىپ كەلدى، خارابىگە ئايلىنىپ قالغان ئاي شارى يۈزىگە، تېخىغىچە ئۇ يەردە ئايلىنىپ يۈرگەن يىرتقۇچلارغا قاراپ، لىن خەييۈن بارلىق ئالەم قىسمى پىيادە قىسىملىرىنى دەرھال ئاي شارىغا چۈشۈپ، يەر پوستى ئاستىدىكى ئاي شارى

بازىسغا يارده‌م قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. ئالەم كېمىسى ئىچى بىردىنلا ئالدىراشچىلىققا چۆمدى. نۇرغۇن ئەسكەرلەر توشۇغۇچى كېمىلەرگە قاراپ ماڭغاندا سۇس قىزىل رەڭلىك بىر دەستە نۇر ئالەم كېمىسى يېنىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تال ـ تال قان رەڭگىدىكى يېرىقلار پەيدا بولدى، ھەممەيلەن داڭقاتقىنىچە كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىگە قاراپ تۇرغىنىدا، يېرىقلاردىن زىگېرنىڭ جانلىق كېمىلىرى ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى! بۇ غايەت زور گەۋدىگە قاراپ ھەممەيلەن بىردىنلا ئەس ـ ھۇشىنى يوقاتتى، لىن خەييۈن بۇنى كۆرۈپ ھەيرانلىق بىلەن ۋاقىرىدى:

ــ تېز ماڭايلى، دەرھال كېمىنى ئايلاندۇر!

چېن جىكۈن ئالدىراپ رولنى بۇرىدى، ئەمما بۇ چاغدا كېچىككەن ئىدى! باشقا ئالەم كېمىلىرىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ھەيرانلىق ئىلكىدە توۋلىغان ئاۋازلىرى ئىچىدە زىگېرنىڭ جانلىق ئالەم كېمىسى جۇڭخۇا دەرىجىلىك كېمىگە قاتتىق سوقۇلدى. كۈچلۈك سوقۇلۇش كۈچىنىڭ تەسىرىدە پۈتكۈل ئالەم كېمىسى ئۇچۇش يۆلىنىشىدىن ئېغىپ كەتتى، ئالەم كېمىسى ئىچىدىكىلەر ئوڭتەي ـ توڭتەي بولۇپ يىقىلىپ كېتىشتى، نۇرغۇنلار سوقۇلغاندا پەيدا بولغان تۆشۈكتىن ۋاكۇئۇملۇق ئالەم بوشلۇقىغا ئۇچۇپ چىقىپ كېتىشتى. لىن خەييۈن ئورنىدىن تۇرۇپ دەرھال ئېسىنى يىغىپ، دەرھال بارلىق تاقاقلارنى ئېتىدىغان كونۇپكىلارنى باستى، بۇ چاغدا زىگېرنىڭ جانلىق ئالەم كېمىسىنىڭ كۈچلۈك ئالدى پۇتلىرى تۇيۇقسىز ئالەم كېمىسى ئىچىگە سانجىلىپ كىردى ـ دە، ئالەم كېمىسىدىن يوغان بىر تۆشۈك ئاچتى!

چېن جىكۈن بۇنى كۆرۈپ ئالدىراپ كەتتى:

ــ ئۆلگۈر، ئامال قىلىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلساق بولاتتى!

چېن جىكۈن ئۇچقۇچى ئورنىدا ئولتۇرۇپ ئالەم كېمىسىنىڭ ھەرىكەتلەندۇرگۈچى كۈچىنى ئەڭ يۇقىرى چەككە تەڭشىدى، ئەمما زىگېرنىڭ جانلىق ئالەم كېمىسى چىرمىۋالغان جۇڭخۇا دەرىجىلىك ئالەم كېمىسى قۇيرۇقىدىكى ئىتتىرگۈچتىن كۆك رەڭلىك يالقۇن چىقارغىنىچە قىمىرلاپمۇ قويمىدى، ئالەم كېمىسىدىكى بىر قىسىم زەمبىرەك ۋە برونىلەر يۆتكىلىپ، بۇ جانلىق ئالەم كېمىسىنى كۈچلۈك ئوققا تۇتتى، بىراق قېلىن ھەم قاتتىق قاسىرىقى بار جانلىق ئالەم كېمىسى بۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلمىدى. بىر توپ ئۇزۇن تۇرۇبىلار ئۇنىڭ بەدىنىدىن سوزۇلۇپ چىقىپ، جۇڭخۇا دەرىجىلىك ئالەم كېمىسىنىڭ گەۋدىسىگە چاپلاشتى. بىر تۈركۈم يىرتقۇچلار بۇ تۇرۇبىلار ئارقىلىق ھەرىلەردەك يوپۇرۇلۇپ ئالەم كېمىسىگە چىقتى. بۇ چاغدا چوڭ قاپلىق قىسقۇچپاقىلار ئوت ئۇستىگە ياغ چاچقاندەك يۈگۈرۈپ كەلدى، ھوي، ياق! لەيلەپ كەلدى ـ دە، ئالەم كېمىسىنى تەلۋىلەرچە بومباردىمان قىلىشقا باشلىدى، بۇنى كۆرۈپ باشقا قىسىملار بارلىق كۈچى بىلەن لىن خەيۈنلەرگە يارده‌ملىشىپ ھەرىلەردەك

يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان غەلىتە مەخلۇقلارنى توسۇشقا باشلىدى. ئامېرىكا ياسىغان بىر دانە ئالەم كېمىسى ماگنىت زەررىچە زەمبىرىكىنىڭ ئېنېرگىيىسىنى تولۇقلاپ بولۇپ، بۇ چوڭ غەلىتە مەخلۇقنى توپقا تۇتتى، خاتا يارىلاندۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ ئوق پەقەت زېگېرنىڭ جانلىق ئالەم كېمىسىنىڭ گەۋدىسىگىلا قارىتىپ ئېتىلدى، بىراق بۇ ئوق پەقەت جانلىق ئالەم كېمىسىنىڭ بىر تال قانىتىنىلا ئۈزۈۋەتتى، قارامتۇل يېشىل رەڭلىك سۇيۇقلۇق ئالەمگە چاچرىدى، زېگېرنىڭ جانلىق ئالەم كېمىسى قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك ئېچىنىشلىق چىقىرىدى! بىراق ئۇنىڭ ئىككى ئالدى پۇتى ئالەم كېمىسىنى مەھكەم قاماللىغىنىچە ئازراقمۇ بوشاشمىدى، تۆت ئەتراپتا لەيلەپ يۈرگەن يۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى بۇنى كۆرۈپ دەرھال توپلىشىپ ماگنىت زەررىچە توپى ئاتقان ئالەم كېمىسىگە قاراپ يوپۇرۇلۇپ ماڭدى !

ئاي شارى بازىسى. بىر كەڭ كارىدورنىڭ ئىچىدە ئەتراپ ئەسكەرلەر ۋە يىرتقۇچىلارنىڭ جەستى بىلەن لىق تولغان ئىدى، زېگېرلارنىڭ قارامتۇل يېشىل قېنى بىلەن ئىنسانلارنىڭ قىپ ـ قىزىل قېنى ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدى! بىردىنلا ئېچىنىشلىق چىقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى! ئىككى سايە ئاسماندىن چۈشتى، بىرسى پۈتۈن بەدىنىدىن قارامتۇل يېشىل سۇيۇقلۇق ئېقىۋاتقان، ئاي بازىسىغا ھۇجۇم قىلغان زېگېرنىڭ يىرتقۇچىسى، يەنە بىرى پۈتۈن بەدىنىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىن كۆك رەڭلىك ئۇچقۇن چاقناۋاتقان ماشىنا ئادەم ئىدى. زېگېرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن جوۋيۇ ئاسالىق كىرىش ـ چىقىش ئېغىزلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېتىۋېتىشكە بۇيرۇق قىلغان ئىدى. بۇ ئىككىسى دەل قاپقاق ئېتىلىۋاتقاندا ئۇچرىشىپ قېلىشقان ئىدى، يىرتقۇچى قارامتۇل يېشىل رەڭلىك كۆزلىرى بىلەن كۆز ئالدىدىكى بۇ مېتال مەخلۇققا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى، ئۆزى يوقاتقان ئاۋۇ ئىنسانلارغا سېلىشتۇرغاندا بۇ نەرسە كۆپ يامان ئىدى! ماشىنا ئادەمنىڭ ئېلېكتىر كۆزى توختىماستىن زېگېرنىڭ بۇ جانلىقنى سايىلاپ، سانلىق مەلۇماتقا ئاساسەن ئۇنىڭ كېيىنكى ھۇجۇمىغا ھۆكۈم قىلىۋاتاتتى. بىردەم توختىغاندىن كېيىن يىرتقۇچى ئاۋال ھۇجۇم قىلدى، ئۇ كۈچەپ سەكرەپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، ئۆتكۈر قوللىرى بىلەن ماشىنا ئادەمنى كەسمەكچى بولدى. ماشىنا ئادەمنىڭ سانلىق مەلۇماتىدا ئۇنىڭ ھۇجۇم شەكلى ئاللىقاچان ھېسابلاپ بولۇنغان ئىدى، ئۇنىڭ قوللىرى ئۆزىگە يېقىنلاپ بولغۇچە شاپپىدە ئۆزىنى چەتكە ئالدى ـ دە، يىرتقۇچىنىڭ بېشىغا كەلتۈرۈپ بىرنى سالدى. يىرتقۇچى قاتتىق ئاغرىققا چىداپ ماشىنا ئادەمنىڭ ئۇچلۇق تىكەنلەر قاپلىغان ئارقا تەرىپىدىن سوقۇپ تۆشۈك ئاچتى ـ دە، ماشىنا ئادەمگە قاراپ ئېتىلدى، كۈچلۈك سوقۇلۇش كۈچى ماشىنا ئادەمنى تامغا قاتتىق سوقتى، مېتال تامغا سوقۇلۇشتىن ئويمان پەيدا بولدى. زېگېرنىڭ يىرتقۇچىسى ئاغرىق دەستىدىن داۋاملىق ھۇجۇم قىلالمىدى، ماشىنا ئادەم ئاستا ـ ئاستا ئورنىدىن تۇردى، ئۇ بەدىنىدىكى

ئوت ئۇچقۇنى چاچراۋاتقان يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىككى تۆشۈككە قاراپ قويدى. يىرتقۇچى قاتتىق ئاغرىق دەستىدىن تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئىدى، ئىككى تەرەپ ئۆزئارا قارىشىپ قويۇپ، بىرلا ۋاقىتتا قوللىرىنى سوزۇشۇپ قارشى تەرەپكە قاراپ ئېتىلىشتى، ئىككىسى پومداقلىشىپ كېتىشتى، ماشىنا ئادەمنىڭ يوغان تۆمۈر مۇشتى يىرتقۇچىنىڭ ئوڭ كۆزىنى قۇيۇۋەتتى، ئەمما يىرتقۇچى ئاغرىققا قىلچىمۇ پەرۋا قىلماي ئۆتكۈر قوللىرىنى ماشىنا ئادەمنىڭ بەدىنىگە تىقتى. ماشىنا ئادەم تەسلىكتە قوللىرىنى ئۇزىتىپ يىرتقۇچىنىڭ ئۆتكۈر قوللىرىنى تۇتۇۋالدى. ئاندىن يىرتقۇچىنىڭ ئۆز بەدىنىگە تىققان قولىغا كۈچەپ بىرنى ئۇردى، سۆڭەكنىڭ سۇنغان ئاۋازى كىشىنى شۈركەندۈرەتتى. ھازىر بۇ ماشىنا ئادەمنىڭ ئېنېرگىيىسىمۇ جىق خوراپ كەتكەن ئىدى، ئەگەر يېتەرلىك ئېنېرگىيە بولغان بولسا بۇ بىر مۇشت ئاللىقاچان ئۇنىڭ ئۆتكۈر قوللىرىنى ئۈزۈۋەتكەن بولاتتى. يىرتقۇچى ماشىنا ئادەمگە تىققان قولىنى تارتىپ، يەنە بىر قولى بىلەن ماشىنا ئادەمنىڭ بەدىنىدىكى سامان يولى سىستېمىسىنىڭ بەلگىسىگە سانجىپ نەچچە تال تۆشۈك ئاچتى، سۇس كۆك رەڭلىك لازېرلىق قېلىچ سوزۇلۇپ چىقىپ يىرتقۇچىنىڭ بوينىغا كۈچەپ تىقىلدى، ئاغرىق يىرتقۇچىنىڭ غالجىرانە جەڭ قىلىش ئىرادىسىنى ئۇرغۇتتى، ئۇ سۇنغان قولىنى كۈچەپ سوزۇپ، ماشىنا ئادەمنى دەس كۆتۈرۈۋالدى، ئۇنىڭ قاتتىق ھۆكۈرىگەن ئاۋازى ئەتراپنى بىر ئالدى، ئۇ يەنە بىر قولى بىلەن ماشىنا ئادەمنى بېلىدىن ئىككى پارچە قىلىۋەتتى، تۆمۈر پارچىلىرى يەرنى بىر ئالدى! گەرچە بەدىنى ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ماشىنا ئادەم خۇددى يېڭىلگىنىگە تەن بەرمىگەندەك قوللىرىنى سوزۇپ يەنە ئۇرۇشماقچى بولدى، يىرتقۇچى بۇنى كۆرۈپ، مېڭىپ بېرىپ، ئۆتكۈر قوللىرى بىلەن ماشىنا ئادەمنىڭ بېشىنى پارە-پارە قىلىۋەتتى، قىمىر قىلماي ياتقان ماشىنا ئادەمنى كۆرۈپ يىرتقۇچى ئۆزىنىڭ غەلىبە قىلغىنىنى ھېس قىلدى. غەلىبە خۇشاللىقى ئۇنى ئەسەبىيلىكتىن ئازات قىلدى، كۈچلۈك ئاغرىقمۇ بۇ چاغدا قايتا تۇتتى. يىرتقۇچى ئاغرىق دەستىدىن يەرگە يىقىلدى، توختىماي قان ئېقىۋاتقان يارىسىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، يېنىدىكى ئاللىقاچان تۆمۈر-تەسەككە ئايلانغان ماشىنا ئادەمگە يەنە بىر قارىۋېتىپ ئاستا-ئاستا قارامتۇل يېشىل رەڭلىك بىر جۈپ كۆزىنى يۇمدى، ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋاتقان دەل شۇ پەيتتە ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى — قارشى تەرەپنى يوقىتىشنى تاماملىغان ئىدى!

# 58- باب يېتىپ كېلىش

ــ قوماندان! لىن خەييۈن گېنېراللارنىڭ ئالەم كېمىسى زېگېر قىسىملىرى تەرىپىدىن ئورىۋېلىنىپ قىمىرلىيالماي قالدى، بازىنىڭ 7 ـ قەۋەتتى زېگېرلار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىندى! 8 ـ قەۋەتتىكى قوغدىنىش قىسىملىرى ئۇلارنى ئۇزۇن توسۇپ تۇرالمايدۇ!ــ دوكلات قىلدى بىر ئەسكەر چىلىق ـ چىلىق تەرلىگىنىچە. جوۋيۇ ئېگىكىنى سىلاپ تۇرۇپ :

ــ ئەھۋالدىن قارىغاندا، بازىنىڭ ئۇلار تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىپ ئېلىنىشى پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىدەك قىلىدۇ!ــ دېدى، ئاندىن ئۇ يېنىدىكى ئەسكەرگە شەرەتلىدى، ھېلىقى ئەسكەر بىر كونۇپكىنى باستى، تامدىن بىر چوڭ ئىشىك ئاستا ـ ئاستا ئېچىلدى! جوۋيۇ ۋە بىر نەچچەيلەن ئۇنىڭ ئىچىگە كىردى، ئۇنىڭ ئىچىدە ھەرخىل قورال ـ ياراقلار رەتلىك تىزىقلىق تۇراتتى. جوۋيۇ بىر نەچچە «قىزىل يۇلتۇز» زەربە مىلتىقىنى تاللاپ ئالغاندىن كېيىن چىقىپ دېدى :

ــ ھەممىڭلار ئۆزەڭلار ياخشى كۆرىدىغان قوراللارنى ئېلىڭلار، بىردەم تۇرۇپ بىز زېگېرلار بىلەن تازا بىر سوقۇشىمىز !

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىگە ھەممەيلەن يۈگۈرۈپ كىرىپ قۇچاق ـ قۇچاقلاردا قوراللارنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى. ئالدىراش يۈرگەن ئەسكەرلەرنى كۆرۈپ جوۋيۇ تىزگىن سۇپىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر قاتار سانلارنى كىرگۈزدى، كومپيۇتېردا كىرىشتۈرۈلگەن سۈنئىي ئادەم ئاۋازى ئاڭلاندى :

ــ بازا ئۆزىنى پارتلىتىش پروگراممىسى قوزغىتىلدى، تاللاش شەكلى قولدا پارتلىتىش، بازا قوماندانى جوۋيۇ، قوزغىتىش شىفرىنى كىرگۈزۈڭ !

جوۋيۇ ئەتراپتىكى ئۆزىگە قاراپ تۇرغان خىزمەتچى خادىملارغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى :

ــ بۇ مېنىڭ زېگېرلارغا بەرگەن ئەڭ ئاخىرقى سوۋغام، ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئۇلار بۇ يەرگە ھۇجۇم قىلىپ كېلەلىسە !

ھەممەيلەن بۇنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىشتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى جوۋيۇغە ئوخشاش ئويلاۋاتاتتى. جوۋيۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، بارماق ئىزىنى سىلىشتۇرغاندىن كېيىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان تىزگىن سۇپىسى ئالدىدا ئۇزۇن بىر قاتار شىفرىنى كىرگۈزدى .

ــ شىفىر توغرا!ــ ئاۋاز ئاياقلىشىشى بىلەن تىزگىن سۇپىسىدىن بىر ئاچقۇچ تىقىدىغان تۆشۈك كۆرۈندى، جوۋيۇ يۇشۇرۇپ قويۇلغان بىر شىفىرلىق چامادانىدىن بىر ئاچقۇچنى ئېلىپ

تۆشۈككە تىقتى، ھازىر ئەگەر ئۇ ئاچقۇچنى تولغىسىلا پۈتكۈل بازا بەش سېكۇنتتىلا ئاي شارىدىن مەڭگۈلۈك يوقايتتى !

ئاي شارى ھاۋا بوشلۇقىدا ليۇخۇا لەپپەڭشىپ ئاران قالغان پىلانېتلار ئارا جەڭ ئۇچقۇسىنى ھەيدەپ ساناقسىز چىرىتكۈچى سۈيۈقلۇقلار ئارىسىدىن بۆسۈپ ئۆتتى. ليۇخۇا ئالىلقاچان توققۇز دانە چىرىتكۈچنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن ئىدى، ئەمما ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كەتكەن جەڭ ئۇچقۇسى ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ دۈشمەننى يوقىتىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتاتتى. رادارىدا ھەممە يەردە زېگېرنىڭ قىسىملىرى كۆرۈنەتتى، ئەتراپتا قىسىملىرىمىزنىڭ جەڭ ئۇچقۇلىرىدىن ئانچە كۆپ قالمىغان ئىدى، شۇنداقتىمۇ نەچچە ھەتتا ئون نەچچە دانە چىرىتكۈچلەر تەرىپىدىن قوغلىنىۋاتاتتى .

ــ ئۆلگۈر، ئەجەبا بىز راستىنلا مۇشۇ قۇرۇتلارنىڭ قولىدا ئۆلەرمىزمۇ؟ــ ليۇخۇا مۇشۇنى ئويلاۋېتىپ تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتىن ئۆزىگە ئۇدۇل ئېتىلىپ كېلىۋاتقان بىر چىرىتكۈچنى كۆردى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان چىرىتكۈچ شۆلگەي ئېتىلىپ چىقتى !

ليۇخۇا قاتتىق چۆچۈپ چىرىتكۈچى سۇيۇقلۇقتىن ئۆزىنى ئالدىراش چەتكەن ئالدى، ئۇچقۇ گەۋدىسى قاچالىغان بىلەن قانىتى قاچالمىدى. چىرىتكۈچى سۇيۇقلۇق قاناتقا زەربە بىلەن تېگىپ، قاناتنىڭ يوغان بىر پارچە يېرى ئېرىپ كەتتى، پىلانېتلار ئارا ئۇچقۇ خۇددى ھاراق ئىچكەن زابويدەك ئوڭ-سولغا ئىغاڭشىپ كەتتى، ليۇخۇا جېنىنىڭ بېرىچە ئۇچقۇنى مۇقىملاشتۇرماقچى بولدى، بىراق يەنە بىر ئۇچۇم ئېرىتكۈچى سۇيۇقلۇق تەسىرىدە پۈتكۈل ئۇچقۇ ھاۋادا ئوت يالقۇنىغا ئايلاندى .

يەر شارى ئوربېتىسىدا يۈزلىگەن ئالەم كېمىلىرى تۈمەنلىگەن پىلانېتلار ئارا ئۇچقۇلارنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا زېگېرنىڭ چىرىتكۈچىلىرىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىغا جېنىنىڭ بېرىچە تاقابىل تۇرۇۋاتاتتى. بارلىق ئۇچقۇچىلار ھەممە تىزگىن بومبىلىرىنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىنمۇ يەنە ھەممە ئوقلىرىنى ئېتىپ تا بىرەر تال ئوقى قالمىغۇچە جەڭ قىلىپ، خالىمىغان ھالدا قايتىپ ئوق-دورا تولۇقلايتتى! ھەر بىر ئۇچقۇچىنىڭ كەينىدە بىر چىرايلىق كۆك رەڭلىك پىلانېت ــ ئۇلار تۇغۇلۇپ-ئۆسكەن ئانا پىلانېت بار ئىدى! كۆز ئالدىدا ئۇچۇپ يۈرگەن كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتىپ قۇسقۇسىنى كەلتۈرىدىغان بۇ غەلىتە مەخلۇقلارنى كۆرگىنىدە، ئۆزلىرىنى بېقىپ چوڭ قىلغان بۇ گۈزەل پىلانېتنىڭ بۇ كۆڭۈلنى ئاينىتىدىغان غەلىتە مەخلۇقلار تەرىپىدىن دەپسەندى قىلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئىختىيارسىز ھالدا غەزەپ ئوتلىرى لاۋۇلدايتتى! ئاخىرغىچە جان تىكىپ ئېلىشىدىغان باتۇرانە روھ ئۇلارنى بارلىق زېگېر قىسىملىرىنى يەر شارى سىرتىدا توسۇپ تۇرۇشقا، زېگېر قىسىملىرىنى بىر قەدەممۇ ئالغا سىلجىش خام خىيالىنى قىلدۇرماسلىققا مۇيەسسەر قىلدى !

يەر شارىدا ھازىر ئەڭ جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش ئېلان قىلىندى! تېخىغىچە تېنچلىقتىن مەسخۇشت بولۇپ يۈرگەن ئادەملەر چۆچۈپ كېتىشتى! قورقۇنچ ۋە ئالاقزادىلىك يامراپ كەتمەستىن، ئەكسىچە ھەممەيلەن تېخىمۇ ئىتتىپاقلىششقا باشلىدى. ئورتاق دۈشمەن ئالدىدا ئىلگىرىكى ئىنسانلارنى جەڭ مەيدانىدا ئۆزئارا ئەسەبىيلەرچە قىرغىن قىلدۇرغان باھانىلەرنىڭ ھەممىسى نەلەرگىدۇ غايىپ بولغان ئىدى. كىشىلەر خىزمەتچى خادىملارنىڭ يېتەكلىشىدە تەرتىپلىك ھالدا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى پاناھ جايلارغا كىرىشكە باشلىدى. قېرىلار، ئاياللار ۋە باللار ئالدى بىلەن كىردى. ئەرلەر قېپقالدى. بىرمۇ ئەر كىشى كىرىشنى تالاشمىدى. ئەگەر ئۇنداق قىلسا كۆپچىلىك ئۇنى كۆزگە ئىلمايتتى! قېپقالغانلارنىڭ ھەممىسى قىسىملارغا ياردەملىشىپ ئاكوپلارنى ياساشقا باشلىدى، ھەربىي ماشىنىلار بىر-بىرلەپ ھەيدەپ كېلىنىشكە باشلىدى. سەپ بېشىدىكى ئەسكەر ماشىنىدا تۇرۇپ توۋلىدى:

— كۆپچىلىك بۇ يەرگە يىغىلىڭلار، مېنىڭ سىلەرگە دەيدىغان گېپىم بار!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كىشىلەر ئالدىراش يېتىپ كېلىشتى-دە، جىمجىتقىنە بىر يەرگە توپلاشتى. ھېلىقى ئەسكەر قولىغا كاناي ئېلىپ توۋلىدى:

— كۆپچىلىك، بىزنىڭ گۈزەل ماكانىمىز زېگېر غەلىتە مەخلۇقلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراش ئالدىدا تۇرماقتا، بىزنىڭ باتۇر ئالەم كېمىسى قىسىملىرىمىز ئاسمان‌دا پۈتۈن كۈچى بىلەن زېگېر غەلىتە مەخلۇقلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشىلىق كۆرسەتمەكتە! ئەگەر زېگېرلار بىزنىڭ مۇداپىئە لېنىيەمىزنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتسە، بىزنىڭ گۈزەل ماكانىمىز زېگېر غەلىتە مەخلۇقلىرىنىڭ ئاياق ئاستى قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. بىز بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىغا ھەرگىز يول قويالمايمىز، بىز بىر تۈركۈم پىدائىي ئەسكەر قوبۇل قىلماقچى! ئەگەر كىمكى بىز بىلەن بىللە زېگېرلارغا قارشى تۇرۇشنى خالىسا، شۇ ئالدىغا چىقسۇن!

سۆز ئاياقلىشىپ بولغۇچە كىشىلەر تەۋرەپ كېتىشتى، نۇرغۇنلار ئالدىغا بىر قەدەم چىقىشتى، گەرچە دەسلەپتە بىر قىسىملار ئازراق ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قېلىشقان بولسىمۇ، ئەمما باشقىلارنىڭ ئالدىغا چىققىنىنى كۆرۈپ، ئۇلارمۇ ئالدىغا بىر قەدەم چىقىشتى! كىشىلەر چۇقان سېلىپ توۋلاشتى، ھەممەيلەن «زېگېرلارغا قارشى تۇرۇپ، ئۆز ماكانىمىزنى قوغدايلى!» دەپ توۋلىشاتتى، بەس-بەستە زېگېرلار بىلەن ئاداققىچە قانلىق جەڭ قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشەتتى. ھېلىقى ئەسكەر بۇنى كۆرۈپ ھاياجانلانغان ھالدا دېدى:

— بىز ھازىر ھەر قايسىڭلارغا قورال تارقىتىپ بېرىمىز، كۆپچىلىك قورالنى ئالغاندىن كېيىن ئەسلى ئورنۇڭلاردىن مىدىرلىماڭلار، بىز قوراللارنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بېرىمىز!

ئۇ قولىنى بىر شىلتىۋىدى، ھەربىي ماشىنا يېنىدىكى بىر ئەسكەر:

— كۆپچىلىك، بۇياققا كېلىپ رەتكە تىزىلىڭلار! ھەممىڭلار بۇ يەرگە كېلىڭلار!— دېدى.

كىشىلەر مېڭىپ كېلىپ تىزىلىشتى، ئەسكەرلەر ماشىنىدىن قورالالارنى چۈشۈرۈپ، ھەربىر ئادەمگە بىر ـ بىرلەپ تارقىتىپ بېرىشكە باشلىدى. بىر قىسىم قورال مەستانىلىرى قوللىرىدىكى قورالالارغا مەستانىلەرچە قاراپ خۇشال ھالدا سىيلاپ كېتىشتى. بەزى ئەسكەرلەر ئۈچ ـ تۆتتىن توپلاشقان كىشىلەر توپىدا كۆپچىلىككە قورالالارنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى سۆزلەشكە باشلىدى !

دەل مۇشۇ پەيتتە ئاي شارى ئاسمىنىدا گېنېرال لىن خەييۈننىڭ جۇڭخۇا دەرىجىلىك ئالەم كېمىسى زېگېرنىڭ جانلىق ئالەم كېمىسى تەرىپىدىن چىڭگىدە چىرمىشىپ قېلىپ ئاجرىيالماي قالغان ئىدى، زور بىر تۈركۈم يىرتقۇچلار جانلىق ئالەم كېمىسىنىڭ تۇرۇبىسى ئارقىلىق ئالەم كېمىسى ئىچىگە يۇپۇرۇلۇپ كىرىپ، كېمە ئىچىدىكى مۇھاپىزەتچى قوشۇن بىلەن كەسكىن ئېلىشىۋاتاتتى! يېقىن ئەتراپتا تۇرغان ئالەم كېمىسى قوماندانى لىن خەييۈننىڭ كېمىسىنىڭ ئاستا ـ ئاستا زېگېرلار تەرىپىدىن يۇتۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئامالسىز قاراپ تۇراتتى. ئۆزىمۇ ساناقسىز چىرىتكۈچىلەر تەرىپىدىن ئورىۋېلىنغاچقا ئارمانغا چۈشلۈق دەرمانى يوق تۇراتتى. چېن جىكۈن كېمىنى ھەيدىگىنىچە جېنىنىڭ بېرىچە سۈرئەتنى تېزلىتىۋاتاتتى، ئەمما زېگېرنىڭ جانلىق ئالەم كېمىسى قىمىرلاپمۇ قويمىدى. چېن جىكۈن تەقەززا بولغان ھالدا دېدى :

ــ بۇ غەلىتە مەخلۇقتىن ئاجراشقا ئامال بولمىدى، گېنېرال !

لىن خەييۈن تەشۋىشلەنگەن ھالدا ئالدى تەرەپتىكى جانلىق ئالەم كېمىسى ۋە ئاسماندا لىق ئۇچۇپ يۈرگەن چىرىتكۈچىلەرگە قاراپ تۇراتتى، كېمىدىن ۋاز كېچىشكە بۇيرۇق قىلغان تەقدىردىمۇ، قېچىپ چىققان ھېچقانداق جەڭ قىلىش ئىقتىدارى يوق قۇتقۇزۇش كېمىلىرىگە ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق ئىدى! لىن خەييۈن تازا جىددىيلىشىپ تۇرغاندا، بىلىنەر ـ بىلىنمەس مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. لىن خەييۈن ئالدىراپ سورىدى :

ــ نېمە؟ يىرتقۇچلار بۇ يەرگە ھۇجۇم قىلىپ كەلدىمۇ؟

بىر ئەسكەر يۈگۈرۈپ كېلىپ دوكلات قىلدى :

ــ ياق، پەقەت بىرنەچچە يىرتقۇچى 24 ـ رايوننىڭ ھاۋا ئالماشتۇرۇش تۇرۇبىسىنى بويلاپ ئۆمىلەپ كىرىپ كەلدى. ئۇلارنى يوقىتىپ بولدۇق !

لىن خەييۈن بۇنى ئاڭلاپ ئالدىراش دېدى :

ــ دەرھال توسۇۋېتىڭلار ...

سۆزى تۈگەپ بولغۇچە ئالەم كېمىسى قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى. سىرتتىكى جانلىق ئالەم كېمىسى كېمە ئىچىگە كىرىۋاتقان قىسىملىرىنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتىنى بەك ئاستا بولۇپ قالدى دەپ ئويلىدى بولغاي، بىراقلا ئۆزى ھەرىكەتكە كېلىپ، بىر دانە ئالدى قولىنى زەربە بىلەن ئالەم كېمىسىگە ئۇردى، ھەربىر ئۇرۇشدا ئالەم كېمىسىنىڭ سىرتىدىن يوغان بىر تۆشۈك

ئېچىلاتتى. تەۋرىنىش ئىچىدە ئۇچقۇچى بۆلمىسىدىكى بىر قىسىم ئەسۋاپلاردىن ئوت ئۇچقۇنى چاچراپ چىقىشقا باشلىدى. قالايمىقانچىلىق ئىچىدە كىمنىڭ ئاستاغىنە بىر تىزگىنەكنى ئېلىپ بىر كونۇپكىنى بوشقىنە باسقىنىنى بىلگىلى بولمىدى، ئالەم كېمىسىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى پېچى زىيادە كۈچەپ ئايلىنىپ، ئىتتىرگۈچتىن چىققان كۆك رەڭلىك نۇر كۆزنى بىردىنلا باشقىچە قاماشتۇرىۋەتتى! زېگېرنىڭ جانلىق ئالەم كېمىسمۇ بۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇتۇلماقچى بولغان ئالەم كېمىسنى تۇتۇپ تۇرالماي قالدى. ھەرىكەتلەندۈرگۈچى پېچىنىڭ كۈچى ئەڭ يۇقىرى چەككە يېتىپ قالغاندا زېگېرنىڭ جانلىق ئالەم كېمىسى پەقەت تۇتۇپ تۇرالمىدى، ئالەم كېمىسى كۈچلۈك ئېتىلىپ چىقتى، بىراق بۇنىڭ بەدىلىگە كېمە گەۋدىسىدە بىر تال ئۇزۇن ئىز قالدى. زېگېرنىڭ جانلىق ئالەم كېمىسى ئۆز قولىدىكى ئولجىنىڭ قېچىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئالدىراش قايرىلىپ قوغلاپ كەلدى، بىراق ماگنىت زەررىچە زەمبىرىكى ئۇنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتىنى زور دەرىجىدە ئاستىلىتىپ قويىدى، زىيادە قوپال گەۋدىسى زورۇققان ھالدا ئالەم كېمىسىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتاتتى!

ئالەم كېمىسىدىكى خىزمەتچى خادىملار ئۈمىدسىزلىكتىن ھەيرانلىققا، ئارقىدىنلا ھەيرانلىقتىن خۇشاللىققا چۆمدى. ئۆزلىرىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، تاپ بېسىپ كېلىۋاتقان زېگېرنىڭ جانلىق ئالەم كېمىسىگە قاراپ، ئۇلار ھازىر پەقەت ھەرىكەتلەندۈرگۈچى پېچىنىڭ چىقارغان ئېنېرگىيىسىنىڭ ھەرگىزمۇ يوقالماسلىقىنىلا تىلىيەلەيتتى، ئەگەر زېگېرلار قوغلاپ يېتىشىپلا قالسا ئۆزلىرىگە ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق ئىدى! بىراق بۇ ئارزۇ ئەمەلگە ئاشمايتتى، ئېنېرگىيە ئاز-ئازدىن خوراپ، ئەڭ ئاخىرى ئالەم كېمىسى توختاپ قالدى، زىيادە كۈچەپ ئايلىنىشنىڭ نەتىجىسىدە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى پېچىمۇ ئەمدى پەقەت قوزغالالمىدى، كېمە ئىچىدە ھەممە يەردە قېتىراپ يۈرگەن يىرتقۇچلارنى، ئۆزلىرىگە بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان جانلىق ئالەم كېمىسىنى كۆرۈپ، ھەممەيلەن ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ تۈگەشكەنلىكىنى بىلىشتى. بىراق ئاللىقاچان ئاستاغىنە قۇياش سىستېمىسىنىڭ سىرتىغا كېلىپ بولغان پولۇتۇسلارنىڭ يىراق سەپەر قوشۇنى قىسىملىرى بۇنداق ئويلىمىدى، نەچچە ئون توشۇغۇچىلار ئۆزلىرىدە ئالاھىدە بار بولغان ماكان ئاتلاپ يەتكۈزۈش ئىقتىدارىنى ئىشلەتتى، تېخىغىچە قاتمۇ-قات مۇھاسىرىدە تۇرغان جۇڭخۇا دەرىجىلىك ئالەم كېمىسىدىكى خىزمەتچى خادىملار ئالەم كېمىسىنىڭ ئۈستىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان كۆك رەڭلىك قاينامنى كۆرۈپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېلىشتى، غايەت زور تارتىش كۈچى پۈتكۈل ئالەم كېمىسىنى يۇتۇپ ئېلىپ كىرىپ كەتتى، پەقەت بىر ئامېرىكىلىق خىزمەتچى خادىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئېغىز سۆزىلا قېلىپ قالدى:

— خۇدا ساقلىغاي!

زىگېرنىڭ بايراقچى كېمىسىدىكى مادېس ھەم ئەنسىرىگەن ھەم ئازراق روھلانغان ھالدا دېدى:

— قارىغاندا قاتتىق جەڭدىن ساقلانغىلى بولمىغۇدەك، جەڭ پاتلا پارتلىغۇدەك!

يۇدېسنىڭ غوزىكىدىكى سەزگۈچ قوللار كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قىسقىراپ كىرىپ كەتتى، يۇدېسنىڭ غوزىكى تەۋرەشكە باشلىدى، پەقەت ئۇنىڭ خىقىرىغان ئاۋازىلا ئاڭلاندى:

— توغرا! دەل ۋاقتىدا كەلدىڭلار، پولۇتۇسلار! بۇ قېتىم بىز چوقۇم كونا ھېسابىمىزنى راۋۇرۇس ھېسابلىشىۋالايلى!

## 59- باب ھەر كاللىدا ھەر خىيال

يۇدېس بۇ چاغدا دەرھال بۇيرۇق چۈشۈردى:

— مادېس، دەرھال ئالدىنقى سەپتىكى قىسىملارغا چىقىم بىلەن ھېسابلاشماي تېز سۈرئەتتە يەر شارى ئۈستىدىكى مۇھاپىزەتچى قىسىملارنى يوقىتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈڭ، مەن باشقا قىسىملارنى باشلاپ پولۇتۇسلارغا تاقابىل تۇراي!

مادېس جاۋاپ بەردى:

— خوپ، يۇدېس مىڭە قۇرۇتى! پولۇتۇسلارنىڭ كەلگىنىگە قارىغاندا، بىزنىڭ پىلانېتلار بىرلەشمىسى بىلەن بولىدىغان بۇ جەڭدىن ساقلىنىشىمىز مۇمكىن بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ!

يۇدېس ئاستاغىنە دېدى:

— پىلانېتلار بىرلەشمىسى بىلەن بولغان جەڭ توختىغاندىن بۇيان، بىز ئىككى تەرەپ ئىزچىل تىركىشىش ھالىتىدە تۇرۇپ كەلدۇق، ئېغىزىمىزدا گەرچە تىنچلىق، دوستلۇق دېگىنىمىز بىلەن، ئەمما ئىككىلا تەرەپتىكى ھەربىر ئادەم تىنچلىق ۋە دوستلۇقنى پەقەت ئۆز ئېغىزىمىزدىلا دەپ قويغانلىقىمىزنى، بىراق كۆڭلىمىزدە بۇنداق ئويلىمايدىغانلىقىمىزنى بىلىمىز! جەڭ توختىغاندىن بۇيان باش مىڭە قۇرۇتى ئىزچىل كېيىنكى قېتىملىق جەڭ ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى، بىراق بۇنداق ناھايىتى تېزلا قايتا جەڭ قىلىدىغىنىمىزنى، يەنە كېلىپ، جەڭ قىلىشنىڭ باھانىسى بېكېتلەر بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش ئىرق ئۈچۈن بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى!

مادېس:

— مېنىڭ بىر ئېغىز سۆز قىستۇرۇپ قويۇشۇمغا ئىجازەت بېرىڭ، بېكېتلەرنىڭ بۇنداق قىلىشى

ئەرزىمدۇ؟ بىز زېگېرلارنىڭ ئەسلىگە كېلىش سۈرئىتى كائىناتتا ھازىر بىز بىلىدىغان ھەرقانداق بىر ئىرقنىڭكىدىن كۆپ تېز! چوڭ جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، بېكېتلەر تەخمىنەن جەڭدىن ئىلگىرىكى سەۋىيسىدىن ئازراقلا ئاشتى، ھالبۇكى بىزنىڭ سەۋىيىمىز بۇنىڭلىق بىلەن چەكلىنىپ قالغىنى يوق،— دېدى.

يۇدېس بىر ھازا چوڭقۇر ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— بۇ... بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز بويىچە بولغاندا ھەقىقەتەنمۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ! بىراق مەن پەقەت باش مېڭە قۇرۇتىنىڭ يەر شارلىقلارنىڭ ئىككىنچى بېكىتلەرگە ئايلىنىشىدىن قورقىدىغانلىقىنىلا بىلىمەن، ئەينى يىللاردا بىز باشقا پىلانېتلارغا ھۇجۇم قىلغاندا ئاشۇ ئىرقلار بىزنىڭ زور قوشۇنىمىز ئالدىدا ئانچە قارشىلىق قىلمايلا، كوللىكتىپ تەسلىم بولۇپ، بىز ئۇلارنى يوقاتتۇق. بىراق بېكېتلەر بىرلەشمە ئىتتىپاق تۈزۈپ بىز بىلەن جەڭ قىلغاندا ئۇلاردىن ئۇرغان جاسارەت ھەتتا ھېسسىياتسىز جەڭ ماشىنىسى دەپ ئاتالغان بىزنىمۇ قورقۇتتى، ئەينى چاغدا ئەگەر داۋاملىق سوقۇشساق بەلكىم ھەر ئىككى تەرەپ تەڭلا تۈگەشكەن بولاتتۇق، ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، باش مېڭە قۇرۇتى ئامالسىز بېكېتلەردىن ئۇرۇش توختىتىشنى تەلەپ قىلدى! گەرچە بىز ئاۋال جەڭ توختىتىشنى تەلەپ قىلغان بولساقمۇ، بىراق زېگېرلارنىڭ ئەينى يىللاردىكى جەڭ ئىپادىسى ھەر قانداق بىر ئىرقنىڭ يۈرىكىدە ئاللىقاچان چوڭقۇر ئىز قالدۇردى، ئۇلارنى بىزدىن قاتتىق قورقۇتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئەسلىگە كېلىش سۈرئىتىمىز ئۇلارغا تېخىمۇ چوڭ بېئاراملىق ئېلىپ كەلدى. بېكېتلەرمۇ بىزنى يەنە داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى، بولمىسا ھامان بىر كۈنى بىزنىڭ قايتىدىن ئۇلارنى يوقىتىۋېتىدىغانلىقىمىزنى بىلدى. ئۇلار بىزدىن بۇرۇنراق ئۇرۇش قوزغاشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بىراق بىز زېگېرلار ئۇلار بىلەن تۈزگەن كېلىشىمگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ كەلگەچكە، ئۇلار ھەرىكەت قىلالمىدى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇلار بىزنى ئەمدى ئۇرۇش قىلمايدۇ دەپ قاراپ بىزگە بولغان ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇردى، ئەمما يارېسقا ئوخشاش ئادەملەر يەنىلا بىزدىن پەخەس بولۇپ يۈردى، بۇ قېتىم يەنە ئۇلارغا ئوخشايدىغان يەر شارلىقلار ئۇچراپ قالدى. ئۇلار بۇ پۇرسەتنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ، مۇشۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، جەڭ ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىرقىنىڭ ئەينى يىللاردىكى جاسارىتىنى قوزغاتماقچى، ھالبۇكى بىزنىڭ قىلماقچى بولغىنىمىز بۇ ئوت ئۆلگىيىپ كەتمەستە ئۇنى ئۆچۈرۈۋېتىش!— دېدى.

تېخىغىچە ئەس ـ ھۇشىنى تاپالمايۋاتقان جۇڭخۇا دەرىجىلىك ئالەم كېمىسىدىكىلەر كۆك رەڭلىك نۇر پەردىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، كۆز ئالدىدا پەيدا بولغىنى تۆت ئەتراپتا تىزىلىپ تۇرغان بېكىتلەرنىڭ سان ـ ساناقسىز غايەت زور ئالەم كېمىلىرى ۋە پولۇتۇسلارنىڭ

ئالتۇن رەڭلىك ئالەم كېمىلىرى بولدى. كۆپچىلىك تېخى ھۇشىنى يىغىپ بولغۇچە ئالەم كېمىسىگە بويى ئىككى مېتىردىن ئاشىدىغان، ئالتۇن رەڭلىك دۇبۇلغا ۋە ساۋۇت كەيگەن پولۇتۇسلارنىڭ ئەسەبىي جەڭچىلىرى لىق تولدى! ئۇلار ئالەم كېمىسىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن ئالەم كېمىسى ئىچىگە بۆسۈپ كىردى، پولۇتۇسلارنىڭ تۇنجى تۈركۈم ئەسەبىي جەڭچىلىرى تېخىغىچە ئاەم كېمىسىدە خالىغانچە قىرغىن قىلىۋاتقان زېگېرنىڭ يىرتقۇچلىرىنى كۆرگەندە، كۆك رەڭلىك لازېرلىق قېلىچى ئۇلارنىڭ ئىككى بېلىكىدىكى ساۋۇتىدىن ئۇزۇراپ چىقتى! «ھۇئىلاھ ياشىسۇن!» پولۇتۇس ئەسەبىي جەڭچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق شۇئارىنى توۋلىغىنىچە لازېرلىق قېلىچلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يىرتقۇچلارغا قاراپ ئېتىلدى! مېڭە قۇرۇتىنىڭ كونتروللىقىدىن يىراقلاپ كەتكەن يىرتقۇچلار ھازىر پۈتۈنلەي پەقەت ئۆز مېڭىسىدىكى تۇغما قابىلىيىتىگە تايىنىپلا جەڭ قىلاتتى، بىر يىرتقۇچى ئۆتكۈر قوللىرىنى شىلتىپ ئەسەبىي جەڭچىنىڭ بەدىنىدە ئاران بىر تال كۆك نۇر سىزىقى پەيدا قىلالىدى، ئارقىدىنلا پولۇتۇس ئەسەبىي جەڭچىسىنىڭ لازېرلىق قېلىچى ھاۋادا ئويناشقا باشلىدى! يىرتقۇچلارنىڭ پارچە-پۇرات ھۇجۇملىرى پولۇتۇس ئەسەبىي جەڭچىلىرىنىڭ ئالدىدا بىر تېيىككىمۇ يارىمايتتى! ھەتتا ئېغىر تېپىلىق پىلمۇتلارنىڭ ئوقلىرىمۇ تەستە تېشىپ ئۆتىدىغان يىرتقۇچلارنىڭ سىرتقى قاسىرقى پولۇتۇس ئەسەبىي جەڭچىلىرىنىڭ لازېرلىق قېلىچى ئالدىدا قايماقتەك يۇمشاق كۆرۈنەتتى، ئالەم كېمىسىدىكى ھەممەيلەن بۇ باتۇر جەڭچىلەرنىڭ يول بويى خۇددى بوغداي ئورۇغاندەك كېلىۋاتقىنىنى، بىردەمدىلا يىرتقۇچلارنىڭ خۇددى توغرالغان كۆكتات-كاۋىلاردەك پارچىلىنىپ، بىر-بىرلەپ يوقىتىلىۋاتقىنىغا ھەيرانۇ-ھەس قاراپ تۇراتتى !

ئەڭ ئاخىرقى بىر يىرتقۇچى ئۈچ ئەسەبىي جەڭچىنىڭ لازېرلىق قېلىچى ئاستىدا يەرگە يىقىلغاندا، ئالەم كېمىسىنىڭ قوماندانلىق ئۆيىدىكى ھەممەيلەن گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى! كۆپچىلىك مۇشۇ پەيتتە بۇ كۈچلۈك جەڭچىلەرنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىر تەرەپتە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگەن ئىدى، تېخىغىچە 1-سەپتە جەڭ قىلىۋاتقان جەڭچىلەر ئىچ-ئىچىدىن ھاياجانلانغان، روھلانغان ۋە ئانچە-مۇنچە قورققان ھالدا ئۆز ئالدىدا تۇرغان بۇ ئىككى مېتىردىن ئېگىز كەلگەن پولۇتۇسلارنىڭ ئەسەبىي جەڭچىلىرىگە سەپسېلىپ قاراۋاتاتتى، بىراق كېيىنكى كۆرۈنۈش ئۇلارنىڭ دىلىدىكى قورقۇنچنى پۈتۈنلەي كۆتۈرۈۋەتتى. ھىم ئېتىلگەن دۇبۇلغا ۋە ساۋۇت كەيگەن، ھەر بىر ساۋۇتقا ئۇلار دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان قىزىل كرېست بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن بۇ ئادەملەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ يارىسىغا قاراپ چىقتى ھەم ئۇلارغا ياردەملىشىپ يارىلىرىنى داۋالاشقا باشلىدى !

قوماندانلىق ئۆيىدىكى بىر ئەسكەر كۆزەتكۈچتىن بۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ خۇشال ھالدا لىن

خەييۇنگە :
ــ گېنېرال، قارىغاندا ئەمدى بىزگە ھېچنېمە بولمىغۇدەك!ــ دېدى .
لىن خەييۇن بۇنى ئاڭلاپ يېنىك بىر تىنىۋېلىپ، كولۇمىسىرىگىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى. يەنە بىر تەرەپتە ۋەن شيوڭفېيلارنى يەر شارىغا يولغا سېلىپ قويغان بېكېتلەرنىڭ ئۈزاققا يورۇش قىلغۇچى قوشۇنىنىڭ قوماندانى لېيستون 1 ـ ۋەزىپىنىڭ تاماملانغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن، يېنىدىكى پولۇتۇسلارنىڭ قوماندانى مىشۇسدقا قاراپ :
ــ سىلەرنىڭ ياردىمىڭلارغا كۆپ رەھمەت، مەن باشقا قىسىملارنى باشلاپ تېخىچە جاپالىق جەڭ قىلىۋاتقان يەر شارلىقلارغا ياردەمگە باراي، سىلەرنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇق، بۇلارنىڭ ھالىدىن سىلەر خەۋەر ئېلىپ قويارسىلەر!ــ دېدى .
مىشۇسد بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ :
ــ چاتاق يوق! بىراق ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويۇڭلار، بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ چوڭ قوشۇنى تېزراق بولسۇن، مېنىڭ سەزگۈم ماڭا تېخمۇ كۆپ زېگېرلارنىڭ تېز سۈرئەتتە بۇ يۇلتۇزلار سىستېمىسىغا ياردەمگە كېلىۋاتقىنىنى بىلدۈرۈۋاتىدۇ! ئۇلار ئالىلقاچان بىزنىڭ كېلىدىغىنىمىزنى بىلىپ، ئالىلقاچان بۇ يەردە جەڭ قىلىش تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ بولدى. بىز ھازىر زېگېرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارنىڭ ئىچكىرىسىدە تۇرۇۋاتىمىز، بىزنىڭ قىسىملىرىمىزنىڭ سانى ئۇلارنى ئۇزۇن توسۇپ تۇرالمايدۇ!ــ دېدى .
ــ خاتىرجەم بولۇڭ! بۇنىسى ماڭا ناھايىتى ئېنىق!ــ دېدى لېيستون بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ .
بېكېتلەرنىڭ غايەت زور ئالەم كېمىسى بوشلۇق ئاتلاپ يەر شارىغا يۈرۈش قىلىشقا باشلىدى، لېيستوننىڭ قىسىملىرى كۆز ئالدىدىن غايىپ بولغاندىن كېيىن، بىر پولۇتۇس ئادىمى كېلىپ مىشۇسدنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئۇنىڭغا بىر نەچچە ئېغىز سۆزلىدى، مىشۇسدنىڭ چىرايى بىردىنلا تۇرۇلدى ـ دە، ئاندىن يەنە بىردەمدىن كېيىن ئەسلىگە كېلىپ، غودۇرىغىنىچە بىر نېمىلەرنى دېدى :
ــ ئۇنىڭ كونا كېسلى يەنە قوزغىلىپتۇ ـ دە، بولدىلا، ئۇ ھامان ئازدۇر ـ كۆپتۇر ھەمدەمدە بولالايدۇ !
ئەسلىدە ئالەم كېمىسگە تايىنىپ ئازراق بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىسىملار چوتنى خاتا سوققان ئىدى، زېگېرنىڭ چىرىتكۈچلىرىگە ئۇلار بەلكىم ئاران قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇرالايتتى، بىراق زېگېرنىڭ جانلىق ئالەم كېمىلىرى يۆسۈپ كەلگەندە، جەڭ ۋەزىيىتىدە بىردىنلا ئۆزگىرىش بولدى. زېگېرنىڭ جانلىق ئالەم كېمىلىرىدىن ئېتىلغان كۈچلۈك ئىسسىق لازېر نۇر دەستىسى بىردەمدە پۈتكۈل ئالەم كېمىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى، پارتلاش

كۆچىنىڭ زورلۇقىدىن ئەتراپتىكى ئالەم كېمىلىرىمۇ تەۋرىنىپ كەتتى، ئادەملەرمۇ ئاجىزلىقىغا تەن بەرمەي دەرھال ئالەم كېمىلىرىنىڭ ماگنىت زەررىچە زەمبىرەكلىرىگە ئېنېرگىيە تولۇقلاشقا باشلىدى، تال ـ تال كۆك رەڭلىك لازېر نۇر دەستىلىرى زىگېرنىڭ جانلىق ئالەم كېمىلىرىگە قاراپ ئېتىلدى! ئىككى تەرەپ ماگنىت زەررىچە زەمبىرەكلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئېلىشىشقا باشلىدى، بىراق ئىنسانلارنىڭ پەن ـ تېخنىكىسى زىگېرلارغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئارقىدا قالغان بولۇپ، ئىنسانلار ئىشلەتكەن ماگنىت زەررىچە زەمبىرىكى زىگېرنىڭ جانلىق ئالەم كېمىلىرىگە ئەجەللىك زەربە بېرەلمىدى، بىراق زىگېر بىردەمدىلا ئىنسانلارنىڭ بىر ئالەم كېمىسىنى تەلتۆكۈس يوقىتىۋەتتى، بىر قىسىم پارازىت ماكان ئىگىلىرى ۋە يۇتقۇچىلار مۇداپىئە سېپىنىڭ يوچۇقىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۆز كۆز ئالدىدىكى ئاشۇ كۆك رەڭلىك گۈزەل پلانېتقا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى!

ئاي شارى بازىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يىرتقۇچىلار قەۋەتمۇ ـ قەۋەت بۆسۈپ ئۆتۈپ، قوماندانلىق ئۆيىگە كېلەيلا دەپ قالغان ئىدى، قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك مىلتىق ئاۋازلىرى، يۈرەكنى ئېچىشتۇرىدىغان ئېچىنىشلىق چىقىرىغان ئاۋازلار ئەتراپنى بىر ئالغان ئىدى، قوماندانلىق ئۆيىنى ساقلاۋاتقان ئازغىنە ئەسكەرلەر بۇ يەردە ساقلانغان زور مىقداردىكى ئېغىر تىپلىق قوراللارنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ يىرتقۇچىلارنىڭ تۆت تەرەپتىن قىلىۋاتقان كۈچلۈك ھۇجۇمىغا ۋاقىتلىق قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى! ھازىر بۇ يەرگە جەسەتلەر لىق تولغان ئىدى، ئىنسانلارنىڭ قىپقىزىل قېنى بىلەن زىگېرنىڭ يېشىل رەڭلىك قېنى ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدى، قىزىل، يېشىل ئارىلىشىپ كەتكەن قان سۈيۈقلۇقى ئارىسىدا ياتقان سان ـ ساناقسىز ئاقساق ـ چولاق جەسەتلەر بۇ يەرنى خۇددى دوزاخقىلا ئوخشىتىپ قويغان ئىدى، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك سېپىرىلما زەمبىرەكنىڭ بىر پاي ئوقى يىرتقۇچىلار توپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پارتلىدى ـ دە، قان داغ ئىزلىرى تولۇپ كەتكەن يەر يۈزىگە يەنە نۇرغۇن يېڭى قان ئىزلىرىنى قوشتى.

ــ بىز يەنە قاچانغىچە ئۇلارنى توسۇپ تۇرالايمىز، قوماندان؟ــ دەپ سورىدى پىلموتىدىن توختىماي ئوق ئۈزۈۋاتقان ئالاقىچى ئەسكەر.

ــ مەن نەدىن بىلەي، سەن ئۇلاردىن سوراپ باققىن! ئىشقىلىپ ئامالىنىڭ بېرىچە ئۇلارنى كۆپرەك جەلپ قىلىپ ئەكىلىپ، بىرىنى كۆپرەك ئۆلتۈرۈپ ئۆزىمىزگە سېلىنىجا قىلساقلا بولىدۇ!ــ دەپ جاۋاپ بەردى چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمگەن جوۋيۈ.

زىگېرلار ئۇرۇشتا پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىغا تايىنىپ غەلىبە قازىناتتى، ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكۈسىز يىرتقۇچىلارغا قاراپ جوۋيۈ ئالىلقاچان پارتلاتقۇچىنىڭ يېنىغا يېقىنلاپ كەلگەن ئىدى، ھازىر ئۇ بۇ كونۇپكىنى يېنىككىدە بىرنى باسسىلا ئۆزى، بازا ۋە بۇ ئالۋاستىلار

تەلتۆكۈس غايىپ بولاتتى! ئۇ قايتا زېگېرلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىۋاتقان جەڭچىلەرگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، بارمىقى بىلەن ھېلىقى كونۇپكىنى كۈچەپ باستى! بىراق قولى ئەمدى كونۇپكىغا تېگەي دەپ تۇرۇشىغا، بىر خىل كۆرۈنمەس كۈچ خۇددى بىر جۈپ قولنى بىرسى تۇتۇۋالغاندەك ئۇنىڭ قولنى توختىتىپ قويدى!

## 60- باب زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا

جوۋيۇ ھەيرانلىقتا چۆمۈپ تۇرغىنىدا، بىر ئېگىز قارا كۆلەڭگە كۆرۈنەر-كۆرۈنمەس پەيدا بولدى، بىرتال قارامتۇل يوغان قول ئۇنىڭ ئۆزلىكىدىن پارتلىغۇچ كونۇپكىسنى بېسىشقا تەمشىلىۋاتقان قولنى تۇتۇپ تۇراتتى. قارا كۆلەڭگە بىر جۈپ كۆك رەڭلىك نۇرلۇق كۆزلىرىنى ھەيرانلىق ئىچىدە تۇرغان جوۋيۇگە تىكتى، بىر ئاۋاز ھەر بىرەيلەننىڭ مېڭىسىدە ياڭرىدى:

— قەھرىمان بولماقچىمۇ؟ ھازىر بالدۇرلۇق قىلارمىكىن!

— سەن...سەن نېمە ئادەم؟— جوۋيۇ ئازراق دۇدۇقلىغان ھالدا سورىدى، قانداقلا بولمىسۇن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەنمۇ بەك تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئىدى. قارا كۆلەڭگە ئاستا-ئاستا جاۋاپ بەردى:

— بىز پولۇتۇسلارنىڭ زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى، سەن ھازىر پەقەت بىزنىڭ سىلەرنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشۈڭلارغا ياردەم بەرگىلى كەلگەنلىكىمىزگە ئىشەنسەڭلارلا بولىدۇ!

سۆزلەپ بولۇپ قارا كۆلەڭگە قولنى قويۇۋەتتى-دە، تۆت ئەتراپقا قولنى پۇلاڭشىتتى، جوۋيۇ شۇندىلا قوماندانلىق ئۆيىدە بۇ پولۇتۇس ئادىمىنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى بايقىدى، تۆت ئەتراپتا بىر تۈركۈم قارا رەڭلىك يېپىنچا كىيگەن پولۇتۇس زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى كۆرۈنەر-كۆرۈنمەس پەيدا بولدى، ئۇلار خۇددى بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدا ئاشۇ يەردە جىمجىت تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتۈۋاتاتتى .باشلامچى زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى ئوڭ قول بىلىكىدىن بىر كۆك رەڭلىك لازېرلىق قىلىچنى چىقارغاندىن كېيىن، كۆلەڭگىسى ئاستا-ئاستا بوشلۇقتا غايىپ بولدى، جوۋيۇ بىردىنلا كۈچلۈك شاماللارنىڭ بىردەم-بىردەم يېنىدىن ئۇچۇپ ئۆتكىنىنى ھېس قىلدى، دەل مۇشۇ پەيتتە كىرىش ئېغىزىدىكى زېگېرنىڭ يىرتقۇچلىرى توپى ئارىسىدا بىردىنلا تال-تال كۆك رەڭلىك

نۇرلار پەيدا بولدى. ھەر بىر تال كۆك رەڭلىك نۇر يېنىدا دەرھال يىرتقۇچلارنىڭ جەسەتلىرى ھاۋادا ئۇچۇشقا باشلىدى. گەرچە زېگېرنىڭ يىرتقۇچلىرى قانچە قانخور، ئۇرۇشخۇمار بولسىمۇ، بىراق كۆرۈنمەس دۈشمەنلىرى ئالدىدا ئىلاجسىز قالدى. كۆز ئالدىدىكى ئۆزلىرىگە بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان نۇر قېلىچلىرىغا قاراپ يىرتقۇچلار ئاستا ـ ئاستا چېكىنىشكە باشلىدى!

ئاستا ـ ئاستا چېكىنىشكە باشلىغان زېگېر چوڭ قوشۇننى كۆرگەندىن كېيىن، زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى دەرھال ھۇجۇم سۈرئىتىنى تېزلەتتى، كۆك رەڭلىك تەڭ ئىئونلۇق لازېرلىق قېلىچلار بارغانلا يېرىدە بىرمۇ تىرىك جاننى قويمايتتى، زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى بېسىپ ئۆتكەن جايلار پۈتۈنلەي جەسەت ۋە قان بىلەن قاپلاندى، بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي تېسغىچە چېكىنىۋاتقان يىرتقۇچلار ئۆز قەدەملىرىنى توختاتتى! زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى بۇنى كۆرۈپ ئىشنىڭ يامانلىقىنى پەملىدى، دەرۋەقە نەچچە ئونلىغان شەپەرەڭگە ئوخشاش غەلىتە مەخلۇقلار — زېگېرنىڭ «خانىش قۇرۇتى» ئۇچۇپ كەلدى، باشلامچى زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى دەرھال قولىنى شىلتىپ چېكىنىشكە شەرەتلىدى ۋە كۈچىنى يىغىپ كۈچەپ بىر قېلىچ ئۇردى، كۆك رەڭلىك قېلىچ نۇرى ھۇشقۇيتقىنىچە بېرىپ ئەڭ ئالدىدا ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئىككى خانىش قۇرۇتنى ئىككى پارچە قىلىۋېتىپ، تورۇستىن يوغان بىر يېرىق ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئاندىن توختىدى! كەينىدىن يېقىن ئەگىشىپ كەلگەن خانىش قۇرۇتنىڭ ئاغزىدىن چىققان شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بومبىسى ھېلىقى باشلامچى زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسىگە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى، ئۆزىگە يېقىنلاپ كەلگەن يېشىل رەڭلىك شارچىنى كۆرۈپ، ئۇ سەكرەپ كەينىگە بىر موللاق ئاتتى ـ دە، يېنىك ھەم خۇشال ھالدا ئۆزىنى قاچۇردى، شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بومبا يەرگە تېگىپ پارتلىدى، يېشىل رەڭلىك شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ھەممە يەرگە چاچرىدى! زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى خۇددى كۆلەڭگىدەك جوۋيۈلەرنىڭ يېنىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولدى، باشلامچى زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى:

— زېگېرنىڭ خانىش قۇرۇتى كەلدى، ئەگەر بىز بۇيەردىن ساق ـ سالامەت چىقىپ كەتمەكچى بولىدىكەنمىز، بىردەم تۇرۇپ بىزنىڭ كۆرسەتمىمىزگە بويسۇنۇشۇڭلار لازىم!— دېدى. جوۋيۈ كۈچەپ بېشىنى لىڭشىتتى، ئەتراپتىكى ھەممەيلەن قوللىرىدىكى پىلىموتلىرىنى كۈچەپ سىلاپ قويۇشتى. تونېلدىكى زېگېرنىڭ يىرتقۇچلىرى خانىش قۇرۇتقا ماسلىشىپ باستۇرۇپ كەلدى، ئىشككە كېلەي دېگەندە، ئىنسانلار تەرەپتىكى پىلىموتلار يەنە سايراشقا باشلىدى، بىراق بۇ قېتىم كۆپچىلىك سانى ئانچە كۆپ بولمىغان خانىش قۇرۇتلارنى نىشانلىغان ئىدى.

زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ كۆلەڭگىسى يەنە بىر قېتىم كۆپچىلىكنىڭ كۆز ئالدىدىن غايىپ بولدى، كۆك رەڭلىك قېلىچ نۇرلىرى يەنە بىر قېتىم ھاۋادا ئويناشقا باشلىدى. خانىش قۇرۇتلار بۇنى كۆرۈپ دەرھال ھەممىسى ئۇچۇپ كەلدى ـ دە، دانە ـ دانە يېشىل رەڭلىك شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بومبىلىرىنى ئېغىزلىرىدىن قېلىچ نۇرلىرى يېنىغا پۈركۈشكە باشلىدى، يېشىل رەڭلىك شىلىمشىق سۇيۇقلۇقلار پارتلاپ ئەتراپتىكى زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ئۈستى ـ باشلىرىغا چاچرىدى، بىردىنلا زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ كۆلەڭگىلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى! بۇ ھالنى كۆرۈپ جوۋيۈلەر ئەھۋالنىڭ يامانلىقىدىن چۇقىرىشىپ كەتتى، ئەمما زېگېرنىڭ يىرتقۇچلىرى روھلىنىپ جانلىنىشقا باشلىدى ـ دە، زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىگە قاراپ باستۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى بولسا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشنى ئاساس قىلىدىغان قوشۇن بولۇپ، يوشۇرۇنۇش ئىقتىدارىنى يوقىتىش ئۇلارغا نىسبەتەن زور بىر خەتەر ئىدى، بىر يىرتقۇچى كۈچەپ سەكرەپ بىر زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسىنىڭ تېنىگە چىقىپ ئۇنى چىشلەشكە باشلىدى، ئۆز قېلىچىنىڭ ئۆز دۈمبىسىدىكى يىرتقۇچىغا تەگمەيۋاتقىنىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ دەرھال كۈچەپ كەينىگە مېڭىپ، ئۆز دۈمبىسىدىكى يىرتقۇچىنى تامغا قاتتىق سوقتى، ئۆرۈلۈپلا كۆك رەڭلىك لازېرلىق قېلىچىنى بىر ئوينىتىپ، يەرگە ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن جەسەتتىن يەنە بىرنى كۆپەيتتى، بىراق يىرتقۇچلارنىڭ سانى بەك كۆپ بولۇپ، بىرىنچىسى ئۆلسە ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچىلىرى دەرھال ئېتىلىپ كېلەتتى! ئۈستى تەرەپتىن شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بومبىلار ئۇچۇپ چۈشۈشكە باشلىدى، شىلىمشىق سۇيۇقلۇقلار چاپلاشقان زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى چاققانلىق ۋە تېزلىك جەھەتتىن كۆپ كېمىيىپ كەتكەن ئىدى، بىر نەچچە زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى يەرگە يىقىلىپ، ئاستا ـ ئاستا زېگېرنىڭ يىرتقۇچلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمىگىلى تۇردى، جەڭ سېپى يەنە بىر قېتىم زېگېرنىڭ زور قوشۇنى تەرىپىدىن بېسىپ كېلىندى !

— ئۆز قەلبىڭلارنى قويۇۋېتىڭلار، ھۇ ئىلاھ بىلەن قەلبىڭلار بىردەك بولسۇن!— باشلامچى زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى پىسخىكىلىق تەسىر بىلەن باشقا ئىككى نەپەر زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسىگە دېدى! ئۇ ئىككى زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پۈتۈن بەدىنىدىكى كۆك رەڭلىك نۇر ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلاشقا باشلىدى، بارا ـ بارا قان رەڭگىگە ئايلاندى. جوۋيۈلەر بۇنى ئاڭقىرالماي تۇرغاندا، ئىككى زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى ئۆزلىرىنىڭ لازېرلىق قېلىچى كۆركىدىن بىر ئېغىز ئاچتى، «ھۇ ئىلاھ ياشىسۇن!» ئىككى نەپەر زۇلمەتلىك مۇقەددەس

ئوردا مۇھاپىزەتچىسى ئۆزلىرىنىڭ شۇئارىنى ئۈنلۈك توۋلىدى، ئۇ ئىككىسىنىڭ بەدىنىدىن پولۇتۇسلاردا ئالاھىدە بار بولغان كۆك رەڭلىك قان ئاقماستىن، ئەكسىچە ئىنسانلارنىڭكىگە ئوخشاش قىپقىزىل قان ئېقىپ چىقتى، بۇنى كۆرگەنلەرنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى! جوۋيۈ ۋە ئەسكەرلەر ھەيران بولۇپ تۇرغىنىدا، ئۇ ئىككيلەننىڭ تېنى بىرلىشىپ، ئاستا ـ ئاستا قىزىل رەڭلىك بىر ئوت شارىغا ئايلاندى، جوۋيۈ قاتارلىقلار بۇنىڭغا ھەيرانۇ ـ ھەس بولۇپ تۇرغىنىدا، قىزىل رەڭلىك ئوت شارىدىن بىر قارا رەڭلىك پولۇتۇس ئادىمىنىڭ كۆلەڭگىسى پەيدا بولدى، قىزىل رەڭلىك ئوت نۇرىنىڭ قورشىشىدىن ئۇ خۇددى ئەزرائىلدەك كۆرۈنەتتى! ئىككى نەپەر زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە بۇ «زۇلمەتلىك ئوردا كونسۇلى» پەيدا قىلىنغان ئىدى !

زۇلمەتلىك ئوردا كونسۇلى تېخىغىچە جىددىي جەڭ بولۇۋاتقان تونېل ئاغزىغا كەلدى، ئۇنىڭ بىر جۈپ قولىدىن بىر ئالتۇن رەڭلىك ئوت شارى يىغىلىشقا باشلىدى، ئۇ بۇ ئوت شارىنى ئالدى تەرەپتىن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان زېگېرنىڭ قاپقارا چوڭ قوشۇنى تەرەپكە كۈچەپ ئاتتى! بىر شەكىلسىز روھىي كىشەن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئەڭ ئالدىدىكى زېگېرنىڭ يىرتقۇچلىرى ۋە خانىش قۇرۇتلىرى مەھكەم كىشەنلىنىپ قالدى! بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى بۇيرۇق قىلدى :

ــ دەرھال ئاۋۇ خانىش قۇرۇتلارنى يوقىتىڭلار، تېز! روھىي كىشەن ئۇلارنى ئۇزاق باغلاپ تۇرالمايدۇ !

سۆزلەپ بولۇپ باشلامچى زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى ئالدى بىلەن بۆسۈپ چىقتى ـ دە، كۈچەپ ھاۋاغا بىرنى سەكرەپ، بىر خانىش قۇرۇتنى پارچە ـ پارچە قىلىۋەتتى، باشقا ئەسكەرلەر بۇنى كۆرۈپ دەرھال ئۇنىڭغا يېقىندىن ئەگىشىپ ھەرىلەردەك يوپۇرۇلۇپ چىقىپ، پىلىموتلىرىدىن ئوق ئاتقاچ چېكىنىشكە باشلىدى، ئالدىدا زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى يول ئېچىپ ماڭدى. زېگېر قوشۇنىنىڭ خانىش قۇرۇتلىرىنىڭ شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بومبىسى بولمىغاچقا، يۇشۇرۇنۇۋالغان زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسىنىڭ ئالدىدا سويۇلۇشقا تەييارلانغان قوزىلارغا، زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى بولسا قوي توپى ئارىسىغا كىرىۋالغان قەبىھ بۆرىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. يول بويى زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى بۇغداي ئورىغاندەك كېتىپ باراتتى، كەينىدىكى ئەسكەرلەر بولسا ئۇ ئاچقان قانلىق يولدا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىپ باراتتى. ۋەزىيەت ئەمدىلا ياخشىلىنىۋېدى، بىرنەچچە خانىش قۇرۇت ئۇچۇپ كەلدى، ئۇلار زۇلمەتلىك ئوردا كونسۇلىنى كۆرۈپ، بىر پارازىت قۇرۇت غوزىكىنى ئۇنىڭغا ئاتتى، بىراق غوزەك زۇلمەتلىك ئوردا كونسۇلىنىڭ بەدىنىگە تېگىپ بولغۇچە، ئۇنىڭ سىرتىدا كۆيۈۋاتقان قان

رەڭلىك ئوتتا كۆيۈپ كەتتى! شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا زۇلمەتلىك ئوردا كونسۇلىنىڭ بەدىنىدىكى ئوت يالقۇنى پارتلىغاندەك كۆيۈشكە باشلىدى، ھېلىقى خانىش قۇرۇتلار بۇنى كۆرۈپ ئازاپلىق ھېسسىياتتا چىرايىنى پۈرۈشتۈردى ـ دە، بەدىنىنى تولغاشقا باشلىدى، ئەڭ ئاخىرىدا چىرىسلىغان ئېچىنىشلىق ئاۋاز ئىچىدە پارتلاپ قان پارچىلىرىغا ئايلاندى !

ئەسكەرلەر يول بويى خۇددى ئاسۇرە دوزىخىدىن قېچىپ چىققاندەك زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسىگە ئەگىشىپ قىرغىن قىلغىنىچە مال توشۇش تونېلىغا بۆسۈپ چىقتى، بىراق ئۇلار بۇ يەردە غايەت زور قاپقاقنىڭ مەھكەم ئېتىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈشتى! ئىككى نەپەر زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى لازىپرلىق قېلىچىنى چىقىرىپ قاپقاققا قارىتىپ شىلتىدى، بىراق قاپقاق بەك قېلىن بولغاچقا، قاپقاقتا ئاران ئىككى تال سىزىق پەيدا بولدى، خالاس. كەينى تەرەپتىن يىرتقۇچلار بىلەن تىكەنلىك يىلانلار تەرەپ ـ تەرەپتىن باسۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈستى تەرەپتىن تېخىمۇ كۆپ خانىش قۇرۇتلار ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى !

ــ ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ــ كۆز ئالدىدىكى بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ بىر ئەسكەر ھولۇققان ھالدا سورىدى. يەنە بىر ئەسكەر تەشۋىشلەنگەن ھالدا :

ــ بۇ قاپقاقنى ئېچىش ئۈچۈن چوقۇم قوماندانلىق ئۆيىگە بېرىپ تىزگىنلىگۈچنى ئېچىش كېرەك!ــ دېدى .

ــ بۇ يەردىكى مەسلە، بىز ئەمدى قايتىپ كېتەلمەيمىز ـ دە !

باشلامچى زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى يېنىدىكى قورقۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان بۇ ئەسكەرلەرگە بىر قارىۋېتىپ، كۈچلۈك پىسخىكىلىق كۈچىنى ھەر بىر ئەسكەرنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى قورقۇنچنى ئاستا ـ ئاستا ھەيدەپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەڭ يۈكسەك جەڭ ئىرادىسىنى تىكلىدى .

ــ ئاناڭـــنى! ئۇلارغا جاننى تىكىپ قويدۇم !

زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسىنىڭ روھىي كۈچىنىڭ تەسىرى بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ قەلبىدىن غەزەپ ئوتى ئېتىلىپ چىقتى! كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ زۇلمەتلىك ئوردا كونسۇلى ئۆز بەدىنىدە ساقلانغان بارلىق قۇدرىتىنىڭ ھەممىنى قويۇپ بەردى، بۇ چاغدا زۇلمەتلىك ئوردا كونسۇلى ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەن ئىدى، بەدىنىدىكى ئېنېرگىيە قالقىنىمۇ تەدرىجىي ئاجىزلاپ كەتتى! بىراق زېگېرلار بۇ چاغدا قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ئىدى، بىر تىكەنلىك يىلاننىڭ يېشىل رەڭلىك كۆزلىرى قىزىل رەڭگە ئۆزگىرىپ، ساراڭ بولغاندەك ئۆز يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى، يالغۇز ئۇلار ئەمەس بەزى يىرتقۇچلارمۇ يېنىدىكى ئۆز ھەمراھلىرىنى چىشلەشكە باشلىدى! كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە

## 61- باب ئىرادە بىلەن قارار

زېگېر قوشۇنلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن پەيتتە، ئون نەچچە زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى لازېرلىق قىلىچلىرىنى ئويناتقىنىچە قىرىپ ماڭدى، ئەڭ ئالدىدىكى بىر نەچچە يىرتقۇچى ھۇشىنى تېپىپ بولغۇچە ئۇلارنىڭ بەدىنى ئۆتكۈر لازېرلىق قىلىچلار تەرىپىدىن پارە-پارە قىلىۋېتىلدى. زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقىنىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز ھەمراھلىرىنىڭ ئەسەبىيلىكىدىن قوشۇنىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن زېگېر قوشۇنى يېنىدىكى ئەسەبىيلىكى تۇتقان ھەمراھلىرىنى كەسكىنلىك بىلەن پارە-پارە قىلىۋېتىشتى. قالايمىقانچىلىق بېسىققاندىن كېيىن، تىكەنلىك يىلانلار قوشۇنى كىسلاتالىق جان ئالغۇچ سۇيۇقلۇقلىرىنى زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىگە قارىتىپ پۈركەشتى. زەھەرلىك سۇيۇقلۇقلار زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ بەدىنىنى چۆرىدەپ تۇرغان ئېنېرگىيە قالقىنىنى چىرىتىشكە باشلىدى، كۆك رەڭلىك نۇرلار ئاستا-ئاستا ئاجىزلاشقا باشلىدى، بەزى زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ بەدىنىدىن كۆك رەڭلىك قان ئېقىشقا باشلىدى! ئاغرىق سېزىمى بارا-بارا پۈتۈن بەدەنگە تاراشقا باشلىدى .ئۆلۈمنى كۆتۈپ تۇرۇشنى راۋا كۆرمىگەن زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى ئىنسانلاردىن نەچچە يۈز ھەسسە پىداكارلىق كۆرسىتىپ، زېگېر قوشۇنى بىلەن جاننى تىكىپ ئېلىشتى، كۆك رەڭلىك لازېرلىق قىلىچلار ۋە ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئوقلار ھاۋادا گىرەلىشىپ كەتتى! ئۆتكۈر قوللار ۋە جان ئالغۇچ كىسلاتالىق سۇيۇقلۇقلار ھاۋادا ئويناشقا باشلىدى! بىراق ئۈزۈلمەي يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان زېگېر قوشۇنىنى كۆرگەن ھەممەيلەن ئۆلۈمنىڭ ئۆزلىرىدىن ئانچە يىراق ئەمەسلىكىنى بىلگەن ئىدى !

»گۈلدۈر! گۈلدۈر!« ئارقا تەرەپتىكى چوڭ تاقاق بۇ ۋاقىتتا ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن كۆپچىلىك خۇددى ھاياتلىق نۇرىنى كۆرگەندەك بولۇشتى، تاقاق تولۇق ئېچىلىپ بولغۇچە ئەسكەرلەر زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ قوغدىشى ئاستىدا تار قىسىلچاقتىن تېزلىكتە ئۆملەپ ئۆتۈشكە باشلىدى .

ــ تېز! تېز! كۆپچىلىك تېزراق بولۇڭلار !

زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ جانىنى تىكىپ قوغدىشى ئاستىدا ئەسكەرلەر بۇ يەردىن بىر ـ بىرلەپ بۇ يەردىن ئايرىلىشقا باشلىدى، ئەڭ ئاخىرقى بىر ئەسكەر يەنە بىر تەرەپكە ئۆتكەندىن كېيىن، زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىگە قاراپ ۋاقىرىدى :

ــ بىز ھەممىمىز چىقىپ بولدۇق، سىلەرمۇ تېزراق ئۆتۈڭلار!

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىگە باشلامچى زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى قولىدا شەرەتلىدى. بارلىق زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى دەرھال جەڭ چەمبىرىكىدىن سەكرەپ ئايرىلىپ، تاقاق تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈشتى! ئۇلارنىڭ كەينىدىن مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن زىگېر قوشۇنى ئەشەددىي ياۋۇزلۇق بىلەن قوغلاپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگۈچە بولدى قىلمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان زىگېر قوشۇنىنى كۆرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان يارىلانغان زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى كەينىگە بۇرۇلۇپ، ھەرىلەردەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان زىگېر قوشۇنىغا روبىرو تۇرۇشتى، ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم ئۆزلىرىنىڭ شۇئارىنى توۋلاپ، لازېرلىق قېلىچىنى ئوينىتىقىنىچە زىگېر قىسمىلىرىغا قاراپ ئېتىلىشتى! گەرچە ئۇلار ناھايىتى تېزلا زىگېرلارنىڭ قاپقارا دولقۇنى تەرىپىدىن كۆمۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلار باشقا زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ قېچىپ چىقىشىغا يېتەرلىك ۋاقىت چىقىرىپ بەرگەن ئىدى، ئىشىك ئالدىغا بارغان زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى بەللىرىنى ئېگىپ، بىر ـ بىرلەپ قاپقاق ئاستىدىن ئۆملەپ چىقىپ كېتىشتى، باشلامچى زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى قول ئاستىدىكىلىرىگە قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. ئەڭ ئاخىرقى بىر زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى ئۆتۈپ بولغان چاغدا زىگېرنىڭ تىكەنلىك يىلانلىرىمۇ يېتىپ كەلگەن ئىدى. كۆك رەڭلىك نۇرنىڭ ھاۋادا غىل ـ پاللا ئۆتۈشى بىلەن، ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن تىكەنلىك يىلان يەرگە چۈشتى، بىراق كەينىدىن كەلگەن تىكەنلىك يىلانلار ئاللىقاچان كىسلاتالىق سۇيۇقلۇقنى توپلاپ ئۇنىڭغا قارىتىپ پۈركىگەن ئىدى! ئۇ ئۆزىنىڭ ئېنېرگىيە قالقىنىنىڭ كىسلاتالىق سۇيۇقلۇق تەسىرىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك تېز سۈرئەتتە ئاجىزلاۋاتقانلىقىنىنى ئېنىق ھېس قىلدى، بەزى كىسلاتالىق سۇيۇقلۇقلار ھەتتا ئۇنىڭ ئېنېرگىيە قالقىنىنى چىرىتىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ بەدىنىنى چىرىتىشكە باشلىغان ئىدى. تاقاقنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى تاقەتسىزلەنگەن ھالدا ئۆزلىرىنىڭ داھىيسىنى چاقىراتتى! ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى يارىلانغانلىقتىن ئاللىقاچان دەسسەپمۇ تۇرالمىغۇدەك ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى، يىقىلىپ قالايلا دېگەندە يوغان بىر كۆلەڭگە ئۇنىڭ ئالدىنى توستى، ئۇ بىر قاراپ ئالدىدا توسۇپ تۇرغۇچىنىڭ زۇلمەتلىك ئوردا

كونسۇلى ئىكەنلىكىنى بايقىدى .
ــ تېز مېڭىڭ، يولباشچى!ــ دېگەن روھىي تەسىر ئۇنىڭ مېڭىسىگە كىردى، بەرداشلىق بېرەلمەيلا قالغان زۇلمەتلىك ئوردا كونسۇلىغا قاراپ، ئۇ بېشىنى بۇراپمۇ قويماستىن تاقاقتىن ئۆملەپ ئۆتتۈپ كەتتى، دەل شۇ پەيتتە ئون نەچچە يىرتقۇچى زۇلمەتلىك ئوردا كونسۇلىنى يەرگە يىقىتقان ئىدى !
تاقاقتىن ئۆتۈپ بولۇشىغا تاقاق دەرھال تۆۋەنلەپ ئېتىلىشكە باشلىدى! قىسىلچاقتىن ئۆملەپ ئۆتتۈۋالغان بىر نەچچە يىرتقۇچمۇ ناھايىتى تېزلا زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ قىلىچى ئاستىدىكى ئەرۋاھقا ئايلاندى، تاقاق پۈتۈنلەي ئېتىلىپ بولغاندىن كېيىن، يارىلانغان زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى ھەمراھلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا چىقىش ئېغىزىغا قاراپ مېڭىشتى، تاقاقمۇ زېگىر قوشۇنىنىڭ تالاپ تىتىشى نەتىجىسىدە شەكلى ئۆزگىرىشكە باشلىدى! كۆپچىلىك قانغا تولغان كارىدوردا ئۆزلىرى بىخەتەر دەپ قارىغان جايغا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى، ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن كۆپچىلىك ئازراق توختاپ دېمىنى ئېلىۋېلىشتى. بىر نەچچە زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى ئالدىراش ھالدا ئۆزلىرىنىڭ يولباشچىسىنى داۋالاشقا باشلىدى .
ــ قوماندانىنى كىم كۆردى؟ــ بۇ چاغدا بىر ئەسكەر تۇيۇقسىز ئەتراپتىكىلەردىن سورىدى . ئەمدىلا ئالاقزادىلىكتىن ئازراق ئېسىگە كېلىشكەن ئەسكەرلەر شۇ چاغدىلا قوشۇندا جوۋيۈنىڭ يوقلۇقىنى بايقاشتى .
ــ ئەجەبا!ــ ھېلىقى ئەسكەر بىردەم ئويلىنىپ باش قوماندانلىق ئۆيى تەرەپكە قاراپ قويدى. ھازىر باش قوماندانلىق ئۆيىنىڭ ھەممە يېرىدە كۆك رەڭلىك ئۇچقۇنلار چاچراۋاتاتتى، تورۇستىكى چىراقمۇ بىردەم خىرە، بىردەم يورۇق پاللىداۋاتاتتى! قوماندانلىق ئۆيىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى گېن كومپيۇتېرخانىسىدا نەچچە ئون ئېغىر ھەم قېلىن بىرىكمە مېتال تاقاقلار بۇ يەرنى چىڭ ھىملىغان ئىدى. ئاي شارى بازىسىنىڭ ئەڭ ئالىي قوماندانى جوۋيۈ بۇ يەردە ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىچە غايەت زور كومپيۇتېر سىستېمىسىدا مەشغۇلات قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ مەيدىسىدە بىر قاراشتىلا كىشىنى چۆچۈتىدىغان يار ئىزى بار ئىدى، يارنى تاڭغان داكىدىن قىپقىزىل قان سىرغىپ ئۆتۈپ يەرگە تامچىلاۋاتاتتى .
ــ مېنىڭ ھاياتلىق ئىئوتۇم قاچانغىچە كۆيەلەر؟ ھا...ھا...ھا... ئاۋۇ ئەخمەق گۇيلارنى، ھەنىم بولسا مەن قېلىپ قاپتىمەن، بولمىسا بۇ قېتىم بىرىمىزمۇ قېچىپ كېتەلمەيتتۇق!ــ جوۋيۈ چىرايى ئاقارغان ھالدا ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەۋاتاتتى .
ــ بۇ ھاۋا ئۆتتۈشۈش تۇرۇبىسىدىن ئۆتسەكلا بىز كولىغان تونېل ئارقىلىق سىرتقا چىققىلى بولىدۇ، بىزنىڭ ئالەم كېمىمىز ئاشۇ يەرگە يوشۇرۇقلۇق!ــ باشلامچى زۇلمەتلىك مۇقەددەس

ئوردا مۇھاپىزەتچىسى ھەمراھلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن ماڭغاچ دېدى. كۆپچىلىك ھۇشيارلىق بىلەن ئەتراپنى كۆزىتىپ بۇ كەڭرى تونېلدا كېتىۋاتاتتى، يول بويى ئادەم ۋە قۇرۇتلارنىڭ ئۆلۈكىنى ھەممە يەردە ئۇچراتقىلى بولاتتى، ئەتراپتىكى تام ئوق تۆشۈكلىرى بىلەن لىق تولغان ئىدى .

ــ ياق! بىز قوماندانىنى تاشلاپ قويۇپ بۇنداقلا كەتسەك بولمايدۇ، بىز چوقۇم قايتىپ قوماندانىنى تېپىشىمىز كېرەك!ــ دېدى بىر ئەسكەر بېشىنى چايقىغىنىچە. زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى بۇنى ئاڭلاپ بېشىنى چايقاپ :

ــ بولمايدۇ، سەن ھازىر قايتىپ بارساڭ بۇ يەردىكى ئۆلۈكلەر قاتىرىغا يەنە بىر دانە ئۆلۈكنى قوشىسەن، خالاس، سەن ئۇنى قۇتقۇزالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويىسەن!ــ دېدى .

ــ ئاغزىڭنى يۇم! سەن مېنىڭ ھازىرقى ھېسسىياتىمنى چۈشىنەمسەن؟ ئەگەر سېنىڭ قايتىپ بارغۇڭ بولمىسا مەيلى، بىز قايتىپ بارساقلا بولىدۇ!ــ دېدى ھېلىقى ئەسكەر ئىنتايىن ئاچچىقلانغان ھالدا. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ باشقا ئەسكەرلەرگە قاراپ تۋۋلىدى :

ــ جىگىرى بارلار بۇ يەرگە كېلىڭلار، بىز كەينىمىزگە قايتايلى !

ئۇنىڭ بۇ سۆزى بىلەن نۇرغۇن ئەسكەرلەر بىردەك ئاۋاز قوشۇپ تۋۋلاشتى، بەزى ئەسكەرلەر قوللىرىدىكى قوراللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قايتىپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى، ئۇلار زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنى تاشلاپ ماڭماقچى بولۇپ تۇرغاندا، باشلامچى زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى ھېلىقى قايتىپ كېتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئەسكەرنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ :

ــ مەن ھېسسىياتىڭنى چۈشىنىمەن، ئازاپ، ھەسرەت، غەزەپ، سەلبىي ھېسسىياتلار قەلبىڭنى چۇلغىۋالدى. خۇددى زۇلمەتلىك ئوردا كونسۇلى مېنى قوغدىغانغا ئوخشاش، بەلكىم ئەينى چاغدا سىلەر مېنى قورقۇنچاق، ھەمراھىنى تاشلاپ قويۇپ قېچىپ چىقتى دەپ ئويلىغان بولۇشۇڭلار مۇمكىن، ئۇنداقتا سىلەر خاتالاشقان بولىسىلەر! ئەگەر ئاشۇ چاغدا مەن ئۇنى تاشلاپ قېچىپ چىقمىغان بولسام، ئۇنىڭ قۇربانلىق بەرگىنىنىڭ قىلچە قىممىتى بولمىغان بولاتتى! سىلەرنىڭ قوماندانىڭلارمۇ سىلەرنىڭ بۇ يەردىن قېچىپ كېتەلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئەگەر سىلەر قايتىپ بارساڭلار، ئۇنىڭ قۇربانلىق بەرگىنىنىڭ قىلچە قىممىتى بولمايدۇ، چۈشەندىڭلارمۇ؟ــ دېدى .

ــ بىراق... بىراق بىز... ــ ھېلىقى ئەسكەر ياش تۆككىنىچە نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى بولغان بولسىمۇ، بىراق بوغۇزىغا كېلىپ قالغان گەپنى دېيەلمىدى !

— نېمە ئۇ بىراق-پىراق دېگەن، قوماندانىڭلارنىڭ ئۇمىدىنى يەردە قويماڭلار! سىلەرنىڭ خەتەردىن قۇتۇلغىنىڭلارنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى جاۋاپ قايتۇرۇشتۇر!— دېدى زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى ئۇنىڭ مۈرىسىگە يېنىك شاپىلاقلىغىنىچە. ئۇ ھەمراھلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئالغا قاراپ ماڭدى! ھېلىقى ئەسكەر ياش تۆككىنىچە كەينىدىكى يولغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، باشقا ئەسكەرلەر بىلەن بىللە زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ كەينىدىن چىقىش ئېغىزىغا قاراپ ماڭدى ! گېن كومپيۇتېرخانىسى، بۇ يەردە «پىدائىيلار مارشى» ئارقا-ئارقىدىن ئۇلىنىپ قويۇلماقتا ئىدى، جوۋېيۇ ئېغىر نەپەس ئالغىنىچە كىشى قەلبىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان دۆلەت شېئىرىدىن كۈچ ئېلىپ ھەر ۋاقىت ئۈچۈپ قىلىش ئېھتىماللىقى بولغان ھايات شامىنى ياندۇرۇپ تۇراتتى، يارا ئېغىزىدىكى قان ئېقىشتىن توختىغان ئىدى، يەردىكى يوغان قان دېغىدا ئۇنىڭ سىماسى يالتىرايتتى.

## 62- باب يۇلتۇزلارغا ئۆزگىرىش

قاپقاراڭغۇ شامال ئۆتۈشۈش تۇرۇبىسى ئىچىدە كۆپچىلىك ئاستا-ئاستا ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، ئالدى تەرەپتىكى قاپقاراڭغۇ تۇرۇبا يولى خۇددى ماڭسا ماڭسا تۈگىمەيۋاتقاندەك بىلىنەتتى! ئەڭ ئالدىدا ماڭغان ئەسكەرلەر بارغانسېرى جىددىيلىشىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز، ئەڭ ئالدىدىكى زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى مېڭىشتىن توختىدى، ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان ئەسكەر دىققەت قىلمايلا ئۇنىڭغا سوقۇلۇپ كەتتى .
— نېمە بولدى؟ نېمە ئىش چىقتى؟— ھېلىقى ئەسكەر قولىدىكى قورالىنى جىددىيلەشكەن ھالدا سىلاپ قويغاچ سورىدى .
— بوشراق، گەپ قىلما!— دېدى ھېلىقى زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى بېشىنى بۇراپ. سۆزلەپ بولۇپ ئۇ تېنچلىنىپ ئەتراپنى تىڭشاشقا باشلىدى. ئەسكەرلەرگە ئەتراپ جىمجىت تۇيۇلاتتى، جىمجىتلىقىدىن ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك سوقۇشىنىمۇ ئاڭلىيالايتتى، بىراق زېگېرنىڭ يىرتقۇچلىرىنىڭ پەس ھۆكۈرىگەن ئاۋازلىرىنى پەقەت زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسىلا ئوپئوچۇق ئاڭلىيالايتتى. ھېلىقى زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى بوش ئاۋازدا :
— بىز مۇشۇ يەردىن چىقايلى!— دېدى .

ــ بۇ يەردىن؟ بۇ يەردە چىقىش ئېغىزى بولمىسا؟ــ سوراشتى ئەسكەرلەر چۆشەنمىگەنلىكتىن قىلىپ. ھېلىقى زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى ئۇلارنىڭ سۆزىگە جاۋاپ بەرمەستىن، ئايىقى ئاستىدىكى تۇرۇبىنى كۈچەپ مۇشتلىدى، قاتتىق تاراڭلىغان ئاۋازدىن كېيىن ھەممەيلەن ئۆزلىرىنىڭ خۇددى ئاسماندىن چۈشۈپ كەتكەنلىكتەك پەسكە يىقىلغانلىقلىرىنى ھېس قىلىشتى .

ــ ھە، ئەسلىدە مۇشۇ يەر چىقىش ئېغىزىكەن ـ دە!ــ ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇشۇپ ھېلىقى زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسىگە نارازى بولغانلىقتەك قاراپ قويۇشتى. قاتتىق تاراڭلىغان ئاۋاز ئالىلىقاچان ئەتراپتىكى يىرتقۇچلارنى ئۈركۈتىۋەتكەن ئىدى، شۇڭا ئۇلار بىر توپ ھەرىلەردەك بۇ يەرگە تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇلىشىپ كەلگىلى تۇردى. يەردىكى تۆمۈر پارچىلىرى يىرتقۇچلارنىڭ يۈگرىگەندە پەيدا بولغان تەۋرىنىشتىن تىترەشكە باشلىدى !

ــ ھەرىكىتىڭلار چاققانراق بولسۇن، بىزنىڭ ئۇلار بىلەن ھەپىلەشكۈدەك چولىمىز يوق، سىلەرنىڭ قوماندانىڭلارنىڭمۇ كۆپ ۋاقتى قالمىدى!ــ زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى سۆزىنى تۈگىتىپ باشقا ئەسكەرلەرنىڭ ۋايساشلىرىغا پەرۋامۇ قىلماستىن ھەمراھلىرى بىلەن تېزلىكتە بۇ يەردىن ئايرىلدى .

تار، ئۇزۇن تۇرۇبا يوللىرى بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئىدى، ھەممە تۇرۇبا يوللىرى قىپقىزىل قانلار بىلەن بويالغان بولۇپ، خۇددى دوزاختىقا تۇتىشىدىغانلىقتەك بىلىنەتتى، دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇلارنىڭ كەينىدىن زېگىر يىرتقۇچلىرىنىڭ ئادەم بەدىنىنى تىكەنلەشتۈرىدىغان چىقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، نۇرغۇن يىرتقۇچلار ئەسەبىيلەشكەن ھالدا قېچىپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنى خۇددى دوزاختىكى ئەزرائىل ئۆز قولىدىكى ئولجىنى قوغلىغانلىقتەك قوغلاپ كېلىشكە باشلىدى !

ــ ئۇلار كەلدى!ــ قورقۇپ ۋاقىرىغان ئاۋازلار ئىچىدە بەزى ئەسكەرلەر تەبىئىيلا ئاپتوماتلىرىنى قولىغا ئالدى. توختاۋسىز ئېتىلىۋاتقان ئوقلار بۇ قارا كەلكۈن ئالدىدا ھېچنېمىگە دال بولالمايتتى. زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى تەشۋىشلەنگەن ھالدا قاتتىق توۋلىدى :

ــ توختاپ قالماي دەرھال مېڭىڭلار، كېلەي دەپ قالدۇق !

بىراق كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىدىن ھاڭۋېقىپ قالغان ئەسكەرلەرنىڭ ھېچقانداق ئىنكاسى بولمىدى، ئۇلار تاكى بۇ قارا كەلكۈن تەرىپىدىن يۇتۇۋېتىلگەنگە قەدەر توختىماستىن ئوق ئېتىشتى. زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى ساۋۇتىدىكى كونۇپكىنى نەچچىنى بېسىپ قويدى، نەچچە سېكۇنت ئۆتمەيلا بىر ئالتۇن رەڭلىك ئۇچار كېمە تورۇسنى تېشىپ

چۈشۈپ كۆپچىلىكنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇن نەچچە كۆك رەڭلىك نۇر شارى زەمبىرەك ئېغىزىدىن ئېتىلىپ، ئادەملەرنىڭ كەينىدىكى زىڭبىر قوشۇنى ئارىسىدا پارتلىدى !

ــ يېتىۋېلىڭلار!ــ بۇ چاغدا زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى دەرھال ئەتراپىدىكى ئەسكەرلەرنى يەرگە باستى، پارتلاشتىن ھاسىل بولغان زەربە دولقۇنى ھەممەيلەننى دېگۈدەك ئاسمانغا ئۇچۇرىۋەتتى، يىرتقۇچلار پارتلاشتىن گاڭگىراپ قېلىشقان ئىدى، زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەسكەرلەرنى ئېلىپ كېمىگە چىقىۋالدى. ئەسكەرلەر كېمىگە چىقىپ دېمىنى ئېلىۋالغۇچە، زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى ئاللىقاچان بىر-بىرلەپ تىزگىن ئەسۋاپلىرى ئالدىغا ئولتۇرۇپ بولغان ئىدى، ئارقىدىنلا ئۇلار تېخى ئېسىنى يىغىپ بولالمىغان يىرتقۇچلارغا قارىتىپ تاكى ئالدى تەرەپتىكى تونېل پارتلاپ ئۆرۈلگەنگە قەدەر نەچچە ئون پاي زەمبىرەك ئاتتى. ئۇچار كېمە زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا تېزلىكتە يەر ئاستى بازىدىن ئېتىلىپ چىقتى، بەزى ئەسكەرلەر سىرتقا قاراپ ئاي شارى يۈزىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ چوڭ قاپلىق قىسقۇچپاقىلارنىڭ زەمبىرەك ئوقلىرى ئاستىدا پارتلاپ ھەتتا كۆلىمۇ قالمىغان ئىدى، يەر يۈزىدە پەقەت توپ-توپ يىرتقۇچلار ھۆكۈرەپ يۈرۈشەتتى، توپ-توپ تىكەنلىك يىلانلار ئېرىتكۈچى سۇيۇقلۇقلارنى كېمىگە قارىتىپ پۈركەشتى، ئاسماندا نۇرغۇن يۇتقۇچلار ئۇچۇپ كېلىپ بۇ كېمىنى توسماقچى بولۇشتى، ئۇچار كېمىنىڭ ئېنېرگىيە قالقىنى كۈچلۈك زەمبىرەك ئوقىدا تېزلىكتە ئاجىزلاشقا باشلىدى. زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى تىكەنلىك يىلانلار ۋە يۇتقۇچلارنىڭ كۈچلۈك قوغلاپ زەربە بېرىشىگە پەرۋامۇ قىلماي ھەدەپ يۇقىرى ئۆرلەپ ئاي شارىدىن يىراقلاشماقچى بولۇۋاتاتتى .

ۋەيرانە ئاي شارى يەر ئاستى بازىسىدا جوۋيۈ ئەڭ ئاخىرقى نەپىسىگە تايىنىپ رازىمەنلىك بىلەن ئۇچار كېمىنىڭ ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرىۋەتكەندىن كېيىن، پانى ئالەم بىلەن ۋىدالىشىدىغان كونۇپكىنى باستى .

يەر شارىدىكى ئالدىراشچىلىقتا چۆمگەن ئادەملەر ئاي شارىدا بىر يورۇق نۇقتىنىڭ ئاستا-ئاستا كېڭىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى. جاھاننى زىلزىلىگە سالغان پارتلاش ئاي شارىدىكى زىڭبىر قىسىملىرىنى ھەش-پەش دېگۈچە كۈلگە ئايلاندۇرىۋەتتى، ئۆزلىرىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان زەربە دولقۇننى كۆرگەن زىڭبىر قىسىملىرى قارشىلىقمۇ كۆرسەتمىدى ھەم قېچىپمۇ كەتمىدى، پەقەت ئاشۇ يەردە جىمجىت تۇرغىنىچە بۇ گۈزەل ئۆلۈم نۇرىدىن ھوزۇرلىنىۋاتاتتى. كۈچلۈك پارتلاش تاماملانغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغىنى بولسا غايەت زور بىر ئۆڭكۈر ۋە ئۆڭكۈر تۆشۈكىنىڭ ئەتراپىغا لىق تولغان كۆيۈپ كەتكەن زىڭبىرنىڭ جەسەتلىرى بولدى. شۇندىن

ئېتبارەن ئاي شارى بازىسى كائىناتتىن مەڭگۈلۈك يوقالدى. يالغۇز بازىلا يوقىلىپ قالماستىن، بازىدىكى 430مىڭ خىزمەتچى ۋە بازىنىڭ ئەڭ ئالىي قوماندانى جوۋيۇ يوقالغان ئىدى، ئامان قالغانلاردىن ئاران 23 ئادەملا بار ئىدى !

— قوماندان......!— بۇلارنى كۆرگەن پولۇتۇسلارنىڭ ئالەم كېمىسىدىكى ئەسكەرلەر ئازاپلىق ياشلىرىنى تۆكۈشتى .

— قالتىس ئادەمكەن، كىشىنى قايىل قىلغۇدەك قەتئىيلىكى ۋە كۈچلۈك ئىرادىسى باركەن!— پولۇتۇسلارغا نىسبەتەن بۇ خىل قورقۇمسىز، قەھرىمانە قۇربان بېرىش ئۇلاردا ھېچقانداق ئازاپلىنىش ھېسسىياتى پەيدا قىلماستىن، پەقەت ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى قايىللىققا چۆمدۈرەتتى .

بىر زۇلمەتلىك مۇقەددەس ئوردا مۇھاپىزەتچىسى بېشىنى بۇراپ :

— بىر توپ زېگېر قوشۇنى بىزگە يېقىنلاۋاتىدۇ، ئاتامان!— دېدى .

زېگېر قوشۇنى يېقىنلاپ بولغۇچە ئۇچار كېمە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كۆك نۇر ئىچىدە كۆزدىن غايىپ بولدى، بۇنى كۆرگەن زېگېر قوشۇنى تېزلىكتە ئۇچۇش يۆنۈلۈشىنى ئۆزگەرتىپ، يەر شارىغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى !

يەر شارى ھاۋا بوشلۇقىدا سانسىزلىغان پارازىت ماكان ئىگىلىرى قېلىن ئاتموسفېرا قاتلىمىنى بۆسۈپ ئۆتۈۋاتاتتى، يەر يۈزىدىكى ھەر قايسى دۆلەت ئەسكەرلىرى ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش تىزگىن بومبىلىرى ۋە زېنىت توپلىرى بىلەن ئاسمانغا قارىتىپ توختاۋسىز ئېتىپ ئۆز غەزىپىنى تۆكۈۋاتاتتى، ناھايىتى تېزلا ئاسماندىن زېگېر قوشۇنىنىڭ قېنىدىن شەكىللەنگەن قاتتىق يامغۇر يېغىشقا باشلىدى! بىراق بۇنداق كۈچلۈك ئوت كۈچىمۇ زېگېرنىڭ سان ـ ساناقسىز پارازىت ماكان ئىگىلىرىنىڭ ئارقىمۇ ـ ئارقا قىلىۋاتقان ھۇجۇمىنى توسۇپ قېلىشقا ئامالسىز ئىدى، ناھايىتى تېزلا بىرمۇنچە چوڭ قاپلىق قىسقۇچپاقىلار ئاتموسفېرا قاتلىمىغا ئۇچۇپ كىرىپ، سېرىق رەڭلىك كىسلاتا بومبىلىرىنى يەر يۈزىگە ئاتتى، يەر يۈزىدە ئوت شارلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى! يەر شارىدىكى ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش ئوت كۈچى نۇقتىلىرى بىر ـ بىرلەپ چوڭ قاپلىق قىسقۇچپاقىلار تەرىپىدىن يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىنىشقا باشلىدى، ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش كۈچى بارغانسېرى ئاجىزلاپ، پارازىت ماكان ئىگىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى، نۇرغۇن پارازىت ماكان ئىگىلىرى ئاخىرى بۇ كۆك رەڭلىك پىلانېتقا قوندى، يىرتقۇچى ۋە تىكەنلىك يىلانلار دەرھال تاقەت قىلىپ تۇرالماستىن ئېتىلىپ چىقىپ ئالدىغا كېلىۋاتقان برونە قىسىملىرى بىلەن ئارىلىشىپ جەڭگە كىرىشىپ كەتتى .

ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ برونە قىسىملىرى جېنىنىڭ بېرىچە بۇ خىل شىددەت بىلەن قىلىنىۋاتقان ھۇجۇمغا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. شەھەردىكى ھەممە ئادەم دېگۈدەك

قوللىرىدا پىلىموت تۇتۇۋالغان بولۇپ، ماشىنىلار دۈۋىلىنىپ كوچا ئىستىھكامى ياسالغان ئىدى. زىپكىر قىسىملىرى بىنالارنىڭ ھەر بىر دەرىزىلىرىدە بىر ئادەمنىڭ پىلىموت ۋە تانكا ئاتار تۇتۇپ ئۇلارنىڭ رەھىمسىز ھۇجۇمغا قارشى تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق بايقىغان ئىدى. ئالىلقاچان ھاۋانى تىزگىنلەش ھوقۇقىدىن ئايرىلغان ئىنسانلار چوڭ قاپلىق قىسقۇچپاقىلارنىڭ ئارقمۇ ـ ئارقا قىلغان كۈچلۈك بومباردىمانىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆز ئىستىھكامىنى ساقلاپ بىر قەدەممۇ چېكىنمەي، زىپكىرنىڭ يۈز يۈزى قىسىملىرىنى شەھەردە مەھكەم تۇتۇپ تۇراتتى .

يېڭى بىر تۈركۈم پارازىت ماكان ئىگىلىرى ئۇچۇپ كېلىپ، شەھەر يېنىغا قوندى، ئۇلاردىن جانلىق تانكا دەپ ئاتىلىدىغان زىپكىرنىڭ برونتوتېرلىرى چىقىشقا باشلىدى، مىجەزى چۇس برونتوتېرلار يەرگە چۈشۈپلا جاھاننى زىلزىلىگە سالغۇدەك نەرە تارتىپ، ئىنسانلارنى قارشىلىق قىلىش پەقەت بىھۇدە ئاۋارىچىلىق ئىكەنلىكىگە ئاگاھلاندۇرماقچى بولغاندەك قىلاتتى!

## 63ـ باب ۋەھىمىگە ۋەھىمە

كېلەڭسىز كەلگەن برونتوتېرلار برونە قىسىملىرىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغاندا، ھېلىلا مۇستەھكەم مۇداپىئە قىلىنغان مۇداپىئە سېپى بىردىنلا برونتوتېرلارنىڭ ھۆكۈرەشلىرى ئاستىدا بىتچىت بولدى. برونتوتېرلارنىڭ قاتتىق قاسرىقىنى ھەتتا ئەڭ ئىلغار برونە توپلىرىمۇ قىلچە زەخىملەندۈرەلمەيتتى! ئۆزلىرىگە خۇددى ئەزرائىلدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان برونتوتېرلارنى كۆرۈپ، ئەسكەرلەر تا برونتوتېرلارنىڭ يوغان تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا يانچىلىپ كەتكەنگە قەدەر پەقەت قارىسىغىلا ئوق ئېتىشتى، برونە قىسىملىرى ئارىسىغا بۆسۈپ كىرگەن برونتوتېرلار خۇددى قوي پادىسى ئارىسىغا كىرىۋالغان ئاچ بۆرىلەردەك خالىغانچە قىرغىن قىلىشقا باشلىدى. تانكىلار بىر ـ بىرلەپ ھاۋاغا ئۇچۇپ، ئارقىدىنلا يەرگە قاتتىق چۈشۈپ پاچاقلىنىشقا باشلىدى!

بۆيرۈقتا بىنائەن ياردەمگە كەلگەن تىك ئۇچارلار جەڭ مەيدانىغا كەلگەندىن كېيىن، پەس تەرەپتە قويۇق ئىس ـ تۈتەكنىلا كۆرەلىدى، بۇ يەردە پارتلاشتىن چىققان ئوت يالقۇنى ۋە برونتوتېرلارنىڭ ئۆرۈپ ـ سوقۇپ يۈرگەن يوغان كۆلەڭگىسىدىن باشقا ھېچنېمىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. تانكىغا قارشى تىزگىن بومبىلار بىر ـ بىرلەپ برونتوتېرلارنىڭ بەدىنىدە پارتلاشقا باشلىدى، بىراق برونتوتېرلار قوراللىق تىك ئۇچارلارنىڭ توختىماي قوغلاپ زەربە

بېرىشكە قىلچىمۇ پەرۋا قىلىپ قويمىدى !
ــ زېگىېرلار مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتتى، بىز ئۇلارنى توسۇپ قالالمىدۇق!ــ تىت ـ تىت بولغان هالدا دوكلات قىلدى مۇداپىئە سېپىنىڭ برونتوتېرلار تەرىپىدىن بۆسۈپ ئۆتۈلگەنلىكىنى كۆرگەن تىك ئۇچار ئۇچقۇچىسى .
برونتوتېرلار شەهەرگە كىرىشى بىلەنلا ، كوچا ئىستىهكاملىرى بىر ـ بىرلەپ ئۇلار تەرىپىدىن بۆسۈپ ئۆتۈلۈپ بىتچىت قىلىندى، ساناقسىز خەلق ئەسكەرلىرى ۋە هەربىيلەر ئۇلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا بىر ئۇچۇم قان سۇيۇقلۇقىغا ئايلاندى. ئەسكەرلەرنىڭ قولىدىكى هەرخىل قوراللار برونتوتېرلارغا قىچىشقانچىلىك تەسىر قىلمايتتى، ئاسمان پەلەك بىنا ـ سارايلار برونتوتېرلارنىڭ هۇجۇمىدا خۇددى دومىنو قەرتىسىدەك ئارقىمۇ ـ ئارقىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆرۈلمەكتە ئىدى، گىرىمسەن ئىس ـ تۈتەكلەر پۈتكۈل شەهەرنى قاپلىغان ئىدى! ئىنسانلارنىڭ قورقىنىدىن ۋاقىرىغان ئاۋازلىرى ۋە برونتوتېرلارنىڭ چۇس هۆكۈرگەن ئاۋازلىرى شەهەرنى بىر ئالغان ئىدى! هالبۇكى بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ يەر ئاستى بازىسىدا دۇنيادىكى هەر قايسى ئەل باشلىقلىرى بۇ يەرگە يىغىلغان ئىدى، چۈنكى يەر شارىدىكى هەر قانداق بىر جاي بۇ يەردەك بىخەتەر ئەمەس ئىدى! هەر قايسى ئەلباشلىرى ئېكراندىكى بارغانسېرى قىزىرىۋاتقان بۆلەكلەرگە قاراپ تۇراتتى، ئامېرىكا ئەلباشى قايغۇرغان هالدا ئۇھ تارتىپ قويۇپ دېدى :
ــ دەرۋەقە، بىزنىڭ هەرگىزمۇ مىليون يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە ئىرق بىلەن قارشىلاشقۇدەك مادارىمىز يوق، ئىنسانلارنىڭ يەر شارىغا هۆكۈمرانلىق قىلىش تارىخى، ئېهتىمال، ئەمدى ئاخىرلىشىدىغان ئوخشايدۇ !
لى رەئىس مېڭىپ كېلىپ ئېكراندىكى بىر كۆرۈنۈشنى كۆرسەتتى، كۆرۈنۈشتە ئىسرائىلىيە قوشۇنلىرى پەلەستىن ـ ئىسرائىلىيە چېگرىسىدا زېگىېر قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ كەينىدىكى پەلەستىن خەلقى چوڭ قاپلىق قىسقۇچپاقىلارنىڭ ئەسەبىيلەرچە بومباردىمان قىلىشىغا قارىماي ئوق ـ دورىلارنى ئۈزۈلدۈرمەي توشۇپ ئەكىلىپ بېرىۋاتاتتى. ئىراق خەلقى بولسا ئامېرىكا قوشۇنىغا ماسلىشىپ شەهەردە زېگىېر قوشۇنى بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. ئىنسانلار هەقىقەتەنمۇ بىر خىل ئۆزگىرىشچان مەخلۇق ئىدى، راستىنلا!!! يېقىندىلا ئىنسانلار كىچىككىنە مەنپەئەتنى دەپ ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن جەڭ قىلغان، ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىشقان ئىدى، بىراق هازىر ئورتاق دۈشمەن ئالدىدا ئۇلارنى ئەسەبىيلەشتۈرگەن ئاشۇ سەۋەپلەر نەلەرگىدۇ غايىپ بولغان ئىدى. ئەمما كىشىنى ئەنسىرىتىدىغىنى جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئىنسانلار ئەسلى هالىتىگە قايتىپ كېتەرمۇ؟ ئەلۋەتتە، ئىنسانلار بۇ جەڭدە غەلىبە قىلالىسا ......
شىنجاڭ يەر ئاستى بازىسىنىڭ سىرتقى قىسمىدىن پارتلاش ئاۋازلىرى توختاۋسىز ئاڭلىنىپ

تۇراتتى، بازا سرتىدىكى گىرەلەشمە ئوت كۆچى نۇقتىلىرى بىر ـ بىرلەپ چوڭ قاپلىق قىسقۇچپاقىلار تەرىپىدىن يوقىتىۋېتىلدى، تىزگىنلەش ھوقۇقىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىندى، ھەر قانداق بىر مۇداپىئە سىستېمىسى زېگېر قوشۇنىغا نىسبەتەن بىر ۋاراق قۇرۇق ئاق قەغەز ئىدى، خالاس! بىر دانە غوزەك بومبىسى تېخىغىچە ئوق ئېتىۋاتقان ئوت كۆچى نۇقتىسىغا چۈشتى، پارتلاشتىن پەيدا بولغان ئوت يالقۇنى ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇ يەرنى بىر ئالدى .

ــ ئۆھھۆ...ئۆھھۆ...ــ بىر نەچچە ئەسكەر يۈز ـ كۆزلىرى توپا ـ چاڭغا مىلەنگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇشتى. بىر ئەسكەر ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن توۋلىدى :

ــ قوماندان، سىز ھاياتمۇ ؟

ئۇنىڭ سۆزى تۈگەپ تۇرۇشىغا بىرى توپا ـ چاڭ ئاستىدىن ئورنىدىن تۇردى. گەرچە بەدىنىدىكى دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرى ئۆتمە ـ تۆشۈك بولۇپ كەتكەن، پارتلاشتىن يۈز ـ كۆزلىرى قارىداپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئادەمنىڭ پىلانېتلار بىرلەشمىسىدىن قايتىپ كەلگىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ۋەن شيوگفېي ئىكەنلىكىنى تونۇغىلى بولاتتى. يەر شارىغا قايتقاندىن كېيىن، ئۇ ئازراق دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۆز دۆلەتلىرىگە قايتقان ئاندىرىۋ ۋە ۋېتىك (ئەلۋەتتە، ھېلىقى كىچىك دىنوزاۋورمۇ بار) لەر بىلەن خوشلىشىپ، دەرھال قىسمىغا قايتىشنى ئىلتىماس قىلىپ، قوغدىنىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئىدى. ۋەن شيوگفېي ئاچچىق كۈلگەن ھالدا دېدى :

ــ بىكار گەپ، مۇشۇنداقلا ئۆلۈپ كەتسەم ئۇرۇش قەھرىمانى دېگەن نام بىكارغىلا بېرىلگەن بولۇپ قالامدۇ ؟

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ۋەن شيوگفېي تۇيۇقسىز ملتىق بېشىنى بۇراپ بىر دىسكا ئوقنىڭ ھەممىسىنى بىر يىرتقۇچقا قارىتىپ ئاتتى، سۆڭەكنىڭ پارتلىغان ئاۋازىدىن كېيىن، يىرتقۇچنىڭ ئاپئاق مېڭە قېتىقى بىلەن يېشىل قېنى ھەممە يەرگە چاچرىدى .

ــ قاراپ تۇرماڭلار، ئۇلار ھۇجۇم قىلىپ كەلدى !

كۆپچىلىك بۇنى ئاڭلاپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇشۇپ پىلموتلىرىنى بۇ يەرگە ھەرىلەردەك باسۇرۇپ كېلىۋاتقان زېگېر قوشۇنىغا توغرىلىدى !

زېگېر قوشۇنىغا نىسبەتەن بۇ يەرنى قوغداۋاتقان ئىنسانلارغا ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ ئەقلى لال بولاتتى. بۇ يەردە ئەسلىدە بىر تۆپىلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى بومباردىمان قىلغاندىن كېيىن تۆپىلىك تەدرىجىي تۈزلەڭلىككە ئايلانغان ئىدى، بومباردىمان ئاخىرلاشقاندىن كېيىن خارابىيلىققا ئايلانغان تۇپراقتا ھەر قانداق نەرسىنىڭ ھايات قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بىراق ئۆزلىرى ئەمدى ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە، ئىنسانلارنىڭ پىلموتلىرى يەنە قايتىدىن سايراشقا باشلىدى. نەچچە قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇملىرى مۇشۇنداق

قايتۇرما زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۇلار ئامالسىز ھاۋا ئارمىيىسىنى يەنە بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك بومباردىمان قىلىشقا چاقىردى، زېگېر قىسىملىرى ئىنسانلارنىڭ روھىي ۋە بەدەن كۈچىنىڭ بۇنداق بومباردىمانغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى پۈتۈنلەي جەزملەشتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما قانچە قېتىم بومباردىمان قىلىشدىن قەتئىينەزەر ئىنسانلارنى بۇ رايوندىن تەلتۆكۈس يوقىتالمايۋاتاتتى! بۇ خىل ئەھۋال زېگېرلارنى ئىلگىرى ئۆزلىرى يىغقان ئىنسانلارنىڭ بەدىنىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا خاتالىق بار-يوقلۇقىنى قايتا جەزملەشتۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى .

ئالەم بوشلۇقىدا لېيىستون كائىنات پىلانېتلار بىرلەشمىسى ئۇزاققا يۈرۈش قىلغۇچى قىسىملىرىغا قوماندانلىق قىلىپ زېگېر قىسىملىرىغا ئۇچراپ جەڭ باشلاپ كەتكەن ئىدى، پىلانېتلار بىرلەشمىسى قىسىملىرىنىڭ «ۋاگېرى» ئالەم جەڭ ئۇچقۇلىرى ئالدى بىلەن دۈشمەن سېپىگە بۆسۈپ كىرگەن ئىدى، ئىسسىقلىق دولقۇنى تىزگىن بومبىلىرى ھۇشقۇيتقىنىچە يۇتقۇچىلارغا قاراپ ئۇچۇپ ئۇلارغا ئەزرائىلنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. «بار تاۋىقىم، يان تاۋىقىم» ، يۇتقۇچىلارمۇ قىلچە تۈزۈت قىلمايلا نۇرغۇن چىرىتكۈچى سۇيۇقلۇقلارنى ئۆزلىرى بىلەن نەچچە ئون مىڭ يىل ئەسرا بولۇشقان كونا دوستلىرىغا قارىتىپ پۈركەشتى .

ــ قوماندان، زېگېرنىڭ بىر توپ پارازىت ماكان ئىگىلىرى بىزگە قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتىدۇ،ــ بىر ئالاقىچى لېيىستونغا جەڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. لېيىستون سۇسقىنە كۈلۈپ قويۇپ :

ــ ئارىدىن شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلار تېخىچە بۇ خىل كونا جەڭ ئۇسۇلىنى ئىشلىتىۋېتىپتىمۇ؟ــ دېدى .

پىلانېتلار بىرلەشمىسى مېتېروئىت دەرىجىلىك ئالەم كېمىسىنىڭ توپ ئوقلىرىنىڭ قانچە زىچ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، نۇرغۇن پارازىت ماكان ئىگىلىرى ھەمراھلىرىنىڭ ئۆلۈكىنى دالدا قىلىپ يەنىلا ئالەم كېمىسىگە قاراپ ھۇجۇم قىلدى، تۇنجى تۈركۈم يىرتقۇچىلار ئالەم كېمىسىنىڭ سىرتىغا قونغاندا، نەچچە 10 مىليون ۋولتلۇق توك بېسىمى ئۇلارنى دەرھال كۆيدۈرۈپ كوكسقا ئايلاندۇرۇپ قويدى. پارازىت ماكان ئىگىلىرى دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇۋېتىپ، دەرھال بۇ خىل ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش خاراكتېرلىق ھاۋادىن سەكرەشنى توختاتتى، دەسلەپتە لېيىستون زېگېر قوشۇنىنىڭ ئامالسىز ھالىتىگە قاراپ ئازراق ھاياجانلانغان ھالدا :

ــ ناھايىتى ياخشى، پەقەت ئۇلارنىڭ يەر يۈزى قىسىملىرىنى بەنت قىلالىساقلا، ئۇلار بىزگە تەھدىت شەكىللەندۈرەلمەيدۇ،ــ دېدى. كېيىن ئۇ جەڭ ئەھۋالىنىڭ بىر قەدەر مۇقىملاشقانلىقىنى كۆرۈپ ۋاقىراپ تۇرۇپ بۇيرۇق چۈشۈردى :

ــ 4 ـ ،7 ـ ئالەم كېمە ئەترىتى قوماندانلىرىغا بۇيرۇق! دەرھال ماكان ھالقىپ سەكرەپ يەر

شاردىكى قىسىملارغا ياردەم بېرىڭلار! يەنە بىر ئىش، دەرھال زىگېرنىڭ مېڭە قۇرۇتى تۇرۇشلۇق ئالەم كېمىسىنىڭ ئورنىنى ھېسابلاپ چىقىڭلار، پەقەت ئۇلارنىڭ مېڭە قۇرۇتىنى يوقىتالىساقلا، زىگېر قىسىملىرى خۇددى بىر دۆۋە قۇمغا ئوخشاپ قالىدۇ!

بۇ چاغدا جەڭ ئەھۋالىنى كۆرسىتىۋاتقان ئېكران تۇيۇقسىز قارىيىپ ئۆچۈپ قالدى، بىراق ناھايىتى تېزلا قايتا يورۇدى، لېكىن بۇ قېتىم ئېكراندا كۆرۈنگىنى جەڭ مەيدانىنىڭ ئەھۋالى بولماستىن، بەلكى زىگېرنىڭ مېڭە قۇرۇتى ئىدى، كىشىلەر ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، مېڭە قۇرۇتىنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ياخشىمۇسىز، ئالەم پىلانېتلار بىرلەشمىسى بېكېتلەرنىڭ ياش قوماندانى لېيستون ئەپەندى، مېنىڭ ئىسمىم يۇدېس، مەن بۇ قېتىمقى جەڭگە قوماندانلىق قىلىشقا مەسئۇل مېڭە قۇرۇتى بولىمەن. مەن ھازىر سىزنىڭ بىر خاتالىقىڭىزنى تۈزىتىپ قوياي، بىز زىگېرلار ھازىرغا قەدەر شۇنچىۋالا كۆپ پىلانېتلارنى ئىگەللىدۇق ھەم پۈتكۈل ئالەمنى بىزدىن قورقۇتتۇق، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەرگىزمۇ يالغۇز بىزنىڭ ساپ قېنىمىز بەدىلىگە كەلگەن ئەمەس، بىزدەك تەرەققىي قىلىش ئارقىلىق نام چىقارغان ئىرق مۇشۇ نەچچە ئون مىڭ يىللىق تېنچلىق دەۋرىدە ھېچنېمە قىلماي بىكار تۇرارمىزمۇ؟ بەلكىم بۇ يېڭى ئالەم غەلىتە مەخلۇقلىرى سىزنىڭ بىزگە بولغان قارىشىڭىزنى ئۆزگەرتىپ قالار!

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە سىرتتىكى پالۇبىغا ئاللىقاچان يېڭى بىر خىل زىگېر قىسمى «تەرەققىي قىلغۇچى»لار تولۇپ كەتكەن ئىدى، ئۇلار جەڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن خالىغان چاغدا بەدەن قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان بىر خىل جانلىق بولۇپ، ئۇلارنى كۆپكە قادىر دەپ تەرىپلەشكە بولاتتى، ئۇلار ھەرقانداق جەڭ مەيدانىغا ماسلىشىپ، ھاۋا، قۇرۇقلۇق، دېڭىز ھەتتا ئالەم بوشلۇقىدا جەڭ قىلالايتتى! توك ئېقىمى ئۇلارنىڭ بەدىنىگە تەككەندىن كېيىن، ئۇلار پەقەت بىردەملىك ئازاپلانغاندىن كېيىن، دەرھال ئىككى قولى ئۆزلۈكسىز ئۆزۈراپ، قوللىرىدا نۇرغۇن شورىغۇچى تەخسىلەر پەيدا بولغاندىن كېيىن، قوللىرىنى ئالەم كېمىسىنىڭ سىرتقى يۈزىگە چاپلاپ، ناھايىتى ھوزۇرلانغان ھالدا ئېلېكتر ئېقىمىنى سۈمۈرۈشكە باشلىدى!

— توكنى ئۈزۈڭلار! يەنە سۈمۈرىۋەرسەڭلار بىز توك پۇلى ئالىمىز جۇمۇ! — جەڭ قانچە كەسكىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر لېيستون باشتىن-ئاخىر ئۆزىنىڭ يۇمۇرىستىك خاراكتېرىنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى! ئالەم كېمىسى پالۇبىسىدىكى ئېلېكتر ئېقىمى ئۈزۈلۈش بىلەنلا، ئېغىر قوراللانغان نۇرغۇن زەرىبدار پىيادە ئەسكەرلەر قوللىرىدا ئېغىر تىپلىق لازېرلىق مىلتىقىنى كۆتۈرۈپ دوزاق ئوتى زور تىپلىق برونىسىغا ماسلىشىپ تەق بولۇپ تۇرۇشتى!

— ئويۇن ئەمدى باشلاندى، سىلەر ئالدى بىلەن ئۇلار ئېلىپ كەلگەن قورقۇنچتىن بەھرىمەن بولغاچ تۇرۇڭلار! — دېدى يۇدېس بوغۇق ئاۋازدا ئاجىز شىۋىرلاپ. لېيستون ئازراق

ھاياجانلانغان ھالدا :

ــ ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ مېنى ئۈمىدسىزلەندۈرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن!ــ دېدى.

## 64ـ باب تەڭلىشىش

پىلانېتلار بىرلەشمىسى بىلەن زېگېرلار تېنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىغاندىن كېيىن، زېگېرلارنىڭ ئەسلىگە كېلىش سۈرئىتىنى تېزلىكتە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ دېيىشكە بولاتتى، پىلانېتلار بىرلەشمىسگە ئەزا ھەربىر ئىرققا يالغۇز «تېنچلىق كېلىشىمى»دىن ئىبارەت بۇ ئارغامچىغا تايىنىپ بۇ يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باغلاپ قويغىلى بولمايدىغانلىقى ئايان ئىدى، ھېچكىم بۇ كېلىشىمنىڭ ئىككى تەرەپكە مەڭگۈلۈك تېنچلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى. ئۆتكەن يىللاردىن بۇيانقى پىلانېتلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەڭ ئالىي مارشاللىرى بۇندىن كېيىنكى زېگېرلار بىلەن يېڭىدىن بولىدىغان جەڭگە تەييارلىق قىلىپ قويۇشقان ئىدى، زېگېرلارغا تاقابىل تۇرىدىغان ھەر خىل قورال ـ ياراقلار ئاستىرتتىن تەتقىق قىلىنىۋاتاتتى! ئەلۋەتتە، زېگېرلارمۇ گالۋاڭ ئەمەس ئىدى، ئۇلارغا پىلانېتلار بىرلەشمىسىنىڭ ئۆزلىرىگە ئەڭ زور خەۋپ ئېلىپ كېلىدىغان ئۆزلىرىدەك دۈشمىنىنىڭ يېنىدا تۇرسا كارى بولماي تۇرالمايدىغانلىقى ئىنتايىن ئايدىڭ ئىدى. ئەسلىگە قايتىش جەريانىدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئاجىزلىقلىرىنى ئانالىز قىلىپ، ئۆز بەدىنىگە بولغان ئۆزگەرتىپ ياخشىلاش سۈرئىتىنى تېزلەتتى، يېڭى جەڭ پارتلاشتىن بۇرۇن قارشى تەرەپتىن ئۆتۈپ كېتىشكە كۈچىنىڭ بېرىچە تىرىشتى!

ئىككى تەرەپ مانا مۇشۇنداق ساختا تېنچلىق ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئەسەبىيلەرچە تەرەققىي قىلدۇرغان ئىدى، ھازىر دەل مۇشۇ نەتىجىلىرىنى سىنايدىغان پەيت كەلگەن ئىدى! نەچچە مىنۇت توختىغاندىن كېيىن، ئېغىر تىپلىق لازېرلىق قوراللار سايراشقا باشلىغاندا، زېگېرنىڭ تەرەققىي قىلغۇچىلىرىمۇ ئېتىلىپ كېلىشتى! ئەڭ ئالدىدا ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان نەس باسقان بىر نەچچىسى نەچچە سېكۇنت ئىچىدىلا ئېغىر تىپلىق لازېرلىق قورال ئاتقان زىيادە ئىسسىق لازېر نۇر دەستىسى تەسىرىدە كوكىسقا ئايلاندى، «دوزاق ئوتى» بورىنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاتەش ئىلاھى زەمبىرىكىمۇ ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى، تەرەققىي قىلغۇچىلار قانچە كۈچلۈك ھۇجۇم قىلسىمۇ ئۇلارغا قىلچە يېقىنلىشالمىدى. ئالدىدىكى ھەمراھلىرىنىڭ توختىماستىن يىقىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تەرەققىي قىلغۇچىلارنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىكى مۇسكۇللىرى كۈچلۈك تىترەشكە باشلىدى، ئىككى پۇتىدىكى مۇسكۇللار تېخىمۇ

كۆچلۈك، تېخمۇ قاۋۇل بولۇپ ئۆزگىرىشكە، بەدىنىنىڭ سىرتىدىكى قاسىرىقى تېخمۇ قارىيىشقا باشلىدى. ناھايىتى تېزلا ئەڭ ئالدىدىكى تەرەققىي قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئەسكەرلەرنىڭ مىلتىقى ئاستىدا جان بەردى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆزگىرىشنى تاماملىغان تەرەققىي قىلغۇچىلار ئۇلارغا ئەگىشىپلا قىرغىنچە چىقىپ كەلدى .

— بېرىپ ئۆلۈڭلار!— ئەسكەرلەر قاتتىق ۋاقىراشتى. زىنچىدە لازېر نۇر دەستىلىرى تەرەققىي قىلغۇچىلارغا قاراپ ئۇچتى، دەل مۇشۇ چاغدا ئەڭ ئالدىدا باستۇرۇپ كېلىۋاتقان تەرەققىي قىلغۇچىلار كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تۈيۈقسىز غايىپ بولدى، ئەسكەرلەرنىڭ قالپىقىدىكى تەكشۈرگۈچنىڭ ئىسترېلكىسى دەرھال ئۈستىگە قاراپ يۆتكەلدى، قۇلىقىدا قۇلاقنى يارغۇدەك گۈدۈك ئاۋازى ياڭرىدى !

— ئۇلار ئۈستىدىكەن!— ھەممە ئەسكەرلەر تەڭلا ۋاقىرىشىپ مىلتىق ستۋوللىرىنى ئاسمانغا قاراتتى، زىنچىدە ئوت كۈچىگە تەرەققىي قىلغۇچىلار پەرۋا قىلمىدى. بىر تەرەققىي قىلغۇچى قوللىرىنى ئېچىپ پىچاقتەك ئۆتكۈر بارماقلىرى بىلەن بىر ئەسكەرنىڭ يۈزىدە چوڭقۇر پىچاق ئىزى قالدۇرۇپ قويدى، قىپقىزىل قان ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، ئەسكەرنىڭ ئىككى پۇتى بوششىپ يەرگە يىقىلدى، ئىككى قولى ئاغرىق دەستىدىن يېنىككىنە تىترەۋاتاتتى، بىراق تەرەققىي قىلغۇچىنىڭ يەنە بىر ئۆتكۈر قولى ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭ بوغۇزىغا سانجىلىپ، ئۇنىڭ ئاغرىقنى ئاياقلاشتۇردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چۈشكەن بىر توپ تەرەققىي قىلغۇچىلار خۇددى ئەرۋاھلاردەك ئەسكەرلەر ئارىسىدا موكىدەك ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈپ، تەڭداشسىز چاققان ماھارىتى بىلەن ئەسكەرلەرنى ئامالسىز قالدۇردى، ئېكراندىن ئۆز قوشۇنىنى خالىغانچە قىرغىن قىلىۋاتقان تەرەققىي قىلغۇچىلارنى كۆرگەن لېيستوننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن ھالدا :

— چېكىنىڭلار، قايتىدىن سەپ تۈزۈڭلار، ئۆلچەملىك جەڭ سەپ شەكلى بىلەن ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇڭلار. بىر بۆلۈك ئۆلۈك دېگىز يۇشۇرۇن شەكىللىك ئۇچقۇلار ئۇلارغا ياردەملىشىپ پالوبىغا قونغان زېگېر قوشۇننى يوقاتسۇن!— دېدى .

— چېكىنىڭلار! بىر قىسىملار قېلىپ داۋاملىق مۇھاپىزەت قىلسۇن، باشقىلار چېكىنىڭلار!— دېدى ئالدىنقى سەپتىكى قوماندان بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ۋاقىراپ، ئۇ پات ـ پات مىلتىقنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلگەن تەرەققىي قىلغۇچىلارنى ئاتاتتى. قاتتىق ھەربىي مەشقنىڭ نەتىجىسى كۆرۈلۈشكە باشلىدى، دەسلەپىدە بىر ئاز قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ئەسكەرلەر بۇيرۇقنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال تەرەققىي قىلغۇچىلار بىلەن ئورۇنسىز يېپىشىۋېلىشنى توختاتتى، ئەڭ ئالدىدىكى ئەسكەرلەر چېكىنمەستىن تەرەققىي قىلغۇچىلار بىلەن داۋاملىق ئېلىشىپ، باشقا ئەسكەرلەرنى مۇھاپىزەت قىلىشتى، تەرەققىي قىلغۇچىلارنىڭ ئۆتكۈر پەنجىلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا سوزۇلۇپ كەلگەندىمۇ ئۇلار چېكىنمىدى. ئانچە ئۇزۇن

ئۆتمەي تەرەققىي قىلغۇچىلار ئۇلارنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۇزۇپ ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ جەستىنى دەسسەپ ـ چەيلىگىنىچە ئېتىلىپ كەلدى، بىراق دەل مۇشۇ ئەسكەرلەر جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسەتكەچكە تېخىمۇ نۇرغۇن ئەسكەرلەر ئامان قالغان ئىدى، ناھايىتى تېزلا چېكىنگەن ئەسكەرلەر بىلەن ياردەمگە كەلگەن تانكىلار قايتىدىن سەپ تۈزۈپ يېتىپ كەلدى، ئۆلچەملىك مۇداپىئە سەپ شەكلىدە ئېغىر قوراللانغان ئەسكەرلەر ئۆزلىرىدىن خېلى بەك چوڭ بىرىكمە مېتالدىن ياسالغان قالقاننى تۇتۇپ ھەممىنىڭ ئالدىدا قوغداپ تۇرۇشتى، قوللىرىدا ئېغىر تىپلىق لازېرلىق مىلتىق تۇتقان ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ كەينىدە تىزىلىپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە بىر توپ قىسىل رەڭلىك دۇبۇلغا ساۋۇت كىيگەن ئەسكەرلەرمۇ بار ئىدى، ئەڭ ئاخىرىغا داۋالىغۇچى ئەسكەرلەر، دوزاق ئوتى بىرونىلار ۋە ئاساسلىق ھۇجۇمچى تانكىلار تىزىلغان ئىدى .

بىر توپ تەرەققىي قىلغۇچىلار داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ كەلدى، قالغانلىرى كېيىنكى قېتىملىق ئۆزگىرىشنى باشلىدى، تەرەققىي قىلغۇچىلارنىڭ مۆرىلىرى ئاستا ـ ئاستا تۆۋەنلەپ كىچىك پۈركۈش ئېغىزىغا ئۆزگىرىشكە باشلىدى! بىردىنلا نۇرغۇن كىسلاتالىق سۇيۇقلۇقلار پۈركۈش ئېغىزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ، ئالدىدىكى قىسىملارغا ماسلىشىپ ئېغىر قوراللانغان ئەسكەرلەرگە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. كىسلاتالىق سۇيۇقلۇقلار ئەسكەرلەرنىڭ بەدىنىدىكى دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلارغا تېگىش بىلەنلا دەرھال چىرىسىلغان ئاۋاز چىقىرىشقا باشلىدى، دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلار ئاستا ـ ئاستا چىرىپ تۆشۈك ئېچىلىپ، ئوكسىگېنلار سىرتقا قېچىپ چىقىشقا باشلىدى، ئارقىدىكى داۋالىغۇچى ئەسكەرلەر دەرھال يېتىپ كېلىپ پولات دوبۇلغا ـ ساۋۇتلارنىڭ تۆشۈكىگە قاتۇرغۇچنى سۈركىدى، قاتۇرغۇچلار ھەش ـ پەش دېگۈچە تۆشۈكلەرنى ھىم ئېتىۋەتتى! بىردەملىك ئالدىراش ئاياق ئاۋازىدىن كېيىن قوللىرىدا يوغان بىرىكمە قالقان تۇتقان بىر تۈركۈم ئەسكەرلەر يۈگۈرۈپ كېلىپ باشقا ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ مۇھاپىزەت قىلدى، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى بىرىكمە مېتالدىن ياسالغان قالقانلار ئالاھىدە ياسالغان بولۇپ، تەرەققىي قىلغۇچىلارنىڭ كىسلاتالىق سۇيۇقلۇقلىرى ئۇنىڭغا ئانچە زور تەسىر قىلالمايتتى. ئۆز ئالەم كېمىسىدە جەڭ قىلىۋاتقانلىقتىن، تانكىلار ئۆزلىرىنىڭ ئېغىر تىپتىكى قوراللىرىنى ئىشقا سالالماستىن، پەقەت يېنىك تىپلىق زەمبىرەكلىرىگىلا تايىنىپ ئالدىنقى سەپتىكى قىسىملارغا ياردەم قىلىۋاتاتتى !

تەرەققىي قىلغۇچىلار ئالدىنقى سەپتىكى قىسىملار بىلەن قىزىپ جەڭ قىلىۋاتقاندا، كۈچلۈك يۇشۇرۇنۇش قۇرۇلمىسىنى ئاچقان ئۆلۈك دېڭىز جەڭ ئۇچقۇلىرى چوڭ ئەترىتى ئارقا تەرەپتىن ئۇلارغا تۇيۇقسىز زەربە بەردى. قوش ستۋوللۇق ئىئونلۇق زەمبىرەكتىن ئېتىلىق چىققان يۇقىرى ھارارەتلىك لازېر نۇر دەستىلىرى بىر تەرەققىي قىلغۇچىنى ھەرە كۆنىكىدەك ئۆتمە ـ تۆشۈك

قىلىۋەتتى، تەرەققىي قىلغۇچىلار ئۆزلىرى قىلچە كۆرەلمەيدىغان دۈشمەنلىرى ئالدىدا ئىلاجىسىز قالدى، پەقەت كىسلاتالىق سۇيۇقلۇقلىرىنى ئاسمانغا قارىتىپ قارىغۇلارچە پۈركەشتى، ئەمما بۇنىڭ قىلچە ئۈنۈمى بولمىدى. ئارقا سەپپى قالايمىقانلىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئالدىنقى سەپتىكى تەرەققىي قىلغۇچىلارنىڭ ھۇجۇمى خېلى كۆرۈنەرلىك ئاجىزلىدى، ئېغىر قوراللانغان نۇرغۇن ئەسكەرلەر قالقانلىرىنى ئېلىپ چېكىندى، بىرىنچى سەپتىكىلەر يەرگە يۈكۈنۈپ ئارقا تەرەپتىكى ئەسكەرلەرگە ئوت ئاچىدىغان تېخىمۇ كۆپ بوشلۇق ئاجرىتىپ بەردى، لازېر نۇر دەستىلىرى بۇ چاغدا خۇددى چېلەكلەپ قۇيغان يامغۇردەك تەرەققىي قىلغۇچىلارغا قاراپ ئۇچتى، ھەش-پەش دېگۈچە تەرەققىي قىلغۇچىلارنىڭ ئۆلۈكى يەرگە دۆۋىلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مىڭلىغان تۈمەنلىگەن جەسەتلەر ئارىسىدىن بىرەر تال مۈكەممەلرەك ئۆلۈكنى تاپقىلى بولمايتتى.

بىراق ياخشى كۈن ئۇزاققا بارمىدى، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا تېخىمۇ كۆپ پارازىت ماكان ئىگىلىرى چىرىتكۈچىلەرگە ماسلىشىپ ئالەم كېمىلىرى تويىغا قاراپ ئۇچۇپ كەلدى. لېيىستون بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، يېنىدىكى كونۋويغا قاراپ:

ــ ئۇلار بىلەن كىرىشىپ قالماڭلار، بىزنىڭ ئۇلار بىلەن قاتتىق تىركەشكۈدەك ئۇنچىۋالا كۆپ ئەسكىرىي كۈچىمىز يوق، ماگنىت زەررىچە زەمبىرىكى بىلەن يول ئېچىڭلار!ــ دېدى. كونۋويي بۇنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ، دەرھال ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

زەمىرەك ئوتىنىڭ نۇرىدا غايەت زور ئالەم كېمىلىرىنىڭ يوغان ئېتىش ئېغىزىنى ئېچىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى، سىرتتا جەڭ قىلىۋاتقان جەڭ ئۇچقۇلىرى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، دەرھال تېزلىكتە ئالەم كېمىسىنىڭ ئەتراپىغا قايتىپ كەلدى. زېگېر قىسىملىرىمۇ ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى سەزدى، ئەمما ئۇلار ئالاقزادە بولۇپ قاچماستىن، ئەكسىچە سۈرئىتىنى تېزلىتىپ ھېچنېمىگە قارىماستىن ئېتىلىپ كېلىپ، ماگنىت زەررىچە زەمبىرىكى ئېتىلىشتىن بۇرۇن ئېتىش ئېغىزىغا كىرىۋېلىپ، ئۆز ھاياتى بەدىلىگە ئېتىش قۇرۇلمىسىنى بۇزىۋەتمەكچى بولۇشتى. بىراق كۆزنى چاقنىتىدىغان كۆك رەڭلىك ماگنىت زەررىچە زەمبىرىكى ئوقى ھەش-پەش دېگۈچە يەنىلا ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قىپقىزىل پاقىرايدىغان ماگنىت زەررىچە زەمبىرىكىمۇ بېكىتىلەرگە قاراپ ئېتىلدى.

ــ ماگنىت مەيدانى قالقىنىنى تېز قوزغىتىڭلار!ــ لېيىستون قورققىنىدىن ۋاقىراپ تاشلىدى. ئەمدىلا قوزغىتىلغان قالقان تېخى ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، ماگنىت زەررىچە زەمبىرىكىنىڭ كۈچلۈك بومباردىمانىنى ھەرگىز توسۇپ قالالمايتتى، كۆك رەڭلىك دولقۇن پۈرمىسى پەيدا بولغاندىن كېيىن دەرھال تېشىلىپ كەتتى! غايەت زور پارتلاش ئاۋازى ئالەم كېمىلىرى تويى ئارىسىدا ياڭرىدى، برونىسى نېپىز قوغدىغۇچى ئالەم كېمىلىرى كۆلگە ئايلانمىغان تەقدىردىمۇ

پارتلاپ پارچە-پارچە بولۇپ كەتتى. ئەمما زېگېرلارنىڭ ئەھۋالىمۇ ئانچە ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايتتى، جانلىق ئالەم كېمىسى ھەر قانچە كۈچلۈك بولغان بىلەنمۇ يەنىلا گۆشتىن تۈزۈلگەن بولغاچقا، بىرىكمە مېتالدىن ياسالغان ئالەم كېمىلىرىگە سېلىشتۇرغاندا چىقمى لېيىستون قىسمىلىرىنىڭكىدىن خېلىلا ئېغىر ئىدى، ئەمما زېگېرلارنىڭ ئەسكەر ياساش سۈرئىتى ئالدىدا بۇنچىلىك چىقىم ھېچنېمە ئەمەس ئىدى.

— بۇ قول تەگلەشتۇق!— يۇدېسنىڭ بوغۇق ئاۋازى يەنە بىر قېتىم لېيىستوننىڭ قۇلىقى تۈۋىدە ياڭرىدى.

## 65- باب قانلىق يارا

توپ-توپ يۇتقۇچىلار ئالدىدا ۋاگېرى جەڭ ئۈچقۇلىرىنى ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى ئەڭ زور چەكتە جارىي قىلدۇردى دېيىشكە بولاتتى، يۇقىرى ھارارەتلىك دولقۇن تىزگىن بومبىلىرى سان-ساناقسىز يۇتقۇچىلارنى قىيمىغا ئايلاندۇرىۋەتتى، ساناقسىز گۆش قالدۇقلىرى ئالەم بوشلۇقىدا لەيلەپ بۇ رايوننى چەكسىز ئېچىنىشلىق بىر جايغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. بىراق ۋاگېرى جەڭ ئۈچقۇ ئۈچقۇچىلىرىنى ئەجەپلەندۈرىدىغىنى شۇكى، يۇتقۇچىلارنى قانچە يوقاتقانسېرى ئۇلار ھامان مەڭگۈ ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكىلى بولمايدىغاندەك تۈركۈم-تۈركۈملەپ كېلىپ تولۇقلىنىپ تۇراتتى. ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان دۈشمەنلا ئەڭ قورقۇنچلۇق دۈشمەن، بۇ ئىنتايىن توغرا ئېيتىلغان سۆز! زېگېرلارنىڭ بۇ خىل ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ھۇجۇم ئۇسۇلى ئۇزاققا يۈرۈش قىلغۇچى قىسىملارنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئاستا-ئاستا يوقاتتى، نۇرغۇن زېگېر قوشۇنى ئۆز بەدىنىنى قورال قىلىپ ئالەم كېمىسىگە قاتتىق سوقۇلدى، ئالدىنقى سەپتىكى ئالەم كېمىلىرىنىڭ ھەممىسى ئاللىقاچان زەخىملەنگەن بولۇپ، زەخىمسى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى!

لېيىستون جەڭ ئەھۋالى خەرىتىسىگە قاراپ ئەھۋالنىڭ ئۆزلىرىگە نىسبەتەن بارغانسېرى يامانلىشىۋاتقانلىقىنى، يەنە مۇشۇنداق كېتىۋەرسە يەر شارىدىكى ئىنسانلارنى قۇتقۇزالمايلا قالماستىن، ياخشى بىر تەرەپ قىلمىغاندا پۈتكۈل ئۇزاققا يۈرۈش قىلغۇچى قىسىملارنىڭمۇ زېگېرلار تەرىپىدىن يوقىتىۋېتىلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى! ھالبۇكى، زېگېرلار جەڭ قىلغانسېرى باتۇرلىشىپ كېتىپ باراتتى، تۈركۈم-تۈركۈم قوشۇننى جەڭگە قاتناشتۇرۇپ، قارىماققا ئۇزاققا يۈرۈش قىلغۇچى قىسىملارنى بىر تىنىقتىلا يوقاتماقچى بولغاندەك كۆرۈنەتتى!

— تېخىچە زىگېرنىڭ باش مېڭە قۇرۇتى تۇرۇشلۇق بايراقدار كېمىنى تاپالمىدىڭلارمۇ؟— سورىدى لېيستون خۇددى سەلدەك تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ كۆچلۈك ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان زىگېر قوشۇنىغا قاراپ ئىچى ئازراق تىتىلداشقا باشلىغان ھالدا. ئالاقىچى ئالدىراشلىق بىلەن تولىغان ماتېرىياللارغا قاراپ جاۋاپ بەردى:

— كەچۈرۈڭ قوماندان، بىز بار كۈچىمىز بىلەن ئىزدىشتۇق، بىراق دۈشمەن قوشۇنى بەك كۆپ بولغاچقا دەماللىققا تاپالمىدۇق.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ يەنە تېزلىكتە دوكلات قىلدى:

— قوماندان، مېڭە قۇرۇتى چىقارغان مېڭە دولقۇنى نۇقتىسى يالغۇز بىر ئەمەسكەن، يەنە باشقا ئۈچى بار ئىكەن!

— ئۇنداقتا جەمئىي تۆت مېڭە قۇرۇتى جەڭگە قاتنىشىپتۇ ـ دە...— لېيستون سوغۇق تىنىپ قويدى،— تۆت مېڭە قۇرۇتىنى جەڭگە قاتناشتۇرۇپ باش مېڭە قۇرۇتى زادى نېمىنى ئويلاۋاتىدۇ؟

لېيستونلار بۇ تەرەپتە زىگېرلار بىلەن جەڭ قىلىپ قىزىپ كەتكەندە، يەنە بىر تەرەپتە بىر ئۆزاققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن ماكان ھالقىپ سەكرەشتىن پايدىلىنىپ يەر شارى يېنىغا كەلدى. سان ـ ساناقسىز ئالەم كېمە پارچىلىرى بۇ يەردە لەيلەپ يۈرەتتى، بۇ مەنزىرىنى كىم كۆرسە يۈرىكىدە چەكسىز ئېچىنىش پەيدا بولاتتى. يەر شارىغا ھەرىلەردەك يوپۇرۇلۇپ كېتىپ بارغان زىگېر قوشۇنى تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئۆزاققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننى كۆرۈپ، ئامالسىزلىقتىن ھۇجۇمنى ئاجىزلىتىپ، بىر بۆلۈك ئەسكىرىي كۈچىنى ئۆزاققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنغا تاقابىل تۇرۇشقا ئاجراتتى.

ئۆزاققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ ئالەم كېمىسى ئىچى ئالدىراشچىلىققا چۆمگەن ئىدى، تولۇق قوراللانغان زەربىدار پىيادە ئەسكەرلەر توشۇغۇچى كېمىلەرگە چىقىپ بولۇشقان ئىدى، غايەت زور دوزاق ئوتى برونىلىرى بىلەن تانكىلار چوڭ تىپتىكى توشۇغۇچى كېمىلەرگە ئېلىپ چىقىلغان ئىدى. كاپىتاننىڭ بىر بۇيرۇقى بىلەن بۇ ئۇچار كېمىلەر ئالەم كېمىسىدىن ئايرىلىپ، ئۆلۈك دېڭىز جەڭ ئۇچقۇلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئاستى تەرەپتىكى ئاشۇ كۆك رەڭلىك پىلانېتقا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. زىگېرنىڭ جانلىق ئالەم كېمىسى بىلەن ئۆزاققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ ئالەم كېمىسى ئۆزئارا يېقىن تېگىشىپ، ئىككى تەرەپ ئالەم كېمىلىرىدىكى زەمبىرەكلەر بىر ـ بىرىگە قىلچە رەھىم قىلىشماي قارشى تەرەپنى توپقا تۇتۇشتى، گەرچە زىگېرنىڭ جانلىق ئالەم كېمىسى مەيلى قوغدىنىش ياكى ھۇجۇم قىلىش جەھەتتە بولسۇن ئۆزاققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ ئالەم كېمىلىرىدەك ئۇنچە كۈچلۈك بولمىسىمۇ، ئەمما سان جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ئىدى. جەڭ ئوتى ئۆزلۈكسىز كېڭىيىۋاتاتتى، يەر

شارىدىن ئاي شارىغىچە، ئاندىن مارس، ساتۇرن، پلوتونىغىچە ھەتتا پۈتكۈل قۇياش سىستېمىسىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە جەڭ ئوتىنىڭ پارتلىغىنىنى كۆرگىلى بولاتتى، ئۇنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالدۇراتتى!

پاراشوت بىلەن سەكرىگۈچى قىسىملار زېگېرلارنىڭ زېنىت توپلىرىغىمۇ قارىماي يەر شارىغا سەكرەشكە باشلىغاندا، يەر شارىدىكى ئەھۋال قانداقتۇ؟ نيۇ ـ يوركتا پەقەت ئۈيەر ـ بۇيەردە ئاڭلىنىۋاتقان زەمبىرەك ئاۋازلىرى بىلەن يىرتقۇچلارنىڭ ھۆكۈرىگەن ئاۋازلىرى، برونتوتېرلارنىڭ يەرنى دەسسىگەندىكى ئاياق ئاۋازىلا قالغان ئىدى، يوغان ئايال ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلىمۇ پاچاقلىنىپ دېڭىزدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. فرانسىيە پايتەختى پارىژدىكى ئېففېل تۆمۈر مۇنارىمۇ ئىككى پارچە بولۇپ يەردە ياتاتتى، لىۋېرپول سارىيى موزېيىدىكى ئىنسانلار گۆھەر دەپ قارايدىغان قەدىمىي يادىكارلىقلار زېگېرلارنىڭ ئەسەبىيلەرچە بۇزغۇنچىلىق قىلىشى ئاستىدا كۆلگە ئايلانغان ئىدى! جۇڭگودەك بەش مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە مەدەنىيەتلىك قەدىمىي دۆلەتمۇ بۇلاردەك ئون مىڭ يىلغا يېقىن ياشىغان تۇر ئالدىدا ئىنتايىن ئەرزىمەس بىلىنەتتى، يەر ـ جاھان ئىس ـ تۈتەككە تولغان، ھەممە يەردە جەسەتلەر دۆۋىلىنىپ ياتاتتى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى چوڭ شەھەرلىرىدىكى قارشىلىقمۇ توختىغان بولۇپ، ھەممە يەر ئېچىنارلىق ھەم چۆلدەرەپ قالغان كۆرۈنەتتى، بۇ مەنزىرىلەردىن بۇ پىلانېتنىڭ ئىلگىرى گۈللەنگەن، ئاۋات پىلانېت ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. ئەگەر دۇنيادا راستىنلا دوزاق بار دېيىلسە، يەر شارىنىڭ ئۆزى دوزاق ئىدى، بىراق دوزاقتا تۇرغانلىق ھەرگىزمۇ ھەممە نېمىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى، كەڭ كۆلەملىك جەڭ ئاللىقاچان زېگېرلار تەرىپىدىن تەلتۆكۈس يىمىرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ھەممە يەردە ئۇششاق ـ چۈششەك قارشىلىق كۆرسىتىش بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى.

ــ بىز سىلەر بىلەن ئاخىرقى بىر ئادىمىمىز قالغۇچە كۆرىشىمىز!

ئىنسانلار ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئىرادىسىگە تايىنىپ بۇ سۆزنى ئىسپاتلىغان ئىدى!

شىنجاڭ، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر مۇھىم قورۇلى، شىنجاڭ يەرئاستى بازىسىدا مىلتىق ئاۋازلىرى ياڭرايتتى، بىر تۈركۈم تەرەققىي قىلغۇچىلار بۇ يەردىكى جەڭگە قاتناشقاندىن كېيىن، جەڭ ئەھۋالى ئىنسانلارغا پايدىسىز بولۇپ ئۆزگىرىشكە باشلىدى. بۇ يەردىكى ئەسكەرلەرگە نىسبەتەن ھەر بىر تۈركۈم بۇنداق غەلىتە مەخلۇقلارنى يوقاتسا، كېيىنكى تۈركۈمدىكىلىرى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىپ باراتتى. جەڭ مەيدانى بارا ـ بارا بازا سىرتىدىن بازا ئىچىگە قاراپ يامراۋاتاتتى، پۈتكۈل بازىنىڭ ھەممە يېرىدە زېگېر قوشۇنى بار بولۇپ، ھەرقايسى قەۋەتلەردىكى مۇداپىئە لېنىيىلىرى بىر ـ بىرلەپ بىتچىت قىلىنىۋاتاتتى، ھەممەيلەنگە ئۆلۈمنىڭ پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى ئىكەنلىكى ئايان ئىدى!

— ھەممەيلەن 6 ـ قەۋەت مۇداپىئە لېنىيىسىنى تاشلاپ دەرھال چېكىنىڭلار!— گۇدۇك ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى.

— چېكىنىڭلار، تېز مېڭىڭلار! تېزراق!

ھېچكىم تارتىنىشىپ تۇرمىدى، بۇيرۇقنى تاپشۇرىۋېلىپلا بەس ـ بەستە جىددىي چېكىنىش ئېغىزىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى، ئارقىدا قالغانلار شۇ ھامان زېگېرنىڭ زور قوشۇنىنىڭ قارا رەڭلىك دولقۇنى تەرىپىدىن يۇتۇۋېتىلدى. ئۆزلىرىگە يېقىنلاپ قالغان زېگېر زور قوشۇنىنى كۆرگەن بەزى ئەسكەرلەر ئۆزلىكىدىنلا قوللىرىدىكى مىلتىقلىرىنى كۆتۈرۈپ قارىسىغا ئېتىشقا باشلىدى، بىراق ئاران نەچچە تال پىلىموت زېگېر قوشۇنىنى ھەرگىز توسۇپ قالالمايتتى، پەقەت يەردىكى جەسەتلەرگە يېڭىدىن بىر نەچچە جەسەتنى قوشاتتى، خالاس! ئەڭ ئاخىرقى بىر ئەسكەر چېكىنىش ئېغىزىغا كىرگەندىن كېيىن، يوغان قاپقاق ئاستا ـ ئاستا تۆۋەنلەشكە باشلىدى، نەچچە ئون ئېغىر تېپلىق پىلىموتقا ماسلىشىپ قىزىل يۇلتۇز سېپىرىلما زەمبىرەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقان يىرتقۇچلارغا كۈچلۈك زەربە بېرىۋاتاتتى، كۈچلۈك پارتلاش ساداسى ئىچىدە نەچچە ئون تىتىلىپ كەتكەن جەسەت يەرگە يىقىلدى، قاپقاق ئېتىلگەندىن كېيىنلا ئەسكەرلەر ئاندىن ھۇجۇمنى توختاتتى. سوقۇلغان ئاۋازلار ئىشىك كەينىدىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى، قاتتىقلىقىدىن ھەتتا نەچچە ئون تونىنا بومبىمۇ قىلچە كار قىلمايدىغان بىرىكمە مېتال ئىشىكتىن يوغان بىر يەر پولتىيىپ چىقتى!

— بىز تېزراق ماڭايلى!

ئەسكەرلەر ھەتتا ھېچقانداق ياراقلىرىنىمۇ ئالماي دەرھال باشقا ئەسكەرلەرگە ئەگىشىپ لىفتقا چىقتى، لىفت ئىشىكى يېپىلغان دەقىقىدە تاقاقمۇ پارچە ـ پارچە بولۇپ يەرگە يىقىلدى.

ـ 7قەۋەتتىكى قورال ـ ياراق زاۋۇتى زالىدا ئەسكەرلەر ئالدىراشچىلىق ئىچىدە مۇداپىئە لېنىيىسى قۇرۇۋاتاتتى، يارىدار ئەسكەرلەر يەرئاستى بازىسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە يۆتكەلدى. ھەممەيلەن ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ، دەھشەت قانلىق جەڭ ھەممەيلەننىڭ كاللىسىنى پالەچلىۋەتكەن ئىدى، كۆپچىلىكنىڭ بىلىدىغىنى پەقەت جەڭ قىلىش ئىدى. يارىدار ئەسكەرلەرنىڭ ۋايىسىغان، يىغلىغان ئاۋازلىرى، تۆت ئەتراپتىكى ئالدىراش توۋلىغان ئاۋازلار، ھەر بىر ئەسكەرنىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتكەن ئۈمىدسىزلىكلەرنى ئازاپ ئىچىدە كۆرگەن ۋەن شيوڭفېينىڭ قەلبىنى تۇنجى قېتىم چەكسىز ئۈمىدسىزلىك چۇلغىۋالدى، ئۆزى ئافرىقىدىكى يەرئاستىدا زېگېر قوشۇنى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغاندىمۇ بۇنچىلىك ئۈمىدسىزلەنمىگەن ئىدى. ئۇ يېنىدىكى بۇزۇلۇپ جۇلقى چىقىپ كەتكەن پىلىموتنى كۆتۈرۈپ زورۇقۇپ ئورنىدىن تۇردى!

— كوماندىر، يارىڭىز بەك ئېغىركەن، قالايمىقان مىدىرلىماڭ!— بىر داۋالغۇچى ئەسكەر ۋەن

شيوگفېينى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى يۆلىۋالدى. ۋەن شيوگفېي ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بېلىكىدىن بىر يارنى سىلاپ قويدى. قىپقىزىل قان بىردەمدىلا ئۇنىڭ پەلىيىنى قىپقىزىل بويىۋەتتى.
ــ يارام بەك ئېغىر؟ــ ۋەن شيوگفېي بۇ چاغدىمۇ تېخىغىچە ئانچە ئىشىنىپ كەتمىگەن ئىدى، بەدىنىگە چوڭ ـ كىچىك يارا ئېغىزلىرى تولۇپ كەتكەن ئىدى، جەگدە قىپقىزىل قان تەرپىدىن پالەچلىنىپ كەتكەن مېڭىسى ئۆزىنىڭ يارىلانغانلىقىنى قىلچە سەزمىگەن ئىدى، پەلەيدىكى قىپقىزىل قاننى كۆرگەن ۋەن شيوگفېي چوڭقۇر سوكۇتكە چۆمدى.
ــ مەن يارىلىنىپتىمەن...ــ گۇدۇڭلىدى ئۇ.

## 66ـ باب فرانسىيەدىكى تۇنجى جەڭ

ۋەن شيوگفېي ئېغىر نەپەس ئالاتتى، ئاجىزلاپ كەتكەچكە باشقىلار يۆلەپ تۇرسىمۇ تۇرالمايۋاتاتتى، جەڭ ئەسەبىيلىكىدىن ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن پۈتۈن بەدىنى قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى، ئىككى پۇتى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك قىلاتتى، پۇتلىرى بوشىشىپ يەرگە يىكۈنۈپ قالدى. داۋالىغۇچى ئەسكەر بۇنى كۆرۈپ تەشۋىشلەنگەن هالدا:
ــ كوماندىر، سىز يەنىلا ئاۋال ئىچكىرىگە چېكىنىڭ، سىز هازىر چوقۇم دەرهال داۋالىنىشىڭىز كېرەك، بولمىسا هاياتىڭىز خەۋپكە ئۇچرايدۇ!ــ دېدى. ۋەن شيوگفېي هاسىرىغان هالدا دېدى:
ــ هاياتىم خەۋپكە ئۇچرايدۇ؟ ئەگەر زېگېرلار بۆسۈپ كىرىپ قالسا بىز هەممىمىز ئۆلىمىز!
بىردەم كۈچەپ سۆزلەپ قالغان ۋەن شيوگفېي قاتتىق هۆتىلىپ قان تۈكۈردى. ۋەن شيوگفېينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ داۋالىغۇچى ئەسكەر دەماللىققا ئامالسىز قالدى، بىراق بىر داۋالىغۇچى خادىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئادەم قۇتقۇزۇش ئىدى، گەرچە كۆز ئالدىدىكى بۇ جاهىل كوماندىرنى قايىل قىلالمىسىمۇ، ئەمما هېچ بولمىغاندا ئۇنى ئاددىيلا داۋالاپ قويمىسا بولمايتتى.
ــ بىراق... بىراق سىزنىڭ يارىڭىز بەك ئېغىركەن، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر داۋالانمىسىڭىز بولمايدۇ!ــ داۋالىغۇچى ئەسكەر ئۇنىڭغا ئۈمىدلىك تىكىلدى. داۋالىغۇچى ئەسكەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ۋەن شيوگفېي بېشىنى لىڭشىتتى، داۋالىغۇچى ئەسكەر چەبدەسلىك بىلەن ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئۇنى تېڭىشقا باشلىدى، ۋەن شيوگفېيمۇ ئۆزىنىڭ يارىسىنىڭ بەك ئېغىرلىقىنى،

داۋالانمىسا زېگېرلار ئۇنى ئۆلتۈرۈپ بولغۇچە ئۆزىنىڭ قانسىراپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدى .

ــ كوماندىر، بىز يەنە قانچە ئۇزۇن بەرداشلىق بېرەلەيمىز؟ــ سورىدى داۋالىغۇچى ئەسكەر ئازراق ئازاپلانغان هالدا .

ــ مەنمۇ بىلمەيمەن. يېڭىدىن كەلگەن بۇ غەلىتە مەخلۇقلار بەك قورقۇنچلۇقكەن. بىرسىنى ئۆلتۈرسەك يەنە بىرى تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىدىكەن،ــ بۇ چاغدا ۋەن شيوڭفېي قولىدىكى جۇلىقى چىقىپ كەتكەن قىزىل يۇلتۇز زەربە پىلىموتىغا قاراپ قويدى،ــ هازىرغا قەدەر ئوقلىرىمىز ئۇلارنى يارىلاندۇرالمايۋاتىدۇ، هازىر شۇنى دېيىشكە بولىدۇكى بۇ جەڭ يالغۇز بىر تەرەپنىڭ قىرغىنىغا ئايلاندى!ــ سۆزلەپ بولۇپ ۋەن شيوڭفېي قولىدىكى پىلىموتنى تاشلىۋېتىپ، ئېغىر بىر خۇرسىنىپ قويغاندىن كېيىن،ــ ماڭا بىر تال يېڭى ملتىق ئەكىلىپ بەرسەڭلار بوپتىكەن،ــ دېدى .

يەر شارى ئۈستىدىكى ئاتموسفېرا قاتلىمىدا نۇرغۇن توشۇغۇچى كېمىلەر هاۋادا سۈركىلىپ قىزىل رەڭلىك ئوت يالقۇنى چىقىرىپ خۇددى مېتېروئىتلاردەك يەر يۈزىگە قاراپ ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئېغىر قوراللانغان زەربىدار ئەسكەرلەرگە نىسبەتەن كىشىنى ئەڭ بەك قورقىتىدىغىنى مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن زېگېر قوشۇنى بولماستىن، بەلكى مانا بۇنىڭدەك «تىرىك جەسەت ساندۇقى» دەپ ئاتالغان توشۇغۇچى كېمىگە ئولتۇرۇش ئىدى! ئۇنىڭغا ئولتۇرغانلىق ئۆزىنىڭ جېنىنى پۈتۈنلەي ئۇچقۇچىغا تاپشۇرغانلىق بىلەن بارابەر ئىدى، ئەسلىدە ئىلگىرى زېگېرلار بىلەن بولغان جەڭدە نۇرغۇن ئەسكەرلەر مۇشۇنداق هاۋادىن سەكرەش جەريانىدا ئۆلگەن ئىدى، زېگېرنىڭ غوزەك بومبىسى بىلەن پىدائىي قوشۇنغا ئوخشاش چېرىتكۈچىلىرى هاۋادىن سەكرەش جەريانىدىكى توشۇغۇچى كېمىلەرگە ئىنتايىن زور زىيان ئېلىپ كېلەتتى. گەرچە بېكېتلەرنىڭ تەتقىقاتچى ۋە ئېنژېنېرلىرى توشۇغۇچى كېمىلەرگە ئۈزلۈكسىز تېخىمۇ قېلىن بىرونە تاختا ۋە بەلگىلىك ساندىكى هاۋا مۇداپىئە قوراللىرىنى قوشقان بولسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ هەممىسى زېگېرنىڭ كۈچلۈك ئوت كۈچى ئالدىدا يەنىلا ناهايىتى ئاجىز ئىدى .

دەل مۇشۇ چاغدا بىر چېرىتكۈچى توشۇغۇچى كېمىگە كۈچلۈك سوقۇلدى، كۈچلۈك پارتلاش هەش ـ پەش دېگۈچە كېمىدىكى يۈزگە يېقىن ئەسكەرنى قەبرىگە يولغا سالدى. هۇشقۇيتقىنىچە كەلگەن يۇقىرى هارارەتلىك دولقۇن تىزگىن بومبىلىرى چېرىتكۈچىلەرنى ئۈزۈلدۈرمەي سوقۇپ چۈشۈرۈۋاتاتتى. ئىككى تەرەپنىڭ جېڭىدە پەيدا بولغان ئوت يالقۇنى پۈتكۈل زېمىننى دېگۈدەك يورۇتىۋەتكەن ئىدى. دەرىجىدىن تاشقىرى چاققانلىقى ۋە يۈكسەك دەرىجىدىكى يۇشۇرۇنۇشچانلىقىغا تايىنىپ ئۆلۈك دېڭىز جەڭ ئۇچقۇلىرى ئالدى بىلەن زېگېرلار قامال قىلغان ئاتموسفېرا قاتلىمىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ يەر يۈزىگە يېقىنلىششقا باشلىدى، ئۆلۈك دېڭىز جەڭ

ئۇچقۇ ئۇچقۇچىلىرىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگىنى ئىلگىرىكى گۈللەنگەن چوڭ مەركىزىي شەھەر بولماستىن، بەلكى ھەممە يەردىكى ئۆرۈلگەن قۇرۇلۇش خارابىلىرى ۋە تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن جەسەتلەر ئىدى، نۇرغۇن يىرتقۇچى ۋە تىكەنلىك يىلانلار ئۇ يەردە ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرۈشەتتى، بۇ يەر خۇددى چەكسىز ئېچىنىشلىق دوزاققىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى .

ــ ئەترەت باشلىقى، بىز ھازىر يەر شارىنىڭ نەرىدە تۇرۇۋاتىمىز؟

ــ ئاخبارات قىسمىلىرىنىڭ ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ فرانسىيە دەپ ئاتىلىدىغان دۆلەتنىڭ زېمىنى !

ــ ئۆلگۈر، قارىغاندا بۇ يەردە تىرىك ئادەم قالمىغاندەك قىلىدۇ .

ــ ئۇنداقمۇ ئەمەسكەن، ئاستىغا ئوبدانىراق قاراپ باققىن !

ئۇچقۇچى شەرەتلەنگەن يەرگە قارىدى، نۇرغۇن يىرتقۇچى ۋە تىكەنلىك يىلانلار بىر يەرگە قاراپ توپلىشىپ مېڭىپ كېتىۋاتاتتى، بۇنداق كۆلەملىك يۈرۈشتىن ناھايىتى ئېنىقكى، يېقىن ئەتراپتا ئىنسانلار تېخىچە زېگېرلار بىلەن جەڭ قىلىۋاتاتتى. زېگېرنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى بويلاپ ئۇچۇپ ئۆلۈك دېڭىز جەڭ ئۇچقۇ قىسمى ناھايىتى تېزلا جەڭ بولۇۋاتقان جاي ــ فرانسىيە پايتەختى پارىژغا جايلاشقان بىر چوڭ چېركاۋغا كەلدى. يەر يۈزىگە لىق تولغان قاپقارا يىرتقۇچىلار پۈتكۈل چېركاۋنى قورشاپ تۇراتتى، بۇ يەردىكى ئاز ساندىكى مۇنتىزىم ئەسكەرلەر خەلق ئەسكەرلىرىگە ماسلىشىپ زېگېرلار بىلەن جەڭ قىلىۋاتاتتى، يىرتقۇچىلارنىڭ تاغنى تالقان قىلغۇدەك كۈچلۈك ھۇجۇمى ئاستىدا ھەممەيلەن چېركاۋنىڭ ئىچىگە چېكىنىپ كىرىۋالغان ئىدى، دەرۋازا ئالدىغا ئادەملەر تەرىپىدىن ياغاچ لىم ۋە ئورۇندۇقلار بىلەن مەھكەم توسۇۋېتىلگەن ئىدى. چېركاۋ سىرتىدىكى تام ئالدىدا تىكەنلىك يىلانلارنىڭ چىرىتكۈچى سۇيۇقلۇقىدا چىرىپ كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەن ئىدى .

ــ يارىدارلارنى ئىچىگە ئېلىپ كىرىڭلار !

ــ ئالدى دەرۋازا، كۆپرەك نەرسە ئېلىپ كېلىپ دەرۋازىنى توسۇڭلار، تېزراق !

بىردەملىك جىددىي سوقۇلغان ئاۋازدىن كېيىن دەرۋازىدىن بىر تۆشۈك ئېچىلدى، بىر تىكەنلىك يىلان بېشىنى تىقىپ دەرھال كىسلاتالىق سۇيۇقلۇقنى پۈركىدى، بىر خەلق ئەسكىرى ئۇدۇل كېلىپ قالغان ئىدى، ئۇ ئېچىنىشلىق چىقىرىدى، چىرىپ سۆڭەكلا قالغان بېشى تورۇكلاپ يەرگە چۈشتى. تىكەنلىك يىلان توختىماستىن تۆت ئەتراپقا كىسلاتالىق سۇيۇقلۇق چېچىپ، جېنىنىڭ بېرىچە ئىچىگە كىرمەكچى بولۇۋاتاتتى، بىر ئەسكەر ئالدىراپ ئۇنىڭ بېشىغا بىرنى تېپىپ، ئۇنىڭ بېشىنى كەينىگە قايتۇرۇپ چىقىرىۋەتتى !

ــ ھۇ ئاناڭــــنى، ئالۋاستى !

سۆز ئاخىرلىشىپلا بىر رېفىللىق مىلتىق تىكەنلىك يىلاننىڭ ئاغزىغا تىقىلدى، مىلتىق ئاۋازىدىن

كېيىن تىكەنلىك يىلاننىڭ مېڭىسىدىن يوغان بىر تۆشۈك ئېچىلدى، مېڭە قېتىقى ۋە قېنى ھەممە يەرگە چاچراپ، بەدىنى لاسسىدە بوششىپ يېتىپ قالدى، كۆپچىلىك دەرھال ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىپ، يۇملاق ئۇستەل ۋە ياغاچ لىملار بىلەن تۆشۈكنى ئەتتى!

ــ كۆپچىلىك جەڭ تەييارلىقىنى ياخشى قىلىڭلار، يۇكسەك دەرىجىدىكى يۇشۇرۇنۇش قۇرۇلمىسىنى قوزغىتىپ پەس ئۇچۇڭلار!ــ ئۆلۈك دېڭىز جەڭ ئۇچقۇ ئەترىتىنىڭ باشلىقى سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇچقۇ ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى ئۇچقۇلار ئاستا ـ ئاستا ھاۋا بوشلۇقىدا غايىپ بولدى، ئۇچقۇلار چېركاۋغا قاراپ ئۇچقان شۇ پەيتتە ھاۋادىن يەرگە ئېتىلىدىغان تىزگىن بومبىلار ئېتىلىشقا باشلىدى! تىزگىن بومبىنىڭ قۇدرىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بومبىلار پەقەت زېگېرلارنىڭ ئارقا سېپىنى نىشانلاپ ئېتىلدى، پارتلاشتىن كۆك رەڭلىك زەربە دولقۇنلىرى ھاسىل بولدى، نەچچە ئون يىرتقۇچلار پارتلاشتىن ھاۋاغا ئېگىز ئۇچۇپ، ئارقىدىنلا يەرگە قاتتىق چۈشۈپ، جان ئاچچىقىدا چىقىراپ كېتىشتى، بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇم يالغۇز زېگېرلارنىلا ھەيران قالدۇرۇپ قالماستىن، چېركاۋ ئىچىدىكى ئادەملەرنى تېخمۇ ھەيران قالدۇردى، چۈنكى ھېچكىم ئەتراپىتىكى ئۇچقۇلارنى كۆرمىگەن ئىدى، بىراق تىزگىن بومبىلار خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ پارتلاۋاتاتتى!

ــ داۋاملىق ئوت ئېچىپ ئۇلارنى تارقىتىۋېتىڭلار، ئاۋۇ قۇرۇلۇشنى خاتا بومباردىمان قىلىشتىن ساقلىنىشقا دىققەت قىلىڭلار!

## 67ـ باب تىرەك

ئۆلۈك دېڭىز جەڭ ئۇچقۇلىرى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال تارقىلىشقا باشلىدى، تىزگىن بومبىلار كۆك رەڭلىق يالقۇن چىقارغىنىچە يەر يۈزىدىكى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغان زېگېرلارغا قاراپ بىر ـ بىرلەپ ئۇچۇشقا باشلىدى، غايەت كۈچلۈك پارتلاش ئاۋازلىرى بىر ـ بىرىدىن كۈچلۈك ياڭرىماقتا، چېركاۋ ئىچىدىكى ئادەملەر ھەيران بولغىنىچە بۇ كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان بارلىق ئىشلارغا قاراپ تۇرماقتا ئىدى! ئەجەبا، ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى ئۆزلىرىنى قۇتقۇزغىلى كەلگەنمىدۇ؟ ناھايىتى تېزلا كۆپچىلىكنىڭ بۇ ئويى يوققا چىقتى، زېگېرنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىدا ھاۋا ئارمىيىسى ئالللىقاچان يوقىتىۋېتىلگەن ئىدى، ھېلىغۇ جەڭ ئۇچقۇلىرىكەن ھەتتا موزېيلارغا قويۇلغان 2 ـ جاھان ئۇرۇشىدىكى ئۇچقۇ ۋە ھاۋا كېمىلىرىمۇ سۆرەپ چىقىرىلىپ جەڭگە قاتناشتۇرۇلغان ئىدى! ھازىر يەر شارىدا ئۇچالايدىغانلاردىن قۇشلار

ۋە زېگېرنىڭ ھاۋا ئارمىيە قىسمىدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. گەرچە ئەھۋال مۇشۇنداق بولسىمۇ بىراق كۆز ئالدىدىكى ئىشلار ئەكسىچە بۇنداق غەلىتە ئىدى، ئاسماندا ھېچقانداق ئۇچقۇ يوق، ئەمما تىزگىن بومبىلار توختاۋسىز ئۇچۇپ چۈشەتتى، يەر يۈزىدىكى زېگېرلار ھەم ئاچچىقلانغان ھەم تېرىككەن ھالدا كۆرەلمەيدىغان دۈشمەنلىرىگە ئامالسىز قېلىپ، نائىلاج بىردىنلا تۆت تەرەپكە قاراپ قېچىشتى!

— كوماندىر! ئۇلار كەتتى، داۋاملىق قوغلاپ زەربە بېرەمدۇق؟— ئۆلۈك دېڭىز ئۇچقۇ ئۇچقۇچىسى سورىدى.

— ھاجەتسىز، پارازىت ماكان ئىگىلىرى تېزلا بۇ يەرگە كېلىدۇ، دەرھال كېمە ئەترىتىگە سېگنال يوللاپ بۇ يەردە تېخى ھايات ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى ئۇقتۇرۇڭلار، ئۇلار دەرھال ياردەمگە كەلسۇن!

— خوپ، كوماندىر!

كۆز ئالدىدىكى خەۋپ ئاستا-ئاستا تۈگىگەندىن كېيىن، ئادەملەر ئېھتىياتچانلىق بىلەن خانۇ-ۋەيران بولۇپ كەتكەن چېركاۋدىن چىقىشقا باشلىدى، ئەتراپ كۆيگەن ياكى پارتلاپ پارچە-پارچە بولۇپ كەتكەن ئۆلۈكلەر بىلەن تولغان ئىدى، بىر نەچچە كۆيۈپ كەتكەن ئۆلۈك تېخىغىچە بوشقىنە تىترەۋاتاتتى، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدىغان سېسىق پۇراق بىر مۇنچە ئادەمنى قۇستۇرىۋەتتى. ناھايىتى تېزلا كۆپچىلىك ئاسمانغا قاراشقا باشلىدى، كۆپكۆك ئاسمان جىمجىت بولۇپ، ھېلىقى ئۇچقۇ تۈگۈل ھەتتا بىرەر تال قۇشۇ يوق ئىدى! بىراق ناھايىتى تېزلا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئويىنى يوققا چىقاردى، ئاسماندا خىرە كۆلەڭگىلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى، ئاستا-ئاستا بۇ خىرە كۆلەڭگىلەر ئېنىقلىشىشقا باشلىدى، ھەيرانلىقتا تولغان كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆلۈك دېڭىز ئۇچقۇلىرى بىر-بىرلەپ پەيدا بولۇشقا باشلىدى!

كىشىلەر ھەيران بولۇپ تۇرغاندا بىر نەچچە ئۆلۈك دېڭىز ئۇچقۇسى يەرگە قونۇپ، ئىچىدىن ئۇچقۇچىلار يەرگە سەكرەپ چۈشتى، ئۇلار يەر شارىدىكى ئېغىرلىق كۈچىگە ئانچە كۆنۈپ كەتمىگەندەك قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى تۇرالماي يەرگە يىقىلدى، يەنە ئىككىسى يېرىم كۈنچە دەلدەڭشىگەندىن كېيىن ئاران مەزمۇت تۇرالىدى، تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ كۈلكىلىك كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ، ھېلىلا جىددىيلىشىپ، ھۇشيار تۇرغان خەلق ئەسكەرلىرى مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇشتى. تىتىلىپ كەتكەن ھەربىيچە مۇھاپىزەت كىيىمى كىيىۋالغان بىرەيلەن ئادەملەر توپى ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى، ئۇ ئالدىدىكى بۇ غەلىتە ئادەملەرگە بىر قاراپ، تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ كىيىمىدىكى بەلگىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇنىڭ ھېلىلا ئەجەپلىنىش ھېسسىياتى ئىپادىلىنىپ تۇرغان چىرايى بىردىنلا ھاياجان ۋە خۇشاللىقتا

چۆمدى .

ــ ئاندىرىۋ، سىز بۇلارنى تونۇدىڭىزمۇ؟ــ توپ ئىچىدىكى بىرەيلەن بوش ئاۋازدا گۇدۇڭلىدى .

ــ ئەلۋەتتە، تونۇدۇم، ئۇلار ئاخىرى كەلدى!ــ ئۇنىڭ سۆزى تۈگىگىچە پۇتى ئارىسىدىن بىر كىچىك دىنوزاۋور ئۆملەپ چىقىپ، بۇ غەلىتە ئادەملەرگە قىزىقسىنغان ھالدا قاراشقا باشلىدى !

ئەمما مەيداندىكىلەرنى تېخمۇ ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، ئاۋۇ بىر نەچچە غەلىتە ئادەم بۇلاردىنمۇ بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەندەك قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر نەچچىسى بۇياققا يۈگۈرۈپ كەلدى. كىشىلەر تېخى گۇمانسىراشتىن ئېسىگە كېلىپ بولغۇچە، ئۇلاردىن بىرى ئالدىقاچان ئاندىرىۋ تۇتۇۋېلىپ ھاياجانلانغان ھالدا :

ــ ياخشىمۇسىز، ئاندىرىۋ ئەپەندى. مەن سىزنىڭ چوقۇنغۇچىڭىز!ــ دېدى. ئاندىرىۋ بۇنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى، ھېلىقى ئادەم ئاندىرىۋنىڭ چىراي ئىپادىسىگە قاراپ :

ــ سىز ۋە باشقا ئىككى يەر شارىلىقنىڭ زېگېرنىڭ باش مېڭە قۇرۇتى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە دېگەن ھېلىقى سۆزىڭىزگە مەن بەك قايىل، شۇنى بىلىڭكى، سىلەر بىزنىڭ يۈرەك سۆزىمىزنى دېيەلىدىڭلار!ــ دېدى .

ــ ھە...ھە... ئەسلىدە مۇنداقكەن ـ دە،ــ ئاندىرىۋ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاندىن نېمە ئىشلىقنى ئاڭقىرالىدى !

ــ ئۇ سۆزلەرنى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ خېلى بۇرۇنلا سۆزلىگۈسى بار ئىدى، ئەمما زېگېرنىڭ كۈچلۈكلىكى سەۋەبىدىن دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىغان، ئەينى چاغدا بۇ سۆزلەرنى تاراتقۇلاردىن ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى نەچچە كۈنگىچە ھاياجانلاندى!ــ ھېلىقى ئۆلۈك دېڭىز ئۇچقۇچىسى سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىپ كېتىپ باراتتى، يەنە بىرسى ئۇنى تارتىپ قويمىغان بولسا ئۇ قاچانغىچە سۆزلەيدىكىن ـ تاڭ؟ !

ــ كەچۈرۈڭ، ئاندىرىۋ ئەپەندى، بۇ نېمىنىڭ قۇرۇق گېپى كۆپرەك! مەن ئۆزىمىزنى قىسقىچە تونۇشتۇرىۋېتەي، بىز پىلانېتلار بىرلەشمىسىگە قاراشلىق بېكىتلەرنىڭ يىراقتا سەپەر قىلغۇچى قوشۇنىنىڭ ئۆلۈك دېڭىز جەڭ ئۇچقۇ قىسمىنىڭ 16 ـ تارماق ئەترىتىدىن، مەن ئەترەت باشلىقى ئىفورېت!ــ دېدى ئىفورېت ئىسىملىك ئۇچقۇچى سالام بەرگەچ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ. ئاندىرىۋ بۇنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ :

ــ مېنىڭچە مەن ئۆزەمنىڭ ھېچنېمىسىنى تونۇشتۇرمىساممۇ بولىدىغان ئوخشايدۇ، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، بىز ئىنسانلار ھازىر يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدۇق،ــ ئۇ سۆزلەۋېتىپ خارابىيلىققا ئايلانغان بۇ چوڭ مەركىزىي شەھەرگە قاراپ قويدى،ــ زېگېرلار ھەقىقەتەنمۇ

بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدىنمۇ بەك قورقۇنچلۇقكەن، ئۇلار يەر شارىغا كەلگەندىن كېيىن نەچچە سائەت ئىچىدىلا مۇنتىزىم قوشۇنلىرىمىزنىڭ مۇداپىئە لېنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتتى. ئېھتىمال پۈتكۈل جاھاندىكى ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ ئەھۋالى پارىژنىڭكىگە ئوخشاپ كەتسە كېرەك . ئىفورېت ۋە ئۇنىڭ ئەترەت ئەزالىرى بۇنى ئاڭلاپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويىدى .

ــ مەن سىزنىڭ ھازىرقى ھېسسىياتىڭىز ۋە تەسراتىڭىزنى ناھايىتى چۈشىنىمەن، بىراق زېگېرلار ناھايىتى تېزلا قايتىدىن قىرغىن قىلىپ كېلىدۇ ، بىزنىڭ پاراڭلاشقۇدەك ۋاقتىمىز يوق ، ھازىر بىز سىلەرگە ياردەملىشىپ مۇداپىئە قىلالايلى، قوشۇنىمىز ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتكىچە بەرداشلىق بېرەيلى، ۋاقتى كەلگەندە سىلەر بىزنىڭ توشۇغۇچى كېمىلىرىمىزگە چىقىپ پىلانېتىڭلاردىن ۋاقىتلىق چېكىنىسلەر!ــ دېدى ئىفورېت .

ــ سىز بىزنى ماكانىمىزنى تاشلاپ كېتىڭلار دېمەكچىمۇ؟ــ ئاندىرىۋ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ھەيران قالدى. ئىفورېت جەزىملەشتۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى، بۇ چاغدا چاقىرغۇدىن ئاۋاز كەلدى :

ــ ئەترەت باشلىقى، شەرقىي جەنۇپ تەرەپتىن نۇرغۇن زېگېرلار تېز سۈرئەتتە بىزگە يېقىنلىشىۋاتىدۇ ، سانى كىشىنى چۆچۈتكىدەك كۆپ، تەخمىنەن يەنە 20 مىنۇتلاردا بىز بىلەن ئۇچرىشىدۇ !

ــ بىلدىم!ــ دېدى ئىفورېت دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن. ئاندىن ئۇ ئاندىرىۋغا قاراپ :

ــ بايىقى سۆزىمىزنى ۋاقىتلىق بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ تۇرايلى، نۇرغۇن زېگېرلار قايتىدىن قىرغىن قىلىپ كېلىۋېتىپتۇ، ھازىر ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئويلاشساق ياخشىراقكەن ،ــ دېدى .

ــ قوشۇلىمەن!ــ ئاندىرىۋ سۆزىنى تۈگىتىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ ئادەملەر توپىغا قولىنى شىلتىپ توۋلىدى :

ــ چېركاۋغا قايتىڭلار، جەڭ تەييارلىقىنى ياخشى قىلىڭلار، زېگېرلار كەلدى !

كۆپچىلىك بۇنى ئاڭلاپ دەرھال قورققىنىدىن ۋاقىرىشىپ كېتىشتى، ھەممەيلەن دەرھال چېركاۋغا يۈگۈرۈپ كىرىپ قولىرىدىكى قوراللىرىنى تەقلەشكە باشلىدى .

ــ بىزنىڭ بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتەلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىمەن .

ــ خاتىرجەم بولۇڭ ، بىزنىڭ قىسىملىرىمىز كەلگۈچە بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن سىلەرگە ياردەم بېرىمىز .

سۆز تۈگىگەندىن كېيىن ئىككىيلەن تەڭلا بىر ـ بىرگە ھەربىيچە چاس بېرىشتى ـ دە ، كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆز قىسىملىرىغا قاراپ تېزلىكتە يۈگۈرۈپ كېتىشتى. ئىفورېت ۋە بىر نەچچە ئۇچقۇچى ئۆلۈك دېڭىز ئۇچقۇلىرىغا سەكرەپ چىققاندىن كېيىن، ئىفورېت توۋلىدى :

— يۇقىرى ئۆرلەڭلار، بۇ قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ چۆرىدەپ تۇرۇڭلار !

ناھايىتى تېزلا ئاسماندا نەچچە ئون ئۆلۈك دېڭىز ئۇچقۇسى چەمبەرسىمان تىزىلىپ چېركاۋنى قورشاپ تۇردى، يىراقتىن قويۇق توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلدى، زېگېرلار ئۆزىنىڭ قانخورلۇقىنى قىلچە يوشۇرۇشنى خالىمايتتى، ئۇلار پەقەت ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئۆزلىرىدىن قورقۇش ھېسسىياتى پەيدا قىلىشنىلا ئويلايتتى.

## 68- باب روھنىڭ غەزىپى

گەرچە زېگېرلار سان جەھەتتىن مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىسىمۇ، بىراق ئىفورىت ۋە ئۇنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ئۆلۈك دېڭىز جەڭ ئۇچقۇسىنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئوت كۈچىگە تايىنىپ ياردەمچى قوشۇن كەلگۈچە ئۆزلىرىنىڭ بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى .
يەردىن كۈچلۈك ئاۋاز ئاڭلاندى، ھەتتا ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان ئۇچقۇچىلارمۇ بۇ بىردەم ـ بىردەم ئاڭلىنىۋاتقان كۈچلۈك ئاۋازنى ئىنتايىن ئېنىق ئاڭلىدى. يەر يۈزى خۇددى قورقۇنچلۇق غەلىتە مەخلۇق ئۆزىنى دەپسەندە قىلىۋاتقاندەك ئازاپلىق نالە قىلماقتا ئىدى .
— ۋاي، خۇدا! برونتوتېر!— توپا ـ چاڭ ئىچىدىكى غەيەت زور كۆلەڭگىدىن ئۆلۈك دېڭىز جەڭ ئۇچقۇ ئۇچقۇچىلىرى بۇ قورقۇنچلۇق مەخلۇقنى ئېنىق تونۇيالىدى.
— 1 ـ گۇرۇپپا ماڭا ئەگىشىڭلار، بىز ئالدىنئالا ھۇجۇم قىلىپ، ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ برونتوتېرنى يوقىتايلى !
ئىفورىتنىڭ كۆڭلىگە ئايانكى، ئەگەر برونتوتېر قىرغىن قىلىپ كېلىپ، غايەت زور گەۋدىسىنى سولغا ئازراق قىيسايتسىلا، ئاندىرىۋلار ۋە بۇ چېركاۋ بېسىلىپ گۆشنانغا ئوخشاپ قالاتتى.
سىرتتا قورشاپ تۇرغان 11 دانە ئۆلۈك دېڭىز ئۇچقۇسى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئىفورىتقا ئەگىشىپ قىرغىنچە ئۇچۇپ كەتتى، برونتوتېرغا يېقىنلاپ قالغاندا ئىفورىت ۋە ئۇنىڭ ئەترەت ئەزالىرى سوغۇق تىنىپ قويۇشتى، زېگېر قىسىملىرى سان ۋە ساپا جەھەتتە ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ كۆپ بولۇپ، برونتوتېرمۇ بىر تاللا بولماستىن، بۇ قېتىم ئۈچى كەلگەن ئىدى !
ئۈچ برونتوتېر دېگەن قانداق ئۇقۇم؟ ئىلگىرى پىلانېتلار بىرلەشمىسى زېگېرلار بىلەن جەڭ قىلغاندا، زېگېرلار 43 برونتوتېرنى جەڭگە قاتناشتۇرۇپ يەر يۈزى قىسىملىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، ئۆزۈندىن بۇيان ھۇجۇم قىلىپ ئالالمىغان بېكىتلەر بىلەن پولۇتۇسلارنىڭ

بىرلەشمە مۇداپىئەسىدىكى چوڭ تىپتىكى ھەربىي مۇھىم قورغاننى ئالغان ئىدى، بۇ قېتىمقى جەڭدە بىرونتوتېرلاردىن ئاران 17سى چىقىم بولغان بولۇپ، ئەمما پولۇتۇسلار ۋە بېكىتلەرنىڭ جەستىنى كۆپلىكىدىن ساناپ بولغىلى بولمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مۇھىم ھەربىي قورغان ئىككى تەرەپنىڭ جەڭ سېپىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، ئەگەر بۇ مۇھىم قورغان قولدىن كەتسە پىلانېتلار بىرلەشمىسى ئەسكەر چېكىندۈرۈپ، پۈتكۈل پىلانېتنى زېگېرلارغا قوش قوللاپ بېرىشكە مەجبۇر بولاتتى. شۇندىن ئېتىبارەن پىلانېتلار بىرلەشمىسىنىڭ ھەرقانداق بىر يەر يۈزى قىسمىنىڭ ھېچقايسىسى بىرونتوتېرلار بىلەن جەڭ قىلىشنى خالىمىدى، پىلانېتلار بىرلەشمىسىنىڭ بىر پىشقەدەم گېنېرالى ئىلگىرى مۇنداق دېگەن ئىدى :

ــ بىرونتوتېرلار بىلەن روبىرو جەڭ قىلغان ئادەم ئەگەر ساراڭ بولمىسا، ئۇ چوقۇم ئۆلۈۋالماقچى !

ئۆلۈك دېڭىز جەڭ ئۇچقۇلىرى ھاۋادىن ئۇچۇپ چۈشۈپ بىرونتوتېرنى نىشانلىدى، نەچچە ئون ئۇچار بومبا ئۇدۇل ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان بىرىگە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. كۈچلۈك پارتلاشتىن بىرونتوتېر دەلدۈگىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئاياق ئاستىدىكى ئاشۇ بىچارە زېگېرلار ئۇنىڭ يوغان تاپىنى ئاستىدا دەسسىلىپ مانتا جىلتىسىدىنمۇ نېپىز بولۇپ كەتتى، بىرونتوتېر ئۆزىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بېشىنى سىلكىپ توپا ـ چاڭلارنى قېقىۋېتىپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك داۋاملىق ئالغا قاراپ ماڭدى. تىكەنلىك يىلانلار قىسمى دەرھال ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپ، كىسلاتالىق سۇيۇقلۇقلارنى ئاسمانغا لىق پۈركۈپ، ئۆلۈك دېڭىز جەڭ ئۇچقۇلىرىنى يۇقىرىراق ئۇچۇپ ئۆزىنى قاچۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى .

ئىفورېت بۇنى كۆرۈپ ئارقا تەرەپتىكى ئۆلۈك دېڭىز جەڭ ئۇچقۇ قىسمىغا بۇيرۇق قىلدى :

ــ ئاندىرىۋلار ئۇ يەردىن چېكىنسۇن، بىز بىرونتوتېرنى توسۇيالمىغۇدەكمىز !

ــ خوپ كوماندىر!ــ ئۇ ئۇچقۇچى جاۋاپ بېرىپ بولۇپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويدى ـ دە، دەرھال ياڭراتقۇنى ئېچىپ ئاندىرىۋلارغا ئۇقتۇردى. چېركاۋ ئىچىدىكى ئاندىرىۋ بۇنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى .

ــ بىز قانداق قاچىمىز؟

چېركاۋدا نۇرغۇن ئەسكەرلەر ئوخشىمىغان دەرىجىدە يارىلانغان بولۇپ، يەنە نۇرغۇن ئاجىز، قېرىلار ۋە ھامىلدارلار، باللار بار ئىدى، ئۇلار قانداقمۇ زېگېرلاردىن قېچىپ قۇتۇلالىسۇن؟ بىراق بۇ يەردە تۇرۇپ ئۆلۈمنى كۈتكەندىن كۆرە، ھېچبولمىسا قېچىپ چىقسا تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ئامان قېلىشى مۇمكىن ئىدى. كىشىلەر بۇلارنى ئويلاپ بىر ـ بىرىنى يۆلەپ چېركاۋدىن چىقىشتى، ئەسكەرلەرنىڭ ھېمايىسىدە قارىغۇلارچە قېچىشقا باشلىدى. قارىغۇلارچە... شۇنداق، دۇنيادا بىخەتەررەك بىرەر جاي قالمىغان ئىدى، پەقەت ئۆز سېزىمىگە تايىنىپ

قېچىپ ئامالنىڭ بېرىچە ئۆلۈمدىن ئۆزىنى چەتكە ئالسىلا بولاتتى، ئاسماندا ئۆلۈك دېڭىز جەڭ ئۇچقۇلىرى ئۇلارغا ئەگىشىپ ئۇچۇپ ئۇلارنى ھەرۋاقىت قوغداپ تۇرۇۋاتاتتى .

ئۆلۈك دېڭىز جەڭ ئۇچقۇلىرى تىكەنلىك يىلانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، بىردەم ئۇيان، بىردەم بۇياندىن قىلچە رەھىم قىلماستىن تىزگىن بومبىلارنى ئۇلارغا قارىتىپ ئاتتى، بىراق، ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ ئاران 11 دانە ئۆلۈك دېڭىز جەڭ ئۇچقۇسى قانچە تىرىشسىمۇ زېگېرنىڭ قەدىمىنى توسۇپ قالالمىدى. تىكەنلىك يىلانلار يەر يۈزىدىكى قۇرۇلۇشلارغا تايىنىپ قوغدانغاچقا زىيىنى ئىنتايىن ئاز ئىدى، ھالبۇكى ھازىر ئۈچ دانە ئۆلۈك دېڭىز جەڭ ئۇچقۇسى تىكەنلىك يىلانلارنىڭ كىسلاتالىق سۇيۇقلۇقىدا ئېتىپ چۈشۈرۈۋېتىلگەن ئىدى .

بەدىنى ئەڭ چوڭ برونتوتېر چېركاۋغا يېقىنلاشقاندا، بۇ يەرنىڭ ئاللىقاچان قۇرۇۋقدىلىپ قالغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، يىراقتا بىر توپ «چۆمۈلىلەر»نىڭ تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى، دەل مۇشۇ چاغدا تۇيۇقسىز زەربىدىن ئۇ ئالدىغا قىڭغىيىپ يەرگە يۈكۈنۈپ قالدى، دۈمبىسىدە بىر ئوت يالقۇنى كۆرۈندى ھەمدە دۈمبىسى توختاۋسىز ئاجىز سانجىپ ئاغرىشقا باشلىدى، ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ برونتوتېرغا يەنە بىر تىزگىن بومبا تەككەندەك قىلاتتى. بىر نەچچە ئۆلۈك دېڭىز كۈرەشچى ئۇچقۇسى توختىماستىن قوش ستۇۋوللۇق تەڭ ئىئونلۇق زەمبىرەك بىلەن برونتوتېرنى كۈچلۈك بومباردىمان قىلماقتا ئىدى، بۇ برونتوتېر ئازراق ئاچچىقلاندى، ئەتراپىدا ئۇچۇپ يۈرگەن «چىۋىن»لار ئۇنى بەك بىزار قىلغان ئىدى، شۇڭا ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا نەچچىنى ھۆكۈرەپ قويدى .

ئاسمان ـ زېمىننى لەرزىگە سالغان بۇ نەرە ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېچىپ كېتىۋاتقانلار توختاپ كەينىگە بۇرۇلۇشتى، قورقۇپ ۋاقىرىغان ئاۋازلار دەرھال ئادەملەر توپى ئارىسىدا ياڭرىدى .

ــ كۆپچىلىك، دەرھال تارقىلىڭلار!ــ ئاندىرىۋ بىر تەرەپتىن يۈگۈرگەچ يەنە بىر تەرەپتىن قوماندانلىق قىلدى. كۆپچىلىك بۇنى ئاڭلاپ دەرھال تۆت تەرەپكە قاراپ قېچىشتى. بىراق كىچىك تاغقا ئوخشاش گەۋدىسى بار برونتوتېر نەچچە قەدەمدىلا ناھايىتى تېزلا جېنىنىڭ بېرىچە قېچىپ كېتىۋاتقان ئادەملەر توپىغا يېتىشىۋالدى .

ئاسماندىكى نەچچە ئون ئۇچقۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ يۆنۈلۈشنى ئۆزگەرتىپ ئېشىپ قالغان تىزگىن بومبىلىرىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ تەلۋىلەرچە ئېتىشتى. گەرچە برونتوتېرنىڭ جېنىنى ئالالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى پارتلىتىپ كەينىگە مۈدۈرتىۋەتتى. ئۆلۈك دېڭىز كۈرەشچى ئۇچقۇلىرى برونتوتېرغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يىرتقۇچلار زور قوشۇنى ناھايىتى تېزلا ئوت كۈچى تورىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئادەملەر توپىغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىشتى. ئالدى تەرەپتە ھاسراپ ـ ھۆمدەپ يۈگۈرۈپ كېتىپ بارغان ئادەملەر ئۆزلىرىگە بارا ـ بارا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان يىرتقۇچلارنى كۆرۈپ، ئاشۇ زېگېرلارنىڭ جسماني كۈچىنىڭ

نېمشقا بۇنچە ياخشىلىقنى راستىنلا بىلەلمەي قالدى. زېگېرلار خۇددى مەڭگۈ ھېرىپ قالمايدىغاندەك قىلاتتى! مىلتىق ئاۋازلىرى قايتىدىن ياڭراشقا باشلىدى، بىر ئەسكەر ئەمدى ئوق ئېتىپ بىر يىرتقۇچنى ئۆلتۈرۈپ تۇرۇشىغا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن تۆت يىرتقۇچى تەرىپىدىن دەرھال يەرگە يىقىتىلدى، ئەجەل شۇ ھامان ئۇنى قوينىغا ئالدى !
جەڭ قىلالايدىغانلار ئاستا ـ ئاستا قەدىمىنى توختىتىشقا باشلىدى، قۇرۇلۇشلارنىڭ دالدىسىدىن پايدىلىنىپ ئاياللار ۋە باللارنىڭ قېچىشىنى ھىمايە قىلىشقا مۇۋاپىق ئورۇن ئىزدەشكە باشلىدى، ئۆزلىرى قېلىپ يىرتقۇچلارنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسۇشتى! بىراق تارقىلىپ كەتكەن ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە بولمىغانلىقتىن بەك زور زىيان پەيدا قىلاللمايتتى، ھازىرقى ئەھۋالدا ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ھۇجۇم قىلغان تەقدىردىمۇ بۇ زور دېڭىز دولقۇنىدەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقان زور قوشۇننى توسۇۋالغىلى بولمايتتى. ناھايىتى تېزلا يىرتقۇچلار ئاجىز مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، قىلچە قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارى بولمىغان ئاشۇ ئاياللار ۋە باللارنى قىرغىن قىلدى! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆلۈك دېڭىز كۆرەشچى ئۇچقۇلىرى نۇرغۇن تىكەنلىك يىلانلار يېپىشىۋالغانلىقتىن، بىر تەرەپتىن تىكەنلىك يىلانلارغا، يەنە بىر تەرەپتىن غايەت زور برونتوتېرلارغا قارشى تۇرۇشقا توغرا كەلدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئامانغا چۈشلۈق دەرمانى بولمىدى !
ۋەيرانە بولۇپ كەتكەن تاشيولدا قولىدا پىلىموت كۆتۈرۈۋالغان، چېكىلىكسىز شەپكە كىيىۋالغان بىر ئەر 7~8 ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزچاقنى يېتىلەپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ قېچىۋاتاتتى، گەرچە قىزچاق ئالاقاچان ھاسراپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا جېنىنىڭ بېرىچە ئىككى پۇتىنى ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتاتتى، ئۇ توختاپ قالسىلا ئۆزىنىڭ دەرھال ئاشۇ غەلىتە مەخلۇقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى! ئەتراپتىكى ئۈزۈلمەي چىقىۋاتقان مىلتىق ئاۋازلىرى، ئادەملەرنىڭ ئازاپلىق چىقىرىغان ئاۋازلىرى، يىرتقۇچلارنىڭ قورقۇنچلۇق ھۆكۈرىگەن ئاۋازلىرى قىزچاقنىڭ كىچىككىنە گۆدەك قەلبىگە توختاۋسىز زەربە بېرەتتى، بۇ دۇنيا ئاللىقاچان دوزاختا ئايلانغان ئىدى، دادىسى، ئانىسى، ئاكىسى، ئاچىسى — ھەممىسى ئۆلگەن ئىدى. تاغا ـ ھەدىلەرمۇ توختىماستىن يەرگە يىقىلاتتى، ئۆزىمۇ ئۆلەي دەپ قالغان ئىدى !
— تېزراق يۈگۈرۈڭ، توختاپ قالماڭ!— ئەر كىشى ئۆزلىرىگە تەدرىجى يېقىنلاپ قالغان يىرتقۇچلارنى كۆرۈپ، قىزچاقنى ئالدىغا ئىتتىرىپ، قولىدىكى پىلىموتنى كۆتۈرۈپ ئەڭ ئاخىرقى بىر جەڭگە تەييارلاندى، ئۇچقان ئوقلار بارلىق غەزەپ ـ نەپرەتنى ئېلىپ يىرتقۇچنىڭ بەدىنىنى تېشىپ كىردى، يېشىل رەڭلىك قانلار ئۇنىڭ بەدىنىدىن توختىماي چاچراپ چىقتى، بىراق بىر تال پىلىموتنىڭ ئوت كۈچى يىرتقۇچقا زور تەسىر قىلالمايتتى،

ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭ ئۆتكۈر پەنجىلىرى دۈشمىنىنىڭ كۆكرىكىگە سانچىلدى، ئاندىن ئىتتىك تارتىۋېلىندى، قىپقىزىل قان شۇ ھامان ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ ھەممە يەرگە چېچىلدى. ھېلىقى قىزچاق قايرىلىپ قاراپ بۇ قانلىق كۆرۈنۈشنى كۆردى، ھېلىقى ئالىلقاچان ئۆلگەن ئەرنىڭ ئازاپ ۋە قورقۇنچ چىقىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزى ئۇنى جايىدا تۇرغۇزۇپ قويدى، ئۇ خۇددى بىر كىم ئۇنىڭغا ئەپسۇن ئوقۇۋەتكەندەك جايىدا قىمىر قىلماي ئۆزىگە ئېتىلىپ كېلىۋاتقان بىر يىرتقۇچىغا قاراپ تۇراتتى، ھاۋادا پۇلاڭشىغان ئۆتكۈر قوللار ئۇنىڭ بېشىنى سىيپاپ ئۆتۈپ كەتتى، ناھايىتى تېزلا ھاۋادا يەنە بىر قېتىم چاچرىغان قانلاردىن بىر قەۋەت قان تۇمانى پەيدا بولدى!
— ھۇ ئەبلەخلەر!— بىر چەتتە تۇرغان ئاندىرىۋ بۇ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ تولۇلۇەتتى، ئۇنىڭ قۇرىغان قىزارغان ھەم قىزارغان بىر جۈپ كۆزلىرىدىن ھازىر بىر تېمىمۇ ياش چىقمايتتى! ئۇ غەزەپلەندى، بۇ قېتىمقى غەزەپ ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئوخچىغان غەزەپ ئىدى. ئۇ پىلىموتىنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى يىرتقۇچنى ئەسەبىيلەرچە ئوققا تۇتقىنچە ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى! بىر پاي ئوق دەل ھېلىقى يىرتقۇچنىڭ كۆزىگە تەككەن ئىدى، يىرتقۇچى ئاغرىق دەستىدىن ئازاپلىق چىقىراپ، ئۆزىنى يارىلاندۇرغان بۇ ئادىمىزاتقا غەزەپ بىلەن تىكىلدى، ئۇ قايتىدىن قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ھېلىقى ئادىمىزاتقا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى!
ئوق بىر پاي ـ بىر پايدىن تاكى دىسكىدا ئوق قالمىغانغا قەدەر ئېتىلدى، ئاندىرىۋ قولىدىكى پىلىموتنى تاشلىۋېتىپ، بېلىغا ئېسقلىق ھەربىيچە خەنجەرنى سۇغۇرۇپ ئالدى، قارىغاندا ئۇ يىرتقۇچى بىلەن يەكمۇ ـ يەك قانلىق جەڭگە تەييارلانغاندەك قىلاتتى. يىرتقۇچى يارىلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرغىدەك كۈچىگە تايىنىپ ئاندىرىۋنى يەرگە بېسىۋالدى، ئېغىزىنى ئېچىپ، ئاندىرىۋنىڭ بويىنىنى چىشلىمەكچى بولدى!
— خام خىيال قىلما، بۈگۈن سېنى ئۆلتۈرىۋەتسەم ھېساب ئەمەس!— ئاندىرىۋ قاتتىق غەزەپلەنگەن ئىدى، ئۇ بىر قولىدا يىرتقۇچنىڭ ئېڭىكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولىدا خەنجەرنى يىرتقۇچنىڭ بوينىغا كۈچەپ تىقتى! يىرتقۇچى گەرچە ئاجايىپ ئازاپلانغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئازاپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ كۈچ ئاتا قىلغان ئىدى، ئۇ بىر كۈچىۋېدى، ئاندىرىۋنىڭ يەنە بىر قولى بەرداشلىق بېرەلمىدى، يىرتقۇچى ئۇ قولنى چىشلەپ ئۈزۈۋالدى!
— ۋايجان!— ئاندىرىۋ ئاغرىقتىن تولۇلۇەتتى، يىرتقۇچنىڭ بوينىغا تىققان خەنجەرنى سۇغۇرىۋېلىپ، ئاندىن قايتىدىن يەنە بىر قېتىم تىقتى! ئىككى تەرەپ مانا مۇشۇنداق ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك ئىرادىسى ۋە ھاياتىي كۈچىگە تايىنىپ، ئۆز بەدىنىدىكى ھەر بىر ئەزاسىنى قورال قىلىپ قارشى تەرەپنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن توختىماستىن جان تىكىپ ئېلىشماقتا ئىدى ...

ئاخىرلىشاي دېدى، ئۆلتۈرۈشۈش ئاخىرلىشاي دېدى، ۋاقىت مىنۇت ـ سېكۇنتلاپ ئۆتمەكتە. ھەر ئىككى تەرەپ قان ئىچىگە يىقىلىپ قوپالمىدى! ھەممە نەرسە ئاخىرلاشقاندەك قىلاتتى!

## 69 ـ باب ۋاز كەچمەسلىك

ــ سەزگۈلىرىم بارا ـ بارا خىرەلىشىپ كەتتى، قارىغاندا مەن ئۆلەي دەپ قالغان ئوخشايمەن...ــ ئاندىرىۋ قان ئارىسىدا ياتقىنىچە ئەتراپقا لىق تولغان جەسەتلەرگە قاراۋاتاتتى، بەلكىم ئۆزىنىڭ كۆزلىرىگە قان تولغان بولسا كېرەك، پۈتكۈل جاھان ئۇنىڭغا خۇددى دوزاختەك قىپقىزىل كۆرۈنەتتى.

ــ ئۆھۆ...ئۆھۆ ...

ھۆتەلدىن كېيىن ئۇ قان تۈكۈردى. ئۇ ناھايىتى تەسلىكتە ئەڭ ئاخىرقى بارلىق كۈچىنى ئىشلىتىپ بېشىنى بۇرىدى، ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگىنى بولسا ھېلىقى قىزچاقنىڭ قان ـ گۆش ئارىلىشىپ كەتكەن جەستى ئىدى.

ــ ھا...ھا...ھا... ئۆھۆ ...

ئاغزىدىن چاچراپ چۈشكەن قان ئاندىرىۋنىڭ ئېچىنىشلىق كۈلكىسىنى ئۈزۈۋەتتى.

ــ بۇ... ئۆلۈم دېگەن شۇمىدۇ؟ــ ئاندىرىۋ گەرچە نائىلاج كۈلۈۋاتسىمۇ، ئەمما ئىككى تامچە قانلىق ياش ئۇنىڭ كۆزىدىن دۇمىلاپ چۈشتى. بۇنداق دوزاختەك دۇنيادا ياشىغاندىن كۆرە ئۆلگەنمۇ ياخشىراق ئىدى! بىراق ئۇنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا چىڭ چاپلىشىپ تۇرغان كىچىك دىنوزاۋۋر ئۆز دوستىنىڭ بۇنداقلا ئۆلۈپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلمايتتى، ئۇ ئاندىرىۋنىڭ روھىنى ئەجەل دەرۋازىسىدىن قايتۇرۇپ كېلىشنى ئۈمىد قىلغاندەك ئازاپلىق چىقىرايتتى!

بىراق بۇ قېتىم ئەزرائىل يەنە كەلدى، بىر يىرتقۇچى يەردە ياتقان ئاندىرىۋنىڭ تېخىغىچە تىنىقى بارلىقىنى كۆرۈپ، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى! كىچىك دىنوزاۋۋر ئۆزلىرىگە يېقىنلاپ كەلگەن يىرتقۇچىنى كۆرۈپ ئاندىرىۋنىڭ كىيىمىنى چىشلەپ جېنىنىڭ بېرىچە ئۇنى سۆرىمەكچى بولدى، ئەمما جۇغى تېخى كىچىك بولغاچقا، ئاندىرىۋنى قىمىرلىتالمىدى! ئاندىرىۋنىڭ يارىسى بەك ئېغىر ئىدى، ئەگەر ئۇ ئورنىدىن تۇرالىغان تەقدىردىمۇ جەڭگىۋارلىقى قالمىغاچقا يىرتقۇچى ئۈستىدىن غەلىبە قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى!

ئاندىرىۋ ئازاپلانغان ھالدا يېقىنلاپ قالغان يىرتقۇچىغا قاراپ قويدى، ئۇ بەكمۇ ھېرىپ

كەتكەن بولۇپ، روھي ۋە جسماني جەھەتتىنمۇ ھېرىپ ھالى قالمىغان ئىدى !

ــ تېزراق ... كەتكىن، مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن!ــ دېدى ئۇ كۆلۈمسىرىگىنىچە كىچىك دىنوزاۋۇرغا قاراپ، بىراق ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى كۆلۈمسىرىشى قارىماققا ھەقىقەتەنمۇ بەك ئېچىنارلىق كۆرۈنەتتى !

كىچىك دىنوزاۋۇر كەتتى، بىراق يىرتقۇچىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى! بۇ كىچىك شۇمتەكنىڭ ئۆزىگە ئېتىلىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن يىرتقۇچى ئۇنىڭغا ئانچە ئېرەنگىشمەي قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆتكۈر قوللىرىنى بۇ چىمەلتەككە قارىتىپ شىلتىدى! بىراق ئەھۋال ھامان ئويلىغاندەك بولمايتتى، كىچىك دىنوزاۋۇر چاققانلىق بىلەن سەكرەپ ئۆزىنى قاچۇردى، يىرتقۇچى پەقەت يەردە بىر نەچچە تال يول ـ يول چوڭقۇر ئىز قالدۇردى، خالاس! كىچىك دىنوزاۋۇر بۇ چاغدا يىرتقۇچىنىڭ كاللىسىغا سەكرەپ چىقىۋالغان ئىدى، ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ يىرتقۇچىنى كۆچەپ چىشلىدى، گەرچە ئۇ تېخى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئاغزىدىكى چىشلىرى ناھايىتى ئۆتكۈر ئىدى، پىل بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ چىشلىشىگە چىداپ تۇرالماس ئىدى! ئەمما يىرتقۇچى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى، يىرتقۇچىنىڭ قاسىرقى پىلموتنىڭ ئوقىنىمۇ توسۇۋالالىغاچقا، بۇنچىلىك چىشلار ئۇنىڭغا ھېچنېمە ئەمەس ئىدى !

يىرتقۇچى كۆچەپ بېشىنى سىلكىپ، بېشىدىكى بۇدۇشقاقنى چۈشۈرىۋەتمەكچى بولدى، بىراق كىچىك دىنوزاۋۇر ئېغىزىنى قىلچە بوشاشتۇرماي يىرتقۇچىنى چىڭ چىشلەپ قويۇۋەتمىدى، ئاندىرىۋ بۇنى كۆرۈپ گاڭگىرىغان ھالدا ئويلاندى :

ــ مەن نېمە بولدۇم؟ مەن نېمىشقا ۋاز كېچىشنى ئويلاپ قالدىم؟ ئۇزۇن مۇددەتلىك قانلىق جەڭ تۇرمۇشى مېنى ھالسىراتقان ئوخشىمامدۇ؟ ۋىتىك، ۋەن شيوگفېي ئۈچىمىزنىڭ پىلانېتلار بىرلەشمىسى يىغىنىدا دېگەن سۆزلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالغاندىمەنمۇ؟

يىرتقۇچى بېشىدىكى كىچىك دىنوزاۋۇرنىڭ قويۇۋەتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، يان تەرەپتىكى يېرىم ئۆرۈلگەن تامغا قاتتىق ئۈسسىدى، گۈلۈپپىدە قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ تام يېرىلدى، كىچىك دىنوزاۋۇر بەرداشلىق بېرەلمەي يەرگە يىقىلدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ بولغۇچە بىر دانە ئۆتكۈر قول ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ ئۇنى يەرگە بېسىۋالدى. كىچىك دىنوزاۋۇر جېنىنىڭ بېرىچە تىرەشتى، ئەمما ئازراقمۇ پايدىسى بولمىدى، يىرتقۇچى ئىزاغا چىدىماي، چىچاڭشىغان ھالدا ئۇنىڭغا بىر قارىۋېتىپ ئۆتكۈر قوللىرىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ شىلتىدى .

ــ ياق!ــ ئاندىرىۋ ئازاپلانغان ھالدا ۋاقىرىۋەتتى، كىچىك دىنوزاۋۇرمۇ كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە ئەزرائىلنىڭ جېنىنى ئېلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن سۇيۇقلۇقلار ئۇنىڭ بېشىغا تامچىلىدى، ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ يىرتقۇچىنىڭ بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۆشۈكنىڭ

ئېچىلغىنىنى كۆردى، قارامتۇل يېشىل رەڭلىك قان سۇيۇقلۇقى ئۇ يەردىن توختىماستىن ئېقىۋاتاتتى، كۆزلىرىدە تەشۋىش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، ئاستا ـ ئاستا يىرتقۇچنىڭ گەۋدىسى قىيسىيىپ يەرگە يىقىلدى !
يىراقتا قارا رەڭلىك دۇبۇلغا ساۋۇت كىيگەن نەچچە ئون ئەسكەر ئەسكەر تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرسىنىڭ قولىدا ھېلىلا يىرتقۇچنىڭ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان يۇقىرى ھەسسىلىك رېفېللىق زەربە مىلتىقى تۇراتتى! ئەتراپتىكى يىرتقۇچلار بۇنى كۆرۈپ دەرھال ئىنسانلارنى قوغلاپ ئۆلتۈرۈشنى توختىتىپ، ئۇلارغا قاراپ ھەرىلەردەك يوپۇرۇلۇپ كەلدى! ئەسكەرلەرنىڭ ئاتامىنى قولىنى شەرەتلىۋېدى، ئىككى ئەسكەر دەرھال ئاندىرىۋغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى، قالغان ئاتامىنغا ئەگىشىپ يىرتقۇچلارغا يۈزلەندى. كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىملىرى ـــ يەر شارىدىكى ئالاھىدە قىسىملارغا تەڭداش كېلەتتى، لېكىن ئۇلار ھەقىقى سەرخىللار ئىچىدىكى سەرخىللار ئىدى، ئۇلار باللىقىدىن تارتىپلا ھەر خىل يۇقىرى تېخنىكىلىق مائارىپ ۋە جەڭ مەشقىنى قوبۇل قىلاتتى، ئۇلار پىلانېتلار بىرلەشمىسىدىكى مۇتلەق مەخپىي قىسىم ئىدى، ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسا پىلانېتلار بىرلەشمىسى ھەرگىز ئۇلارنى خالىغانچە يۆتكەپ ئىشلەتمەيتتى، ئۇلار ھەرىكەتكە كەلسىلا باشقىلار ئورۇندىيالمايدىغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلايتتى !
گۈم،گۈم! بىر نەچچە پاي ئوق ئاۋازىدىن كېيىن نەچچە ئون يىرتقۇچى يەر چىشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشى پارتلاپ ئۆلگەن ئىدى. كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىملىرى ھەقىقەتەنمۇ سەرخىل دېگەن نامغا لايىق بولۇپ، ناھايىتى ياخشى ماسلىشاتتى، ئۇلار گەرچە ئاران ئون نەچچە بولسىمۇ، ئەمما يىرتقۇچلارنى سوكۇلدىتىپ ھالسىرىتىۋەتتى !
ـــ ۋاھ... قالتىسكەن!ـــ بىر چەتتە تۇرغان ئاندىرىۋ بۇنى كۆرۈپ ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىدى .
ـــ سىزمۇ قالتىسكەنسىز، قۇرۇق قول تۇرۇپ بىر يىرتقۇچنى ئۆلتۈرىۋەتتىڭىز، مېنى تېخىمۇ بەك ھەيران قالدۇرغىنى سىزنىڭ تېخى ھايات قالغىنىڭىز بولدى !
ئاندىرىۋ بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ يېنىدا بىر نەپەر كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمىنىڭ يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ يارىسىنى تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى بايقىدى. كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى ئاندىرىۋنى قانچە ئاۋايلاپ ئۆرىسىمۇ، لېكىن ئاندىرىۋ يەنىلا ئاغرىقتىن چىشىنى چىڭ چىشلىدى، بىر دەمدىن كېيىن كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى يېنىدىن بىر كىچىك بوتۇلكا كۆك رەڭلىك دورا سۇيۇقلۇقنى ئېلىپ ئاندىرىۋغا ئۇكۇل قىلىپ ئۇردى، ئاندىرىۋ ناھايىتى تېزلا ئۆز بەدەن ھارارىتىنىڭ تۆۋەنلەۋاتقانلىقىنى، قېنىنىڭ خۇددى ئۇيۇپ قالغاندەك بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى !
ـــ مەن نېمە بولدۇم؟ـــ ئازراق خاۋاتىرلەنگەن ھالدا سورىدى ئاندىرىۋ. كۆلەڭگە ئالاھىدە

خادىمى ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ :
ــ ئەنسىرىمەڭ، بۇ دورا قان توختىتىدۇ، بولمىسا سىز قانسىراپ ئۆلۈپ كېتىسىز!ــ دېدى. بۇ دورا راستىنلا ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى، ئاندىرىيۇنىڭ بەدىنىدىكى چوڭ ـ كىچىك يارىلارنىڭ ھەممىسى قەقەش تۈتۈپ قان توختىدى! يەنە بىر كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى كەلدى، ئۇ قولىدا ئازراق يارىلانغان كىچىك دىنوزاۋورنى قوچاقلاپ كۆتۈرۈۋالغان ئىدى، ئۇ يان تەرەپتە تۇرغان ھېلىقى قىزچاقنىڭ جەستىگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇھ تارتىپ قويۇپ، ئاندىرىيۇغا قاراپ :
ــ ئەگەر سىز ھازىر ۋاز كېچىدىغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا تېخىمۇ كۆپ مۇشۇنداق مەنزىرىلەرنى كۆرىسىز. مەيلى قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، مەڭگۈ ۋاز كەچمەڭ، پەقەت زەررىچە ئۈمىد قالغان تەقدىردىمۇ، تىرىشىپ ئۇنى قولغا كەلتۈرۈڭ!ــ دېدى. ئاندىرىيۇ بۇنى ئاڭلاپ سۈكۈتكە چۆمدى، زېمىننى دەسسىگەن كۈچلۈك ئاياق ئاۋازى ئاڭلاندى. كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمىنىڭ چاقىرغۇسىدىن جىددىيلەشكەن ئاۋاز ئاڭلاندى :
ــ كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى، بىز ئۆلۈك دېڭىز كۆرەشچى ئۇچقۇ ئەترىتى! برونتوتېر كەلدى، سىلەر دەرھال مېڭىڭلار !
ئۇچۇرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىملار دەرھال ئاسماندا توختاپ تۇرغان توشۇغۇچى كېمىلەر بىلەن ئالاقىلىششقا باشلىدى، ناھايىتى تېزلا توشۇغۇچى كېمىلەرنىڭ ئىتتىرگۈچىسىدىن كۆك رەڭلىك يالقۇن چىقىپ ئاسمان بوشلۇقىغا ئۇچۇپ كەتتى !
ئاندىرىيۇ پولات ئەينەكتىن پەستە قالغان ماشىنا ئادەملەرگە بىر قارىۋېتىپ سورىدى :
ــ ئۇلار قانداق قىلىدۇ؟
ــ ھېچقىسى يوق، ماشىنا ئادەملەر بۇزۇلۇپ كەتسە قايتا يېڭىدىن ياسىغىلى بولىدۇ، بىراق ئادەم ئۆلۈپ كەتسە ياسىغىلى بولمايدۇ!

## 70ـ باب پولۇتۇسلارنىڭ كېلىشى

ئۆزىنىڭ يەر يۈزىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئاندىرىيۇ ھەددىدىن زىيادە چارچىغانلىقتىن كۆزلىرىنى يۇمۇپ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى.
ــ ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ــ سورىدى بىر كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى يېنىدىكى داۋالىغۇچى ئەسكەردىن. داۋالىغۇچى ئەسكەر ئالدىراش يارىلارنى تاڭغاچ جاۋاپ بەردى:

— ئەھۋال چاتاق، قان كۆپ ئېقىپ چىقىپ كېتىپتۇ، ئىچكى ئەزالىرى يارىلىنىپتۇ، ئىككى قوۋۇرغىسى سۇنۇپتۇ، ئۇنىڭ ھازىرغىچە ياشىيالىغانلىقىنىڭ ئۆزى بىر مۆجىزە! ئەگەر ئۇنى دەرھال ئالەم كېمىسىگە ئاپىرىپ كۆپ تەرەپلىك داۋالىمىساق، مۆجىزىمۇ ئۇنى قۇتقۇزالمايدۇ!

كۇلەڭگە ئالاھىدە خادىمى بۇنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇچقۇچى بۆلمىسىگە قاراپ ماڭدى، ھايات قالغانلار روھسىز كۆزلىرىنى تىككىنىچە ئولتۇرۇشاتتى، يىغلىغان ئاۋازلار پات ـ پات ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئۇچقۇچى بۆلمىسىگە كىرگەندىن كېيىن، كۇلەڭگە ئالاھىدە خادىمى توشۇغۇچى كېمىنى ھەيدەۋاتقان ئۇچقۇچىغا دېدى:

— بىزنىڭ ھازىرقى ئورنىمىز قەيەردە؟

ئۇچقۇچى بۇنى ئاڭلاپ، رادارغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن :

— ھازىرلا ئاتموسفېرا قاتلىمىدىن ئۆتتۇق، تېزلا جەڭ رايونىغا كىرىمىز، ئۇ يەر بەك خەتەرلىك، بىزنىڭ ئالەم كېمىمىزگە بىخەتەر يېتىپ بېرىشىمىز ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى مۈشكۈل، ئەگەر ئايلىنىپ ماڭساق بىخەتەررەك بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ۋاقىت جىق كېتىدۇ، — دېدى .

— كەينىدىكى ئاۋۇ يارىدارنىڭ ئۇنچە كۆپ ۋاقتى قالمىدى، جەڭ مەيدانىنى ئۇدۇل كېسىپ ئۆتەيلى، ھازىر سىزنىڭ ماھارىتىڭىزنىڭ قانداقلىقىنى كۆرۈپ باقايلى، رولىڭىزنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇڭ! — سۆزلەپ بولۇپ كۇلەڭگە ئالاھىدە خادىمى ئۇچقۇچىنىڭ قالپىقىغا شاپىلاقلاپ قويۇپ بىر چەتتە ئولتۇردى .

— خاتىرجەم بولۇڭ! مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىشىمەن! — ئۇچقۇچى قەتئىيلىك بىلەن جاۋاپ بەردى .

يىراقتا لېيستون باشچىلىقىدىكى ئۇزاققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن يۇدېس باشچىلىقىدىكى زېگېرنىڭ زور قوشۇنى بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلىۋاتاتتى، يۇدېس ھەقىقەتەنمۇ ئۇلۇغ ئۇرۇش دەۋرىدە ھايات قالغان مىڭگە قۇرۇتى بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى، ئۇزۇن يىللىق ئۇرۇش ھاياتىدا ئۇنىڭ قانچىلىك ئۇرۇش تەجرىبىسى توپلىغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. پۈتكۈل ئۇزاققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن يۇدېس تەرىپىدىن توسۇلۇپ قەتئىي ھەرىكەتلىنەلمىدى !

— ئەبلەخ! — ئاچچىقىدىن ۋاقىراپ لېيستون ئۈستەلگە قاتتىق بىرنى مۇشلىدى، — ئۆلگۈر! زېگېر قوشۇنىنىڭ كۆپلىكىدىن خۇددى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكىلى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ !

سۆزلەپ بولۇپ ئۇ پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ چاغدا چاقىرغۇدىن ئاۋاز كەلدى :

— قوماندان، ئالدىن ئەۋەتىلگەن قىسىملار يەر شارىغا قونۇشقا باشلىدى، بىز ئىگىلىگەن ئاخباراتلارغا ئاساسلانغاندا ، يەر شارىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي باشلىقلىرىنىڭ

ھەممىسى دېگۈدەك جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىنجاڭ رايونىغا يىغىلىپتۇ، ئۇ يەر ئىلگىرى بىزنىڭ ئالەم كېمىمىز چۈشۈپ كەتكەن رايون ئىدى. زېگېرلار نۇرغۇن قوشۇننى ئۇ يەرگە يۆتكەپ كۈچلۈك ھۇجۇم قىلماقچى !

لېيستون بۇنى ئاڭلاپ ئاغرىقتىن پارتلاپ كېتەي دەپ قالغان بېشىنى سىلاشقا باشلىدى، بۇ چاغدا ئېكراندا پولۇتۇسلارنىڭ قوماندانى كۆرۈندى .

ــ مىشۇسىد!ــ لېيستون بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۈمىد نۇرىنى كۆرگەندەك بولدى .

ــ قارىغاندا سىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى رەقىبىڭلار بەك يامان ئوخشايدۇ ـ ھە؟ــ دېدى مىشۇسىد.

پولۇتۇسلارنىڭ ئاۋازى بىلىنەر ـ بىلىنمەس خۇددى بىۋاستە مېڭىگە قۇيۇلغاندەك ئاڭلىناتتى.

لېيستون قوشۇلغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ :

ــ يۇدېس ئاتلىق مېڭە قۇرۇتى قوماندانلىقىدىكى قوشۇن، ئۇ بەك كۈچلۈككەن! پۈتكۈل ئۇزاققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن ئۇنىڭ دەستىدىن مىدىرلىيالماي قالدى،ــ دېدى .

ــ يۇدېس!!!ــ لېيستوننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ مىشۇسىد بەكلا ھەيران قالدى، ئۇ ئېڭىكىنى سىلىغىنىچە بىر قىسىم ئىشلارنى ئەسلەشكە باشلىدى ...

بىر ئازدىن كېيىن ئۇ تۇيۇقسىز ئېسىنى يىغىپ :

ــ ئېسىمگە كەلدى، ماتېرىيال ئامبىرىدا يۇدېس ئاتلىق بۇ مېڭە قۇرۇتىنىڭ ماتېرىيالى باردەك قىلىۋېدى،ــ دېدى .

ــ ئۇنىڭدا نېمە دېيىلىپتۇ؟ــ ئالدىراپ سورىدى لېيستون بۇنى ئاڭلاپ. مىشۇسىد بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن جاۋاپ بەردى :

ــ يۇدېس، ئىلگىرى پىلانېتلار بىرلەشمىسى بىلەن زېگېرلارنىڭ جېڭىدە پەيدا بولغان، ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ قانچىلىك ياشىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ! ئۇ زېگېرنىڭ داڭلىق ھەربىي ئىشلار مېڭە قۇرۇتى، ئىلگىرىكى جەڭدە يۈزلىگەن مۇنەۋۋەر قوماندانلار ئۇنىڭ قولىدا ئۆلگەن ئىدى .

سۆز مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ھەممەيلەن ئەندىكىپ كېتىشتى، لېيستونمۇ لەۋلىرىنى چىشلەپ قويدى، ئويلىمىغان يەردىن بۈگۈنكى تۇنجى رەقىبى بۇنچە قورقۇنچلۇق ئىدى !

ــ بىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرسى بولۇپ قالماسلىقىمىزنى ئۈمىد قىلىمەن،ــ دېدى لېيستون چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋېتىپ .

ــ مەنمۇ شۇنداق بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن!ــ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن مىشۇسىدنىڭ سىماسى ئېكراندىن غايىپ بولدى .

يۇپىتېر ئوربېتىسى يېنىدا بېكېتلەرنىڭ ئۇزاققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنى زېگېرلار بىلەن جان تىكىپ شىددەتلىك جەڭ قىلىۋاتاتتى، پولۇتۇسلارنىڭ يۈزلىگەن ئالەم جەڭ كېمىلىرى بۇ يەرگە

توپلاشقان ئىدى، ئالەم جەڭ كېمىلىرىدىكى نۇرغۇن پولۇتۇس جەڭچىلىرى ئالدىراش جەڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى، ئارام ئېلىش ئۆيىدە پولۇتۇسلار بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن يەر شارلىقلار تېخىچە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي كۆز ئالدىدىكى بۇ ئالدىراش مەنزىرىگە قاراپ تۇرۇشاتتى .

— سو... سوراپ باقاي!— بىر ئامېرىكىلىق ئەسكەر ئاخىرى غەيرەتكە كېلىپ يېنىدىكى پولۇتۇس جەڭچىسىنى تۇرتتى. ھېلىقى پولۇتۇس جەڭچىسى بېشىنى بۇراپ ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ سورىدى :

— نېمە ئىش؟

— سىلەر جەڭ قىلماقچىمۇ؟— ئامېرىكىلىق ئەسكەر ئاۋارە قىلىشتىن قورققاندەك بوشقىنە سورىدى، گەرچە كۆز ئالدىدىكى پولۇتۇس جەڭچىسىنىڭ ئۆزىگە ھېچقانداق دۈشمەنلىك غەرىزى بولمىسىمۇ، ئۆزى باشقىلارنىڭ ئالەم كېمىسىدە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلار ئىلگىرى ئۆزلىرى كۆرۈپ باقمىغان تاشقى پىلانېتلىقلار بولغانلىقتىن، ئۇ يەنىلا ئېھتىيات قىلىشنى ئەۋزەل بىلدى .

— شۇنداق، زېگېر چوڭ قوشۇنى سىلەرنىڭ پىلانېتىڭلارنى ئاياغ ئاستى قىلىۋاتىدۇ، ئالدىنقى سەپتىكى بېكېتلەرنىڭ ئۇزاققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنى ئۇلارنىڭ دەستىدىن قىمىرلىيالماي قالدى، بىز دەرھال ئۇلارغا ياردەم بېرىشىمىز لازىم !

— ئۇنداقتا بىز نېمە قىلساق بولار؟

— سىلەر پەقەت مۇشۇ يەردە قېلىپ ھايات تۇرساڭلارلا بولىدۇ !

— راستمۇ؟ ھايات تۇرساق؟ ئۆز ماكانى ۋە غورۇرىنى يوقىتىپ ھايات يۈرگەننىڭ نېمە مەنىسى بولسۇن؟— ئۇ جىمجىتقىنە بېشىنى ساڭگىلاتتى .

بىر كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۆيىدە پىلانېتلار بىرلەشمىسىدىكى ئەڭ ئىلغار قورال ـ جابدۇقلارنىڭ ھەممىسى رەتلىك تىزىقلىق تۇراتتى، ئىككى ئەسكەر بېكېتلەرنىڭ كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىملىرىنىڭ ئىككى يۈرۈش مەخسۇس دۇبۇلغا ـ ساۋۇتىنى كۆتۈرۈپ چىقتى، يان تەرەپتە يەنە تېخى يۇقىرى ھەسسىلىك رېفېللىق زەربە مىلتىقمۇ تۇراتتى، ئىككىيلەن ئالدىراش جابدۇنۇپ، كەينىدىن كىرگەن پولۇتۇس ئادىمىنى قىلچە سەزمىدى .

— ۋاي!— بىرەيلەن تۇيۇقسىز كەينىگە بۇرۇلۇپ كەينىدە تۇرغان پولۇتۇس ئادىمىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئىختىيارسىز بىر توۋلىۋەتكەندىن كېيىن قولىدىكى كىيىملەر بىلەن ئۆز بەدىنىنى توسۇۋالدى. بۇ پولۇتۇس ئادىمىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ بىر تىنىۋەتكەندىن كېيىن ئازراق ئاچچىقلانغان ھالدا :

— باشقىلار كىيىم يەڭگۈشلەۋاتقاندا تۇيۇقسىز كىرىش بەكمۇ ئەدەپسىزلىك!— دېدى .

ــ مېنى كەچۈرۈڭ، جابدۇنۇپ بولدۇڭلارمۇ؟ بىز ھازىرلا يولغا چىقىمىز!ــ پولۇتۇس ئادىمى بەكمۇ قىزىقىپ قالدى، نېمىشقا ئىنسانلار، بېكېتلەر ئۆز بەدىنىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن بۇنچىۋالا قورقىدىغاندۇ؟ ئۇ ئۆزى گەرچە دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيىۋالغان بولسىمۇ، بۇ پەقەت ئۆزىنىڭ يارىلانماسلىقى ئۈچۈنلا ئىدى، بەدەن بولسا پولۇتۇسلارغا نىسبەتەن خۇدا ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان ئەڭ گۈزەل نەرسە ئىدى، ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈزەل نەرسىسىنى باشقىلارغا كۆرسىتىشنىڭ ھېچقانداق خاتا يېرى يوققۇ؟ دەل مۇشۇ قاراش سەۋەبىدىن پولۇتۇسلار بىلەن دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى ئورناتقاندا پىلانېتلار بىرلەشمىسىدە ناھايىتى چوڭ كۆلكە بولغان ئىدى. تاق جىنسلىق كۆپىيىدىغان پولۇتۇسلار ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتنى چۈشەنمەيتتى، ئەلۋەتتە .

ــ بۇ... ئاۋارە قىلدىم، سىز ئاۋال كەينىڭىزگە بۇرۇلۇپ تۇرسىڭىز بولامدۇ؟

پولۇتۇس ئادىمى بۇنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى، بىراق يەنىلا ئۇنىڭ سۆزىگە بويسۇنۇپ كەينىگە بۇرۇلدى. بۇنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇ ئىككىسى ئالدىراش كىيىملىرى ۋە دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلارنى كىيىۋالدى، گەرچە ئالدىدا تۇرۋاتقىنى پولۇتۇس ئادىمى بولسىمۇ، ئەمما يالىڭاچ تۇرۇپ سۆزلىشىش يەنىلا بىئەپ ئىدى .

ــ بولدى، ئەمدى بىز ماڭايلى!ــ سۆزىنى تۈگىتىپ ئۇ بىخەتەرلىك قالپىقىنى كىيىپ، يېنىدا تۇرغان يۇقىرى ھەسسىلىك رېفېللىق زەربە مىلتىقىنى قولىغا ئالدى .

ــ ئۆزىڭىزنىڭ ماڭغان يولىڭىزنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملىق ماڭسىڭىز، سىزنىڭ باتۇرلۇقىڭىزنى ماختىشىم كېرەكمۇ؟ ياكى ئەخمەقلىقىڭىزنى تىللىشىم كېرەكمۇ؟ــ سورىدى پولۇتۇس ئادىمى ئۇ ئىككى قىزغا ھەمراھ بولۇپ ماڭغاچ. ئۇ ئىككىيلەن پىسەنت قىلمىغاندەك جاۋاپ بېرىشتى :

ــ قانداق خۇش بولسىڭىز شۇنداق قىلىڭ !

ئالەم كېمىسىنىڭ ئىچىدىكى قىيۇپ بېرىش ئورنىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۇ يەردە نەچچە تۈمەن پولۇتۇس جەڭچىسىنىڭ رەتلىك تىزىلىپ توشۇغۇچى كېمىلەرگە چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى. رەتلىك سەپ شەكلى، ئۇستۇن جاسارەتنى كىم كۆرسە كۆز ئالدىدىكى بۇ بارلىق ئىشلارغا قايىل بولاتتى. ئۇ ئىككىيلەننىڭ توشۇغۇچى كېمىگە چىققانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ھېلىقى پولۇتۇس ئادىمى ئۇلارغا قاراپ ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزنى ئېيتتى :

ــ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چوقۇم پەخەس بولۇڭلار، ئامالىنىڭ بېرىچە تىرىك قايتىپ كېلىڭلار!

## 71ـ باب «چېكەتكە» جەڭ كېمىسى

ئالتۇنرەڭ توشۇغۇچى كېمىنى ئىچىدە كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىملىرىنىڭ دۇبۇلغا ـ ساۋۇتىنى كىيگەن ئىككىيلەن تولۇق تەسۋىرلىك پرويېكسىيە ئېكرانىدىكى شىنجاڭ يەر ئاستى بازىسىنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسىنى كۆرسىتىپ ئەتراپتىكى پولۇتۇس جەڭچىلىرىگە چۈشەندۈرۈۋاتاتتى :

ــ ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، پۈتكۈل يەر ئاستى بازىسىنىڭ ھەر قايسى قەۋەتلىرىنى زېگېرلار ئىشغال قىلىپ بوپتۇ !

سۆز مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئېكراندا يەر ئاستى بازىسىنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قىسمىدىكى ئالەم كېمىسىنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى .

ــ بۇ يەردە بىز تۇنجى قېتىم زېگېرلار بىلەن جەڭ قىلغاندا چۈشۈپ كەتكەن ئالەم كېمىسى بار، مەن بۇ ئالەم كېمىسىنىڭ بىر قىسىم قورال سىستېمىسى پروگراممىسىنى ئۆزگەرتىپ قوزغىتىپ قويدۇم، گەرچە بۇلار ئەسلىدىكى كونا شەكىلدىكى قوراللار بولسىمۇ، ئەمما ماشىنا ئەسكەرلەرگە ماسلىشىپ زېگېرلارنى بىر مەھەل توسۇپ تۇرالايدۇ!

بىر پولۇتۇس جەڭچىسى تەكشىلىك خەرىتىسگە قاراپ بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ :

ــ بۇ جەڭ ناھايىتى جاپالىق بولغۇدەك! بۇ رايون زېگېرلار نۇقتىلىق ھۇجۇم قىلىدىغان جايكەن، بىز مۇشۇنداقلا ئۇلار بىلەن تىغمۇ ـ تىغ قارىغۇلارچە ئۇرۇشساق چىقىم ناھايىتى زور بولغۇدەك!ــ دېدى .

ــ ھەي... ــ ئۇھ تارتقان ئاۋاز كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمىنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتتى،ــ ئامال يوق، ئەگەر ئۇ يەرنى زېگېرلار ئىشغال قىلىپ قالسا، پۈتكۈل يەر شارىنى زېگېرلار ئىشغال قىلغان بولىدۇ، بىز بولساق جەڭ قىلىش ئەھمىيىتىنى يوقاتقان بولىمىز، بۇ قېتىمقى جەڭدە مەغلۇپ بولغان بولىمىز! پۈتكۈل پىلانېتلار بىرلەشمىسىمۇ مۇشۇ سەۋەپتىن چەك ـ چېكىدىن پارچىلىنىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن، شۇڭا بۇ قېتىمقى جەڭدە بىزنىڭ پەقەت غەلىبە قىلىشىمىزغىلا بولىدۇكى، مەغلۇپ بولساق ھەرگىز بولمايدۇ !

سۆزلىگەندە ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىرى كۈچلۈك ھەم چەكسىز قەتئىي چىقتى. كېمە ئىچىدىكىلەر تېنچلىنىپ، ھەممەيلەن قەتئىيلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىشتى .

ــ يەنە 15 مىنۇتتىن كېيىن يەر شارى ھاۋا بوشلۇقىغا يېتىپ بارىمىز، بارلىق توشۇغۇچى كېمىلەر دەرھال قونۇش تەييارلىقىنى ياخشى قىلىڭلار، «ھۇ ئىلاھ» سىلەر بىلەن بىللە باتۇر

پولۇتۇس جەڭچىلىرى !

كانايدىن ئاڭلانغان ئاۋاز كېمە ئىچىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى، ئىككى كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى دەرھال ئۆز ئورنىغا ئولتۇرۇپ، بىخەتەرلىك قۇرۇلمىسىنى پەسكە تارتتى .

يۈزلىگەن پولۇتۇس كېمىلىرى جەڭ رايونى يېنىغا يېتىپ كەلگەن ئىدى، بىز گۈزەل كۆك رەڭلىك پىلانېتىنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇپ ـ تۇرۇپ پارتلىغان ئوت يالقۇنلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، جەڭ ھەممەيلەننىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ بەك شىددەتلىك ئىدى، بۇ چاغدا لېيستوننىڭ قىسىملىرى بىلەن جەڭ قىلىپ قىزىپ كەتكەن زېگېرلارنىڭ مېڭە قۇرۇتى يۇدېس ناھايىتى تېزلا پولۇتۇسلارنىڭ ئالەم كېمىسىنىڭ يېتىپ كەلگىنىنى بايقىدى، ئون نەچچە جانلىق ئالەم كېمىسى ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا تەرتىپلىك ۋە سىستېمىلىق ھالدا جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلىپ، ئالدى تەرەپتە بىر مۇداپىئە لېنىيىسى قۇرۇپ پولۇتۇسلارنى توسماقچى بولدى .

بىراق بۇ تېخى يەتمىگەندەك قىلاتتى، كۆز ئالدىدىكى لېيستون ياش قورامى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۆزى بىلەن تىركىشىپ كەلگەنلىكىنىڭ ئۆزى چوڭ ئىش ئىدى، ئۇنى بىر قەدەر تەستە قارشى تۇرىدىغان رەقىپ دەپ ھېسابلاشقا بولاتتى، شۇڭا ھازىر پولۇتۇسلارنىڭ كېمە ئەترىتىنىڭمۇ بۇ جەڭگە قوشۇلۇۋېلىشىنى ھەرگىز ئۈمىد قىلمايتتى. ئون نەچچە جانلىق ئالەم كېمىسى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال بىر مۇداپىئە لېنىيىسى تۈزۈپ پولۇتۇسلار كېمە ئەترىتىنىڭ ھەرىكىتىنى توسماقچى بولدى .

پولۇتۇسلارنىڭ زور قوشۇنىغا قارىتا نۇرغۇن يۇتقۇچىلار جانلىق ئالەم كېمىسىدىن ئۇچۇپ چىقىپ، كېمىنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ تۇرۇشتى، 12 دانە غايەت زور ئاۋئاماتكا دەرىجىلىك ئالەم كېمىسى ئالدى بىلەن بۆسۈپ چىقىپ پۈتكۈل كېمە ئەترىتىگە يول ئېچىپ ئىلگىرىلىدى. ئاران 12 دانە ئالەم كېمىسى ۋە سانى ئانچە كۆپ بولمىغان كۈرەشچى ئۇچقۇلار بار بولسىمۇ، ئەمما زېگېر زور قوشۇنى كىشى ئويلىمىغان دەرىجىدە ئىنتايىن بەك جىددىيلىشىپ كېتىشتى، نۇرغۇن پارتلاتقۇچى پەرۋانىلەر پولۇتۇسلارنىڭ كېمىلىرىگە قاراپ ھەرىلەردەك يوپۇرۇلۇپ ئۇچۇپ كېتىشتى، ناھايىتى تېزلا تۈنجى تۈركۈمدىكى يۇتقۇچىلار ئۇلارغا ئەگىشىپ ئۇچۇپ كېتىشتى، كەينىدىكى جانلىق ئالەم كېمىلىرىمۇ قاناتلىرىنى قېقىشىپ، ئېنېرگىيىلىرىنى تېز سۈرئەتتە يىغىپ، ماگنىت زەررىچە زەمبىرىكىنى ئېتىشقا تەييارلاندى .

كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئالتۇنرەڭ نۇر چېچىپ تۇرغان پولۇتۇسلارنىڭ ئالەم كېمىلىرى بۇ چاقىرىلمىغان مېھمانلارنى كۆرۈپ، كېمە گەۋدىسىدىكى ھەر قايسى كىچىك ئىشىكلەرنى ئاچتى، ھەش ـ پەش دېگۈچە نۇرغۇن كىچىك تىپتىكى ئادەمسىز ھۇجۇمچى جەڭ ئۇچقۇلىرى ھەرىلەردەك زىچچىدە ئۇچۇپ چىقىپ دۈشمەنگە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى! بۇ كىچىك تىپتىكى ئادەمسىز ھۇجۇمچى جەڭ ئۇچقۇلىرىغا يېنىك تىپتىكى لازېرلىق زەمبىرەك سەپلەنگەن، ئۇچۇ

سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولۇپ، ئەمما قىلچىمۇ قوغدىنىش ئىقتىدارى يوق ئىدى! ھەممىسى پولۇتۇسلارنىڭ ئالەم كېمىسىدىكى گېن كومپيۇتېرىنىڭ قوماندانلىقىغا تايىنىپ تىزگىنلىنەتتى، ئالەم كېمىسى پارتلىتىۋېتىلسە، بۇ كىچىك تىپتىكى ئادەمسىز ھۇجۇمچى جەڭ ئۇچقۇلىرىمۇ دەرھال كېرەكسىز تۆمۈر - تەسەككە ئايلىنىپ قالاتتى !

ئىككى تەرەپ ناھايىتى تېزلا جەڭگە كىرىشىپ كەتتى، نۇرغۇن كىچىك تىپتىكى ئادەمسىز ھۇجۇمچى جەڭ ئۇچقۇلىرى ھەر بىر ئالەم كېمىسىنى قوغداپ شامال ئۆتمەس قىلىۋەتكەن ئىدى، ئۇچۇش سۈرئىتىمۇ يۇتقۇچىلاردىن تېز ئىدى، گېن كومپيۇتېرىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى كونتروللىقىدا، گەرچە كۆز ئالدىدىكى دۈشمەن ۋە ئۆز تەرەپ قىسىملىرىنىڭ كۆپلىكىدىن ئادەمنىڭ كۆزى ئالچەكمەن بولۇپ كەتسىمۇ، بىر پاي ئوقنىمۇ زايە قىلمايتتى.

زېگېرنىڭ يۇتقۇچىلىرى بۇنىڭ ئەكسىچە بىردەم ئۇياقتىن، بىردەم بۇياقتىن زەربە يەپ، كاللىسى پىقىراپ كېتىشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىك تىپتىكى ئادەمسىز ھۇجۇمچى جەڭ ئۇچقۇلىرى بىر پاي ئوق ئېتىپلا قاچاتتى، ھەرگىزمۇ كىرىشىپ قالمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرى ئېتىپ چۈشۈرۈۋېتىلسە، ئالەم كېمىسىدىكى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى دەرھال ئۇنىڭ ئورنىغا بىرنى ياساپ تولۇقلايتتى !

بۇ ئالەم كېمىلىرىنىڭ بىر قورقۇنچلۇق لەقىمى بار ئىدى — چېكەتكە چوڭ ئانا كېمە. نامىغا مۇناسىپ خۇددى چېكەتكىلەردەك جاھاننى بىر ئالغان ھالدا رەقىپلىرىنى يوقىتاتتى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يېشىللىقنى يالماپ يۇتىۋېتىدىغان چېكەتكىلەردەك كىچىك ھەم سۈرئىتى تېز كۈرەشچى ئۇچقۇلار رەقىبىگە قايتۇرما زەربە بېرىدىغان پۇرسەت بەرمەيتتى، زېگېرنىڭ يۇتقۇچىلىرىمۇ بۇ چېكەتكىلەرگە ئوخشاش كىچىك تىپتىكى ئادەمسىز ھۇجۇمچى جەڭ ئۇچقۇلار ئالدىدا ئامالسىز سارغىيىپ - تاتىرىپ ئېتىپ چۈشۈرۈلەتتى، ئاقساق - چولاق ئۆلۈكلەرگە سۆسۈن رەڭلىك قان سۇيۇقلۇقى قوشۇلۇپ ئالەم بوشلۇقىدا لەيلەپ، بۇنى كۆرگەن كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاجايىپ ئاينىتاتتى .

پارتلاتقۇچى پەرۋانىلەرمۇ ئانچە چوڭ رول ئوينىيالمىدى، توپ - توپ پەرۋانىلەر ھۇجۇم قىلىپ بارغاندىن كېيىن ھەممىسى دېگۈدەك كىچىك تىپتىكى ئادەمسىز ھۇجۇمچى جەڭ ئۇچقۇلار تەرىپىدىن توسۇۋېلىندى، ئالەم كېمىسىنىڭ ئەتراپىدا ئۇچۇپ يۈرگەن كىچىك تىپتىكى ئادەمسىز ھۇجۇمچى جەڭ ئۇچقۇلار بىلەن پارتلاتقۇچى پەرۋانىلەر ئۆزلۈكسىز سوقۇلۇپ تۇراتتى، كۆك رەڭلىك ئوت يالقۇنلىرى توختىماي ۋاللىدايتتى، يۇتقۇچىلار خۇددى چېكەتكە يېگەن يېشىل ئوت - چۆپلەردەك بىر - بىرلەپ يوقىتىلىۋاتاتتى، پولۇتۇسلارنىڭ ئاساسىي كېمىسىدىكى راداردىكى ئاشۇ كىشىنىڭ قورقىسىنى كەلتۈرگۈدەك زىچچىدە يۆتكىلىۋاتقان يېشىل نۇقتىلار ھەربىر پولۇتۇس جەڭچىسىنى چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتقۇزاتتى! ئەينى

چاغدا مۇشۇ ئالەم كېمىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان تەتقىقاتچىلارغا رەھمەت ئېيتقۇزاتتى، پەقەت ئاشۇلارلا بۇ جەڭدە غەلبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشنىڭ مۇھىم ھالقىسى ئىدى !

يۇتقۇچىلار زەربە يەيدىغان ۋەزىيەتكە چۈشۈپ قالغان چاغدا، ئىككى تال قىزىل رەڭلىك ماگنىت زەررىچە نۇر دەستىسى تېز سۈرئەتتە پولۇتۇسلارنىڭ ئالەم كېمىسىگە قاراپ ئېتىلدى، ئەگەر ئالەم كېمىسى ۋەيران قىلىنسا، كىچىك تىپتىكى ئادەمسىز ھۇجۇمچى جەڭ ئۇچقۇلار كېرەكسىز تۆمۈر ـ تەسەككە ئايلىناتتى، بۇ پولۇتۇسلار بىلەن شۇنچە ئۇزۇن يىل ھەپىلەشكەن زېگېرلارغا ئىنتايىن ئايدىڭ ئىدى. بىراق پولۇتۇسلارمۇ ئۇلارنى مۇنداقلا مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكۈزمىدى، بارلىق كىچىك تىپتىكى ئادەمسىز ھۇجۇمچى جەڭ ئۇچقۇلىرى دەرھال رەقىپلىرىنى تاشلاپ بىر يەرگە توپلىنىشىپ، خۇددى ئالتۇنرەڭ نۇر چېچىپ تۇرغان غايەت زور قالقانغا ئايلاندى، ماگنىت زەررىچە نۇر دەستىسى تېخى كىچىك تىپتىكى ئادەمسىز ھۇجۇمچى جەڭ ئۇچقۇلىرىغا يېقىنلاشماي تۇرۇپلا، ئۇنىڭ يۇقىرى ھارارىتى بىر قىسىم كىچىك تىپتىكى ئادەمسىز ھۇجۇمچى جەڭ ئۇچقۇلارنى پارتلىتىۋېتىشكە باشلىدى، ماگنىت زەررىچە نۇر دەستىسى كىچىك تىپتىكى ئادەمسىز ھۇجۇمچى جەڭ ئۇچقۇلىرىغا قاراپ زەربە بىلەن ئۇچۇپ كەلگەندىن كېيىن، كىچىك تىپتىكى ئادەمسىز ھۇجۇمچى جەڭ ئۇچقۇلىرى بەس ـ بەستە ئۇچۇپ بېرىپ، ئۆز گەۋدىسى بىلەن بۇ قۇدرەتنى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان زەمبىرەك ئوقىنى توسىۋالدى !

سان ـ ساناقسىز كىچىك تىپتىكى ئادەمسىز ھۇجۇمچى جەڭ ئۇچقۇلىرىنىڭ توسقۇنلۇقى نەتىجىسىدە، ماگنىت زەررىچە زەمبىرەكنىڭ كۈچى ئاخىرى ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلاپ، ئەڭ ئاخىرىدا يوقالدى، بۇ چاغدا پولۇتۇس ئالەم كېمىسىدىكى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى ئالدىراشلىق بىلەن زىيانغا ئۇچرىغان كىچىك تىپتىكى ئادەمسىز ھۇجۇمچى جەڭ ئۇچقۇلارنى تولۇقلاپ ياساۋاتاتتى، 12 دانە ئالەم كېمىسى ئىلگىرىلەش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ ئالدىدىكى زېگېرنىڭ جانلىق ئالەم كېمىسىگە قاراپ ئېتىلدى .

كۈچلۈك رەقىبى ئالدىدا جانلىق ئالەم كېمىسى قىلچە قورقماستىن جەڭنى كۈتۈۋالدى، غوزەك زەمبىرەكى ۋە كىسلاتالىق سۇيۇقلۇقلار توختىماستىن ھاۋاغا ئۇچاتتى، ئەمما كىچىك تىپتىكى ئادەمسىز ھۇجۇمچى جەڭ ئۇچقۇلار توختىماستىن ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئۇلارغا ھۇجۇم قىلاتتى، لازېر نۇرلار خۇددى يامغۇردەك ئۇلارنىڭ بەدىنىگە تۆكۈلمەكتە ئىدى، گەرچە بەدىنىدە دەرىجىدىن تاشقىرى قېلىن قاسراق بولسىمۇ، ئەمما بۇ قارا يامغۇردەك يېغىۋاتقان ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمىدى، قارامتۇل يېشىل رەڭلىك قان سۇيۇقلۇقى ئۇنىڭ بەدىنىنى بويىدى.

نۇرغۇن كىچىك تىپتىكى ئادەمسىز ھۇجۇمچى جەڭ ئۇچقۇلىرى جانىق ئالەم كېمىسىنىڭ تېنى

ئىچىگە ئۇچۇپ كىرىپ، ئۇنىڭ تېنى ئىچىدە خالىغانچە ئوق ئېتىپ قىرغىن قىلىشقا باشلىدى، نەچچە ئون جانلىق ئالەم كېمىسى پولۇتۇسلارنىڭ ئاران 12 دانە ئالەم كېمىسى تەرىپىدىن تىرىپىرەن قىلىۋېتىلدى.

زىگېرنىڭ بايراقدار كېمىسى ئىچىدە ئۈچ مېڭە قۇرۇتى پىسخىكىلىق تەسىردىن پايدىلىنىپ جەڭنى كۆزىتىۋاتاتتى.

ــ ھەقىقەتەنمۇ پولۇتۇسلار پەخىرلىنىشكە مۇناسىپ ئالەم كېمىسكەن! ئارىدىن شۇنچە ئۇزۇن ئۆتسىمۇ، ئۇنىڭ قايتا پەيدا بولۇشى خۇددى ئەينى يىللاردا ئۇ تۇنجى قېتىم پەيدا بولغاندىكىدەك مېنى شۇنچىۋالا قورقىتىۋەتتى، ــ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە يۇدېس سۆكۈتكە چۆمدى. ئەينى يىلى پولۇتۇسلارنىڭ نەچچە مىڭ ئاۋئاماتكا دەرىجىلىك ئالەم كېمىسى پۇتكۈل ئالەم بوشلۇقىنى قاپلىغۇدەك كۆپ كىچىك تىپتىكى ئادەمسىز ھۇجۇمچى جەڭ ئۇچقۇلارنى قويۇپ بەرگەن ئىدى، ئاشۇ قورقۇنچلۇق مەنزىرە يەنە بىر قېتىم يۇدېسنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى، سان ـ ساناقسىز يىرتقۇچى ۋە يۇتقۇچىلار يەرگە يىقىلماقتا، زىگېرنىڭ باكتېرىيە قۇرۇلۇشلىرى توختاۋسىز ھۇجۇم ئاستىدا يېشىل رەڭلىك قانلىرى ئېقىپ چىقىپ، سولىشىپ يىقىلماقتا، نەچچە مىليون ئەسەبىي جەڭچىلەر نۇرلۇق قېلىچلىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە يىرتقۇچىلار بىلەن جەڭ قىلماقتا، يەنە ئاشۇ قورقۇنچلۇق كۆك رەڭلىك چاقماق ......

توغرا! كۆك رەڭلىك چاقماق، پولۇتۇسلار بۇ قېتىم ئاشۇ جەڭچىلەرنىمۇ بىللە ئېلىۋالغان ئىدى، زىگېرلارنى ئەڭ بەك قورقۇتقان بۇ جەڭچىلەر ــ چاقماقنىڭ كۈچىنى باشقۇرالايدىغان نۇرلۇق ئوردا جەڭچىلىرى ئىدى !!

ــ زىگېرلارنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق كۈشەندىسى!ــ يۇدېس جەڭ باشلانغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم چەكسىز قانخورلۇقۇقا ۋە ئۆچمەنلىككە تولغان ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى.

## 72ـ باب قانلىق قىيما ماشىنىسى

لېيىستون ئالەم كېمىسىدە تۇرۇپ پولۇتۇسلارنىڭ بۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان جاسارىتىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى، قوماندانلىق ئۆيىدىكى ھەممەيلەن كۆز ئالدىدىكى بۇ ئالەم كېمىسىنىڭ قورقۇنچلۇق قۇدرىتىدىن ھاڭۋېقىپ قېلىشقان ئىدى، ئۇلار ئۆز رەقىبىنىڭ

پولۇتۇسلار بولۇپ قالمىغانلىقىدىن ئۆزلىرىنى كۆپ بەختلىك ھېس قىلىشتى، لېيىستون ئۆزىنى بىر تىنىۋېلىپ، ئورنىدۇقتا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى ـ دە:

ــ دەرھال ماڭا مىشۇسىدنى ئۇلاپ بېرىڭلار،ــ دېدى. ئالاقىچى بۇنى ئاڭلاپ ھاياجاندىن ئېسىگە كېلىپ، دەرھال چاقىرغۇنى ئېچىپ پولۇتۇسلارنىڭ بايراقدار كېمىسى بىلەن ئالاقىلىشىشقا باشلىدى. ناھايىتى تېزلا پولۇتۇسلار كېمە ئەترىتىنىڭ قوماندانى مىشۇسىد ئېكراندا كۆرۈندى:

ــ لېيىستون، بىزنىڭ يەر يۈزى قىسىملىرىمىز ھازىرلا يەر يۈزىگە قونىدۇ، سىلەر بىزنى قوغداڭلار.

ــ چاتاق يوق!ــ بېشىنى لىڭشىتتى لېيىستون، ئاندىن ئالاقىچىغا قاراپ:

ــ 27 ئۆلۈك دېڭىز كۈرەشچى ئۇچقۇ ئوتتۇرا ئەترىتىنى ئەۋەتىپ پولۇتۇسلارنىڭ ئالەم كېمىسىنى قوغداڭلار، بارلىق ئالەم كېمىلىرى يەر شارىغا يېقىنلىشىڭلار!ــ دېدى.

ــ خوپ، قوماندان!ــ ئالدىراپ جاۋاپ بەردى ئالاقىچى.

غايەت زور ئالەم كېمە توپى ئاستا ـ ئاستا يۈنىلىشىنى بۇرىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نەچچە مىڭ ئۆلۈك دېڭىز كۈرەشچى ئۇچقۇلار ئالەم كېمىلىرىدىن ئۇچۇپ چىقىپ، «يۈكسەك دەرىجىدە يۇشۇرۇنۇش قۇرۇلمىسى»نى ئېچىپ، پولۇتۇسلارنىڭ ئالەم كېمىلىرىگە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. گەرچە بۇ چاغدا بۇ يەرنىڭ ھەممە يېرىدە زېڭېرنىڭ يۇتقۇچىلىرى ۋە يۇشۇرۇنۇش ئىقتىدارىغا قارشى پارازىت ماكان ئىگىلىرى بار بولسىمۇ، بىراق يۇشۇرۇنۇۋېلىش يەنىلا ياخشىراق ئىدى!

ــ قونىدىغان ۋاقىتقا يەنە ئەڭ ئاخىرقى بەش مىنۇت قالدى!ــ كانايدىن سۆز ئاياقلىشىپ بولغۇچە پولۇتۇسلارنىڭ ئالتۇنرەڭ ئالەم كېمىسى «چېكەتكە جەڭ كېمىسى»نىڭ يول باشلىشى بىلەن ئالدىن بەلگىلەنگەن نىشان ــ بۇ كۆك رەڭلىك گۈزەل پىلانېت ھاۋا بوشلۇقىغا يېتىپ كەلگەن ئىدى.

ــ ھەقىقەتەنمۇ گۈزەل پىلانېتكەن!ــ يەر شارىغا قاراپ بىر پولۇتۇس جەڭچىسى ئىختىيارسىز خۇرسىنىپ قويدى. يەنە بىر پولۇتۇس جەڭچىسى بېشىنى لىڭشىتقىنىچە ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللىغاچ پىچىرلىدى:

ــ سىرتى يۈزىنىڭ 72%ى سۇ بىلەن قاپلانغان بۇ پىلانېتنى يەر شارى دېگۈچە، مېنىڭچە، ئۇنى سۇ شارى دەپ ئاتىسا توغرا بولغۇدەك.

غايەت زور ئالەم كېمىسىنىڭ ئاستى تەرىپىدىن چىقىش ئېغىزلىرى ئېچىلىشقا باشلىدى، كانايدىن ئاڭلانغان تەتۈر ساناققا ئەگىشىپ توشۇغۇچى كېمىلەرنىڭ تىرەكلىرى ئېچىلدى، ئۇلارغا ئولتۇرغان پولۇتۇس جەڭچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ پەسكە كۈچلۈك تۆۋەنلىگەنلىكىنى ھېس

قىلىشتى، سان ـ ساناقسىز توشۇغۇچى كېمىلەر ئالەم كېمىسى بۆلمىسىدىن ئايرىلىپ، جەڭ يالقۇنىغا تولغان ئالەم بوشلۇقىغا يېتىپ كەلدى، ئارقىدىنلا توشۇغۇچى كېمىلەرنىڭ قۇيرۇقىدىن كۆك رەڭلىك يالقۇن چىقىپ، قاناتلىرىنى ئاچقىنىچە يەر شارىغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى!

گەرچە نۇرغۇن كۆرەشچى ئۇچقۇلار قوغداپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا زېگېرنىڭ بىر قىسىم يۇتقۇچىلىرى ئوت كۈچى مۇداپىئە لېنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، توشۇغۇچى كېمىلەرگە قاراپ ئېتىلىپ كەلدى. بۇ جاندىن تويغان يۇتقۇچىلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۇچۈن، توشۇغۇچى كېمىلەر يەرگە قونۇش جەريانىدا ئىزچىل ئۇياق ـ بۇياققا قېچىش ھالىتىدە تۇرۇپ كەلدى، گاھىدا ھەتتا ئاستا ـ ئۈستىگە موللاق ئېتىپ، گاھىدا ئۇياق ـ بۇياققا ئايلىنىپمۇ قوياتتى!

ئۇچۇش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز توشۇغۇچى كېمىلەر ناھايىتى تېزلا يەر شارىنىڭ ئاتموسفېرا قاتلىمىغا يېتىپ كەلدى، ئەڭ يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىغا ئىگە پولۇتۇسلار ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئىدى، توشۇغۇچى كېمىلەرنىڭ قوغدىنىشچانلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بىرونە تاختىسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە سىرتىنى بىر قەۋەت قېلىن ئېنېرگىيە قالقىنى ئوراپ تۇراتتى، قوش قوغداش ئاستىدا توشۇغۇچى كېمىلەرنىڭ زىيىنى بېكېتلەرنىڭكىدىن كۆپ ئاز بولدى! زېگېرلارمۇ ناھايىتى ئەقىللىق ئىدى، ئۇلار ئاتموسفېرا قاتلىمىدىن پايدىلىنىپ توشۇغۇچى كېمىلەرنى توسماقچى بولدى، نۇرغۇن يېشىل رەڭلىك غوزەك بومبىلىرى يەر يۈزىدىن ئۇدۇل تېز سۈرئەتتە چۈشۈۋاتقان توشۇغۇچى كېمىلەرگە قاراپ ئۇچتى، بۇ كۈچلۈك كىسلاتالىق ۋە پارتلاشچانلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە غوزەكلەر توشۇغۇچى كېمىلەرنى بىراقلا پاچاقلاپ تاشلىيالايتتى، توختىماستىن كۈچلۈك سىلكىنىش ۋە تېز سۈرئەتتە موللاق ئېتىشتىن ئەگەر ئادەتتىكى ئىنسانلار ئايلىنىپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ قۇسۇپ ھالىدىن كېتەتتى! ئەمما پولۇتۇس جەڭچىلىرى بۇنىڭغا قىلچە پىسەنت قىلمايتتى، پەقەت ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ئاۋۇ ئىككى «ۋىجىك»رەك كەلگەن كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىملىرى گەرچە قاتتىق ھەربىي مەشقلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا بۇنىڭغا تازا كۆنەلمىدى، ئەگەر بېشىدىكى قالپىقى ئۇلارنىڭ چىرايىنى توسۇۋالمىغىنىدا ئىدى، ئۇلارنىڭ چىرايىنىڭ سارغىيىپ تاتىرىپ كەتكىنىنى كۆرگىلى بولاتتى!

شۇ تاپتا يەر يۈزىگە بىر قەدەم يېقىنلاشقانسېرى، زېگېرنىڭ ھۇجۇمى شۇنچە كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. نۇرغۇن توشۇغۇچى كېمىلەر قونۇش جەريانىدا پاچاقلىنىۋېتىلدى.

ــ يەر يۈزىگە قانچىلىك قالدۇق؟ــ بىر كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى بىخەتەرلىك تاسمىسىنى يېشىپ، دەلدەڭشىگىنىچە كېمە بۆلمىسىدىن تەسلىكتە ئۇچقۇچى بۆلمىسىگە مېڭىپ كىرىپ

ئۇچقۇچىدىن سورىدى.

— ئانچە ئۇزۇن قالمىدى، يەنە تەخمىنەن 4000 مېتىر ئەتراپىدا بارمىكىن!— ئۇچقۇچى ئۆزىچە ئۇچقۇچى بۆلمىسىگە كىرگەن بۇ ئادەمگە قارىغۇدەك چولىسى يوق هالدا جاۋاپ بەردى.

ناهايىتى تېزلا يەر يۈزىنى كۆرگىلى بولدى، نۇرغۇن قارا رەڭلىك دولقۇن يەر يۈزىدە تېز سۈرئەتتە هەرىكەتلىنىۋاتاتتى، يېشىل رەڭلىك غوزەك بومبىلار يەر يۈزىدىن توختىماستىن ئېتىلىۋاتاتتى، بىر غوزەك بومبىسى بۇلۇتلار ئارىسىدىن توشۇغۇچى كېمىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالدى.

— پەخەس بولۇڭ!!!— پولۇتۇس ئۇچقۇچىسىنىڭ قورقۇپ ۋاقىرىغان ئاۋازى ئىچىدە ئالتۇنرەڭ توشۇغۇچى كېمە ئۆزىنى جىددىي چەتكە ئالدى، كۈلەڭگە ئالاھىدە خادىمى بىردىنلا يىقىلىپ چۈشتى، تەلەيگە يارىشا، بۇ غوزەك بومبا كېمە گەۋدىسىگە ئازراق سۈركىلىپلا ئۆتۈپ كەتتى، كېمىگە ئانچە زور زىيان كەلتۈرەلمىدى.

خەتەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، پولۇتۇس ئۇچقۇچىسى بېشىنى بۇراپ، يەردە يىقىلىپ ياتقان كۈلەڭگە ئالاھىدە خادىمىدىن سورىدى:

— قانداقراق؟ سىز بىرنېمە بولمىغانسىز؟

كۈلەڭگە ئالاھىدە خادىمى قوللىرىغا تايىنىپ تۇرۇپ يەردە ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن جاۋاپ بەردى:

— ئەنسىرىمەڭ، هېچنېمە بولمىدىم!

پولۇتۇس ئۇچقۇچىسى بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، بېشىنى بۇراپ پۈتۈن دىققىتىنى رولغا مەركەزلەشتۈردى.

— يەر يۈزىگە يەنە 1300 مېتىر قالدى، 1200 مېتىر، 1100مېتىر......

ئۇچقۇچىنىڭ سۆزىگە ئەگىشىپ پولۇتۇس جەڭچىلىرى بىر ـ بىرلەپ بىخەتەرلىك تاسمىلىرىنى يېشىشكە باشلىدى، هەممەيلەن توشۇغۇچى كېمىنىڭ بۆلمە ئىشىكى ئالدىغا بىر ـ بىرلەپ يىغىلىشتى، توشۇغۇچى كېمىلەر تېخى يەرگە قونماي تۇرۇپلا ئۆلۈك دېگىز كۈرەشچى ئۇچقۇلىرى ئالدىنئالا ئۇچۇپ چىقىپ كېتىشتى، تىزگىن بومبىلار خۇددى يامغۇردەك يەرگە چۈشۈشكە باشلىدى، ئۇلار زېگېرلار توپى ئارىسىدا پارتلاشقا باشلىدى! بىردەملىك ئېچىنىشلىق چىقىرىغان ئاۋازلاردىن كېيىن، پەقەت ئاز ساندىكى كۆيۈپ ئاندا ـ ساندا تىترەپ تۇرغان ئاقساق ـ چولاقلىرىدىن باشقىلىرى پاك ـ پاكىزە تۈگەشتى. ۋاقىتلىق بىكار بولغان بىر پارچە بوش يەرگە توشۇغۇچى كېمىلەر قونۇشقا باشلىدى، هەر 70 دانە توشۇغۇچى كېمىدىن تەشكىللەنگەن تارماق ئەترەتلەر بۇ ئەنچە كەڭ بولمىغان بوش يەرگە قونۇشقا باشلىدى، تۇنجى تۈركۈمدە يەرگە چۈشكەن پولۇتۇس جەڭچىلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ يول ئاچقۇچى

ئاۋانگارت قوشۇن بولۇپ بىر يول ئېچىشى لازىملىقى، ئۆزلىرى تېخىمۇ كۆپ دۈشمەنلەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقى، ھايات قېلىش پۇرسىتىنىڭ ئىنتايىن ئازلىقى ئايان ئىدى! بىراق ئۇلار كەينىگە يېنىۋالمىسىمۇ بولاتتى، كېيىنكى بارلىق ئىشلار قولىدىكى لازېرلىق قېلىچقا باغلىق ئىدى!

ــ ھۇ ئىلاھ ياشىسۇن!

بۆلمە ئىشكى ئېچىلىش بىلەنلا تۈنجى تۈركۈمدىكى پولۇتۇس جەڭچىلىرى لازېرلىق قېلىچلىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ۋاقىرىشىپ ئالدىدىكى زېگېر زور قوشۇنىغا قاراپ قىرغىن قىلىشقا ماڭدى! جاسارىتى تەڭداشسىز ئۈستۈن بۇ قوشۇن ئالدىدا ئەگەر باشقا قوشۇن بولغان بولسا، سانى نەچچە ئون ھەسسە كۆپ بولسىمۇ ئالدى ـ كەينىگە قارىماي بەدەر تىكىۋەتكەن بولاتتى، ئەمما پولۇتۇس جەڭچىلىرىنىڭ ئالدىدىكى دۈشمىنى بولسا زېگېرلار ئىدى! زېگېرنىڭ تۆگمەس يىرتقۇچلىرى ئەسەبىيلەرچە ئېتىلىپ كەلدى، ئۇلار ئۆلۈمدىن قورقمايتتى ئەمەس، بەلكى ئۆلۈمنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى!

كۆك ۋە قارا رەڭلىك ئىككى دولقۇن ناھايىتى تېزلا گىرەلىشىپ كەتتى، ساناقسىز كۆك رەڭلىك لازېرلىق قېلىچلار پولۇتۇس جەڭچىلىرىنىڭ غەزەپلىك ھۆكۈرەشلىرىگە قوشۇلۇپ يىرتقۇچلار توپى ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈرەتتى، يىرتقۇچلارنىڭ ئۆتكۈر قوللىرى ۋە ئۇچلۇق چىشلىرىمۇ قىلچە تۈزۈت قىلماستىن پولۇتۇس جەڭچىلىرىگە قاراپ تاشلاندى. پۈتكۈل جەڭ مەيدانى خۇددى غايەت زور بىر قىيما ماشىنىسىغا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، ھاۋاغا چاچرىغان قانلار، ئۆلگۈچىنىڭ قىيمىغان ھالدا ۋاقىراشلىرى بۇ يەردە ھاياتنىڭ قەدىرلىك ئەمەسلىكىنى، خالىغاندا ساناقسىز ھاياتلىقنىڭ يوقىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى، دۇنيادا بەلكىم بۇنىڭدىنمۇ ھەيۋەتلىك جەڭ بولمىغان بولسا كېرەك!!!

## 73ـباب ئەسەبىي پىلان

ــ بولدى، بىز چىقايلى!

2 ـ تۈركۈمدىكى توشۇغۇچى كېمىلەر ئاقىدىنلا يەرگە قونۇشقا باشلىدى، يەرگە لىق تولغان جەسەت ۋە قول ـ پۇتلارغا دەسسىگىنىچە ئىككى كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى دەرھال كېمىدىن ئېتىلىپ چىقتى.

يۇقىرى ھەسسىلىك رېفېللىق زەربە مىلتىقىنىڭ كۈچلۈك ئوقى ئېتىلىپ كەلگەن بىر يىرتقۇچىنىڭ پېشانىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى، يېشىل رەڭلىك قان سۇيۇقلۇقى ئەتراپقا

چاچرىدى، بۇ يىرتقۇچى يەردە بىردەم ئازاپلىق تىركەشكەندىن كېيىن قايتا مىدىرلىمىدى. پولۇتۇس جەڭچىلىرىنىڭ لازېرلىق قېلىچلىرىغا ماسلىشىپ، خۇددى يولۋاسقا قانات چىققاندەك ئىككى كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى يىرتقۇچىلارنى بىر ـ بىرلەپ ئۆز مىلتىقى ئاستىدا ئەرۋاھلارغا ئايلاندۇرۇۋاتاتتى!

3 ـ تۆركۈم، 4 ـ تۆركۈم... بارغانسېرى كۆپ پولۇتۇس جەڭچىلىرى جەڭ سېپىگە قوشۇلدى، زېگېرنىڭ ھۇجۇمى بۇرۇنقىدەك كۈچلۈك بولالمىدى، بولۇپمۇ بېكېتلەرنىڭ بىر تۆركۈم ئېغىر تىپتىكى تانكىلىرى سەپكە قوشۇلغاندىن كېيىن ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولدى. غايەت زور زەمبىرەك ئوقلىرى خۇددى غۇيۇلداپ چۈشكەن مېتروئىتلاردەك زېگېر زور قوشۇنى ئارىسىغا چۈشەتتى، ھەر بىرى يەرگە چۈشكەندە يەر يۈزى يېنىك تىترەيتتى، كۈچلۈك زەربە دولقۇنى ئۈزۈلمەستىن كېلىپ، يىرتقۇچىلارنى بىر ـ بىرلەپ تىتما ـ تىتما قىلىۋېتىۋاتاتتى، ئالدى تەرەپتىكى زېگېر زور قوشۇنى تۈگىگەندىن كېيىن، ئارقا سەپتىن تولۇقلىنىپ كەلگەنلىرىنى پولۇتۇس جەڭچىلىرى خۇددى بېلىق سۇغا ئېرىشكەندەك ئۆلتۈرۈپ ھارمىدى، يەر يۈزى بىردەمنىڭ ئىچىدە يىرتقۇچىلارنىڭ ئۆلۈكى بىلەن لىق تولدى.

— زېگېرلارنىڭ ھېچ چېكىنگۈسى يوق،— دېيىشتى پولۇتۇس جەڭچىلىرى يۈزلىگەن ئېغىر تىپلىق تانكىلارنىڭ كۈچلۈك بومباردىمانىدا ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرى ھارارەتلىك زەربە دولقۇنىنىڭ تەسىرىدە تىتما ـ تىتما بولۇپ كېتىۋاتقىنىغا پىسەنتمۇ قىلماستىن تۆركۈم ـ تۆركۈملەپ ئالغا قاراپ ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان زېگېر زور قوشۇنىغا قاراپ.

— ئەبلەخ، ئۇلار ۋاقىتنى قەستەن كەينىگە سۈرۈۋاتىدۇ، بۇنداق كېتىۋەرسە شىنجاڭ يەرئاستى بازىسىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ!— دېدى بۇ چاغدا كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى ئىنتايىن تەشۋىشلەنگەن ھالدا. بىراق كۆز ئالدىدىكى زېگېر قوشۇنى خۇددى بىر چوڭ تاغدەك ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇلارنى بىر قەدەممۇ ئالغا سىلجىتمايۋاتاتتى!

دەل شۇ چاغدا ئاسماندىكى ئون نەچچە ئۆلۈك دېڭىز كۆرەشچى ئۇچقۇسى شىنجاڭ يەرئاستى بازىسىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا يېتىپ كەلگەن ئىدى.

— ۋاي خۇدايىم!— بىر ئۆلۈك دېڭىز كۆرەشچى ئۇچقۇ ئۇچقۇچىسى ھەيرانلىقتىن توۋلىۋەتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاستىدىكى يەر يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى، كۆزگە چېلىقىدىغىنى بولسا قاپقارا قارىيىپ تۇرغان زېگېرنىڭ يىرتقۇچىلىرى ۋە تىكەنلىك يىلانلىرىدىن تەشكىللەنگەن زور قوشۇن ئىدى، ئۇلار چوڭقۇرلۇقىدىن تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان بىز زور ئۆڭكۈرگە قاراپ ئۆزلۈكسىز قىستىلىپ كىرىپ كېتىشىۋاتاتتى، بۇ يەردە پەقەت ئۆرۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالغان ئېلېكتىر مۇنارى ۋە ئاللىقاچان خارابىيىلىققا ئايلانغان قۇرۇلۇشلارلا قالغان بولۇپ، ئۇلار ئىلگىرى بۇ يەرنىڭ بىر بازا ئىكەنلىكى ھەمدە كۆلىمىنىڭ ئىنتايىن چوڭ ئىكەنلىكىدىن دېرەك

بىرىپ تۇراتتى، ئەمما بۈگۈن بۇ يەر ئالىلقاچان ئادەمزاتسىز بىر ماكانغا ئايلانغان ئىدى! توختىماي ئۆڭكۈر ئىچىگە يوپۇرۇلۇپ كىرىپ كېتىۋاتقان زېگېرلارغا قاراپ، ئۆلۈك دېڭىز كۆرەشچى ئۇچقۇ ئۇچقۇچىسى گۇدۇڭلىدى:

— قارىغاندا مۇشۇ يەر يەرئاستى بازىسىنىڭ كىرىش ئېغىزىكەن ـ دە.

— بولمىغۇدەك، بۇ يەر ئالىلقاچان زېگېر تەرىپىدىن قاتتىق قامال قىلىنىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنچىۋالا كۆپ يىرتقۇچىلارنىڭ ھۇجۇمىدا ئىچىدە تىرىك ئادەم قالمىغاندەك قىلىدۇ،— دېدى ئەنسىرىگەن ھالدا يەنە بىر ئۇچقۇچى. بۇنداق ھەرىلەردەك يوپۇرۇلۇپ كىرىۋاتقان «ئەزرائىل» قوشۇن ئالدىدا ئەگەر ئىلغار قورالىلارغا ئىگە بىپكېتلەرنىڭ ئۆزى بولغاندىمۇ ھەقىقەتەن بىرسىمۇ ھايات قالمىغان بولاتتى، شۇڭا بۇ يەردە ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە قالاق يەر شارلىقلارنى تىلغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيتتى، گەرچە ئۇ يەردە ئەينى يىلى بىپكېتلەردىن قالغان بەزىبىر قورالىلار بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئانچە ئۇزاققا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى.

— ياق!— يەر يۈزىدىكى زېگېر قوشۇنغا قاراپ بىر ئۇچقۇچى دېدى،— تېخى ھايات قالغانلار باركەن، ئەگەر يەرئاستى بازىسىدىكىلەر ئۆلتۈرۈلۈپ بولۇنغان بولسا، زېگېرلار بۇ يەرگە بۇنداق داۋاملىق ھۇجۇم قىلمايتتى.

— مەن قوشۇلمەن، بىراق مەسىلە شۇكى، بىز ئۇ يەرگە قانداق كىرەرمىز؟— سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا يەنە بىر ئۇچقۇچى ئۇچقۇ گەۋدىسىنىڭ تۇيۇقسىز كۈچلۈك سىلكىنگىنىنى سەزدى، بىرونە تاختىدىكى ئىندۇكتۇر بۇ چاغدا سۈرەت ئەۋەتتى، ئېكراندا ئىنسانلارغا ئوخشاش ئۆرە دەسسەپ تۇرغان بىر مەخلۇق ئۆتكۈر قوللىرى بىلەن ئۇچقۇ گەۋدىسنى مەھكەم قاماللىغىنىچە ئۇچقۇچى بۆلمىسىگە قاراپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ دۈمبىسىدە خۇددى چىۋىنىنىڭكىدەك سۈزۈك قانىتى بار ئىدى.

— تەرەققىي قىلغۇچى!— ئۇچقۇچى ۋاقىرىۋەتتى، كىشىنى ئەجەپلەندۈرىدىغىنى شۇكى، ھازىر ئۆزى يۈكسەك دەرىجىدىكى يۇشۇرۇنۇش قۇرۇلمىسىنى ئېچىۋەتكەن بولۇپ، تەرەققىي قىلغۇچى قانداقسىگە بايقاپ قالغاندۇ؟ بىراق ھازىر بۇ مەسىلىلەر مۇھىم ئەمەس ئىدى، ھازىر قىلىشقا تېگىشلىكى بۇ جىن تەككۈر نەرسىنى چۈشۈرىۋېتىش ئىدى.

بىردىنلا ماتورنىڭ بارلىق قۇۋۋىتىنى ئېچىۋەتكەن ئۆلۈك دېڭىز كۆرەشچى ئۇچقۇسى خۇددى يادىن ئايرىلغان ئوقتەك ئاسمانغا قاراپ ئۇچتى، تەرەققىي قىلغۇچىنىڭ ئىككى قولى ئۇچقۇ گەۋدىسىنى مەھكەم قاماللىۋالغان بولغاچقا، ئۇچقۇ مەيلى ئوڭ ـ سولغا ئاغسۇن ۋە ياكى تېز سۈرئەتتە موللاق ئاتسۇن، تەرەققىي قىلغۇچى خۇددى ئۇچقۇدىن ئۈنۈپ چىققاندەك قانچە قىلسىمۇ ئۇنى چۈشۈرۈۋەتكىلى بولمىدى.

ئالدىدىكى سەبداش كۆرەشچى ئۇچقۇنىڭ ئىنتايىن پەرىشان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان

ھالىتىگە قاراپ كەينىدىكى بىر نەچچەيلەن ئىزچىل ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ياردەم بەرگۈدەك پۇرسەت بولمىدى:

— قالايمىقان ئىغاڭشىۋەرمە، ئاۋۇ جىن تەككۈر مەخلۇق ساڭا بارغانسېرى يېقىنلىشىپ قالدى، ئامالىنىڭ بېرىچە تەڭپۇڭ ئۇچقىن، بىز لازېر نۇرى بىلەن ئۇنى ئېتىپ چۈشۈرەيلى.

— نېمە؟— چاقىرغۇدىن ھەم ھەيران بولغان ھەم شۈبھىلەنگەن ھالدا سورىغان ئاۋاز كەلدى،— سېنىڭ مۇشۇنداق قىلىشقا ئىشەنچىڭ بارمۇ؟

— ماڭا ئىشەن، بۇرادەر!

چاقىرغۇدىن ئاۋاز كەلمىدى، ئالدىدىكى ئۇچقۇ گەۋدىسى تەڭپۇڭلىشىشقا باشلاپ، بىر خىل مۇقىم سۈرئەتتە ئۇچۇشقا باشلىدى، تەرەققىي قىلغۇچى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دەرھال ئۇچقۇچى بۆلمىسىگە ئۆمىلەپ كېلىپ، ئۆتكۈر قوللىرىنى شىلتىدى، بىر پارچە دەرىجىدىن تاشقىرى بىرىكمە برونە تاختىسى يىرتىلىپ چىقتى، ئەڭ دەسلەپدىكى مېتالنىڭ كۈچلۈك سۈركەلگەن ئاۋازى ناھايىتى تېزلا سۈزۈك جاراڭلىغان ئاۋازغا ئۆزگەردى، بۇ بىر پارچە برونە تاختا پۈتۈنلەي قومۇرۇلۇپ، تەرەققىي قىلغۇچى تەرىپىدىن تۆت مىڭ مېتىردىن ئارتۇق ئېگىزلىكتىن تاشلىۋېتىلگەن ئىدى.

— بېرىپ ئۆلگىن! ھۇ ئۆلمىگۈر جىن تەككۈر مەخلۇق!

لازېر نۇر دەستىسىنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىنى ئەڭ ياخشى ھالەتكە تەڭشىگەندىن كېيىن، بىر پاي ئوق بىلەنلا تەرەققىي قىلغۇچىنىڭ مېڭىسىدىن بىر تۆشۈك ئېچىلدى، بىر مەھەللىك ئازاپلىق چىقىراشتىن كېيىن تەرەققىي قىلغۇچى تېخى ئۆلمىگەن ئىدى، ئەسەبىيلەشكەن تەرەققىي قىلغۇچى قاناتلىرىنى كەرگىنىچە ئۆزىگە ھۇجۇم قىلغان يەنە بىر ئۆلۈك دېڭىز كۈرەشچى ئۇچقۇغا قاراپ تەلۋىلەرچە ئېتىلىپ ئۇچۇپ كەتتى.

— بۇ جىن تەككۈر مەخلۇق بىزنى قانداق كۆرۈپ قالغاندۇ؟ يۈكسەك دەرىجىدە يوشۇرۇنۇش قۇرۇلمىسى ئېچىۋېتىلگەن ئىدىغۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپتا پارازىت ماكان ئىگىلىرىمۇ يوق ئىدىغۇ؟— ئۆلۈك دېڭىز كۈرەشچى ئۇچقۇ ئۇچقۇچىسى ئېتىلىپ كەلگەن تەرەققىي قىلغۇچىغا قاراپ ھەيرانلىقتا چۆمدى، بىراق ھازىر بۇلارنى ئويلايدىغان چاغ ئەمەس ئىدى، تەرەققىي قىلغۇچى كۈرەشچى ئۇچقۇدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇ تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرمىدى، بىر مەھەللىك ئوققا تۇتۇلغاندىن كېيىن، تەرەققىي قىلغۇچىنىڭ پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەن ئۆلۈكى يەرگە قاراپ ئۇچقاندەك چۈشۈپ كەتتى.

ئاسماندىكى مەسىلە ھەل بولغاندىن كېيىن نۆۋەت يەر يۈزىگە كەلگەن ئىدى. يۈزلىگەن چوڭ تىپتىكى توشۇغۇچى كېمىلەر يەرگە قونغاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا بىر كىچىك تىپتىكى ۋاقىتلىق ھەربىي بازا شەكىللەندى، بىراق بۇ ھەقىقەتەنمۇ ۋاقىتلىق بازا بولدى. ئالدى

تەرەپتە ئون مىڭ مېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان جايدا زېڭىر زور قوشۇنى بىلەن پولۇتۇس ھەم بېكىتلەردىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە قوشۇن كەسكىن جەڭ قىلىۋاتاتتى، زېڭىرنىڭ تىكەنلىك يىلانلىرى، يۇتقۇچىلىرى، بۇلغىغۇچىلىرى، تەرەققىي قىلغۇچىلىرىنىڭ جەڭگە قاتنىششى بىلەن ئىككى تەرەپ قاتتىق تىركىشىپ قېلىۋاتاتتى!

— ئالەم كېمىسى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ لېيستون ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

بىر دەملىك غاژ-غۇژدىن كېيىن چاقىرغۇدىن ئاخىرى بېكىتلەرنىڭ ئۇزاقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنىنىڭ قوماندانى لېيستوننىڭ ئانچە ئېنىق بولمىغان ئاۋازى كەلدى:

— ئاڭلىدىم، بىز سىگنالنى تەكشۈرىۋاتىمىز، قېنى سۆزلەڭ.

كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى قوبۇللاش سىگنالىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن دېدى:

— بۇ يەردىكى زېڭىرلار بەك كۆپكەن، ئۇلارنىڭ مەقسىدى بىزنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتىمىزنى كېيىنگە سۈرۈشكەن، بىز ھازىر ئۇلار تەرىپىدىن توسۇۋېلىنىپ، بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلىيەلمەي قالدۇق، بۇنداق كېتىۋەرسە يەرئاستى بازىسىدىكى يەر شارلىقلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ!

— سىزنىڭ قانداق ياخشى ئامالىڭىز بار؟— دېدى لېيستون بۇ كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمدىن خېلىلا ئۈمىدلەنگەندەك بولۇپ.

— شۇنداق، ياخشى بىر ئامال بار، سىز مېنىڭ سۆزۈمنى تەپسىلىي ئاڭلاڭ...

## 74- باب قاچقان مىراس

— نېمە؟ خاتالاشمىغانسىز؟ ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ بۇ بەك خەتەرلىككەن!— چاقىرغۇدىن لېيستوننىڭ ئىنتايىن ھەيران بولغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئەگەر سىزنىڭ تېخىمۇ ياخشىراق ئامالىڭىز بولسا ئېيتىڭ، مەن ئاڭلاپ باقاي.

لېيستون بىردەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن دېدى:

— مەن پولۇتۇسلارنىڭ كېمە ئەترىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنى ئىككى ئاۋئاماتكا ئالەم كېمىسى ئەۋەتكۈزەي، ئۇلار سىلەرگە ياردەملىشىپ، سىلەرگە يول ئېچىپ بەرسۇن.

— بولمايدۇ، پولۇتۇسلارنىڭ ئالەم كېمىسى كېلىپ بولغۇچە يەرئاستى بازىسىمۇ زېڭىرلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ بولىدۇ. يەنىلا مېنىڭ چارەمنى قوللىنايلى، ئەگەر پۇرسەتنى چىڭ

تۇتالساقلا ھېچقانداق چاتاق چىقمايدۇ،ــ دېدى كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى لېيستوننىڭ ئامالىنى رەت قىلىپ. لېيستون بۇنى ئاڭلاپ كەسكىنلىك بىلەن:
ــ قەتئىي بولمايدۇ، بىزنىڭ ئالەم كېمىمىزدىكى ماگنىت زەررىچە زەمبىرىكىنىڭ قۇدرىتى يەر شارىلىقلار ئىجاد قىلغىنى بىلەن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدۇ، ئەگەر ھېسابلاشتا ئازراق خاتالىق كۆرۈلسە، سىلەرنىڭ ئۇ يەردىكى ئەتراپتىكى يۈز نەچچە كىلومېتىر دائىرە دەرھال تۈزلەڭلىككە ئايلىنىدۇ، بۇ چارە قەتئىي بولمايدۇ!ــ دېدى.

ــ بىراق... ئەگەر بىز تېزراق ھەرىكەتلەنمىسەك، يەرئاستى بازىسى ھەر ۋاقىت...
ــ مەن دېدىم، بولمايدۇ دەپ،ــ لېيستون ۋارقىراپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى،ــ مەن ھەرگىز بۇ خەتەرلىك چارىنى ئىشلەتمەيمەن، مەن سىلەرنىڭ ئۇ يەردىكى ئەھۋالىنىمۇ بىلمەن. سىلەر ھازىرچە ئۇ يەردە ۋاقىتلىق ساقلاپ تۇرۇڭلار، مەن دەرھال پولۇتۇسلارنىڭ كېمە ئەترىتىگە خەۋەر قىلىپ سىلەرگە ياردەمگە ئەۋەتەي، تۇگىدى!!
ــ لېيستون! لېيستون!ــ كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى تىت ـ تىت بولغان ھالدا توۋلىدى، بىراق چاقىرغۇدىن جاۋاب قايتمىدى.
ــ ئەبلەخ، ھۇ كالۋا!!!ــ كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى ئاچچىقىدا چاقىرغۇنى كۈچەپ يەرگە ئېتىپ پارە ـ پارە قىلىۋەتتى.
بۇ چاغدا كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى ھەم تىت ـ تىت بولغان ھەم ئاچچىقلانغان ئىدى، گەرچە ئۇ لېيستوننىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىدە ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، بىراق ئۆزى ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن خادىم سۈپىتىدە يەر شارىدا شۇنچە ئۇزۇن بىر مەزگىل تۇرغان بولغاچقا، بۇ ئىنسانلارغا ئاز ـ تولا مېھرى بار ئىدى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ زېگېرلارنىڭ ئۆتكۈر پەنجىسى ئاستىدىكى ئەرۋاھلاردىن بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈشنى خالىمايتتى.
ــ ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ئەگەر پولۇتۇسلارنىڭ ئاساسىي كېمىسى كېلىپ بولغۇچە ساقلايدىغان بولساق، يەرئاستى بازىسىدىكى ھەممەيلەن ئۆلۈپ بىرمۇ تىرىك جان قالمايدۇ،ــ دېدى يەنە بىر كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى يۈگۈرۈپ كېلىپ. سوئال سورالغۇچى قىزمۇ ئۈن ـ تىنسىز سۈكۈتكە چۆمدى، بىر ئازدىن كېيىن ئۇ خۇددى قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ دېدى:
ــ ھازىرقى بىردىنبىر بولىدىغان ئامال بولسا يەرئاستى بازىدىكى ئاشۇ ئىلگىرىكى جەڭدە چۈشۈپ كەتكەن ئالەم كېمىسىنى قايتا قوزغىتىپ، ئېشىپ قالغان ئادەملەرنى ئېلىپ بازىدىن ئۇچۇرۇپ چىقىش.

— بىراق ئۇ ئالەم كېمىسىنى يەنە قوزغاتقىلى بولارمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ھازىر بازىدىكى يەر شارىلىقلارغا قانداق خەۋەر قىلىمىز؟

— چاقىرغۇنى ئىشلەتسەكلا بولىدۇ، مېنىڭ ئىلگىرى ماشىنا ئادەملەرنىڭ پروگراممىسىنى ئۆزگەرتكەن چاغدا ئالەم كېمىسى ئىچىگە كىرگىنىمنى ئۇنتۇپ قالماڭ، ئۇ يەردىكى ئاساسىي گېن كومپيۇتېرىنى يەنە ئىشلەتكىلى بولىدۇ، مېنىڭچە، ئالاقە چاستوتىسى كودىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالساقلا ئالەم كېمىسى بىلەن ئالاقىلەشكىلى بولىدۇ.

— ئۇنداقتا نېمىگە قاراپ تۇرىمىز؟ دەرھال ھەرىكەتلىنەيلى!!

بۇ ئامالنى ئاڭلاپ كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى خۇشاللىقتىن ئۇنى تارتقىنىچە پولۇتۇسلارنىڭ توشۇغۇچى كېمىسى ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى.

يەرئاستى بازا ئىچى خۇددى كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىملىرى ئويلىغاندەك ئىدى، ئېشىپ قالغان 200 مىڭچە ئادەمنىڭ ھەممىسى ئالەم كېمىسى ئىچىگە كىرىۋېلىپ ئالەم كېمىسىدىكى قوراللارغا تايىنىپ ئەڭ ئاخىرقى ئالاھىدە قارشىلىقنى كۆرسىتىۋاتاتتى. پۈتكۈل يەرئاستى ئۆڭكۈرگە زېگېر قوشۇنى لىق تولغان ئىدى، ئالەم كېمىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى يەر يۈزى يىرتقۇچى ۋە تىكەنلىك يىلانلار بىلەن لىق تولغان ئىدى، ھەتتا ئۆڭكۈر دىۋارىغىمۇ خىلمۇ ـ خىل غەلىتە شەكىلدىكى تەرەققىي قىلغۇچىلار لىق تولغان ئىدى.

— كۆپچىلىك، ھەر قايسىڭلار قورال تۇتالامسىلەر؟— جۇڭگو رەئىسى لى شياڭ قىزىل يۇلتۇز زەربە ملتىقىدىن بىرنى كۆتۈرۈۋالغىنىچە ئەتراپتىكى ھەر قايسى ئەلباشلىرىدىن سورىدى.

— ھىم! چاقچاق قىلىۋاتامسىز؟ مەن ئىلگىرى ئاشۇ «دۇنيا»دا تىرىكچىلىك قىلغان ئادەممەن، كېيىن ئۇزۇن يىل سىياسىي بىلەن ھەپىلەشكەن بولساممۇ، ملتىقنى قانداق ئىشلىتىشنى ھەرھالدا بىلىمەن،— دېدى روسىيە ئەلباشى گروزىن سوغۇققىنە. فوبۇس قولىدىكى پىلىموتنى سىيلىغىنىچە سوغۇق كۈلۈمسىرەپ:

— ئويلىماپتىكەنمەن، شۇنچە ئۇزۇن بوپتىكەن، بۇ نەرسىنى تۇتىدىغان يەنە پۇرسەت چىقتى، بەلكىم بۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىمدۇ،— دېدى. لى شياڭ بۇلارنى ئاڭلاپ قەتئىيلىك بىلەن:

— ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىقى بولغانىكەن، ئۇنداقتا بىز داغدۇغىلىقراق قىلايلى،— دېدى.

— توغرا! ئۆلسەكمۇ داغدۇغا بىلەن ئۆلەيلى، ئاشۇ سېسىق قۇرۇتلارغا بىز ئىنسانلارنىڭ يامانلىقنى بىر كۆرسىتىپ قويايلى،— ھەر قايسى ئەلباشلىرى كۆتۈرەڭگۈ ھالدا دېيىشتى، بەلكىم بۇ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتكەندە، ئەكسىگە قايتقىنى بولسا كېرەك.

— رەئىس! بىز چىقىشقا تەييارلىنايلى،— دېدى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى جوۋ تيەنخۇا مېڭىپ كېلىپ، ئۇنى ھازىر چىش ـ تىرنىقىغىچە تولۇق قوراللاندى دېيىشكە بولاتتى، بېلىگە يەنە تېخى ئون نەچچە گراناتمۇ ئېسىقلىق ئىدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگەپ بولغۇچە بىرمۇنچە

ئەسكەرلەر ئون نەچچە پىيادە ئەسكەرلەر دۈبۈلغا ـ ساۋۇتنى ئېلىپ كېلىپ ئۇستەل ئۈستىگە قويدى، بۇ ئوق ئۆتمەس كىيىملەرگە قاراپ لى شياڭ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويدى، زېگىپرلارنىڭ ئۆتكۈر چىش ـ تىرناقلىرى ئالدىدا بۇ كىيىملەرنىڭ كىيىلگىنى بىلەن كىيىلمىگىنىنىڭ پەرقى يوق ئىدى، بىراق كىيىمگەندىن كىيىۋالغان يەنىلا ياخشىراق ئىدى.

گۇم! گۇم! ئىككى قېتىملىق كۈچلۈك پارتلاش ئاۋازىدىن كېيىن، ئىس ـ تۈتەك ئارىسىدا ئون نەچچە ئادەمنىڭ كۆلەڭگىسى ئالەم كېمىسىدىكى ئاكوپتا كۆرۈندى.

ــ تېز، ئېتىڭلار! ئېتىڭلار! ئۇلار ھۇجۇم قىلىپ كەلدى!ــ بىر جۇڭگولۇق ئەسكەر ئەسەبىيلەشكەن ھالدا ۋاقىرىدى، ئون نەچچە ئېغىر تىپلىق پىلىموت دەرھال تىكلىنىپ، ئالدى تەرەپتىكى قاپقارا سەلدەك بېسىپ كېلىۋاتقان زېگىپر قوشۇنىغا توغرىلاندى، ئاندىن ساناقسىز ئوقلار ئۇلارنىڭ بەدىنىگە ئۇچۇپ كىردى.

ــ ئۆڭكۈر دىۋارىغا قاراڭلار، ئاۋۇ جىن تەككۈر نەرسىلەر ئۆمىلەپ كەلدى، پەخەس بولۇڭلار. جىددىي يۈگۈرۈپ كەلگەن تەرەققىي قىلغۇچىلار شېرىكلىرىنىڭ ھېمايىسىدە ئاكوپ ئىچىگە سەكرەپ چۈشتى، ئىككى قېتىملىق ئېچىنىشلىق چىقىرىغان ئاۋازدىن كېيىن تەرەققىي قىلغۇچى ئىككى ئەسكەرنىڭ كۆكرىكىنى تېشىپ، ئۇلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئارقا تەرەپتىكى زېگىپر زور قوشۇنى ئىچىگە تاشلىدى، باشقا ئەسكەرلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇ ئىككىسى خۇددى بىر دەرىجىدىن تاشقىرى قىيما ماشىنىسىغا تاشلانغاندەك بىردەمدىلا بىر دۆۋە قان ـ گۆش ئارىلىشىپ كەتكەن ئۇماچتەك قىيمىغا ئايلاندى. دەماللىققا غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما تەرەققىي قىلغۇچىنىڭ ئەمدىلىكتە دۇچ كەلگىنى قىرىق نەچچە ئېغىر تىپلىق پىلىموتنىڭ نۆۋەتلىشىپ ئوققا تۇتۇشى ئىدى، ۋاي خۇدا! قىرىق نەچچە ئېغىر تىپلىق پىلىموتنىڭ ئوت كۈچى ئاستىدىمۇ تەرەققىي قىلغۇچى ھېچنېمە بولماستىن، يەنە تېخى ئەسكەرلەر ئارىسىغا ئېتىلىپ كىرىپ بىر تەرەپنىڭ يالغۇز قىرغىنىنى باشلىۋەتتى.

ــ چېكىنىڭلار! كۆپچىلىك چېكىنىڭلار!

ئەسكەرلەر قانچە قورققانسېرى تەرەققىي قىلغۇچىلار شۇنچە ۋەھشىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بىر مىنامىيوت ئوقى تەرەققىي قىلغۇچىغا قاراپ ئۇدۇل ئېتىلدى، ئەسكەرلەر قورققىنىدىن تەرەققىي قىلغۇچىنىڭ قولىدا تېخى تىنىقى توختىمىغان ئادەم بارلىقىغىمۇ قارىمىغان ئىدى. گۇم!!! كۈچلۈك پارتلاشتىن كېيىن تېخى ئىس ـ تۈتەك تارقىماي تۇرۇپلا تەرەققىي قىلغۇچىنىڭ قارا رەڭلىك كۆلەڭگىسى ئۇچۇپ كېلىپ ئالدى تەرەپتىكى بىر ئەسكەرگە قاراپ ئۆتكۈر قوللىرىنى سانچىدى.

ــ ۋاي!ــ كۆز ئالدىدىكى بۇ ئىشلارغا قاراپ ھېلىقى ئەسكەر كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئەزرائىلنىڭ ئۆزىنىڭ جېنىنى ئېلىشىنى كۈتتى. تاڭ! مېتالنىڭ سوقۇلغان قۇلاقنى يارغۇدەك قاتتىق ئاۋازى

ئاڭلاندى، ھېلىقى ئەسكەر كۆزىنى ئاستاغىنە ئاچتى، كۆز ئالدىدا بىر ئېگىز ھەم يوغان كۆلەڭگە ئالدىنى توسۇپ تۇراتتى، ئىككى قولى تەرەققىي قىلغۇچىنىڭ بىلىكىنى مەھكەم تۇتۇۋالغان ئىدى، بىراق ئۆتكۈر قوللار يەنىلا ئۇنىڭ كۆكرىكىنى تېشىپ ئۆتكەن ئىدى، ئەمما قان ئاقماستىن، كۆك رەڭلىك ئېلېكتىر ئۇچقۇنلىرى چىرىسلاۋاتاتتى!

ــ ماشىنا... ماشىنا ئادەم،ــ دېدى تېخىغىچە قورقۇنچتىن ئېسىگە كېلەلمىگەن ھېلىقى ئەسكەر كېكەچلەپ.

## 75ـ باب ئويغانغان مىراس

ئاللىقاچان ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ ئۆزگەرگەن تەرەققىي قىلغۇچى بىرلا كۈچىۋېدى، ماشىنا ئادەم ئۇنىڭ بارلىق كۈچى بىلەن سوقۇشى نەتىجىسىدە شۇ ھامان ئۇدۇل ئارقىغا سۈرۈلۈپ كەتتى، مېتالنىڭ سۈركەلگەنلىدە چىققان قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازى بىلەن ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ چىقىۋاتاتتى. مۇداپىئەدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش مۇھىم ئىدى، ماشىنا ئادەم بىردىنلا بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئون نەچچە مېتىر سۈرۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن توختىۋالالىدى. كۈچلۈك ماشىنا قوللار ئۆز بېشىغا قاراپ پۇلاڭلاپ كەلگەن ئۆتكۈر قوللارنى تۇتۇۋالدى، ئارقىدىنلا بار كۈچى بىلەن تەرەققىي قىلغۇچىنىڭ قورسىقىغا تەپتى، بۇ پەشۋانىڭ كۈچى بىرونىۋېكتىن بىر تۆشۈك ئېچىپ قويالايتتى، بىراق تەرەققىي قىلغۇچى ئازاپلىق بىر چىقىراپ قويۇپلا ئۇچۇپ كەتتى، ئۇ تېخى يەرگە قونماي تۇرۇپلا ماشىنا ئادەم خۇددى چاقماقتەك تېز ئۇچۇپ بېرىپ، قولىدىكى كۆك رەڭلىك لازېرلىق قىلىچنى ئۇنىڭ بويىنىغا چاپتى. بۇ ئۆلۈم تەھدىتى ئالدىدا تەرەققىي قىلغۇچىنىڭ قارامتۇل يېشىل رەڭلىك كۆز قارىچۇقى بىردىنلا يوغىناپ كەتتى، ئۆزىنى قىلچە قاچۇرماستىن ئۆلۈمنى كۈتۈۋالدى، ناھايىتى تېزلا ئازاپ بەدىنىگە تاراپ، ئىسسىق قېنى ھاۋاغا چاچرىدى .

ئۆلدىمۇ؟ ياق! لازېرلىق قىلىچ تەرەققىي قىلغۇچىنىڭ بويىنىنى ئازراق كەسكەندىن كېيىن زادىلا كېسەلمىدى، ھازىر بۇ تەرەققىي قىلغۇچى كۈچلىنىپ ئېغىر تېپلىق پىلىموت، مىناميوت، ھەتتا لازېرلىق قېلىچلاردىنمۇ قورقماس بولۇپ كەتكەن ئىدى. ماشىنا ئادەم كۆز ئالدىدىكى دۈشمەننىڭ ئاللىقاچان ئۆزى ھېسابلىغان دائىرىدىن ھالقىپ كەتكىنىنى ھېس قىلدى! ئۇنداقتا لازېرلىق قىلىچقا تاقابىل تۇرالايدىغان تەرەققىي قىلغۇچى ئەمدىلىكتە قانداق قىلار؟ كەينىگە بىر موللاق ئېتىپ يەرگە سىلىق چۈشكەندىن كېيىن، ماشىنا ئادەم بىلەن بەلگىلىك

ئارىلىق ئېچىلدى، تەرەققىي قىلغۇچى ئۆتكۈر قوللىرى بىلەن ئۆز بويىنىنى بىر سىلىۋەتتى، قارىغاندا ئۇ ئۆزىنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىگە تازا ئىشىنەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى، لېكىن بۇ بىر ھەقىقەت ئىدى، مۇشۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇنداقتا كەينىدىن يېتىشىپ كەلگەن ئىككى ھەمراھى بىلەن بۇ تۆمۈر ـ تەسەكنى بىر تەرەپ قىلىۋەتسە بولغۇدەك !

ــ ئاۋۇ غەلىتە مەخلۇقتىن ئۈچى كەلدى!ــ ئېغىر تىپلىق پىلىموت كۆتۈرۈۋالغان ئەسكەرلەر قورقۇپ ۋاقىرىۋېتىشتى. بىرىگە تاقابىل تۇرۇش شۇنداق تەس تۇرسا، ھازىر يەنە ئىككىسى قوشۇلدى، قارىغاندا بۇ يەرنى ساقلاپ قالغىلى بولمىغۇدەك !

كۆز ئالدىدىكى بۇ ئۈچ تەرەققىي قىلغۇچىنى بىر قېتىم مۇنداقلا سكاننىرلاپ تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، ماشىنا ئادەم ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولۇش نىسبىتىنىڭ 98.7% ئىكەنلىكىنى خۇلاسىلەپ چىقتى، ھازىر بىردىنبىر تاللاشقا بولىدىغىنى چېكىنىش ئىدى، يېڭىش نىسبىتى ئاران بىر پىرسەنت ئەتراپىدىكى جەڭنى قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. ئۈچ تەرەققىي قىلغۇچى ئېتىلىپ كەلگەندە ماشىنا ئادەم ئالدى بىلەن ئۇلارنى ئىككى مىنامىيوت ئوقى بىلەن مۇكاپاتلىدى، بارلىق ئەسكەرلەر بۇنى كۆرۈپ دەرھال پىلىموتلىرىنى كۆتۈرۈپ ماشىنا ئادەمگە ماسلىشىپ جەڭ قىلماقچى بولۇشتى، بىراق ماشىنا ئادەم يەردىن تېرىۋالغان مىنامىيوتنى تاشلىۋېتىپ ئۇلارغا قوللىرىنى پۇلاڭشىتىپ كەينىدىكى تونىلغا يۈگۈرۈپ چېكىنىشنى شەرەتلىدى .

بۇنىڭ نېمە ئىشلىقىنى كالۋا ئادەممۇ بىلەتتى، ئەسكەرلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ماشىنا ئادەمگە ئەگىشىپ ئالاقزادىلىك بىلەن تونىل ئىچىگە قاراپ يۈگۈرۈشتى، ئەڭ ئاخىرقى بىرەيلەن تونىلغا كىرگەندىن كېيىن قېلىن ھەم ئېغىر قاپقاق ئېتىلدى !

بۇ تەرەققىي قىلغۇچىلارنى بىردەملىك توسۇپ تۇرالايدىغان بولغاچقا، ئەسكەرلەر ئەمدىلىكتە ئازراق دېمىنى ئېلىۋېلىشتى. يان تەرەپتە تۇرغان ماشىنا ئادەم بولسا ئۆز بەدىنىدىكى تېخىغىچە ئوت ئۇچقۇنى چاچراۋاتقان يارىسىغا قارىغىنىچە بىر نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، ياق! بىر نېمىلەرنى ھېسابلاۋاتىدۇ دېيىش كېرەك ئىدى ...

يەر ئاستى بازىسىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ھالى بىلەن قالغان ئىدى، ئۇنداقتا يەر ئۈستىدىكى ئەھۋال قانداقتۇ ؟

پۈتكۈل پىلانېتلار بىرلەشمىسى قوشۇنى زېگېرلار تەرىپىدىن بىر بۇلۇڭغا قاپسىلىپ قالغان ئىدى، زېگېرلار جەڭ تاكتىكىسىنى ئالاھىدە ئۆزگەرتىپ، ئىلگىرىكىدەك ئەسەبىيلەرچە ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەستىن تۆت ئەتراپتا يۇشۇرۇندى، ئۇلار ئالىلىقاچان بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ مۇھىم ھالقىسىنى بىلگەن ئىدى، ھازىر پەقەت ۋاقىتنى كەينىگە سوزۇپ تۇرسىلا ئۇلار بۇ قېتىمقى جەڭدە غەلىبە قىلغانغا باراۋەر بولاتتى .

پولۇتۇسلارنىڭ ئالتۇن رەڭلىك توشۇغۇچى كېمىسىدە ئىككى كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى ئالدىدىكى ئۈسكۈنىلەرنى ئۇستىلىق بىلەن باشقۇرۇۋاتاتتى .

— ئەبلەخ! سۈرئىتى نېمانداق ئاستا؟ بىر ئالەم كېمىسىنىڭ ئالاقە كودىنىمۇ شۇنچە ئۇزۇن ئىزدەيدىكەن، — ئاستا ئىزدەش سۈرئىتىگە قاراپ بىر كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى جىددىيلەشكىنىدىن مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى .

يەنە بىرى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئوخشىمىغان يوللاردىن ئىزدەۋاتاتتى . گېن كومپيۇتېرنىڭ ھېسابلاش سۈرئىتى تېزلىكتە ئاللىقاچان چېكىگە يەتكەن ئىدى، بۇ يەر بېكىتلەرنىڭ ئانا يۇلتۇزىدىن نەچچە تۈمەن نۇر يىلى يىراقلىقتا ئىدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇش سەۋەبىدىن ئالاقە لېنىيىسى تەسىرگە ئۇچراپ ، ئىزدەش سۈرئىتى مانا مۇشۇنداق ئاستا بولۇپ كەتكەن ئىدى .

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ كونىراپ كەتكەن ھېلىقى ئالەم كېمىسىنىڭ ئالاقە كودى ئاخىرى تېپىلدى. پىلانېتلار بىرلەشمىسى تۇنجى قېتىم زېگېر زور قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلغاندا ، بۇ كېمە توشۇغۇچى كېمىلەرگە ئەگىشىپ ئۇلارنى قوغدىغان ۋە بىر نەچچە قېتىملىق توشۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان ئىدى ، بىراق يېرىم يولدا نېمە سەۋەپتىندۇر لېنىيىسى ئاشكارىلىنىپ قېلىپ زېگېرنىڭ بۆكتۈرمىسىگە ئۇچرىغان ئىدى ، توشۇغۇچى كېمە ئەترىتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن بۇ كېمە يالغۇز قېلىپ بارلىق كۈچى بىلەن زېگېر قوشۇنىنى توسقان ئىدى ، كېيىن ئالەم كېمىسىنىڭ ماكان ھالقىپ تاقىلاش سىستېمىسى بۇزۇلغان ئەھۋال ئاستىدا ، كېمە باشلىقى زېگېرلارغا كېمە ئىچىدىكى ماددىي ئەشيا ۋە ئاخباراتلارنى تارتقۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ، ھاياتىنى دوغا تىكىپ كېمىسىنى ئالەم ھالقىپ تاقىلاتقان ئىدى ، گەرچە ئەڭ ئاخىرىدا ئالەم كېمىسى غەلىبىلىك ھالدا قۇياش سىستېمىسى يېنىغا تاقىلغان بولسىمۇ ، ئەمما سىستېمىنىڭ مۇقىمسىزلىقى تۈپەيلىدىن كېمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تاقىلاش جەريانىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى ، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ئالەم كېمىسى خۇددى سۈنئىي ھەمراھقا ئوخشاش يەر شارى ھاۋا بوشلۇقىدا نەچچە يىل نىشانسىز لەيلەپ يۈرگەندىن كېيىن ، بىر مېتېئورىتنىڭ سوقۇلۇشى سەۋەپلىك ئىلگىرىكى ئوربىتىسىدىن چەتنەپ يەر شارىغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى ، ئاندىن مانا مۇشۇنداق جىمجىتقىنە ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى !

— تېپىلدى، نومۇرى 27 - 4 - 203 ، كېمە تىپى ئېغىر تىپلىق ھۇجۇمچى كېمە ، ئەسلىدە 7 - ئالەم كېمە قىسمىغا تەۋە بولۇپ ، قوغداش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا كېمە ئەترىتىنى قوغداش ئۈچۈن زېگېرلار بىلەن جەڭ قىلغان. مېنىڭچە ، ئۇلار ئەڭ ئاخىرىدا يەر شارىغا چۈشۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ ، — بۇ ئالەم كېمىسىنىڭ ماتېرىيالىنى تاپقاندىن كېيىن كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى دەرھال ئالەم كېمىسى ئىچىدىكى ئالاقە كودىنى ئىزدەشكە

باشلىدى .

پاق! زىل چاۋاك ئاۋازىدىن كېيىن كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى خۇشال ھالدا ئەتراپتىكى پولۇتۇس جەڭچىلىرىگە تاپىلىدى :

ــ بولدى، كۆپچىلىك، دەرھال ئالاقىلىشىشقا تەييارلىنىڭلار، چاستوتىنى تەڭشەڭلار، ھازىر مۇھىم ۋاقىتلار باشلاندى .

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىگە ئەتراپتىكى پولۇتۇس جەڭچىلىرى پۈتۈن دىققىتىنى ئۆز ئالدىدىكى ئېكرانلارغا تىكىپ تۇرۇشقا باشلىدى. ئۇسكۈنىلەرگە يىغدى .

ــ تېزراق! تېزراق !يەنىمۇ تېزراق!ــ ئېكراندىكى كۆك رەڭلىك سىزىقچىغا قاراپ كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى قانچە جىددىيلەشكەنسېرى ئۇنى شۇنچە ئاستا مېڭىۋاتقاندەك ھېس قىلدى .

يەر ئاستى بازىدىكى ئالەم كېمىسىدىكى گېن كومپيۇتېرى قوزغىتىلغان ھەم سىرتتىن كەلگەن سىگنالنى قوبۇللاپ دەرھال ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغان ئىدى، ئالەم كېمىسى ئىچىدىكى ئەسكەرلەرمۇ تازا نورمال ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىغان ئىدى، ئۇلار نەچچە قېتىم ئالەم كېمىسى چىقارغان بوشقىنە تىترەشنى ھېس قىلىشقان ئىدى، ئۇلار بۈگۈن ئۇخلىغىلى ئىنتايىن ئۇزۇن بولغان بۇ «مىراس»نىڭ قايتا ئويغانغانلىقىنى بىلمەيتتى.

## 76ـ باب ئۆلۈم بىلەن بەسلىشىش

ــ نېمە ئىش بولدى؟ يەر تەۋرىدىمۇ؟ــ بىر ئەسكەر ئالاقزادە بولغان ھالدا توۋلىدى، ئېھتىمال سىرتتىكى ئاشۇ غەلىتە مەخلۇقلار پۈتكۈل يەر ئاستى بازىنى گۆمۈرۈۋېتىپ ئۇلارنى بۇ يەرگە تىرىك كۆمۈۋەتمەكچىمىدۇ؟

ئەمما سىرتتىكى زېگېر قوشۇنى ھاڭۋېقىپ قېلىشقان ئىدى، تەۋرەۋاتقىنى ئاۋۇ قارىماققا ئالىلىقاچان كېرەكتىن چىققان ئالەم كېمىسى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالەم كېمىسىنىڭ قۇيرۇقىدىكى ئىتتىرگۈچتىن بىردەم ـ بىردەم كۆك رەڭلىك ئوت يالقۇنى چىقىۋاتاتتى!

ــ ئەجەبا، بۇ ئالەم كېمىسى ئۇچماقچىمىدۇ؟ بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ــ يەر ئاستىدىكى زېگېر جەڭچى قۇرۇتلىرى كۆز ئالدىدىكى بۇ كۆرۈنۈشنى روھىي ئالاقە ئارقىلىق مېڭە قۇرۇتىغا ئەۋەتتى.

ــ ئۇنى توسۇۋېلىڭلار! ئالەم كېمىسى ئۇچۇشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئىتتىرگۈچىسىنى ۋەيران قىلىۋېتىڭلار،ــ مېڭە قۇرۇتىنىڭ روھىي بۇيرۇق دولقۇنى يەتكۈزۈلۈشى بىلەنلا، زېگېر قوشۇنى

دەرھال ھۇجۇم يۆنۈلۈشىنى ئۆزگەرتىپ ئوت كۈچىنى پۈتۈنلەي ئىتتىرگۈچ تەرەپكە قاراتتى، يېشىل رەڭلىك كىسلاتالىق سۇيۇقلۇقلار يەر-جاھاننى قاپلىغان ھالدا ئىتتىرگۈچكە قاراپ ئېتىلدى، دىماقنى ئېچىشتۇرىدىغان گازلار ئاپئاق تۈتەككە ئەگىشىپ تاراشقا باشلىدى.
ئەسكەرلەرمۇ بۇ ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلىشقان ئىدى، ئۇلار دەرھال ئارقا تەرەپكە قاراپ مۇداپىئە كۈچىنى كۈچەيتتى.
— ئارقىغا، كۆپچىلىك، دەرھال ئارقىغا بېرىڭلار، ئاۋۇ نەرسىلەر يېقىنلىشىۋالمىسۇن،— يۇقىرى ئاۋازدا ۋاقىرىدى بىر كوماندىر. بەلكىم ئىچىدىكى خادىملار ئامال قىلىپ بۇ ئالەم كېمىسىنى قوزغاتماقچى بولسا كېرەك! بۇ ھەممە ئەسكەرنىڭ كۆڭلىدىكى ئوي ئىدى، ئەگەر بۇ ئالەم كېمىسىنى ئۇچۇرالىسا، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ قېچىپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىش پۇرستى بولاتتى. كىچىككىنە ئۈمىد نۇرى ئۇلارنىڭ ھاياتلىق ئىستىكىنى قوزغاتتى، قورققان چىرايلارنى تەدرىجىي ئەسەبىيلىك قاپلىدى! ياخشى! ھازىر ئۇلار ئېھتىياجلىق بولغىنى دەل مۇشۇنداق ھاياتلىققا بولغان ئەسەبىيلىك ئىدى!
يەر يۈزىدىكى زەمبىرەك ئوقلىرى ئابايىقىدەك كۈچلۈك ئەمەس ئىدى، پولۇتۇس قىسىملىرى ئېغىر قوراللانغان زەربىدار پىيادە ئەسكەرلەرگە ماسلىشىپ، تارىلىپ كەتكەن زېگېر قوشۇنىنى بىر تۈركۈم-بىر تۈركۈمدىن بۆلۈپ يوقىتىۋاتاتتى، زېگېر زور قوشۇنى پارچىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن ئاۋالقىدەك ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق تۇيۇلماس بولۇپ قالغان ئىدى، ئېغىر تىپلىق لازېرلىق مىلتىقنىڭ ماسلىششى بىلەن پولۇتۇس جەڭچىلىرى خۇددى بېلىق سوْغا ئېرىشكەندەك يىرتقۇچلارنى چېپىپ ئۆلتۈرۈۋاتاتتى. ئابايىقىدەك ئاسمان-زېمىننى قاپلىغۇدەك سانى ۋە يەر-جاھاننى ئوڭتەي-توڭتەي قىلىۋەتكۈدەك ئەلپازى قالمىغان زېگېر قوشۇنى ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان تەقدىر بولسا پەقەت ئۆلتۈرۈلۈشلا ئىدى! ئەمما كۆز ئالدىدىكى جەڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ھېچكىممۇ خۇشاللىنالمىدى، ھەرىكەت پۈتۈنلەي زېگېرلارنىڭ پاراكەندە قىلىش شەكلىدىكى قارشىلىق ھۇجۇمى سەۋەپلىك كەينىگە تارتىلىپ كەتكەن ئىدى، ئىككى قوشۇن ئابايىقىدەك روشەن ئايرىلىپ تۇرۇپ جەڭ قىلماستىن، ھاۋادىن قارىغاندا ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەندەك كۆرۈنەتتى، بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئېغىر تىپلىق تانكىلارمۇ خۇددى قەھرىمانغا ماھارەت كۆرسىتىدىغان ئورۇن يوق بولۇپ قالغاندەك ئۆز ماھارىتىنى ئىشقا سېلىشقا ئامالسىز ئىدى، ئەگەر بىرەر پاي زەمبىرەك ئوقى ئاتسا ئۆلگەن ھەر 10 ئادەمنىڭ ئىچىدىكى ئۈچى ئۆز ئادەم بولۇپ چىقاتتى.
پولۇتۇسلارنىڭ ئالتۇن رەڭلىك توشۇغۇچى كېمىسى ئىچىدىكى ئىككى نەپەر كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى پولۇتۇسلار بىلەن بىرلىكتە يەر ئاستى بازىدىكى ئالەم كېمىسىنى يىراقتىن باشقۇرۇۋاتاتتى.

— بولمىدى، ئۇلار ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىتتىرگۈچكە ھۇجۇم قىلدى، — سۆزىنى تۈگىتىپ ئۇ يېنىدىكى ھەمراھىنى قولى بىلەن تۈرتۈپ تۇرۇپ دېدى، — ماڭا ياردەملىشىپ ئاۋۇ كېمىدە يەنە كېرەككە كەلگۈدەك بىرەر نەرسە بارمۇ-يوق ئىزدىشىپ بەرسىڭىز.
ئۇنىڭ سۆزى تۈگەپ بولغۇچە يېنىدىكى ھەمراھى قاۋاپ بېرىپ بولدى:
— مانا بۇ باركەن!
يەر ئاستى بازىدا ئالەم كېمىسىنىڭ قۇيرۇقىدىن تۆت دانە ئېغىر تىپلىق زەمبىرەك كۆتۈرۈلدى، بۇ خىل مەخسۇس ئېغىر تىپتىكى نىشانلارغا زەربە بېرىدىغان زەمبىرەكنىڭ قۇدرىتى ئېغىر تىپلىق تانكىنىڭكىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇراتتى!
— باشلىق! ئاۋۇ... ئاۋۇ قانداق نەرسە؟ — كۆتۈرۈلۈۋاتقان زەمبىرەككە قاراپ بىر ئامېرىكىلىق نېگىر ئەسكەر جىددىيلەشكەن ھالدا يېنىدىكى كوماندىردىن سورىدى.
— سەن مەندىن سورىساڭ، مەن كىمدىن سورايمەن؟ — مانا بۇ ئۇ ئېرىشكەن جاۋاپ بولدى.
— ناھايىتى ياخشى، سىلەر ئىشلەتكەندە پەخەس بولۇڭلار، گەرچە ئۇ يەر ئىلگىرى مۇستەھكەملەنگەن بولسىمۇ، ئۆڭكۈر گۆمۈرۈلۈپ چۈشمىسۇن! — دەپ يېنىدىكى ھەمراھىغا ئەسكەرتتى ھېلىقى كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى بۇنى كۆرۈپ.
زەمبىرەك ئېغىزى ئىچى بۇ ۋاقىتتا ئايلىنىشقا باشلىغان ئىدى، بىر كۆك رەڭلىك نۇر شارى ئاستا-ئاستا زەمبىرەك ئېغىزىدا پەيدا بولغاندىن كېيىن، بارغانسېرى يوغىناشقا باشلىدى. زېگېر قوشۇنىغا توغرىلانغاندىن كېيىن كۆك رەڭلىك نۇر شارى ئۇچۇپ چىقتى، ئۇچۇپ كېلىۋاتقان كۆك رەڭلىك نۇر شارىغا قاراپ بىر يىرتقۇچنىڭ كۆز قارىچۇغى بىردىنلا يوغىناپ كەتتى، ئىچىدە ئەكس ئەتكىنى بولسا تەن بەرمەسلىك ئىدى، خالاس.
— كۆپچىلىك، يېتىۋېلىڭلار! — بارلىق ئەسكەرلەر بۇنى كۆرۈپ شەرتلىك رېفلېكسىتەك دەرھال يەرگە يېتىشتى، ناھايىتى تېزلا ئۇلار دەرھال ئۆزلىرىنى خۇددى يەر تەۋرەش مەركىزىدە تۇرغاندەك ھېس قىلىشتى، قۇلاق تۈۋىدە ياڭراۋاتقىنى بولسا پەقەت كۈچلۈك پارتلىغان ئاۋاز ۋە زېگېر قوشۇنىنىڭ ئېچىنىشلىق نالە ئاۋازىلا ئىدى.
ئاۋاز ناھايىتى تېزلا جىمىدى، پارتلاش مەركىزىي نۇقتىسى خۇددى يانار تاغ ئېغىزىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى، كۆيۈپ كەتكەن پۇت-قوللار پات-پات مىدىرلاپ قوياتتى، بىراق ھېچكىمنىڭ بۇ مەنزىرىلەردىن ھوزۇرلانغۇدەك چولىسى يوق ئىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئالدىدا يەنە يېڭى بىر خەتەر تۇراتتى، ئۈستى تەرەپتىن توختىماستىن قورام تاشلار غۇلاپ چۈشۈۋاتاتتى، بەزىلىرى ھەتتا تانكىدەك چوڭلۇقتا ئىدى. ھېلىقى كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى ئازراق ئەنسىرىگەن ھالدا دېدى:
— مەن سىلەرگە ئىشلەتكەندە پەخەس بولۇڭلار دەپ ئېيتقان ئىدىمغۇ.

— شۇنسى سەمگىزدە بولسۇن، بۇ دېگەن ئېغىر تىپلىق زەمبىرەك، بىز ھېلىمۇ ئىنتايىن ئاۋايلىدۇق،— يېنىدىكى يەنە بىر كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى بېشىنى بۇراپ بوشقىنە سورىدى،— سىزنىڭ ئۇ تەرەپتىكى ئەھۋاللار قانداقراق؟

ئېكراندىكى سانلىق مەلۇماتلارغا قاراپ جاۋاپ بەردى ھېلىقى كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى:

— مانا ھازىر تەييار بولدۇ، ئېنېرگىيە ئىتتىرگۈچ بىلەن ئېغىرلىق كۈچىگە قارشىلىق قىلىش قۇرۇلمىسىغا جۇغلاندى، تەلىيىمىزگە بۇ ئالەم كېمىسى پەقەت سىرتقى يۈزىلا بىر قەدەر ئېغىر زەخىملىنىپ، ئىچكى قىسمىدا ئالەم ھالقىپ تاقلاش سىستېمىسى ئازراق بۇزۇلغاندىن باشقا جايلىرى بىر قەدەر ساقكەن، بىز ھازىرلا ئۇچىمىز.

— نېمە دېدىڭ؟ يەنە بىر دېگىنە!— يەر ئاستى بازىدا جوۋ تيەنخۇا مىلتىقىنى تۇتقىنىچە ھەيران بولغان ھالدا يېنىدىكى دوكلات قىلىۋاتقان خىزمەتچى خادىمدىن سورىدى.

خىزمەتچى خادىم كۈچەپ بېشىنى لىڭشىتىپ:

— شۇنداق، بىز شۇنداق جەزملەشتۈرەلەيمىزكى، بۇ ئالەم كېمىسىنىڭ ئېغىرلىق كۈچىگە قارشىلىق قىلىش قۇرۇلمىسىغا توختىماي ئېنېرگىيە تولۇقلىنىۋاتىدۇ، ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ ئالەم كېمىسى بىر دەم تۇرۇپ ئۇچىدىغان ئوخشايدۇ،— دېدى. بىراق ئۇ بىر يەردە خاتالاشقان ئىدى، بۇ ئالەم كېمىسى بىر دەم تۇرۇپ ئەمەس، ھازىرلا ئۇچاتتى.

— ئۇلارغا ئالەم كېمىسى ئىچىگە چېكىنىپ كىرىۋېلىشقا بەش مىنۇت ۋاقىت بېرىڭلار، بىز يەنە ساقلاۋېرەلمەيمىز،— دېدى سوغۇققىنە بىر كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى.

— بەش... بەش مىنۇت؟! ئۇ ھەرگىزمۇ يەتمەيدۇ، ھازىر ئالەم كېمە پالوبىسىدا ئاز دېگەندىمۇ بەش ـ ئالتە يۈزدەك ئادەم بار تۇرسا، قانداقمۇ بەش مىنۇتتا چېكىنىپ بولالىسۇن؟

— ۋاقتىمىز قالمىدى، ئىتتىرگۈچ ھېلىمۇ ئېغىر بۇزۇلدى، يەنە ئارقىغا تارتساق بىرمۇ ئادەم تىرىك چىقالمايدۇ، دەرھال ئىجرا قىلىڭلار!— بۇ بىر جۈملە سوغۇق ھەم قەتئىي سۆز باشقىلارنىڭ قارشىلىقىنى باستى، يەنە بىر كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمى بېشىنى لىڭشىتقاندىن كېيىن دەرھال ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىشقا كىرىشتى.

ئالەم كېمىسىنىڭ تەۋرىنىشى بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى، سۈنئىي بىرىكتۈرۈپ ياسالغان كومپيۇتېر «ئەر كىشى» ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى:

— دىققەت، بارلىق خادىملار دەرھال بەش مىنۇت ئىچىدە ئالەم كېمىسى ئىچىگە چېكىنىڭلار، دىققەت، بارلىق خادىملار دەرھال بەش مىنۇت ئىچىدە ئالەم كېمىسى ئىچىگە چېكىنىڭلار، ھازىر تەتۈر ساناق باشلاندى!

— ئۆلگۈر! ساراڭ بولدىمۇ نېمە؟!— كانايدىن ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر نەپەر جۇڭگولۇق ئەسكەر بىر دەم ھاڭۋېقىپ قالغاندىن كېيىن، دەرھال يېنىدىكى ھەمراھىنى تارتىپ

ئۆلە ـ تىرىلىشكە قارىماي كېمە ئىچىگە قاراپ يۈگۈردى.
كىرىش ئېغىزىدا لى شياڭ ۋە باشقا بىر نەچچە دۆلەتلەرنىڭ ئەلباشلىرى راسا بىر تۇتۇشماقچى بولۇشقا تەييارلىنىۋاتقاندا كانايدىن بۇ ئاۋازنى ئاڭلىدى، ئاندىن غەيرىتى پەلەككە يەتكەن ئۇلار تېخى بىرەر پاي ئوق ئاتماي تۇرۇپلا بىر توپ ئەسكەرلەر تەرىپىدىن خۇددى مەجبۇرىي سۆرەلگەندەك ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كېتىلدى.
ــ تەقدىرگە تەن بېرەيلى، تېخىمۇ كۆپرەك كىشلەرنىڭ بۇ دوزاختىن قېچىپ چىقىپ كېتەلىشنى تىلەيلى!ــ يەر يۈزىدىكى ئادەملەرنىڭ قىلالايدىغان ئىشى پەقەت مانا مۇشۇ ئىدى.

## 77ـ باب قايتۇرما زەربە

ئالەم كېمىسىدىكى ئېغىرلىق كۈچىگە قارشىلىق قىلىش قۇرۇلمىسى ئالىلقاچان تېز سۈرئەتتە ئايلىنىشقا باشلىغان ئىدى، ئاخىرى ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى ئۆزگەرتكەن بۇ تاشقى پىلانېت مەدەنىيىتىنىڭ ئالەم كېمىسى ئاستا ـ ئاستا ئۆزى سانسىز ئاي ـ يىللارنى ئۇخلاپ ئۆتكۈزگەن زېمىندىن ئايرىلىپ هاۋاغا قاراپ ئۇچتى.

ــ ئۇچتى… ئۇچتى، بۇ ئالەم كېمىسى راستىنلا ئۇچتى!ــ ئۆز كۆزى بىلەن بۇلارنى كۆرۈۋاتقان ئەسكەرلەرنى ئىلكىگە ئالغىنى پەقەت هەيرانلىقلا بولماستىن، تېخىمۇ كۆپى خۇشاللىق ئىدى، قېچىپ ئاسمانغا چىققانىنىڭ خۇشاللىقى ئىدى.

كۆزەتكۈچتىن يەر يۈزىدىكى پىلانېتلار بىرلەشمىسى خىزمەتچى خادىملىرى ئالەم كېمىسىنىڭ ئۇچقانلىقىنى بىلىشتى، بۇ ئالەم كېمىسىنىڭ 1200 مېتىردىن ئارتۇق چوڭقۇر يەر ئاستىدىن قانداق قىلىپ يەر يۈزىگە ئۇچۇپ چىقىشىغا قارىتا ئۇلار ئالىلقاچان ئامال ئويلاپ قويغان ئىدى، ئۇ ئامال بولسا ئالەم كېمىسىنى تىك ئۆرلىتىپ، يەر ئاستى بازىدىن مەجبۇرىي بۆسۈپ چىقىرىش ئىدى، ئەينى چاغدا يەر ئاستى بازىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى ئەڭ دەسلەپتە تېشىلگەن تونىل ئاساسىدا تىكىگە ئاستىغا قاراپ قەۋەتلەرگە ئايرىپ ياسالغان ئىدى، تۆت ئەتراپتىكى ئاشۇ قاتتىق قورام تاشلارغا قارىغاندا بۇ ئەڭ ياخشى بۆسۈش ئېغىزى ئىدى، ئەمما تۆلەيدىغان بەدەل بولسا پۈتكۈل يەر ئاستى بازىسى مەڭگۈلۈك بىر تارىختا ئايلىناتتى.

— مەن بۇ ئىككى قىزچاققا ھەقىقەتەن قول قويدۇم، ئۇلار ھەر قېتىم مانا مۇشۇنداق يولسىزلىق بىلەن كوزىرنى چىقىرىدۇ!— لېيىستون بۇ ئىككى كۆلەڭگە ئالاھىدە خادىمنىڭ بۇ ئۇلۇغ تەۋەككۈلچىلىككە قاراپ جانسىز ھالدا دېدى. ئالاقىچى بۇ چاغدا ئۇنىڭغا دوكلات قىلدى:

— قوماندان، پولۇتۇسلارنىڭ كېمە ئەترىتى يەر شارىغا يېتىپ باردى، ھازىر ئاتموسفېرا قاتلىمىدىن ئۆتۈۋاتىدۇ، يەنە تەخمىنەن 18 مىنۇتلاردىن كېيىن يەر يۈزىدىكى قىسىملار بىلەن ئۇچرىشىدۇ.

— بىلدىم، دەرھال ماڭا پولۇتۇسلارنىڭ كېمە ئەترىتىنى ئۇلاپ بېرىڭلار،— دېدى لېيىستون بېشىنى لىڭشىتقىنىچە.

— خوپ، قوماندان!

نەچچە سېكۇنت ئۆتمەيلا پولۇتۇسلار كېمە ئەترىتىنىڭ قوماندانى مىشۇسد ستېرېئولۇق ئېكراندا كۆرۈندى. لېيىستون سالام بەرگەندىن كېيىن:

— مىشۇسد، مېنىڭچە سىز ئۇ ئىككىسىنىڭ تەۋەككۈلچىلىكىنى بىلگەنسىز،— دېدى.

— شۇنداق!— پولۇتۇسلارنىڭ ئاشۇ خىرە-شىرە ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى،— ئۇلارنى تازا ئەسەبىيكەن دېمەي تۇرالمايمەن، ئەمما قانداقلىكى ئامال بولمىسۇن، پەقەت مۇۋەپپەقىيەت قازانسىلا ئۇ ياخشى ئامال، زېگېرلار ئىنتايىن غەزەپلەنگەندەك قىلىدۇ، ماكان ھالقىش سىگنالىنى سەزگۈچ رادارنىڭ كۆرسەتكىنىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئالەم ھالقىپ تاقىلاش سىگناللىرى ئۈزۈلمەي پەيدا بولۇۋاتىدۇ.

— بىزنىڭ كېمە ئەترىتىمىز ئەمەستۇ؟— ئېغىزىنى پۈرۈشتۈرگىنىچە سورىدى لېيىستون.

— شۇنداق، زېگېرلار تېخىمۇ كۆپ قىسىمنى يۆتكەۋاتىدۇ،— بېشىنى لىڭشىتقىنىچە جىددىي رەۋىشتە جاۋاپ بەردى مىشۇسد.

— ئىككىلەمچى بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ يەر شارىلىقلارنى بۇ يەرگە بىۋاستە يەتكۈزگىلى بولماسمۇ؟

— كەچۈرۈڭ، زېگېر قوشۇنى ئىنتايىن كۆپ يەرگە ئېغىرلىق كۈچى پەيدا قىلغۇچ ئورنىتىپ، ئىككىلەمچى بوشلۇق كۆۋانت ئېقىمىنىڭ پەيدا بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلدى، بوشلۇقتا يەتكۈزۈشنى قوزغىتىشقا ئامال بولمىدى،— دېدى مىشۇسد بېشىنى چايقاپ.

ــ ئەبلەخ!ــ لېيستون پەس ئاۋازدا تىللىۋەتتى.

يەر شارى ئوربىتىسىدا پىلانېتلار بىرلەشمىسىنىڭ ئۇزاققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنىنىڭ نۇرغۇن ئالەم كېمىلىرى سەپ تۈزۈپ تۇراتتى، غايەت زور ئاساسىي زەمبىرەك بىر دەقىقىمۇ توختىماستىن ئوق ئېتىپ تۇراتتى، ئېغىر تىپتىكى تىزگىن بومبا قويۇپ بېرىش جازىسىدىن يوقىتىشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان غايەت زور بومبىلار بىر ـ بىرلەپ ئېتىلىپ چىقىپ، زېمىنىڭ جانلىق ئالەم كېمىلىرىگە قاراپ ئۇچاتتى، نۇرغۇنلىغان جانلىق ئالەم كېمىلىرى ئالىلىقاچان ئۆتمە ـ تۆشۈك بولۇپ يارىلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچ چېكىنىش خىيالى يوق ئىدى، يارىسىدىن ئېقىپ چىققان قارامتۇل يېشىل رەڭلىك قان سۇيۇقلۇقلىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تال ـ تال قارامتۇل يېشىل رەڭلىك ئۇزۇن لېنتىلارنى ھاسىل قىلغان ئىدى.

ــ ئوت كۈچىنى ئۇلارنىڭ باش قىسمىغا مەركەزلەشتۈرۈڭلار، ئۇ يەر ئۇلارنىڭ نېرۋا تۈگۈنى ھەم ئاجىزلىق نۇقتىسى! كۆرەشچى ئۇچقۇ ۋە بىرونە قىسمى قانداق ئامال ئىشلىتىشتىن قەتئىينەزەر، ئاۋۇ ئۇچۇپ يۈرگەن جىن تەككۈر نەرسىلەرنى بىزدىن يىراقلاشتۇرۇڭلار!

ــ كوماندىر! ئالەم كېمىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئالەم ھالقىپ تاقلاش سىگنالى پەيدا بولدى، زېمىن قوشۇنى ئىككەنلىكى جەزملەشتۈرۈلدى!ــ دېدى بىز ئالاقچى ئالدىراپ. كېمە باشلىقى بۇنى ئاڭلاپ ئالاقزادىلىك بىلەن ۋاقىراشقا باشلىدى:

ــ بارلىق قورال سىستېمىسىنى ئېتىپ، ئېنېرگىيىنىڭ ھەممىسىنى ئېنېرگىيە قالقىنىغا يۆتكەڭلار! تېز!!!

بىراق خىزمەتچى خادىملار ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ بولغۇچە، ئالەم كېمىسىنىڭ ئوڭ يېنىدىكى ئالەم بوشلۇقىدىن بىر قىزىل رەڭلىك ئېغىز ئېچىلىپ، بىر جانلىق ئالەم كېمىسى دەرھال ئۇنىڭ ئىچىدىن ئېتىلىپ ئۇچۇپ چىقتى ـ دە، ئۇچقاندەك كېلىپ ئۇلارغا سوقۇلدى.

ــ ئاپلا! ... چاتاق بولدى!

ئارقىدىنلا غايەت زور سوقۇلغان ئاۋاز ۋە مېتالنىڭ سۈركەلگەندىكى پەيدا بولىدىغان قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازى ئاسماندا ياڭرىدى...

زېمىن قوشۇنىدىكى مادىس يەر يۈزىدىكى قىسىملارغا قوماندانلىق قىلىپ يەر شارىغا قونغان پىلانېتلار بىرلەشمىسى قوشۇنىغا قورشاپ زەربە بېرىۋاتاتتى، توساتتىن بىر روھىي تەسىر ئۇنىڭ مېڭىسىگە بۆسۈپ كىردى:

ــ مادىس، سىلەر نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ نېمىشقا تا ھازىرغىچە ئاشۇ ئىنسانلارنى يوقىتالمىدىڭلار؟

ــ مېڭە قۇرۇتى يۇدېس، كەچۈرۈڭ، پىلانېتلار بىرلەشمىسى قىسىملىرى بىزنى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدى، مەن ھازىر...

ــ بولدى بەس! ماڭا سىزنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىڭىز لازىم ئەمەس، دەرھال ئەتراپتىكى بارلىق قىسىملارنى يىغىپ، ھەرقانداق بەدەلگە قارىماستىن ھۇجۇمغا ئۆتۈڭ، سىز پىلانېتلار بىرلەشمىسىنىڭ بىز بىلەن جەڭ قىلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشىڭىز كېرەك، چۈشەندىڭىزمۇ؟ــ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى يۇدېس.

ــ خوپ!ــ قورقىقان ھالدا جاۋاپ بەردى مادىس.

## نىدا بىلوگىدىن رەتلەندى.

**http://www.nidablog.com/category/terjimilirim**

### رەتلەپ كىتاب ئىشلىگۈچى: يۈسۈپجان

**2013 ـ يىلى 3 ـ ئاي ـ 29 ـ كۈنى، گېرمانىيە**